

مىخايىل شولوخوف

# تىنچ دون

تىنچ دون (3) شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

نومۇرى: M10124·173
باھاسى: 2.00 يۈەن



مىخايىل شولوخوف

# تىنچ دون

(3 - كىتاب)

2013218

تەرجىمە قىلغۇچى: رەخمىتۇللا جارى
مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجاخۇن خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان خۇبېي 1 - نەشرى، 5 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据人民文学出版社一九八二年七月第一版湖北第五次印刷本翻译.

## تىنىچ دون (3)

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى:25.25
1985 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 10124·173
سانى: 1 — 7·150
باھاسى: 2.00 يۈەن

ئەي شۆھرەتلىك تىنچ دون، ئاتىمىز سەن جانىجان،
سەن دون ئىۋانوۋىچ، بىزگە غەمخور مېھرىۋان،
قۇتلۇق نامىڭ، شۆھرىتىڭ يەر يۈزىگە پۇر كەتكەن،
قۇتلۇق نامىڭ، شۆھرىتىڭ گويا تىللاردا داستان،
بىر زامانلار ئۆركەشلەپ، شىددەت بىلەن چاپاتتىڭ،
شىددەت بىلەن چاپاتتىڭ، چېچىپ سۈپ - سۈزۈك مارجان،
ئەمدىلىكتە سەن، ئەي دون، نىمانچە لاي ئاقسەن،
ئۈستۈڭدىن ئاستىڭغىچە سۈيۈڭ تامام بۇلغانغان.
تىلغا كىرىپ ئېيتىدۇ شان - شۆھرەتلىك تىنچ دون:
«لايلانماستىن ئېقىشقا ماڭا بار ىمە ئىمكان؟
قويۇۋەتتىم مەيلىگە مەن شوخ لاچىنلىرىمنى،
ئاشۇ لاچىنلىرىمنى — دوننىڭ كازاكلىرىنى.
يار ئالماقتا ئۇلارسىز سۇ تىك قىرغاقلىرىمنى،
قۇم باسماقتا ئۇلارسىز، ئىسىل ئوتلاقلىرىمنى».

— قەدىمقى كازاك قوشىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئالتىنچى قىسىم

# 1

1918 - يىلى ئاپرېلدا دوندا ئۆزۈل - كېسىل ئىككىگە ئايرىلىش تاماملاندى: شىمالىي ئوكرۇگلارنىڭ — خوپېر ئوكرۇگى، ئۇست - مېدۋېدىتسكى ئوكرۇگى ۋە قىسمەن يۇقۇرقى دون ئوكرۇگىنىڭ فۇرونتچى كازاكلىرى* بۇ يەردىن چېكىنىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ بىللە كېتىشتى؛ تۆۋەنكى ئوكرۇگلارنىڭ كازاكلىرى ئۇلارنى قوغلاپ، ئوبلاست چېگرىسىغىچە قىستاپ باراتتى.

خوپېر كازاكلىرىنىڭ دېگۈدەك ھەممىسى، ئۇست - مېدۋېدىتسكى كازاكلىرىنىڭ يېرىمى، يۇقۇرقى دونلۇقلارنىڭ پەقەت ئازغىنا بىر قىسمى قىزىل ئارمىيە بىلەن بىللە كەتتى.

پەقەت 1918 - يىلغا كەلگەندىلا تارىخ يۇقۇرقى دونلۇقلار بىلەن تۆۋەنكى دونلۇقلارنى بىر-بىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىۋەتتى، لېكىن بۇ ئايرىلىش بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، ئۇ چاغدا شىمالىي ئوكرۇگلاردىكى بىرقەدەر ھاللىق كازاكلار ئازوۋ دېڭىزى بويلىرىدا تەھۇسۇلدار يەرلەر-

* فۇرونتچى كازاك — 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا چار روسىيە ئارمىيىسى سېپىدە تۇرۇپ گېرمانلارغا قارشى سوقۇشقا قاتناشقان كازاكلار (فۇرونت كۆرگەن كونا سولداتلار) كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ت.

گە، نە ئۆزۈمزارلىقلارغا، نە مول پايدا كەلتۈرىدىغان ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپلىرىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، پات ـ پات چېرـ كاسىسكىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ، چوڭ رۇسىيە يەرلىرىگە ئۆز بېـ شىمچىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇردى ۋە رازىنىدىن* تارتىپ تاكى سىكاچخىچە ھەممە ئىسيانچىلارنىڭ ئىشەنچلىك تىرىگى بولۇپ كەلدى.

ھەتتا ئەڭ يېقىنقى زامانىدا پۇتون ۋويىسكو** ئۇلۇغ پادىشالىقنىڭ قۇدرەتلىك پەنجىسى ئاستىدا ئېزىلىپ، ئوچۇق تۇس ئالمىغان نارازىلىق بىلەن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىـ غان چاغلاردىمۇ، يۇقۇرقى دون كازاكلىرى ئۆز ئاتامانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، چار پادىشا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى: ھۆكۈمەت ئەسكەرلىـ رى بىلەن جەڭ قىلدى، دوندا كارۋانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلـ دى، ۋولگا نەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، كۆچ ـ مادارى قالمىغان زاپـ روژيە ۋىلايىتىنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە قۇتراتتى.

ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قىزىللار دوننىڭ ئوچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان يەرلەرنى تاشلاپ چىقتى. شۇندىن كېيىن ئوبلاستلىق ھاكىمىيەت قۇرۇش زۆرۈرـ يىتى ئوچۇقلا مەلۇم بولۇپ قالدى ـ دە، جەنۇپتا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاق گۋاردىيىچى كازاك قوشۇنلىرىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەربى باشلىقلار ئومۇمى قوشۇن نىرلەشمە يىغنى چاقىرىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 28 ـ ئاپرېلدا، نوۋوچېرـ

* رازىن ــ ستېپان رازىن (1630 ــ 71) ئىسيانچى دون كازاكـ لىرىنىڭ باشچىسى ــ ت.

**ۋويىسكو ــ مۇستەقىل تېررىتورىيە ئىگىلەپ تۇرغان كازاك ئاـ ھالىسى ــ ت.

www.uyghurkitap.com

كاسىسكىدا دونۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئەزالىرى، شۇنىڭدەك كەنت-
لەر ۋە ھەربى قىسىملار ۋەكىللىرى قاتنىشىدىغان چوڭ يىغىن
چاقىرىلىدىغان بولدى.

تاتارىسكى يېزىسى ۋېشېنسكايا كەنتىنىڭ ئاتامانى يوللى-
غان بىر ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا ۋېشېنسكايا
كەنتىدە مۇشۇ ئاينىڭ 22 - كۈنى ئومۇمى قوشۇن بىرلەشمە يى-
غىنىغا ۋەكىل سايلاش ئۈچۈن كەنت يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، دەپ
خەۋەر قىلىنغان ئىدى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ كورشۇنوپ يېزا چوڭ يىغىنىدا بۇ
ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ ئۆتتى، تاتارىسكى يېزىسى مىرون گىرىگو-
رىيېۋىچنى، بوگاتىرېۋ بوۋىنى ۋە پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى
ۋېشېنسكاياغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى.

كەنت يىغىنىدا ئومۇمى قوشۇن بىر-
لەشمە يىغىنىغا سايلانغان باشقا ۋەكىللەر
قاتارىدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىمۇ سايلاشتى. ئۇ، ۋېشېنسكا-
يادىن شۇ كۈنىلا قايتىپ كەلدى - دە، ئەتىسى نوۋوچېركاسس-
كىغا بالدۇرراق بېرىۋېلىش ئۈچۈن مىللېروۋوغىچە قۇدىسى
بىلەن بىللە مېڭىش قارارىغا كەلدى (مىرون گىرىگورىيېۋىچ
مىللېروۋودا كىرىسىن، سوپۇن ۋە باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىك-
لەرنى سېتىۋالماقچى ئىدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، موخوفنىڭ
تۈگمەنى ئۈچۈن ئەگلەك، غەلۋىر ۋە بابىت قاتارلىق نەرسى-
لەرنى ئۆلگۈچە سېتىۋېلىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا تاپماقچى
بولغان ئىدى).

ئۇلار تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقىشتى، مىرون گىرىگورىيې-
ۋىچنىڭ قارا ئاتلىرى توت چاقلىق ھارۋىنى يېنىكلا تارتىپ

باراتتی. ئككی قۇدا رەڭدار سىرلانغان هارۋا تەڭنىسى ئچىدە يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن پاراڭغا چۈشۈشتى؛ مىلىېروۋودا نېمىسلار تۇرۇشاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئەندىشە قىلىپ، سورىماي تۇرالمىدى:

— هە، قۇدام، بىزنى گېرمانلار توساپ قويماسمۇ؟ يامان خەق، بۇ لەنىتىلەر!

— يافەي، — دىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىشەنچ بىلەن، — ماتۋېي كاشۇلىن ئۇ يەرگە بارغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، نېمىسلار قورقىشىدىكەن... كازاكلارغا تېگىپ قويۇشتىن هەزەر قىلىدىكەن.

— شۇنداق دىگىن! — مىرون گىرىگورىيېۋىچ تولكىدەك سېرىق ساقىلىنى يالماپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى ۋە چىلان دەستىلىك قامچىسىنى ئويىنىتىپ قويدى؛ ئۇ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — سېنىڭ پەرزىڭچە، قانداق هاكىمىيەت قۇرۇلار؟

— ئاتامان سايلايمىز. ئۆز كىشىمىزنى سايلايمىز! كازاكنى!

— خۇدا نېسىپ قىلسۇن! ياخشىراق ئادەمنى سايلاڭلار! سىگان ئاتنى سىلاپ كۆرگەندەك، گېنېراللارنى سىلاپ - سىپىلاپ تاللاڭلار، ياراقسىز چىقىپ قالمىسۇن.

— ئويدىنىنى سايلايمىز. دوندا ئەقىللىق باشلار تېخى تۈگەپ قالغىنى يوقتۇ!

— شۇنداق، شۇنداق، قۇدام... ئەمما ئەقىللىقلار بىلەن دۆتلەرنى ئۇرۇق چېچىپ تېرىمايدۇ — ئۆزلىرى تۇغۇلىدۇ، — مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، سەپكۈن باسقان

يۈزىدە غەمكىنلىك پەيدا بولدى. — مەن ئۆزەمنىڭ مىتكامىڭى ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئويلىغان ئىدىم، ئوقۇپ ئوفىتسېر بولۇشنى خالىغان ئىدىم، ئەمما ئۇ، مەھەللىدىكى مەكتەپتە تولۇق ئوقۇمىدى، 2 - يىلى قىشتا قېچىپ كەتتى.

ئۇلار بىر دەقىقە جىم بولۇشۇپ، بولشېۋىكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ، نەگىدۇ كەتكەن ئوغۇللىرىنى ئويلاشتى. ھارۋا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا سىلكىنىپ ماڭاتتى؛ ئوڭ تەرەپتىكى قارا ئاتنىڭ پۇتلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، يىقىلىپ بولۇپ كەتتى، سىلىقلانمىغان تاقىدىن جىرىڭ - جىرىڭ ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ھارۋا تەڭسىز چايقالغاندا، بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرغان ئىككى قۇدا خۇددى بېلىقلار تۇخۇم قويغان چاغدىكىدەك، سوۋۇشۇپ كېتەتتى.

— بىزنىڭ كازاكلار قەيەردىدۇ؟ — دەپ خورسىنىپ قويدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ.

— خوپېر بويلاپ كېتىشىپتۇ. فېدوتكا — قالماقنىڭ ئېيتى ئۆلۈپ، كۆمىلىشىنىسكايادىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار تىشانىسكايا 'ەنتىگە بارىدىغان چوڭ يولدا كېتىۋاتقان ئىمىش.

ئىككى قۇدا يەنە ئۈنچىقىشمىدى. ئۇلارنىڭ دۈمبىسى سوغاق شامالدىن توڭلاشقا باشلىدى. ئارقىدا، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە، قىپ - قىزىل تاڭ شەپىقىغە چۆمۈلگەن ئورمانلار، ئوتلاقلار، كۆللەر ۋە توقايلىق ئارىسىدىكى چىملىقلار ئۇلۇغۋار تۇس ئېلىپ، سۈكۈنات ئىچىدە ئۇتقاشتەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. قۇملۇق ئېدىر گويا سېرىق ھەسەلدىن ياسالغان بولكا نان پارچىسىدەك كۆرۈنەتتى. قىرغاق ئاستىدىكى دولقۇنلارنىڭ ئۇركەشلىرى مىس

قەلەيدەك غۇۋا يالتىراپ تۇراتتى.

باھار بىر تەرىقە ئۆتۈۋاتاتتى، ئورمانلارنىڭ چەچ رەڭ يېشىللىغى ئاللىقاچان قويۇق باراقسان يېشىللىق بىلەن ئالمىشىلغان، دالا گۈللەشكە باشلىغان، تاشقىن سۇ قىرغاق بويىغا يامرىغاندا سان ـ ساناقسىز ئۇششاق كۆلچەكلەرنى قالدۇرۇپ پەسلەپ كەتكەن ئىدى، يارلىقلاردا تىك قىيانىڭ ئاستىدا ئىللىق ھاۋا شۈمۈپ خورىتىۋەتكەن قار تېخىچە سېغىز توپىغا چاپلىشىپ، كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك ئاپپاق ئاقىرىپ تۇراتتى.

2 ـ كۈنى كەچقۇرۇندا ئۇلار مىللېروۋوغا يېتىپ كېلىپ، بىر تونۇش ئوكرائىننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشتى، بۇ ئوكرائىننىڭ ئۆيى ماشىنىلاشتۇرۇلغان چوڭ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ كۆل رەڭ تېمىنىڭ بىقىنىدىلا ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن مىرون گرىگورىيېۋىچ ئاتلىرىنى ھارۋىغا قوشۇپ، ماگىزىنلارغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ تۆمۈر يولنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولدىن تۇسقۇنسىز ئۆتۈپ، ئۆمرىدە 1 ـ قېتىم نېمىسلارنى كۆردى. يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئۈچ نېمىس ئۇنىڭ ئالدىغا توساتتىنلا يان تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكار بويلۇق، قىزغۇچ جىڭگىلەك ساقال بىرسى قولى بىلەن ئىملاپ چاقىردى.

مىرون گرىگورىيېۋىچ تىزگىنىنى تارتىپ، تەشۋىش بىلەن لەۋلىرىنى چىشلەپ «ئۇم!» دەپ كۈتۈپ تۇردى. نېمىسلار يېقىن كەلدى. ئىگىز بوي، قاۋۇل پىرۇسسىيىلىك بىرسى ئاپپاق چىشلىرىنى پالدىرلىتىپ، ھېجىيىپ يېنىدىكى شېرىكىگە مۇنداق دېدى:

— مانا بۇ كەم ـ كۈتىسىز ھەقىقى كازاك ئىكەن! قارا، ئۇ ھەتتا پۈتۈنلەي كازاكچە كىيىنگەن! ئۇنىڭ بالىلىرى ئېھتىمال، بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋاتقاندۇ. ئۇنى تىرىكلا بېرلىنغا ئەۋەتىۋېتەيـ

لى. بۇ ئۇ بەردە ئەڭ قىزىقارلىق كۆرگەزمە بۇيۇمى بولسۇن!
— بىزگە ئۇنىڭ ئاتلىرى كېرەك. ئۆزى نەگە بارسا بېرىپ، كۆزدىن يوقالسۇن! — دەپ كۇلمەستىنلا جاۋاپ بەردى ھېلىقى مايماق پاچاق قىزىل ساقال نېمىس.
ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئاتلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى.
— ئاتتىن چۈش، قېرى، بىزگە ئاتلىرىڭ كېرەك. ئاۋۇ تۈگمەندىن ۋوگزالغا بىر بۆلۈك ئۇننى توشۇپ ئاپىرىمىز. قېنى، چۈش، مەن ساڭا دەۋاتىمەن! سەن ئاتلىرىڭ ئۈچۈن شەھەرلىك گارنىزون باشلىقى قېشىغا بېرىشىڭ مۇمكىن، — نېمىس كۆز ئىشارىسى بىلەن تۈگمەن تەرەپنى كۆرسەتتى ۋە ئۆز بۇيرۇغىدا قەتئىي تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان قول ھەركىتى بىلەن مىرون گىرىگورىيېۋىچنى ھارۋىدىن چۈشۈشكە ئۈندىدى.
قالغان ئىككىسى ئارقىسىغا قاراپ كۇلۈپ قويۇپ، تۈگمەن تەرەپكە كېتىشتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ كەتتى. ئۇ تىزگىننى ھارۋا تەگنىسىنىڭ ئىلمىكىگە ئوراپ قويۇپ، ھارۋىدىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئالدى تەرەپتىن ئاتلارنىڭ ئارىلىغىغا كىردى.
ئاپلا، يېنىمدا قۇدام يوق بولۇپ قالدى، — دىگەن يېكىر يالت قىلىپ خىيالىدىن كەچتى - دە، ئەزايى - بەدىنى مىزلاپ كەتتى، — ئاتلارنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى! ئېھ، مېنى قارا باستى! جىن ئۇرسۇن!
نېمىس لېۋىنى مەھكەم قىسىپ، مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، تۈگمەن تەرەپكە ماڭ، دىگەن ئىشارىنى بىلدۈردى.
— قولۇمنى قويۇۋەت! — مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئالدىغا

ئۆمتۈلدى ۋە چىرايى سىزىلەرلىك تاتىرىپ كەتتى،— قولۇڭنى تەككۈزگۈچى بولما! ئاتنى بەرمەيمەن.

ئېمىس ئۈنىڭ ئاۋازىدىن نىمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىگىنى ئۇقتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئاغزىنى يىرتقۇچلارچە سەت ھىجايتىپ، كۆكۈمتۇل ئاق چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. كۆزلىرى ئالىيىپ، يوغان ئېچىلدى، ئاۋازى دوق - پوپوزا بىلەن جاقىراپ چىقىشقا باشلىدى، ئېمىس مۇرىسىدىكى مىلتىقنىڭ تاسمىسىنى قولغا ئېلىۋىدى، ئاڭغىچە مىرونگىرىگورىيېۋىچ ياشلىغىنى ئەسكە ئالدى- دە، غولىچىنى ئانچە ياياستىن، پالۋانلارچە مۇشتى بىلەن ئۈنىڭ ياڭىغىغا قاس قىلىپ بىرنى سالدى. مۇشتىنىڭ زەربىدىن ئېمىسنىڭ بېشى دەلدەڭلەپ كەتتى ۋە تۆمۈر قالپىقىنىڭ تاسما بوغۇچى ئېڭىگى ئاستىدىن ئۈزۈلدى. ئېمىس ئوڭدىسىغا يىقىلدى - دە، بار كۈچى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئاغزىدىن قىپ - قىزىل مۇنەك - مۇنەك قان كەلدى. مىرونگىرىگورىيېۋىچ گەجگىسىگە يەنە بىرنى سالدى، ئاندىن تۆت ئەتراپىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ، مىلتىقنى شارتتىدە تارتىۋالدى. شۇئاندا ئۈنىڭ مىڭىسى تېز ۋە كارامەت ياخشى ئىشلىدى. ئۇ، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراۋاتقاندىلا ئېمىسنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ئاتمايدىغانلىغىنى بىلگەن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، تۆمۈربولنىڭ چېتىدىكى تاختاي تۇساقلارنىڭ كەينىدىن ياكى يولنىڭ چېتىدىن قاراۋۇللار كۆرۈپ قالسا قانداق بولار، دەپ قورقاتتى.

قارا ئاتلار ھەتتا بەيگىدىمۇ مۇنچىلىك جان - جەھلى بىلەن تېز چاپمىغان ئىدى! ھارۋىنىڭ چاقلىرى ھەتتا تويلاردا قىز كۆچۈرگەندىمۇ مۇنداق تېز چۆگىلىمىگەن ئىدى! ئەي، جانابى ئاللا، ئۆزەڭ قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەت! ئامان - ئېسەن ئېلىپ

چىققىن، ئەي ئاللائىگەم! ئادەم ئاتىمىزنىڭ شارابىنى ئۇچۇن!...— مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئۆز پىكرى - خىيالىدا مانا شۇنىلا پىچىرلاپ، ئاتلارنىڭ دۈمبىسىگە ھە دەپ قامچا تەككۈزەتتى. ئۇنىڭ تۇغما ئاچكۆزلۈگى ئۆزىنى ھالاك قىلغىلى تاس قالدى: ئۇ ئۆزى چۇشكەن ئۆيگە كىرىپ ئۆتۈپ، بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويغان بىر پارچە تېرە ياپقۇچنى ئېلىۋالماقچى بولغان ئىدى، ئەمما ئەقلى ئۈستۈن كەلدى - دە، ئاتلارنىڭ بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ ئورېخوۋوي يېزىسىغىچە 20 چاقىرىم يولنى شامالدەك تېز بېسىپ ئۆتتى. كېيىنرەك ئۆزىمۇ بۇ سەپىرى توغرىلىق ئىلىيە پەيغەمبەر ئۆز ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ چاپقاندىنمۇ ئىلدامراق ماڭدىم، دىگەن ئىدى، مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئورېخوۋوي يېزىسىغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا بىر تونۇش ئوكرايىنىنىڭ قوراسىغا تېز چېپىپ كىردى - دە، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ بولغان ۋەقەنى ئۆي ئىگىسىگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنى ۋە ئاتلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئوكرايىن يوشۇرۇشنى يوشۇردى، ئەمما مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى:

— مەن يوشۇراي، ئەمما قاتتىق قىستىسا، ئۇ چاغدا، گىرىگورىيېۋىچ، كۆرسىتىپ قويىمەن، چۈنكى دىنىڭ ئۈچۈن بالاغا مەن قالىمەن! ئۆي - ماكانىمنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، تېخى بويىنۇمغا سىرتماق سالىدۇ.

— ھەي، يوشۇرمامسەن، قېرىندىشىم! مەن ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، نىمىنى سورىساڭ بېرىمەن! پەقەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىن، بىر يەرگە مۆكتۈر، بىر پادا قوي ھەيدەپ كېلىپ بېرەي! ئەڭ ياخشى قويلىرىمدىن ئوننى ئايىمايمەن ساڭا! — دەپ يالۋۇراتتى ھەم ۋەدە بېرەتتى مىرون گىرىگورىيې-

ۋىچ ھارۋىسىنى ئامبارنىڭ باستىرمىسىغا يوشۇرۇۋېتىپ.

ئۇ ئارقامدىن قوغلاپ كېلەرمىكىن دەپ ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر قورققان ئىدى. ئوكراينىنىڭ ھويلىسىدا كەچكىچە تۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشە - چۈشمەستىنلا ئۇ يەردىن قارىسىنى يوقاتتى.

ئورېخوۋوي يېزىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ پۈتۈن يول بويى ئاتلىرىنى خۇدىنى بىلمەستىن تېز چاپتۇرۇپ كەتتى. ئاتلارنىڭ ئىككى بىقىنىدىن ماغزاپتەك تەر ئېقىشقا باشلىدى، ھارۋىسى شۇنچىلىك تاراقلىدىكى، چاقنىڭ شادىلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى، شۇ چېپىشتا ئۇ ئىژنى يابلونوۋىسكى يېزىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندىلا، ئاندىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ يېزىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئۆزى ئولتۇرغان كۇرسىنىڭ ئاستىدىن ھىلىقى قولغا چۈشۈرگەن مىلتىقنى ئالدى - دە، تاسمىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئىچى تەرىپىگە قارا قېرىنداش بىلەن يېزىلغان خەتنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا يېنىكلىشىپ تامغىنى قىرىپ قويدى.

— قېنى، قوغلاپ كېلەلىدىڭلىمۇ، شەيتاندىن تۆرەلگەنلەر؟ قولۇڭلاردىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ سەنلەرنىڭ!

ئوكراينىغا ۋەدە قىلغان قويلارنى ئۆز دىگىنى بويىچە ھەيدەپ كەلمىدى. كۆزدە بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلمۈرۈپ قارىشىغا مۇنۇ جاۋاپنى بەردى:

— قويلىرىمىزغا كېسەل تېگىپ قىرىلىپ كەتتى. قوينىڭ ئىشى يامان بولۇۋاتىدۇ... ئەمدى مەن سېنىڭ ياخشىلىغىڭنى ئەستە تۇتۇپ، ئۆز بېغىمدىن ئاموت ئالغاچ كەلدىم! — ئۇ ھارۋىدىن يولدا ئېزىلىپ كەتكەن ئىككى غەلۋىر ئاموتنى تۆكۈپ تۇرۇپ، مۇغەمبەر كۆزلىرىنى بىر چەتكە تىكىپ مۇنداق دىدى، — ئاموتىمىز ناھايىتى ياخشى، سەرخىل... ئۇزاق ساقلانغان، — شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆز بىلەن ئۇ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ مىلېروۋودىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ قېيىچىپ كېتىۋاتقان چاغدا، قۇدىسى ۋوگزالدا دىڭگىيىپ تۇراتتى. ياش نېمىس ئوفىتسېرى يول خېتى يېزىۋېتىپ، تىلماچ ئارقىلىق پانتېلېي پروكوفىيېۋىچتىن تېگىشلىك گەپ سورىغاندىن كېيىن، ئەرزان باھالىق سىگار تاماكىسىنى چېكىپ تۇرۇپ، غەمخورلۇق ئاھاڭى بىلەن مۇنداق دېدى:

— يولىڭىز بولسۇن، بېرىڭ، ئەمما شۇنى ئەستە تۇتۇڭكى، سىزلەرگە ئاقىلانە ھاكىمىيەت لازىم. پىرېزىدېنت سايلىمىسىلەر، پادىشا سايلىمىسىلەر، كىمنى سايلىساڭلار سايلاڭلار، پەقەت شۇ شەرت بولسۇنكى، سايلانغان شۇ ئادەم دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىدراكىدىن مەھرۇم بولغان بولمىسۇن ۋە بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە قارىتا توغرا نىيەتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈشنى بىلسۇن.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ نېمىسقا خېلىلا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىشىشكە ھېچ خۇشتى يوق ئىدى. شۇڭا يول خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال بېلەت سېتىۋېلىشقا كەتتى.

نوۋوچېركاسسكىدا ياش ئوفىتسېرلەرنىڭ كۆپلۈگى ئۇنى ھەيران قالدۇردى: ئۇلار توپ - توپ بولۇپ، كوچىلاردا يۈرۈشەتتى، رېستورانلاردا ئولتۇرۇشاتتى، قىزلار بىلەن كوچا ئايلىناتتى، ئاتامان سارىيى ۋە ئومۇم قوشۇن بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلىدىغان سوت مەھكىمىسى بىناسىنىڭ يېنىدا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى.

ۋەكىللەر ئۈچۈن تايىنلانغان ئومۇمىي ياتاقتا پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ بىر نەچچە كەنتداشلار بىلەن ئۇچراشتى، يېلانسكايا كەنتىدىن بولغان بىر تونۇشنى يولۇقتۇردى. ۋەكىللەرنىڭ

ئارىسىدا كازاكلارنىڭ سانى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى، ئوفىتسېرلەر ئاز ئىدى، كەنت زىيالىلىرىدىن پەقەت بىرنەچچە ئون كىشى ۋەكىل بولۇپ كېلىپتۇ. ئوبلاستلىق ھاكىمىيەتنىڭ سايلىمى توغرىلىق ھېچبىر تايىنى يوق گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتاتتى. بىر نەرسە ئېنىق بايقالدى، ئۇ بولسىمۇ ئاتامان سايلاش كېرەك دىگەن خاھىش ئىدى. كازاك گېنېراللىرىنىڭ ھەممىسىگە مەشھۇر بولغان ناملىرى ئاتىلىپ ئۆتتى، نامزاتلار مۇھاكىمە قىلىندى.

كەلگەن كۈنىنىڭ كەچقۇرۇنلۇغى، چايدىن كېيىن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۆز بۆلمىسىدە ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن ئوزۇغىنى يەۋېلىشقا ئولتۇرغان ئىدى. بىر تىزدىق قۇرۇتۇلغان سازاك بېلىغىنى ئالدىغا يېيىپ، ناننى توغرىدى. ئۇنىڭ قېشىغا مىگۇلىنىسكايادىن كەلگەن ئىككى كىشى كېلىپ ئولتۇردى ۋە بىرنەچچە ئادەم كەلدى. فۇرونتىكى ئەھۋال توغرىلىق پاراڭ باشلىنىپ، گەپ بارا ـ بارا ھاكىمىيەت سايلاش مەسىلىسىگە كۆچتى.

— مەرھۇم كالىدىن — جايى جەننەتتە بولسۇن! — دىن ياخشىراق ئادەمنى ئىزلەپ تېپىشقا بولماس، — دەپ خۇرسىنىپ قويدى شۇمىلىنىسكايادىن كەلگەن كۆل رەڭ ساقال كازاك.

— بۇ سۆز توغرا، — دەپ قوشۇلدى يېلانىسكىدىن كەلگەن بىر ۋەكىل.

مۇشۇ پاراڭنىڭ ئىچىدە بىللە ئولتۇرغان مۇئاۋىن ياساۋۇل، بېسسېرگېنېۋىسكايا كەنتىدىن كەلگەن ۋەكىل قىزىق قانلىق بىلەن سۆزلىمەي تۇرالمىدى:

— قانداقچىسىغا مۇۋاپىق ئادەم يوق ئىكەن؟ نىمە دىگىنىڭلار بۇ، جاناپلار؟ گېنېرال كىراسنوفچۇ؟

— بۇ كىراسنوف دىگىنىڭ قانداق ئادەم؟

— قانداق ئادەم دىگىنىڭ نىمىسى؟ بۇنىمۇ سوراپ تۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇش ئۇيات ئەمەسمۇ، جاناپلار؟ نامى چىققان گېنېرال، 3-ئاتلىق كورپۇسنىڭ كوماندىرى، ئەقىل-ئىدراك ئىگىسى، گېئورگىيېۋ كرېست مېدالىغا ئېرىشكەن، تالانتلىق سەركەردە!

مۇئاۋىن ياساۋۇلنىڭ زوققا تولۇپ، ھولۇقۇپ سۆزلىگەن سۆزى فۇرونتچىلار قىسمىدىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن بىرسىنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى كەلتۈردى.

— مەن سىلەرگە پاكىت سۆپىتىدە شۇنى ئېيتايكى، بىز ئۇنىڭ تالانتىنى بىلىمىز! ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان گېنېرال! گېرمان سوقۇشىدا يامان ئەمەس خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى، ئىنقىلاپ بولمىغاندا، ئۇ ناھايىتى كەلسە بىر بىرىگادا گېنېرالى بولۇپ جان باققان بولاتتى!

— ئەزىزىم، گېنېرال كىراسنوفنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتقىنىڭىز قانداق؟ ئۇندىن كېيىن سىز، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بىر گېنېرال ھەققىدە بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىشقا ئۇمۇمەن قانداق پېتىندىڭىز؟ سىز، ھەر ئېھتىمال بويىچە، ئۆزىڭىزنىڭ قاتارىدىكى ئاددى كازاك ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنۇتۇپ قالغان ئوخشايسىز!

مۇئاۋىن ياساۋۇل جىشنى غۇچۇرلىتىپ، مۇزدەك سۆزلەر بىلەن دوق قىلغان ئىدى، كازاك گاڭگىراپ، قورقۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن دۇدۇقۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابى ئالى، مەن شۇ كىشىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان ئىدىم، شۇنى دەۋاتىمەن... ئۇ ئاۋستىرىيە فۇرونتىدا بىزنىڭ پولكنى تىكەنلىك سىم توساقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ئىدى! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى ھېچنىمىگە يارىمايدىغان دەپ ھېساپلايمىز... بەلكىم، پۈتۈنلەي بۇنىڭ تەتۈرىسىچە...

— گېئورگىيېۋ كىرېست مېدالىنى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بېرىپتىكەن؟ ئەخمەق! — دېيىشكە پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ گېلىغا سازاڭ بېلىقىنىڭ قىلتىرىقى تۇرۇپ قالدى، تازا بىر يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن فورونتچى يىگىتكە ھۇجۇم قىلدى، — سەنلەرگە ئەخمەقلىقنىڭ جىنى چېپىلىپ قاپتۇ. ھەممە ئادەمنى ھاقارەتلەيسىلەر، سەنلەرگە بىرمۇ ئادەم ياقمايدۇ... قانداق ئادەتنى ئۆزۈڭگە سىڭدۈرۈۋالغانسىن. بۇ نېمىلەر! ئازراق ۋالاقلىغان بولساڭلار، بۇنچىلىك ئارا بۇزۇلۇش بولمايتتى. ئۆزەڭلىنى بەك ئەقىللىق چاغلايسىلەر. ۋالاقتەككۈر مەمەدانلار!

چېركاسلىقلار بىلەن تۆۋەنكى دون ۋەكىللىرى بىرلىكتە كىراسنوفنى قوللاشتى. قېرىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغىنى ئاشۇ گېئورگىيېۋ مېدالىغا سازاۋەر بولغان گېنېرال ئىدى: بوۋىلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ گېنېرال بىلەن بىللە روسىيە - ياپون ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى. كىراسنوفنىڭ ئۆتمۈشى ئوفىتسېرلەرنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى: ئۇ گۋاردىيىچى بولغان، پادىشا سارىيىدا خىزمەت قىلغان ۋە ئىمپېراتور ھەزرەتلىرىنىڭ يېنىدا مۇلازىم بولغان ئەڭ مەلۇماتلىق گېنېرال ئىدى. لىبېرال زىيالىلارنى مۇنۇ بىر جەھەت قانائەتلەندۈرەتتىكى، كىراسنوف يالغۇز بىر گېنېراللا ئەمەس، يالغۇز ئەسكەرلەرنى سەپكە تۇرغۇزۇشنى، قوپال ھەربى تەرتىپنى ساقلاشنى بىلىدىغان ئادەملا ئەمەس، بەلكى ئۇ قانداق بولمىسۇن بىر يازغۇچى ئىدى، ئۇنىڭ ئوفىتسېرلەر تۇرمۇشىدىن يازغان ھېكايىلىرى ئۆز ۋاقتىدا «نىۋا» ژورنىلىنىڭ قوشۇمچە سانلىرىغا بېسىلغان بولۇپ، زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن ئىدى: ئۇ يازغۇچى ئىكەن — دېمەك، ھەر ھالدا مەدەنىيەتلىك كىشى دېگەن سۆز.

ياتاقخانىدا كىراسنوفنى قوللاش يۈزىسىدىن جىددى نەش-

ۋىقات كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نامى ئـالدىدا باشقا گېنېراللارنىڭ
ناملىرى پەگاغا چۈشۈپ قالدى. كىراسنوفنى ياقلايدىغان ئوفىتـ
سېرلەر ئافرىكان بـوگايېۋسكى توغرىلىق مـۇنداق بىر مىش ـ
مىشنى تارقىتىشقان ئىدى: گويا بوگايېۋسكى بىلەن دىنىكىننىڭ
قاچا ـ قومۇچى بىر ئـىمىش، شۇڭلاشقا بـوگايېۋسكى ئـاتامان
قىلىپ سايلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بـولشېۋىكلەرنى قوغلىۋېـ
تىپ، موسكۋاغا كىرىش بىلەنلا، كـازاكلارنىڭ بارلىق ئىمتىياز-
لىرى ۋە ئاپتونومىيىسى تۈگىدى دىگەن سۆز.

كىراسنوفنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بار ئىدى. بىر ئۇقۇتقۇچى ۋەـ
كىل گېنېرالنىڭ نامىنى قارىلاشقا بەھۇدە ئۇرۇنۇپ كۆردى. مۇـ
ئەللىم ۋەكىللەر چۈشكەن ئۆيلەرنى ئارىلاپ يـۈرۈپ، زەھەر چېـ
چىپ، پـاشنىغا ئـوخشاش گىژىلـداپ، كـازاكـلارنـىڭ قۇلىغىنى
ئاغرىتتى:

ــ كىراسنوفنىمۇ؟ بۇ ئەڭ پەسكەش گېنېرال، ئۇنىڭ ياز-
غۇچىلىغىمۇ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ! ئۇ پادىشا سارىيىدىكى «تېـ
شى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» يالاقچى! مۇنداقچە ئېيتقانـ
دا، ھەم مىللى دەسمايىگە ئىگە بـولۇشنى، ھەم دېموكراتىيىچى
دىگەن پاك نامنى ساقلاپ قېلىشنى ئـويلايدىغان ئـادەم. تېخى
كۆرىسلەر، دوننى دەسلەپكى خېرىدارغا دۈگلا سېتىۋېتىدۇ! پەس،
چاكىنا ئـادەم! سـىياسەتكە كەلگەندە نۆلگە باراۋەر! ئاگېيېۋنى
سايلاش كېرەك! بۇ ئادەمنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي باشقا گەپ.

ئەمما ئۇقۇتقۇچىنىڭ سۆزى مۇۋەپپەقىيەت قـازىنالمىدى.

1 ـ مايدا، يىغىننىڭ 3 ـ كۈنى مۇنداق ئاۋازلار ئاڭلاندى:

ــ گېنېرال كىراسنوف تەكلىپ قىلىپ چاقىرىلسۇن!

ــ تۆۋەنچىلىك بىلەن ...

ــ ئېھتىرام بىلەن ...

— ئىلتىماس قىلىمىز!

— ئىپتىخارىمىزنى سايلايمىز!

— بۇ يەرگە كەلسۇن، بىزگە ئۆز هاياتى توغرىلىق سۆزلەپ بەرسۇن! — پۈتۈن كەڭ زال مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئوفىتسېرلەر ئالقانلىرىنى پاقىلدىتىپ چاۋاك چېلىشتى، ئۇلارغا قاراپ كازاكلارمۇ چالا - چۇلپا قوللىرىنى بىر - بىرىگە بوشلا ئۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئەمگەك بىلەن قاپارغان قارا قوللىرىدىن چىققان شاپىلاق ئاۋازى قۇرۇق، شالدۇر - شۇلدۇر، ھەتتا يېقىمسىز ئاڭلاندى. بۇنىڭ ئەتۇرىسىچە، دەھلىز ۋە كورىدورلارغا تولۇپ كەتكەن قىزلار ۋە خانىملار، ئوفىتسېرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماھۇقتەك يۇمشاق ئالقانلىرىدىن چىققان مەيىن مۇزىكىلىق ئالقىش سادالىرى باشقىچە ئاڭلاندى.

ئۇزۇن بويلۇق، قامەتلىك، ئالىپتە كىيىنگەن، ئۇستىدىكى مۇندىرىغا زىنچىچىدە كىرىپىست مېداللىرى تاقالغان، كالۇنتون بۇغۇچلار ئېسىلغان ۋە باشقا ئالاھىدە گېنېراللىق بەلگىلەر تاقالغان يېشى چوڭىيىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، ھامان چىرايلىق، كېلىشكەن گېنېرال، سالاپەت بىلەن يىگىتلەرچە قەدەم تاشلاپ، سەھنىنىڭ ئۇستىگە چىققاندا، زالدا چاۋاك باشلىنىپ، بارغانسېرى ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ۋەكىللەرنىڭ سەپلىرىنى شادىمانلىق سەيرە قىلاتتى. كۆڭلى ئېرىپ، يۈزىدە هاياجانلىنىش ئالامەتلىرى ئىپادىلەنگەن، سۈرەتتەك بىر ھالەتتە تۇرغان بۇ گېنېرالنى كۆرگەندە، زالدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئىمپېرىيىنىڭ بۈرۈنقى كۈچ - قۇدرىتىنىڭ غۇۋا ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ كۆزىگە ياش ئېلىپ، فۇراژكىسىدىن قىزىل قولياغلىقىنى چىقاردى - دە، ئۇزاققىچە بۇرنىنى

قېقىپ ئۇلتۇردى. «مانا، گېنېرال دىگەن مۇشۇ! بىر كۆرۈپلا بۇ-
يۈك ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلگىلى بولىدۇ!چىرايىدىن، خۇددى ئىم-
پېراتوردەك،ئۇلۇغۋارلىقچىقىپ تۇرىدۇ. مەرھۇمئالېكساندىرنىڭ *
دەل ئۆزىنى تارتقاندەكلا!» دەپ ئىچىدە ئاشۇلارنى ئويلىدى ئۇ
سەھنىنىڭ لېۋىدە تۇرغان كىراسنوفقا مېھرى بىلەن قاراپ.

«دوننى قۇتقۇزۇش يىغىنى»دەپ ئاتالغان بۇ ئومۇم قوشۇن
بىرلەشمە يىغىنى ئۆز مەجلىسىنى ئالدىرىماي ئۆتكۈزۈشكە باشلى-
دى. يىغىنىنىڭ رەئىسى ياساۋۇل يانوفنىڭ تەكلىۋى بويىچە، پا-
گون تاقاش، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك ھەربى ئۇنۋانلارنىڭ
بەلگىلىرىنى تاقاپ يۈرۈش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىندى.
كىراسنوف سۆز-جۈملىلىرى ماھارەت بىلەن تۈزۈلگەن نۇتقىنى پا-
ساھەت بىلەن سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ «بولشېۋىكلەر تەرىپىدىن تەھ-
قىرلەنگەن رۇسىيە» توغرىلىق، رۇسىيىنىڭ «بۈيۈك قۇدرىتى» توغرىلىق، «دوننىڭ تەقدىرى» توغرىلىق ھېسسىيات
بىلەن سۆزلىدى. ھازىرقى ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، نېمىس
ئىشغالىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتى، نۇتقىنىڭ ئاخى-
رىدا: بولشېۋىكلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى دون ئوبلاستىنىڭ
مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشى توغرىلىق روھلىنىپ سۆزلىگەندە،
قىزغىن ماقۇللاش سادالىرى ياڭرىدى.

— قۇدرەتلىك ھەربى بىرلەشمە دون ئوبلاستىنى ئىدارە
قىلىدۇ! ئىنقىلاپ ئازات قىلغان كازاك خەلقى كازاك تۇرمۇشىنىڭ
بارلىق قەدىمقى گۈزەل قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرى-
دۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز بۈيۈك ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش
جاراڭلىق، قۇدرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئېيتايلۇقكى، «چاقماق تاش

* بۇ يەردە چار پادىشاسى ئالېكساندىر II كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ت.

بىلەن ياسالغان موسكۋادا، ئاق پادىشا ياشىسۇن، بىز كازاكلار ئ
تىنىچ دوندا ياشاۋېرەيلى!»— دىدى.
3 - ماي كۈنى كەچكى مەجلىستە 30 ئاۋازغا قارشى 107
ئاۋاز بىلەن ۋە ئون كىشى ئاۋاز بەرمەي بىتەرەپقالغان ئەھۋال
ئاستىدا، گېنېرال مايور كىراسنوف قوشۇن ئاتامانى بولۇپ ساي-
لاندى. ئۇ قوشۇن ياساۋۇلىنىڭ قولىدىن ئاتامانلىق گۇرزىسىنى *
تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ، شەرت قويدى: ئۆزى ھەربى بىرلەشمىگە
تەكلىپ قىلغان ئاساسىي قانۇنلارنى تەستىقلاشنى ۋە ئۆزىگە چەك-
سىز، تولۇق ئاتامانلىق ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
— مەملىكىتىمىز ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ! ئاتامان-
غا تولۇق ئىشەنچ بولغان شارائىتتىلا مەن گۇرزىنى تاپشۇرۇۋال-
مەن. ھازىرقى ۋەقەلەر شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى،دون ئىرادىسىنىڭ
ئالى ئىپادىلىگۈچىسى بولغان ھەربى بىرلەشمە ساگا ئىشىنىدى-
غانلىقىنى بىلگىنىڭدىلا، بولشېۋىكلەرنىڭ تەرتىپسىزلىگى ۋە
ھۆكۈمەتسىزلىگىگە قارىمۇ قارشى ھالدا مۇستەھكەم ھوقۇق،
نورمىلىرى بېكىتىلگەن چاغدىلا خىزمەتنى ئىشەنچ بىلەن ئىش-
لەيسەن ۋە ئۆز بۇرچۇڭنى سۆيۈنۈشلۈك ئاڭ - سېزىم بىلەن
ئادا قىلالايسەن.
كىراسنوف تەكلىپ قىلغان قانۇنلار خۇددى چاپاننىڭ تې-
شىنى ئۆرۈپ تىككەندەك، ئالدىراشلا ئوڭچى ئۆرۈلگەن، سەل-
پەل يېڭىلاپ، قايتا تىكلەنگەن بۇرۇنقى ئىمپېرىيە قانۇنلىرىنىڭ
ئۆزى بولۇپ چىقتى. ئومۇمى قوشۇن بىرلەشمە يىغىنى بۇ قانۇن-

* گۇرزا — بۇرۇنقى چاغدا كازاكلاردا ئاتامانلىق ئۇنۋانىنى بىلدۈرى-
دىغان بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ، قوشنىڭ پەيلىرى بىلەن زىننەت-
لەنگەن چوقماق — ت.

www.uyghurkitap.com

لارنى قانداقمۇ ماقۇل كۆرمىسۇن؟ خۇشاللىق بىلەن ماقۇللاشتى. ھەممە نەرسە، ھەتتا ئۆگۈشسىز قايتا ياسالغان بايراقمۇ كۆك، قىزىل ۋە سېرىق (بۇ رەڭلەر كازاكلار، چەتشەھەرلىكلەر، قالماقلارنى ئىپادىلەيتتى) يوللۇق بولۇپ، بۇرۇنقى بايراقنى ئەسلەتتى. پەقەت ھۆكۈمەت گېربىلا كازاك روھىنى يېقىش ئۈچۈن كەسكىن ئۆزگەرتىلگەن ئىدى: قانتىنى كەڭ يېيىپ، تىرناقلىرىنى راسلاپ تۇرغان ئىككى باشلىق يىرتقۇچ بۈركۈتنىڭ ئورنىغا بېشىغا پاپاخ كىيگەن، يېنىغا قىلىچ، مىلتىق، قورال - ياراق ئاسقان، بىر شاراپ بوچكىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتقا ئوخشاش مىنىۋالغان قىپ- يالىڭاچ بىر كازاكنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

تەخسكەش، ساددا دىل ۋەكىللەردىن بىرى خۇشامەتكۈيلۈك بىلەن بىر سوئال سورىدى:

— قوبۇل قىلىنغان قانۇنلارنىڭ توپ - ئاساسىدا بەزى بىر يەرلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى قايتا ئىشلەش جانابى ئالىيلىرىنىڭ نىيىتىدە باردۇر، بەلكىم؟

كىراسنوف ئىلتىپات بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، بىر ئاز شوخلۇق بىلەن چاچقاق قىلىشنى ئۆزىگە جايىز كۆردى. ئۇ ۋەدە بېرىش نەزىرى بىلەن ھەربى بىرلەشمە ئەزالىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، كۆپچىلىكنىڭ خۇشامىتىگە ئۈگىنىپ قالغان ئادەمنىڭ تاۋۇشى بىلەن جاۋاپ بەردى:

— ئۆزگەرتىش قولۇمدىن كېلىدۇ. بايراق، گېرب، دۆلەت گىمنى توغرىسىدىكى 48 -، 49 - ۋە 50 - ماددىلارنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. سىزلەر ماڭا قىزىلدىن باشقا ھەرقانداق بايراقنى تەكلىپ قىلىشىڭلار مۇمكىن. يەھۇدىلەرنىڭكىگە ئوخشاش

بەش يۇلتۇزلۇق بايراقتىن باشقا ياكى ماسونلۇق* بەلگىدىن
باشقا ھەرقانداق گېربىنى تەكلىپ قىلىشقىلار مۇمكىن ۋە
«ئىنتېرناتسىئونال» دىن باشقا ھەرقانداق گېمىنىنى تەكلىپ
قىلىشقىلارغا بولىدۇ.

يىغىندىكىلەر پاراققىدە كۆلىشىپ، قانۇنلارنى تەستىقلاش-
تى. شۇندىن كېيىن ئاتامانىنىڭ چاخچىغى ئۇزاققىچە ئېغىزدىن
ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى.

5 - مايدا يىغىن تارقالدى. ئاخىرقى نۇتۇقلارمۇ سۆزلى-
نىپ، بېسقىپ قالدى. شىمالىي ھەربى گۇرۇپپىنىڭ قوماندانى،
كىراسنوفنىڭ ئۇلۇغ قولى پولكوۋنىك دېنسوف ناھايىتى تېز ۋاقىت
ئىچىدە بولشېۋىكلەرنىڭ ئىسيانىنى يوقىتىمەن، دەپ ۋەدە بەر-
دى. بىرلەشمە يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ئاتامانىنىڭ مۇۋەپپە-
قىيەتلىك سايلانغانلىقىدىن ۋە فۇرونتتىن كەلگەن مەلۇماتلار-
دىن كۆڭۈللىرى تەسكىن تېپىپ، خوشال - خورام ئۆز جايلىرى-
غا جۆنەپ كېتىشتى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈپ،شاتلىقى
ئىچىگە سىغماستىن، دون پايتەختىدىن يولغا ئاتلانغان
ئىدى. ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنگەنكى، گۇرزى ئىشەنچىلىك
قولغا چۈشتى، كۆپ ئۆتمەي بولشېۋىكلەرنى تېرى - پېرەڭ
قىلىۋېتىدۇ ۋە ئوغۇللىرى ئىگىلىك ئىشلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ،
چال ۋاگون دەرىزىسىنىڭ ئالدىدا جەينىگىنى كىچىك جوزىنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇراتتى؛ دون گېمىنىنىڭ خوشلىشىش سادا-

* ماسونلۇق — 18 - ئەسىردە پەيدا بولغان دىنىي - سىياسى ئېقىم،
بۇ ئېقىم «ئەخلاقنى كامالەتكە يەتكۈزۈش» مەقسىدىدە خۇراپىي مۇ-
راسىملارنى ئۆتكۈزىدىغان مەخپىي دىنىي - پەلسەپىۋى خەلقارا جەمىيەت
سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان — ت.

لىرى ھامان قۇلىقىدا دولقۇنلىناتتى، يىغىندا ئېيتىلغان ھاياتبەخش سۆزلەر ئاڭ - سېزىمىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگىچە سىڭگەن بولۇپ، گويا ھەقىقى رەۋىشتە «پراۋوسلاۋ تىنچ دون مەۋج ئۇرغان ۋە دولقۇنلانغان» دەك تۇيۇلدى.

ئەمما، نوۋوچېركاسسكىدىن بىرنەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ دەرىزىدىن باۋارىيە* ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنقى ساقچى ئەترەتلىرىنى كۆرۈپ قالدى. بىر گۇرۇپپا نېمىس ئاتلىقلىرى تۆمۈريول ياقىسىنى بويلاپ پويىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئېگەر ئۈستىدە خاتىرجەم مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاستىدىكى كەڭ ساغرىلىق سېمىز ئاتلىرى، كېسىلگەن كالتا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، ئاپتاپتا يالتىراپ تۇراتتى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئالدىغا ئېگىشىپ، قاشلىرىنى ئازاپلانغاندەك ئۈچۈرۈپ، نېمىس ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى كازاك يەرلىرىنى غالىبانە دەسسەپ - چەيلەپ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆز تىكتى - دە، كەڭ دۈمبىسىنى دەرىزىگە قىلىۋېلىپ، ئۇزاققىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بۇرنىنى پىششىلدىتىپ ئولتۇردى.

## 2

قاتار چېتىلغان قىزىل ۋاگونلار غىلدىرلاپ چېپىپ، دوندىن ئۇكرايىنا ئارقىلىق گېرمانىيىگە بۇغداي ئۇنى، تۇخۇم، سىبـ

* باۋارىيە — گېرمانىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىدىكى بىر جاي بولۇپ، بۇ يەردە نېمىسلارنىڭ باۋار قەبىلىسى ياشايدۇ — ت.

رىق ياغ، ئۆكۈزلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ۋاگون سەھنىلىرىدە بېشىغا كۈزىركىسىز شەپكە، ئۈستىگە كۆك سۇر پەشمەت كىيگەن نېمىسلار شتىكلىك مىلتىقلارنى تۇتۇشۇپ ئۆرە تۇرۇشاتتى.

نېمىسلارنىڭ ئەڭ پىششىق سېرىق كۆندىن تىكىلگەن، ئۇپېرىماسلىقى ئۈچۈن پاشنىسىغا ناھال قېقىلغان ئۆتۈكلىرى دون يوللىرىنى دەسسەپ، چىڭدايتتى، باۋارىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۆز ئاتلىرىنى دون دەرياسىغا ئېلىپ چۈشۈپ سۇغىرىشىۋاتاتتى. ئۇكرايىنا بىلەن چېگرىداش يەرلەردە بولسا يېڭىلا پېرسىيانوفكىدا تەلىم بېرىلىپ، بايراق ئاستىغا چاقىرىلغان ياش كازاكلار پېتليۇراچىلار* بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان 12 - دون كازاك پولكىنىڭ دىگۈدەك يېرىمى ئۇكرايىنا تۇپرىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئوبلاستقا ئېلىپ بېرىمىز دەپ، ستاروبېلسىك بوسۇغىسىدا يەر قۇچۇپ ياتقان ئىدى.

شىمالدا ئۈست - مېدۋېدىتسا كەنتى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇردى: بۇنى ئاۋال گلازۇنوۋسكايا، نوۋوئالېكساندىروۋسكايا، كۈملىژېنسكايا، سىكۇرىشېنىسكايا كەنتلىرىنىڭ ۋە باشقا كەنتلەرنىڭ يېزىلىرىدىن توپلانغان قىزىل گۋاردىيىچى كازاكلارنىڭ ئەتىرىدى ئىگەللەپ تۇرغان ئىدى، ئەمما بىر سائەتتىن كېيىن ئوفىتسېر ئالېكسېيېۋنىڭ ئاق گۋاردىيىچى ئەتىرىدى ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردى - دە، كوچىلاردا ئەترەتنىڭ ئاساسىي كادىرلىرىنى تەشكىل قىلغان گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، سېمىنارىيە ئوقۇغۇچىلىـ

* پېتليۇراسمون — ئۇكرايىنا مىللەتچى ئەكسىلئىنقىلابىنىڭ كاتتىۋېشى، جاھانگىر ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياللانما غالچىسى، ئۇكرايىن خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىنىڭ شىنېللىرى مىتىلداپ كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى.
يۇقۇرقى دون كازاكلىرى شىمالغا قاراپ، كەنتتىن-كەنت-
كە توپ - توپ بولۇپ ئاقاتتى. قىزىللار ساراتوف ئۆلكىسىنىڭ
چېگرىسىغا قاراپ چېكىنەتتى. ئۇلار دېيەرلىك پۈتۈن خوپېر
ئوكرۇگىنى تاشلاپ كېتىشتى. يازنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قو-
رال كۆتىرەلەيدىغان ياشتىكى بارلىق كازاكلاردىن تەشكىل قى-
لىنغان دون ئارمىيىسى چېگرىلارغا كېلىپ تۇرۇشتى. بۇ ئارمى-
يە يول ئۈستىدە قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، نوۋو-
چېركاسسكىدىن كەلگەن ئوفىتسېرلەر بىلەن تولۇقلىنىپ، ھەقى-
قى ئارمىيە تۈسىنى ئالدى: كەنتلەردىن كەلگەن ئاز سانلىق
خەلق قوشۇنلىرى بىرلەشتى؛ گېرمان ئۇرۇشىدىن ئامان قالغان
بۇرۇنقى جەڭچى، ئوفىتسېرلەردىن يېڭىۋاشتىن مۇنتىزىم پولكلار
قۇرۇلۇپ، پولكلاردىن دىۋىزىيىلەر تۈزۈلدى؛ شتاپلاردىكى
خورۇنجىلەرنىڭ* ئورنىغا كۈچلۈك پولكوۋنىكلار قويۇلدى؛ باش-
لىقلار تەركىۋىمۇ ئاستا - ئاستا ئالماشتۇرۇلدى.
يازنىڭ ئاخىرىدا مىگۇلىنسكايا، مىشكوۋىسكايا، كازانىس-
كايا ۋە شۇمىلىنسكايا كازاكلىرىنىڭ يۈزلۈك بۆلۈنمىلىرىدىن
قۇراشتۇرۇلغان جەڭگىۋار بىرلىكلەر گېنېرال مايور ئالفېروفنىڭ
بۇيرۇغى بويىچە دون چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ۋورونېژ ئۆلكىسى-
نىڭ دەسلەپكى چوڭ يېزىسى — دونېتسكوينى ئىشغال قىل-
دى - دە، بوگۇچار ناھىيىسىنىڭ شەھىرىنى قورشىۋالدى.

× ×

پېترو مېلېخوف قوماندىسى ئاستىدىكى تاتارىسكى كازاك-

* خورۇنجى — كازاك ئەسكەرلىرىدە پودپورۇچىك دەرىجىلىك ئوفىتسېر.

لىرىنىڭ يۈزلۈك بۆلۈنمىسى يېزا ۋە كەنتلەردىن ئۆتۈپ، ئۈستمېدۋېدىتسا ئوكرۇگىنىڭ شىمالىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا تۆت سوتكا بولۇپ قالغان ئىدى. بۆلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىرەك بىر يەردە قىزىللار ئۇرۇشقا قاتناشماي، ئالدىراش تۆمۈريول لىنىيىسىگە قاراپ چېكىنىۋاتاتتى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە تاتارىسكى كازاكلىرى دۈشمەننى تېخى كۆرۈشمىدى. ئۇلار ئانچە ئۇزۇن مۇساپىنى باسمىغان ئىدى. پېترو ۋە باشقا كازاكلارمۇ تىل بىرىكتۈرمەي تۇرۇپلا، ئەجەلگە ئالدىراشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈشۈپ، كۈنىگە 30 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول باسمىغان ئىدى.

5 - كۈنى ئۇلار كۇمىلژېنسكايا كەنتىگە كىرىشتى. دۇندوكوف يېزىسىدا خوپېر دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈشتى. دەريا ياقىسىدىكى چىمەنلىكنىڭ ئۈستىنى پاشا - چىۋىنلەر داكا پەردىدەك قاپلاپ كەتكەن ئىكەن. پاشىنىڭ غۇڭۇلدىغان ئىنچىكە ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. سان - ساناقسىز پاشا قارغۇلارچە قۇيۇندەك چۆگىلەپ، ئات بىلەن ئادەملەرنىڭ قۇلاق - كۆزلىرىگە كىرىپ، خاپا قىلاتتى. ئاتلار چىدىيالماي، پىشقىراتتى، كازاكلار قوللىرىنى سىلكىشتۈرۈپ، ئۆزى ياسىغان ئاچچىق تاماكىنىڭ تۈتۈنىنى تىنىمسىز پۇقۇرىتىپ تۇرۇشتى.

— مانا بۇ بىر ئويۇن بولدىغۇ، پەدىرىگە مىڭ لەنەت! — دەپ قېقىلاتتىخىرىستونە ياشلانغان كۆزىنى يىڭى بىلەن ئېرتىپ.

— نىمە بولدى، كىرىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ كۈلدى گىرىگورىي.

— كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇۋاتىدۇ، دىمەك، زەھەرلىك ئىكەن شەيتان!

خىرىستونەقىزىرىپ كەتكەن قاپىغىنى تۈپىگەقايرىپ تۇرۇپ، قوپال بارمىقى بىلەن كۆزىنىڭ ئىچىنى سىيلاپ قويىدى؛ كېيىن كالپۇكلىرىنى كېرىپ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن كۆزىنى ئۇزاققىچە سۈرتتى.

گىرىگورىي يانمۇ يان كېلىۋاتاتتى. بۇلار يولغا چىققاندىن تارتىپ بىللە ئىدى. بۇ ئىككىيلەنگە ئانىكۇشكىمۇ قوشۇلۇۋالدى. كېيىنكى چاغلاردا ئانىكۇشكا بۇرۇنقىدىنمۇ يوغىناپ كەتكەنلىكتىن، ئاياللارغا تېخىمۇ ئوخشاپ قالغان ئىدى.

ئەترەت تولۇق بىر بۆلۈنمىگە توشمايتتى. تاتارىسكى يېزىسىغا كۆيوغۇل بولۇپ كەلگەن ۋاخمىستىر لاتىشېۋ پېترونىڭ يارىدەمچىسى ئىدى. گىرىگورىي بىر ۋىزۋوتقا باشچىلىق قىلدى. يېزىنىڭ تۆۋەنكى بېشىدىن بولغان كازاكلارنىڭ دىگۈدەك ھەممىسى ئۇنىڭ ۋىزۋودىدا ئىدى: خىرىستونە، ئانىكۇشكا. فېدوت بودوۋىسكوف، مارتىن شامىل، ئىۋان تومىلىن، ئۇززۇنتۇرا بورىشچېۋ، ئېپىقتەك كومشا كەلگەن زاخار كورولېۋ، پىروخور زىكوف، سىگان ئۇرۇغىدىن بولغان مېركۇلوف. يېپىپان ماكسايېۋ، يېگورسىنىلىن ۋە 10 ـ 15 تەك تەكشۈر يىگىتلەر بار ئىدى.

2 ـ ۋىزۋوتقا نىكولاي كوشۋوي كوماندىرلىق قىلاتتى،ئۈچىنچىسىگە ياكوف كولوۋېيدىن، تۆتىنچىسىگە مىتكا كورشۇنوپ باشچىلىق قىلاتتى، پودتېلكوف دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن گېنېرال ئالفېروف ئۇنىڭغا دەرھاللا سىتارشى ئورەدنىك ئۇنۋانىنى بەرگەن ئىدى.

بۆلۈنمىنىڭ ئاتلىرى دالىدا بىر خىل چېپىشتا مېڭىپ، قىزىپ كېلىۋاتاتتى، يول سۇ باسقان چوڭقۇرچاقلارنى ئارىلاپ، ياش كىيىك ئوت ۋە تال ئۆسكەن ئويمانلارغا شۇڭغۇپ كىرىپ، چىمەنلىكلەردىن ئۆتەتتى.

ئارقىدىكى قاتاردا ياكوف تاغا بوم ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئاندرېيوشكا كاشۇلىن ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن جۆر بولغان ئىدى، بۇمۇ پودتېلكوفنىڭ شېرىكلىرى قېنىنى تۆككەنلىكى ھەققى ئۇچۇن ئورەدىنىكلىك پاگونىغا ئىگە بولغان ئىدى.

پېترو مېلېخوف لاتىشېۋ بىلەن سەپنىڭ بىربېشىدا يانمۇ يان بىللە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر نەرسە توغرىلىق ئاستا سۆزلىشىپ كېلەتتى. لاتىشېۋ قىلىچىنىڭ يىپ - يېڭى پۆپۈكلۈك بېغىنى ئويناتتى، پېترو سول قولى بىلەن ئېتىنى سىلاپ، ئىككى قۇلىغىنىڭ ئارىلىغىنى قاشلاپ قوياتتى. لاتىشېۋنىڭ ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى، تاماكا ئىسى بىلەن قارايغان، ئۇچى ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن چىشلىرى شالاڭ بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن قارامتۇل ساغۇچ تۇستە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەممىنىڭ ئارقىسىدا كازاكلار «ئانتىپ برېخوۋىچ» دەپ لەقەم قويغان ئاۋدېي يالغاننىڭ ئوغلى ئانتىپ ئاۋدېيېۋىچ ئاقساق ئالا بايتالنى دىڭگاكلىتىپ كېلەتتى.

كازاكلارنىڭ بەزىلىرى پاراڭغا چۈشكەن، بەزىلىرى سەپنى بۇزۇپ، بەشتىن - بەشتىن قاتارلىشىۋالغان، باشقىلىرى ئالاھىدە دىققەت بىلەن ناتونۇش يەرلەرگە، چېچەك ئىزىدەك چىمىرلاپ تۇرغان كۆل بويىدىكى چىمەنلىككە، ياپ - يېشىل ئىماتە قىلىنغان تېرەك ۋە سۆگەتلەرگە كۆز تىكىپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىدىن يىراق سەپەرگە ئاتلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى: ئىگەرگە ئارتىلغان خۇرجۇنلىرى تومپايغان، يۈكى تولۇق، ھەرقايسىسىنىڭ غانجۇغىسىدا شىنېلى يۈكتەرمە قىلىنغان ئىدى. يەنە ئىگەر - جابدۇقلىرىغا قاراپ شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا بو-

www.uyghurkitap.com

لاتتىكى، ھەر بىر تاسما جابدۇقلىرى پىششىق مومىلانغان يىپ بىلەن ناھايىتى زىچ قوش بىخى قىلىپ تىكىلگەن، ھەم يامالانغان. بۇندىن بىر ئاي ئىلگىرى بۇلار ئۇرۇش بولمايدۇ، دىگەن ئىشەنچتە بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە قان تۆكۈشتىن قىچىپ قۇتۇلالمايمىز، دەيدىغان كۆڭۈلسىز ئاڭ - سېزىمغا بوي سۇنۇپ كېلىشەتتى. «بۈگۈن تېرەك ئۈستىگىدە، ئەتىلىككە بەلكىم، تاقىر دالىدا قاغىلار تېرەكنى ئاشلايدۇ»، دەپ ھەر قايسىسى ئۆز ئىچىدە ئويلىشاتتى.

بۇلار كىرىپتىسى يېزىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى، ئۇڭ تەرەپتە قومۇچ بىلەن يېپىلغان ئۆيلەر ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئانىسكۇشكا شالۋۇرىنىڭ يانچۇغىدىن قۇرۇتۇلغان بىر بوغۇرساقنى ئېلىپ، يېرىمىنى چىشلىدى - دە، ئۇششاق چىشلىرىنى يىرتقۇچتەك ھىجايتىپ، جاۋغايلىرىنى توشقاندەك قىمىرلىتىپ چاينىشقا باشلىدى.

خىرىستونە ئۇنىڭغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ:

— ئېچىرقاپ كەتتىڭمۇ؟ — دىدى.

— ئېچىرقىمايچۇ... ئايالىم پىشۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

— سەن تاماقنى قالتىس يەيدىكەنسەن! قارنىڭ ئېھتىمال، چوشقىنىڭ قارنىدەك بولسا كېرەك، — ئۇ، گىرىگورىيغا بۇرۇلۇپ، ئاچچىغى بىلەن ۋە زارلىنىش ئاھاڭىدا يەنە مۇنداق دىدى، — بۇ ئالۋاستى تاماقنى ھەددىدىن زىيادە يەيدۇ! شۇنچە تاماقنى قوسىغىنىڭ قەيرىگە پاتقۇزىدىكىنتاڭ؟ شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىمەن، ھەر قارىغىنىمدا دەھشەت: ئۆزى، دىمەك، بىر غېرىچلا، ئەمما يىگەن نەرسىسىنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكەندەكلا تۇيۇلىدۇ.

— يىسەم، ئۆزەمنىڭكىنى يەيمەن، قوساقنى توق تۇتۇشقا تىرىشىمەن. كەچتە پۈتۈن بىر قوينى يىسەك، ئەتىسى ئەتىگەن يەنە يىگۈك كېلىدۇ. بىز ھەرقانداق مېۋىنى ئىستىمال قىلىۋېرىمىز، بىزگە ھەممىسى پايدىلىق، ئاغزىمىزغا كىرگىنىنىڭ ھەممىسى پايدىلىق.

ئانىكۇشكا قاقاقلاپ كۈلۈپ، گىرىگورىيغا كۆزىنى قىسىپ، ئەلەم بىلەن يەرگە تۆكۈلگەن خىرىستونەنى ئىملاپ كۆرسەتتى.

— پېترو پانتېلېيېۋ، بىزنى نەدە قوندۇرماقچىسەن؟ قارىمامسەن، ئات بىچارىلەرمۇ ھېرىپ دەرمانىدىن كەتتى! — دەپ تۆۋلىدى تومىلىن.

ئۇنىڭ پىكرىنى مېركۇلوف قوللىدى:

— قونىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، كۈن ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

پېترو قامچىسىنى شىلتىپ قويدى:

— كىلىيۇچكىدا قونىمىز، بەلكىم، كومىلگىغىمۇ يېتىپ بېرىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

مېركۇلوف قارا چاڭگا ساقىلىغا كۈلكىسىنى پۈركەپ، تومىلىنغا پىچىرلىدى:

— ئالفېروفنىڭ ئالدىدا خوشامەتكۈيلۈق بىلەن ياخشى كۆرۈنمەكچى بولسا كېرەك. قانچۇق! ئالدىرىغىنىنى قارىمامسەن...

بىرسى مېركۇلوفنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى ياساپ قويماقچى بولۇپ، شوخلۇق بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنى تومتاقلا قىرقىپ، قېلىن ساقىلىدىن كىچىككىنە قىڭغىر چوققا ساقاللىق قويۇپ قويغانلىقتىن، مېركۇلوف كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرگۈدەك يېڭى بىر چىرايغا كىرىپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش دائىمى

www.uyghurkitap.com

چاخچاقا بانا بولۇپ كېلەتتى. تومىلىن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي:

— سەنمۇ ياخشى كۆرۈنۈشكەھەركەتلىنىۋاتقىنىڭ يوقمۇ؟— دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ساقىلىڭنى گېنېرالچە ياسىتىۋاتىسەنغۇ. ئېھتىمال، گېنېرالغا ئوخشاش ساقال قويسام، ماڭا دەرھاللا بىر دىۋىزىيىنى باشقۇرۇشقا تاپشۇرىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن! سەن ئاددى سولدات بولۇشنى خالىمامسەن؟

— ھەي ئەخمەق، شەيتان! مەن ساڭا چىن سۆزنى قىلىۋاتسام، سەن ئۇنى چاخچاقا ئايلاندۇرۇۋاتىسەن.

ئۇلار كۈلكە - چاخچاق، پاراڭ بىلەن بولۇپ، كىلىيۇچى يېزىسىغا كېلىپ كىرىشتى. ئۆي تەييارلاشقا ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئاندىرىيوشكا كاشۇلىن بۆلۈنمىنى ئەڭ چەتتىكى قورانىڭ ئالدىدا قارشى ئالدى.

—بىزنىڭ ۋىزۋوت ئارقامدىن مېڭىڭلار! بىرىنچى ۋىزۋوتقا— مۇنۇ ئۈچ ھويلا، ئىككىنچىسىگە — سول تەرەپتىكى ھويلىلار، ئۈچىنچىسىگە — ئەنە ئاۋۇ قۇدۇقنىڭ قېشىدىكى ھويلا بىلەن يەنە شۇ قاتاردىكى تۆت ھويلا، — دېدى ئۇ.

پېترو ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھېچنېمە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ سوراپ باقمىدىڭمۇ؟

— بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما ھەسەل دېسەڭ، يېگىنىم، بۇ يەردە چەكسىز مول. بىر موماينىڭ 300 ھەرە ئۇۋىسى بار ئىكەن. كەچ كىرگەندە ئەلۋەتتە، بىرەرسىنى قاقتى - سوقتى قىلىمىز!

— نېمە - نېمە، ئەخمەق بولما! مەن ساڭا قاقتى - سوقتى قىلىشنى كۆرسىتىپ قويماي يەنە! — پېترو قاپىقىنى تۈرۈپ، ئېتىنى قامچىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

كازاكلار ئۆي - ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. ئاتلارنى جايلاشتۇردى. قاراڭغۇ چۈشتى. ئۆي ئىگىلىرى كازاكلارغا ھاردۇق ئېشى بەردى. ھويلىلارنىڭ ئالدىدىكى بۇلتۇر كېسىلگەن سىدە ياغاچلارنىڭ ئۈستىدە ھەربىي خىزمەتتىكى كازاكلار بىلەن يېزا كازاكلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۇ - بۇ توغرىلىق بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇخلاشقا تارىشىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن بۆلۈنمە يېزىدىن يولغا چىقتى. كومىلژېنسكايانىڭ نەق قېشىغا يېتىپ بارغاندا، بۆلۈنمىنى بىر چاپارمەن قوغلاپ يەتتى. پېترو قەغەز خالتىنى ئېچىپ، ئالدىغا سوزۇلغان قولى بىلەن بىرۋاراق قەغەزنى گويا ئېغىر نەرسىنى كۆتەرگەندەك ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە ئوقۇدى. ئۇنىڭ قېشىغا گىرىگورىي كەلدى.

— بۇيرۇقمۇ؟

— ھە - ئە!

— نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

— ئىشلار ... بۆلۈنمىنى تاپشۇر، دەپ بۇيرۇپتۇ. مەن بىلەن تەڭقۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئارقىغا قايتىشقا چاقىرىپتۇ، كازانكىدا 28 - پولك قۇرۇلۇۋاتقان ئوخشايدۇ. زەمبىرەكچىلەر بىلەن پىلىموتچىلارنى چاقىرتىپتۇ.

— قالغانلار نەگە بارىدىكەن؟

— مانا مۇنۇ يەردە مۇنداق يېزىلغان: «ئارژېنوۋسكايىغا بارغاندىن كېيىن 22 - پولك كوماندىرىنىڭ قارمىقىغا ئۆتسۇن.

كېچىكمەستىن دەرھال ئاتلىنىڭلار.» مانا قارا! «كېچىكمەستىن» دېيىلگەن!

لاتىنشىۋ كېلىپ، پېترونىڭ قولىدىن بۇيرۇقنى ئالدى. ئۇ تومپىيىپ تۇرغان قېلىن كالپۇكلىرىنى پىچىرلىتىپ، بىر قېتىمنى قىيا ئېگىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى.

— مېڭىلسۇن! — دەپ توۋلىدى پېترو.

بۆلۈنمە قوزغىلىپ، قەدەملەپ ماڭدى. كازاكلار قايىرىلىپ نېمە دېگىنى دەپ كۆتۈپ، پېتروغا دىققەت بىلەن قاراشتى. پېترو بۇيرۇقنى كومېلىژېنسكايادا ئېلان قىلدى. چوڭ ياشتىكى كازاكلار ئالدىرىشىپ، ئارقىغا قايتىشقا تەييارلىق كۆرۈشتى، بىر كۈننى مۇشۇ كەنتتە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھەر قايسىسى ئۆز تەرىپىگە يولغا چىقىشقا قارار قىلىشتى. پۈتۈن كۈن ئىنىسى بىلەن سۆزلىشىۋېلىش پۇرسىتىنى ئىزلىگەن پېترو ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى.

— مەشق مەيدانىغا بارايلى، — دېدى ئۇ.

گرىگورىي ئۇنچىقماستىن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقتى، مىتكا كورشۇنوف بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتكەن ئىدى، ئەمما پېترو ئۇنىڭدىن سوغاققىنا ئۆتۈندى:

— مىترىي، سەن كېتىپ تۇر. ئىنىم بىلەن سۆزلىشىۋالماقچى ئىدىم.

— بولىدۇ، بۇ مۇمكىن، — مىتكا گەپنى چۈشەنگەندەك بولۇپ كۈلۈمسىرەپ، ئارقىدا قېپقالدى.

گرىگورىي كۆز قىرى بىلەن پېتروغا قاراپ كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ جىددىي بىر ئىشنى ئېيتماقچى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ، پەملىنىپ قالغان نىيىتىنى باشقا يافقا چالغىتماقچى بولۇپ، ئەتەي جانلىنىپ، سۆز باشلىدى:

— ئاجايىپ ئىش: ئۆيدىن چىقىپ، بار ـ يوقى100 چاقىرىمـ
چە يول يۈرگەن ئىدۇق، بۇ يەرنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي باشقا ئىـ
كەن. گەپلىرىمۇ بىزنىڭكىگە ئـوخشمايدۇ، ســالغان ئـۆيـلىرىمۇ
باشقىچە — كوناززامانىدىكى دىندار ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە ئوخشايـ
دۇ، ئەنە كۆرۈۋاتامسەن، دەرۋازىنىڭ ئۈستى كىچىككىنە چىركاۋغا
ئوخشاش تاختــاي بىلەن يېپىلغان. مۇنداق ئـۆيلەر بىزدە يوق.
ئەنە ئــاۋۇ، — ئۇ، يېقىندىكى باي بىر ئـۆينى كـۆرسەتتى، —
تېمىنىڭ تۈۋىدىكى سۇپىچاقلىرىمۇ تاختاي بىلەن قاپلانغان: ياـ
غىچى چىرىمىسۇن ئۈچۈن بولسا كېرەك. شۇنداقمۇ؟
— بۇ گېپىڭنى قويۇپ تۇر، — دەپ تەرىنى تـۆردى پېتـ
رو، — سېنىڭ دەيدىغىنىڭ بۇ گەپ ئەمەس... توختا، قــاشانىڭ
قېشىغا بارايلى، كىشىلەر قارىشىۋاتىدۇ.
مەيداندىن كېلىۋاتقان ئاياللار بىلەن كــازاكلار بـۇلارغا
قىزىقىپ قارىشىۋاتاتتى. ئۈستىگە بەلۋاغسىزكۆك كۆينەك كىيگەن،
بېشىدىكى كازاكچە فۇراژكىسى كونىراپ كـەتكەنلىكتىن، جىيىگى
قىزىرىپ كۆرۈنگەن بىر چال توختاپ تۇرۇپ:
— بۈگۈن شۇ يەردە تۇرامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— كۈننى مەشەدە ئۆتكۈزمەكچىمىز.
— ئېتىڭلارغا بېرىدىغان سۇلۇ بارمۇ؟
— ئازراق بار، — دەپ جاۋاپ قايتۇردى پېترو.
— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىڭلار، بىر ـ ئىككى
توربا سۇلۇ قويۇپ بېرەي.
— ئەيسا رەھمەت قىلسۇن، ئاتا!
— ئۇلۇغ ئاللا ئۈچۈن ... بىر كىرىپ چىقىڭلار. ئاۋۇ يېـ
شىل تۈنىكە بىلەن يېپىلغان مېنىڭ ئۆيۈم.
— سەن نېمە توغرىلىق سۆزلىمەكچىسەن؟ — دەپ سورىـ

دى گىرىگورىي تاقەتسىزلىك بىلەن قاپىغىنى تۈرۈپ.

— ھەممە تۇغرىدا، — دېدى پېترو ئەيىپكارلارچە ۋە قىيىنلىپ كۆلۈمسىرەپ ئاغزىنىڭ بۇرجىكى بىلەن بۇغداي رەڭ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ، — ۋاقىت شۇنداق نەرسە، گىرىشاتكا، بەلكىم، بىز بىر - بىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمەسمىز ...

گىرىگورىينىڭ ئۆز ئاكىسىغا نىسبەتەن تېخى چۈشىنىلىپ يەتمىگەن ۋە نەشتىرىنى سانچىپ تۇرغان ئۆچمەنلىكى بىردىنلا غايىپ بولدى - دە، پېترونىڭ ئېچىنىشلىق كۆلكىسى ۋە بۇرۇنقى بالىلىق چاغلىرىدا ئىشلەتكەن «گىرىشاتكا» دېگەن ئەركىلەتمە ئىسمىنى يەنە ئىشلەتكەنلىكى بايىقى سېزىمنى بېسىپ چۈشكەن ئىدى. پېترو ئۇزاققىچە ئۇڭايسىزلىنىپ كۆلۈمسىرىگەن پېتى ئىنىسىغا مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇ لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ، بايىقى كۆلۈمسىرىشىنى تۇختاتتى - دە، يۈزى جىددىي تۈس ئېلىپ، مۇنداق دېدى:

— قارا، خەلقنى نەچچىگە بۆلۈپ تاشلىدى، رەزىللەر! خۇددى پىلۇگ بىلەن يەرنى تىلغاندەك: بىرسىنى بىر ياققا، ئىككىنچىسىنى يەنە بىر ياققا ئايرىۋەتتى. ھايات رەھىمسىز، زامان دەھشەت! بىرسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىرسى بىلەلمەيدۇ ... مانا سەن، — ئۇ گەپنى بىردىنلا باشقا ياققا بۇردۇۋەتتى، — سەن مانا — مېنىڭ بىر تۇققان ئىنىمسەن، ئەمما مەن سېنى چۈشەنمەيمەن، خۇدا تۇرۇپتۇ! سېزىپ تۇرۇپتىمەن، سەن قانداقتۇ مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتىسەن ... شۇ گېپىم راستمۇ؟ — ئۇ ئۆزىگە - ئۆزى جاۋاپ بەردى، — بۇ راست گەپ. سەن لاي سۇدەك بۇلغىنىۋاتىسەن ... سېنى قىزىللار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەرمىكىن، دەپ قورقىمەن ... سەن، گىرىشاتكا، شۇ كەمگىچە ئۆز يولۇڭنى تاپقىنىڭ يوق.

— خوش، سەن تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي، خوپىر دەرياسىنىڭ كۆز ئىلغىماس قىرغىقىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە، گەج تاغنىڭ ئارقىسىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا، لاۋۇلداپ تۇرغان شەپەققە ۋە شۇ ياقتىن كۆيۈپ پۇچۇلۇپ كەتكەن قارا بۇلۇتنىڭ ئۆزۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆز تىكىپ.

— تاپتىم. ئۆز يولۇمغا چۈشكەنمەن. بۇ يولدىن مېنى تايدۇرالمايسەن! مەن، گىرىشكا، ساڭا ئوخشاش تەۋرىنىپ يۈرمەيمەن.

— ھو - ھوي! — دېدى گىرىگورىي غەزەپلىنىپ كۆلكىسىنى ئىچىدىن سىقىپ چىقارغاندەك.

— مەن تەۋرەنمەيمەن! — دېدى پېترو بۇرۇتىنى ئاچچىقى بىلەن تولغاپ، ئاپتاپتا چاقايغاندەك كۆزىنى چىمىلدىتىپ، — مېنى قىزىللار تەرەپكە ئاغامچا بىلەنمۇ سۆرەپ ئاپىرالمايسەن. كازاكلار ئۇلارغا قارشى، مەنمۇ قارشى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشنى خالىمايمەن، خىلاپلىق قىلمايمەن ھەم! مۇنداقچە ئېيتقاندا ... نېمىشقا بارىمەن ئۇلارنىڭ قېشىغا، ئەسلىدە يولىمىز بىر ئەمەسقۇ!

— بۇ گەپلەرنى قوي، — دېدى گىرىگورىي ھارغىنلىق بىلەن ئۆتۈنۈپ.

ئۇ قەدىمىنى چىڭ - چىڭ دەسسەپ، قىيسايغان مۈرىسىنى قىمىرلىتىپ، بىرىنچى بولۇپ، ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پېترو توختاپ سورىدى:

— ئېيتقىنا، مەنمۇ بىلىپ قالاي ... ئېيتقىنا، گىرىشكا، سەن شۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەمسەن؟

— دەرگۇمان ... ئۆزەممۇ بىلمەيمەن.

گىرىگورىي خوشياقماسلىق بىلەن ئېزىلىپ جاۋاپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

پېترو خۇرسىنىپ قويدى، ئەمما گەپ سوراشنى توختاتتى. ئۇ ھاياجانلىنىپ، نەچچىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغىمۇ ۋە گىرىگورىيغىمۇ ناھايىتى ئېنىق بولغىنى شۇ بولدىكى، بۇ ئىككىسىنى باغلاپ تۇرغان بۇرۇنقى چىغىر يولنى باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ قېلىن ئوت - چۆپى بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە يۈرەككە ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان يول تۇسالغان ئىدى. بۇ خۇددى شۇنداق بولدىكى، يارلىقنىڭ ئۇستىدە ئۆشكە تۇياقلىرى دەسسەپ چىڭداپ سىلىغايتىۋەتكەن يالغۇز ئاياق يول قىيا بويلاپ سىرغىلاپ چۈشۈپ، تۇيۇقسىز بىر بۇرۇلۇشتا سايىنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ، قىڭراق بىلەن كەسكەندەك تۈگەپ قالىدۇ، — ئۇنىڭ نېرىسىدا يول يوق، ئەمەن — قورايلار تامدەك قېلىن ئۆسكەن بولۇپ، كۆككۈلسىز تۇيۇق يولنى شەكىللەندۈرگەن.

...ئەتىسى پېترو بۆلۈنمىسىنىڭ يېرىمىنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپ، ۋېشېنسكايىغا ئېلىپ كەتتى. قالغان ياش كازاكلار گىرىگورىينىڭ قوماندىسى ئاستىدا ئارژېنوۋسكايىغا قاراپ يولغا چىقتى.

قۇياش ئەتىگەندىن تارتىپلا كەڭ زېمىننى رەھىمسىز كۆيدۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. دالا كۆل رەڭ سەراپ ئىچىدە قايناۋاتقاندەك ئىدى. ئارقا تەرەپتە خوپېر دەرياسى بويىدىكى تاغ تىزمىلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى، قۇملار زەپىران تاشقۇندەك سارغىيىپ ياتاتتى. ئاتلىقلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلار تەرلەپ، قەدەملەپ ئاستا تەۋرىنىپ كېلەتتى. كازاكلارنىڭ يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ، رەڭگى سۇرلىشىپ ئۆڭگەن. ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكى، ئۈزەڭگىلەر، يۈگەننىڭ تۆمۈرلىرى شۇنداق قىزىغان ئىدىكى، قولنى تەككۈزۈپ بولمايتتى. ئورماننىڭ ئىچىدىمۇ سالقىندىن

ئەسەر قالمىغان، ھاۋانى ھورلانغان دىمىق قاپلىۋالغان بولۇپ، يامغۇرنىڭ كۈچلۈك ھىدى پىقىراپ تۇراتتى.

گىرىگورىينىڭ كۆڭلىنى قاتتىق غەم - غۇسسە باسقان ئىدى. ئۇ كۈن بويى ئىگەرنىڭ ئۇستىدە تەۋرىنىپ، كەلگۈسى ھاياتى توغرىلىق باغلاشمايدىغان ئوي - پىكىرلەر بىلەن بەنت بولۇپ كەلدى؛ شىشەمارجان دانىلىرىنى تەرگەندەك، پېترونىڭ سۆزلىرىنى قايتا - قايتا ئېسىگە چۈشۈرۈپ، بۇ ئىشتىن ئەلەم چېكىپ كېلەتتى. ئەمەن - شىۋاقنىڭ قانىسىق ئاچچىق پۇرىقى ئادەمنىڭ لېۋىنى كۆيدۈرەتتى، يول جەزىرىمە ئىسسىقتىن تۇتەپ تۇراتتى. ئالتۇنسىمان سۇر دالا ئاپتاپتا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇستىدە قۇرغاق شامال كېزىپ، قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان ئوت - چۆپلەرنى ئېزىپ، قۇم ۋە چاڭ - توزاڭلارنى سورۇپ - توقاي قىلاتتى.

كەچكە يېقىن غۇۋا سۇزۇك تۇمان قۇياشنى قاپلىۋالدى. ئاسماننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، سۇر رەڭ تۇسكە كىردى. غەرپتە ئېغىر بۇلۇتلار پەيدا بولدى. بۇ بۇلۇتلار، ئۆزىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇچلىرى بىلەن ئۇپۇقنىڭ ئىنچىكە ئىگىرىلگەن كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلىرىغا تۇتىشىپ، جايىدا مىدىرلىماستىن تۇراتتى. كېيىن، شامال ئۇچۇرۇپ، قوغلاشقا باشلىغانلىقتىن، ئاچچىقلانغاندەك قوڭۇر قۇيرۇقلىرىنى تۆۋەنگە سۆرىتىپ، ئۇستىدىكى يۇمۇلاق چوققىلىرىنى ئاپپاق قەنتتەك چاقنىتىپ، شىددەت بىلەن ئۇزۇشكە باشلىدى.

ئەترەت كۇملۇگا دەرياسىنى 2 - قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، تېرەكلىكنىڭ گۇمبىزى ئاستىدا تىقىلىشىپ قالدى. ياپراقلار شامالنىڭ كۈچى بىلەن سۇتتەك ئېقىش ھاۋارەڭ ئارقا بېتىنى تەتۇر ئۆرۈپ، بىر مۇقامدا شاراق - شاراق شىلدىرلايتتى.

www.uyghurkitap.com

قـەيەردىدۇ، خـوپىر دەريـاسىنىڭ نىرىقى تـەرىپىدە بـۇلۇتنىڭ ئاپپاق ئىتىگىدىن ھەسەن ـ ھۈسەنىنىڭ رەڭگا ـ رەڭ بـەلۋىغى بىلەن ئورالغان مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر قىيپاش قۇيۇلۇپ يەرنى چوقۇشقا باشلىدى.

بۇلار كىچىككىنە قاقاس بىر يېزىدا قونۇشتى، گىرىگورىي ئېتىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان ئۆيگە كەتتى. ئۆي ئىگىسى ياشىنىپ قالغان پـاخماچاچ كـازاك، سا‑قىلىغا يېپىشىۋالغان ھەسەل ھەرىسىنى ئاجرىتىپ تۇرۇپ،گىرىگو‑رىيغا تەشۋىش بىلەن سۆز ئاچتى:

ــ مۇنۇ بىر ساندۇقنى تۆنۈگـۈن سىپتىۋالغان ئىدىم. بـۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن نىمە سەۋەپتىندۇ، بـالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. كۆردۈڭمۇ، ئانا ھەرىلەر ئۆلگەنلىرىنى سىرتقا تارتىشىۋاتىدۇ، ــ چال تـۆشـۈك تېشىلگەن ئـۈۋىنىڭ قېشىدا توختاپ، ئۈۋىنىڭ ئاغزىنى كـۆرسەتتى: ھـەرىلەر بـالىلىرىنىڭ ئۆلۈگىنى تـۆشـۈكـتىن تىنىمسىز سىرتـقا تـارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆتەرگەن پېتى غوڭۇلدىشىپ ئۇچۇپ كېتەتتى.

ھەرە ئىگىسى ئېچىنغان ھالدا مەللەرەڭ كۆزلىرىنىچىمىل‑دىتىپ، لەۋلىرىنى ئەلەم بىلەن چـوكۇلدىتاتتى. ئـۇ تېز ـ تېز ۋە قوپاللىق بىلەن ئىككى يانغا قول تـاشلاپ گـۈس ـ گـۈس ماڭاتتى. ھەمىشەم ئالدىراپلا تۇرىدىغان، تولىمۇچەبدەس، ئۆزى دۇمچەكرەك كەلگەن بۇ چال، نىمىشقىدۇ بىزاۋىتا بـولۇپ، ئاشۇ سان ـ ساناقسىز ھەرىلەر توپىئۆزىنىڭدانا ئىشلىرىنى ئاجايىپ تەرتىپ بىلەن بىر ئۆلچەمدە ئاستا ئېلىپبىرىۋاتقانئۇۋا ئالدىدا ئۇشۇقچە بىر ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭغا سـەل ـ پەل كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى بىلەن سىنچىلاپ قـاراپ تۇراتتى. بۇ خىل تۇيغۇنى ئاشۇ جۇشقۇن روھ كەڭ يەلكىلىك قېرى كازاك

ئىختىيارسىز تۇغدۇرغان ئىدى، ئۇ چىقىراق ئاۋاز بىلەن تېز-تېز سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يىل ھوسۇل ياخشى. ئاق لەيلى ئوبدان چېچەك ئاچتى، ھەر يىلەر شۇنىڭدىن ئېلىپ كەلدى. رامدىكىلىرى ئۇۋۇنىڭ ئىچىدىكىلەردىن چېچەنرەك كېلىدۇ. مۇنۇ مەن باققان...

گرىگورىي يىلىمدەك سوزۇلۇپ تۇرغان قويۇق ھەسەل بىلەن چاي ئىچتى. ھەسەلدىن ئاق لەيلى، ئۇچ قۇلاق ۋە باشقا چىمەن گۈللىرىنىڭ شىرىن پۇرىغى گۇپۇلدەپ تۇراتتى. چاينى ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزى قۇيۇپ بەردى — بۇ ئۇزۇن بويلۇق چىرايلىق سولدات ئايالى ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى قىزىللار بىلەن بىللە كەتكەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي خوجايىنى خوشامەتكۆي، يۇۋاش بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، قىزىنىڭ توم قىزىل يۇققا لەۋلىرىنى ھىملەپ، كىرپىكى ئاستىدىن گرىگورىيغا تېز-تېز قاراپ قويغانلىغىنى بايقىمايتتى. كېلىنچەك چەينەككە قولىنى ئۇزاتقاندا، قولتۇغىدىكى قاپ-قارا جىڭگىلەك تۈكلەرگە گرىگورىينىڭ كۆزى چۈشتى. ئۇ، بىرنەچچە قېتىم كېلىنچەكنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ، سىناق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىغىنى بايقىدى، ھەتتا بىر قېتىم كۆز ئۇچراشتۇرغاندا، ياش كېلىنچەكنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، لەۋلىرىنىڭ ئىككى بۇرجىكىدە يوشۇرۇنغان ئىللىق تەبەسسۇم بايقالغاندەك بولدى.

— مەن سىزگە مېھمانخانىغا ئورۇن سېلىپ بېرەي، — دېدى ئۇ چايدىن كېيىن، كۆپە. ياستۇق كۆتىرىپ گرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھەممە ئۇچۇقلا تەشنا نەزەر بىلەن گرىگورىينىڭ ئەزايىغا ئوت ياقتى. ياستۇقنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ نېرى-بېرى سۆزلىگەن بولۇپ، شارتلا مۇنداق دېدى، — مەن لاپاسنىڭ ئاستىدا ياتىمەن... ئۆينىڭ ئىچى دىمىق، بۈرگە چى-

قىپ ئارام بەرمەيدۇ...

گىرىگورىي، ئۆي ئىگىسىنىڭ خورىگىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆتۈكىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاستا لاپاسىنىڭ ئاستىدىكى كېلىنچەكنىڭ قېشىغا باردى. كېلىنچەك ئالدى چاقى چىقىرىۋېتىلگەن هارۋىنىڭ ئۈستىدە گىرىگورىيغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ، قوي تېرىسىنى ئۈستىگە تارتىپ يېپىندى - دە، پۇتلىرىنى گىرىگورىيغا تەككۈزۈپ جىم بولۇپ قالدى. كېلىنچەكنىڭ لەۋلىرى قۇرغاق، يىرىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ پىيازنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ قارا قومچاق ئىنچىكە بىلىگى ئۈستىدە تاڭنى ئاتقۇزدى. كېلىنچەك ئۇنى كېچىچە باغرىغا بېسىپ، پۇخادىن چىققۇچە ئەركىلەتتى، خىر - خىر كۈلۈپ، هەزىل چاخچاق قىلىپ، گىرىگورىينىڭ لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى، ئۇنىڭ بويىنى، كۆكرىكى ۋە يەلكىلىرىدە ئۆپۈش - چىشلەشنىڭ بىنەپشەرەڭ داغلىرىنى، يىرتقۇچتەك ئۆتكۈر ئۇششاق چىشلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇردى. خوراز 2 - قېتىم قىچقارغاندىن كېيىن گىرىگورىي مېهمانخانىغا سېلىپ بەرگەن ئۆز ئورنىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئايال ئۇنى يېنىدىن كەتكۈزمەي قويدى.

— قويۇۋەتسەڭچۇ، سۆيۈملۈكۈم، قويۇۋەت ئامرىقىم! — دەپ يالۋۇراتتى گىرىگورىي سالپىيىپ تۇرغان قارا بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن كۈلۈمسىرەپ، ئۆزىنى ئاستا بوشىتىشقا تىرىشىپ.

— يەنە ئازراق يات... ياتقىنا!

— هوي، ئاۋۇلار كۆرۈپ قالىدۇ! ماڭا قارا، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى!

— مەيلى، ئاتسا ئاتسۇن!

— ئەمما داداڭ كۆرۈپ قالسىچۇ؟

— دادام بىلىدۇ.

— قانداق بىلىدۇ؟ — گىرىگورىي ھەيران بولۇپ قاشلىرىنى ئۈچۈردى.

— مۇنداقلا...

— مانا گەپ! ئۇ نەدىن بىلىدۇ؟

— ئۇ، قارا... ئۇ ماڭا ئاخشام ئېيتىپ قويغان: ئەگەر ئوفىتسېر ساڭا يېپىشسا، ئۇنىڭ قويىندا ياتساڭ مەيلى. ئۇنىڭ گېپىگە ماقۇل دىگىن، ئۇنداق بولمىغاندا، گېراسكا ئۇچۇن بىزنى كۆيدۇرۇپ، ئاتلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ ياكى باشقا نەرسىلىرىمىزنى... دەپ جېكىلەپ قويغان ئىدى. ئېرىم گېراسىم قىزىللار بىلەن بىللە كەتكەن ئىدى...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دىدى گىرىگورىي ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ، ئەمما ئىچىدە قاتتىق رەنجىدى.

بۇ يېقىمسىز تۇيغۇنى كېلىنچەكنىڭ ئۆزى تارقىتىۋەتتى. ئۇ قولىنى مېھرى - مۇھەببەت بىلەن گىرىگورىينىڭ قولىغا تەككۈزۈپ تۇرۇپ، تىترەپ كەتتى.

— مېنىڭ ئېرىم ساڭا ئوخشاش ئەمەس ئىدى...

— خوش، قانداق ئىدى ئۇ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى گىرىگورىي ھۇشيار كۆزلىرى بىلەن ئاقىرىۋاتقان ئاسماننىڭ مەرىگە قاراپ.

— ھېچنىمىگە يارىمايدىغان... بوشاڭ...، — كېلىنچەك ئىشەنچ بىلەن گىرىگورىيغا ئۇمتۇلدى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا قۇرۇق يىغلامسىراش بىلىنىپ تۇراتتى، — ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ھېچبىر لەززەت كۆرگىنىم يوق. ئاياللار ئىشىغا ئۇ بەك يارامسىز...

www.uyghurkitap.com

باللارچە مەسۇم بىر يات قەلب خۇددى شەبنەمگە تويۇنغان گۈل پورەك ئاچقاندەك، گىرىگورىينىڭ ئالدىدا ئاسانلا ئېچىلدى. بۇ هال ئۇنى مەس قىلىپ، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. گىرىگورىينىڭ ئىچى ئاغرىپ، تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغان بۇ مەھبۇپىنىڭ چۇۋۇلغان چېچىنى يۇمشاققىنا سىلاپ، هارغىن كۆز- لىرىنى يۇمدى.

قومۇش بىلەن يېپىلغان چەللىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆچۈپ بىرئۇاتقان ئاينىڭ خىرە يورۇغى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇچار يۇلتۇز كۆلرەڭ ئاسماندا فوسفوردەك ۋال - ۋۇل ئىز قالدۇرۇپ، شىد- دەت بىلەن ئۇپۇققا سىرغىنىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى. كۆلدە ئانا ئۆدەك غاقىلدىغان ئىدى، ئەركەك ئۆدەك مېھرلىك بوغۇق ئاۋاز بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

گىرىگورىي هارغىنلىقىنىڭ شىرىن جىرىڭلىشى قاپلىۋالغان بەدىنىنى پەيدەك يېنىك هېس قىلىپ، مېھمانخانا ئۆيگە راۋان بولدى. ئۇ، كېلىنچەكنىڭ لەۋلىرىنىڭ شورتاڭراق پۇرىغىنى ئۆز لەۋلىرىدە هېس قىلىپ، ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە كا- زاك ئايالنىڭ مۇھەببەتكە ئىشتىياقى زور بولغان تېنى ۋە شۇ تەنىنىڭ پۇرىغى — ئاق لەيلىدىن هاسىل بولغان هەسەل- نىڭ، تەرنىڭ ۋە ئىللىقلىقنىڭ ئارىلاشما پۇرىغى مېھرى بىلەن ساقلىنىپ قالدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن گىرىگورىينى كازاكلار كېلىپ ئوي- غاتتى. پىروخور زىكوف ئۇنىڭ ئېتىنى ئىگەرلەپ دەرۋازىنىڭ سىر- تىغا ئېلىپ چىقتى. گىرىگورىي ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆچمەنلىك بىلەن تۇتەپ تۇرغان كۆز قارىشىغا مەھكەم بەرداشلىق كۆرسىتىپ، ئۇ- نىڭ بىلەن خوشلاشتى - دە، خوجايىنىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ

كېتىۋاتقان قىزنىغا بېشىنى ئەگدى. كېلىنچەك رەڭگى ئۆڭگەن يۇققا لەۋلىرىنىڭ ئىككى بۇرجىگىدە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ ۋە ئەپسۇسلۇقنىڭ ئاچچىق ئەلىمىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

گىرىگورىي ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ، تار كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ كوچا، ئاشۇ قونۇپ قالغان ئۆينىڭ هويلىسىدىن يېرىم دائىرە ئايلىنىپ ئۆتەتتى، شۇ يەردە ئۇ، كېچە ئۆزى قۇچاقلاپ ياتقان كېلىنچەكنىڭ قاشا تامدىن بويىنىنى سوزۇپ، ئاپتاپتا قارايغان كىچىككىنە قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغانلىغىنى كۆردى. گىرىگورىي تۇيۇقسىز قاپساپ كەلگەن سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئارقىسىغا قاراپ، كېلىنچەكنىڭ يۈز ئىپادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى، ئەمما تولۇگەل كۆرەلمىدى. ئۇ پەقەت كېلىنچەكنىڭ ئاق رومال چىگىۋالغان بېشىنى ئاستا قايرىپ، ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كۆز تىكىپ تۇرغانلىغىنى كۆردى. كۈننىڭ ئاستا ئايلانما يۈرۈشىنى كۆزىتىۋاتقان ئاپتاپپەرەسنىڭ شىلەپىسىمۇ خۇددى شۇنداق قايرىلىپ قاراپ تۇراتتى.

× ×

مىخايىل كوشىۋوينى ۋېشېنسكايادىن ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا فورونتقا هەيدەپ باراتتى. فېدوسېيېۋسكايا كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇنى كەنت ئاتامانى بىر كۈن تۇختىتىپ قويۇپ، كېيىن، مۇهاپىزەتچى بىلەن ئارقىسىغا قايتۇرۇپ، ۋېشېنسكايا ئەۋەتىۋەتتى.

— مېنى نىمىشقا ئارقامغا قايتۇرۇۋېتىسىلەر؟ — دەپ

سورىدى مىخايىل كەنت كاتىۋىدىن.

— ۋېشكىدىن بۇيرۇق كەلدى، — دەپ جاۋاپ بەردى كاتىپ خوشياقماسلىق بىلەن.

مەلۇم بولدىكى، مىشكىنىڭ ئانىسى يېزىدىكى چاللارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، يالۋۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار جامائەت نامىدىن ھۆكۈمنامە يېزىپ، مىخايىل كوشۋوي بىر ئائىلىنى بېقىپ كېلىۋاتقان يالغۇز ئوغۇل، ئۇنى يىلقىچى قىلىپ تەيىنلىسەك دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىكەن. مىرون گىرىگورىيېۋىچ شەخسەن ئۆزى ھۆكۈمنامىنى كۆتىرىپ ۋېشېنىسكايا كەنتىگە كېلىپ، ئاتامان-دىن ئۆتۈنۈپتۇ.

كەنت باشقارمىسىدا ئاتامان ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا يۈزمۇ يۈز قاراپ تۇرغان مىشكىغا بىر قۇر ۋاقىراپ كايىغاندىن كېيىن بىر ئاز ئۆز بېسىقىغا چۈشۈپ، ئاچچىقى بىلەن مۇنداق دىدى:

— بىز دوننى قوغداشنى بولشېۋىكلەرگە ئىشىنىپ تاپشۇ-رالمايمىز! يىلقا مەيدانىغا كەت! شۇ يەردە يىلقىچى بولۇپ ئىشلەيسەن. ئۇندىن كېيىن بىر گەپ بولۇر. كۆزۈڭگە قاراپ يۈر، جۇمۇ، ئىتنىڭ بالىسى! ئاناڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇنداق بولمىغاندا... ماڭ، يوقال!

چوغدەك قىزىغان كوچىلاردا مىشكا ئەمدى مۇھاپىزەتچى-سىز مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. تانا بىلەن يۇمۇلاق تېڭىپ يەڭكىسى-گە يۇدۇۋالغان شىنېلى مۈرىسىنى پىچاقتەك كېسەتتى. 150 چا-قىرىم يول يۈرۈپ، ماغدۇرى كەتكەن ئاياقلىرىنىڭ ئەمدى ماڭ-غۇچىلىكى قالمىغان ئىدى. ئۇ كەچكە يېقىن يېزىسىغا ئاران يې-تىۋالدى — دە، ئەتىسى يىغلاپ — قاخشاپ، بالىسىنى مېھرىۋانلىق بىلەن سىلاپ — سىيپاپ تويمىغان ئانىسىنىڭ قولىدىن تەسلىكتە ئاجراپ

يىلقا مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئانىسىنىڭ قىرىپ قالغان چىرايى ۋە 1 - قېتىم ئۆزىگە باغلىغان بېشىدىكى بىر تۇتام ئاق چېچى ساقلىنىپ قالدى.

كارگىنىسكايا كەنتىنىڭ جەنۇبىدا، ئۇزۇنلۇغى 28 چاقىرىم، كەڭلىگى ئالتە چاقىرىم كېلىدىغان يەردە ئېچىلمىغان بوز يەر، ئەسىرلەر بويى ھەيدەلمىگەن دالا يېيىلىپ ياتاتتى. چوڭلۇغى نەچچە مىڭ دېسەتىنا كېلىدىغان بىر پارچە زېمىن، كەنتنىڭ ئايغىرلىرىنى بايلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەر يىلقا مەيدانى دەپ ئاتالغان ئىدى. ھەر يىلى يېگورىوف كۈنى* يىلقىچىلار ۋېشېنىسكايادىكى قىشلىق ئات ئېغىللىرىدىن پۈتۈن قىش قولدا بېقىلغان ئايغىرلارنى ئېلىپ چىقىپ، يىلقا مەيدانىغا ھەيدەپ كېلەتتى. يىلقا مەيدانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەنت پۇلى ھېساۋىغا 18 ئايغىرغا مۆلچەرلەنگەن يازلىق ئۈستى ئوچۇق قورالىرى بار چوڭ بىر ئاتخانا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا يىلقىچىلار، نازارەتچى ۋە بىر مال دوختۇرى ئۈچۈن تاختاي تاملىق گازارما قۇرۇلغان ئىدى. ۋېشېنىسكايا يايلىغىنىڭ كازاكلىرى بايتاللىرىنى مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ كېلەتتى. مال دوختۇرى بىلەن نازارەتچى بايتاللارنى قوبۇل قىلىۋالغاندا، ھەر بىر بايتالنىڭ ئېگىزلىگى ئىككى گەز، يېشى تۆت ياشتىن كەم بولماسلىغى ئۈچۈن ئەتراپلىق كۆرۈپ چىقاتتى. ساغلام بايتاللارنى 40 تىن ئۈيۈرگە ئايرىيتتى. ھەربىر ئايغىر رەشىك بىلەن بايتاللارنى قوغداپ، ئۆز ئۈيۈرىنى دالىغا ئېلىپ كېتەتتى.

---

* يېگورىوف كۈنى— بۇرۇنقى زاماندا رۇسلارنىڭ كونا كالىندارى بويىچە 6 - ئاي ئىچىدە بولىدىغان بىر بايرىمى —ت.

www.uyghurkitap.com

مىشكا ئۆز ئىگىلىگىدىكى بىردىن - بىر بايتالنى مىنىپ يولغا چىقتى. ئانىسى ئۇنى ئۆزىتىپ تۇرۇپ، پەشتامىسى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ مۇنداق دىدى:

— بايتىلىڭ، بەلكىم ئايغىردىن چىقىپ كېتەر... ئۇنىڭغا ئوبدانراق كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈر، ئورۇقلىتىپ قويما. بىزگە يەنە بىر ئات كېرەك!

دەل چۈش ۋاقتىدا مىشكا ئۇستىنى هور - تۇمان قاپلاپ تۇرغان سايىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن گازارمىنىڭ تۇنىكە قاپلانغان ئۆگزىسىنى، ئىھاتە توساقلارنى، ئاتخانىنىڭ يامغۇر - يېشىنىدىن كونىراپ كەتكەن سۇر تاختاي ئۆگزىسىنى كۆردى. ئۇ بايتىلىنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى: قىر بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى قورۇلۇشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى سۇتتەك ئاقىرىپ تۇرغان ئوت - چۆپلەرنى ئېنىق كۆردى. يىراق - يىراقتا، شەرق تەرەپتە، كۆلگە چېپىپ كېتىۋاتقان بىر ئۆيۈر يىلقىنىڭ چوقۇر چېكىت - چېكىت قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئۇلارنىڭ بىر چېتىدە ئات چېپىپ يۈرگەن يىلقىچى يىراقتىن خۇددى ئويۇنچۇق ئاتقا يېپىشتۇرۇپ قويغان قونچاقتەك كۆرۈنەتتى.

مىشكا قوراغا كىرگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ تىزگىنىنى پېشايۋاننىڭ پەنجىرىسىگە باغلاپ ئۆيگە كىردى. كەڭ كارىدوردا ئۇنىڭغا يۈزىنى سەپكۈن باسقان پاكار بويى بىر يىلقىچى كازاك ئۇچرىدى.

— ساڭا كىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماستىن مىشكىنى باشتىن - ئاياق قاراپ چىقىپ.

— نازارەتچى بىلەن كۆرۈشەتتىم.

— ستروكوف بىلەمسەن؟ يوق، سىرتقا چىقىپ كەتكەن. ئۇ كىشىنىڭ ياردەمچىسى سازونوف مەشەدە. سول تەرەپتىن 2 -

ئىشىك... نىمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟

— سىزلەرگە يىلقىچىلىققا كەلگەن ئىدىم.

— ئۇچرىغانلا ئادەمنى بۇ يەرگە تىقىدۇ...

ئۇ، غودۇڭشىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بوينىغا ئارتىۋالغان ئۇزۇن ئاغامچا ئارقىسىدىن يەرگە سۆرىلىپ قالدى. يىلقىچى ئىشىكنى ئېچىپ، مىشكىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، قامچىسىنى شىلتىپ قويدى ـ دە، ئەمدى مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— بىزدە بۇرادەر، ئىش ئېغىر، بەزىدە ئىككى كېچە-كۈندۈز ئاتتىن چۈشمەيسەن.

مىشكا ئۇنىڭ مۈكچەيگەن دۈمبىسىگە، ئېگىلىپ كەتكەن مايماق پۇتلىرىغا قاراپ قالدى، ئىشىكنىڭ يورۇغىدا كازاكنىڭ ئىسكەتسىز تۇرقىنىڭ ھەربىر ھەركىتى روشەن، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىلقىچىنىڭ چاقتەك ئېگىلگەن پۇتلىرىغا مىشكىنىڭ زوقى كەلدى. «ياپىرىم، ئۇ 40 يىل بوچكىغا مىنىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلىدى ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ، كۆزلىرى بىلەن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى ئىزلەپ.

سازونوف يېڭى يىلقىچىنى چوڭ سۈپەت ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن قوبۇل قىلدى.

كۆپ ئۆتمەي نازارەتچىنىڭ ئۆزى — گەۋدىلىك كازاك، ئاتامان پولكىنىڭ ۋاخمىستىرى ئافاناسىي ستروكوف قەيەردىندۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ كوشۇۋىنى تەمىناتقا ئېلىش توغرىلىق بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇنجۇق جەزىرىمە كۆيۈپ تۇرغان پېشايۋانغا چىقتى.

— ئاساۋنى ئۈگىتەلەرسەنمۇ؟ بىرەر ئاتنى ئۈگىتىپ كۆرگەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ.

— ياق ئۇگەتكەن ئەمەسمەن، — دەپ مىشكا راستىنى ئېيتتى - دە، نازارەتچىنىڭ ئىسسىقتا خىرەلەشكەن يۈزىنىڭ بىردىن جانلىنىپ، ئۇنىڭدا نارازىلىق ئالامىتى يالت قىلىپ ئۆتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى.

نازارەتچى تەرلىگەن دۈمبىسىنى قاشلاپ، كۆچلۈك تاغىغىنى بۈكۈپ، مىشكىنىڭ كۆز ئارىلىقىغا مەناسىز قاراپ تۇراتتى.

— ئاغامچا تاشلىيالامسەن؟

— تاشلىيالايمەن.

— ئاتقا كۆيۈنەمسەن؟

— كۆيۈنىمەن.

— ئۇلارمۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، پەقەت تىلسىز. كۆيۈن جۇمۇ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى - دە، بىكاردىن ئاچچىقلىنىپ ۋاقىرىدى، — كۆيۈن، كۆيۈنمەيدىغان بولساڭ، قامچا بىلەن سالىمەن!

نازارەتچىنىڭ يۈزى بىر دەقىقە مەنالىق تۈس ئېلىپ جانلىنىپ قالدى، ئەمما جانلىنىش شۇئانلا غايىپ بولۇپ، يۈز ئىپادىسى مەنىستىمەسلىكنىڭ قوپال پەردىسى بىلەن قاپلانغاندەك بولدى.

— سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟

— ياق، تېخى ئۆيلەنمىدىم.

— ئەخمەق ئىكەنسەن! ئۆيلەنسەڭچۇ، — دېدى نازارەتچى سۆيۈنۈش بىلەن.

كېيىن ئۇ بىر نىمىنى كۆتكەندەك ئۇنچىقماستىن، بىر دەقىقە كەڭ قۇچاق ئېچىپ ياتقان دالىغا كۆز تىكتى - دە، ئەسنەپ قوپۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. شۇندىن كېيىن يىلقىچى بولۇپ ئىشلىگەن بىر ئاي جەريانىدا مىشكا ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلىمىدى.

مەيداندا ھەممىسى بولۇپ 55 ئايغىر بار ئىدى. ھەر بىر يىلقىچىغا ئىككى ـ ئۈچتىن ئۈيۈر توغرا كېلەتتى. مىشكىنغا باخار ناملىق كۆچلۈك قېرى ئايغىر يېتەكلەپ يۈرىدىغان چوڭ بىر ئۈيۈر بىلەن يەنە بىر كىچىكرەك ئۈيۈرنى، 20 چە بايتلى بار باتالنى لەقەملىك ئايغىرنىڭ ئۈيۈرىنى تاپشۇردى. نازارەتچى ئەڭ چاققان، ئەڭ جەسۇر يىلقىچىنىڭ بىرى ئىلىيە سولداتوفنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇنى تاپىلىدى:

— مۇنۇ يېڭى يىلقىچى، كوشۇوي مىخايىل، تاتارىسكى يېزىسىدىن كەلدى. ئۇنىڭغا باتالنى بىلەن باخارنىڭ ئۈيۈرىنى كۆرسىتىپ قوي، قولىغا ئاغامچا بەر. سىلەرنىڭ بوتكىدا ياتىدۇ. بىلمىگىنىنى كۆرسىتىپ تۇر. قېنى مېڭىڭلار.

سولداتوف ئۈنچىقماي تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، مىشكىنغا باش ئىشارىسى قىلدى:

— يۈر، كەتتۇق.

پېشايۋانغا چىققاندىن كېيىن، ئۇمىشكىنىڭ ئاپتاپتا دۈگدىيىپ تۇرغان بايتلىنى كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىپ:

— مۇنۇ جانىۋار سېنىڭكىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مېنىڭكى.

— بوغازمۇ؟

— ياق.

— باخارنىڭ ئۈيۈرىغا قوشۇپ قوي. باخار بىزنىڭ كورول زاۋۇدىدا ئېنگىلىز بايتلى نەسلىدىن يېتىشىپ چىققان ئايغىر، ئوھۇ، ناھايىتى شوخ، ناھايىتى چاپقۇر جۇمۇ!... قېنى ئاتقا مىن.

ئۇلار يانمۇ يان كېتىشتى. ئوت ـ چۆپلەر ئاتنىڭ تىزىغا چىقاتتى، گازارما بىلەن ئاتخانا ئارقىدا يىراق يەردە قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا كەڭ دالا نەپىس ھاۋارەڭ پەردىگە ئورىلىپ، تۇلۇغۋار سۈكۈناتقا چۆمگەن ئىدى. ئاسماننىڭ قەرىدە، بىر تۇتام ھېقىق رەڭلىك بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىداقۇياش تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاپتاپتا قىزىغان ئوت - چۆپتىن چىققان قويۇق، شىرىلىك خۇشپۇراق ھەممە يەرنى قاپلىغان. ئوڭ تەرەپتە، تومان قاپلىۋالغان ئويمان سايىنىڭ ئېرىقى يېنىدا ژىرووف كۆلىنىڭ يۈزى ئاپپاق مەرۋايىتتەك چىمىرلاپ تۇراتتى.ئەتراپتىكى كۆز يېتىم يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ياپ - يېشىل بىپايان بوشلۇق،ۋىلىلداپ تۇرغان سەرئاپ ئېقىسى، چۈش ۋاقتىنىڭ جەزىرىمە ئىسسىغىغا چۆمكەلگەن قەدىمقى دالا، ئۇپۇقتا بولسا — خۇددى چۆچەكتە ئېيتىلغاندەك ئاجايىپ، قول يەتمەس، كۆكرەكلىك زەڭگەر قورغان.

قاپ - قارا بۇلۇق ئوت - چۆپلەر غولىنىڭ ئاستىدىن تارتىپ ياپ - يېشىل كۆكىرىپ تۇراتتى، يۇمران چۆپلىرى قۇياشنىڭ نۇرىدا زەرھەل بەرگەندەك پاقىرايتتى. تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن يۇمران ئاق چۈجگۈن پاخپىيىپ تۇراتتى، ھۆرپەيگەن يۆگىمەچ چىرمىشىپ ئۈنىڭغا ياماشقان، ئاپىخان دان تۇتقان بېشىنى يۇقۇرىغا سوزۇپ، كۈنگە تەشنالىق بىلەن ئۈمتىلەتتى. بەزى جايلاردا پاكار ئۆسكەن قامچا ئوتلار قارىغۇلارچە يەرگە مەھكەم يېپىشىۋالغان، يەنە ئېرىراق ماڭغاندا، يېڭىدىن كۈچكە كىرگەن ئاق چۈجگۈن تاشقىندەك كەڭ يېيىلغان، ئاندا - ساندارەڭگا - رەڭ مۈشۈك قۇيرۇق، سېرىق كىرپىست گۈللەر، سۈتلۈك ئوت، چىنگىسكىغا ئوخشاش ئۆزى ئۆسكەن يەردىن باشقا گىيالارنى سىقىپ چىقارغان ئۆزبېشىمچى ياۋا ئوتلار ئۇچرايتتى.

كازاكلار ئۇنچىقماستىن كېلىۋاتاتتى، مىشكا ئۇزاقتىن بۇيان بولۇپ باقمىغان ئىنتائەتكارانە تىنچلىنىپ قېلىش تۇيغۇ-

سىنى باشتىن كەچۈرەتتى، دالا ئۆزىنىڭ تىپ - تىنچلىقى ۋە كارامەت ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى باساتتى، يېنىدىكى ھەمراسى ئىگەرنىڭ ئۈستىدە ئاتنىڭ يايلىغا ئىگىشىپ، سەپكۈن باسقان قوللىرىنى ئىگەرنىڭ ئالدى لوكىسىغا قويۇپ ئۈگدەپ كېلەتتى.

ئاياق ئاستىدىن بىر بەزغالداق پىررىدە كۆككە پەرۋاز قىلىپ، ئاق قاناتلىرىنى كۈن نۇرىدا پاقىرىتىپ، سايىنىڭ ئۈستى بىلەن ئۇچۇپ كەتتى، جەنۇپ شامىلى ئوت - چۆپلەرنى بېسىپ سوقۇپ تۇراتتى، بۇ شامال، بەلكىم ئەتىگەندىن بېرى ئازوۋ دېڭىزىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

يېرىم سائەتتىن كېيىن بۇلار كۆك تېرەك كۆلىنىڭ قېشىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئۈيۈرنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ قالدى. سولداتوف ئويغىنىپ، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە بىر كېرىلىۋالدى - دە، خوشياقماسلىق بىلەن دېدى:

— بۇ لوماكىن پانتېلېيوشكا باقىدىغان ئۈيۈر، ئىمىشقا ئۆزى كۆرۈنمەيدىغاندۇ.

— ئۇنىڭ ئايغىرىنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى مىشكا، ئاچ سېرىق ئۇزۇن دونېتس ئايغىرىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىقىپ.

— فرازېر، — دېدى سولداتوف، — ئاچچىغى يامان، قاغىش تەككۈر! كۆردۈڭمۇ ئۇنىڭ پەيلىنى! ئۈيۈرنى قالتىس باشقۇرىدۇ!

ئايغىر بىر تەرەپكە باشلاپ مېڭىۋىدى، ئارقىسىدىن بايتاللار توپ بولۇپ ئەگەشتى.

مىشكا ئۆزىگە ئاجرىتىلغان ئىككى ئۈيۈرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى دالا بوتكىسىغا قويۇپ قويدى، ئۇ كەلمەس-

تىن بۇرۇن بۇ بوتكىدا ئۈچ ئادەم: سولداتوف، لوماكىن ۋەيال-
لانمايىلقىچى — ياشىنىپ قالغان جىمغۇر كازاك تورۇۋېروف تۇرات-
تى، سولداتوف ئۇلارنىڭ باشلىقى سانىلاتتى، ئۇ مىشكىنىڭ
قىلىدىغان ۋەزىپىسىنى جان - دىلى بىلەن چۈشەندۈردى، ئەتىسى
ئۇنىڭغا ئايغىرلارنىڭ خۇلق - مىجەزىنى سۆزلەپ بەرگەندىن
كېيىن مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى:

— قائىدە بويىچە سەن ئۆزەڭنىڭ ئېتىغا مىنىپ، يىلقا
بېقىشىڭ كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىدە كۈنمۇ كۈن چاي-
قىلىپ يۈرسەڭ — ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋېتىسەن. شۇڭا ئۇنى ئۇيۇرغا
قويۇۋېتىپ، باشقا بىر بايتالنى ئىگەرلەپ مىن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار-
نى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

بۇ ئادەم مىشكىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيۇلدىن بىر بايتالنى
ھەيدەپ چىقىپ، تازا چېپىپ كېلىۋاتقاندا ئارقىسىدىن قوغلاپ
يېتىپ، ئادىتى بويىچە چاققانلىق بىلەن بوينىغا ئاغامچا تاشلى-
دى. ئۇنىڭغا مىشكىنىڭ ئىگىرىنى توقۇدى - دە، ئەزايى تىت-
رەپ، ئارقا پۇتىغا زوڭ ئولتۇرۇپ قالغان بايتالنى ئۇنىڭ قېشى-
غا ئېلىپ كەلدى.

— مىن، تازا كۆنۈكمىگەندەك تۇرىدۇ، شەيتان! مىنىۋال،
قېنى! — ئۇ ئاچچىغى بىلەن ۋاقىراپ، ئوڭ قولى بىلەن تىزگىنىنى
قاتتىق تارتىپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن بايتالنىڭ خارتىلداپ
تۇرغان بۇرنىنى مەھكەم قىسىۋالدى، — سەن بولارغا يۇمشاقراق
مۇئامىلە قىل، ئات ئېغىلىدا ئايغىرغا ۋاقىراپ: «بۇياققا ئۆت!»
دىسەڭ، تىل ئۇقۇپ، بىر ياققا قىسىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ يەردە
شوخلۇق قىلما! بولۇپمۇ، باخاردىن پەخەس بول، قېشىغا يېقىن
بارما، تېپىپ تاشلايدۇ، — دىدى ئۇ ئۆزەڭگىنى تۇتۇپ تۇرۇپ،
ئاندىن بىر پۇتىدىن يەنە بىر پۇتىغا يۆتكىلىپ، تىپىرچىلاپ

تۇرغان بايتالنىڭ ئەتلەستەك قارا، قاتتىق يېلىنىنى مېهرى بىلەن سىلاپ قويدى.

## 3

مىشكا كۆنبويى ئىگەرنىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ، بىر هەپتە دەم ئالدى، دالا ئۇنى ئۆزىگە بوي سۇندۇردى، ئىپتىدائى زاماندىكى ئۆسۈملۈك هاياتى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇيۇر يېقىن يەرلەردە ئوتلاپ يۈردى، مىشكا ياكى ئىگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۈگدەيتتى، يا بولمىسا ئوتنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ، شامال هەيدەپ يۈرگەن، ئاسماندا ساياهەت قىلىۋاتقان، ئاق كىگىزدەك ئۈچمە بۇلۇتلارنىڭ ئۇيۇرلىرىنى ئوي - پىكىرسىز كۆزىتەتتى. كىشىلەر دۇنياسىدىن قول ئۈزگەن مۇنداق هالەت دەسلەپتە ئۇنى قانائەتلەندۈرگەندەك بولدى. كىشىلەردىن يىراقتا، يىلقا مەيدانىدا هايات كەچۈرۈش هەتتا ئۇنىڭغا ياقتى. لېكىن هەپتىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېڭى شارائىتقا ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر قورقۇش هېسسى ئويغاندى. «ئۇ يەردە كىشىلەر ئۆز تەقدىرىنى ۋە باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى هەل قىلىدۇ، مەن بولسام بۇ يەردە بايتال باقىمەن، مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىشكە بولامدۇ؟ ياق، كېتىشىم كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، پاتقاققا پېتىپ قالىمەن»، دەپ هۇشيارلىق بىلەن ئويلىدى ئۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئىچىدا باشقا مۇنداق بىر ئوي - پىكىر هورۇنلۇقبىلەن

قۇلىقىنى ئاغرىتاتتى: ئەسلى ئۇ يەردىكىلەر سوقۇشىۋەرسۇن، ئۇ يەردە ئەجەل كېزىپ يۈرىدۇ، بۇ يەردە — كەڭ ئەركىن دالا، ئوت - چۆپ ۋە ئاسمان. ئۇ يەر ئۆچ - غەزەپ بىلەن تولغان، بۇ يەردە تىنچلىق، قالغانلار بىلەن سېنىڭ نىمە ئىشىڭ بار؟...» پىكىرلەر مىشكىنىڭ بوي سۇنۇپ ئۆگىنىپ قالغان خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، قىزغانچۇقلۇق بىلەن تاتىلاشقا باشلىدى. بۇ هال ئۇنى كىشىلەر تەرەپكە قوغلايتتى - دە، ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردىن كۆرە هازىر كۆپرەك ئۆزىنىڭ ئۆيۈرلىرىنى دۇدارىۋ كۆلى ئەتراپىدا ئېقىپ يۈرگەن سولداتوف بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا تىرىشتى.

سولداتوف يالغۇزچىلىقتىن ئانچە زېرىكىش هېس قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ بوتكىدا ئاندا - ساندىلا قوناتتى، دېيەرلىك هەممە چاغ ئۆيۈر بىلەن بىللە يۈرەتتى ياكى كۆلنىڭ قېشىدا بولاتتى. ئۇ ياۋايى هايۋانلاردەك هايات كەچۈرەتتى، ئۆزىگە - ئۆزى ئوۋ بىلەن تاماق تاپاتتى ۋە ئۆمۈربويى مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمدەكلا تاماقنى ئىنتايىن ماهىرلىق بىلەن ئېتىپ يەيتتى. بىر كۈنى مىشكا ئۇنىڭ ئاتىنىڭ قىلىدىن قارماق ئېيغى ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مىشكا بۇ ئىشقا قىزىقىپ سورىدى:

— بۇنى نىمىگە ئېشىۋاتىسەن؟

— بېلىق تۇتۇشقا.

— نەدە بېلىق بار؟

— كۆلدە. تابان بېلىغى بار.

— قۇرۇت بىلەن تۇتامسەن؟

— نان بىلەنمۇ تۇتىمەن، قۇرۇت بىلەنمۇ.

— سۇدا پىشۇرامسەن؟

— ئاپتاپقا قاقلاپ، يەۋېرىمەن. مانا، يەپ باقامسەن، — ئۇ. شالۋۇرىنىڭ يانچۇعىدىن قاقلانغان بېلىقنى ئېلىپ ئوچۇق چىراي بىلەن مىشكىغا سۇندى.

يەنە بىر كۈنى مىشكا يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، توزاققا چۈشكەن بەزغالداقنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇستىلىق بىلەن ياسالغان بەزغالداقنىڭ قورچىغى بولۇپ، قېلىن ئۆسكەن ئوتنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە قوزۇققا باغلانغان توزاق ماھىرلىق بىلەن يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىدى. سولداتوف بەزغالداقنى شۇ كۈنىلا كەچتە يەرنى ئويۇپ ياسىۋالغان ئوچاقتىكى كۈل بىلەن كۆمۈپ قويغان چوغنىڭ ئۈستىدە پىشۇردى. مىشكىنىمۇ كەچكى تاماقتا چاقىردى. گۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان گۆشنى قولى بىلەن پارچىلاپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈش قىلدى:

— كېيىنكى قېتىمدا توزاققا تەگمە، جۇمۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، مېنىڭ ئىشىمنى بۇزۇپ قويىسەن.

— سەن بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالغان ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى مىشكا.

— بالا - چاقامنى باقىمەن دەپ.

سولداتوف بىردەم ئۈنچىقماي، تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— ماڭا قارا، باللار سېنى قىزىللارنىڭ ئادىمى دېيىشىدۇ، راستمۇ شۇ گەپ؟

مۇنداق سوئالنى كۈتمىگەن كوشۇوي ھولۇقۇپ قالدى.

— ياق... ھەي، نىمە دىسەم بولار... ئەسلىدە شۇلارنىڭ قېشىغا كېتەي دىگەن ئىدىم... تۇتۇۋالدى...

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا كەتمەكچى بولغان ئىدىڭ؟ نېمە تاپاتتىڭ؟ — دەپ ئاستا سورىدى سولداتوف كۆزلىرى جىددى تۈس ئېلىپ، ئاغزىدىكى گۆشنى ئالدىرىماي چايناپ تۇرۇپ.

بۇلار ئوتنىڭ يېنىدا قۇرغاق سايىنىڭ قىرى ئۈستىدە ئول- تۇرۇشاتتى، تىزەكنىڭ تۈتۈنى چىقىسىراپ، كۈلنىڭ ئاستىدىن چوغ ۋىلىلداپ تۇراتتى. ئارقا تەرەپتە، تۈن قۇرغاق ئىللىق ھاۋا بى- لەن نەپەس ئېلىپ، سولۇپ بىرىۋاتقان ئەمەننىڭ پۇرىقىنى تار- قىتاتتى. ئۇچار يۇلتۇزلارقاپ - قارا ئاسماننىڭ باغرىنى يول - يول تىلىپ ئۆتتى. شۇ يۇلتۇزلاردىن بىرىسى ئېقىپ چۈشكەندە، ئۇزاققىچە يۇرۇپ، خۇددى ئاتنىڭ ساغرىسىغا قامچا تەككەندەك تۈكلۈك ئىز قالدۇردى.

مىشكا ئوتنىڭ يورۇغىدا ئالتۇندەك قىزىرىپ تۇرغان سول- داتوفنىڭ يۈزىگە ئېھتىيات بىلەن تىكىلىپ قاراپ، جاۋاپ بەردى:

— ھەق - ھوقۇق تاپماقچى ئىدىم.

— كىمگە؟ — دەپ ئورنىدىن بىرچاپچىپ قويدى سولداتوف.

— خەلققە.

— قانداق ھوقۇق؟ قېنى ئېيتىپ باققىنا.

سولداتوفنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ، بىرئاز قۇۋلىشىپ قالدى. مىشكا بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ قالدى، سولداتوف ئۇنىڭغا ئۆ- زىنىڭ يۈز ئىپادىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئوتنىڭ ئۈستىگە ئەتەي يېڭى تىزەكنى تاشلىغاندەك تۇيۇلدى. شۇنداقتىمۇ قەتئىي قارارغا كېلىپ سۆز باشلىدى:

— ھەممە ئادەم تەڭ - باراۋەر بولۇش ھوقۇقى — مانا شۇنداق ھوقۇق! پان - پومىششىكخوجايىنمۇ، قۇللارمۇ بولماس- لىقى كېرەك. چۈشەندىڭمۇ؟ بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئاخىر.

— سىڭىلچە، كادىرلار غەلىبە قىلماسمۇ؟
— ئەلۋەتتە غەلىبە قىلالمايدۇ.
— دېمەك، سىڭىلنىڭ خالايدىغىنىڭ شۇ ئىكەن - دە...، — سولداتوف بىر تىنىۋېلىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، — سەن، ئىتنىڭ بالىسى، كازاكلارنى جوھۇتلارغا قۇل قىلىپ بەرمەكچى ئىكەنسەن - دە؟! — دېدى ئاچچىغى بىلەن ۋاقىراپ، — سەن... چىشلىرىڭنى... سەن نىمىلەر بىزنى قۇرۇتماقچىمۇ؟! ھەئە، شۇنداق ئىكەن - دە!... دالىدا جوھۇتلار ئۆز فابرىكىسىنى قۇرسۇن دەمسەن؟ بىزنى ئۆز يەرلىرىمىزدىن ئايرىماقچىمۇ؟!
مىشكا ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. سولداتوف ئۇنى ئۇرماقچى بولغاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى، شۇڭا ئۆزىنى چەتكە ئالدى، سولداتوف، مىشكىنىڭ قورقۇپ ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، غۇلىچىنى يايدى. مىشكا ئۇنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قولىنى شاپ قىلىپ تۇتىۋالدى؛ بىلىكىدىن قىسىپ تۇرۇپ، ئايىماستىن چورتلا مەسلىھەت بەردى:
— تاغا، سەن بۇ ئىشىڭنى قوي، ئۇنداقبولمىغاندا. مەن ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن جۇمۇ فانداق ئۇرۇشنى! سەن نىمە ۋاقىرايسەن؟
بۇلار قاراڭغۇدا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرۇشاتتى. ئاياق ئاستىدا تاپتالغان ئوت ئۇچۇپ قالدى؛ پەقەت بىر تەرەپكە يۇمۇلاپ كەتكەن تېزەكنىڭ چوغى قىزىرىپ تۇتەپ تۇراتتى. سولداتوف سول قولى بىلەن مىشكىنىڭ كۆينىكىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئىڭىكىدىن ئۈستىگە كۆتەردى - دە، سول قولىنىبوشىتىشقا ھەركەت قىلدى.
— ياقامدىن تۇتما! — دېدى مىشكا خىرىلداپ، كۆچلۈك بويىنىنى تولغاپ تۇرۇپ، — ياقامنى تۇتما دەۋاتىمەن! ئۇرۇۋې-

www.uyghurkitap.com

ىسمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟...

— يا – ا – اق، سەن... تاياق يەيسەن! — دىدى سولداتوف ھاسىراپ.

مىشكا ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقىپ، مەيدىسىدىن قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى – دە، پەيلىنى بۇزۇپ، ئۇنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىپ تاشلاپ، توغرا كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەتكۈسى كەلدى، تىترەپ تۇرۇپ كۆينىكىنى تۈزىتىشكە باشلىدى.

سولداتوف ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كەلمىدى. ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ، ۋاقىراشقا باشلىدى:

— بېرىپ چاقىمەن!... نازارەتچىنىڭ قېشىغا ھازىرلا بارىمەن! مەن سېنى ئاپارغۇزۇۋاتىمەن!... زەھەرلىك يىلان! مەلئۇن!... بولشېۋىك!... سېنىمۇ پودتېلكوفقا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىش كېرەك! بوينۇڭغا سىرتماق سېلىپ، دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىش كېرەك!

«بۇ كاساپەت بېرىپ چاقىدۇ... يالغان-ياۋىداقلارنى ئېيتىدۇ... ئۇ يەردىكىلەر تۈرمىگە ئەۋەتىدۇ ... فرونتقا ھەرگىز ئەۋەتمەيدۇ — دىمەك، ئۆزىمىزنىڭكىلەرنىڭ قېشىغا قېچىپ ئۆتەلمەيدىغان بولدۇم، ئەمدى تۈگەشتىم!» مىشكىنىڭ بەدىنى مۇزلاپ كەتتى – دە، ئوي – پىكرى خۇددى دەريا تاشقىنىدا قىرغاقتىكى بىر چوڭقۇرچاققا چۈشۈپ قالغان بېلىققا ئوخشاش بىر ھالغا چۈشۈپ، جان – جەھلى بىلەن چىقىش يولى ئىزلەيتتى. «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي! ھازىرلا بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن ... باشقا ئىلاجىم يوق... » مىشكىنىڭ ئوي – پىكرى مۇشۇ بىر دەملىك قارارىغا بويسۇنۇپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا بانا ئىزلەيتتى: «مېنى ئۇرماقچى بولۇپ دىۋەيلەپ كەلگەن ئىدى ... مەن ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىن تۇتۇپ ... بايقىماستىن ... قېنىم قىزىغانلىقتىن ... دەيمەن.»

مىشكا تىترەپ، سولداتوفقا قاراپ قەدەم باستى، ئەگەر شۇ تاپتا سولداتوف قاچقان بولسا، بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەجەل بىلەن قان گىرەلەشكەن بولاتتى. ئەمما سولداتوف قاچماستىن، ئاغزىنى بۇزۇپ، ۋاقىراپ تۇرۇۋەردى، شۇنىڭ بىلەن مىشكىنىڭ غەزىۋى سۇ سەپكەندەك بېسىلىپ قالدى، پەقەت ئىككى پۇتى بوشىشىپ تىترەشكە باشلىدى ۋە دۈمبىسىدىن، قولتۇغىدىن تەر قۇيۇلدى.

— خوش، سەن توختاپ تۇر ... كېيىمنى ئاكلاۋاتامسەن؟ سولداتوف، توختا، چوقان كۆتەرمە. ئالدى بىلەن ئۇرماقچى بولغان سەن ...

شۇنىڭ بىلەن مىشكا ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ، ئەپۇ سوراشقا باشلىدى، ئىڭەكلىرى تىترەپ، كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ كەتتى.

— دوستلارنىڭ ئارىسىدا نىمە ئىشلار ئۆتۈلمەيدۇ ... مەن ساڭا قول تەككۈزگىنىم يوققۇ ... سەن ئۆزەڭ كىكىرتىگىمدىن ئالدىڭ ... خوش، مەن ساڭا باشقا گەپلەرنى قىلغىنىم يوققۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسپاتلاش كېرەكمىسكەن؟ ... رەنجىتكەن بولسام، ئەپۇ قىل ... ھەي خۇدا! ماقۇلمۇ؟

سولداتوف ۋاقىرىشىنى ئاستا ـ ئاستا پەسلىتىپ، جىمىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كوشۇۋىنىڭ تەرلەپ كەتكەن مۇزدەك قولىدىن ئۆزىنىڭ قولىنى بىرلا ئاجرىتىپ، مۇنداق دىدى:

— سەن يىلانغا ئوخشاش قۇيرۇق تولغىماقچىمۇسەن؟ ماقۇل، ئىپىتمايمەن. ئەخمەقلىقىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ ... سەن ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! سەن رەزىل ئادەم! سەن جوھۇتلارغا سېتىلغان، مەن مۇنداق پۇلغا سېتىلغان ئادەملەرگە رەھىم قىلمايمەن.

مىشكا بوينىنى قىسىپ، بىچارە ھالەتتە قاراڭغۇدا كۆلۈمسىرەپ تۇردى. ئەمما سولداتوف ئۇنىڭ يۈز - چىرايىنى كۆرمەيتتى. شۇنىڭدەك مىشكىنىڭ مۈشتىنى تۈگۈپ، قېنى تېشىغا تېپىپ، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرمەيتتى.

ئۇلار ئەمدى بىرەر ئېغىز سۆز قىلماستىن ئايرىلىپ، ئۆز يولىغا مېڭىشتى. كوشۇۋوي يىلقىلىرىنى ئىزلەپ، ئېتىنى قەھرى بىلەن قامچىلاپ چاپتۇرۇپ كەتتى. شەرقتە چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى.

بۇ كېچە يىلقا مەيدانىدا بوران - چاپقۇن بولۇپ ئۆتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، شامال دىمىقىپ قالغاندەك ماڭقىسىنى پىشىلدىتىپ، ئۆشقۈرتۈپ سوقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قويۇق سالقىن ھاۋا بىلەن ئاچچىق چاڭ - توزاڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇتتىگىنى يېيىشقا باشلىدى.

ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. چاقماق چېقىلىپ، تاغنىڭ چوققىسىدەك باش كۆتىرىپ تۇرغان قارا بۇلۇتنىڭ باغرىنى تىلىپ ئۆتتى - دە، ئارقىدىن يەر - جاھان ئۇزاققىچە سۈكۈناتقا چۆمدى، يىراق بىر يەردە خۇددى ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندەك ھاۋا گۈلدۈرلىدى. يۇرچاقتەك چوڭ - چوڭ يامغۇر تاراسلاپ، گىيالارنى يەنچىشكە باشلىدى. 2 - قېتىم دائىرە شەكلىدە چېقىلغان چاقماقنىڭ يورۇغىدا كوشۇۋوي، كۆل رەڭ، چەتلىرى كۆمۈردەك قاپ - قارا، قورقۇنچلۇق بۇلۇتنى ۋە شۇ بۇلۇتنىڭ ئاستىدا يېيىلىپ تۇرغان يەردە بىر جايغا توپلىشىۋالغان ئاتلارنى كۆردى. گۈلدۈرماما دەھشەتلىك كۈچ بىلەن ياڭرىدى - دە، چاقماق شىددەدەت بىلەن يەرگە قاراپ ماڭدى. يەنە بىر قېتىم ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە، بۇلۇتنىڭ باغرىدىن يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى، دالا غودۇكىشىپ زارلانغىلى تۇردى، قۇيۇن

كوشۇۋىنىڭ ھۆل شەپكىسىنى بېشىدىن ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئۆزىنى بىر كۈچ بىلەن ئىگەرنىڭ قېشىغا پۈكلەپ قويدى. بىرەر مىنۇت تىمتاسچىلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ئاسماندا يەنە ۋال - ۋۇل چاقماق چېقىپ تېخىمۇ قاپ - قاراڭغۇچىلىق بولۇپ كەتتى. كېيىنكى قېتىم شۇنداق قاتتىق ھاۋا گۈلدۈرلىدىكى، ئۇنىڭ ياڭرىشىدىن كوشۇۋىنىڭ ئېتى زوڭ ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئالدى پۇتلىرى ئاسمانغا تىك كۆتىرىلىپ قالدى. ئۇ يەردىكى ئاتلارمۇ ئۆز جايىدا دۈپۈرلەشكە باشلىدى. كوشۇۋي ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ تۇرۇپ، ئاتلارنى ئېتىكلەشتۈرمەكچى بولۇپ:

— توختا!... تىر - ر - ر!...، — دەپ ۋاقىرىدى.

بۇلۇتنىڭ قىر چوققىلىرى بويلاپ داۋاملىق سىپلاپ تۇرغان چاقماقنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئاپپاق يورۇغىدا كوشۇۋي ئۆزىگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان ئۇيۇرنى كۆردى. ئاتلار تۇمشۇقلىرىنى دېيەرلىك يەرگە تەككۈزۈپ، تومتاراقاي قۇترىغاندەك تېز چېپىپ كېلىۋاتاتتى. لوپۇلداپ تۇرغان بۇرۇن تۆشۈكلىرى خارىلداپ ھاۋانى سۈمۈرەتتى، تاقىلانمىغان تۇياقلىرى نەم يەر ئۈستىدە توكۇر - توكۇر ئاۋاز چىقىراتتى. باخار، ئەڭ ئالدىدا ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. كوشۇۋي ئېتىنىڭ بېشىنى بىر تەرەپكە شارتلا بۇراپ، يانغا ئۆتتۈۋالدى. ئاتلارمۇ غۇيۇلداپ ئۆتتۈپ، يېقىنلا يەردە توختاپ قېلىشتى. كوشۇۋي، گۈلدۈرمامىدىن قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشكەن ئاتلارنىڭ بايىقى ئۆزىنىڭ ۋاقىرىشىغا قاراپ چېپىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇ، يەنە بىر قېتىم قاتتىقراق ۋاقىرىدى:

— توختاڭلار! بەس!

شۇنىڭ بىلەن سان - ساناقسىز دۈپۈرلىگەن ئات تۇياقلىرى

ئەمدى قاراڭغۇدا — مىشكىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەرۋاھى ئۇچۇپ دەھشەتكە چۈشكەن كوشىۋوي بايتىلىنىڭ ماڭلىيىغا قامچا بىلەن سالدى، ئەمما بىر چەتكە ئۆتۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. شۇ ئاردا ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقان بىر ئات كۆكرىكى بىلەن ئۇنىڭ بايتىلىنىڭ ساغرىسىغا سوقۇلۇپ كەتتى - دە، كوشىۋوي خۇددى پالاخمان بىلەن ئېتىلغاندەك ئېگەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ پەقەت بىر مۆجىزە بىلەنلا ساق قالدى: يىلقىلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن دەسسىلىپ كەتمىدى، پەقەت بىر بايتال تۇيىقى بىلەن مىشكىنىڭ ئوڭ قولىنى پاتقاققا پاتۇرۇۋەتتى. مىشكا ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىمكان قەدەر تېچلىق ساقلاشقا تىرىشىپ، ئاۋايلاپ يان تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. ئۇ، يىلقىلارنىڭ يەنە بېسىپ كېلىشى ئۈچۈن ۋاقىراشنى كۈتۈپ يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىنى، ئايغىرنىڭ ئالايىتەن خارتىلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. كوشىۋوي بوتكىغا پەقەت تاڭ يورۇش ئالدىدىلا كەلدى.

## 4

15 - ماي كۈنى دونىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قوشۇنىنىڭ ئاتامانى كىراسنوۋ، ئۆز سەپىرىدە مۇدىرلار كېڭەشىنىڭ رەئىسى، تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى گېنېرال مايور ئافرىقان بوگايېۋسكىنى، دون ئارمىيىسىنىڭ باش كۋارتىرمېيستېرى* پولكوۋ-

* كۋارتىرمېيستېر — ئارمىيىدە ئۆي - جاي ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئوفىتسېر — ت.

نىڭ كىسلوفنى ۋە كۇبان ھەربى رايونىنىڭ ئاتامانى فىلىمونوفنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، پاراخوت بىلەن مانىچىسكايا كەنتىگە كەلدى.

دون بىلەن كۇبان تۇپرىقىنىڭ خوجايىنلىرى كېمە سەھنىسىدە تۇرۇپ، پاراخوتنىڭ پىرىستانغا كېلىپ توختىغانلىقىغا، ماتروسلارنىڭ ئالدىرىشىپ يۈرگەنلىكىگە ۋە زەڭگەر دولقۇنلارنىڭ پاراخوت يېنىدىكى كۆچمە كۆۋرۈكتىن ساپچىپ قايناپ تۇرغانلىقىغا زېرىككەنلىك قىياپەتتە قاراپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلار قىرغاققا چىقىشتى، پىرىستانغا يىغىلغان خالايىقنىڭ مىڭ-مىڭلىغان كۆزلىرى ئۇلارغا تىكىلگەن ئىدى.

ئاسمان، ئۇپۇق، كۈندۈز كۈنى، نەپىس ھىلھىلى پەردىدەك ئۇچۇپ تۇرغان سەرئاپ — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپ-كۆك. دون دەرياسىنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى ھاي-ھاي ئەينەكتەك، بۇلۇتنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بولمىغان ھاۋارەڭ تۈس ئالغان ئىدى.

شامال بىلەن ئاپتاپ ئارىلىشىپ، قاغجىراپ كەتكەن شورتاڭ تۇپراقنىڭ ۋە بۇلتۇرقى چىرىگەن گىيالارنىڭ پۇرىقىنى تارقىتاتتى. خالايىق مەيدە-چۈيدە پاراڭ بىلەن گۇرۇڭلىشاتتى. يەرلىك ھاكىمىيەت كىشىلىرى كۈتۈۋالغان گېنېراللار مەشق مەيدانىغا قاراپ يول ئالدى.

بىر سائەتتىن كېيىن كەنت ئاتامىنىڭ ئۆيىدە دون ھۆكۈمىتى بىلەن پىدائىلارنىڭ ئارمىيىسى* ۋەكىللىرىنىڭ كې-

* پىدائىلار ئارمىيىسى — گىراژدانلار ئۇرۇشى ۋاقتىدا رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ زەربىدار كۈچى. ئەڭ دەسلەپتە بۇ ئارمىيە ئىنقىلاپقا قارشى پىدائىلار — ئاق ئوفىتسېرلار، يۇنكېرلار، ئەكسىيەتچى روھتىكى ستۇدېنتلار، كازاكلارنىڭ ھەربى ئاشلىقلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىدى، كېيىنرەك، مەجبۇرى سەپەرۋەرلىك يولى بىلەن سانى كۆپەيتىلگەن — ت.

گەش مەجلىسى باشلاندى. پىدائىلار ئارمىيىسىدىن گېنېرال دېنىكىن بىلەن گېنېرال ئالېكسېيېۋ كەلگەن بولۇپ، بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە يەنە ئارمىيە شتاۋىنىڭ باشلىغى گېنېرال رومانوۋىسكى، پولكوۋنىك رەسنەنىسكى ۋە پولكوۋنىك ئېۋالد بار ئىدى.

بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ھاۋاسى سوغاق ئىدى. كىراسنوف يۇقۇرى مەرتىۋىسىنى نامايەن قىلىپ، ئۆزىنى سالماق تۇتتى. ئالېكسېيېۋ مەجلىس قاتناشچىلىرى بىلەن تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن، شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى؛ ئۇ سالپىيىپ تۇرغان ئىككى مەڭزىگە قۇرغاق ئاپپاق قوللىرىنى تىرەپ، ھېچ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوق كىشىدەك كۆزىنى يۇمدى. ئاپتوموبىلدا يۈرگەندە تولا چايقىلىپ كەيپى كەتكەن ئىدى. ئۇ قېرىلىقتىن ھەمدە باشتىن كەچۈرگەن ئىزتىراپلىرىدىن چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى. لەۋلىرى قۇرۇپ ئېچىنىشلىق ھالدا پەسكە ساڭگىلاپ قالغان، كۆكىرىپ كەتكەن ئىككى قاپىغىنى ئىنچىكە قان تومۇرچىلار توردەك قاپلىغان بولۇپ، ئىششىق ھەم ئېغىرلىشىپ قالغان. يەلپۈگۈچتەك قاتار ئۇششاق قورۇقلار ئىككى چېكىسىگىچە يېيىلغان. يۈزىنىڭ بوشاڭ تېرىسىنى مەھكەم قىسىپ تۇرغان بارماقلىرىنىڭ ئۇچى قېرىلىقتىن سارغايغان، قىسقا قىرقىلغان چېچىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇراتتى،پولكوۋنىك رەسنەنىسكى تاراقلاپ تۇرغان خەرىتىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ يايدى، ئۇنىڭغا كىسلوف ياردەملەشتى، رومانوۋىسكى چىمچىلىغىنىڭ تىرنىغى بىلەن خەرىتىنىڭ بىر بۇرجىكىنى بېسىپ، شۇلارنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بوگايېۋىسكى پاكار دەرىزە تەكچىسىگە يۆلىنىپ، ئالېكسېيېۋنىڭ ئىنتايىن ھارغىن يۈزىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك تازا سەپسېلىپ

قارىغان ئىدى، بۇ ئادەمنىڭ يۈزى گىپىس ماسكىسىدەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. «نىمە دېگەن قېرىپ كەتكەن! دەھشەت قېرىپ كېتىپتۇ!» — دېدى ئۆز ئىچىدە بوگايېۋسكىي. بادام قاپاق نەم كۆزلىرىنى ئالېكسېيېۋدىن ئۈزمەي، مەجلىس قاتناشچىلىرى تېخى شىرە بېشىغا ئولتۇرۇپ بولماستىنلا دېنىكىن، كىراسنوفقا قاراپ، ھاياجانلانغان ھالدا كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن سۆز باشلىدى:

— مەجلىس ئېچىلىشتىن بۇرۇن، مەن سىزگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇم كېرەككى، سىز باتايىسكنى ئىگەللەش ئۈچۈن بېرىلگەن يازما بۇيرۇقتا، سىزلەرنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى كولونىندا بىر نېمىس باتالىيونى ۋە بىر توپچى باتارېيىسى ئۇرۇش ئېلىپ بارماقتا دەپسىز. بۇ ئەھۋال بىزنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرماقتا. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇنداق ھەمكارلىقنىڭ پاكىتى مېنى تولىمۇ ئەجەپلەندۈرمەكتە. مېنىڭ بىلىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، سىز ۋەتەنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن — مەنپۇر دۈشمەنلىرى بىلەن! — ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن پايدىلانغاندا، نېمىگە ئەمەل قىلدىڭلار؟ ... ئىتتىپاقداشلارنىڭ بىزنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە تەييار ئىكەنلىكىدىن، ئەلۋەتتە، سىزلەرنىڭ خەۋىرىڭىزلار بار. پىدائىلار ئارمىيىسى نېمىسلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى رۇسىيىنى قايتا تىكلەش ئىشىغا خائىنلىق دەپ باھالايدۇ. دون ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشلىرى كەلگۈسى ئىتتىپاقداشلىرى ئارىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق باھاغا ئىگە بولماقتا. بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

دېنىكىن غەزەپ بىلەن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ جاۋاپ كۈتتى.

كىراسنوف، سەۋرى-تاقەت ۋە ئۆزىگە خاس سىپايىلىكى

www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىلا تاشقى كۆرۈنۈشتىكى خاتىرجەملىكنى ساقلاپ قالالىدى؛ شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا قەھرى - غەزىۋى ئۈستۈنلۈك قىلدى: كۆمۈشتەك ئاقارغان بۇرۇتى ئاستىدا ئاغزى ئەسەبىلەرچە پىر - پىر تىترەپ، قىيسىيىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ كىراسنوف ناھايىتى خاتىرجەم ۋە تولىمۇ ئەدەپلىك جاۋاپ بەردى:

— پۈتۈن ئىشنىڭ تەقدىرى خەرىتىگە قويۇلغان چاغدا، بۇرۇنقى دۈشمەنلەرنىڭ ياردىمىدىنمۇ بىرگىنىشكە توغرا كەلمەيدۇ. ئۇندىن كېيىن، ئومۇمەن دون ھۆكۈمىتى — ھېچكىمنىڭ ھامىلىقىدا بولمىغان، بەش مىليون سۈۋېرېن ھوقۇقلۇق ھۆكۈمەتى مۇستەقىل ھەركەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھىل ھەركەت ئۆزىنى قوغداشقا چاقىرىلغان كازاك ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن.

مۇشۇ سۆزلەر ئېيتىلغاندا، ئالېكسېيېۋ كۆزىنى ئاچتى - دە، تازا كۆچىنىپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا تىرىشقاندەك بولدى. كىراسنوف كامان شەكلىدە قويۇلغان بۇرۇتىنى ئەسەبىلەرچە تولغاپ ئولتۇرغان بوگايېۋسكىغا قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىزنىڭ مۇلاھىزىڭىزدە، جانابى ئالىيلىرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەخلاقىي فائىدە مۇقامى ئۈستۈنلۈك قىلىۋاتىدۇ. سىز بىزنىڭ ھەققىمىزدە گويا رۇسىيە ئىشىغا، ئىتتىپاقداشلارغا خائىنلىق قىلدى، دىگەن مەزمۇندا بىر مۇنچە مەسئۇلىيەتلىك سۆزلەرنى قىلدىڭىز... ئەمما پىدائىلار ئارمىيىسى بىزدىن ئالغان سنارەتلەرنى بىزگە نېمىسلار سېتىپ بەرگەنلىكى، مېنىڭ پەرىزىمچە، سىزگە مەلۇم پاكىت بولسا كېرەك؟...

— ماھىيەتنى بىر-بىرىدىن چوڭقۇر پەرق قىلىدىغان ھادىسىلەر-

بى ئېنىق ئاجرىتىپ سۆزلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن! سىزلەرنىڭ ئوق - دورىلارنى نېمىسلاردىن قايسى يول بىلەن ئالغانلىغىڭىزلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىش دېگەن بۇ قانداق سۆز؟! ... — دېنىكىن ئاچچىغى بىلەن ئىككى مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى.

كىراسنوف سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ كېلىپ، گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئاۋستىرىيە - گېرمان فۇرونتىدا دېنىكىن كۆرگەن بۇرۇنقى بىرىگادا گېنېرالى ئەمەسلىكىنى ئەپلەپ تۇرۇپ، ئەمما كەسكىن تۈردە ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويدى.

دېنىكىن، كىراسنوفنىڭ سۆزىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەپسىز جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئاقلانىلىك بىلەن گەپنى دون ئارمىيىسى بىلەن پىدائىيلار ئارمىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە شۇ بىرلەشكەن ئارمىيىگە بىرلەشمە قوماندانلىق بەرپا قىلىش مەسىلىسىگە يۆتكىدى. لېكىن بۇنىڭدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ماجرالار، ماھىيەتتە، بۇندىن كېيىنكى بۇلار ئارىسىدا توختاۋسىز كەسكىنلىشىپ بارىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ مۇناسىۋەت كىراسنوف ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغان پەيتكە كەلگەندە چورتلا ئۈزۈلگەن ئىدى.

كىراسنوف تۇغرىدىن - توغرا جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇنىڭ ئورنىغا تىسارىتسىنغا ئىرلىكتە يۈرۈش قىلىش تەكلىۋىنى بەردى، بۇنىڭدىكى مەقسىدى: بىرىنچىدىن، ئەڭ چوڭ ئىستىراتېگىيىلىك مەركەزنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئاشۇ مەركەزنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئورال كازاكلىرى بىلەن بىرلىشىش ئىدى.

قىسقىچە مۇنداق گەپ - سۆز بولدى:

— ... تىسارتسىننىڭ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئەھمىيىتى بارلىقىنى سىزگە ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

— پىدائىلار ئارمىيىسى نېمىسلار بىلەن ئۇچرىشىشى مۇمكىن. تىسارتسىنغا مەن بارمايمەن. ئالدى بىلەن مەن كۇبانلىقلارنى ئازات قىلىشىم كېرەك.

— دۇرۇس، ھەر ھالدا تىسارتسىننى ئېلىش ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپە. دون ھەربىي ھۆكۈمىتى جانابى ئالىيلىرىدىن ئىلتىماس قىلىشنى ماڭا تاپشۇرغان ئىدى.

— يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، مەن كۇبانلىقلارنى تاشلاپ قويالمايمەن.

— تىسارتسىنغا ھۇجۇم قىلىش شارائىتىدىلا بىرلەشمە قوماندانلىقنى قۇرۇش نوغرىلىق سۆز ئېچىش مۇمكىن.

ئالېكسېيېۋ ياقتۇرمىغاندەك لېۋىنى چىشلىدى.

— بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان پىكىر! بولشېۋىكلەردىن ئۇزۇل - كېسىل تازىلانمىغان ئوبلاست چېگرىسىدىن چىقىپ، كۇبانلىقلار تىسارتسىنغا بارمايدۇ، پىدائىلار ئارمىيىسىدە بولسا 2,500 مىلتىقلىق ئەسكەر بار، يەنە كېلىپ ئۈچتىن بىر قىسمى سەپتىن چىققان — يارىدارلار ۋە ئاغرىقلار.

ئۇلار ئاددىغىنا چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە خوشياقمىغاندەك ئانچە ئەھمىيىتى بولمىغان ئۇششاق - چۈششەك پاراڭلارنى سېلىشىپ ئولتۇردى، بىر پۈتۈنلەي كېلىشەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈق ئىدى. پولكوۋنىك رەسنەنسكى گېنېرال ماركوفدىۋىزىيىسىدىكى بىر كاللا كېسەرنىڭ يېرىم لەتىپە خاراكتېرىدىكى كۈلكىلىك بىر قەھرىمانلىق ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن تاماق، بىر تەرەپتىن كۈڭۈللۈك ھېكايىنىڭ بىرلەشكەن

تەسىرى بىلەن جىددى كەيپىيات يارا - يارا تارقالغاندەك بولدى. ئەمما تاماقتىن كېيىن تاماكا چېكىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز خانىلىرىغا تارقالغان چاغدا، دېنىكىن، رومانوۋسكىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ، قىسىلغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كىراسنوفنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— بىر ئوبلاستىنىڭ ئاپالىيونى... ئەقىلسىز ئادەم، بىلىمسىز...

رومانوۋسكى كۈلۈمسىرەپ، دەرھاللا جاۋاپ بەردى:

— كېنەز بولغۇسى، ھەممىنى تەنھا ئىگىلىگۈسى كېلىدۇ... بىرىنگادا گېنېرالى پادىشالىق ھاكىمىيەتنىڭ كەيپىنى سۈرىمەن دەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭدا ھەزىل قىلىش تۇيغۇسىمۇ يوق...

ئاخىر بېرىپ، ئۇلار تولۇپ تاشقان دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تارقىلىشتى. شۇ كۈندىن تارتىپ پىدائىلار ئارمىيىسى بىلەن دون ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىن تۈردە يامانلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتتى، بۇ يامانلىشىش ئىيۇن ئېيىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەڭ يۇقۇرى چېكىگە يەتتى، چۈنكى بۇ چاغدا كىراسنوفنىڭ گېرمان ئىمپېراتورى ۋىلھېلمگە يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنى پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا مەلۇم بولغان ئىدى. پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ نوۋوچېركاسسكىدا ئۇزاق ۋاقىت يېتىپ دەم ئالغان يارىدارلىرى كىراسنوفنىڭ ئاپتونومىيىگە بولغان ئارزۇسىنى زاڭلىق قىلىپ ۋە كازاكلارنىڭ كونا ئادەتلىرىنى قايتا تىكلەش ساھەسىدىكى ئاجىزلىقىدىن كۈلۈپ، ئۆز ئارىلىرىدا ئۇنى نەپرەت بىلەن «خوجايىن» دەپ ئاتاشتى، دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسىغا بولسا «ئەڭ شادىمان» ۋويىسكو دەپ ئات قويۇشتى. بۇنىڭغا جاۋابەن دوننىڭ ئىستىقلال-

چىلىرى* ئۇلارغا «سەرگەردان مۇزىكانت»، «تىرىتورىيىسى يوق ھۆكۈمدار» دەپ لەقەم قويغان ئىدى. پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ «ئۇلۇغلىرى» دىن بىرسى دون ھۆكۈمىتىنى زەھەرلىك تىل بىلەن: «نېمىسلارنىڭ كۆپىسىدە يېتىپ پۇل تاپىدىغان حالاپ» دىگەن. بۇ سۆزگە گېنېرال دېنىسوف: «ئەگەر دون ھۆكۈمىتى جالاپ بولسا، ئۇ چاغدا پىدائىلار ئارمىيىسى ئاشۇ جالاپنىڭ تەخسىسىنى يالاپ، جان باقىدىغان ‹مۇشۈك›». دەپ جاۋاپ قايتۇرغان.

بۇ جاۋاپ پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ دونغا تېقىنىپ قالغانلىقىغا كىنايە ئىدى، چۈنكى دېن ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدىن ئالغان قورال - ياراقلارنىڭ بىرئۈلۈشىنى پىدائىلار ئارمىيىسىگە بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپى ھېساپلانغان روستوف بىلەن نوۋوچېركاسىكى ئوفىتسېرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ مىڭلىغانلىرى ئېلىپ - ساتارلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، سان - ساناقسىز ئارقا سەپ ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلاتتى، ئۇرۇق - تۇققان، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ئۆيىدە پانالىناتتى. بەزىلىرى يارىدار ئىكەنلىكى توغرىلىق ساختا ھۆججەتلەرگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ھەربى دوختۇرخانىلاردا ياتاتتى ... بۇلارنىڭ باتۇرراقلىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ياكى كېزىكتىن، يارىدارلىقتىن قازاتاپقان، قالغانلىرى ئىنقىلاپ يىللىرىدا ئار - نومۇسىنى يوقاتقان بولۇپ، چىلبۆرىگە ئوخشاش ئارقا سەپكە يوشۇرۇنۇپ، بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەرنىڭ يۈزىدە ئەخلەت - چاۋا، يۇندا كۆپۈكىدەك لەيلەپ يۈرۈشتى. بۇلار نېخى تىگىلمىگەن،

* ئۆز ۋاقتىدا ئوكرايىنانىڭ بۇرژۇئا مىللەتچىسى «ساموستىيىنىك» (ئىستىقلالچى) دەپ ئاتىلاتتى — ت.

ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئوفىتسېر كادىرلىرى بولۇپ،
بۇلارنى بىر زامانىدا جاللات چېرنىېتسوفنىڭ ئۆزى رۇسىيىنى
قوغداش چاقىرىغى ئاستىدا تېرى - پېرەڭ قىلغان، پاش قىلغان
ۋە ئۇيياتقا قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ھەربى كىيىم
كىيىۋالغان، بۇرۇنقى چاغدا «پىكىر قىلغۇچى زىيالى» دەپ ئاتال-
غانلارنىڭ ئەڭ يامان بىر تۈرى ئىدى: بۇلار بولشېۋىكلەردىن
قاچقان، ئاقلارغىمۇ قوشۇلمىغان، رۇسىيىنىڭ تەقدىرى توغرىلىق
مۇنازىرىلىشىپ قويۇپ، ئاستا كۈن ئۆتكۈزەتتى، ئۇششاق باللى-
رىنىڭ سۈتىگە پۇل تېپىش بىلەن بولۇپ. ئۇرۇشنىڭ توگىشىنى
ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى.

بۇلار ئۇچۇن ھەممە بەربىر ئىدى — مەملىكەتنى كىراس-
نوف ئىدارە قىلامدۇ، نېمىسلارمۇ ياكى بولشېۋىكلەرمۇ — كىم
ئىدارە قىلسا - قىلسۇن — ئىشقىلىپ سوقۇش توگىسە بولدى، دەيتتى.

ۋەقەلەر كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشمەكتە ئىدى. سىبىردە
چېخوسلوۋاكلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلىگى،* ئۇكرايىنادا-
ماخنو**بىلەن نېمىسلار. كاۋكاز، مۇرمانىسك ئاستىراخان...
پۈتۈن رۇسىيە ئوت چەمبىرىگى ئىچىدە قالغان ... پۈتۈن رۇسىيە-

* چېخوسلوۋاكلار توپىلىگى — 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئەسىرگە
چۈشكەن چېخوسلوۋاك ھەربى قىسىملىرى 1918 - يىلى يازدا سوۋېت
ھاكىمىيىتىگەقارشى توپىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. بۇ توپىلاڭ چەتئەل مودا-
خىلىسچىلىرىنىڭكۆرسەتمىسى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ،مىنشېۋىكلەر
بىلەن سوتسىيال ئېسىرلەر ئاكتىپ قوللىغان (ئاپتورنىڭ ئىزاھى).
** ماخنوېىستور — ئوكرايىنىدىكى ئەڭ چوڭ باندىتلار ئەتىرىدىنىڭ
باشلىقى. ۋرانگېلنىڭ قوشۇنى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ماخنونىڭ
باندىتلىرى جەنۇبىي ئوكرايىنىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي
دۈشمىنى بولغان ئىدى.

چوڭ تەقسىملىنىش ئازاۋى ئىچىدە...

ئىيۇن ئىيىدا بىر مىش ـ مىش خەۋەر دون بويلاپ، شەرق شامىلىدەك كەڭ تارىلىشقا باشلىدى، گويا چېخوسلوۋاكلار گېرمان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ۋولگىداشەرقىي فىروونت قۇرۇش مەقسىدىدە ساراتوفنى، تىسارىتسىننى ۋە ئاستىراخاننى ئىشغال قىلىۋاتقان ئىمىش. ئۇكرايىنىدا نېمىسلار، پىدائىلار ئارمىيىسى تۆەي ئاستىدا رېسىيىدىن كېلىۋاتقان ئۇفىتسېرلەرنى چېكىندىن كىرگۈزۈشكە ئۇنچىلىك رىغبەت كۆرسەتمىگەن.

«شەرقىي فىروونت»نىڭ تەشكىل قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش خەۋەرلەر بىلەن تەشۋىشلەنگەن گېرمان قوماندانلىقى دونغا ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتتى، 10 ـ ئىيۇل كۈنى نوۋوچېركاسسكىغا گېرمان ئارمىيىسىنىڭ مايورلىرى ــ فون كوكېنخاۋزېن، فون ستېفانى ۋە فون شىلەينىتس كەلدى.

بۇلارنى ئاتامان كىراسنوف شۇ كۈنىلا ئۆز سارىيىدا قوبۇل قىلدى، قوبۇل قىلىشقا گېنېرال بوگايېۋسكىمۇ قاتناشتى.

مايور كوكېنخاۋزېن، گېرمان قوماندانلىقىنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەتتا قوراللىق ئارىلىششقىچە بېرىپ، بولشېۋىكلەرگە قارشى كۈرەشتە ۋە چېگرىدلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەگەر چېخوسلوۋاكلار نېمىسلارغا قارشى ئۇرۇش باشلايدىغان بولسا، دون ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قانداق قارايدۇ، دەپ سورىدى. كىراسنوف ئۇنى ئىشەندۇرۇپ: كازاك خەلقى بىتەرەپلىك ساقلاشقا قەتئى رىئايە قىلىدۇ ۋە ئەلۋەتتە دوننى ئۇرۇش مەيدانى قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، دېدى. مايور فونستېفانى ئاتامانىڭ جاۋاۋىنى

يازما شەكىلدە يېكىتىپ بېرىش خاھىشىنى بىلدۈردى.

سۆھبەت شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى، ئەتىسى كىراسنوف گېرمان ئىمپېراتورىغا تۆۋەندىكىچە خەت يازدى:

ئالىي مەرتىۋىلىك ئىمپېراتور ۋە كورول ھەزرەتلىرى!

ئۇشبۇ خەتنى سۇنغۇچى، زىمووايا كەنتىنىڭ ئاتامانى، دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسىنىڭ ئىمپېراتور ھەزرەتلىرى سارىيى ھوزۇرىدىكى ئەلچىسىنى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى مەن، دوننىڭ ئاتامانى سىز ئىمپېراتور ئەلا ھەزرەتكە، ئۇلۇغ گېرمانىيىنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاسىغا سالام بېرىش ۋە تۆۋەندىكىلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدىم:

شەۋكەتلىك دون كازاكلىرىنىڭ ئىككى ئاي داۋامىدا ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قەھرىمانانە ئېلىپ بارغان كۈرىشى، يېقىنقى ۋاقىتتا گېرمان خەلقىگە قېرىنداش بولغان بۇرلارنىڭ* ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە ئوخشاش، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە فرونتلىرىدا تولۇق غەلىبە قازاندى، جۈملىدىن ھازىر دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسى تۇپرىقىنىڭ ئوندىن توققۇز قىسمى ياۋايى قىزىل گۋاردىيە قاراقچىلىرىدىن ئازات قىلىندى. مەملىكەت ئىچىدىكى دۆلەت تەرتىۋى مۇستەھكەملەندى ۋە تولۇق قانۇنچىلىق ئورنىتىلدى. سىز ئىمپېراتور ئەلا ھەزرەت ئەسكەرلىرىنىڭ دوستانە ياردىمى ئارقىسىدا ۋويىسكونىڭ جەنۇبىدا تېنچلىق بارلىققا كەلدى، مەن مەملىكەت ئىچىدە تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنىڭ سىرتتىن بولىدىغان ھۇجۇملىرىنى توساش ئۈچۈن كازاكلار كورپۇسىنى تەييارلاپ قويدۇم. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن دون ۋويىسكوسىنىڭ ياش دۆلەت ئورگانىمىزنىڭ يالغۇز ھايات كەچۈرۈش قىيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋويىسكو ئاستىراخان ۋە كۇبان ۋويىسكولىرىنىڭ باشلىقلىرى بولمىش پولكوۋنىك كېنەز تۇندۇتوف ۋە پول-

* بۇرلار — جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك خەلق.

كۆڭۈلنىڭ فىلىمونوف بىلەن زىچ ئىتتىپاق تۈزدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، ئاستىراخان ۋويىسكوسى بىلەن كۇبان ئوبلاستىنىڭ زېمىنلىرىنى بولشېۋىكلەردىن تازىلىغاندىن كېيىن، دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسىدىن، ئاستىراخان ۋويىسكوسى بىلەن ستاۋروپول ئۆلكىسىدىكى قالماقلاردىن، كۇبان ۋويىسكوسىنىڭ، شۇنىڭدەك شىمالىي كاۋكاز خەلقلىرىدىن فېدېراتسىيە پرىنسىپى ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇشنى بەرپا قىلىش ئىدى. مۇشۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا بىردەك رازى بولۇشنى، بۇ يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان دۆلەت دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسىنىڭ تولۇق رازىلىقىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۆز زېمىنلىرىنىڭ قان تۆكۈلىدىغان توقۇنۇشلار مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا يول قويماسلىققا ئەل باغلىدى ۋە تولۇق بىتەرەپ يول تۇتۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. سىز ئىمپېراتور ئەلا ھەزرەتنىڭ سارىيى ھوزۇرىدىكى بىزنىڭ زىموۋايا كەنتىنىڭ ئاتامانىنى مەن تۆۋەندىكىلەرنى ئىلتىماس قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلدىم:

سىز ئىمپېراتور ھەزرەتتىن دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە كۇبان، ئاستىراخان، تېرېك ۋويىسكولىرىنىڭ ۋە شىمالىي كاۋكاز ئازات قىلىنغاندىن كېيىن — دون - كاۋكاز ئىتتىپاقى دېگەن نام ئاستىدا قۇرۇلىدىغان بارلىق فېدېراتسىيىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىش.

سىز ئىمپېراتور ئەلا ھەزرەتتىن دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھەربىي رايونىنىڭ بۇرۇنقى جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە مىقياسىدىكى چېگرىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش، ئۇكرائىنا بىلەن دون ۋويىسكوسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاگانروگ ۋە ئۇنىڭ ئوكرۇگى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان تالاش - تارتىشنى دون ۋويىسكوسىنىڭ پايدىسىغا ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش، چۈنكى دون ۋويىسكوسى تاگانروگ ئوكرۇگىغا 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلمەكتە ھەمدە تاگانروگ ئوك-

رۆگى دون ئوبلاستىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان تىمۇتاركانىنىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ.

سىز ئەلاھەزرەتتىن ئىستىراتېگىيە جەھەتتىن مۇھىم بولغان كامىشىن، تىسارىتسىن شەھەرلىرىنى، ساراتوف ئۆلكىسىنى ۋە ۋورونېژ شەھىرى بىلەن لىسكى، پوۋورىنو كەنتلىرىنى دون ۋويسكوسىغا قوشۇش توغرىلىق، دون ۋويسكوسىنىڭ چېگرىسىنى زىموۋايا كەنتىدىكى خەرىتىدە كۆرسىتىلگەندەك قىلىپ سىزىش توغرىلىق ياردەملىشىشنى ئىلتىماس قىلىش.

سىز ئەلا ھەزرەتتىن موسكۋادىكى سوۋېت ھاكىمىيەتلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆز بۇيرۇغىڭىز بىلەن دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويسكوسىنىڭ چېگرىسىنى ۋە دون - كاۋكاز ئىتتىپاقىغا كىرگەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىلىرىنى قىزىل ئارمىيىنىڭ قاراقچى ئەترەتلىرىدىن تازىلاشقا مەجبۇر قىلىشىڭىزنى ھەمدە موسكۋا بىلەن دون ۋويسكوسى ئوتتۇرىسىدا نورمال تىنچلىق مۇناسىۋەتنى قايتا تىكلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىش، بولشېۋىكلەرنىڭ باسقۇنچىلىقى سەۋەبىدىن دون ۋويسكوسى ئاھالىسى سودا - سانائەت جەھەتتە تارتقان بارلىق زىيان - چىقىملارنى سوۋېت روسىيىسى تۆلەپ بېرىشى كېرەك.

سىز ئىمپېراتور ئالى ھەزرەتتىن بىزنىڭ ياش دۆلىتىمىزگە توپ - زەمبىرەك، مىلتىق، ئوق - دورا ۋە ھەربىي ئىنژېنېرلىق ئەسلىھەلىرى ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش، ئەگەر بۇ ئىشنى پايدىلىق دەپ تاپسىڭىز، دون ۋويسكوسى زېمىنىدا توپ-زەمبىرەك، مىلتىق، سىنارەت ۋە پاترون ياسايدىغان زاۋۇتلار قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش.

دوننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويسكوسى ۋە دون - كاۋكاز ئىتتىپاقىدىكى باشقا دۆلەتلەر گېرمان خەلقىنىڭ دوستانە ياردەملىرىنى ئۇنتۇمايدۇ، كازاكلار 30 يىللىق ئۇرۇش ۋاقتىدا گېرمان خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭگە قاتناشقان، دون پولكلىرى ۋاللېنشتەيىن ئارمىيىسى سەپلىرىدە بولغان، 1807 — 1813 - يىل-

لىرى دون كازاكلىرى ئۆزىنىڭ ئاتامانى گىراف پىلاتوۋ بىلەن بىللە گېرمانىيىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئەمدىلىكتە، ئۈچ يىل ئالتە ئاي جەريانىدا پىرۇسسىيە، گالىتسىيە، بۇكوۋىنا، پولشا دالىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان قانلىق ئۇرۇشتا، كازاكلار بىلەن گېرمانلار ئۆز-ئارا بىر - بىرلىرىدىن ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇغى ۋە ماتانەتلىكىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەندى، ئەمدى بولسا بۇ ئىككى قوشۇن ئىككى ئالىجاناپ جەڭچىلەر سۈپىتىدە بىر-بىرىگە دوستلۇق قولىنى سوزۇپ، جانىجان دونىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلماقتا.

دونىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسى سىز ئىمپېراتور ئالى ھەزرەتىنىڭ كۆرسەتكەن ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن خەلقلەرنىڭ جاھان سىياسىدىكى كۈرەشى مەزگىلىدە تولۇق بىتەرەپلىك ساقلاشقا ۋە گېرمان خەلقىغە دۈشمەن بولغان قوراللىق كۈچلەرنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزمەسلىككە مەجبۇرىيەت ئالدى. بۇنىڭغا ئاستىراخان ۋويىسكوسىنىڭ ئاتامانى كېنەز تۈندۈتوفمۇ، كۇبان ھۆكۈمىتىمۇ ۋە بىزگە قوشۇلغاندىن كېيىنكى دون - كاۋكاز ئىتتىپاقىنىڭ قالغان قىسىملىرىمۇ ئۆز رازىلىقىنى بېرىشتى.

ئەڭ ئۇلۇغ دون ۋويىسكوسى گېرمان ئىمپېرىيىسىگە يەرلىك ئاھالىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغانلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئوشۇقچە ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى، دانلىق ئاشلىق ۋەئۇنلارنى، كۆن-خۇرۇم تاۋارلىرى ۋە خام ئەشيا، يۇڭ، بېلىق تاۋارلىرى، ئۆسۈملۈك يېغى ۋە چارۋا يېغى، سېرىق ياغ ۋە سېرىق ياغدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلات، تاماكا ياپراقلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى، قارامال ۋە يىلقىلار، ئۈزۈم ھارىقى ۋە باشقا باغۋەنچىلىك، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى توشۇپ كېتىشكە ئىمتىيازلىق ھوقۇق بېرىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە گېرمان ئىمپېرىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، خىمىيە مەھسۇلاتلىرى، تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇجلار، دۆلەت ئاقچىسى تەييارلايدىغان بۆلۈمنىڭ جابدۇق - جاھازلىرى بىلەن بۇنىڭغا لازىملىق

بولغان ماتېرىيال زاپاسلىرىنى، موۋۇت، گەزمال، كۆن ـ خۇرۇم، خىـ
مىيە، شېكەر زاۋۇتلىرىنىڭ ۋە باشقا زاۋۇتلارنىڭ ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈـ
نىلىرىنى ھەممە ئېلېكتىر تېخنىكىسىغا ئائىت جاھازلارنى يەتكۈزۈپ
بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، دونىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋويىسكوسى ھۆكۈمىتى
دون سانائەت كارخانىلىرى بىلەن سودىسىغا سەرمايە سېلىش
جەھەتتە، جۇملىدىن سۇ يوللىرى ۋە باشقا يوللارنى ئېچىش
جەھەتتە گېرمانىيە سانائىتىگە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىدۇ.

زىچ ھەمكارلىق شەرتنامىسى ھەرئىككى تەرەپكە پايدىلىق. گېرـ
مان ۋە كازاك جەڭگىۋار خەلقلىرىنىڭ ئومۇمى جەڭ مەيدانلىرىدا بىرـ
لىكتە تۆككەن قانلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان دوستلۇق بىزنىڭ دارلىق
دۈشمەنلىرىمىز بىلەن بولغان كۈرەشتە قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانماقتا.

سىز ئىمپېراتور ئالىي ھەزرەتكە ئۇشبۇ خەت بىلەن مۇراجەت قىلـ
غۇچى ـ دىپلومات ئەمەس، خەلقارا ھوقۇقنىڭ ماھىر بىلىمدانىمۇ ئەـ
مەس. بەلكى ئادالەتلىك ئۇرۇشتا گېرمان قوراللىرىنىڭ كۈچىنى قەدىرلەشـ
كە ئادەتلەنگەن، ئەرسولدات، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق
ئىشلىتىلمەي، توغرىلا ئېيتىلغان سۆزلىرىمنى كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن
ۋە كۆڭلۈمنىڭ سەمىمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

«سىزنى ھۆرمەتلىگۈچى پېتىر كىراسنوف
دون ئاتامانى، گېنېرال مايور».

× ×

15 ـ ئىيۇلدا بۇخەت بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ كېڭىشىدە مۇـ
ھاكىمە قىلىندى، بۇخەتكە نىسبەتەن كۆپچىلىك ئىنتايىن ئۆزىنى
تۇتۇۋالغان ھالدا مۇئامىلىدە بولۇشتى، ھەتتا بوگايېۋىسكى
ۋەبىرقانچە ھۆكۈمەت ئەزالىرى ماقۇل كۆرۈشمىدى، شۇنىڭغا قاـ

رىماستىن، كىراسنوف خەتنى ھابالسىزلا زىموۋايا كەنتىنىڭ بىر-لىندىكى ئاتامانى گېرتسوگ لىختېنبېرگسكىگە تاپشۇردى - دە، ئۆزى بۇئادەمبىلەن كىيېۋغىچە بىللە باردى، بۇ يەردىن گېنېرال چېرەچۇكىننى ھەمرا قىلىپ ئىككىسىنى گېرمانىيىگە يولغا سالدى.

خەت ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن تاشقى ئىشلار بۆلۈمىدە ماشىنكىدا باستۇرۇلغان ئىدى (بۇ ئىشتىن بوگايېۋسكىمۇ بىخەۋەر ئەمەس ئىدى). ئۇنىڭ كۆچۈرمىلىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، كەڭ تارىلىپكەتتى - دە. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىزاھلار قوشۇلۇپ، كازاك ھەربى قىسىملىرى ئارىسىغا ۋە كەنتلەرگە يېيىلىشقا باشلىدى. خەت قۇدرەتلىك تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندى. كىراسنوف نېمىسلارغا سېتىلدى، دىگەن سۆز بارغانسېرى ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. ئالدىنقى سەپلەردە نارازىلىق دولقۇنلىرى كۆتىرىلىشكە باشلىدى.

دەل شۇچاغدا ئۇتتۇقلار بىلەن روھلىنىپ، كىرىلىپ كەتكەن نېمىسلار رۇس گېنېرالى چېرەچۇكىننى پارىژنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى - دە. بۇيەردە چېرەچۇكىن نېمىسلار باش شتابىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە كىرۇپپادىكى ئېغىر زەمبىرەكلەر ئۇرۇشىنى، ئېنگىلىز - فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇردى.

# 5

مۇز يۈرۈشى ۋاقتىدا* يېۋگېنىي لىستنىتسكى ئىككى قېتىم يارىدار بولدى: 1 - قېتىم ئۇست - لابىنسكايا كەنتىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بولغان جەڭدە؛ 2 - قېتىم يېكاتېرىنودارغا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا، ھەر ئىككى قېتىمقى يارا ئېغىر ئالغۇ-چىلىكى يوق يېنىكلا ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قايتىدىن سەپكە قايتىپ كەلدى. ئەمما پىدائىلار ئارمىيىسى نوۋوچېركاسسكى رايونىدا قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا توختىغاندا، لىستنىتسكى بىتاپلىق ھېس قىلىپ، ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشنىڭ ئېپىنى تاپتى ئۆيگە بەكمۇ بارغۇسى بولسىمۇ، يول يۈرۈش بىلەن ۋاقتى-نى ئىسراپ قىلماي، نوۋوچېركاسسكىدا تۇرۇپ دەم ئېلىش قارارى-غا كەلدى.

بىر ۋىزۋوتتا خىزمەت قىلىدىغان ئىشدىشى روتمىستىر گورچاكوفمۇ ئۇنىڭ بىللە دەم ئېلىشقا چىقتى. گورچاكوف مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرغىن، دەپ تەكلىپ قىلدى:

— مېنىڭ بالام يوق، ئايالىم سېنى كۆرگەنگە خوشال بولىدۇ، مېنىڭ يازغان خەتلىرىمدىن سەن ئۇنىڭغا تونۇش بولۇپ قالدىڭ.

يازنىڭ تازا ئىسسىق، ھاۋا ئوچۇق چۈش ۋاقتىدا ئۇلار

---

*مۇز يۈرۈشى — كورنىلوفچىلار ئۆزلىرىنىڭ روستوفتىن كۇبانغا چېكىنىشىنى مۇز يۈرۈشى دەپ ئاتىغان ئىدى. (ئەسلى ئىزاھ)

www.uyghurkitap.com

ۋوگزال يېنىدىكى كوچىلارنىڭ بىرىدە جايلاشقان پاكار بىر ئۆيـ
نىڭ ئىشىكىغا كېلىپ توختاشتى.

— مۇنۇ مېنىڭ بۇرۇنقى قەسرىم، — دېدى قارا بۇرۇت. شادا پاچاق گورچاكوف، ئالدىراپ قەدەم تاشلاپ، لىستىنىتىسكىگە بىر - بىر قاراپ قويۇپ.

گورچاكوفنىڭ دۈمبەچەك، سەل كۆكۈش قارا كۆزلىرى بەختىيار كۆڭۈل شاتلىقىدىن ياشلانغان. گرېكىنسكىدەك گۈشلۈك بۇرنى تەبەسسۇمدىن تۈۋەنگە ئېگىلگەن ئىدى. ئۇ ماش رەڭ تار پاقالچاقلىق شىمىنىڭ تىزلىكىنى شىرىقلىتىپ، چوڭ-چوڭ چامداپ ئۆيگە كىرگەن ئىدى، بىردىنلا ئۆينىڭ ئىچى سولداتلارغا خاس چۈچۈمەل پۇراق بىلەن تولدى.

— لىلە* قېنى؟ ئولگا نىكولايېۋنا نەدە؟ — دېدى ئۇ، ئاشخانىدىن كۈلۈمسىرەپ ئالدىراپ چىقىپ كېلىۋاتقان خىزمەتكار ئايالغا تۇۋلاپ، — باغدىمۇ؟ شۇ يەرگە بارايلى.

باغدا ئالما دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا — يولۋاس تېرىسىدەك ئالا - چىبار سايىلەر جىلۋىلىنەتتى، ھەرە ئۇۋۇسىنىڭ ھىدى، ئاپتاپتا كۆيگەن توپىنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. لىستىنىتىسكىنىڭ كۆزەينىكىدە قۇياشنىڭ شولىسى شىراپىنېل ئوقىدەك چاچراپ، ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. قەيەردىدۇ، تۆمۈريول ئۈستىدە پاراۋۇز دېمىنى ئالماستىن، ئارقا - ئارقىدىن ھۆكىرەيتتى، ئاشۇ بىرخىلدا ياڭرىغان ھۆكىرەش ئارىلىقىدا گورچاكوف:

— لىلە! لىلە! سەن قەيەردە؟ — دەپ قىچقاردى. يان تەرەپتىكى خىيابانىدىن، جىغانلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئاچ سېرىق كۆينەك كىيگەن ئېگىز بوي بىر ئايال پايپاسلاپ چىقىپ كەلدى.

---

* لىلە — ئولگانىڭ ئەركىلەتمە ئاتىلىشى.

ئايال چۆچۈگەن پېتى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قولىنى كۆكسىگە بېسىپ، بىردەم تۇرۇپ قالدى - دە، كېيىن ھاي - ھايلاپ قولىنى سوزۇپ، بۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئايال شۇنچىلىك تېز يۈگۈردىكى، لىستىنىتىسكى پەقەت ئۇنىڭ يوپكىسى ئاستىدا دۈگىلەكلىنىپ تۇرغان ئىككى تىزىنىڭ لىپىگىنى، توپىلىنىڭ ئىنچىكە تۇمشۇقلىرىنى ۋە ئارقىغا تاشلانغان بېشى ئۈستىدىكى چۇۋۇق ئالتۇن چاچلىرىنى كۆردى.

ئايال، ئاپتاپتىن قىزارغان يالىڭاچ قوللىرىنى ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى - دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتىرىلىپ، ئېرىنىڭ چاڭ قونغان ئىككى مەڭزىدىن، بۇرنىدىن، كۆزىدىن، لەۋلىرىدىن ۋە ئاپتاپ بىلەن شامالدىن قارايغان بوينىدىن سۆيۈشكە باشلىدى. چوكۇلدىغان سۆيۈش ئاۋازى پىلىموت ئوقىدەك ئۈزۈلمەيتتى.

لىستىنىتىسكى ئەتراپىدىكى توزغۇپ تۇرغان تىزىمگۈلنىڭ پۇرىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆزەينىكىنى سۇرتتى - دە، كۈلۈمسىرەپ قويدى، بۇ زومۇ زو كۈلگەن ياسىما كۈلۈمسىرەشنىڭ ئەخمىقانىلىكىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەتتى.

شۇ بىر سېكۇنت داۋام قىلغان شادىمانلىق دولقۇنى بېسىلغاندا، گورچاكوف بوينىغا چىرماشقان ئايالىنىڭ قوللىرىنى ئاۋايلاپ، ئەمما قەتئىلىك بىلەن ئاجراتتى - دە، ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ، ئاستا يانغا بۇرۇلدى:

— لىلە — مېنىڭ دوستۇم لىستىنىتىسكى.

— ھە، لىستىنىتىسكىمۇ! ئىنتايىن خوشالمەن! سىز توغرىلىق ئېرىم ماڭا...، — ئۇ ھاسىراپ، بەختىيارلىقتىن ھېچنىمىنى كۆرمەي كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لىستىنىتىسكىگە يالت قىلىپ قاراپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

بۇلار قاتارلىشىپ مېڭىشتى. گورچاكوف تىرىنىغى كىر يۇڭلۇق قولى بىلەن ئايالىنىڭ قىز بالىنىڭكىدەك خېپچە بىلىكىدىن قۇچاقلىۋالغان ئىدى. لىستىنىتىسكى مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئاشۇ قولغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قوياتتى ـ دە. تىزىمگۈل ھىدىدىن ۋە ئاپتاپتا قىزىغان ئايال بەدىنىنىڭ ئەتىر بويىدىن نەپەس ئېلىپ، ئۆزىنى بەختسىز يېتىم بالىدەك ۋە بىراۋ ئۇنى ئادالەتسىزلىك بىلەن قاتتىق خورلىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بىر تۇتام ئالتۇندەك ساپ ـ سېرىق چاچ يېيىپ تۇرغان كىچىككىنە قۇلاقنىڭ ھالەك مونچىغىغا ۋە ئۆزىدىن بىر گەزلا نېرىدا تۇرغان ئايال يۈزىنىڭ يىپەكتەك مەيىن تېرىسىگە پات ـ پات قاراپ قوياتتى: ئۇنىڭ كۆزى سالمىدەك يورغىلاپ، كۆينەكنىڭ كۆكرەك ئۈستىدىكى ئويمىسىغا چۈشتى ـ دە، ئالمىدەك كىچىك، سۈتتەك ئاق ئەمچەكنى ۋە ئۇنىڭ سەل ـ پەل ئېگىلىپ تۇرغان دالچىن رەڭ ئىمىزگىسىنى كۆرۈپ قالدى. گورچاكوۋا ئۇنىڭغا ئاندا ـ ساندا روشەن زەڭگەر كۆزلىرىنى تىكىپ، مۇلايىم ۋە دوستانە نەزەر بىلەن قاراپقوياتتى، ئەمما بۇ كۆزلەر گورچاكوفنىڭ قاپ ـ قارا يۈزىگە قادالغاندا باشقىچە نۇرلىنىپ كېتەتتى، بۇنى كۆرگەندە، لىستىنىتىسكىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كېتەتتى...

لىستىنىتىسكى پەقەت چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا ئايال ئۆي ئىگىسىنىڭ جامالىنى ئوبدان كۆرەلىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن تەقى ـ تۇرقى ۋە چېھرىسىدە 30 كۈزنى ئۆتكۈزگەن بىر ئايالنىڭ سولۇپ بېرىۋاتقان سۇنئۇق گۈزەللىكى غۇۋايىرۇپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىستىھزالىق سوغاقلىقى كۆزلىرىدە، ھەركەتلىرىدە ياشلىق باھارىنىڭ تېخى سەرپ قىلىنمىغان مول بايلىقى ساقلانغان، پېچىمى تازا جايىدا بولمىسىمۇ، مۇلايىم، جازىبىدار كۆرۈنگەن يۈزىنىڭ ئانچە ئۆزگىچىلىكىمۇ يوق، ئاددىيلا بىر چىراي ئىدى.

پەقەت بىر قارىمۇ قارشىلىق ياقىال كۆزگە تاشلىناتتى: لەۋلىرى پەقەت جەنۇپنىڭ قارا چاچ ئاياللىرىدىلا بولىدىغان يۇققا، قارامتۇل قىزىل، يېرىلغان، ئىسسىق لەۋلەردەك بولۇپ، ئىككى مەڭزى قىزىل، قاشلىرى ئاق سېرىق ئىدى. كۈلگەندە يايراپ كۈلەتتى. ئۇششاق، زىچ چىشلىرى ئېچىلىپ، تەبەسسۇم قىلغاندا يادلىۋالغان بىرنەرسە باردەك قىلاتتى. ئاۋازى زىل ئەمەس، ئاھاڭدارلىق كەم. كىرگە پىشقان بىر تالاي تىببى ھەمشىرىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئىككى ئايدىن بۇيان ئايال كۆرمىگەن لىستىنىتسكىنىڭ كۆزىگە بۇ ئايال تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، ئولگانىكولايېۋنانىڭ چىڭ تېڭىۋالغان چېچىنىڭ سالمىقى بىلەن گىردىيىپ تۇرغان بېشىغا قاراپ تۇرۇپ، سوئال-لارغا ئورۇنسىز جاۋاپ بەردى - دە، كۆپ ئۆتمەي، ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە تايىن قىلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

... مانا شۇنىڭ بىلەن ھەم شىرىن، ھەم زېرىكىشلىك كۈنلەر سوزۇلۇشقا باشلىدى. كېيىن بۇ كۈنلەرنى لىستىنىتسكى ئېھتىرام بىلەن بىر - بىرلەپ ئەسكە ئېلىپ يۈردى. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا باللارچە. ئەقىلسىزلىق بىلەن ئەخمىقانە ئازاپ چەككەن ئىدى. ئەر - ئايال ئىككىسى بىر جۈپ كەپتەردەك يەككە بولۇۋېلىپ، لىستىنىتسكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشاتتى. ئۇلار لىستىنىتسكىنى ياتاق ئۆيگە يانداش بولغان ئۆيدىن ياساش بانىسى بىلەن بۇلۇڭدىكى ئۆيگە كۆچۈرۈشتى، گورچاكوف بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ، پاكىز قىرىلغان، ياشىرىپ قالغان يۈزىدە تەبەس-سۇم ئارىلاش جىددىلىكنى ساقلىغان ھالدا بۇ توغرىلىق گەپ ئاچتى. لىستىنىتسكى دوستىنىڭ قىسىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى، ئەمما نىمىشقىدۇر باشقا تونۇشلىرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈشنى خالىما-

www.uyghurkitap.com

دى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كىرىۋېلىپ، توق سېرىق چاڭ ئۇچۇپ تۇرغان سايە ئاستىدا نەرسە ئورايدىغان ئەسكى قەغەزگە بېسىلغان گېزىتلەرنى ئوقۇيتتى ياكى كىشىنى لەقۋالاشتۇرۇپ قويىدىغان ئېغىر ئۇيقۇغا چۆمۈلۈپ، كۈن ئۆتكۈزەتتى. تېگى ئاق، جىگەررەڭ چېكىم-چېكىم خاللىق چىرايلىق ئۆۋ ئىتى بۇ جاندىن جاق تويدۇرىدىغان زېرىككىشكە ئورتاقلىشاتتى. بۇ ئىت ئۈنچىقماستىن ئىگىسىنىڭ ئايالىنى كۈنلەپ، لىستىنتىسكىنىڭ قېشىغا كېلىپ ياتاتتى - دە، خورسىنىپ قوياتتى، لىستىنتىسكى ئۇنى سىلاپ، خەيرىخاھلىق بىلەن پىچىرلايتتى:

خىيال سۈر ... خىيال سۈر ... ھامان دەرتلىكسەن،
سەن غەمكىن قارايسەن ئالتۇن كۆز بىلەن...

لىستىنتىسكى يادىدا ساقلىنىپ قالغان بۇنىن* شېئىرلىرىنىڭ خۇددى ئاق لەيلىگۈل ھەسىلىدەك شېرىن، قويۇق خۇش پۇراق مىسرالىرىنى مۇھەببەت بىلەن ئېسىگە چۈشۈرەتتى - دە، يەنە ئۇيقۇغا كېتەتتى...

ئولگا نىكولايېۋنا پەقەت ئاياللارغا خاس بولغان دىت بىلەن لىستىنتىسكىنىڭ كەيپىياتىنىڭ چاغ ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يۈرەتتى. بۇرۇن بۇ ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يۈرەتتى، ھازىر لىستىنتىسكى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئۆزىنى تېخىمۇ قاتتىقراق تۇتۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قېتىم كەچقۇرۇن

* بۇنىن (1870 — 1953) — لىرىك رۇس شائىرى ھەم يازغۇچىسى. 1920 - يىلى چەتئەلگە مۇھاجىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن. 1933- يىلى نوبېل مۇكاپاتى لائۇرىياتى بولغان — ت.

شەھەر باغچىسىدىن قايتقاندا، بۇ ئىككىيلەن يانمۇ يان مېڭىشقان ئىدى (گورچاكوفنى باغنىڭ چىقىش ئىشىگى ئالدىدا گېنېرال ماركوفنىڭ پولكىدىكى بىرنەچچە تونۇش ئوفىتسېر گەپكە تۇتۇپ، يولدىن قالدۇرغان ئىدى). لىستىنىتىسكى، ئولگا-نىكولايېۋنانىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپ ماڭدى - دە، ئۇنىڭ جەي-نىگىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، تەشۋىشكە سالدى.

— نىمانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدى ئولگانىكولايېۋنا مىيىغىدا كۈلۈپ.

لىستىنىتىسكىگە ئۇنىڭ پەس ئاۋازىدا شوخلۇق، كىنايە ئاھاڭى باردەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇڭلۇق بىر بېيىت ئوقۇپ، تەۋەككۈل بىلەن كوزىر تاشلىماقچى بولدى (شۇكۈنلەردە لىستىنىتىسكى شېئىرىيەتنىڭ ئاشىقى بولۇپ قالغان ئىدى)، ئۇ بېشىنى ئېلىپ، تەبەسسۇم بىلەن پىچىرلىدى:

مەن يېقىنلىق رىشتىسىگە چىرمالدىم،
تىم قاراڭغۇ تور پەردىگە كۆز سالدىم.
كۆردۈم شۇ چاغ غايەت گۈزەل قىرغاقنى
ھەم سېھىرلىك بىر يىراقنى، يىراقنى.

ئولگانىكولايېۋنا قولىنى ئاستا بوشىتىۋېلىپ، شادىمان ئاھاڭ بىلەن مۇنداق دېدى:

— يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ، مەن يېتەرلىك دەرىجىدە... مەن سىزنىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس ... بۇ ئىشىڭىز ئۇيات ئەمەسمۇ؟ توختاپ تۇرۇڭ، توختاڭ! مەن سىزنى بىر ئاز ... باشقىچە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ئىدىم ... خوش، بۇنداق قىلىقنى توختىتىپ

قويايلى. ئۇنداق بولمىغاندا، تۈگىمەي قالغان سۆز باردەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە كىشىنىڭ ۋىجدانى كۆتەرمەيدۇ... مەن مۇنداق تەجرىبىكار ئەرلەر ئۈچۈن ئوبيېكت بولالمايمەن. سىزنىڭ يىگىتلىك قىلغىڭىز كېلىپ قالدىمۇ؟ خوپ، مەيلى، دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزمەيلى. ئەمما مۇنداق ئەخمەقلىقنى تاشلاڭ. مەن «ناتونۇش سەتەڭ» ئەمەسمەن. ئاخىر، چۈشەندىڭىزمۇ! شۇ گېپىم ماقۇل كېلەمدۇ؟ قېنى، قولىڭىزنى بېرىڭ.

لىستىنىتسكى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئالىجاناپ قەھرى-مەزمۇننى بىلدۈرگەن بولدى، ئەمما ئاخىردا رولىنى ياخشى ئورۇنلىيالماي، ئولگا نىكولايېۋناغا ئەگىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ قويدى. بۇلارنى گورچاكوف قوغلاپ يەتكەندىن كېيىن، ئولگا-نىكولايېۋنا جانلىنىپ، سىخىمۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئەمما لىستىنىتسكى جىمىقىپ، زۇۋان سۈرەلمەي قالدى، تاكى ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى-ئۆزى قاتتىق خورلىغاندەك بولدى.

ئولگا نىكولايېۋنانىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇپ، ئاشۇ چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن لىستىنىتسكى بىلەن دوست بولۇپ كېتەرمىز، دەپ سەممىمى ئىشەنگەن ئىدى. كۆرۈنۈشتە لىستىنىتسكى ئاشۇ ئىشەنچنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەندەك بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە بۇ ئايالنى ئىنتايىن يامان كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئولگىنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قۇسۇر تاپىمەن دەپ قېينىلىپ يۈرۈپ، ئاخىردا ئۆزىنىڭ ھەقىقى چوڭ ئىشقى ماجىراسىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرغانلىقىنى چۈشەندى.

دەم ئېلىش كۈنلىرى تۈگىدى، ئېڭىدا ئەلەملىك داغ قال

دى. پىدائىلار ئارمىيىسى ئۆز سېپىنى تولۇقلاپ، دىمىنى ئالغانـ
دىن كېيىن، ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆردى؛ مەركەزدىن قاچۇرما
كۆچلەر بۇ ئارمىيىنى كۇبانغا ئارتىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي،
گورچاكوفبىلەن لىستىنىتسكى نوۋوچېركاسسكىدىن كېتىشتى.

ئۇلگا بۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ قارا ئەتلەس كۆيـ
نىكى تۇتۇقراق كەلگەن ھۆسىن - چىرايىنى ئېنىق كۆرسىتىپ
تۇراتتى. ياش يۇقى كۆزلىرى كۈلۈمسىرەيتتى، خۇنۇك پولتىيىپ
تۇرغان لەۋلىرى يۈزىگە ياش بالىنىڭ چىرايىدەك مەسۇم، ھاياـ
جانلىق ئىپادە بەرگەن ئىدى. لىستىنىتسكىنىڭ خاتىرىسىدە ئولـ
گانىكولايېۋنانىڭ چىرايى خۇددى شۇ پېتى ساقلىنىپ قالدى.
لىستىنىتسكىبۇ ئايالنىڭ يارقىن ئۆچمەس سىماسىنى گويا ئېرىـ
شىپ بولمايدىغان شۆھرەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر نەرسە دەپ بىـ
لىپ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قانلىق ۋە يىرگىنىشلىك ھاياتى
ئىچىدە ئۇزاق ۋاقىت، ئېتىۋار بىلەن يادىدا ساقلاپ كەلدى.

ئىيۇن ئېيىدا پىدائىلار ئارمىيىسى ئۇرۇشقا كىرىشىپكەتـ
تى. دەسلەپكى جەڭدىلا ئۈچ دىۋىزىيىلىك سىنارەت پارچىسى روتـ
مىستىر گورچاكوفنىڭ ئۇچەي - باغرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى.
شىرىكلىرى ئۇنى ئالدىنقى سەپتىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىشتى. بىر
سائەتتىن كېيىن ئۇ توت چاقلىق ھارۋا ئۈستىدە قانسىراپ يېـ
تىپ، لىستىنىتسكىگە مۇنداق دىدى:

— مەن ئۆلۈپ كېتىشنى ئويلىمايمەن... مېنى مانا ھاـ
زىر ئوپېراتسىيە قىلىدۇ... خلوروفورم* يوق دىيىشىۋاتىدۇ...
ئۆلۈشكە ئەرزىمەيدۇ. سىنىڭچە قانداق؟ ئەمما ھەر ھالدا

* خلوروفورم — ئۇخلىتىدىغان، ھۇشىدىن كەتكۈزىدىغان خلورلىق رەڭـ
سىز سۇيۇقلۇق.

ئىنسانچىلىق... مەن ئەقلىم تېخى جايىدا چاغدا دەۋاتىمەن...
يەنە شۇنىڭدەك... يېۋگېنىي، لىلەنى تاشلاپ قويما. مېنىڭمۇ،
ئۇنىڭمۇ ئۇرۇق - تۇققانلىرىمىز يوق. سەن ھالال، ياخشى
ئادەم. ئۇنىڭغا ئۆيلەن... ياكى ئۆيلىنىشنى خالىمامسەن؟...

ئۇ يېۋگېنىيگە يىلىنىش ۋە ئۆچ كۆرۈش نەزىرى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ كۆكسىرىپ كەتكەن، قىرىلمىغان ساقاللىق يۈزلىرى دىرىلداپ تىترەيتتى. ئۇ يىرىلغان قوسىقىنى قان ۋە توپا بىلەن بۇلغانغان ئالقىنى بىلەن ئاۋايلاپ بېسىپ، لېۋىدىكى قىزىل كۆپۈكنى يالاپ قويۇپ مۇنداق دىدى:

— ۋەدە بېرەلەمسەن؟ ئۇنى تاشلىۋەتمە... ئەگەر رۇس سولداتلىرى سېنىمۇ مانا بۇنداق كېلىشتۈرۈپ بىزەپ قويمىسا. ۋەدە بېرەمسەن؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ئۇ ياخشى ئايال. — ئۇنىڭ پۈتۈن ئەپت - بەشىرىسى سەت تاتىرىپ كەتتى. — ئۇ تۇرگېنېۋ تەسۋىرىدىكىدەك بىر ئايال... ھازىر مۇنداق ئايال يوق... ھېچ ئۇندىمەيسەنغۇ؟

— ۋەدە بېرىمەن.

— خوپ، ئەمدى يولۇڭغا ماڭ!... خەير - خوش!...

ئۇ لىستىنىتسكىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، تىترەپ تۇرۇپ، ئۇنى قاتتىق قىسىنچاققا ئالدى، ئاندىن قوپال، تەلۋىلەرچە ھەركەت بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتتى - دە، كۈچىنىشتىن تېخىمۇ بەتتەر تاتىرىپ كەتتى، تەردىن نەملەنگەن بېشىنى سەل كۆتىرىپ، كۆپۈپ كەتكەن لېۋىنى لىستىنىتسكىنىڭ قولىغا يېپىشتۇردى. شۇندىن كېيىن ئالدىراش شىنىلىنىڭ ئېتىكى بىلەن بېشىنى يۆركەپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى، ئىزتىراپقا چۈشكەن لىستىنىتسكى شۇ ئارىدا ئۇنىڭ لېۋىدىكى سوغاق تىترەكنى، كۆز يېشى ئارىلاپ ئېقىۋاتقان يۈزىنى يالت قىلىپ كۆرۈپ قالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن گورچاكوف ئۆلدى. يەنە بىر كۈن ئۆتـ
كەندىن كېيىن لىستىنىتسكىنىڭ سول قولىغا ۋە يانپىشىغا ئوق تېگىپ
ئېغىر يارىدار بولغانلىقتىن، ئۇنى تېخورىتسكايا غا يولغا سېلىشتى.

كورېنوۋسكايا كەنتى بوسۇغىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتـ
تىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. لىستىنىتسكى ئۆزىنىڭ پولكى بىـ
لەن ئىككى قېتىم ھۇجۇمغا ۋە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 3 - قېـ
تىم ئۇنىڭ بىر باتالىيونى ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ جەڭگە كىردى.
روتا كوماندىرىنىڭ: «ياتما!»، «ياش بۆركۈتلەر، ئالغا!»،
«كورنىلوفنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئالغا!» دىگەن ھايقىرىغىنىڭ تۈرتـ
كىسى بىلەن لىستىنىتسكى ئورۇلمىغان بۇغدايلىق بىلەن سوـ
كۇلداپ ئالغا يۈگۈردى، ئۇ سول قولىدىكى ھەربى تۆمۈر گۈرـ
جەكنى بېشىغا قالقان قىلىپ، ئوڭ قولى بىلەن مىلتىقنى مەھـ
كەم سىقىملاپ ماراتتى. بىر قېتىم ۋىژىلداپ كەلگەن بىر ئوق
گۈرجەككە تاس قىلىپ تېگىپ سىرغىلاپ كەتتى - دە، لىستىنىـ
تىسكى گۈرجەكنىڭ سېپىنى ئوڭلاپ تۇتۇۋېتىپ، يۈرىگىنىڭ خوـ
شاللىقتىن جىغ قىلىپ كەتكەنلىگىنى ھېس قىلدى: «تەگمەي
ئۆتۈپ كەتتى!» ئەمما كېيىن قىسقا، ئىنتايىن شىددەتلىك بىر
زەربە ئۇنىڭ قولىنى يان تەرەپكە ئىتتىرىپ تاشلىدى، قولىدىن
گۈرجەك چۈشۈپ كەتتى، بېشىدا قالقان بولمىسىمۇ، لىستىنىتىسـ
كى قىزىقچىلىقتا يەنە ئون ساجىندەك يەرگە يۈگۈرۈپ باردى.
ئۇ مىلتىقنى ئالدىغا قارىتىپ تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئەمما فوـ
لىنى كۆتىرەلمىدى. ئاغرىق، قېلىپقا قوغۇشۇن قۇيۇلغاندەك ئېـ
غىر سالماق بىلەن ھەر بىر بوغۇنلىرىغا ئېقىپ كىردى. بىر چۆـ
نەكنىڭ بېشىغا يانپاشلاپ يېتىپ، بىر نەچچە قېتىم ئۆزىنى ئوڭـ
لىيالماي ۋاقىرىۋەتتى. ئۇ مىدىرلىماي ياتقاندا، ساغرىسىغا يەـ
نە بىر ئوق تەگدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىينىلىپ، تولغىنىپ، ئاسـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تا ھوشىدىن كەتتى.

تىخورېتسكايادا ئۇنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن قولىنى كېسىپ تاشلىدى. ساغرىسىدىن سۆڭەك سۇنۇقلىرىنى ئالدى. ئۇ ئۈمىتسىزلىك، ئاغرىق ۋە زېرىكىش بىلەن ساق ئىككى ھەپتە ياتتى. كېيىن ئۇنى نوۋوچېركاسسكىغا ئېپكېلىپ قويۇشتى. يەنە 30 كېچە - كۈندۈزنى ھەربىي شىپاخانىدا ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئىڭىقنى يەڭگىشلەپ تۇرۇش، ھەمشىرە، دوختۇرلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان يۈزلىرى، يود ۋە كاربون كىسلاتاسىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى ... ئولگا نىكولايېۋنا ئاندا - ساندا كېلىپ تۇراتتى. ئىككى مەگزى كۆكۈش سېرىق تۈس ئالغان، ماتەم - مۇسىبەت خاراپ بولغان كۆزلىرىدىكى يىغا بىلەن توگىتەلمىگەن قايغۇ - ھەسرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. لىستنىتسكى ئۇنىڭ نۇرسىزلانغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇندىمەي ياتاتتى. ئۇ يالغانلىقتىن كۆينىكىنىڭ بوپ - بوش يېڭىنى، ئوغرىلىقچە يوتقاننىڭ ئىچىگە يوشۇراتتى. ئولگا نىكولايېۋنا ئېرىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى خالار - خالىماستىن مۇڭداپلا سوراپ قويدى. ئۇ كېسەل كارىۋاتلىرىغا ئالاچەكمەنلىك بىلەن قاراپ، گەپكە پەرىشانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى. لىستنىتسكىنى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئولگانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئولگا نىكولايېۋنا ئۇنى پەلەمپەينىڭ ئالدىدا كۈتۈۋالدى. لىستنىتسكى قىسقا قىرقىلغان قىلىن ئاق چاچ يېپىپ تۇرغان بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيگەندە، بۇ ئايال تەتۈر قاراۋالدى. لىستنىتسكى ساقلىنى ئالايتەن پاكىز قىرغان ئىدى، ئۈستىدىكى ئالىپتە ھەربىيچە كەمزۇلى ئاۋالقىدەكلا قەددىگە تۇخساسىز چىپپىدە كەلگەن، ئەمما ئىچى بوپ - بوش قالغان بىر يېڭى ئۇنى ئازاپلاپ، تەشۋىشلەندۈرەتتى، — داكا بىلەن تېڭىل-

ھان قولىنىڭ قىسقىلا چولاق غولى يەڭنىڭ ئىچىدە دىر - دىر
مىدىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. لىستىنىتسكى تېخى ئورۇندۇققا
ئولتۇرماستىنلا سۆز باشلىدى:

— بورىس ۋاپات قىلىش ئالدىدا مەندىن ئۆتۈنۈپ ...
سىزنى تاشلىماسلىقىم توغرىلىق مەندىن ۋەدە ئالغان ئىدى ...

— بىلىمەن.

— نەدىن بىلىسىز؟

— ئۇنىڭ ئاخىرقى يازغان خېتىدىن ...

— ئىككىڭلار بىللە بولساڭلار دەپ خاھىش بىلدۈرگەن
ئىدى ... ئەلۋەتتە، سىز رازى بولغان تەقدىردە، ئەگەر مەجرۇھ
بىلەن تىكالىنىش سىزگە ماقۇل كەلسە ... ماڭا ئىشىنىشىڭىزنى
سورايمەن ... ھازىر ئىشق - مۇھەببەت توغرىلىق سۆز ئېچىش
نىڭ ۋاقتى ئەمەس، چۈنكى مەرھۇمنى ھۆرمەتلىمىگەنلىك بولىدۇ،
ئەمما سىزنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىڭىزنى سەمىمى خالايمەن.

لىستىنىتسكىنىڭ خىجىللىقتا قالغان تۇرقى ۋە باغلاشمايدى-
غان ھاياجانلىق سۆزى ئولگا نىكولايېۋنانى تەسىرلەندۈردى.

— مەن بۆنى ئويلىغان ... مەن رازى.

— بىز ئاتامىنىڭ ئىگىلىكىگە كېتىمىز.

— ياخشى.

— قالغان ئىشنى كېيىن رەسمىيلەشتۈرسەك بولار دەيمەن؟

— شۇنداق.

لىستىنىتسكى، ئولگا نىكولايېۋنانىڭ جانان چىنىسىدەك
يېنىك قولىغا ئېھتىرام بىلەن لېۋىنى تەككۈزۈپ، ئىستائەتلىك
كۆزلىرىنى يۇقۇرى كۆتەرگەندە، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم
كۆلەڭگىسى يالت قىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

مۇھەببەت ۋە شەھۋانىي خاھىش ئىستىنىتسكىنى ئۆلگىغا تارتىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆلگىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەربىي تۇرمۇشنىڭ جاپاسىدىن چارچىغان يۈرەك چۆچەكتىكىدەك بىر تۇرمۇشقا تەلپۈنەتتى. ياڭغۇز قالغان چېغىدا كىلاسسىك رومانلارنىڭ قەھرىمانلىرىدەك، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى، ھېچقاچان ۋە ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان قانداقتۇ يۈكسەك بىر تۇيغۇنى ئۆزىگە سەۋرچانلىق بىلەن ئىزلەيتتى، بەلكىم ئۇ، شۇنداق تۇيغۇ بىلەن ئۆزىنىڭ قىپ - يالىڭاچ ئاددىي شەھۋەتپەرەسلىكىنى نىقاپلاپ، پەدەز بەرمەكچى بولغاندۇ. لېكىن ئەپسانىنىڭ بىر قانىتى چىنلىققا تېگىپ تۇراتتى: ياڭغۇز نەپسىنى قاندۇرۇشقا ئىنتىلىشنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن باشقا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر رىشتە ئۇنى تۇرمۇش يولىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ئاشۇ ئايالغا باغلاپ قويدى. ئۇ ھازىر ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان تۇيغۇنى غۇۋا چۈشىنىپ تۇراتتى، ئۇ پەقەت بىر نەرسىنى: ئۆزى مېيىپ بولۇپ، ھەربىي سەپتىن چىقىرىپ تاشلانغان تۇرۇقلۇق، «مەن نېمىنى قىلسام بولۇۋېرىدۇ»، دەيدىغان يۈگەنسىز ياۋايى بىر تۇيغۇ ئۆز ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق ھېس قىلاتتى. ھەتتا ئۆلگا ئۈچۈن قايغۇلۇق بولغان، ئېغىر مۇسىبەتنىڭ ئاچچىق ھەسرىتىنى چېكىۋاتقان ماتەم كۈنلىرىدىمۇ، ئىستىنىتسكى ئۆلگەن گورچاكوفقا رەشك قىلىپ، ئۆلگىغا خۇشتار بولدى، ئۆلگىدەك خۇشتار بولدى... ھايات قۇتۇرغان قاينام - تاشقىنىدەك كۆپۈكلەشتى. مىلتىق دورىسى بۇرنىغا پۇراپ تۇرغان، يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن كاللىسى ئايلىنىپ تەمتىرەپ قالغان كىشىلەر بۈگۈنكى كۈن غەنىيمەت، بىر كۈن بولسىمۇ ياشىغىنىمىز ياشىغان دەپ ھاياتقا تەشنالىق بىلەن تەلپۈ-

نەتتى. بەلكىم، يېۋگېنىي نىكولايېۋىچنىڭمۇ، ئۆلۈمگە جېنىنى ئا-
تاپ مېڭىۋاتقان ئىشىنىڭ مۇقەررەر ھالاكەتلىك ئىكەنلىكىنى غۇۋا
چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆز ھاياتىنى ئۆلگىنىنىڭ ھاياتىغا بىر تۈگۈن
قىلىپ باغلاشقا ئالدىراۋاتقانلىقى ئاشۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك.

ئۇ ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ۋە پات ئارىدا ئايالى بىلەن بىللە
ياگودنويىغا بارىدىغانلىقىنى ئاتىسىغا خەت ئارقىلىق خەۋەر
قىلدى:

«... مەن ئۆزەمگە تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بولدۇم. مەن
ھىلىھەم بولسا بىر قولۇم بىلەن توپىلاڭ كۆتەرگەن رەزىللەرنى
يوقىتىشقا قادىرمەن، ئاشۇ لەنىتى ‹خەلق›نىڭ تەقدىرى ئۈستىدە
رۇسىيە زىيالىلىرى نەچچە ئون يىل يىغلىغان ۋە شۆلگەيلىرىنى
ئېقىتقان ئىدى، ئەمما ھازىر راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىش ماڭا
ياۋايىلىق، مەنىسىز بىر ئىشتەك تۇيۇلىدۇ... كىراسنوف، دېنىكىن
بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدۇ: ھەر ئىككى لاگېر ئىچىدە ئۆزئارا زى-
يانكەشلىك قىلىش، بىلە - نەيرەڭ، رەزىللىك، پەسكەشلىك بار.
ئاخىرى نىمە بولاركىن؟ مەن ئەمدى بىر قولۇم بىلەن سىزنى قۇ-
چاقلاش ئۈچۈن، سىرتتا تۇرۇپ كۆرەشنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۆيگە
قايتىپ بارىمەن،مەن ئەمدى سولدات بولالمايمەن، جىسمانىي جە-
ھەتتىنمۇ، روھىي جەھەتتىنمۇ مېيىپ كىشىمەن. مەن ھاردىم،تەس-
لىم بولۇپ، قول كۆتىرىمەن. مېنىڭ ئۆيلىنىشىممۇ، ‹تىنىچ قارار-
گاھ› تېپىشقا ئىنتىلىشىممۇ بىر تەرەپتىن ئاشۇ سەۋەپتىن كېلىپ
چىققان بولۇشى مۇمكىن» — ئۇ خەتنى قايغۇلۇق - ئىستىھزالىق
قوشۇمچە بىلەن ئاياقلاشتۇردى.

ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن نوۋوچېركاسسكىدىن يولغا چى-
قىشنى قارار قىلدى. يولغا چىقىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن
لىستنىتسكى،گورچاكوۋانىڭ ئۆيىگە بىر يولىلا كۆچۈۋالدى. بۇ-

www.uyghurkitap.com

لار بىر كېچە سىللە بولغاندىن كېيىن، ئولگا نېمىشقىدۇ جۈدەپ،
ئۆڭكى قاچقىلى تۇردى. شۇندىن كېيىنمۇ بۇ ئايال ئۇنىڭ بېپىش-
قاقلىغىغا يول قويۇپ يۈردى، ئەمما يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال-
دىن ئېغىر ئازاپ چېكەتتى ۋە ئىچىدە ھاقارەتلەنگەن ئىدى.
لىستىنتىسكى ئۇنى بىلمەيتتى ياكى بىلىشنى خالىمايتتى، چۈنكى
ئۇلارنى باغلاپ تۇرغان مۇھەببەتنى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئۆچ-
مەنلىكنى ھەرقايسىسى ئۆز ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيتتى.

يولغا چىقىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردا يېۋگېنىي ئاكسىنىيەنى
خالا - خالىماستىن، ئاندا - ساندا ئويلايدىغان ئىدى. ئاپتاپ-
نى قول بىلەن توساپ پانالانغاندەك، ئاكسىنىيە توغرىسىدىكى
ئوي - پىكىردىنمۇ پانالىنىپ يۈرەتتى. ئەمما ئاكسىنىيە بىلەن
بولغان ئالاقە توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خى-
لاپ ھالدا، تۆگلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرىدەك، ئۇنىڭ ئېسىگە
چۈشۈپ، بىئارام قىلاتتى. بىر چاغدا ئۇ: «ئۇنىڭ بىلەن بولغان
ئالاقەمنى ئۈزمەيمەن. ئۇ ماقۇل دەيدۇ»، دەپ ئويلىغان ئىدى.
ئەمما بۇ ئوينى ئىنساپلىق بولۇش تۇيغۇسى يېڭىپ چىقتى - دە،
ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئىمكانىيەت
يار بەرسە، ئايرىلىپ كېتىشكە قارار قىلدى.

4 - كۈنى كەچقۇرۇن ئۇلار ياگودنويىغا يېتىپ كېلىشتى.
قېرى خوجايىن ئۆز ئىگىلىگىدىن بىر چاقىرىم يەرگىچە قارشى
ئالغىلى چىقىپ، ئەر - ئايال ئىككى ياشنى كۈتۈۋالدى. يېۋگېنىي
ئاتىسىنىڭ بەيگە ھارۋىسىنىڭ ئورۇندۇغىدىن پۈتىنى تەسلىكتە
يۆتكەپ پەسكە چۈشكەنلىگىنى، بېشىدىن شلەپىسىنى ئالغانلىغى-
نى يىراقتىنلا كۆرۈپ تۇردى.

— ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى قارشى ئالغىلى چىقتۇق. قې-
نى، ماڭا قاراڭلار، دىدارىڭلارنى بىر كۆرەي...، — دىدى چال

بوم ئاۋاز بىلەن ئاندىن كېلىنىنى ئوڭايسىزلىق بىلەن قۇچاقلاپ، تاماكا تۈتۈنىدىن يېشىل - ئاق تۈس ئالغان بۇرۇتى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى ئىدىقلاپ قويدى.

— دادا، بىزنىڭ قېشىمىزغا ئولتۇرۇڭ! كۈچىر، تارت هارۋاڭنى! هە، ساشكا بوۋا، سەنمىدىڭ، سالامەتمۇ سەن؟ هايات بار ئىكەنسەن! مېنىڭ ئورنۇمغا ئولتۇرۇڭ، دادا، مەن مۇنۇ كۈچىرنىڭ يېنىغا ئولتۇرىمەن.

چال ئولگىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، ياغلىغى بىلەن بۇرۇتىنى سۈرتتى - دە، ئۆزىنى تۈتۈۋالغان هالدا، مەردانە نەزەر بىلەن ئوغلىغا قارىدى.

— خوش، قانداق ئەهۋالىڭ، دوستۇم؟

— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمگە ئىنتايىن خۇرسەنمەن!

— مەجرۇهمەن دىدىڭمۇ؟

— نىمە ئىلاجىم بولسۇن؟ مەجرۇه بولۇپ قالدىم.

ئاتىسى يېڭىگىنىگە ئىچ ئاغرىغانلىق ئىپادىسىنى جىددى تۈس بىلەن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭ يېشىل مۇندىرىنىڭ كەمەرگە قىستۇرۇقلۇق تۇرغان بىر پاي ئىچى قۇرۇق يېڭىنى كۆرگۈسى كەلمەي، ئوغلىغا ياسىما خاتىرجەملىك بىلەن قايتا - قايتا قاراپ قويدى.

— هېچگەپ يوق، كۆنۈپ قالدىم، — دىدى يېڭىنى مۈرىسىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ.

— ئەلۋەتتە، كۆنۈپ قالىسەن، — دىدى چال ئالدىراپ سۆزلەپ، — بېشىڭ ئامان بولسا بولدى. غالىپ بولۇپ كېلىپسەن... شۇنداقمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە، غالىپ بولۇپ قايتىپ كەلدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسىرگە ئېلىنغان مۇنۇ گۈزەل كېلىنچەك بىلەن قايتىپ كەپسەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

يېڭىنى نازاكەتلىك، بىر ئاز قىزىرىپ مۇلايىملىشىپ قالغان ئاتىسىغا زوقلىنىپ قاراپ، كۆز ئىشارىسى بىلەن ئولگىدىن: «بىزنىڭ چال قانداق ئىكەن؟» دەپ سورىغاندەك بولدى - دە، ئولگىنىڭ خېلىلا زوقلىنىپ كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرىنىڭ ئىللىق نۇرىدىن ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ياققانلىقىنى سۆزسىزلا چۈشەندى.

سۇر يېرىم يورغا ئاتلار قىيانىڭ ئېتىكى بويلاپ كالياسكىنى ئىلدام تارتىپ كېلىۋاتاتتى. دۆڭدىن چۈشكەندە ئىمارەتلەر، باغۇ بوستانلارنىڭ قاتار كەتكەن يېشىل يايلى، تېمى ئاقارتىلغان ئۆي، دەرىزىلەرنى توساپ تۇرغان ئېرەن دەرەخلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— نېمە دېگەن ياخشى جاي! ئوھۇ، ئەجەپ ياخشى ئىكەن! — دېدى زوقتا چۆمگەن ئولگا.

هويلىدىن چىققان قارا ئۇۋ ئىتلىرى ئىرغىپ چىقىپ بۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار كالياسكىنى ئورىۋېلىشتى. ئارقا تەرەپتىن هارۋىغا ياماشقان بىرسىنى ساشكا بوۋا قامچا بىلەن تارس قىلىپ بىرنى سېلىپ، ئاچچىقى بىلەن ۋاقىرىدى:

— چاقنىڭ ئاستىدا قالىسەن، ئىبلىس! نېرى كەت!

يېڭىنى ئاتلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى؛ ئاتلار ئاندا - ساندا پۇشقۇراتتى، شامال ئۇششاق تامچىلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، يېڭىنىنىڭ بويىنىغا پۈركەيتتى.

ئۇ ئاتىسىغا، ئولگىغا، باشاق تۆكۈلگەن يولغا، ئاستا - ئاستا كۆتىرىلىپ، يىراقتىكى قىرنى، ئۇپۇقنى توساشقا باشلىغان دۆڭگە كۆز تىكىپ كۈلۈمسىرەيتتى.

— نېمە دېگەن خىلۋەت! نېمە دېگەن جىمجىت جاي...

ئولگا كۈلۈمسىرەپ، يولنىڭ ئۈستىدىن ئۈنسىز ئۇچۇپ ئۆتكەن قارا قاغىلارنى، ئارقىدا قېلىپ كېتىۋاتقان يېمەن ۋە

قاشقا بىدە غوللىرىنى كۆزى بىلەن ئۈزىتىپ ئولتۇراتتى.

— بىزنى قارشى ئالغىلى چىقىشىپتۇ، — دېدى قېرى خوجايىن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

— كىم؟

— مالايلار.

يېۋگېنىي بۇرۇلۇپ قاراپ، تۇرغانلارنىڭ يۈز - چىرايىنى تېخىچە پەرق قىلالماي، ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئاكسىنىيە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئاكسىنىيەنىڭ يۈزىدە ھايا جانلىنىش ئالامەتلىرى سېزىلەر دەپ كۈتكەن ئىدى، ئەمما كالىياسكا تاراسلاپ چېپىپ كېلىپ دەرۋازا بىلەن تەڭلەشكەندە، يېۋگېنىينىڭ يۈرىكى جىغىلدە قىلىپ، ئوڭ تەرەپكە قارىدى - دە، ئاكسىنىيەنى كۆردى. ئاكسىنىيەنىڭ سالماقلىق - شادىمان، كۈلۈپ تۇرغان چىرايى يېۋگېنىينى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ يەلكىسىدىن گويا ئېغىر بىر يۈك پەسكە چۈشكەندەك بولۇپ، كۆڭلى تەسكىن تاپتى، بەرگەن سالاملارغا بېشىنى ئېگىپ قويدى.

— بۇ نېمە دېگەن بالا - قازادەك گۈزەللىك؟ بۇ كىم؟... كىشىنىڭ جېنىغا تەككۈدەك چىرايلىق ئىكەن، راست ئەمەسمۇ؟— ئولگا زوقلانغان كۆز بىلەن ئاكسىنىيەنى كۆرسەتتى.

ئەمما يېۋگېنىينىڭ مەرتلىكى تۇتتى، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ، سوغاق قانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى:

— ھەئە، چىرايلىق ئايال. بۇ بىزنىڭ خىزمەتكارىمىز.

× ×

ئولگىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئائىلىدىكى ھەممە كىشىلەرگە ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزدى. ئىلگىرى كۈن بويى ئۆي ئىچىدە كەچ

لىك كۆيىنەك ۋە ئىسسىق توقۇما ئىشتان بىلەن يۆرىدىغان قىرى خوجايىن ساندۇقتىن نافتالىن پۇرايدىغان ھەربى پەلتۇسىنى گېنېراللىق شىمىنى ئالغۇزدى. ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ئانچە ئىش تۇتمايدىغان ئادەم، ئەمدىلىكتە دەزمالللانغان كىيىمدە كىچىك كىنە تۈرۈك قالغان بولسا ئاكسىنيەگە ۋاقىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئاكسىنيە ئەتىگەندە ئۇنىڭغا ئۆتۈكىنى تازىلىماي بەرسە، كۆزىنى ئالايتىپ قارايدىغان بولدى، ئۇ ھەردائىم ساقىلىنى پاكىز قىرىپ، يۈزىنى پاقىرىتىپ يۈرەتتى، بۇ ھال يېۋگېنىينى سۆيۈندۈرۈپ تاڭ قالدۇردى.

ئاكسىنيە، بىر كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن سەزگەندەك، ياش خوجايىن ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئىبلىشقا تىرىشاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا خوشامەتكۇيلۇق، ئىتائەتكارلىق بىلەن باش ئېگىپ، جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلاتتى. لىزكىرىيە تاماقنى ياخشىراق ئېتىش ئۈچۈن بەك كۈچلىنەتتى، بولۇپمۇ ئىنتايىن تەملىك، دورا - دەرمان قوشۇپ ياسالغان سۈيۈق - سەلەڭ ئۆگرىلەرنى ئىجات قىلىشتا ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قېرىپ ھالى قالمىغان ساشكا بوۋايغىمۇ ياگودنويىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى تەگمەي قالمىدى. بىر كۈنى خوجايىن ئۇنى پېشايۋان ئالدىدا ئۇچرىتىپ، باشتىن - ئايىغىچە بىر قاراپ چىقتى - دە، قاتتىق بىر ھومىيىپ، بارمىقى بىلەن ئىملاپ ئالدىغا چاقىردى.

— مۇنۇ نىمەڭ، ئىتنىڭ بالىسى، ھە؟ — خوجايىن كۆزىنى دەھشەتلىك ئالايتۇردى. — ئىشتىنىڭ قانداق تۇرۇپتۇ، ھە؟

— قانداق تۇرۇپتۇ؟ — ساشكا بوۋا قوپاللىق بىلەن جاۋاپ بەردى، ئەمما خوجايىنىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سوراق

قىلىش ۋە تىترىگەن ئاۋازىدىن ئۆزىمۇ بىر ئاز گاڭگىراپ قالدى.

— ئۆيدە ياش ئايال تۇرسا، سەن نومۇسسىز، مېنى گۆرگە يولغا سېلىشنى خالامسەن؟ نىمىشقا ئىشتىنىڭنىڭ ئارقا تۆگمىسىنى قادىمىدىڭ، سېسىق ئۆشكە؟ قېنى ئېيتقىنا؟!

ساشكا بوۋا خوجايىنغا بىر ئەدەپسىز سۆز ئېيتماقچى بولۇۋىدى، ئەمما خوجايىنى ياش ۋاقتىدىكىدەك پۈتى بىلەن يەرنى شۇنداق قاتتىق تەپتىكى، كونا پوسوندا تىكىلگەن تۆمشۇغى ئۇچلۇق ئۆتۈكنىڭ پاشىنىسى ئاجراپ، زەردە بىلەن ۋاقىرىدى:

— ماڭ، ئات ئېغىلىغا! قەدەملەپ مارش! لۇكېرىيىنگە ئېيتىپ سېنى قايناق سۇ بىلەن پەتلىتىمەن! ئۇستۈڭدىكى كىرنى قىرىپ چىقار، هايۋان!

يېۋگېنىي دەم ئېلىشقا كىرىشتى، قولىغا مىلتىق ئېلىپ، ئېدىر ئارىلاپ، تېرىقى ئوروۋېلىنغان ئېكىنزىلىقنىڭ قېشىدا كەكلىك ئېتىپ يۈردى. پەقەت بىر ئىش ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ ئاكسىنىيە مەسىلىسى ئىدى. ئەمما بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئاتىسى يېۋگېنىينى ئالدىغا چاقىردى-دە، ئىشىك تەرەپكە ئېهتىيات بىلەن بىر قارىۋېلىپ، كۆزىنى باشقا تەرەپكە قاچۇرۇپ، سۆز باشلىدى:

— مەن، مانا كۆردۈڭمۇ... سېنىڭ شەخسى ئىشىڭغا ئارىلاشقانلىغىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر، بىراق مەن سېنىڭ ئاكسىنىيە بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئويلاۋاتقانلىغىڭنى بىلگۈم كېلىدۇ.

يېۋگېنىي ئالدىراش تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىش بىلەن

ئۆزىنى بىلدۈرۈپ قويدى. ئۇ، بۇ يەرگە كەلگەن كۈنىدىكىدەك، يۈزى لاپپىدا ئوت ئالدى-دە، قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تېخىمۇ بەتتەر قىزىرىپ كەتتى.

— بىلمەيمەن... ئاددىسى بىلمەيمەن...، — ئۇ چىن يۈرىكىدىن ئىقرار بولدى.

چال دادىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن بىلىمەن، ماك. هازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەش، ئۇنىڭغا پۇل بەر. چېكىنىش سوممىسى بېرىپ رازى قىل،— چال سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.— ئۇنىڭدىن ئۆتۈنگىن، بۇ يەردىن كەتسۇن، بىز باشقا بىرسىنى تېپىۋالارمىز.

يېۋگېنىي دەرھاللا خىزمەتكارلار ئۆيىگە باردى.

ئاكسىنىيە ئىشىكىكە ئارقىسىنى قىلىپ، خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى، يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان بولۇپ، سېمىز قاراقۇمچاق قوللىرىنىڭ مۇسكۇللىرى ئويناپ تۇراتتى. يېۋگېنىي ئۇنىڭ چوك كەمەن قىلىپ تۈگۈۋالغان مەيىن چاچلىرى ئاستىدىكى بويىنىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئاكسىنىيە، مەن سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەن. بىرمىنۇت بۇ ياققا چىقىسىڭىزچۇ،— دېدى.

ئاكسىنىيە شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، گۈل - گۈل ئېچىلىپ تۇرغان يۈزىگە ئىلتىپاتلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق تۇسىنى بېرىشكە تىرىشتى. ئەمما يېۋگېنىي، ئۇنىڭ يېڭىنى چۈشۈرۈۋاتقاندا بارماقلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— مەن هازىر،— ئاكسىنىيە ئاشپەز ئايالغا قورقۇمسىراپ يالت قىلىپ قارىدى-دە، خوشاللىقنى بېسىشقا ئامالسىز قېلىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا يېۋگېنىينىڭ قېشىغا چىقتى.

پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدە يېۋگېنىي ئۇنىڭغا:

— باغقا بارايلى، بىر سۆزلىشىۋېلىش لازىم بولۇپ قالدى.

— بولىدۇ، بارايلى،— دېدى ئاكسىنىيە شادىمان بولۇپ، ئۇ يېۋگېنىينىڭ تەكلىۋىگە جان دەپ قوشۇلدى، چۈنكى بۇ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ باشلىنىشىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى.

يول ئۈستىدە يېۋگېنىي پەس ئاۋاز بىلەن:

— سېنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئاكسىنىيە قاراڭغۇدا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقان ئىدى، يېۋگېنىي شارتلا قولىنى بوشىتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاكسىنىيە ھەممىنى چۈشەندى ـ دە، تۇرۇپلا قالدى.

— نېمە گېپىڭىز بار ئىدى، يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ؟ مەن نېرىغا بارمايمەن.

— خوپ، بىز مەشەدە سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ. گېپىمىزنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ ...، — يېۋگېنىي ئالدىراپ قالدى، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سۆزىنىڭ تورىغا چىرمالدى، — سەن مېنى چۈشىنىشىڭ كېرەك، مەن ھازىر سەن بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئۆتەلمەيمەن ... مەن، سەن بىلەن تۇرالمايمەن ... چۈشىنىۋاتامسەن؟ چۈنكى مەن ئەمدى ئۆيلەنگەن كىشىمەن ۋە ھالال كىشى بولغانلىقىمدىن پەسكەش ئىشلارنى قىلالمايمەن... بۇنىڭغا ۋىجدانىم يول قويمايدۇ، — دېدى ئۇ، ئۆزىنىڭ تەنتەنىلىك سۆزلىرىدىن قىينىلىپ، ئويۇلۇپ.

شەرق قاراڭغۇلىشىپ، يېڭىلا كەچ كىرگەن ئىدى.

غەرپتە كەچكى شەپەقتىن كۆيگەن بىر پارچە ئاسمان قى-

زىرىپ تۇراتتى. خاماندا «هاۋارايى سەۋىۋى بىلەن» چىراقنىڭ يورۇغىدا ئاشلىق تېپىۋاتاتتى، ئۇ يەردە ماشىنىنىڭ تومۇرى يۇقۇرى سۈرئەتتەقاتتىق سوقۇپتۇراتتى، ئىشچىلار گۇدۇڭ-گۇدۇڭ سۆزلىشەتتى؛ يەپ تويماس مولوتىلىكىغا تىنماستىن يەم بېرىپ تۇرغان چىغرىق چىشلىرى بوغۇق ۋە بەختىيار ئاۋاز بىلەن: «ئەپكەل! ئەپكەل! بول چاپسان!» دەپ چىقىرايتتى. باغنىڭ ئىچى سوكۇناتقا چۆمگەن، قىچىشقاق ئوت، بۇغداي، شەبنەم پۇرىقى كېلەتتى.

ئاكسىنىيە ئۈنچىقمايتتى.

— گېپىڭ بارمۇ؟ نىمىشقا ئۈنچىقمايسەن، ئاكسىنىيە؟

— مېنىڭ ئېيتىدىغان گېپىم يوق.

— مەن ساڭا پۇل بېرىسەمەن، سەن بۇ يەردىن كېتىشىڭ لازىم. مېنىڭچە، سەن ماقۇل دەيسەن ... سېنى بۇ يەردە دائىم كۆرۈپ تۇرۇش ماڭا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ.

— بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېيىم توشىدۇ. ئاينىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلىپ تۇرسام بولامدۇ؟

— بولمايچۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ!

ئاكسىنىيە بىردەم ئۈنچىقماي تۇردى، كېيىن يېنىچە يېپ قىنلىشىپ، تاياق يىگەن ئادەمدەك تازا پىتىنالماي، يېۋگېنىينىڭ قېشىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ، مۇنداق دىدى:

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا كېتەي ... ئاخىرقى قېتىم شەپقەتسىزنى ئايىماسسەن؟ مېنى مۇھتاجلىق مۇشۇنداق نومۇسسىز قىلىپ قويدى ... يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى بەك تارتتىم ... ماڭا كايىمىغىن، ژېنە.

ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق ۋە قۇرغاقلا چىقتى. يېۋگېنىي. ئۇ راست سۆزلەۋاتامدۇ ياكى چاخچاق قىلىۋاتامدۇ، دەپ ئۇنىڭ

گېپىنى چۈشىنىشكە بىھۇدە ئۇرۇناتتى.

— نىمە قىل دەيسەن؟

ئۇ ئەلەم بىلەن يۆتىلىپ قويدى ۋە تۇيۇقسىز ئاكسىنىيە-نىڭ قايتىدىن ئۇنىڭ قولىنى ئىزلەۋاتقانلىقىنى سەزدى ...

بەش مىنۇتتىن كېيىن يېڭىنى خۇش پۇراق، نەم قا-راقات توقايلىقىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، قاشانىڭ تۈۋىگە بې-رىۋالدى - دە، پاپىروسىنى قىزارتىپ تۇرۇپ، ياغلىقى بىلەن مايسا ئوتنىڭ يېشىل رەڭگى يۇققان شىمىنىڭ ئىككى تىزىنى ئۇزاققىچە سۈرتتى.

ئۇ پەلەمپەي بىلەن پېشايۋانغا چىققاندىن كېيىن ئارقى-سىغا بۇرۇلۇپ قارىغان ئىدى، خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيىدە، دەري-زىنىڭ ساغۇچ ئەينىكى ئالدىدا ئاكسىنىيەنىڭ قامەتلىك پىگۇرى-سى كۆرۈندى — ئاكسىنىيە ئىككى قولىنى گەجگىسىگە ئاپىرىپ، چېچىنى تۈزەپ، ئوتقا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى ...

## 6

چۈجگۈن ئوت پىشىپ قالغان ئىدى. قانچە-قانچە چاقىرىم يەر-گە سوزۇلغان دالا ئۈستىدە ئاق چۈجگۈنلەر كۈمۈشتەك تاۋلىناتتى. كەلكۈندەك ھەيۋەتلىك چىققان شامال دېڭىزدەك بىپايان چۈج-گۈننى يەرگە ياتقۇزۇپ، كۆپ - كۆك شىشىدەك دولقۇنلارنى ئوڭ-غۇل - دوڭغۇل سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، بىردەم جەنۇبقا، بىردەم غەرپكە ھەيدەيتتى. شامال يۇققا ھاۋا ئېقىمىدەك يېنىك سىرغى-لاپ ئۆتكەن يەردە چۈجگۈن ئوت يەرگە تازىم قىلغاندەك باش

www.uyghurkitap.com

ئېگىپ تۇراتتى، ئىگىز تۆپىلىكتە قارىيىپ تۇرغان سوقماق يول ئۇزاققىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۈرلۈك تۈمەن ئوتلار چېچەك ئېتىپ، گۈلى تۆكۈلگەن ئىدى. قىرلاردا كۆيۈپ كەتكەن ئەمەن غەمكىن باش ئېگىپ تۇراتتى. قىسقا تۈنلەر ئۆچكەن چوغدەك پىخسىپ، تېزلا ئۆتۈپ كېتەتتى. كېچىلىرى كۆمۈردەك قاپ - قارا ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى؛ بىر تەرىپى قارىيىپ، پۇچۇق بولۇپ قالغان ئاي — كازاكلارنىڭ كىچىك قۇياشى — غۇۋا شويىلا چېچىپ، ئاقىرىپ تۇراتتى؛ كەڭ سامان يولى باشقا يۇلتۇزلارنىڭ يوللىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن. ھاۋا چۈچۈمەل، قويۇق ئىدى. شامال قۇرغاق، ئۇنىڭدىن ئەمەننىڭ پۇرىقى كېلەتتى؛ ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئەمەننىڭ ئاچچىق پۇرىقى سىڭگەن يەر سالقىن سايىنى سېغىنغاندەك ئىدى. نە ئاتنىڭ تۇياقلىرى تەگمىگەن، نە ئادەمزاتنىڭ ئايىغى باسمىغان مەغرۇر يۇلتۇز يوللىرى چىمىرلاپ تۇراتتى؛ بۇغدايدەك چېچىلغان يۇلتۇزلار قارا تۇپراق يەردەك كۆرۈنگەن قارا ئاسماندا نە مايسا چىقارماي، نە كۆك مايسىلىرى بىلەن سۆيۈنمەي، بىكارلا نابۇت بولاتتى؛ ئاي — قۇرۇپ كەتكەن شورتاڭ يەر رەڭگىدە ئىدى؛ دالا — قۇرغاقچىلىق، ئوت - چۆپلەر شۇمشىيىپ قالغان. ئاشۇ دالىدا كۈمۈشتەك پاقىراپ تۇرغان بۆدۈنىلەرنىڭ تىنىمسىز سوقۇش - جېڭى ۋە چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋۇشى...

كۈندۈز — جەزىرىمە ئىسسىق، دىمىق، خىرە - شىرە چاڭ رەڭگى ئۆڭگەن ئاسماندا رەھىمسىز كۈن، ئالقانچە بۇلۇت يوق، ھاۋادا جېگەررەڭ پولات قاناتلىرىنى يېرىم دائىرە كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ يۈرگەن سا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كەڭ دالىدا

ئاق چۈجگۈن كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرىدۇ، تۈگە يۇڭىدەك كۆل رەڭ، ئاتەشتەك قىزىق ئوت - چۆپ تۈتەپ تۇرىدۇ. سا، كۆكنىڭ قەرىدە يېنىچە ئەگىپ، ئۈزۈپ يۈرىدۇ، ئۇ پەسلىگەنسېرى يوغان سايىسى كۆكتاتلارنىڭ ئۈستىدە ئۈن - تىنسىز سىيپلايدۇ.

دالا چاشقانلىرى ھالسىز ۋە بوغۇق ئاۋاز بىلەن چۇقۇرىشىدۇ. سۇغۇرلار ئۆز ئۇۋىلىرىنىڭ ئالدىدا دۈۋىلىنىپ تۇرغان ساغۇچ توپا ئۈستىدە ئۈگدەپ ئولتۇرۇشىدۇ. دالا ئىسسىق، ئەمما جىمجىتلىق، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تىنىق، ھەركەتسىز. كۆز يېتىم يەردىكى قورغانمۇ چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەندەك ۋە چۈشتە كۆرۈنگەندەك غۇۋا كۆكىرىپ كۆرۈنىدۇ...

جانىجان دالا! ئۇيۇردىكى بايتاللار بىلەن ئايغىرلارنىڭ يايلىغا قونۇپ ئۆتىدىغان ئاچچىق شامال. ئاتلارنىڭ قۇرغاق تۇمشۇغىنىڭ ئۈستى شامالدىن شورلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىق - شورتاڭ ھىد ئاتنىڭ بۇرنىغا كىرگەچ، ئۇ شامال بىلەن كۈن نۇرىنىڭ تەمىنى سېزىپ، يىپەكتەك يۇمشاق لەۋلىرىنى تامشىپ كىشنەشكە باشلايدۇ. ئۈستىنى پاكار دون ئاسمىنىنىڭ چېدىرى يېپىپ تۇرغان جانىجان دالا! قۇرغاق ئويمان ۋادىلارنىڭ، قىزىل توپىلىق يارلارنىڭ ساي جىرالىرى، ئات تۇياقلىرى پېتىقلاپ ئىزقالدۇرغان، ئاق چۈجگۈن قاپلاپ تۇرغان كەڭ ئوتلاق، كۆمۈلگەن كازاك شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ، دانىشمەنلىك سۈكۈنات ئىچىدە تۇرغان قورغانلار... ئەي كازاكنىڭ كىر قونماس ساپ قېنىنى تۆكۈلگەن دون دالىسى، مەن ئالدىڭدا بېشىمنى تۆۋەن ئېگىپ تازىم قىلىمەن ۋە چۈچۈمەل تۇپرىقىڭنى بىر ئوغلۇڭ سۈپىتىدە ئۆپىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

ئۇنىڭ بېشى يىلاننىڭكىدەك كىچىككىنە، ئورۇق ئىدى. قۇلاقلىرى كىچىك ۋە ھەركەتچان. كۆكرىكىنىڭ مۇسكۇللىرى تازا تولغان. پاقالچاقلىرى ئىنچىكە، كۈچلۈك، ئۇششۇغى نۇقسانسىز، تۇياقلىرى دەريانىڭ بىلەي تېشىدەك سىپ - سىلىق، ساغرىسى بىر ئاز پەسكە سىلىنغان، قۇيرۇغى تال - تال. ئۇ ھەقىقى دون يىلقىسىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئات ئىدى. بۇلا ئەمەس: ئۇنىڭ قېنى ئىنتايىن ساپ، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا بىر تامچىمۇ ئارىلاش قان يوق، ئېسىل نەسىللىك ئىكەنلىكى پۈتۈن ئەزالىرىدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى — مالبىرۇك.

سۇغىرىلىدىغان يەردە ئۇ، ئۆزىنىڭ بايتالىنى قوغداپ، باشقا بىر كۈچلۈكرەك قېرى ئايغىر بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان ئىدى، يايلاقتا قويۇپ بېرىلگەندە تاقىلىرى ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، قېرى ئايغىر ئۇنىڭ ئالدىنقى سول پۇتىنى قاتتىق تېپىپ، ئاقسىتىپ قويدى. بۇلار ئارقا پۇتى بىلەن تىك تۇرۇۋېلىپ، بىر - بىرىنى چىشلەشتى، ئالدى پۇتلىرى بىلەن زەربە بېرىپ، بىر - بىرىنىڭ تېرىسىنى يېغىر قىلىشتى...

بۇ ئەتراپتا يىلقىچى يوق ئىدى، ئۇ دۈمبىسىنى كۈنگە قاقلاپ، چاڭ باسقان ئاپتاپتا قىزىغان ئۆتۈكى بىلەن پۇتىنى تالتايتىپ، دالىدا ئۇخلاۋاتاتتى. مالبىرۇكنى رەقىبى يەرگە يىقىتتى، ئاندىن ئۇنى ئۇيۇردىن يىراق - يىراققا قوغلاپ ئاپىرىپ، شۇ يەردە قانسىرىتىپ تاشلاپ قويدى - دە، ھەر ئىككى ئۇيۇرنى تەنھا ئىگەللەپ، پاتقاقلىق سايىنىڭ چېتى بىلەن بۇ ئۇيۇرلارنى ئېلىپ كەتتى.

ياريلانغان ئايغىرنى ئات قوراسىغا ئېلىپ كېلىشتى، فېلدشېر ئۇنىڭ زەخمىلەنگەن پۇتىنى ئەملىدى. 6 - كۈنى نازارەتچىنىڭ قېشىغا مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن كەلگەن مىشكا كوشۇۋوي مۇنۇ بىر ئەھۋالنىڭ شاھىدى بولدى: نەسىل قالدۇرۇشتا كۈچلۈك تەبىئى تۈيغۇغا ئىگە بولغان مالبىرۇك چۇلۇۋۇرىنى چىشى بىلەن قىيىپ ئۈزۈپ تاشلاپ، باغلاقلىق يېرىدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، يىلقىچىلار، نازارەتچى ۋە فېلدشېر مىنىدىغان بايتاللارنى گازارمىنىڭ يېنىدا ئىشلەنگەن پېتى ئوتلاپ يۈرگەن يېرىدىن دالىغا ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى، ئاۋال يورغىلىتىپ ماڭدى. كېيىن ئارقىدا قالغانلارنى چىشلەپ، ئالدىرىتىشقا باشلىدى. يىلقىچىلار بىلەن نازارەتچى گازارمىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، بايتاللارنىڭ پۇتىدىكى ئۈزۈلگەن ئىشكەللەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنىلا ئاڭلاشتى.

— بىزنى پىيادە قالدۇردى، پەدەرىڭگە لەنەت...، — دەپ تىللاپ قويدى نازارەتچى.

ئەمما تىللىسىمۇ، كۆڭلىدە ماقۇللىغاندەك بولۇپ، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

چۈش بولغاندا مالبىرۇك ئاتلارنى سۇغىرىدىغان يەرگە ئېلىپ كەلدى. پىيادە قالغان يىلقىچىلار ئۆز بايتاللىرىنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. مالبىرۇكنىڭ ئۆزىنى بولسا مىشكا ئىگەرلەپ، دالىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاۋالقى ئۈيۈرىگە قوشۇپ قويدى.

ئىككى ئاي يىلقىچى بولۇپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا كوشۇۋوي مەيداندىكى يىلقىنىڭ ھاياتىنى زېھىن قويۇپ ئۆگەندى: ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئىنسانغا خاس بولغان ئېسىل پەزىلىتىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولدى. بايتاللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاچۇ-

رۇلاتتى، ئېپتىدائىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان قەدىمدىن بۇ-
يان داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ ئىش شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك
ئېپپەتلىك ۋە ئاددىي ئىدىكى، كوشىشۇۋىنىڭ كۆڭلىدە ئادەملەر-
نىڭ تۈزۈك ئىكەن دېيىشكە ئاساس بەرمەيدىغان بىر سېلىشتۇرما
ھاسىل بولدى. ئاتلار بىلەن ئاتلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە نۇرغۇن
ئوخشاشلىقلار بار ئىكەن. مەسىلەن، مىشكا قېرىپ بېرىۋاتقان
باخارنىڭ بىر قىلىقىنى بايقىدى: ئۇ ئاچچىقى يامان، بايتاللار-
غا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان ئايغىر ئىدى، ئۇ ئۆز ئۆيۈرىدىكى
بايتاللارنىڭ ئىچىدە كۆزلىرى ئوت چاچرىتىپ تۇرىدىغان، ماڭلى-
يىدا ئاق قاشقىسى بار، ناھايىتى چىرايلىق جەرەن دۆنەن بايتالنى
ئالايىتەن يارىتىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ دائىم ئاشۇ بايتالنىڭ
قېشىدا ئىزتىراپ چېكىپ، ھاياجانلىنىپ، ئاچچىقلىنىپ يۈرەتتى،
ئۇنى ھەر دائىم ئۆزگىچە بىر ئېھتىۋار بىلەن، سالماقلىق ۋە ئىش-
تىياق بىلەن خارتىلداپ پۇراپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان
يېرىدە جاھىل بېشىنى سۆيۈملۈك بايتىلىنىڭ ساغرىسىغا قويۇپ،
ئۇزاق ۋاقىت ئۈگدەشنى ياخشى كۆرەتتى. مىشكا ئۇنى چەتتىن
كۈزىتىپ، بۇ ئايغىرنىڭ يۇقا تېرىسى ئاستىدىكى مۇسكۇللارنىڭ
سۇس مىدىرلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى، مىشكىغا باخار بۇ باي-
تالنى قېرىلارغا خاس بىر تۈرلۈك ئۈمىتسىز ۋە مەيۇس ھالەتتە
بەك ياخشى كۆرىدىغاندەك تۇيۇلدى.

كوشىشۇۋىي خىزمىتىنى ئوبدان بېجىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ
تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كەنت ئاتامانىنىڭ
قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈن-
لىرىدە نازارەتچى كوشىشۇۋىنىڭ كەنت باشقارمىسى قارمىقىغا
ئەۋەتىلىشى توغرىسىدىكى بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى.

مىشكا تېز تەييارلىق كۆردى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ كىيىم-

كېچەك، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، شۇ كۈنلا كەچقۇرۇن ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاستىدىكى ئۆزىنىڭ بايتىلىنى ھارماي چاپتۇرۇپ ماڭدى. كۈن پېتىۋاتقان چاغدا كارگىندىن ئۆتۈپ، دۆڭنىڭ ئۈستىدە ۋېشىنىسكايا تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر ھارۋىنى قوغلاپ يەتتى.

ھارۋىكەش ئۇكرايىن تەرگە چۆمگەن سېمىز ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. رېسورلۇق ھارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۈستىگە شەھەرچە كەمزۇل كىيگەن، بېشىدىكى سۇر كىگىز قالپىقى گەجگىسىگە سۇرۇلۇپ قالغان قامەتلىك، كەڭ يەلكەنلىك بىر ئادەم يېنىچە ياتاتتى. مىشكا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا، بۇ قالپاقلىقنىڭ ئېسىلاڭغۇ يەلكىسىگە قاراپ خېلى ۋاقىتقىچە ماڭدى، ئۇنىڭ يەلكىسى ھارۋىنىڭ سىلكىنىشىدىن تىترەپ تۇراتتى. ئاق يافىسىنىڭ گىرۋىكى كىرلەنگەن ئىدى. يولۇچىنىڭ پۇتى تەرەپتە يوغان سېرىق سومكا ۋە تېڭىقلىق پەلتوسىنىڭ ئاستىدا بىر قاپ بار ئىدى. چېكىپ تۇرغان سىگار تاماكىسىدىن ئۆزگىچە ئاچچىق پۇراق كېلەتتى. «كەنتكە كېتىۋاتقان ئەمەلدار بولسا كېرەك»، دەپ ئويلىدى مىشكا بايتىلىنى ھارۋىغا قاتارلاشتۇرۇپ مېڭىپ، ئۇ قالپاقنىڭ ئاستىغا قىيا قاراپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى ـ دە، دەھشەت ۋە ھەيرەتتىن پۈتۈن بەدىنى چىمىرلاپ كىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى: ستېپان ئاستاخوف ھارۋىنىڭ ئۈستىدە، سىگارنىڭ قارا كۆتىگىنى سەۋرىسىزلىك بىلەن چايناپ، ئۆتكۈر ياۋۇز كۆزلىرىنى قىسىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. مىشكا ئۆزىگە ئىشەنمەي، بېزىدىشىنىڭ تونۇش، ئەمما ئاجايىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن يۈزىگە يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ھارۋىنىڭ رېسورلىرى تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم تىرىك ستېپاننىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندى. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆڭلى بىسەرەمجان بولـۇپ، تەرلـەپ ـ پىشـىپ يۆتىلىپ قويدى:

ــ كەچۈرۈڭ، تەقسىر، سىز ئاستاخوف ئەمەسمۇ؟

ھارۋىدا ئولتۇرغـان ئـادەم بېشىنـى لىڭشىتىپ قويـۇپ، قالپىقىنى ماڭلىيىغا چۈشۈرۈپ قويدى؛ ئاندىن بۇرۇلۇپ، مىشكـغا كۆز يۈگۈرتتى.

ــ ھە، مەن ئاستاخـوف. خوش، قانـداق؟ سىزھىلىقى ... توختا، سەن ــ كوشېۋويغۇ؟ ــ ئۇ، ئورنىدىن كۆتىرىلىپ، قىرقىلغان ساغۇچ بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن كـۆرۈنۈپ تۇرغـان يـالاڭ لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى، كۆزلىرىدە ۋە بىرئاز قېرىپ قالغان چىرايىدا تەكەببۇرانە جىددىلىك ساقلانغان ئىدى، ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ خوشاللىق بىـلەن قول ئۇزاتتـى، ــ كوشېۋوي؟ مىخايىل؟ مـانـا بىز يـەنـە دىدار كـۆرۈشتـۇق! ... ئىنتـايىن خوشالمەن ...

ــ بولمىسىچۇ؟ شۇنداق بولمايچۇ؟ ــ مىشكـا تىزگىنىنى تاشلاپ، ھەيرانلىق بىلەن قولىنى يايـدى، ــ سېنـى ئۆرۈشتـا ئۆلدى دېيىشكەن ئىدىغۇ، شۇنداق قارىسام: سەن ئاستاخوف...

مىشكا يايراپ ھىجىيىشقا باشلىدى، تىپىرچىلاپ، ئىگەردە ئولتۇرالماي قالدى، ئەمما ستېپاننىڭ سىرتقـى كۆرۈنۈشىدىن ۋە سۆزلىگەندە تەلەپپۇزىنىڭ بوشاڭ چىققانلىقىدىن قىسلىپقالدىـدە، مۇئـامىلىـسىنى ئۆزگەرتتى، شۇندىن كېيىن ئىككىيـلەنىنـىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىپ تۇرغان كۆزگە كـۆرۈنمـەس چېگرا بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ، ئۇنى «سىز» دەپ سۆزلەيدىغان بولدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پاراڭ باشلاندى. ئاتلار ئاستا قەدەملەپ ماڭدى. غەرپتە كەچكى شەپەق ئۈپۈقنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرغان ئىدى، ئاسماندا زەڭگەر بۇلۇتلار كېچىگە قەدەم قويغان، يولنىڭ

ئىككى چېتىدە تېرىق ئېتىزلىرى بويىدىكى چاتقاللىقتا بۆدۈنىلەر قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك كۈچىنىپ سايرىشاتتى. كۈندۈزكى غەلۋىلەر، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار كەچكە يېقىن بېسىلىپ، دالىدا چاڭ - توزاڭ ئارىلاش جىمجىتلىق باشلاندى، چۈكارىن بىلەن كىرۈۋېلىن يوللىرىنىڭ ئاچىمىغىدا سېرىنگۈل رەڭگىدىكى ئاسمان ئاغۇشىدا كىچىككىنە چېركاۋنىڭ غۇۋاقارىسى كۆرۈنەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىدە قارامتۇل خىش رەڭگىدىكى توپ - توپ بۇلۇتلارنىڭ توپلىشىپ تۇرغان چوڭ بىر پارچىسى، غۇلاپ چۈشكەندەك ئېسىلىپ تۇراتتى.

— قەيەردىن كېلىشىڭىز، ستېپان ئاندرېيىچ؟ — دەپ سورىدى مىشكا خوشاللىق بىلەن.

— گېرمانىيىدىن، ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىم.

— بىزنىڭ كازاكلار: ستېپاننى كۆزئالدىمىزدا ئۆلتۈرۈشتى، دەپ ئېيتىشقان ئىدى، بۇ قانداق گەپ؟

ستېپان گويا سوئاللار ئېغىر كەلگەندەك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىرىماي بىرخىلدا جاۋاپ قايتۇردى:

— ئىككى يەردىن يارىدار بولغان ئىدىم، كازاكلار بولسا... كازاكلارنىڭ نېمىسى دەيسەن؟ ئۇلار مېنى تاشلاپ كېتىشتى... ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم... نېمىسلار يارامنى داۋالاپ، ئىشقا ئەۋەتتى...

— سىزدىن خەت كەلمىگەندەك تۇراتتى...

— خەت يازىدىغان ھېچكىمىم بولمىسا، — ستېپان تاماكىنىڭ كۆتىكىنى تاشلىۋېتىپ، 2 - سىگارنى تۇتاشتۇردى.

— ئايالىڭىزغىچۇ؟ رەپىقىڭىز ساق - سالامەت تۇرۇپتۇ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمىگەن تۇرسام — بۇ ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك.

ستېپاننىڭ ئاۋازى قۇرغاقلا چىقتى، بۇ ئاۋازدا ئىللىقلىقتىن ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. ئايالىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ئۇنى ھېچقانداق ھاياجانلاندۇرمايتتى.

— چەت يەرلەردە يۈرۈپ، ئەل - يۇرتنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى مىشكا ئىگەرنىڭ ئالدى قېشىغا ئېڭىشىپ.

— دەسلەپكى چاغدا سېغىندىم، كېيىن كۆنۈپ قالدىم. ئۇيەردە كۈنۈم ياخشى ئۆتتى، — بىر ئاز ئۈنچىقماي قوشۇپ قويدى. — گېرمانىيىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، بىر يولىلا شۇ يەردە قالاي دېگەن ئىدىم. بىراق ئۆيۈمگە تارتىشىپ، ھەممىنى تاشلاپ كەلدىم.

ستېپان، كۆزىنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى قاتتىق سىزىقچىلارنى يۇمشىتىپ 1 - قېتىم جىلمايدى.

— خوش، بىزنىڭ بۇيەردە قانداق مالىمانچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟... ئۆزئارا بىر - بىرىمىز بىلەن سوقۇشۇۋاتىمىز.

— شۇن - دا - ق... مەن ئاڭلىدىم.

— سىز قايسى يول بىلەن قايتىپ كەلدىڭىز؟

— فرانسىيىدىن، مارسېلدىن، — شۇنداق بىر شەھەر بار — نوۋوروسسىكقىچە پاراخوت بىلەن كەلدىم.

— سىزنىمۇ ئەسكەرلىككە ئالارمىكىن؟

— ئېھتىمال... يېزىدا نېمە يېڭىلىق بار؟

— قـايسىبىرىنى ئېيتىپ تۇگىتەي؟ يېڭىلىق كۆپ.
— مېنىڭ ئۆيۈم ساقمۇ؟
— شامال چىققاندا لىڭشىپ تۇرىدۇ...
— خوشنىلارچۇ؟ مېلېخوفنىڭ بالىلىرى تىرىكمۇ؟
— ئۇلار تىرىك.
— مېنىڭ بۇرۇنقى ئايالىم توغرىلىق خەۋىرىڭىز بارمۇ؟
— ھېلىمۇ بۇرۇنقى يېرىدە، ياگودنويىدا.
— گىرىگورىي ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتامدۇ؟
— ياق، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئايالى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. سىزنىڭ ئاكسىنىيە بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن...
— شۇنداقمۇ... بۇنى بىلمەيدىكەنمەن.
ئۇ بىر مىنۇتچە جىم بولۇپ قالدى. كوشىۋوي، ستېپاننىڭ يەنە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، ئېھتىرام بىلەن مۇنداق دىدى:
— ياخشى تۇرغاندەك قىلىسىز، ستېپان ئاندرېيېچ. كىيىمىڭىز جانابلارنىڭكىدەك ئىسىل ئىكەن.
— ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئىسىل كىيىنىپ قېتىپ يۈرىدۇ، — ستېپان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھارۋىكەشنى مۈرىسى بىلەن تۈرتۈپ قويدى، — قېنى، تېزرەك ھەيدىسەڭچۇ.
ھارۋىكەش گەپ ياقمىغاندەك، قامچىسىنى سىلكىپ قويدى، چارچىغان ئاتلار تەڭ كۆچىمەستىن، ھارۋىنىڭ شوتىسىنى جالداقلىتىپ تارتىپ مېڭىشتى. ھارۋا چاقلىرىنى يۇمشاققىنا شىپىلدىتىپ، ئوي - دۆڭلەردە چايقىلىپ باراتتى، ستېپان گەپنى ئايلاقلاشتۇرۇپ، مىشكىنغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ سورىدى:
— يېزىغا كېتىۋاتامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— ياق كەنتكە.

ئاچا يولدا مىشكا ئوڭغا بۇرۇلدى - دە، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ، سەل كۆتىرىلدى.

— ھازىرچە خەير - خوش، ستېپان ئاندرېيېچ!

ستېپان ئېغىر يارماقلىرى بىلەن چاك باسقان شىلەپىسىنىڭ گىرۋىكىنى مىجىقلاپ سوغاققىنا جاۋاپ قايتۇردى. ئۇ رۇس ئەمەس كىشىدەك سۆزنىڭ ھەر بىر بوغۇمىنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلدى.

— سالامەت بولۇڭ!

7

فىلونوۋو — پوۋورىنو لىنىيىسى بويلاپ ئۇرۇش سېپى تۈزۈلۈۋاتاتتى. قىزىللار كۈچىنى توپلاپ، مۇشتەك تۈگۈلۈپ، زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى، كازاكلار ھۇجۇمنى سۇس قانات يايدۇرۇۋاتاتتى؛ ئۇلار ئوق - دورا يېتىشمەسلىكىنى قاتتىق باشتىن كەچۈرگەنلىكتىن، ئوبلاست دائىرىسىدىن نېرىغا چىقىشقا ئىنتىلمەيتتى. فىلونوۋو فرونتىدىكى ئۇرۇش ھەركەتلىرىدە بىر ئۇياق - بىر بۇياق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ تۇردى. ئاۋغۇست ئېيىدا بىر قەدەر تېچ ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئالدىنقى سەپتىن قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا كەلگەن كازاكلارنىڭ ئېيتىشىچە، كۈزگىچە سۇلھ پۈتۈمىنى كۈتۈش لازىم ئىكەن.

ھالبۇكى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئارقا سەپتە كەنت - يېزىلاردا ئاشلىق يىغىۋېلىش كېتىۋاتاتتى. ئىشلەيدىغان ئادەملەر يېتىش-

مەيتتى. قىرىلار بىلەن ئايالالار ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتـ
تى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم، ھارۋا ۋە ئات - ئۇلاقلارنىڭ ھەرداـ
ئىم فۇرونتقا ئوق - دورا ۋە ئوزۇق - تۈلۈك توشۇشقا بەلگىلىنىپ
تۇرۇشى دېخانچىلىق ئىشلىرىغا توسقۇن بولاتتى.

تاتارىسكى يېزىسىدىن ھەر كۈنى دىگۈدەك بەش - ئالتە ھارۋا مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ۋېشېنسكا ياغا ئەۋەتىلەتتى، ۋېشېنسكايادا بۇ ھارۋىلارغا پاترون، سنارەت قاچىلانغان يەشىكلەر بېسىلىپ، ئاندىروپوۋسكى يېزىسىدىكى ئۆتكۆزۈپ بېرىش پونكىتىغا يولغا سېلىناتتى، بەزىدە ھارۋا يېتىشمىگەنلىكتىن، تېخىمۇ نېرىغا، خوپېر بويىدىكى يېزىلارغىچە بېرىشقا مەجبۇر قىلىناتتى.

يېزا قاتىلاڭچىلىق بولسىمۇ، ئەمما خىلۋەت ئىدى. ھەممىنىڭ ئەس - يادى يىراق فۇرونتتا بولۇپ، كازاكلار توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرلەرنى نەشۋىش ۋە دەرت - ئەلەم بىلەن كۈتەتتى. ستېپان ئاستاخوفنىڭ كېلىشى پۈتۈن يېزىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى: ھەر بىر ئۆي، ھەر بىر خاماندا پەقەت مۇشۇ توغرىلىقلا سۆز باراتتى. ئالىقاچان دەپنە قىلىۋېتىلگەن، پەقەت قېرى خوتۇنلارلا «قاغاش ئۈچۈن» ئەسكە ئېلىپ يۈرىدىغان، كىشىلەر دىگۈدەك ئۇنتۇپ قالغان بىر كازاك قايتىپ كەلدى. بۇ ئاجايىپ بىر ئىش ئەمەسمۇ؟

ستېپان ئانىكۇشكىنىڭ ئايالىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆيىگە كىرگۈزدى - دە، ساھىپخان ئايال ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق پىشۇرغىچە، ئۆز ئۆيىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاپپاق ئايدىڭ يورۇتۇپ تۇرغان مال قوراسىنى خوجايىنغا خاس ئېغىر قەدەم بىلەن بىر - بىر دەسسەپ خېلى ۋاقىت ئارىلىدى، يېرىم ۋەيران بولغان ساراي ئۆيلەرنىڭ لاپاسلىرى ئاستىغا كىردى، ئۆيىنى بىر

قۇز قاراپ چىقتى، قاشا تامنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى لىڭشىتىپ كۆرـ
دى ... ئانىكۇشكىنىڭ قورۇغان تۇخۇم سەيلىرى شىرە ئۈستىدە
ئاللىقاچان قېتىپ قالغان ئىدى، ئەمما ستېپان تېخىچە بارماقـ
لىرىنى قاسىلدىتىپ، ئۆزىنىڭ خاراپ بولغان ماكانىنى كۆزدىن
كەچۈرۈۋاتاتتى ۋە تىلى دۇدۇقلايدىغان ئادەمدەك چۈشىنىكسىز
بىرنىمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ قوياتتى.

شۇ كۈنلا كەچتە كازاكلار ئۇنى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭ ئەـ
سىرلىكتىكى ھاياتى توغرىلىق گەپ سوراشقا كېلىشتى. ئانىكۇشـ
كىنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە ئاياللار بىلەن باللار لىق تولدى. ئۇـ
لار تامدەك زىچچىدە ئۆرە تۇرۇشۇپ، ستېپاننىڭ ھېكايىسىنى
ئاڭلاشتى، ئاغىزلىرى ھاڭدەك ئېچىلىپ قېلىشتى. ستېپان تازا
كۆڭۈلسىمەي سۆزلىدى، قېرىپ قالغان يۈزىدە بىرەر قېتىممۇ كۈـ
لۈمسىرەش كۆرۈلمىدى. شۇنىسى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتىكى، ھاـ
يات ئۇنى كەسكىن، تەگ - تومۇرىغىچە ئۆزگەرتىپ، قايتا ياـ
ساپ چىققاندەك ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن — ستېپان تېخى مېھمانخانا ئۆيىدە
ئۇخلاۋاتقان چاغدا — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كەلدى. ئۇ قوـ
لىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، بوم ئاۋاز بىلەن يۆتىلىپ قويۇپ، سابىق
ئەسكەرنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتى. مېھمانخانىدىن توپا پولنىڭ
نەم، سالقىن ھىدى، نەپەسنى بوغىدىغان ئاچچىق، يات بىر تاـ
ماكىنىڭ پۇرىغى ۋە يولۇچىنىڭ بەدىنىگە سەپەر جەريانىدا سىڭـ
گەن يىراق يولنىڭ پۇرىغى كېلەتتى.

ستېپان ئويغاندى، تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا سەرەڭگە چاققانـ
لىقى ئاڭلاندى.

— كىرىشكە رۇخسەت قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى پانتېـ



www.uyghurkitap.com

لىپى پروكوفيېۋىچ ۋە خۇددى باشلىقنىڭ ئالدىغا كىرىدىغان ئادەمدەك، يېڭى كىيگەن كۆينىكىنىڭ پۇرلاشقان يېرىنى نېرى - بېرى تۈزەپ قويدى، بۇ كۆينەكنى بايىلا ئىلىنىشنا ئالاھىدە ئۇنىڭغا كىيگۈزگەن ئىدى.

— كىرىڭ.

ستېپان سىگار تاماكىنى تۇتۇتۇپ، ئۇيقۇلۇق كۆزىنى تۈتۈندىن قوغداپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىر ئاز يۈرەكسىزلىك بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى - دە، ستېپاننىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن يۈزىنى ۋە شىمىنىڭ يەلكىگە ئاسىدىغان يىپەك بېغىنىڭ تۆمۈر توقۇلىرىنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى، قارا ئالقىنىنى قىيىقچىدەك ئېگىپ ئۇزاتتى.

— سالامەتمۇسەن، خوشنا! سېنى تىرىك كۆرىمىز دەپ ...

— سالامەتمۇسىز؟

ستېپان شىمىنىڭ بېغىنى شىلدىرلىتىپ ئىبسلانغۇ كۈچلۈك مۈرىسىگە كىيگۈزگەندىن كېيىن ئۆزىنى، چوڭ تۇتۇپ، چالىنىڭ قاداق قولىغا قولىنى يېپىشتۇردى. ئۇلار بىر - بىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ستېپاننىڭ كۆزلىرىدە ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى كۆكۈش پىخسىپ تۇراتتى، مېلېخوفنىڭ چەكچەيگەن قىڭغىر كۆزلىرىدە خوشامەت، ئىستىھزا ۋە ئەجەپلىنىش ئالامەتلىرى بار ئىدى.

— قېرىپ قاپسەن، ستېپان ... قېرىپسەن، ئەزىزىم.

— ھە، قېرىپ قالدۇق.

— خۇددى مېنىڭ گىرىشكامغا ئوخشاش سېنىڭمۇ ھازاڭنى ئاچقان ئىدۇق ...،— دېدى - دە، بۇ ئىشنى بىمەزگىل ئەسكە ئالغانلىغى ئۈچۈن ئۆزىگە - ئۆزى رەنجىگەندەك،

www.uyghurkitap.com

غەمكىن بولۇپ قالدى. ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ خاتا سۆزنى
تۈزىتىشكە ھەركەت قىلىپ باقتى، — خۇداغا شۈكۈر،ساق ـ سالا ـ
مەت قايتىپ كەپسەن ... جانابى ھەققە مىلىڭ قەتلە شۈكرى!گىرىش ـ
كىنىڭمۇ ماتەم تۇتۇپ، نەزىر ـ چىراق ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. ئۇ لازار ـ
غا* ئوخشاش. ئەس ـ ھۇشىنى تېپىپ، شۇ پېتى كېلىۋاتىدۇ.
ھازىر ئىككى بالىسى بار، ئايالى ناتالىيە. خۇداغا شۈكۈر ئوب ـ
دان بولۇپ قالدى، ئۆزى تۈزۈك ئايال... خوش، سەن، بالام
قانداق تۇردۇڭ؟

— رەھمەت سىزگە.

— خوشنا گىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەلمەمسەن؟ كەلگىن،
مەرھەمەت قىل. پاراڭلىشىمىز.

ستېپان ئۈنىمىغان ئىدى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قاتتىق
تۇرۇپ ئۆتۈندى، رەنجىدى. شۇندىن كېيىن ستېپان ماقۇل بول ـ
دى. يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن قىسقا قىرقىلغان چاچلىرىنى تا ـ
راپ تۇرۇپ، چالىنىڭ: «كوكۇلاكنى نەگە يوقاتتىڭ؟ يەپ تۈگەت ـ
تىڭمۇ؟» — دىگەن سوئالىغا كۈلۈپ قويىدى ـ دە، شلەپىسىنى بېشىغا
ئىشەنچ بىلەن كىيىپ، ھويلىغا ئالدىدا چىقتى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ خوشامەتكۈيلۈق بىلەن شاپاشلاپ
كەتكەنلىكتىن، ستېپان ئىچىدە: «بۇ قېرى كوتا ئەلەملەرنى يو ـ
قىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ھارامزەدىلىك قىلىۋاتىدىغۇ...» دەپ
ئىختىيارسىز ئويلىدى.

ئىلگىرىشنا، ئېرىنىڭ لام ـ جىم دىمەستىن، كۆز ئىشارىسى
بىلەن بەرگەن يولىيورۇقىنى ئورۇنلاپ، ئاشخانىدا چەبدەسلىك بى ـ
لەن مېڭىپ يۈرۈپ، ناتالىيە بىلەن دۇناشكىنى ئالدىرىتاتتى، ئۆ ـ

* لازار — ئىنجىلدە بايان قىلىنىشىچە، لازار ئۆلۈپ تۆت كۈندىن كېيىن
ئۇنى ئەيسا پەيغەمبەر تىرىلدۈرگەن ئىمىش.

زى داستىخان راسلاشقا كىرىشتى. ئاياللار بۇتنىڭ رەسىمى ئاستىدا ئولتۇرغان ستېپان تەرەپكە ئاندا - ساندا قىزىقىپ نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ كەمزۇلىغا، ياقىسىغا، سائىتىنىڭ كۆمۈش زەنجىرىگە، تارالغان چېچىغا ئوغرىلىقچە كۆز يۈگۈرتۈپ، ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرەپ قارىشاتتى. دارىيە تاشقىرىدىن لالىدەك قىزىرىپ كىرىپ كەلدى؛ ئۇ، ئۇياتچانلىق بىلەن ھىجىيىپ، پەشتامىسىنىڭ بىر بۇرجىگى بىلەن يۇقالەۋلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ، كۆزلىرىنى چىمىلداتتى:

— ئوھۇ، جېنىم خوشنام، مەن سىزنى تونۇماي قاپتىمەن. سىز كازاكقا ئوخشىماي قاپسىز.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، بىر شىشە ساموگوتنى شىرەنىڭ ئۈستىگە ئېپكېلىپ قويىدى - دە، ئاغزىغا بېكىتىلگەن لاتىنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئاچچىق - چۈچۈك تۈتۈننى پۇراپ قويۇپ، ماختىدى:

— تېتىپ باق، ئۆزەم ياسىغان ھاراق، بىرتال سەرەڭگە چاقساڭ — لاۋۇلداپ كۆك ئوت ئۆرلەيدۇ، خۇداھەققى!

ئۇششاق - چۈششەك پاراڭ باشلاندى. ستېپان تازا كۆڭلى تارتماي ئىچتى. ئەمما ئىچكەندىن كېيىن تېز كەيىپ بولۇشقا باشلاپ، يۇمشاپ قالدى.

— ئەمدى ئۆيلىنىش كېرەك،جان خوشنام، — دېدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ.

— نىمە دەۋاتىسىز؟ ئاۋالقى خوتۇنۇمنى نەگە قويىمەن؟

— ئاۋالقىسى... ئاۋالقىسى — نىمە ئۇ... ئاۋالقى ئايالنى ئەسكىرىمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئايال دىگەن بايتالغا ئوخشاش نەرسە، بايتالنى ئاغزىدىكى چىشى چۈشمىگىچە مىنىسەن... بىز ساڭا ياش بىرسىنى تېپىپ بېرىمىز.

ــ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قالايمىقان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ... تېخى ئۆيلىنىشكىچە بىرىپ يەتمىگەن. بىر يېرىم ھەپتە دەم ئېلىشىم بار، ئۇندىن كېيىن باشقارمىغا بارىمەن، بەلكىم فىرونتقا ئەۋەتەر، ــ دىدى ستېپان، كەيپى ئېشىپ ۋە ئۆزىنىڭ چەتمەل تەلەپپۇزىنى ئاستا ــ ئاستا ئۆزگەرتىپ.

كۆپ ئۆتمەي چۈشكەن ئۆيگە كەتتى، كېتەر ۋاقتىدا ئۇنى دارىيە زوققا تولغان نەزەر بىلەن ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ كېتىش بىلەنلا تالاش ــ تارتىش، ھەر خىل گەپ ــ سۆزلەر باشلىنىپ كەتتى.

ــ باشقىچە بىلەرمەن بولۇۋاپتۇ، ئىتنىڭ بالىسى! سۆزلەشلىرىنى قارىمامدىغان! خۇددى بىر باچگىردەك ياكى مۇھتەرەم زاتتەك بولۇۋاپتۇ تېخى... كۆرگىلى بارسام، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئىكەن، كۆينىكىنىڭ ئۈستىدىن مۇرىسىگە توقا بېكىتىلگەن يىپەك ئىشتانباغ ئاستى. ۋاي تووۋا ــ يەي! ئاتقا ئوخشاش، دۇمبىسى ۋە تۆشىنى باغ بىلەن مەھكەم بېكىتتى. يۇ قانداق ئىش؟ بۇنىڭ نىمىگە پايدىسى باركىن؟ ئۇ ھازىر كەمكۈتىسىز بىر ئالىم كىشىدەك بولۇۋاپتۇ، ــ پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ زوق بىلەن سۆزلەيتتى، ئۇ شۇنىڭغا خوشال ئىدىكى، ستېپان ئاداۋەت ساقلىماستىن، بۇ يەرگە كېلىپ، بۇلارنىڭ تۆز ــ تامىقىدىن يىرگىنمەي تېتىپ كۆردى.

پاراڭلاردىن مەلۇم بولدىكى، ستېپان ھەربى خىزمەتنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن يېزىدا تۇرىدىكەن، ئۆي ــ جاي ۋە ئىگىلىگىنى قايتا تىكلەيدىكەن. گەپ ئارىسىدا ئۇ ئۆزىنىڭ يۇلى بارلىغىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچتا سوزۇلۇچان يېپىشقاق مۇلاھىزە پەيدا قىلدى ۋە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى.

— خېلى پۇل بىلەن قايتقان ئوخشايدۇ ئۇ، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇ كەتكەندىن كېيىن، — سەرمايىسى بار، قاغىش تەككۈرنىڭ. ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغان كازاكلار جۇل - جۇل كىيىملەر بىلەن قايتىپ كېلىشەتتى، ئەمما ئۇ تاراقلاپ كەلگىنىنى قارىمادىغان... بىرسىنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئوغرىلىق قىلغانغۇ دەيمەن.

دەسلەپكى كۈنلەردە ستېپان ئانىكۇشكىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ دەم ئالدى، كوچىغا كەمدىن - كەم چىقتى. خوشنىلار ئۇنى كۆزىتىپ يۈردى، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە دىققەت قىلىشتى، ھەتتا ستېپان نىمە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ، ئانىكۇشكىنىڭ خوتۇنىدىن سۈرۈشتە قىلىپ كۆرۈشتى، ئەمما بۇ ئايال ئاغزىنى مەھكەم يۇمۇپ، ھەممىنى سىر تۇتاتتى، ئۆزىنى ھېچنىمە بىلمەيدىغانغا سالاتتى.

ئانىكۇشكىنىڭ خوتۇنى مېلېخوفلاردىن ئات ياللىۋېلىپ، بىر شەنبە كۈنى سەھەردە نەگىدۇ بىر يەرگە يوقالغاندىن كېيىن يېزىدا ھەر خىل گەپلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت پانتېلېي پروكوفيېۋىچلا سېزىۋالدى. ئۇ ئاقساق بايتالنى تۆت چاقلىق ھارۋىغا قوشۇۋاتقاندا ئىلگىنىشناغا: «ئاكسىنيەنىڭ قېشىغا بارىدۇ» — دەپ كۆزىنى قىسىپ قويىدى. چال خاتالاشمىغان ئىدى. ئانىكۇشكىنىڭ ئايالى ستېپاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن راستىنلا ياگودنويىغا كەتكەن ئىدى. «ئاكسىنيەدىن سوراپ كۆرگىن. بۇرۇنقى ئاچچىق ئەلەملەرنى تاشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېلەمسەن - يوق؟ دەپ سورا» — دىگەن ئىدى ئۇ.

ستېپان شۇ كۈنى سەۋرى - تاقەت ۋە ئارامىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، كەچكىچە يېزىنى ئارىلاپ يۈردى، موخوفنىڭ ئۆينىڭ

پېشايۋىنىدا سېرگەي ۋلاتسونىۋىچ ۋە ساسا بىلەن ئۇزاق تول-
تۇرۇپ، گېرمانىيە توغرىلىق ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ھاياتى
توغرىلىق، فرانسىيە ئارقىلىق دېڭىز يولى بىلەن قايتىپ كەل-
گەنلىكى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر
تەرەپتىن موخوفنىڭ شكايىتىگە قۇلاق سالاتتى ۋە سائىتىگە
ھە دەپ قارايتتى...

ئايال ئۆي خوجايىنى ياگودنويىدىن قاش قارايغاندا
قايتىپ كەلدى. ئۇ يازلىق ئاشخانىدا كەچكى تاماق تەييار-
لاۋېتىپ، ئاكسىنىيەنىڭ بۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن قورقۇپ كەتكەن-
لىكىنى، ستېپان توغرىلىق كۆپ نەرسە سورىغانلىقىنى، ئەمما
قايتىپ كېلىشىنى قەتئىي رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئېھتىياجى يوق، ئۇ يەردە پومېش-
شىك ئايالدەك ياشايدىكەن. سەمرىپ ئوبدان بولۇپ قاپتۇ، يۈزلىرى
ئاپپاق. ئېغىر ئىش قىلمايدىكەن. ئۇنىڭغا يەنە نىمە لازىم؟
شۇنداق ياسىنىۋاپتۇكى، ئەقلىڭ يەتمەيدۇ. ئادەتتىكى كۈنلەر-
دىمۇ ئۈستىگە قاردەك ئاپپاق كۆينەك كىيىپ يۈرىدىكەن، قوللىرى
پاك - پاكىز ...، — دىدى ئانىكۇشكىنىڭ ئايالى ھەسەت بىلەن
ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

ستېپاننىڭ ياڭاق سۆڭىكى قىزىرىپ كەتتى، تۆۋەن قارى-
غان روشەن كۆزلىرىدە غەزەپ، غەم - غۇسسە ئوتى بىر يېنىپ،
بىر ئۆچۈپ قالاتتى. سىرلانغان قاچىغا قوشۇقنى تۆگۈرۈپ قېتىق-
نى ئالغاندا قولىنىڭ تىترىگىنىنى ئاران باستى. ئويلىنىپ تۇ-
رۇپ، ئالدىرىماستىن سوئال بېرىپ تۇردى:

— ئاكسىنىيە ئۆز تۇرمۇشى بىلەن ماختاندى، دىدىڭمۇ؟

— ئۇ يەردىكىدەك ھايات نەدە! ئۇنداق تۇرمۇش كەچۈ-
رۈشكە ھېچكىم قارشى تۇرمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

— مەن توغرىلىق گەپ سورىمىدىمۇ؟

— سورىمايچۇ! سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئېيتىشىم بىلەنلا چىرايى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى.

كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ستېپان ئوتچۆپ ئۆسكەن ھويلىغا چىقتى.

ئاۋغۇست ئاخشىمىنىڭ كۆكۈنى تېز كېلىپ، تېزلا ئۆتۈپ كېتەتتى. كېچىنىڭ نەم، سالقىن ھاۋاسىدا شامالدۇرغۇچنىڭ بارابانلىرى خىرە تاقىلدايتتى، يېقىمسىز ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. يۈزىنى ساغۇچ داغ قاپلىغان ئايدىن چۈشۈپ تۇرغان شولا ئاستىدا ئادەتتىكىدەك توپ - توپ بولۇۋالغان كىشىلەر كۆن بويى خاماندا تېپىلگەن ئاشلىق دۆۋىلىرىنى سورۇشاتتى. چەشلەنگەن دانلارنى ئامبارغا توشۇپ ئېپكىرەتتى. يېڭى تېپىلگەن بۇغداي توپانلىرىنىڭ چاڭ - توزاڭلىرىدىن تارقالغان قىزىق چۈچۈمەل پۇراق يېزىنى قاپلىۋالغان. مەشق مەيدانىنىڭ يېقىن بىر يېرىدە ھور بىلەن ھەركەتلىنىدىغان ئاشلىق تېپىدىغان ماشىنا گۈرسۈلدەپ تۇراتتى، ئىتلار قاۋىشاتتى. يىراقتىكى خامانلاردا سوزۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. دون دەرياسىدىن چۈچۈمەل نەملىك كېلەتتى.

ستېپان قاشاغا يۆلىنىپ، كوچا ئارقىلىق كۆرۈنۈپ تۇرغان دوننىڭ ئېقىمىغا ۋە ئاينىڭ قىيپاش شولىسى چۈشكەن يىلان باغرى سوقماق يولغا ئۇزاق كۆز تىكتى. ئېقىن سۇنىڭ يۈزى چىمىرلاپ تۇراتتى. دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىدا تېرەكلەر مۈگدەشىپ ئارام ئالاتتى. ستېپاننى قايغۇ - ھەسرەت ئاستا ۋە قەتئىيەت بىلەن ئۆز قۇچىقىغا ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

× ×

تاڭ سەھەردە يامغۇر ياغدى، ئەمما كۈن چىققاندىن كېيىن بۇلۇتلار تارقىلىپ كەتتى - دە، پەقەت ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىنلا ھارۋا چاقلىرىنىڭ چەمبىرىگە يېپىشىپ قۇرۇپ قالغان لايلار ھۆل - يېغىن بولغانلىقىنى ئەسكە سالدى.

ستېپان ئەتىگەندىلا ياگودنويىغا يېتىپ كەلدى. كۆڭلى دەككە - دۈككە بولۇپ، ئېتىنى دەرۋازا ئالدىغا باغلىدى، ئاندىن تېز - تېز گۈرسۈلدەپ مېڭىپ خىزمەتكارلار قورۇسىغا كىردى.

ئوت - چۆپلىرى قۇرۇغان كەڭ ئازادە ھويلا بوپ - بوش ئىكەن. ئات ئېغىلىنىڭ ئالدىدىكى قىغنىڭ ئۈستىدە توخۇلار تۇمشۇغى بىلەن دان ئاختۇراتتى. يىقىلىپ چۈشكەن قاشانىڭ ئۈستىدە توك قاغىدەك قاپ - قارا بىر خوراز بىر ئورۇندا دەسسىنىپ تۇراتتى. ئۇ روكۇلداپ، مېكىيانلارنى چاقىرىپ، ئۆزىنى قاشا ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن قىزىل قوڭغۇزلارنى چوقۇلاپ يېگەنگە سالاتتى. سەمرىپ كەتكەن شادا پاچاق ئۇۋ ئىتلىرى فايتون تۇرىدىغان لاپاسنىڭ سايىسىدە ياتاتتى. قارا - موىناق كالتە قۇيرۇق ئالتە كۈچۈك ئانىسىنى — تۇنجى قېتىم كۈچۈكلىگەن قانچۇقنى ياتقۇزۇۋېلىپ، پۇتلىرىنى تىرەپ، يۇمشاق سۈر ئەمچەكلەرنى تاتقۇشلاپ ئېمىشەتتى. خوجايىن تۇرىدىغان ئۆينىڭ تۈنىكە ئۆگزىسىنىڭ سايە تەرىپىدە شەبنەم پارقىرايتتى.

ستېپان ئەتراپقا زېھىن قويۇپ قاراپ چىققاندىن كېيىن خىزمەتكارلار ياتىقىغا كىرىپ، سېمىز ئاشپەز ئايالدىن سورىدى:

— ئاكسىنىيە بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟

— سز كم بولسز؟ — ددى ئاشپەز ئايال تەرلگەن چوقۇر يۈزىنى پەشتامسى بلەن ئېرتىپ.

— بۇنىڭ سزگە لازمى يوق. ئاكسنيە نەدە؟

— خوجايىنىنىڭ قېشىغا كەتتى. كۈتۈپ تۇرۇڭ.

ستېپان ئولتۇرۇپ، قاتتىق چارچىغان قىياپەتتە شلەپىسنى تىزىغا قويدى. ئاشپەز ئايال مەشكە چۆگۈنلرنى تىقىپ، مېھمانغا ئېتىۋار قلماي، تۆمۈر قىسقۇچلرنى تاراقلاتتى. ئاشخانىدا سۈزمە قېتىق بلەن قۇلماقىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك ھىدى ئاڭقىپ تۇراتتى. ئوچاق بېشىدا، تاملاردا، ئۇن يۇقى پەشتاقتا ئۈستىدە چىۋىنلەر قاپ - قارا چېچىلىپ كەتكەن. ستېپان قۇلىغىنى دىڭ تۇتۇپ، سرتقا قۇلاق سېلىپ، كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئاكسنيەنىڭ تونۇش قەدەم تىۋىشى گويا ئۇنى ئورۇندۇقتىن ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى، شلەپىسى تىزىدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئاكسنيە بىر دەستە تەخسە كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. يۈزىدىن قان قېچىپ ئۆلۈكتەكلا بولۇپ قالدى. پولتىيىپ تۇرغان لەۋلرىنىڭ بۇرجەكلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ تەخسىلەرنى بىچارە ھالەتتە مەيدىسىگە يېقىپ، ۋەھىمىگە چۈشكەن كۆزلرىنى ستېپاندىن ئۈزمەي تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن جايىدىن قانداقتۇ بىرلا قوزغىلىپ، شرەنىڭ قېشىغا چاپسانلا كەلدى - دە، قولىنى بوشاتتى.

— سالامەتمۇسەن؟

ستېپان ئۇيقۇدىكى كىشىدەك ئەندىكىپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى، زومۇزو ئاران كەلگەن كۈلكىسى لەۋلرىنى بوشاشتۇردى. ئۇ لام - جىم دىمەستىن، ئالدىغا مۈكچىيىپ، ئاكسنيەگە قولىنى سوزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ھوجرامغا كىرەيلى...، — دېدى ئاكسىنىيە ئىما بىلەن ئۇنى تەكلىپ قىلىپ.

ستېپان شىلەپىسىنى ئېغىر نەرسىنى كۆتەرگەندەك ئاران قولىغا ئالدى؛ مەڭگىسىگە قان ئۇرۇلۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئاكسىنىيەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كىچىككىنە شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككىسى ئولتۇرۇش بىلەنلا، ئاكسىنىيە قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، ئىگىرىغان ئاھاڭ بىلەن سورىدى:

— سەن نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟

ستېپان بىلىنەر - بىلىنمەس عەيرى تەبىئى خوشاللىق بىلەن، مەس ئادەمدەك قولىنى شىلتاپ قويدى. لەۋلىرىدىن تېخىچە بايىقى شاتلىق ۋە دەرتلىك كۈلكىسى ئېرىمايتتى.

— ئەسىرلىكتىن قېچىپ ... سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم، ئاكسىنىيە ...

ئۇ ئېرى - بېرى تەرەددۇتلىنىپ، ئورنىدىن سابچىپ تۇردى - دە، يانچۇغىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە بىر لاتىنى تەقەززالىق بىلەن سۇغۇرۇپ چىقاردى. قوللىرىنىڭ تىترىگىنىنى باسالماي، لاتىنى ئېچىپ، بىر دانە ئايالچە كۈمۈش قول سائىتى ۋە بىر دانە ئاددى ھاۋارەڭ كۆزلۈك ئۈزۈكنى چىقاردى ... بۇ نەرسىلەرنى تەرلىگەن ئالقىنى بىلەن ئاكسىنىيەگە سۇندى، ئاكسىنىيە ئۆزىگە ياتلىشىپ كەتكەن، ھورلۇقا كۆمۈلگەن ھەجىيىشتىن خۇنۇكلەشكەن ئەپت - بەشىرىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

— مە، ئال، بۇنى ساڭا ساقلىغان ئىدىم ... بىللە ئۆمۈر ئۆتكۈزدۇق...

— ئۇنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟ تۇرۇپ تۇر ...، — ئاك-

سىنىيەنىڭ ئۆلۈكتەك قېنى قاچقان لەۋلىرىدىن شۇ سۆز ئارانلا چىقتى.

— ئال، لەۋزىمنى يەردە قويما ... ئەخمەقلىغىمىزنى تاشلاش كېرەك...

ئاكسىنىيە قولىنى پانا قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، مەشىنىڭ سۇپىسىغا چېكىندى.

— توۋا، سېنى ھالاك بولدى دېيىشىۋاتاتتى...

— سەن خوشال بولغانمىدىڭ؟

ئاكسىنىيە جاۋاپ بەرمىدى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ ئېرىنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە سىنچىلاپ قاراپ، پۇختا دەزماللانغان كۆينىگىنىڭ قاتلىغىنى بىكارلا تۈزىتىپ تۇردى. ئاندىن ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، مۇنداق دېدى:

— ئانىكۇشكىنىڭ ئايالىنى سەن ئەۋەتكەنمىدىڭ؟... ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سەن مېنى قېشىڭغا چاقىرغان ئىكەنسەن... بىللە تۇرۇشقا:

— بارامسەن؟ — دەپ سۆزىنى بۆلدى ستېپان.

— ياق، — ئاكسىنىيەنىڭ ئاۋازى قۇرۇقلا چىقتى، — ياق، بارمايمەن.

— نېمىشقا؟

— كۆڭلۈمدىن چىقىپ قالدىڭ، بىرئاز ۋاقتى ئۆتتى... ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەمما مەن ئىگىلىگىمىزنى قايتىدىن يولغا سالماقچى ئىدىم. گېرمانىيىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندىمۇ شۇنى ئويلىدىم، ئۇ يەردە تۇرغاندىمۇ شۇ ئوي - پىكرىمنى توختىتىپ قويغىنىم يوق ... سەن نېمە قىلماقچىسەن، ئاكسىنىيە؟ گىرىگورىنى سېنى تاشلىۋېتىپتۇ ... ياكى سەن باشقا بىرسىنى تېپىۋالدىڭمۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاڭلىشىمچە، سەن پائىنىڭ ئوغلى بىلەن ... راستمۇ؟

ئاكسىنىيەنىڭ ئىككى مەڭزىگە ئوتتەك ئىسسىق قان تېپچىقتى، ھەتتا ئاز - نوم-ۇستىن كۆز - قاپاقلىرى ئېغىرلىشىپ، ياش تامچىسى كۆرۈندى.

— ھەئە، ھازىر شۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋاتىمەن. راست.

— مەن تەنە قىلمايمەن، — دېدى ستېپان قورقۇپ كېتىپ، — مەن شۇنىڭغا ئارىتىپ ئېيتىۋاتىمەنكى، بەلكىم سەن ئۆز تۇرمۇشۇڭنى بىر يەرگە توختاتمىغانسەن؟ ئۇنىڭ سېنى كېرەك قىلىدىغان ۋاقتى ئۇزاققا بارمايدۇ، ئەركىلىك ... مانا كۆزلىرىڭنىڭ ئاستىدا قورۇق پەيدا بوپتۇ... ئۇ سېنى تاشلىۋېتىدۇ، ئۇ سەندىن تويغاندا، قوغلىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا نەگە بارىسەن، كىمگە يۆلىنىسەن؟ سەن ئالچىلىق قىلىپ تويمىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭ بىل... مەن پۇل بىلەن كەلدىم. ئۇرۇش تۈگەيدۇ، ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرىمىز، بىللە بولارمىز، دەپ ئويلىغان ئىدىم. مەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇشنى خالايمەن...

— ئىلگىرى سەن نېمىنى ئويلىغان ئىدىڭ، ئەزىز دوستۇم ستېپان؟ — ئاكسىنىيە شاتلىقتىن كۆزىگە ياش ئېلىپ تىترەپ سۆزلىدى ۋە سۆپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، توپ - توغرا شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى، — ئىلگىرى مېنىڭ ياشلىق باھارىمنى خازان قىلغاندا نېمىنى ئويلىغان ئىدىڭ؟ سەن مېنى گىرىشكىغا ئىتتىرىپ بەردىڭ... مېنىڭ يۈرىكىمنى سولدۇرغان سەن ئۆزەڭ... ماڭا نېمىلەرنى قىلغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— مەن ھېساپ - كىتاپ قىلىشقا كەلمىدىم... سەن... قەدىر بىلىسەن؟ بەلكىم، مەن بۇ توغرىلىق ئويلا - ئويلا قاخشاپ جېنىم بىر يەرگە بېرىپ قالغاندۇ. بەلكىم، مەن بۇنى ئەسكە ئالغاندا، باشقا بىر ھاياتنى باشتىن كەچۈرگەندۇرمەن...، — ستې-

پان شىرەگە قويۇلغان قوللىرىغا ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ، گويا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاغزىدىن تەگ - تومۇرىدىن كولاپ چىقارغاندەك قىلاتتى، — سېنى ئويلا - ئويلا... يۈرىگىم لەختە - لەختە قان بولدى. كېچە - كۈندۈز خىيال سۈرمەكتەمدىك... مەن ئۇ يەردە بىر تۇل خوتۇن بىلەن، — نېمىس ئايال بىلەن تۇردۇم... باياشات تۇرمۇش كەچۈردۈم، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى تاشلاپ كەلدىم... ئۆيگە تارتىشىپلا تۇردۇم...

— تىنچ تۇرمۇشقا نەشنا بولدۇڭمۇ؟ — دەپ قەھرى بىلەن سورىدى ئاكسىنىيە، بۇرۇن تۆشۈكلىرى تىترەپ كەتتى، — خوجايىن بولۇشنى خالامسەن؟ بەلكىم، پەرزەنت كۆرۈشنى خالايدىغانسەن، كىرىڭنى يۇيىدىغان، ئۆزەڭنى بېقىپ ئاسرايدىغان بىر خوتۇن بولسا دەيدىغانسەن؟ — ئۇ زەھەرخەندە بىلەن كۈلۈپ قويدى، — ياق، ھەرگىز خۇدا كۆرسەتمىسۇن! مەن قېرىپ قالدىم، يۈزۈمدىكى قورۇقلارنى كۆرۈپسەنغۇ... بالا تۇغۇش خىيالىمدىن چىقىپ كەتكەن. مەن ھازىر كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاشنا ئاياللارنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالدىم، ئۇنداقلار بالا تۇغۇشقا يارىمايدۇ... بۇنداق ئايالنىڭ نىمە كېرىكى بار؟

— سەن بەك ئۆتكۈر بولۇپ كېتىپسەنغۇ...

— نىمە دىسەڭ دېگىن، بولغىنىم شۇ.

— شۇنداق قىلىپ، بارمامسەن؟

— ياق، بارمايمەن، ھەرگىز بارمايمەن.

— ماقۇل، سالامەت بول، — ستېپان ئورنىدىن تۇردى، بىلەيزۈكنى قولىغا بىكارلا ئايلاندۇرۇپ، يەنە شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى، — بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن خەۋەر قىلارسەن.

ئاكسىنىيە ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ھارۋا چاقلىرىدىن توزىغان چاڭ - توزاڭ ستېپاننىڭ كەڭ يەلكىلىرىنى قاپ-

لاپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۇزاق قاراپ تۇردى.

ئاچچىق ھەسرەت يېشى ئاكسىنيەنى يەڭدى. ئۇ، ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى غۇۋا ئويلاپ، يىغلىداپ يىغلىدى — ئۆز ھاياتىنىڭ يېڭىۋاشتىن شامالدا ئۇچۇپ بەربات بولغانلىقىغا ھەسرەت چەكتى. ئۇ يېقىنغىچە ئەمدى كېرەك بولمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ۋە ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆتنىڭ ئېشىدا كېتىشكە، بىرەنچى مەھرۇم بولغان بەختىنىڭ پارچە - پۇرات بۇردىلىرىنى ھېلىھەم قولسا ئەپلەپ - سەپلەپ تىرىۋېلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. مۇشۇ قارارى بىلەن ستېپاننى كۈتكەن ئىدى. ئەمما ستېپاننىڭ بىچارە ھالەتتە بويۇن ئېگىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاكسىنيەنىڭ كۆڭلىدە ياۋۇز بىر تەكەببۇرلۇق، ئۇنىڭ باگودنويىدا خورلىنىپ تۇرۇۋېرىشكە يول قويمايدىغان تەكەببۇرلۇق باش كۆتەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆز - ھەركەتلىرىنى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىدارە قىلالمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۆتكەندىكى دەرت - ئەلەملىرىنى ئەسكە ئالدى. ئاشۇ ئادەمدىن كۆرگەن جەۋرى - جاپالىرى، بازغاندەك مۇشتىدىن تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى ئەسكە ئالدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگۈسى كەلمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆزى قىلىپ بولغان ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ، مۇنۇ تىكەندەك سۆزلەر بىلەن ۋىغۇنۇقۇپ كەتتى: «ياق، قېشىڭغا بارمايمەن. ياق».

ئۇ، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ھارۋىغا بويىنىنى سوزۇپ يەنە بىر قېتىم كۆز تىكتى. ستېپان قامچىسىنى سىلكىپ، يولنىڭ ياقىسىدىكى پاكار ئەمەننىڭ سىبىرىن رەڭگىدىكى جىيەكىدىن ئۆتۈپ، كۆزدىن غايىپ بولدى.

× ×

ئەتىسى ئاكسىنىيە ھېساپنى ئۈزۈپ، تېگىشلىك پۇللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرسە . كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەيـار بولدى. يېۋگېنىي بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئازغىنا كۆز يېشى قىلدى.

— مېنى يامان دەپ تىلغا ئالىماڭ. يېۋگېنىي نىكولا-يېۋىچ.

— ھەي، بۇ نىمە دېگىنىڭ، سۆيۈملۈگۈم!... ھەممە ئىشلىـرىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت.

يېۋگېنىينىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ خىجىللىغىنى يېپىپ، ساختا خۇرسەنلىك بىلەن چىقتى.

شۇنىڭ، بىلەن ئاكسىنىيە كەتتى.قاشقارايغاندا تاتارىسكى يېزىسىغا يېتىپ باردى.

ستېپان ئاكسىنىيەنى دەرۋازا ئالدىدا قارشى ئالدى.

— كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — پۈ-تۈنلەي كەلدىڭمۇ؟ ئەمدى قايتىپ كەتمەيدىغانسەن؟

— كەتمەيمەن، — دەپ ئاددىلا جاۋاپ قايتۇردى ئاكسىنىيە.

ئاندىن يېرىم ۋەيران بولغان ئۆيگە، قامقاق ئوت بىلەن قارا شۋاق باسقان ھويلىغا يۇرىگى سىقىلغان ھالدا كۆز يۇگورتۇپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 8

دۇرنوۋىسكايا كەنتىگە يېقىن بىر يەردە ۋېشېنىسكى پولكى
چېكىنىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن 1 ـ قېتىم جەڭگە
كىرىشىپ قالدى.

گىرىگورىي مېلېخوف كوماندىسى ئاستىدىكى يۈزلۈك
بۆلۈنمە چۈش ۋاقتىدا باغ ـ ۋاران قاپلىغان كىچىككىنە بىرىيېزـ
نى ئالدى، يېزائىچى بىلەن تېيىز يارلىقنى يۆيۈپ ئاققان ئۆسـ
تەڭ بويىدا، تال ـ سۆگەتلەرنىڭ سالقىن سايىسىدە، گىرىگورىي
كازاكلارنى ئاتتىن چۈشۈردى. يېقىن بىر جايدابوش قاراتۇپراق
يەردىن بۇلاق كۆزلىرى بۇلدۇقلاپ جۇش ئۇراتتى، سۇيى مۇزدەك
ئىكەن؛ كازاكلار سۇنى فۇراژكىلىرى بىلەن كەملەپ ئېلىپ، تەشـ
نالىق بىلەن ئىچىشتى، ئاندىن ئۇلار ئۇسسىزلىغىنى خېلىلا باسـ
قاندىن كېيىن ھۆل فۇراژكىلارنى تەرلىگەن بېشىغا كىيىشتى.
ئىسسىقتىن قاغجىراپ تۇرغان يېزىنىڭ قاق ئۇستىدە قۇياش
ئېسىلىپ تۇراتتى، يەر چۈش ۋاقتىنىڭ تۇتەك پەردىسىگە چۈمكىـ
لىپ تاۋلىناتتى، ئوت ـ چۆپلەر ۋە تال ـ سۆگەتلەرنىڭ ياپراقـ
لىرى تومۇز ئاپتىۋىنىڭ كۆيدۈرگۈچ نۇرىغا كۆمۈلگەنلىكتىن، سولـ
شىپ، يەرگە ئېگىلىپ قالغان، ئەمما تال ـ سۆگەتلەر سايەتاشلاپ
تۇرغان ئۆستەڭ بويى خېلىلا سالقىن بولۇپ، قېرىقىز گۈللەر ۋە
باشقا نەم تۇپراقتىن ئۇزۇقلانغان ھەرخىل سارافسان ئوتلار
مەخمەلدەك كۆكىرىپ تۇراتتى؛ ئۆستەڭنىڭ كىچىك قولتۇقلىرـ

دېكى سۇ يۈزىدە يۈمران مايسا ئوتلار مەھبۇپ قىزلارنىڭ تەبەس-
سۇمىدەك يالتىراپ تۇراتتى؛ ئايلانمىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر يەردە
ئۆدەكلەر قاناتلىرى بىلەن سۇنى شاپىلاقلايتتى؛ ئاتلار پۇشقۇ-
رۇپ، سۇغا ئۇمتۇلەتتى، پاتقاق يەرنى شالاپلىتىپ كېچىپ،
تىزگىنىنى بوشىتىشقا كۈچىنەتتى. ئۆستەڭنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا بېرىۋېلىپ، سۇنى لېپىتاتتى ۋە تۇمشۇغى بىلەن
پاكىزە ئاققان يەرنى ئىزلەيتتى. ئۇلارنىڭ يۇمشاق تۈكلۈك
لەۋلىرىدىن چۈشكەن ئالماستەك تامچىلارنى ئىسسىق شامال ئۇ-
چۇرۇپ كېتەتتى، پېتىقلانغان ئۆستەڭ نېگىدىن كۆتىرىلگەن لاي-
دىن گۈگۈتنىڭ پۇرىغى كېلەتتى، يالىڭاچلىنىپ قالغان تال-سۆ-
گەتلەرنىڭ چىرىگەن يىلتىزىدىن چۈچۈمەل ھىد ئاڭقىپ
تۇراتتى...

كازاكلار قېرىقىز ئارىسىدا يانپاشلاپ يېتىپ ئەمدىلا پاراڭ-
غا چۈشۈپ، تاماكا چېكىپ تۇرۇشىغا، چارلاشقا بارغانلار قايتىپ
كەلدى. «قىزىللار» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەممەيلەن بىر-
دىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى، ئاتلارنىڭ ئەيلىرىنى چىڭىتىپ
قويۇشتى، يەنە ئۆستەڭگە بېرىپ، سۇدانلىرىنى توشقۇزۇشتى،
سۇ ئىچىپ سىراپ بولۇشتى، ئېھتىمال، ھەركىم ئۆز ئىچىدە:
«مۇشۇنداق ساپ، مەسۇم بالىنىڭ كۆز يېشىدەك سۈپ-سۈزۈك
سۇدىن يەنە ئىچىشكە نېسىپ بولارمۇ بولماسمۇ...» دەپ ئويلاش-
قان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلار يول ئۈستىدە ئۆستەڭنى كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن
توختاشتى.

يېزىنىڭ چېتىدە، قارائەمەن ئۆسكەن سۇر قۇملۇق
دۆڭنى بويلاپ، بىر چاقىرىم نېرىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ چارلىغۇچى-
لىرى كېلىۋاتاتتى، سەككىز ئاتلىق يېزىغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىرنىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشتى.

— بىز ئۇلارنى تۇتۇۋالىمىز! رۇخسەت قىلامسەن؟ — دېدى مىتكاكورشۇنوپ گىرىگورىيغا.

ئۇ يېرىم ۋىزۋوت ئادەمنى ئېلىپ ئايلانما يول بىلەن يېزىنىڭ سىرتىغا چىقتى؛ ئەمما چارلىغۇچىلار كازاكلارنى بايقاپ قېلىپ، ئارقىسىغا قايتتى.

بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن پولكنىڭ قالغان ئىككى بۆلۈنمىلىرى يېتىپ كەلگەندە، كازاكلار يولغا چىقىشتى. چارلىغۇچىلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، قىزىللار تەخمىنەن مىڭ مىلتىقلىق ئەسكەر بىلەن بۇلارغا قارشى كېلىۋېتىپتۇ. ۋېشېنىسكى پولكىنىڭ بۆلۈنمىلىرى ئوڭ تەرەپ بىلەن كېلىۋاتقان 33 - يېلانىسكى-بۇكانوۋىسكى پولكى بىلەن بولغان ئالاقىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، جەڭگە كىرىشكە قارار قىلىشتى. بۇلار دۆڭدىن ئېشىپ، پەسكە چۈشكەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈشتى، ئات باقارلار ئاتلارنى يېزىغا تۇتىشىپ تۇرغان كەڭ سايغا ئېلىپ كېتىشتى، ئوڭ تەرەپتىرەك بىر يەردە رازۋېتچىكلار توقۇنۇشۇپ قالدى. قول پىلىموتى قاتتىق تاتىلداشقا باشلىدى.

كۆپ ئۆتمەي، قىزىللارنىڭ شالاڭ سەپلىرى كۆرۈندى. گىرىگورىي ئۆز بۆلۈنمىسىنى ساينىڭ قىرغىقى ئالدىدا سەپ تارتقۇزدى. كازاكلار ئات ياپىلىدەك ئۆششاق چاتقال قاپلاپ تۇرغان ئېگىز قىرنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىپ يېتىپ تۇرۇشتى. گىرىگورىي پاكار ياۋا ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە يېتىپ، دۇربۇن بىلەن دۈشمەننىڭ يىراقتىكى سەپلىرىگە كۆز تىكىپ تۇردى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئالدىدا ئىككى سەپنىڭ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، ئورۇلغان ئاشلىقنىڭ يىغىۋېلىنمىغان قوڭۇر دۆۋىلىرى ئارىسىدا سەپ تۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۈزۈن كولونىنا نا-

ھايىتى ئوچۇق كۆرۈندى.

گىرىگورىينى ۋە كازاكلارنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، 1 - سەپنىڭ ئالدىدا ئېگىز ئاق بوز ئات مىنگەن بىر ئاتلىق كېلىۋاتاتتى، — ئېھتىمال ئۇ كوماندىر بولسا كېرەك. 2 - سەپنىڭ ئالدىدىمۇ ئايرىم - ئايرىم ئىككى كىشى كېلىۋاتاتتى. ئۈچىنچىسىنىمۇ كوماندىر باشلاپ ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى. بايراقنىڭ رەختى ئاشلىغى ئورۇلغان ئېتىزنىڭ قارامتۇل سېرىق ئېگىزلىگىدە گويا بىر تامچە قاندەك قىزىرىپ كۆرۈنەتتى.

— ئۇلارنىڭ كومىسسارلىرى ئالدىدا كېلىۋاتىدۇ! — دەپ تووۋلىۋەتتى كازاكلارنىڭ بىرسى.

— ھۇ! قەھرىمانلىق دىگەن مانا شۇ! — دىدى مىتكا كورشۇنوپ ئىچ - ئىچىگە پاتماي پىخىلداپ كۈلۈپ.

— قاراڭلار، بۇرادەرلەر! ئەنە قىزىللار، كۆردۈڭلارمۇ ئۇلارنىڭ باتۇرلۇغىنى!

بۆلۈمدىكى كازاكلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئورنىدىن كۆتىرىلىپ، ھاي-ھايلاشتى. ئالقانلىرىنى كۆزىگە تۇتۇپ، كۆن نۇرىدىن دالدا قىلىشتى. گەپ - سۆزلەر بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەجەل ئالدىدىكى ئىنتايىن ۋەھىملىك، سۈرلۈك سۈكۈنات، بۇلۇت كۆلەڭگىسىدەك دالا ۋە سايىنىڭ ئۈستىنى ئاستا - ئاستا ئەتكارلىق بىلەن قاپلىۋالدى.

گىرىگورىي ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغان ئىدى، يېزىنىڭ بىر بىقىنىدىكى كۆكۈش - كۈل رەڭ ئارالدەك كۆرۈنگەن تال - سۆگەتلەرنىڭ نېرىسىدا ئاسمانغا كۆتىرىلگەن چاڭ - توزاڭ نامايەن بولدى: 2 - بۆلۈمە ئاتلىرىنى سوكۇلدىتىپ، يان تەرەپتىن دۈشمەنگە قارشى كېلىۋاتاتتى. ساي ھازىرچە بۆلۈمـ

نىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشنى نىقاپلاپ تۇردى، ئەمما تۆت چاق-رىمچە ئىلگىرىلەپ بارغاندىن كېيىن بۆلۈنمىدىكى كازاكلار تا-رىلىپ، دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى، گىرىگورىي بۇنى كۆرۈپ، بۆلۈنمىنىڭ قانچە ۋاقىتتا ۋە قانچىلىك يول ماڭ-غاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە تەگلىشۋالالايدىغان-لىقىنى ئۆز خىيالىدا ئېنىقلىۋالدى.

— يا - ا - ت! — دەپ كوماندا بەردى گىرىگورىي، شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، دۇربۇننى قېلىپىغا سېلىپ تۇرۇپ.

ئۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. كازاكلارنىڭ قىزغۇچ مايلىشاڭغۇ ئىسسىق بىلەن چاڭ - توزاڭدىن قارىيىپ كەتكەن يۈزلىرى گىرىگورىيغا بۇرۇلدى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ قويۇپ يېتىشتى. «تەييار بول!» دېگەن كوماندىدىن كېيىن مىلتىقنىڭ زاتۋورلىرى يىرتقۇچلارچە شاراقلاشقا باشلىدى. يۇقۇ-رىدىن قاراپ تۇرغان گىرىگورىيغا كېرىلىپ تۇرغان ئاياقلار، فۇ-راژكىلارنىڭ تەخسىدەك يۇمۇلاق تۆپىلىرى ۋە چاڭ باسقان گىمناستىيوركىلارنىڭ دۈمبىلىرى ۋە شۇ دۈمبىلەرنىڭ تەرگە پىش-قان ئوقۇر ھەم تاغاقلىرى كۆرۈندى. كازاكلار پانا جاي ئىز-لەپ، ئەپلىك ئورۇن تاللاپ، ھەر تەرەپكە ئۆمىلەشتى. بەزىلىرى قاتتىق يەرنى قىلىچى بىلەن كولاپ باقتى.

شۇ چاغدا شامال بۇلار تۇرغان قىر بېشىغا قىزىللار تە-رەپتىن چۈشىنىكسىز ئاھاڭدىكى بىر ناخشا ئاۋازىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى...

قىزىللارنىڭ سەپلىرى ئەگرى - بۈگرى تەكشىسىز چايقى-لىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تەرەپتىن قاغجىراپ تۇرغان كەڭ دالىدا بىر يوقىلىپ، بىر ئاڭلىنىپ، خىرە ئادەم ئاۋازلىرى كېلىپ تۇردى.

گرىگورىي يۈرىگىنىڭ يۇلۇۋېلىنغاندەك جايىدىن قوزغىلىپ، قاتتىق سوقۇشقا باشلىغانلىغىنى ھېس قىلدى... كىشىنىڭ يۈرىگىنى تىترەتتىدىغان ئاشۇ كۈينى ئۇ بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان ئىدى، گلۇبوكايا كەنتىدە قىزىل گۋاردىيىچى ماتروسلار ئىبادەتكە تۇرغاندەك بېشىدىن كوزىركىسىز شەپكىلىرىنى ئېلىپ، ھاياجان بىلەن كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ئاشۇ ناخشىنى ئېيتقانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدى. گرىگورىينىڭ كۆڭلىدە تۇيۇقسىز ئالاقزادىلىك پەيدا بولدى، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچقا ئوخشاش بىر خاتىرجەمسىزلىك قاپلىدى.

— ئۇلار نېمىشقا ھۆكىرەيدۇ؟ — دەپ سورىدى بىر قېرى كازاك تەشۋىش بىلەن بېشىنى بۇراپ.

— قانداقتۇ بىر دۇئانى ئوقۇۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇنىڭغا ئۇدۇل تەرەپتە ياتقان بىرسى.

— ئۇلارنىڭ ئوقۇغىنى جىن-شەيتانلارنىڭ دۇئاسى! — دەپ كۈلدى ئاندىرېي كاشۇلىن؛ ئاندىن قېشىدا تۇرغان گرىگورىيغا يېرەكلىك بىلەن قاراپ سورىدى، — سەن، پانتېلېۋىچ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولغان ئىدىڭغۇ، شۇتاپتا ناخشا ئېيتىش نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغانلىغىنى، بەلكىم بىلىدىغانسەن؟ بەلكىم سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئېيتقان بولۇشۇڭ مۈمكىن؟

— «... ئىگە بولۇش ئۈچۈن يەرگە!»* — دېگەن يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان چۈشىنىكسىز سۆزلەر تەنتەنە بىلەن ياڭراپ، ئارقىدىنلا يەنە دالا ئۈستىنى سۈكۈنات قاپلىدى. كازاكلار تېتىقسىزلىق بىلەن شادىمان بولۇشتى. سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرسى قاقاقلاپ كۈلدى. مىتكا كورشۇنوپ ھولۇقۇپ تىپىرچىلاشقا باشلىدى:

* بۇ — «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىنىڭ بىر جۈملىسى — ت.

www.uyghurkitap.com

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ يەرگە ئىگە بولغۇسى كەپتۇ!...، — دىدى - دە، ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن ئاغزىنى بۇزدى، — گىرىگورىي پانتېلېۋ! ماڭا رۇخسەت قىلغىنا، ئاۋۇ ئاتىنىڭ ئۈستىدىكىنى ئېتىپ چۈشۈرەي! بىر زەربە بىلەن ئىشىنى تامام قىلايمۇ؟

ئۇ ماقۇللۇقىنى كۈتمەستىنلا ئوق چىقاردى. ئوق ئاتلىقنى بىزاۋىتا قىلىۋەتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى بىرسىگە بەردى - دە، يالىڭاچلانغان قىلىچىنى پاقىرىتىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

كازاكلار ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. قىزىللار يېتىشىۋالدى. گىرىگورىي پىلىموتچىلارغا ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق قىلدى. پىلىموتتىن ئىككى تىزىق ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن 1 - سەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا يۈگۈردى. ئون سارجىن يۈگۈرگەندىن كېيىن يەنە يېتىۋالدى. گىرىگورىي دۇربۇن بىلەن قاراپ، قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ گۈرجەك بىلەن ئاكوپ قېزىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆكۈش چاڭ توزۇشقا باشلىدى، سەپنىڭ ئالدىدا، سۇغۇرنىڭ يىنلىرى ئاغزىدا دۆۋىلەنگەن توپىغا ئوخشاش كىچىككىنە قىر پەيدا بولدى. ئۇيەردىن ئۈزلۈكسىز ئېتىلغان ئوقلاردىن ئوت لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپتىن ئېتىشىش ئەۋج ئالدى. ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇش ئېھتىماللىنى تۇغدۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن كازاكلار چىقىمغا ئۇچرىدى: 1 - ۋىزۋوتتىن بىر ئادەم ئوق بىلەن يەرمۇچتى، ئۈچ ئادەم يارىدار بولۇپ، سايدىكى ئات باقارلارنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ كەتتى. 2 - بۆلۈنمە يان تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، چاڭ كۆتۈرۈپ ئاتاكىغا ئۆتتى، ئاتاكىنى قىزىللار پىلىموت ئوتى بىلەن قايتۇردى. كازاكلارنىڭ بىر توپ بولۇپ يىغىلىپ، يەنە

يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ، ئالاقزادە بولۇپ ئارقىغا قاچقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ چېكىنىشتىن كېيىن بۆلۈنمە ئۆزقاتارلىرىنى تەڭلەشتۈرۈۋالدى ـ دە، هاي ـ هايلاپ ۋاقىرىماستىن، يەنە ئاتاكىغا ئۆتتى. يەنە شىددەتلىك ياغدۇرۇلغان پىلىموت ئوقى ئۇلارنى شامال ئۇچۇرغان غازاڭدەك ئارقىغا قوغلىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئاتاكىلار قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بەرداشلىقىنى تەۋرىتىپ قويدى ـــ 1 ـ قاتاردىكى سەپ قالايمىقانلىشىپ، ئارقىغا چېكىندى.

گىرىگورىي ئوت ئېچىشنى توختاتماستىن، بۆلۈنمىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. كازاكلار ياتماستىن ئالغا مېڭىۋەردى. دەسلەپكى چاغدا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان بەزىبىر ئىككىلىنىش ۋە ئېسەنكىرەش ئەمدى يوقالغاندەك ئىدى. پوزىتسىيىگە تېزلىك بىلەن يېتىپ كەلگەن توپچىلار باتارېيىسى ئۇلارنىڭ كۆتىرەڭگۈ كەيپىياتىغا مەدەت بەردى. ئوت ئېچىش ئورنىغا ئېلىپ كېلىنگەن 1 ـ توپچى ۋىزۋوت ئوق ياغدۇردى. گىرىگورىي ئاتلارنى ئېپكېلىش ئۈچۈن ئات باقارلارغا بۇيرۇق ئەۋەتتى. ئۇ ئاتاكىغا هازىرلانغان ئىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە گىرىگورىي قىزىللارنى كۆزەتكەن ھىلىقى ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە 3 ـ زەمبىرەكنىڭ ئالدىنقى چاقلىرى پەسكە چۈشۈرۈلدى. تار گەلىقى شىم كىيگەن ئۇزۇنتۇرا ئوفىتسېر زەمبىرەكنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ قويۇپ، كېيىن قالغان جىلاۋدارلارغا قەھرى بىلەن چىقىراپ ۋاقىرىدى:

ـــ ئېلىپ كەت! ئاڭلىدىڭمۇ؟! جىن بوغۇپ ئۆلتۈرسۇن سەن هارامزادىلەرنى!...

كۆزەتكۈچى ئوفىتسېر بىلەن باش ئوفىتسېر باتارېيىدىن يېرىم چاقىرىم نېرىدا ئاتتىن چۈشتى ـ دە، كىچىككىنە دۆڭنىڭ ئۈستىگە

چىقىپ، چېكىنىۋاتقان دۈشمەن سەپلىرىنى دۈربۈن بىلەن قاراپ تۇرۇشتى. تېلېفونىستلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سىم تارتىپ، باتارىيىنى كۆزىتىش پونكىتى بىلەن تۇتاشتۇرۇۋاتاتتى، ياشىنىپ قالغان ياساۋۇلنىڭ — باتارېيە كوماندىرىنىڭ — يوغان بارماقلىرى دۈربۈننىڭ غىلدىرىكىنى ئەسەبىلەرچە چۆگىلىتەتتى (بىر بارمىقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك چوغدەك قىزىرىپ تۇراتتى). ئۇ 1 — زەمبىرەكنىڭ قېشىدا غۇيۇلداپ ئۆتكەن ئوقلاردىن بېشىنى ئېلىپ قېچىپ، بىكاردىن بىر ئورۇندا دەپسىنىپ تۇراتتى، ھەر بىر سىلكىنگەندە يېنىغا ئېسىۋالغان كونا دالا سومكىسى تەۋرىنىپ كېتەتتى.

بوك - بوك. قاراس - قۇرۇس ئاڭلانغان گۈلدۈرلەشلەردىن كېيىن گىرىگورىي سىناق ئۈچۈن ئېتىلغان سىنارەتنىڭ چۈشكەن يېرىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ ئارقىسىغا يالت قىلىپ قارىغان ئىدى: ئاتقۇچىلار بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، خىرىلداپ، زەمبىرەكنىڭ چاقىدىن ئىتتىرىۋاتقان ئىكەن. دەسلەپ ئېتىلغان شىراپنېل ئۇرۇلمىغان بۇغداينىڭ قاتارلىرىنى قاپلاپ كەتتى - دە، كۆپ - كۆك ھاۋادا شامال توزغىپ تاشلىغان تۈتۈن ئاپپاق پاختىدەك پارچە - پارچە بۆلۈنۈپ، ئۇزاققىچە كۆزدىن غايىپ بولماي تۇردى.

تۆت زەمبىرەك يىغىلغان بۇغداي قاتارلىرىنىڭ نېرىسىغا نۆۋەت بىلەن سىنارەتلەرنى يوللاپ تۇردى، ئەمما گىرىگورىي ھېچ كۈتمىگەن ھالدا، زەمبىرەك ئوقلىرى قىزىللارنىڭ سەپلىرىنى ئۇنچىلىك قالايمىقانلاشتۇرالمىدى — قىزىللار ئالدىرىماي، تەشكىللىك ھالدا چېكىنىپ، ئېگىز داۋاندىن ئېشىپ، سايغا چۈشۈپ كەتتى - دە، كازاكلارنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن غايىپ بولدى. ئەمدىلىكتە ئاتاكىنىڭ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن گىرىگورىي

ھەرھالدا باتارىيە كوماندىرى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەگىچى بولدى. ئۇ كوماندىرنىڭ قېشىغا لەپەڭلەپ كەلدى - دە، ئايتاپتا كۆيۈپ، مەللەرەڭ تۈس ئالغان بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى سول قولى بىلەن چىمدىپ تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي كۈلۈمسىرەپ:

— ئاتاكىغا ئۆتەي دېۋىدىم! — دېدى.

— ئۇ يەردە قانداق ئاتاكىغا ئۆتكىلى بولسۇن! — ياساۋۇل بېشىنى تەرسالىق بىلەن چايقاپ، فۇراژكىسىنىڭ كۆزىركىسى ئاستىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېرتتى. — ئۇ ئېتىنىڭ بالىلىرىنىڭ قانداق چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتامسىز؟ ئۇلار تەسلىم بولمايدۇ! ئەگەر تەسلىم بولسا كۈلكىلىك ئىش بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ قىسىملىرىغا باشچىلىق قىلغانلارنىڭ پۈتۈن تەركىۋى — كادىر ئوفىتسېرلەر، مېنىڭ بىر يولدىشىم، قوشۇن ستارشىناسى سىرووفمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا...

— بۇنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ — گرىگورىي ئىشەنمىگەندەك قىلىپ كۆزلىرىنى چىمىلداتتى.

— خائىن قاچقۇنلار... ئېتىش توختىتىلسۇن! — دەپ ياساۋۇل كوماندا بەردى - دە، گويا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك چۈشەنچە بەردى، — ئوق ئېتىشنىڭ پايدىسى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنارەت ئاز... سىز مېلېخوفمۇ؟ تونۇشۇپ قويايلى: مەن پولتاۋتسېۋ بولىمەن، — ئۇ تەرلىگەن يوغان ئالقىنىنى شارتلا سوقۇپ، گرىگورىينىڭ قولىنى سىقتى، ئەمما ھايالىسىز قولىنى بوشىتىۋالدى - دە، ياپىلاق سومكىسىنىڭ ئوچۇق تۇرغان خالتىسىغا قولىنى سېلىپ، پاپىروس ئالدى، — تاماكا چېكىڭ!

جىلاۋدارلار گۈلدۈر - تاراق ئاۋاز بىلەن سايدىن چىقىش-

تى، باتارىيەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتنى قوشۇشقا كىرىشتى. گې-
رىگورىي ئۆز بۆلۈنمىسىنى ئاتلىرىغا مىنگۈزۈپ، دۆڭنىڭ ئارقىسى-
غا ئۆتۈپ كەتكەن قىزىللارنى قوغلاپ كەتتى.

قىزىللار ئالدىدىكى بىر يېزىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ،
ئەمما قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا قايتۇرۇپ بەردى. ۋېشېنىسكا-
يالىقلارنىڭ ئۈچ بۆلۈنمىسى ۋە بىر باتارىيەبۇ يېزىغا ئورۇنلاش-
تى. قورقۇپ قالغان ئاھالە ئۆيدىن تالاغا چىقىشمىدى. كا-
زاكلار يەيدىغان نەرسە ئىزلەپ، قورامۇ قورا يۈگۈرۈشۈپ يۈ-
رەتتى. گىرىگورىي چەتتىكى بىر ئۆينىڭ قېشىدا ئاتتىن چۈشتى-
دە، ئېتىنى قوراغا يېتىلەپ كىرىپ، پەلەمپەينىڭ ئالدىغا باغلاپ
قويدى. ئۆي ئىگىسى ياشىنىپ قالغان ئۈزۈنتۇرا كازاك بولۇپ،
كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى، بېشى قۇشنىڭ بېشىدەك تولىمۇ
كىچىك بولۇپ، كىر ياستۇقنىڭ ئۈستىدە يۇمۇلاپ تۇراتتى.

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ. نېمە؟ — دېدى گىرىگورىي تېچلىق
سوراشقاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ.

— مىجەزىم يوق...

ئۆي ئىگىسى ياغاندىن كېسەلمەن بولۇۋالغان ئىدى، ئۇ-
نىڭ كۆزلىرىنىڭ ساراسىمە بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا،
ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى گىرىگورىي پەملىۋالدى.

— كازاكلارنى بىر ۋاق تاماق بىلەن تويۇندۇرامسەن؟ —
دەپ سورىدى گىرىگورىي قەتئىي تەلەپ بىلەن.

— سىزلەر قانچە كىشى؟ — دەپ سورىدى ئايالخوجايىن
مەشتىن نېرىراق چېكىنىپ.

— بەش كىشى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، كىرىڭلار، خۇدانىڭ يوللىغان
رىسقىنى تەڭ كۆرەرمىز.

گرىگورىي كازاكلار بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماقنى يەپ
بولغاندىن كېيىن كوچىغا چىقتى.

توپچىلار باتارىيىسى قۇدۇقنىڭ قېشىدا ئۇرۇشقا تولۇق
تەييارلانغان جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى. جابدۇقلىرى بوشىتىلـ
مىغان ئاتلار توربىلىرىنى سىلكىشتۈرۈپ ئاخىرقى ئارپىلىرىنى
يەۋاتاتتى. جىلاۋدارلار بىلەن ئاتقۇچىلار ئوق - دورا يەشىكلىـ
رىنىڭ سايىسىدە ئاپتاپتىن پانالىنىپ توپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇـ
شاتتى، بەزىلىرى ياتاتتى. توپچىلاردىن بىرسى پۇتلىرىنى مىنـ
گەشتۈرۈپ، مۈرىسىنى تىترىتىپ، دۈم يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئېھـ
تىمال، ئۇ ئاۋال سالقىن سايىدە ياتقان بولسىمۇ، كېيىن سايە
يۆتكەلگەنلىكتىن، ئەمدى ئاپتاپ ئۇنىڭ مايسا ئوت يېپىشىپ
قالغان يالاڭباش جىنگىلەك چاچلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

تاسما جابدۇقلارنىڭ ئاستىدا ئاتلارنىڭ تەرگە پىشقان ھۆل
تۈكلىرى كۆپۈكلىنىپ ساغۇچ تۈستە يالتىرايتتى. ئوفىتسېرلەر بىلەن
چاپارمەنلەر مىنىدىغان ئاتلار قاشاغا باغلاقلىق تۇراتتى، بۇلار-
نىڭ ئاياقلىرى پۈكۈلۈپ، بېشى مەيۈس ساڭگىلاپ قالغان. ئۈسـ
تىۋېشىنى چاڭ باسقان، تەرگە چۆمگەن كازاكـ
لار ئۈنچىقماي دەم ئېلىشاتتى. ئوفىتسېرلەر باتارىيە كومانـ
دىرى قۇدۇقنىڭ ياغىچىغا دۈمبىسى بىلەن يۆلىنىپ، يەردە ئولـ
تۇرۇپ تاماكا چېكىشەتتى. ئۇلارنىڭ نېرىراقىدا، ئاپتاپتا كۆيـ
گەن ياۋا گىيالارنىڭ ئۈستىدە كازاكلار پۇتلىرىنى تەرەپ - تەـ
رەپكە سوزۇپ، ئالتە بۇرجەك يۇلتۇز شەكلىدە يېتىشاتتى. ئۇلار
ھە دەپ چىلەكتىن قېتىق ئۇسۇپ ئىچىشەتتى، ئاندا - ساندا بەـ
زىلىرى ئاغزىغا چىققان ئارپىنى تۈكۈرەتتى.

قۇياش ھەددىدىن تاشقىرى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. يېزىنىڭ
ئادەمسىز كوچىلىرى دۆڭگىچە سوزۇلغان ئامبار ۋە سارايلار-

پاسلىرىنىڭ ئاستىدا، قاشانىڭ تۇۋىدە، قىرىقىزلارنىڭ ساغۇچ سايىسىدە كازاكلار ئۇخلاۋاتاتتى. ئىگەر - جابدۇقلىرى ئېلىنمىغان ئاتلار قاشانىڭ ئالدىدا زىنچىدە بىر جايغا سىقىلىشىپ، ئىسسىقتىن سولامسىيىپ ئۈگدىشەتتى. بىر كازاك ئاستىدىكى ئاتقا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا قامچىسىنى شىلتىپ قويۇپ، شۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. يەنە بىر كوچىدا بولسا — بۇ كوچا گويا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چوڭ دالا يولىدەك ئىدى — يېشىل سىرلانغان زەمبىرەكلەر ۋە ھەربى سەپەر ھەم ئاپتاپتىن مادارى قۇرۇپ ئۇخلاۋاتقان ئادەملەر تاسادىپى پەيدا بولۇپ قالغان كېرەكسىز نەرسىدەك كۆرۈنەتتى.

قاتتىق زېرىككىشتىن كېيىن گىرىگورىي ئۆيگە كىرىپ كېتەي دېۋىدى، شۇ ئارىدا كوچا بويىلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق كازاك كۆرۈندى. بۇلار باشقا بۆلۈمنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، كىچىكرەك بىر توپ ئەسىرگە چۆشكەن قىزىل ئەسكەرلەرنى ھەيدەپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، زەمبىرەكچىلەر ئۆرۈ - تۆپىلەر بولۇشۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، گىمناستيوركىلىرى بىلەن شىملىرىنىڭ توپىسىنى قېقىشتى. ئوفىتسېرلەرمۇ تۇرۇپ كېتىشتى. يانىدىكى بىر ھويلىدا بىرسى خوشاللىق بىلەن ۋاقىرىۋەتتى:

— بۇرادەرلەر، ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كەپتۇ!.. سۆزۈمنى يالغان دەۋاتامسىلەر؟ يالغان سۆزلىگەن بولسام، مېنى خۇدا ئۇرسۇن!

تولا ئۇخلاپ كۆز - قاپاقلىرى ئىششىغان كازاكلار ھويلا - ھويلىلاردىن ئالدىراش يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئەسىرلەر يېقىنلاپ كەلدى — بەدىنىدىن تەر پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، يۈز - كۆزىنى چاڭ باسقان سەككىز ياش يىگىت ئىكەن. بۇلارنى كازاكلار

زىچچىدە ئورنىۋالدى.

— بۇلارنى نەدە قولغا چۈشۈردۈڭلار؟ — دەپ سورىدى باتارىيە كوماندىرى، ئەسىرلەرنى سوغاق نەزەر بىلەن بىر - بىر قاراپ چىقىپ.

مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بىرسى، باتۇرلارچە ماختىنىپ جاۋاپ بەردى:

— قالتىس پالۋانلاركەن بۇ! بۇلاردىن بىز يېزىنىڭ قىپ-شىدىكى ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ئارىسىدىن تۇتۇۋالدۇق! سادىن قوغدانغان بۆدۈنىلەرگە ئوخشاش بىر جايغا تىقىلىشىپ تۇرغان ئىكەن. بىز ئۇلارنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈپ قالدۇق - دە، ھەيدەپ ماڭدۇق! بىرسىنى ئۆلتۈردۇق...

قىزىل ئەسكەرلەر قورقۇمسىراپ سىقىلىشىپ تۇراتتى. روپ-شەنكى، ئۇلار جازالاشتىن قورقۇپ تۇرۇشاتتى. كۆزلىرى مە-يۈس ھالدا كازاكلارنىڭ يۈزىگە تەلمۈرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرسى، تۇرقىدىن يېشى چوڭراق، ئاپتاپتا چىرايى قارى-داپ كەتكەن، ياغاچ سۆڭەكى تومپايغان، ئۈستىدىكى گىمناستىيور-كىسى مايلىشىپ قالغان ۋە پاقالچىقىدا ئورنىۋالغان لاتىسى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن قىزىل گۋاردىيەچى بىر ئاز ئالغاي قارا كۆزلىرى بىلەن بۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن نەپرەت بىلەن قاراپ تۇراتتى ۋە تاياقتىن قانىغان لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇۋال-غان ئىدى. ئۇ دىقماق، كەڭ يەلكىلىك ئادەم ئىدى. ئاتنىڭ قىلى-دەك يىرىك، قارا چىڭگىلەك چاچلىرىنىڭ ئۈستىگە كاكاردىسى ئېلىپ تاشلانغان فۇراژكىنى يېشىل چەلپەكتەك قىيسايتىپ كىيى-ۋالغان، ئېھتىمال بۇ شەپكە گېرمان ئۇرۇشىدىن ساق چىققان بو-لۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتاتتى، تىرناقلىرىغا قان

ئۇيۇپ قالغان يوغان قارا بارماقلىرى بىلەن كۆينىكىنىڭ تۈگمىسى يېشىۋېتىلگەن ياقىسىنى ۋە قاپ - قارا يۇڭ باسقان ئىنچىكە كىكىرتىكىنى سىلاپ قوياتتى، تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۇ بىپەرۋا ئادەمدەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئازادە بىر چەتكە سوزۇلۇپ تۇرغان پۇتى، گەرچە پايتىمىنىڭ ئۈستىدىن قېلىن ئۇيمىتكا بىلەن ئورالغان بولسىمۇ، سوغاققا توڭلىغاندەك دىر - دىر تىترەيتتى، قالغانلىرى تامدەك ئاقىرىپ چىرايىدا قان قالمىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياغۇز ئاشۇ تاتار چىراي زەبەردەست بىرسى غەيرەتلىك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باتارىيە كوماندىرى ئاشۇ يىگىتكە سوئال قويدى:

— سەن كىم بولىسەن؟

قىزىل ئەسكەرنىڭ تاش كۆمۈر پارچىسىدەك ئۇششاق كۆزلىرى جانلىنىپ كەتتى - دە، سەزدۈرمەستىن، ئەمما ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى تۈزۈۋالدى.

— مەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى رۇس.

— قەيەرلىك سەن؟

— پېنزالىقمەن.

— ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئەسكەرلىككە يېزىلغانمۇ، گېزەندە؟

— ھېچ ئۇنداق ئەمەس. مەن كونا ئارمىيىدە ستارشى ئۇنتېر ئوفىتسېر ئىدىم. 1917 - يىلىدىن باشلاپ قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان بولۇپ، مانا ھازىرغىچە شۇلار قاتارىدا بولۇپ كەلدىم...

مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرسى سۆزگە ئارىلاشتى:

— بۇ ياۋۇز بىزگە ئوق ئاتتى!

— ئوق ئاتتى دىدىڭمۇ؟ — ياساۋۇل تەرىنى تۇرۇپ، ئۇدۇلىدا تۇرغان گىرىگورىينىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، كۆزى بىلەن ئەسىرنى ئىملاپ كۆرسەتتى، — مانا ئەمەسمۇ، ئەبلەخنىڭ ئىشى! راست ئوق ئاتتىڭمۇ؟ مېنى ئەسىرگە ئالدۇ دەپ ئويلىمىدىڭمۇ؟ مۇشۇ ئىشىڭ ئۈچۈن ھازىر ئېتىلساڭ قانداق قىلىسەن؟

— مەن ئۆزەمنى قوغداشنى ئويلىغان ئىدىم، — قىزىل ئەسكەر يارىلانغان كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئەيپكارلارچە كۈلۈپ قويدى.

— قانداق ئىپلاس نەرسە بۇ! ئەمىسە نىمىشقا ئوق ئېتىش بىلەن ئۆزەڭنى قوغداپ قالالمىدىڭ؟

— ئوقۇم تۈگەپ قالدى.

— ھە ـ ە ـ ە...، — ياساۋۇل كۆزلىرىدىن مۇز ياغدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مەمنۇنلۇقىنى يوشۇرالماي، سولداتقا تىكىلىپ قاراپ قالدى، — خوش سەن ئىتنىڭ بالىلىرى، زادى قەيەرلىك نىمىلەرسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەمدى باشقىچە ئاھاڭ بىلەن، قالغان ھەممىسىگە خوشال كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بىز ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارمىز، جانابى ئالى! بىز ساراتوف شەھىرىدىن... بالاشوۋىكلار...، — دەپ زارلىنىشقا باشلىدى. بوينى قاقىردەك ئۇزۇن، ئۇزۇنتۇرا يىگىت، پات ـ پات كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ، مەللەرەڭ چاچلىرىنى تاتىلاپ قويۇپ.

گىرىگورىي ماش رەڭ كىيىم كىيگەن ياش يىگىتلەرگە قادىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاددى مۇژىك چىرايلىرىغا، كۆرۈمسىز پىيادە ئەسكەرلىك تۇرقىغا زور قىزىقىش بىلەن قاراپ چىقتى. ياڭاق سۆڭەكى چىققان يالپاق يۈز بىرسى ئۇنىڭدا ئۆچمەنلىك تۇغدۇردى.

گىرىگورىي ئۇنىڭغا قايرىلىپ، ئىستىھزا ۋە رەزىلە بىلەن سورىدى:

— سەن نىمىشقا ئوچۇقلا ئىقرارقىلىسەن؟ سەن ئىھتىمال ئۇلارنىڭ بىر روتىسىنى باشقۇرۇپ كەلگەنسەن؟ كوماندىرمىدىڭ؟ سەن كوممۇنىستمۇ؟ ئوقۇم توگەپ قالدى، دىدىڭمۇ؟ مۇشۇ ئىش ئۇچۇن بىز سىنى قىلىچ بىلەن چاپىمىز، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟

قىزىل ئەسكەر، مىلتىق پەيىنىڭدىن ئىزىلگەن بورۇن توشۇكلىرىنى پۇشۇلدىتىپ، جەسۇرلۇق بىلەن مۇنداق دىدى:

— مەن قەيسەرلىك قىلىپ ئىقرار بولۇۋاتقىنىم يوق، مەن بۇنىڭ نىمىسىنى يوشۇرىمەن؟ ئوق ئاتقان ئىكەنسەن، ئىقرارقىلىشىڭ كىرەك ... مۇشۇ دىگىنىم توغرىمۇ؟ خوش، جازالاش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۆلتۈرسەڭلار، ئۆلتۈرۈۋىرىڭلار. مەن سىلەردىن .... — ئۇ يەنە كۈلدى، — ياخشىلىق كۈتمەيمەن، چۈنكى سىلەر كازاكقۇ.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى ماقۇللاپ مىيىغىدا كۈلۈشتى، سولداتنىڭ پاراسەتلىك بىلەن قىلغان سۆزىگە تەن بەرگەن گىرىگورىي ئۇنىڭ قېشىدىن كەتتى. ئۇ ئەسىرلەرنىڭ قۇدۇق بېشىغا سۇ ئىچكىلى ئالدىراش ماڭغانلىقىنى كۆردى. تار كوچىدىن بۆلۈنمىدىكى كازاكلار ۋىزۋوت - ۋىزۋوت بويىچە سەپ تۈزۈپ چىقىشقا باشلىدى.

# 9

پولك ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايلار دائىرىسىگە كىرىپ، بۇرۇنقى تۆتەك پەردە بىلەن نىقاپلىنىۋاتقان جايلار ئەمەلىيەتتە ئەگرى - بۈگرى رەسمىي ئۇرۇش فرونتىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، گىرىگورىي ھەر ۋاقىت، مەيلى دۈشمەن بىلەن توقۇنۇشقاندا بولسۇن ياكى دۈشمەندىن بىۋاستە يېقىنلا بىر يەردە تۇرغاندا بولسۇن قىزىل ئەسكەرلەرگە، ئاشۇ رۇس سولداتلىرىغا نىسبەتەن ئۆزىدە ئىنتايىن زور، تەشنالىق بىر قىزىقىشنىڭ كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى جىددىي ھېس قىلاتتى. ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. تۆت يىللىق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە تۇغۇلغان ساددا - گۆدەكلەرچە تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغاندەك ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ لېشنيوف ئەتراپىدا بىرىنچى دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئەسكەرلىرىنى ۋە بۇلارنىڭ ھارۋا، ئات-ئۇلاغلىرىنى 1 - قېتىم كۆزەتكەن ئىدى. «بۇ نېمە قىلىدىغان ئادەملەردۇ؟ قانداق ئادەملەردۇ؟» گلۇبوكايا ئەتراپىدا چېرنىستوفنىڭ ئەتىرىدى بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقتى گويا ئۇنىڭ ھاياتىدا ھېچ بولمىغاندەكلا ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا گىرىگورىي ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ قىياپىتىنى ياخشى بىلەتتى — بۇ دۈشمەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى دون ئوفىتسېرلىرى بىلەن كازاكلار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ يەردە رۇس سولداتلىرى بىلەن،

www.uyghurkitap.com

قانداقتۇ باشقا بىر ئادەملەر بىلەن — سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولغان ۋە گىرىگورىينىڭ ئۆي - پىكرىچە، كازاكلارنىڭ يەر - سۇ، مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئادەملەر بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

يەنە بىر قېتىم، ئۇرۇشتا ئۇ تاغ ئېتىكىدىكى جىرادىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن قىزىل ئەسكەرلەر بىلەن دېيەرلىك يېقىنلا يەردە توقۇنۇشۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ۋىزۋودى بىلەن ئاتلىق چارلاشقا چىققان ئىدى، سايىنىڭ ئېقىنى بويلاپ مېڭىپ، ئىككى ئاچا تارماققا يېقىن كەلگەندە «گ» تاۋۇشىنى قوپال تەلەپپۇز قىلىپ، «ئۇ» تاۋۇشىنى ئۇرغۇسىز ئېنىق چىقىرىپ سۆزلىگەن رۇسچە سۆزنى ۋە شىتىرلىغان قەدەم ئاۋازىنى تۇيۇقسىز ئاڭلاپ قالدى. بىرنەچچە قىزىل ئەسكەر — بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى خەنزۇ ئىدى — قىرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى - دە، كازاكلارنى كۆرۈش بىلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ، بىرسىكۇنت ھەيرانلىقتىن تېڭىرقاپقېتىپلا قېلىشتى.

— كازاكلار! — بىرسى يەرگە يېقىلىۋېتىپ، قورقۇنچلۇقتا دۇدۇقلاپ ۋاقىرىدى.

خەنزۇ ئوق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بايىقى يەرگە يىقىلغان ئاق سىبىرىق يىگىت ھولۇقۇپ، تېز - تېز سۆزلەپ ۋاقىراشقا باشلىدى:

— يولداشلار! «ماكسىمكا»نى بەتلەڭلار! كازاكلار كېلىپ قالدى!

— چاپسان بولۇڭلار! كازاكلار! ...

خەنزۇنى مىتكا كورشۇنوف ناگان بىلەن ئۇلاتتى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى شارتلا بۇراپ، گىرىگورىينىڭ ئېتىغا ياندىشۇردى. ئاندىن تىك قىرغاقلىق جىلغا بويلاپ ئەڭ ئالدىدا ئې-

تىنى چاپتۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ،
ئەگرى - بۈگرى يەردە خەتەرلىك چىپىشلارنى باشقۇرۇپ باراتـ
تى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالغانلارمۇ قويۇنىدەك چاڭ كۆتىرىپ،
بىر - بىرىدىن ئۆزۈپ كېتىشكە تىرىشىپ، ئاتلىرىنى تېز چاپتۇ-
رۇشتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا پىلىموت بوم ئاۋاز بىلەن تاتىلـ
داشقا باشلىدى، پىلىموت ئوقلىرى قىيالىقنىڭ يان باغرى ۋە
چوخچىيىپ چىققان دوقمۇش جايلاردا ئۆسكەن قاراقات ۋە دو-
لانا ياپراقلىرىنى شاراقلىتىۋەتتى، ساينىڭ ئىچىدىكى تاشلىقـ
لارنى ئۇۋۇتىپ، زىلزىلىگە كەلتۈردى ...

گىرىگورىي يەنە بىرنەچچە قېتىم قىزىللار بىلەن يۈزمۇ
يۈز دۇچكېلىپ قالدى. كازاكلارنىڭ ئوفلىرى قىزىل
ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ موللاق ئاتقۇزۇپ،
يەرگە يىقىتقانلىقىنى. ئۇلارغا يات بولغان بۇ ھوسۇلدار يەردە
ھاياتى بىلەن خوشلاشتۇرغانلىقىنى كۆردى.

... شۇنداق قىلىپ، گىرىگورىي ئاستا - ئاستا بولشېۋىكـ
لەرگە ئۆچمەن بولۇشقا باشلىدى. بولشېۋىكلەر ئۇنىڭ ھاياتىغا
دۈشمەن سۈپىتىدە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى يەردىن ئايرىدى! ما-
نا شۇنداق تۇيغۇ باشقا كازاكلارنىڭمۇ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغانلىقـ
نى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ھەممە كازاكلارغا گويا بۇ ئۇرۇش
نەق ئاشۇ ئوبلاستقا بېسىپ كېلىۋاتقان بولشېۋىكلەرنىڭ كاساپە-
تى بىلەن بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ھەر بىر
كازاك يىغىۋېلىنمىغان بۇغداي دۆۋىلىرىگە قاراپ، ئاتلارنىڭ تۇيـ
قى ئاستىدا نابۇت بولۇۋاتقان ئورۇلمىغان ئاشلىقلارغا قاراپ، بوپـ
بوش خامانلارغا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ نەچچە پاتمان يەرلىرىنى ۋە
يەرلەردە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ھالىدىن كەتكەن ئايالىرىنى ئېـ
سىگە چۈشۈرەتتى - دە، يۈرىكى تاشتەك قېتىپ، ۋەھشىلىشەتتى.

بەزى چاغدا جەڭدە گىرىگورىيغا ئۇنىڭ ھازىرقى دۈشمەنلىرى ـــ تامبوف، رەزەن، ساراتوف مۇژىكلىرىمۇ گويا بەرگە بولغان ئاچ كۆزلۈگى بىلەن بۇ يەرگە كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، «يەر ئۈچۈن گويا سۆيگەن يار ئۈچۈن ئۇرۇشقاندەك ئۇرۇشىمىز»، دەپ ئويلايتتى گىرىگورىي.

، ئەسىرگە ئېلىش ئازىيىشقا باشلىدى. ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى جازالاش ئىشلىرى پات ـ پات كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش فورونتلاردا كەلكۈندەك يامراشقا باشلىدى؛ بولشېۋىكلەرگە ھېسداشلىق قىلىشتا گۇمانلىق بولغان ئادەملەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، قىزىل ئەسكەرلەر ئائىلىسىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان بولۇشتى، ئەسىرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، قىپ ـ يالىڭاچ قىلىپ قويۇشاتتى...

ئات ـ ھارۋىدىن تارتىپ تاكى كېرەككە كەلمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرگىچە ھەممىنى تارتىۋېلىشتى. كازاكلارمۇ ئالدى، ئوفىتسېرلەرمۇ ئالدى. 21 ـ دەرىجىلىك كارۋان ھارۋىلىرى ئولجىغا لىق توشۇپ، ئۇستى تومپىيىپ كەتتى. ھارۋىلارغا بېسىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە نىمىلەرنى يوق دەيسەن! كىيىم ـ كېچەكمۇ، ساماۋارلارمۇ، تىكىش ماشىنىلىرىمۇ، ئاتنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىمۇ ـــ ئىشقىلىپ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ھارۋىدىكى ئولجىلار ئۆي ـ ئۆيلەرگە توشۇلۇپ تۇردى. ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى ھەربى قىسىمغا ئوق ـ دورا ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى جان دەپ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان بولسا، قايتاشىدا ھارۋىلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇپ ئېلىپ كېتىشەتتى. ئاتلىق پولكلار ـــ بۇلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى ـــ

ئۆزلىرىنى تولسمۇ بىباش ـ يۆگەنسىز تـۇتاتتى. پىيادە ئەسكەر ـ نىڭ ئوقداندىن باشقا نەرسە سالىدىغان ھېچنىمىسى يوق ئىدى. ئاتلىق ئەسكەر بولسا ئىگەرنىڭ خـۇرجۇنىنى لىق توشقۇزغاندىن تاشقىرى، بەزى نەرسىلەرنى ئىگەرنىڭ ئـارقـا تاسمىسى بىلەن بۆكتەرگە قىلاتتى، شـۇڭا ئـۇلارنىڭ ئىتى ھەربىي ئـاتتىن كۆرە، يۈك توشۇيدىغان ئۇلاققا ئوخشاپ قالاتتى، شـۇنداق قىلىپ، بۇ ـ رادەرلەر * ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. ئـۇرۇش ۋاقتىدىكى بۇلاڭ ـ چىلىق كازاكلار ئۈچۈن ھەمىشە ئـەڭ مـۇھىم ھـەركەتلەندۈرگۈچ كـۈچ بـولغان ئىدى. گىرىگورىي بۇنى قىرىلارنىڭ ئـۆتمۈشتىكى ئۇرۇش توغرىلىق سۆزلىگەن ھېكايىلىرىدىنمۇ ۋە ئۆز تەجرىبىسى بويىچىمۇ بىلەتتى. تېخى گېرمان ئۇرۇشى كۈنلىرىدە ئۇ خىزمەت قىلغان پولك پىروسسىيىنىڭ ئارقا سېپىگە ئـۆتۈۋېلىپ كېتىۋاتقان چاغدا، بىرىگادا كوماندىرى ـــ خىزمەت كۆرسەتكەن گېنېرال ـــ 12 بۆلۈمنى سەپكە تىزىپ قويۇپ، دۆڭنىڭ ئىتىكىدىكى كىچىك ـ كىنە بىر شەھەرنى قامچىسى بىلەن كـۆرسىتىپ تۇرۇپ، مـۇنداق دېگەن ئىدى:

ـــ ئاشۇ شەھەرنى ئالساڭلار ـــ ئىككى سائەت سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا بـولىدۇ. ئەمما ئىككى سـائەتتىن كېيىن بىرەر ـ سىڭىزنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلغىنىڭنى كۆرسەم، تامغا مىخلايمەن!

ئەمما نىمىشقىدۇ گىرىگورىينىڭ ۋۇجۇدىغا بـۇنداق ئادەت يـۇقمىغان ئىدى، ـــ ئـۇ پەقەت يـەيدىغان نەرسە بىلەن ئىتىغا يەم ـ خەشەك ئـالاتتى، خالاس. كىشىنىڭ نەرسىسىگە قول تەككۈزۈشتىن كـۆڭلى دەككە ـ دۈككە بـولاتتى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭغا نەپرەت بىلەن قـارايتتى. بولۇپمۇ ئـۆز كـازاكلىرىنىڭ بـۇلاڭ ـ تالاڭچىلىقى ئۇنىڭ كـۆزىگە يىرگىنىشلىك كـۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ

* بۇ يەردە «بۇرادەرلەر» سۆزى ئىستىھزا بىلەن ئىيتىلغان ـــ ت.

www.uyghurkitap.com

ئۆز بۆلۈنمىسىنى قاتتىق تۇتاتتى. ئۇنىڭ كىنازاكىلىرى كىشىنىڭ
نەرسىلىرىنى ئالىدىغان بولسا يۇشۇرۇن ھەم كەمدىن - كەم
ئالاتتى. ئۇ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، كىيىم - كېچەكلىرىنى سال-
دۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇق بەرمەيتتى. ئۇ تولىمۇ يۇمشاقلىق قىلغان-
لىقتىن، ئۆزىگە نىسبەتەن كازاكلار بىلەن پولك باشلىقلىرىنىڭ
نارازىلىقىنى پەيدا قىلىپ قويدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىزگە چۈ-
شەندۈرسۇن دەپ، ئۇنى دىۋىزىيە شتابىغا چاقىرتىشتى. ھەربى
ئەمەلدارلاردىن بىرسى گىرىگورىيغا دىۋەيلەپ كېلىپ، قوپال
ئاۋاز بىلەن مۇنداق دىدى:

— خورۇنجى سەن بىر بۆلۈنمە ئەسكەرنى ئىشتىن
چىقاردىڭمۇ؟ سەن نىمىشقا لىبىراللىق قىلىسەن؟ سەن بىرەر پۇر-
سەت كېلىپ قالىدۇ دەپ يۇمشاقلىق قىلىپ يۈرەمسەن؟ كونا ئادى-
تىڭ مىڭەڭدىن چىقماي، ئىككى قوللۇق ھۈنەر ئىشلىتىپ يۈرەم-
سەن؟... بىرەر قېتىم ۋاقىراپ قويمىساڭ، بۇ ساڭا قانداق بولغى-
نى؟ بولدى، گەپ قىلما! تەرتىپنى بىلمەمسەن؟ قانداق، سېنى
يۆتكىۋېتىش كېرەكمۇ؟ زادى يۆتكىۋېتەيلى! بۆلۈنمىنى بوگونلا
تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيمەن! يەنە ئېسىڭدە بولسۇن، بۇرادەر...
شىتىرلىماي يۈر!

پولك ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر قاتاردا ياندىشىپ كەلگەن
33 - يېلانسك پولكىنىڭ بۆلۈنمىلىرى بىلەن بىرلىكتە گرېمەچىي-
لوگنى ئىشغال قىلدى.

تۆۋەندە، ئويمانلىق بويلاپ تال - سۆگەتلەر، ئاق موم
تال ۋە تېرەكلەر قويۇق ئۆسكەن ئىدى، قىيالىقنىڭ يان باغرىدا
30 چە تاملىرى ئاپپاق ئۆيلەر سوزۇلۇپ ياتاتتى، بۇ ئۆيلەرنىڭ

ئەتراپى پاكار، قوپال تاشلار بىلەن قورشالغان ئىدى. يېزىنىڭ يۇقۇرىسىدا، ئىگىز قىر بېشىدا ھەممە ياقنىڭ شامىلىغا باپ كېلىدىغان كونا بىر شامال تۈگمىنى قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. ئېدىرنىڭ ئېرىقى تەرىپىدىن سىلجىپ كېلىۋاتقان ئاپپاق بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدىكى كۆك ئۇپۇقتا بۇ تۈگمەننىڭ جانسىز توختاپ قالغان پەررەڭ قاناتلىرى يانتۇ قىيسىيىپ قالغان كىرىستكە ئوخشاش قارىيىپ تۇراتتى. بۇ بىر يامغۇرلۇق، بۇلۇتلۇق كۈن ئىدى. سايىنىڭ ئىچىدە ئىزغىرىن شامال سىرىق قارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى: ياپراقلار شىلدىرلاپ يەرگە تۆكۈلەتتى. باراقسان قىزىل تال قىپ - قىزىل مالىنا رەڭگىدە تاۋلىناتتى، خاماندا دۆۋە - دۆۋە سامانلار پاقىراپ تۇراتتى. چۈچۈمەل ھىد پۇراپ تۇرغان يەر يۈزىنى قىش ئالدىدىكى يۇمشاق قىرو ياپقان ئىدى.

گىرىگورىي ئۆز ۋىزۋودىنى باشلاپ ئۆي باشقۇرغۇچى ئاجىرىتىپ بەرگەن ئۆيگە چۈشتى. ئۆي ئىگىسى قىزىللار بىلەن بىللە كېتىپ قالغان ئىكەن. ياشىنىپ قالغان بەستلىك ئايال خوجايىن بىر ئۆسمۈر قىزچاق بىلەن ۋىزۋوتقا خوشامەتكويلۇق بىلەن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. گىرىگورىي ئاشخانىدىن مېھمانخانا ئۆيگە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۆي ئىگىلىرى ھاللىق تۇرمۇشتا ياشىغان كىشىلەردەك قىلاتتى: تاختايلىرى سىرلانغان، ئورۇندۇقلىرى لۆم - لۆم، چوڭ تاش ئەينەك تىكلەكلىك. تاملاردا ھەربى خىزمەتچىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۈرەتلىرى ۋە قارا رامكىغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلىق تەقدىرنامىسى تۇرۇپتۇ. گىرىگورىي ھۆل بولۇپ كەتكەن يامغۇرلۇقنى تام مەشكە ئېسىپ قويۇپ، تاماكا چەكتى.

پىروخور زىكوف كىرىپ، مىلتىغىنى كارۋاتقا يۆلەپ قويدى، ئاندىن ئېتىۋارسىزلىق بىلەن مۇنۇنى خەۋەر قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— ھارۋىكەشلەر كەلدى. شۇلار بىلەن بىللە دادىڭىزمۇ كەپتۇ، گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ.

— شۇنداقمۇ؟! يالغان سۆزلىمە!

— راست گەپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىزنىڭ يېزىدىن ئالتە ھارۋا كەپتۇ. يۈگۈر، ئالدىغا چىق!

گىرىگورىي شىنېلىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، چىقىپ كەتتى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاتلىرىنى يۈگىنىدىن تۇتۇپ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ئىكەن. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆيدە توقۇلغان چەكمەن چاپانغا يۆگىنىۋالغان دارىيە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تىزگىنلەرنى تۇتۇپ تۇراتتى. دارىيە چەكمەننىڭ ياقىسى ئۈستىدىكى ھۆل باش كىيىمنىڭ ئىچىدىن تۆت چىشلىق كېپەزدەك ئېچىلىپ، گىرىگورىيغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— سىلەرنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، يۇرتلۇقلىرىم؟ — دەپ توۋلىدى گىرىگورىي ئاتىسىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

— ۋاي بالام، تىرىك ۋاقتىمىزدا دىدار كۆرۈشەيلى دەپ كەلدىم! مانا، مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىدۇق، سورىماستىنلا كىرىۋەردۇق.

گىرىگورىي مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئاتىسىنىڭ كەڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى، ئاندىن ھارۋىدىن تاسما جابدۇقلارنى بوشىتىشقا باشلىدى.

— كۈتمىگەن ئىكەنمەن دىدىڭمۇ، گىرىگورىي؟

— ئەلۋەتتە.

— بىز مانا نۆۋەتتىكى تەمىنات توشۇيدىغان ھارۋىكەشلەر قاتارىغا كىرىپ قالدۇق... بۇ ئىشقا بىزنىمۇ تارتىشتى. سىلەرگە سىنارەت ئېلىپ كەلدۇق. جەڭ قىلىۋېرىڭلار.

ئۇلار ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇششاق - چۇششەك گەپ - سۆزلەر بىلەن بولۇشتى. دارىيە ھارۋىدىن ئوزۇق - تۆلۈك ۋە ئاتنىڭ يەم - بوغۇزىنى پەسكە چۈشۈردى.

— سەن نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— مەن ئاتامغا ھەمرا بولۇپ كەلدىم. ئۇنىڭ ساقلىغى يوق، سىپاسىس بايرىمىدىن بۇيان ساقىيالماي كېلىۋاتىدۇ، ئانام يالغۇز ئەۋەتىشتىن قورقتى: بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ياقايۇرتتا يالغۇزچىلىق تارتىدۇ، دىدى...

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاتلارغا پۇراقلىق ئاچ يېشىل ئاپىغان ئوتلارنى تاشلاپ بېرىپ، گرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئاغرىقتىن قىزىرىپ قالغان قارا كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ سورىدى:

— خوش، قانداق كېتىۋاتىسىلەر؟

— يامان ئەمەس، جەڭ قىلىۋاتىمىز.

— بىر ئۆسەك سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. كازاكلار چېگرىنىڭ نېرىسىغا چىقىشنى خالىماسمىش ... شۇ گەپ راستمۇ؟

— گەپ - سۆزدىكەن بولۇپ تۇرىدۇ...، — دەپ گرىگورىي جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— نىمە ئىشلار بۇ، بۇرادەرلەر؟ — دەپ سۆز باشلىدى چال ياتسىرىغان ۋە گاڭگىرىغان ئاھاڭ بىلەن، — بۇقانداق ئىش؟ قېرىلىرىمىزبولسا زورئۈمىتكۈتۈۋاتىدۇ...سىلەردىن باشقادون ئاتمىزنى قوغداشنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ مۇبادا سىزلەر — خۇدا كۆرسەتمىسۇن! — ئۇرۇشۇشنى خالىمساڭلار...بۇقانداق بولغىنى؟ سىلەرنىڭ ھارۋىكەش - لاۋازىمەتچىلىرىڭلار سۆزلەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەردى ... پىتنە ـ ئۇسەكلەرنى تارقىتىۋاتىدۇ، ئىشتىنىڭ پالىلىرى!

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. كازاكلار يىغىلدى. باشتاگەپ ـ سۆزلەر يېزىدىكى يىگىتلەر دائىرىسىدە بولدى، دارىيە خوجايىن ئايال بىلەن بىربۇلۇڭدا پىچىرلىشىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك قاچىلانغان حالىتىنى يەشتى ـ دە، كەچكى تاماق ھازىرلاشقا كىرىشتى.

— سېنى يۈز بېشىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى، دېيىشىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى سۆگەك تاغاق بىلەن تاراۋېتىپ.

— مەن ھازىر ۋىزۋوت باشلىغى.

گىرىگورىينىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن بەرگەن جاۋاۋى چالغا قاتتىق تەگدى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ پېشانىسىدىكى قورۇقلارنى پۈرۈشتۈرۈپ، شىرەنىڭ قېشىغا ئاقساقلاپ كەلدى ـ دە، چالا ـ بۇلا چوقۇنۇۋېلىپ، چەكمەننىڭ پېشى بىلەن قوشۇقنى ئېرتتى، ئاندىن ئولتۇرۇپ، زەردە بىلەن سورىدى:

— نىمە سەۋەپتىن بۇنداق غەزەپكە ئۇچرىدىڭ ياكى باشلىقلارغا ياقمىدىڭمۇ؟

گىرىگورىي بۇ توغرىلىق كازاكلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىلغۇسى كەلمەي، ئەلەم بىلەن مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى.

— يېڭى كوماندىرنى بەلگىلەپ ئەۋەتىپتۇ ... بىلىملىك.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلارغا ئوبدانىراق خىزمەت قىل، بالام! ئۇلار پات پۇرسەتتە پۇشايمان قىلىشىدۇ! ۋاي خۇدايىمەي، ئۇلارغا نېمە بىلىملىك ئادەم زۆرۈر بولۇپ قاپتۇمۇ! سەنچۇ،

مېنى گېرمان ئۇرۇشى ۋاقتىدا بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن،
مەن، بەلكىم بەزى كۆزەينەك تاقىغان جاناپلاردىن كۆپرەك
نەرسە بىلىمەن، دېگىن!

چال ئۇچۇقلا غەزەپلەندى، گىرىگورىي تەرىنى تۈرۈپ،
كازاكلار كۈلۈشۈۋاتامدۇ - يوق دەپ، كۆز قىرى بىلەن قاراپ
قويدى.

گىرىگورىي دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن ھەرگىز
رەنجىمىگەن ئىدى. ئۇ، يېزىداشلارنىڭ ھاياتىغا جاۋاپكار بولالماي-
دىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بۆلۈمىنى خوشاللىق بىلەن تاپشۇرۇپ بەرگەن
ئىدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بۇئىش ئۇنىڭ ئىززەت نەپسىگە
ھاركەلدى، شۇڭا ئاتىسى بۇتوغرىلىق سۆز قوزغاپ، ئىختىيارسىز
ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرۇپ قويدى.

ئۆي ئىگىسى ئايال ئاشخانىغا كەتتى، پانتېلېي پروكوفىي-
يېۋىچ ئۆيگە يېڭى كىرىپ كەلگەن يېزىداش بوگاتىرېۋنىڭ قوللىشى-
نى سەزگەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— دېمەك، راستىنلا چېگىرىدىن نېرىغا چېقمايدىغان نىيە-
تىڭلار بارمۇ؟

پىروخور زىكوف ئاھۇ كۆزلىرىنى پات - پات قىسىپ قويۇپ،
ئۈندىمەستىن، ئاستا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. مىتكا كورشۇنوف
مەشىنىڭ ئالدىدا چارزانا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىنى كۆيدۈ-
رۈپ، تاماكىسىنىڭ كۆتىكىنى چېكىپ تۈگىتىۋاتاتتى. قالغان ئۈچ
كازاك ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان، بەزىبىرى ياتات-
تى. سوئالغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. بوگاتىرېۋ غەمكىن ھال-
دا قولىنى شىلتىدى:

— ئۇلار بۇ ئىشلار توغرىلىق ئانچىلىق قايغۇرمايدۇ، —

دىدى ئۇ گۇدۇڭلىغان ئاۋاز بىلەن.— ئۇلارغا قالغاندا، ئەلۋەتتە،
دۇنيا ئىگىسىز قالسىمۇ مەيلى...

— خوش، چېگرىنىڭ ئېرىسىغا نېمىشقا بارىدىكەنمىز؟ — دەپ خوشىيا قماسلىق بىلەن سورىدى ئېنى ئاجىز، يۇۋاش كازاك ئىلىشىن.— نېمىشقا بارىدىكەنمىز؟ ئايالىم ئۆلگەندىن كېيىن بالىلىرىم يېتىم قالدى، ئەمدى مەن بىكاردىن - بىكار ھاياتىمنى نابۇت قىلامدىمەن...

— بىز ئۇلارنى كازاك تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىمىز - دە، ئۆيلىرىمىزگە تاراپ كېتىمىز! — دىدى يەنە بىر كازاك ئۇنىڭ سۆزىنى قەتئى قوللاپ.

مىتكا كورشۇنوف يېشىل كۆزلىرى بىلەنلا كۈلۈمسىرەپ، ئىنچىكە مەيىن بۇرۇتىنى تولغاشقا باشلىدى.

— مېنىڭچە بولغاندا، يەنە بەش يىل سوقۇشساقمۇ مەيلى. مەن سوقۇشۇشنى ياخشى كۆرىمەن!

— چېقىڭلار! ئاتنى ئىگەرلەڭلار!...، — دىگەن ۋاقىراش ئاڭلاندى ھويلىدىن.

— ئەنە كۆزدۈڭلارمۇ؟ — دەپ جان - جەھلى بىلەن ۋاقىرىدى ئىلىشىن، — كۆردۈڭلارمۇ. ئاتىلار؟ كېيىم - كېچەكلىرىمىزنى قۇرۇتۇپ بولماي تۇرۇپلا «بۇياققا چىقىڭلار!» دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى! دىمەك، يەنە ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان ئوخشايمىز. سىلەر تېخى «چېگرا!»، «چېگرا!» دەيسىزلەر! قانداق چېگرا بولۇشى مۇمكىن؟ ئۆيگە قايتىنىشىمىز لازىم! تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئەمما سىلەر دەۋاتىسىلەركى،...

تىرېۋوگا بالغان بولۇپ چىقتى. غەزەپلەنگەن گىرىگورىي ئېتىنى قوراغا ئىپېكتىرنۇۋېتىپ ھېچ سەۋەپسىز ئۇنىڭ ساغرىسىغا ئۆتۈكى بىلەن بىرنى تەپتى - دە. كۆزلىرىنى ئەسەبىلەرچە دۇگلەك-

لىستىپ ۋاقىرىدى:

— سەن، ئىبلىس! تۈز ماڭ!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىشىك ئالدىدا تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۆيگە كىرگەن كازاكلارغا يول بوشىتىپ بېرىپ سورىدى:

— نىمىگە ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ كەتتىڭلار؟

— تىرېۋوگا!... بىر پادا ئىنەكلەرنى قىزىللار دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

گىرىگورىي شىنېلىنى سېلىپ، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. قالغانلارمۇ ئىنچىقلاپ يېشىنىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قىلىچ، مىلتىقلىرىنى ۋە ئوقدانلىرىنى تاشلاپ قويۇشتى.

ھەممىيلەن ئۇخلاشقا ياتقان چاغدا، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گىرىگورىينى ھويلىغا چاقىرىپ چىقتى. ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى.

— سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىدىم، — چال گىرىگورىينىڭ تىزىغا نوقۇپ قويۇپ، پىچىرلاپ سۆز باشلىدى، — بىر ھەپتە بۇرۇن مەن پېترونىڭ قېشىغا بېرىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ 28 - پولكى ھازىر كالاچىننىڭ نېرى تەرىپىدە... مەن، ئوغلۇم، ئۇ يەردە خېلى ئولجىغا ئىگە بولدۇم. پېترو ئېپى بار ئادەم بولدى، بولۇپمۇ ئىگىلىك ئىشلىرىغا بەك پىششىق! ئۇ ماڭا بىر قاپ كىيىم بەردى، يەنە ئات، قەنت - شېكەر... ئېتى يارامىلىق...

— توختاپ تۇر! — دادىسىنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قالغان گىرىگورىي جەھلى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — سەن بۇ يەرگە مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلگەن بولۇپ يۈرمە يەنە؟

— ھە، نىمە بوپتۇ؟

— نىمە بوپتۇ، دېگىنىڭ قانداق گەپ؟

— خەلقلەرمۇ ئېلىشىۋاتىدىغۇ، گىرىشا...

— خەلقلەر! ئېلىشىۋاتقانمىش! — گىرىگورىي غەزەپتىن بوغۇلۇپ قالغاندەك، كەپ تاپالماي، سۆزىنى تەكرارلىدى. — ئۆزىنىڭ نەرسىلىرى ئازلىق قىلىپ قاپتۇمۇ؟ سىلەر نومۇسسىز كىشىلەر! مۇنداق قىلىقلار ئۈچۈن گېرمان فرونتىدا ئادەملەر ئېتىلغان ئىدىغۇ!...

— ھەي، سەن تولا ھولۇقما! — دىدى ئاتىسى سوغاق قانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن سەندىن ئىلتىماس قىلىۋاتقىنىم يوق، ماڭا ھېچنىمە كېرەك ئەمەس! مەن بۈگۈن تىرىكمەن. ئەتە پۈتۈمنى سوزۇپ ياتىمەن... سەن ئۆزەڭ توغرىلىق ئويلىساڭ بولىدۇ. ئەجەبا، سەن قانچىلىق بايسەن؟! ئۆيدە يالغۇز بىرلا ھارۋا قالدى، ئەمما ئۇ... قىزىللار غاتەسلىم بولغانلارنىڭ نەرسىلىرىنى نىمىشقا ئېلىشقا بولمايدىكەن؟... ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئالماسلىق گۇناھ! ئۆي دىگەندە بىر قېتىم يىپمۇ ئەسقاتىدۇ.

— بۇنداق سۆزنى ماڭا دىمە! ئۇنداق بولمىغاندا، مەن سىزنى بۇ يەردىن دەرھاللا يولغا سېلىۋېتىمەن! مەن بۇنداق ئىش ئۈچۈن كازاكلارنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇردۇم، ئەمما مېنىڭ ئاتام ئاھالىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى كەپتۇ! — گىرىگورىي ئاچچىغىدىن تىترەپ، ھاسىراشقا باشلىدى.

— مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىز بېشىلىقتىن ئېلىپ تاشلىغان ئىكەن - دە! — دىدى ئاتىسى زەھەرخەندە بىلەن.

— بۇنداق مەنپەئەتنى بېشىمغا تاج قىلامدىمەن! مەن تېخى ۋىزۋوت باشلىقلىقىنىمۇ تاشلاپ بېرىمەن!...

— مانا خالاس! ئەقىللىقسەن، بەك ئەقىللىق...

بىر مىنۇت شوك بولۇپ قېلىشتى. گىرىگورىي تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، سەرەڭگىنىڭ يورۇغىدا ئاتىسىنىڭ خىجىللىقتىن يۈزى قىزىرىپ كۆيۈپ پىشقانلىغىنى چالا - چۇلپا كۆرۈپ قالدى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ نىمە ئۈچۈن كەلەلمەيتتىكىنى ئەمدىلا چۈشەنگەن ئىدى. «دارىيەنىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن-دە. قېرى شەيتان!» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ستېپان ئاستاخوف پەيدا بولۇپ قالدى! سەن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆز بېشىغا چۈشۈپ.

— قانداقچە پەيدا بولۇپ قالدى؟ — گىرىگورىينىڭ ھەتتا قولىدىكى تاماكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— شۇنداقچە. ئەسىرگە چۈشكەن ئىكەن، ئۆلمەپتۇ. ئۈستى-بېشى تۈزۈك كەلدى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك، تويلىغان نايلىغى بىھېساپ! ئىككى ھارۋا بىلەن ئېلىپ كەلدى، — چال كۆپتۈرۈپ سۆزلىدى، گويا ستېپان ئۆزىنىڭ تۇققىنىدەك ئۇنى ماختىدى.— ئاكسىنىيەنى قېشىغا ئېپكەلتۈردى، ھازىر خىزمەتكە ئورونلاشتى. ئۇنىڭغا ئوندان خىزمەت بېرىشىپتۇ، نەدىدۇ بىر بەردە، كازانسكايادا بولسا كېرەك، بەكەت كامەندانتى بولۇپ ئىشلەيدىكەن.

— قانچىلىك ئاشلىق ئالدىڭلار؟ — دەپ گىرىگورىي گەپنى بۇلدى.

— 400 چارەك.

— نەۋرىلىرىڭ قانداق؟

— ئوھو، نەۋرىلىرىمنى، بۇرادەر، كۆرسەڭ قەھرىمان دەيسەن. سوغا - سالام ئەۋەتسەڭ بولاتتى.

— فرونتتىن قانداق سوغا - سالام يوللايمەن! — دېدى گىرىگورىي غەمكىن ھالدا جۇرسىنىپ، ئەمما پىكىر - خىيالىدا ئاكسىنىيە بىلەن ستېپان تۇرۇۋالغان ئىدى.

— سەندىن بىرەر مىلتىق ئېلىۋېلىشقا بولماسمۇ؟ ئارتۇقى يوقمۇ؟

— نىمە قىلىسەن؟

— ئۆيگە لازىم. يىرتقۇچ ھايۋاندىن ۋە ياۋۇز ئادەمدىنىن قوغدىنىش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ. ئېھتىياتتىن ساقلاپ قويىمەن. ساق بىر يەششىك ئوق ئېلىۋالدىم. ئوق توشۇغان ئىدۇق، ئۆزەمگىمۇ ئالدىم.

— لاۋازىمەتچى قىسمىدىن ئال. بۇنداق نەرسە كۆپقۇ، — گىرىگورىي قاپىغىنى ئاچماستىن كۈلۈمسىرەپ قويىدى، — خوش، ئەمدى بېرىپ ئۇخلا! مەن قاراۋۇللارنىڭ قېشىغا بارىمەن.

ئەتىسى پولكىنىڭ بىر بۆلۈگى يېزىدىن يولغا چىقتى. گىرىگورىي ئاتىسىنى ئۇيالدۇرغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇ ھېچنىمە ئالماي، قايتىپ كېتىدۇ، دىگەن ئىشەنچ بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەمما پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ كازاكلارنى يولغا سالغاندىن كېيىن، گويا ئۆيىنىڭ ئىگىسىدەك ئامبارغا باردى. ئاندىن باستۇرما ئاستىدىن خاموتلارنى ۋە تاسما جابدۇقلارنى ئېلىپ، ھارۋىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆي ئىگىسى ئايال كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، ھاي - ھايلاپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېپىشتى:

— ھەي ئاتا! قېرىندىشىم! يامان بولۇشتىن قورقماسەن! نىمىشقا يېتىم - يېسىرلارنى قاخشىتىسەن؟ خاموتلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر! خۇدا ھەققى قايتۇرۇپ بەرگىن!

— ۋاي - ۋۇي، خۇدانى قويۇپ تۇرساڭچۇ، — دەپ ۋاتىلدىدى مېلېخوف دىڭگوكلاپ، ئايالنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى، — سىلەرنىڭ ئېرىڭلارمۇ، بەلكىم بىزنىڭكىنى ئالغان بولغىدى، سېنىڭ ئېرىڭ كومىسساردۇ، ئېھتىمال؟... قولۇڭنى تارت دەيمەن!

«سىنىڭكى ــ مېنىڭكى ــ ھەممىسى خۇدانىڭكى»، مۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭنى چىقارمىغىن، نالە - زار قىلما!

ئۇندىن كېيىن بۇ چال ساندۇقلارنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ، شۇ يەردە ھېسداشلىق بىلەن ئۇنچقماي قاراپ تۇرغان لاۋازىمەتچى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا يېڭى - يېڭى شالۋۇر، مۇندىرلارنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى يورۇقتا ئېچىپ كۆردى، كالتە قارا بارماقلىرى بىلەن مىجىقلاپ تۇتۇپ - تۇتۇپ قىلىپ تاڭدى ...

يېزىدىن ئۇ چۈشتىن بۇرۇن كەتتى. تۆپە - تۆپىلەپ نەرسە بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە دارىيە يۇقىا لەۋلىرىنى قىسىپ، تۈگۈنلەرنى ئاستىغا بېسىپ ئولتۇردى. ئارقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە بىر دانە مونچا قازىنى چوخچىيىپ تۇراتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇنى مونچىدىكى پىلتە ئوچاقتىن قومۇرۇۋالغان بولۇپ، ھارۋىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە، دارىيە تەنە بىلەن:

ــ ئاتا، نەدىكى بىر كونا قورامساق نەرسىدىن ئايرىلغىڭىز كەلمەيدىغۇ! ــ دەپ غودۇڭشىغان ئىدى. ئۇ ئاچچىغى بىلەن مۇنداق جاۋاپ بەردى:

ــ ئاغزىڭنى يۇم، قاپاقباش! مەن ئۇلارغا قازاننى قالدۇرۇپ كېتەتتىممۇ! سېنىڭ جاھاندارچىلىقنىڭ گىرىشكا دىگەن ئەبلەخنىڭكىدىن قىلىشمايدىكەن! ماڭا قازان بولسىمۇ ئىشقا ياراپ قالىدۇ. چۈشەندىڭمۇ! ... قېنى، ھەيدە! نىمە كالپۇكلىرىڭنى چاينايسەن؟

يىغىدىن يۈز - كۆزى ئىششىپ كەتكەن ئۆي ئىگىسى ئايال بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازىنى يېپىۋاتقاندا، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تەسەللى بېرىپ، مۇنداق دىدى:

— خەير - خوش، كېلىنچەك! ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن! بېيىپ، مال - دۇنياغا ئېگە بولسەن تېخى.

## 10

كۆنلەر قاتار تىزىلغان ... زەنجىرسىمان ھالقىمۇ ھالقا چ... سەپەر - كۆچۈشلەر، جەڭلەر، دەم ئېلىش، ئىسسىق، يامغۇر، ئاتنىڭ تەر پۇرىغى ھەم قىزىغان ئېگەر - جابدۇقلارنىڭ پۇراقلىرى ئارىلىشىپ دىماققا ئۇرۇلىدۇ. دائىمىي جىددىيلىكتىن ئادەم تومۇرلىرىدىكى قان گويا قىزىغان سىماپقا ئايلانغان. باش ئۇيقۇغا قانمىغاچقا، ئۈچ ديومۇلۇق زەمبىرەك ئوقىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. گىرىگورىي ياخشىراق دەم ئېلىپ، تويۇپ ئۇخلىغان بولسىچۇ. كاشكى! ئۇندىن كېيىن يۇمشاق ھەيدەلگەن تاپلار ئارا ساپان تۇتۇپ، ئۆكۈزلەرگە ئىسقىرتىپ قويۇپ، كۆك تۇرنىلارنىڭ كاناي ئاۋازىدەك قاقىرلىشىنى ئاڭلىغان بولسا، يۈزىگە يېپىشقان ئۆمۈچۈك تورىدەك يۇمشاق كۈمۈش پوتلىنى مۇلايىملىق بىلەن ئېلىپ تاشلاپ، سوقىنىڭ چىشى تىلغىغان كۆزگى يەرنىڭ شاراپ ھىدىنى سۈمۈرگەن بولسا، كاشكى.

ئەمما بۇنىڭ ئورنىغا — ئېكىنزارلىقلار تىلىم - تىلىم پارچىلىنىپ قىرلىق يوللارغا ئايلانغان. يوللارنىڭ ئۈستىدە ئۆستىۋاشلىرى سالدۇرۇلۇپ يالىڭاچلانغان، چاڭ - توزاڭدىن رەڭگى - روھى ئۆلۈكتەك قارىيىپ كەتكەن توپ - توپ ئەسىرلەر. بۆلۈنمە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى، ئات تۇياقلىرى يوللارنى چەيلىمەكتە، تۆمۈر تاقىلار ئېكىنلەرنى ئېزىپ ۋەيران قىلماقتا.

كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىشقا ئامراق، ئىشقىۋازلار يېزىلاردا قىزلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن قازاقلارنىڭ ئاتلىرىنى تىنىتىش قىلماقتا، ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى، ئاتلىرىنى قامچا بىلەن ساۋىلىماقتا ...

مەنىسىز زېرىكىشلىك كۈنلەر سوزۇلۇپ باراتتى. مۇنداق كۈنلەر شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتەتتى ۋە بىرمۇ ۋەقە. ھەتتا ئەھمىيەتلىك بولغان ۋەقە ئۆزىدىن كېيىن ئىز قالدۇرمايتتى. ئۆتكەن چاغدىكى ئۇرۇشنى ھەممە باشتىن كەچۈرگەنلىكتىن. بۇ قېتىمقى جەڭلەر تېخىمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلاتتى. ئەمما بۇرۇنقى ئۇرۇشنىڭ قاتناشچىلىرى ھازىرقى بولۇۋاتقان ئۇرۇشقا مەسىتمەسلىك بىلەن قارىشاتتى: ھازىرقى ئۇرۇشلارنىڭ كۆلىمى بولسۇن، كۈچ-قۇۋۋىتى بولسۇن، چىقىم-تەلەپلىرى بولسۇن، ھەممە جەھەتتە گېرمان ئۇرۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئويۇنچۇقتەكلا بىر گەپ ئىدى. پەقەت بىرلا قارا ئەجەل ھامان ئاشۇ پېروسىيە مەيدانلىرىدىكىدەك، كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈن تۈرقى بىلەن گەۋدىلىنىپ، ۋەھىمە سالاتتى ۋە ھايۋانلارنىڭ سېزىمى بويىچە قوغدىنىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

— شۇمۇ ئۇرۇشمۇ؟ پەقەت ئۇرۇشقا ئوخشاش بىر نەرسىغۇ. گېرمان سوقۇشىدا نېمىسلار زەمبىرەكتىن ئوق ياغدۇرۇشى بىلەن تالا پولكلار تۈپ يىلتىزىدىن قىرىلىپ كېتەتتى. ھازىر بولسا بۆلۈنمىلەردىن بىر - ئىككى ئادەم يارىدار بولسا، چوڭ چىقىم بولدى، دېيىشىدۇ! — دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى فرونتچىلار.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئويۇنچۇقتەك ئۇرۇشمۇ كىشىنىڭ جېنىغا تېگەتتى. نارازىلىق، ھارغىنلىق، ئاچچىق، غەزەپ كۆپىيىپ باراتتى. بۆلۈنمىدىكى قازاقلار ئارىسىدا مۇنۇ سۆزلەر بارغانسېرى قاتتىقراق ئېيتىلاتتى:

— دون تۆپىرىغىدىن قىزىللارنى قوغلاپ چىقارساقلا ئارقى-
مىزغا قايتىمىز! چېگرىنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيمىز. رۇسىيە بىلەن
چاتىقىمىز يوق — ئۇمۇ ئۆزى بىلەن بولسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىز
بىلەن بولايلى. بىز ئۇلارنىڭ يېرىگە بېرىپ، ئۆز تەرتىۋىمىزنى
ئورناتمايمىز.

فىلونوۋسكايا كەنتىنىڭ قېشىدا پۈتۈن كۈز بوشاڭ ئۇرۇشلار
بولدى. ئەڭ ئاساسىي ئىستراتېگىيىلىك مەركەز تسارىتسىن
ئىدى، — بۇ يەرگە ئاقلارمۇ، قىزىللارمۇ ئەڭ ياخشى كۈچلىرىنى
ئېلىپ كېلىپ جەڭگە سالاتتى، ئەمما شىمالىي فرونتتا بولسا ھەر ئىك-
كى تەرەپتە كۈچ ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ
ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ھۇجۇم ئۈچۈن كۈچ توپلاۋاتاتتى. كازاكلارنى-
ڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كۆپرەك ئىدى؛ مۇشۇ ئۈستۈنلۈكتىن
پايدىلىنىپ، ئۇلار بىرلەشمە ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى ئېلىپ بارات-
تى، سەپنىڭ ئىككى قانىتىنى يانداپ، ئارقا سەپكە ئۆتۈۋالاتتى.
ئۈستۈنلۈكنىڭ كازاكلار تەرىپىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبى پەقەت شۇ-
نىڭدا ئىدىكى، بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قىزىل ئەسكەرلەر
تېخى يېڭىلا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان بولۇپ، كۆپچىلىكى فرونت
ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئېلىنغان، مەنىۋى جەھەتتىن تۇراقسىز
قىسىملار ئىدى. ساراتوفلۇقلار، تامبوفلۇقلار مىڭلاپ تەسلىم
بولاتتى. ئەمما قىزىللارنىڭ قوماندانلىقى ئۇرۇشقا ئىشچىلار پولكىنى
ياكى ماتروسلار ئەترىتىنى، يا بولمىسا ئاتلىقلارنى سېلىش
بىلەنلا ئەھۋال تەڭلىشىپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن تەشەببۇسكارلىق
يېڭىۋاشتىن قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئىككى تەرەپ نۆۋەتمۇ
نۆۋەت ساپ مەھەللى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان غەلىبىلەرنى
قازىناتتى.

گرىگورىي ئۇرۇشقا قاتنىشىپ يۈرۈپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ نېرى-

شىنى سوغاق قانلىق بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇ قىشقا يېقىن فرونتنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى؛ ئۇ، كازاكلارنىڭ كەيپىياتى سۇلھ قىلىشقا مايىللىقىنى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشتىن سۆز ئېچىشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پولكقا ئاندا - ساندا گېزىتلەر كېلىپ تۇراتتى. گرىگورىي نەرسە ئورايدىغان ساغۇچ قەغەزگە بېسىلغان «يۇقۇرقى دون ئۆلكىسى» گېزىتىنىڭ ئايرىم نۇسخىسىنى ئۆچمەنلىك بىلەن قولغا ئېلىپ، فرونت خەۋەرلىرىگە نېرىدىن - بېرى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتى - دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ، كازاكلارغا تۆۋەندىكى دەبدەبىلىك، يالغاندىن كۆپتۈرۈلگەن قۇرلارنى ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇپ بەرگەندە، كازاكلار كۆڭلى يايراپ، تېلىقىپ كۈلۈشەتتى:

«27 - سېنتەبىردە فىلونوۋسكايا تەرەپتە جەڭلەرنىڭ غەلىبىسى ئىككى تەرەپكە ئالمىشىپ تۇردى. 26 - كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى شەۋكەتلىك ۋېشېنسكى پولكى دۈشمەننى پودگورنىي يېزىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ، لۇكيانوۋسكى يېزىسىغا بېسىپ كىردى. ئولجىلار قولغا چۈشۈرۈلدى ۋە نۇرغۇن ئەسىرلەر ئېلىندى. قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى تەرتىپسىز ھالدا چېكىنمەكتە. كازاكلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تېتىك، دونلۇقلار يېڭى غەلىبىلەرسېرى ئالغا ئىنتىلمەكتە!»

— بىز قانچىلىك ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرگەندىمىز؟ نۇرغۇن ساندىمۇ؟ ۋاي - ۋۇي، ئىتنىڭ بالىلىرى! ئەسىرگە ئالغان كىشىمىز 32! ئەمما ئۇلار ... ئاھ - ھا - ھا - ھا!... — مىتكا كورشۇنوف ئاپپاق چىشلىرىنى پاقىرىتىپ،

ئاغزىنى كالاچتەك قىلىپ، ئۆزۈن قوللىرىنى ئىككى يىققا شىغا تىرەپ، ئۆچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدى.

كازاكلار «كادىتلار»نىڭ سىبىر ۋە كۇبانىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغىمۇ ئىشەنمەيتتى. چۈنكى «يۇقۇرقى دون ئۆلكىسى گېزىتى» ھېچ ئۇيالماستىن، يۈزسىزلىك بىلەن يالغان - ياۋىداقلارنى توقۇۋېرەتتى. قولى يوغان، قامەتلىك كازاك ئوخشاتكىن چېخوسلوۋاكلار ئىسيانى توغرىسىدىكى ماقالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن گىرىگورىينىڭ ئالدىدا مۇنداق دىدى:

— ھازىر ئۇلار چېخلارنى باستۇرۇۋاتىدۇ، كېيىن پۈتۈن ئارمىيىنى بىزگە سالىدۇ، ئۇ چاغدا مىجىغىمىز چىقىپ، بەدىنىمىزدىن شالتاق سۈيۈقلۇق ئاقىدۇ... بىرلا سۆز — راستىيا! — ئاندىن كازاك قەھرى بىلەن سۆزىنى مۇنداق تۈگەتتى، — ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشماقچىمۇ سەن؟

— قورقۇتمىساڭچۇ! ئەخمىقانە گەپ - سۆزلىرىڭدىن كىندىكىمنىڭ ئاستى تولغىنىپ كەتتى، — دىدى پىروخور زىكوف قول شىلتىپ.

گىرىگورىي بولسا تاماكا ئوراۋېتىپ، ئۆز ئىچىدە ئاستا خوشال بولۇپ، «توغرا!» دىگەن قارارغا كەلدى.

شۇ ئاخشىمى ئۇ، ماش رەڭ پاگون تاقالغان، ئاپتاپتا ئۆڭگەن كۆينىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ، شىرەنىڭ يېنىدا مۈكچىيىپ ئۇزاققىچە ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۈندە كۆيگەن، كېسەلمەن سېمىزلىگى ياڭاق سۆڭىگىنىڭ ئىگىز - پەس يەرلىرىنى تەكشىلىۋەتكەن يۈزى جىددى تۇس ئالغان ئىدى. ئۇ، قارىيىپ كەتكەن گۆشلۈك بويىنىنى تولغاپ قويۇپ، ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن سارغىيىپ كەتكەن بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى ئويچانلىق

بىلەن ئېشىپ، كېيىنكى يىللاردا مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەن ياۋۇز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى قىينىلىپ، زومۇ زو ئويلىناتتى، ئاخىرى ئۇخلىماقچى بولۇپ ياتقان چاغدا، گويا ئومۇمنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرگەندەك:

— بارىدىغان يەر، پانالىنىدىغان جاي يوق! — دېدى.

ئۇ پۈتۈن كېچە ئۇخلىمىدى. ئېتىنى يوقلاش ئۈچۈن پات - پات تاشقىرىغا چىقىپ، يېپەكتەك مەيىن شىلدىرلىغان قاپ - قارا كۈڭگۈر سۈكۈنات ئىچىگە پۈركىنىپ، پېشايۋاندا ئۇزاق ۋاقىت تۇردى.

× ×

ئېھتىمال، گىرىگورىي تۇغۇلغان چاغدا، ئۈستىدە پايلاپ تۇرغان كىچىككىنە يۇلتۇز ھامان ئۆزىنىڭ زەئىپ نۇرى بىلەن ئاستا چىمىرلاپ تۇرسا كېرەك: بۇ يۇلتۇزنىڭ ئۆز ئورنىدىن ئۈزۈلۈپ، ئۇچۇپ چۈشىدىغان ۋاقتى تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولۇشى، ھامان ئەسەبىي سوغاق يالقۇنى بىلەن ئاسماننى ئۆرتەپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىرلا كۈز پەسلىدە گىرىگورىينىڭ ئاستىدىكى ئۈچ ئاتقا ئوق تېگىپ ئۆلدى، شىنېلىنىڭ بەش يېرىنى ئوق تېشىۋەتتى. ئەجەل، گويا بۇ كازاكنى قارا قانىتى بىلەن پۈركەپ ئوينىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر كۈنى ئوق قىلىچىنىڭ مىس موتىگىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، گويا قىلىچ بىنىغى چىش بىلەن قىيىپ ئۈزۈۋەتكەندەك، ئاتنىڭ ئايىغىغا چۈشتى.

— بىرسى ساڭا كۈچلۈك دۇئا ئوقۇيدۇغۇ دەيمەن، گىرىگورىي، — دېدى ئۇنىڭغا مىتكا كورشۇنوف ۋە گىرىگورىينىڭ كۆڭۈلسىز كۈلۈمسىرىگىنىگە ھەيران قالدى.

فۇرونت تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يۆتكەلدى. ھەر كۈنى ئات – ھارۋىلار دۈگىلەك تىكەنلىك سىملارنى ئېلىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى تېلېگراف فۇرونتقا مۇنداق سۆزلەرنى ياغدۇرۇپ تۇراتتى:

«پات ئارىدا ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىدۇ. قوشۇمچە كۈچلەر يېتىپ كەلگۈچە، ئوبلاست چېگرىسىدا مەھكەم تۇرۇش، قانداق قىلىپ بولسىمۇ قىزىللارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق كۆرسىتىش لازىم.»

سەپەرۋەر قىلىنغان ئاھالە لوم تۆمۈر بىلەن توڭ يەرنى ئويۇپ، ئاكوپ قېزىپ، تىكەنلىك سىملار بىلەن ئىھاتە قىلاتتى. كېچىلىرى، كازاكلار ئاكوپلارنى تاشلاپ، تۇرار ئۆيلەرگە ئىسسىنىشقا كەتكەندە، ئاكوپلارغا قىزىل ئارمىيىنىڭ چارلىغۇچىلىرى كېلىپ، ئىستىھكاملىرىنى يىقىتىپ، كازاكلارغا يېزىلغان مۇراجەتنامىلەرنى دات باسقان سىم تىكەنلەرگە تىركەپ قويۇپ كېتەتتى. كازاكلار بۇ ۋەرەقىلەرنى گويا تۇققانلىرىدىن كەلگەن خەتكە ئوخشاش، تەشنالىق بىلەن ئوقۇشاتتى. شۇنىسى روشەن بولۇپ قالدىكى، بۇنداق شارائىتتا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مەنىسىز ئىدى. ئارىلاپ ھاۋا ئىسسىپ قالاتتى. گاھىدا قاتتىق قار يېغىپ ھەممە يەرنى قاپلايتتى، سوغاق نەشتەردەك سانجىپ تۇراتتى. ئاكوپلارغا قار تىقىلىپ قالغاچقا، بۇ يەردە ھەتتا بىرەر سائەت تۇرۇشمۇ قىيىن ئىدى. كازاكلار توڭلاپ، پۇت – قوللىرىنى ئۇششۇتۇپ قوياتتى. پىيادە ئەسكەرلەردە ۋە قاراۋۇل قىسىملاردا نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ ئۆتۈكى يوق ئىدى. بەزى چاغدا فۇرونتقا ئاتلانغاندا، گويا قورادىكى ماللارغا ئوت – چۆپ تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن چىققاندەك، قوڭالتاق چورۇق، يېلىڭ ئىشتان بىلەن چىقىشاتتى. ئىتتىپاق-

داشلارنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيتتى. «ئۇلار قوڭغۇزغا مىنىپ كې-
لىشىدۇ!» — دېدى بىر كۈنى ئاندىروشكا كاشۇلىن ئەلەم بىلەن.
كازاكلار، قىزىللارنىڭ ئاتلىق چارلىغۇچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ
قالغاندا، ئۇلارنىڭ ۋاقىراپ: «ئەي - ھەي! خىرىستىيان مۇرتلى-
رى! سىزلەر بىزگە تانكا بىلەن كېلىپسىلەر، بىز بولساق سىلەرگە
چانا بىلەن بارىمىز! پاشىنلىرىڭلارنى مايلاپ تۇرۇڭلار، — پات
ئارىدا! سىلەرگە مېھمان بولۇپ بارىمىز!» دېگەن سۆزلىرىنى
ئاڭلىشاتتى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ قىزىللار ھۇجۇمغا ئۆت-
تى. ئۇلار كازاك قىسىملىرىنى تۆمۈريول بويىغا قاتتىق قىستاپ
كەلدى، لېكىن ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىدە كەسكىن بۇرۇلۇش كې-
يىنرەك يۈز بەردى. 16 - دېكابىردا قىزىللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەر-
لىرى ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭدىن كېيىن 33 - پولكنى نېرىغا ئۇ-
لاقتۇرۇپ تاشلىدى، ئەمما كولودېزىيانىسكى يېزىسىنىڭ يېنىدا
كەڭ سەپ يايغان ۋېشېنىسكى پولكىنىڭ ئۇچاستكىسىدا ئۇلار قات-
تىق قارشىلىققا دۇچكەلدى. ۋېشېنىسكايانىڭ پىلىموتچىلىرى خا-
مانىنىڭ قار قاپلىغان گىرۋىكىنىڭ ئارقىسىغا جايلىشىۋېلىپ، پى-
يادە سەپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەننى شىددەتلىك
ئوت ئېچىش بىلەن قارشى ئالدى. كارگىنىسكايا كەنتىدىن بول-
غان كازاك ئانتىپوفنىڭ تەجرىبىلىك قولى بىلەن ئېتىلغان ئوڭ
قاناتتىكى پىلىموت ئاشۇ يېتىپ قوپۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەن سەپ-
لەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى ئوت ئورىغان-
دەك قىردى. ئېتىلغان ئوقلارنىڭ تۈتۈنى بىر بۆلۈنمە ئەسكەرنى
قاپلاپ كەتتى. سول قاناتتىن دۈشمەننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قورشى-
ۋېلىش ئۈچۈن ئىككى بۆلۈنمە يولغا چىقتى.

كەچكە يېقىن، قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى ھۇجۇمنى سۇس داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، فرونتقا يېڭىلا كەلگەن ماتروسلار ئەترىتى ئۇلارنىڭ ئورنىنى باستى. بۇ ئەترەت پىلىموتلارغا قاراپ كۆكرەك كېرىپ، ھاي-ھاي سالماستىن، يەرگە ياتماستىن ئاتاكىغا ئۆتتى.

گرىگورىي ئۈزلۈكسىز ئوق ئېتىپ تۇردى. مىلتىقنىڭ ئوقلۇغى تۈگەشكە باشلىدى. ئىستىۋولى قىزىپ، بارماقلىرىنى كۆيدۈرەتتى. مىلتىقنى سوۋۇتقاندىن كېيىن گرىگورىي يېڭىۋاشتىن بىر تىزىق ئوق سالدى-دە، كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، يىراقتىكى ئۇششاق چېكىتلەردەك كۆرۈنگەن قارا فىگۇرىلارنى نىشانغا ئېلىپ ئاتتى.

ماتروسلار بۇلارنى سۈرۈپ-توقاي قىلىۋەتتى. بۆلۈنمىلەر ئاتلىرىغا ئالدىراش مىنىشىپ، يېزا ئىچى بىلەن چاپقان پېتى دۆڭنىڭ ئۈستىگە قېچىپ چىقىۋالدى. گرىگورىي ئەتراپىغا بىر قاراپ چىقىپ، ھېچنىمىنى چۈشەنمەستىن تىزگىننى قويۇۋەتتى. دۆڭنىڭ ئۈستىدىن يىراقتىكى غەمكىن قارلىق دالا، قار قاپلىغان قوراي، ئەمەن چوخچىيىپ تۇرغان جايلار ۋە بۇلارنىڭ كەچكىرىش ئالدىدىكى ساي-جىلغىلارغا چۈشكەن بىنەپشەرەڭ سايىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاشۇ دالىدا، بىر چاقىرىمغا سوزۇلغان يەردە پىلىموت ئوقى بىلەن قىرىلغان ماتروسلارنىڭ ئۆلۈكلىرى قارا سەپكۈندەك چېچىلىپ ياتاتتى. ئۈستىگە بۇشلات* ۋە خۇرۇم چاپان كىيگەن بۇ كىشىلەر قارنىڭ ئۈستىدە گويا ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان قاغىلار توپىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى...

*بۇشلات — ماتروسلارنىڭ قارا پاختىلىق كەمزۇلى — ت.

كەچ كىرىش ئالدىدا، ھۇجـۇمغا ئۇچراپ پارچىلىنىپ كەتـ
كەن بۆلۈنمىلەرىيىلانىسكى پولكى بىلەن ۋە ئۇست ـ مېدۋېدىتسىـ
كى ئـوكـرۇگىنىڭ نومۇرلۇق پولكـلىرىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بىر
پولكى بىلەن ئالاقىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، بۇزۇلۇك ئىرمىقىدىكى
كىچىككىنە دەريا بويىغا جايلاشقان ئىككى يېزىغا بۆلۈنۈپ، قوـ
نۇپ قالدى.

قاش قارايغان پەيتتە، گىرىگورىي بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ
بۇيرۇغى بىلەن قاراۋۇل قويغان يەردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تار
كوچىدا پولك كوماندىرى ۋە پولك ئـاديوتانتى بىلـەن ئۇچرىـ
شىپ قالدى.

— 3 ـ بۆلۈنمە قەيەردە؟ — دەپ سورىدى كوماندىر تىزـ
گىننى تارتىپ تۇرۇپ.

گىرىگورىي جاۋاپ بـەردى. ئاتلىقـلار ئېتىنى مـاڭدۇرۇپ
كېتىشتى.

— بۆلۈنمىدە چىقىم كـۆپ بـولـدىمۇ؟ — دەپ سورىدى
ئاديوتانت جۆنەپ كېتىۋېتىپ؛ ئۇ جاۋاپنى ئېنىق ئاڭلىيالماي،
قايتا سورىدى، — نىمە؟

ئەمما گىرىگورىي جاۋاپ بەرمەستىن كېتىۋەردى.

كېچىچە يېزا ئـارقىلىق ئات ـ هارۋىلار ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ
تۇردى. گىرىگورىي كازاكلار بىلەن قونۇپ قالغان هويلىنىڭ يېـ
نىدا توپچىلار باتارېيىسى ئـۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قالدى. ي الاڭ
قەۋەت دەرىزىدىن ئاناڭ ـ بالاڭ، دىگەن يامان تىللار، جىلاۋـ
دارلارنىڭ ۋاقىرىشى، ئۆپۈر ـ تۆپۈر ئاۋازلار ئاڭلىناتتى، ئۆيـ
گە ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن زەمبىرەك ئاتقۇچىلار ۋە قـانداقتۇمۇـ
شۇ يېزىدا پەيدا بولۇپ قالغان پولك شتاۋىنىڭ چاپارمەنلىرى
كىرىشتى. يېرىم كېچە بولغاندا توپـچى قىسىملاردىن ئۈچ كىشى

www.uyghurkitap.com

بېسىپ كىرىپ، ئۆيى ئىگىسى بىلەن كازاكلارنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار يېقىن بىر يەردە زەمبىرەكنى ئۈستەڭگە پاتقۇزۇپ قويغانلىقتىن، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى ئۆكۈز بىلەن تارتىپ چىقارماقچى بولۇپ، بۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا قارار قىلغان ئىكەن. گىرىگورىيمۇ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ، ئۇزاققىچە زەمبىرەكچىلەرنىڭ ئىنچىقلاپ، ئۆتۈكلىرىدىن توڭ لايلارنى تازىلاپ، ئايغىنى سىلىپ، ھۆل پايتىمىلارنى كاڭ ئوچاقنىڭ بېشىغا يايغانلىقىغا قاراپ ياتتى. ئۇندىن كېيىن قۇلىقىغىچە لايغا مىلەنگەن بىر توپچى قىسىملار ئوفىتسېرى كىردى. ئۇ قونۇپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سوراپ، ئۈستىدىن شىنىلىنى يەشتى ـ دە، بىپەرۋا چىراي بىلەن ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ، پەشمىتىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىدىكى لاي چاچراندىلىرىنى ئېرتتى.

— بىز بىر زەمبىرەكتىن ئايرىلىپ قالدۇق، — دېدى ئۇ ھارغىن ئاتنىڭ كۆزىدەك ئىنتائەتلىك كۆزلىرى بىلەن گىرىگورىيغا قاراپ، — بۈگۈنكى جەڭ خۇددى ماچىغا بوسۇغىدىكى جەڭدەك بولدى. ئىككى پاي ئاتقاندىن كېيىن بىزنى بايقاپ قالغان ئىكەن ... ئۇلارنىڭ بىر پاي ئوقى يېتىپ كېلىش بىلەنلا زەمبىرىگىمىزنىڭ بەل ئوقىنى ئۈزۈپ تاشلىدى! زەمبىرەك خامانىنىڭ بېشىدا تۇراتتى. ياخشىراق نىقاپلاشنى تىلغا ئالمىغىنىڭىز تۈزۈك!...— ئۇ ھەربىر جۈملىگە ئادەت بويىچە، ئېھتىمال، ئۆزىمۇ بايقىماستىن، ئەدەپسىز يامان تىللارنى قوشۇپ سۆزلەيتتى، — سىز ۋېشېنسكى پولكىدىنمۇ؟ چاي ئىچەمسىز؟ خوجايىن قىز، سىز بىزگە ساماۋار قويۇپ بېرەمسىز، قانداق؟

ئۇ، تولا سۆزلەپ كىشىنى بىزار قىلىۋېتىدىغان ۋالاقتەككۈر ئادەم ئىكەن. بىر تەرەپتىن ھارماي چايىنى ئوتلاپ تۇردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن گىرىگورىي ئۇنىڭ پلاتوۋسكايا كەنتىدىن

ئىكەنلىكىنى، تەجرىبە ئۇتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گېرمان سوقۇشىغا قاتناشقانلىقىنى ۋە ئىككى قېتىم مۇرۇتسىز ئۆيلەنگەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— دون ئارمىيىسىگە ئەمدى ئامىن! — دېدى ئۇ، بۇرۇتى قىرىلغان لېۋىدىكى تەرنى ئىنچىكە، قىزىل تىلى بىلەن يالاپ، — ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. فرونت ئەتىلا چاك-چېكىدىن ۋەيران بولىدۇ-دە، بىز ئىككى ھەپتىدىن كېيىن نوۋوچېركاسسكىدا بولىمىز، يالىڭاياق كازاكلار بىلەن روسىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇشقان ئىدى! ھەي، راسا ئەخمەقلەر بولماي نېمە؟ ئۇلار تېخى كادىر-ئوفىتسېرلار ئىمىش، ھەممىسى يارىماس مۇتىھەملەر، خۇدا ھەققى! سىزمۇ كازاكقۇ دەيمەن؟ شۇنداقمۇ؟ مانا سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن ئۇلار ئوتنىڭ ئىچىدىن كاشتان شېخىنى سۇغۇرۇۋالماقچى.* ئۆزلىرى بولسا ھەر بىر لاۋازىمەت بۆلۈملىرىدە تارازا بېشىدا تۇرۇپ، لاۋور ياپرىقى ۋە يارما جىڭلىماقچى!**

ئۇ سولغۇن كۆزلىرىنى پات-پات چىمچىقلىتاتتى، يوغان ۋە سېمىز گەۋدىسى بىلەن قىمىرلاپ، بار ئېغىرلىقىنى شىرەگە سېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كالاچتەك يوغان ئاغزىنىڭ بۇرجەكلىرى مەيۈس ۋە بوشاڭلىق بىلەن سالپىيىپ قالغان، يۈزىدە ھامان جاپا چەككەن ئىنتائەتلىك ئاتىنىڭ ئىپادىسى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز پېتىچە ساقلانغان ئىدى.

---

* باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئوتنىڭ ئىچىدىن كاشتان شېخىنى سۇغۇرۇۋېلىش — باشقىلارنى جاپا تارتقۇزۇش ھېساۋىغا ئۆزى پايدا كۆرۈش مەنىسىدىكى بىر تەمسىل.

** ئارقا سەپكە مۆكۈنۈۋېلىپ، ئالدىنقى سەپكە بارماسلىق، دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

— ئىلگىرىكى چاغدا، ئىبتىدائىيلىق ناپالىيون زامانىسىدا، جەڭ قىلىش ئوڭايلا بىر ئىش ئىدى! ئىككى ئارمىيە بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا بىر قەپەز ئېلىشىپ، يەنە تارقىشىپ كېتەتتى. فرونت دېگەن نېمە، ئاكوپتا ئولتۇرۇش دېگەن نېمە، يوق گەپ ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىنى تەھلىل قىلساڭ كاللاڭ ئېلىشىپ كېتىدۇ. بۇرۇنقى تارىخچىلار ياغان-ياۋىداقنى يېزىشنى ياخشى كۆرگەن بولسا، ئەمدى بۇ ئۇرۇشنى تەسۋىرلىگەندە، يەنە شۇنداق بۇرمىلاپ يېزىشىدۇ!... ھازىر ئۇرۇش ئەمەس، پەقەت زېرىكىشلا بار! رەڭ - بوياق يوق. ئېپلاسچىلىق! ئومۇمەن ئېيتقاندا بىمەنىلىك. كىم ھۆكۈمرانلىق قىلسا قىلسۇن، خەلققە بەرىبىر ئوخشاش، سىزنىڭچە قانداق، جانابى خورۇنجى؟

گرىگورىي جاۋاپ بەرمەستىن، ئۇنىڭ گۆشلۈك يەلكىسى بىلەن قوللىرىنىڭ ئاران - ئاران مىدىرلىغانلىقىغا، ئېچىلغان ئاغزىنىڭ بوشلۇقى ئىچىدە كۆكۈلسىز، پات - پات مىلىت - مىلىت قىلىپ كۆرۈنگەن قىزىل تىلىغا قاراپ ياتتى. ئۇنىڭ بەك ئۇيقۇسى كەلگەن ئىدى، بىراق مۇنۇ يېپىشقاق، تەنتەك زەمبىرەكچىنىڭ پۇتى سېسىق پۇراپ، فۇسقىسىنى كەلتۈرگەنلىكتىن، ئىنتايىن جىلە بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەن گرىگورىي بىر ئىشى ھەل بولمىغاندەك كۆڭلى غەش بولۇپ ئويغاندى. ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ كۈزدىن باشلاپلا ئالدىنئالا كۆرگەن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، تۈگۈنىنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز يېشىلگەنلىكى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. گرىگورىي ئۇرۇشقا قارشى نارازىلىقنىڭ دەسلەپكى چاغدا بۆلۈنمىلەر ۋە پولكلاردا ئۇششاق ئېرىقچىلاردەك شىرىلداپ ئاققانلى-

غىنى يۈزە كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قەدەر قۇدرەتلىك ئېقىمغا
ئايلانغانلىقىنى بايقىماي قالغان ئىكەن. ئەمدىلىكتە بۇ ئېقىم‑
نىڭ شىددەت بىلەن قۇرۇنتىنى يار ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
شۇنداق قىلىپ، ئادەم باھار ئالدىدا دالىدا كېتىۋاتىدۇ.
قۇياش ئالەمنى يورۇتماقتا. ئەتراپتا بىسەپشەرەڭ قار تولۇپ يې‑
تىپتۇ. قارنىڭ ئاستىدا بولسا، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەزەلدىن
گۈزەل بولغان بىر ئىش ۋۇجۇتقا كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ يەرنىڭ
ئازات بولۇشى. قۇياش قارنى يەپ شاما قىلىدۇ ـ دە، ئاستىغا
سۇ يۈگۈرتىدۇ. ھورلانغان تۇمانلىق كېچە ـ ئەتىسى ئەنگەن
قار يۈزىدىكى يۇقا مۇز چاراسلاپ پەسكە ئولتۇرۇشىدۇ. يوللار
بىلەن كاتاڭلاردا كۆپ ـ كۆك تاغ سۇلىرى كۆپۈكلىشىدۇ، ئېرىپ
پۈملىشىپ قالغان قار ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدىن تەرەپ ـ
تەرەپكە چاچرايدۇ. ھاۋا ئىللىق، مۈملۇق. دۈمبەشلەرنىڭ قارى
كېتىپ، يالىڭاچلىنىپ قالىدۇ. سېغىز توپا يەرنىڭ، چىرىگەن
ئوت ـ چۆپنىڭ ئىپتىدائى پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلىدۇ. يېرىم كې‑
چىدە ساي ـ جىلغىلار قاتتىق گۈرۈلدەيدۇ. قار ئۆپۈرۈلۈپ چۈشكەن
يەردىكى يارلىقلار ئۇۋۇلدايدۇ. مەخمەلدەك قارا كۆزگى شۇدى‑
گەر يالىڭاچلىنىپ، يېقىملىق تاماكا تۈتۈنىدەك تۈتەپ تۇرىدۇ.
كەچكە يېقىن دالىدىكى كىچىككىنە ساي ئىگراپ، مۇزنى چىل‑
چىل سۇندۇرىدۇ ـ دە، ئىنىكئانىنىڭ كۆكرىگىدەك تاشقىن بى‑
لەن لىق تولغان ئاشۇ ساي مۇز پارچىلىرىنى تېز ئېقىتىپ كېتىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، قىشنىڭ ئويۇقسىز ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىدىن
ھەيران بولغان ئادەم قۇملۇق قىرغاقتا تۇرۇپ، كۆزلىرى بىلەن
سۇيى ئاز تېپىر يەرنى ئىزلەيدۇ، نەرلەپ، قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ
تۇرغان ئېتىنى قامچا بىلەن ئۈچۈقلاپ قويىدۇ. ئەمما ئەتراپتا

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى بېكىتى

كىشىنى گۆللەپ تۇرغان بىگۇناقار ھاۋارەڭ تۇستە تاۋلىنىپ تۇ-رىدۇ، ئاپپاق قىش ئۆگدەپ ياتىدۇ...

ۋېشىنىسكى پولكى كۈن بويى چېكىندى. يول - يوللاردا كارۋان ھارۋىلار چېپىپ ماڭاتتى. ئوڭ تەرەپتە بىر يەردە، ئۇپۇقنى قاپ-لاپ تۇرغان سۇر بۇلۇتنىڭ نېرىسىدا بىر تۇتاش ئېتىلغان توپ ئاۋازى، يىمىرىلىپ ئۆلاي چۈشكەن پوركاپ ياردەك گولدۇرلەپ تۇراتتى. ئېرىگەن، ئۇستىدە كۆكۈم - تىزەكلەر چېچىلىپ ياتقان يولدا بۆلۈنمىلەر شىلپىلاپ كېلەتتى. ئاتلار پۆپۈكلىرى بولغان-غان تۇياقلىرى بىلەن ھۆل قارنى پېتىقلايتتى. نۆكەرلەر يولنىڭ چېتى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتەتتى. پەي - قاناتلىرى كۆكۈش پاقىراپ تۇرغان ۋە پىيادە قالغان ئاتلىق ئەسكەردەك پاخپايغان كالىتا - كۆسەي قاغىلار يولنىڭ ياقىسىدا ئۇنچىقماستىن چېكىن-نىۋاتقان كازاك بۆلۈنمىلىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل- جۇل بولۇپ كەتكەن پىيادىلەر كولوننىلىرىنى، قاتار تىزىلىشىپ ماڭغان ھارۋىلارنى خۇددى پاراتتا تۇرغاندەك كىدىيىپ، تەۋرىنىپ كۆز-دىن كەچۈرەتتى.

گىرىگورىي چېكىنىشنىڭ شىددەت بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان ئېقىمىنى ئەمدىلىكتە ھېچنەرسە بىلەن توختىتىۋېلىش مۇمكىن ئە-مەسلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، كېچىدە خوشاللىق بىلەن قەتئىي قارارغا كېلىپ، بۆزۈلۈكىدىن پولكنى تاشلاپ كەتتى.

— سەن نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن، گىرىگورىي پانتې-لىيۋ؟ — دەپ سورىدى مىتكا كورشۇنوف، گىرىگورىينىڭ شىنېل ئۇستىگە يامغۇرلۇق كىيىپ، قىلىچ - ناگانلىرىنى ئاسقانلىقىغا ئىستېھزا بىلەن قاراپ.

— نەگە بېرىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— قىزىقىپ سوراپ قويدۇم.

گىرىگورىينىڭ تومپايغان ياڭاق سۆڭىكى قىزىرىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ، كۆزىنى قىسىپ، ئۇچۇق - يورۇق جاۋاپ بەردى:

— بارىدىغان يەرگە بارىمەن، چۈشەندىڭمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئېتى ئىگەرلەنگەن پېتى تۇراتتى.

تاڭ يورۇغانغا قەدەر، ئۇ تۈن قىروسىدىن ئۆتەپ تۇرغان چوڭ يول بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ماڭدى. «ئۆيدە تۇرۇپ تۇ-راي، كېيىن تىلىڭ - تىگلاپ، ئۇلار ئاشۇ يەردىن ئۆتۈش بىلەن-لا، پولكىمغا بېرىپ قوشۇلىمەن» — دىدى ئۇ ئىچىدە. تېخى تونۇگۈنلا يانمۇ يان بىللە جەڭ قىلغان ئادەملەردىن چەتلەن-گەن هالدا ئويلىنىپ.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئۇ، 200 چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئىككى كۈن ئىچىدە تازا جۈدەپ، چارچاپ هالىدىن كەتكەن ئېتىنى ئا-تىسىنىڭ هويلىسىغا يېتىلەپ كىردى.

## 11

تويابىرنىڭ ئاخىرىدا نوۋوچېركاسسكىدا[1] يۈتلۈم تۈزۈلۈش-كەن دۆلەتلەرنىڭ هەربى ۋەكىللەر ئۈمىگىنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. شەهەردە مانا مۇنداق مىش - مىش گەپلەر كەڭ تارالدى: ئەنگلىيىنىڭ قۇدرەتلىك ئىسكادراسى نوۋوروسىيىسـ

كىنىڭ گاۋانىغا كېلىپ ئالىقاچان ئورۇنلىشىپ بولۇپتۇ. ئىنتې-
پاقداشلار قوشۇنلىرىنىڭ سالونىكتىن ئەۋەتىلگەن ناھايىتى زور
دېسانتلىرى* قىرغاقتا چۈشۈرۈلۈۋېتىپتۇ. تۆرلۈك رەڭدىكى فران-
سۇز پىيادە قىسىملىرى كورپۇسى قىرغاقتا چۈشۈرۈلۈپ بولغان
ئىمىش، ئۇلار پات ئارىدا پىيادىلەر ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ
ھۇجۇم باشلار ئىمىش. مۇشۇنداق ئۈسەك سۆزلەر شەھەردە قار
يومىزەكلىرىدەك يۇمۇلاپ يۈرەتتى...

كىراسنوف ئاتامان پولكىنىڭ ئىمتىيازلىق گۇۋاردىيىسىنىڭ
كازاكلىرىدىن ھۆرمەت قاراۋۇلى تەشكىللەپ ئەۋەتىشكە بۇيرۇق
بەردى. ئىككى بۆلۈنمە ياش ئاتامانچىلارغا ئالدىراشلىق بىلەن
ئىگىز ئۆتۈك ۋە ئاق تاسمىلىق قىلىچباغ تاقىغان كىيىملەرنى
كىيگۈزۈشتى، ئۇلارغا 100دەك كانايچى قوشۇپ، يەنە شۇنداق
ئالدىراشلىق بىلەن ناگانروكقا يولغا سالدى.

رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھەربىي
ئۆمىگىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزىگە خاس بىر سىياسىي رازۋېتكا مەق-
سەتلىرىدە نوۋوچېركاسسكىغا بىرنەچچە ئوفىتسېرنى ئەۋەتىشكە
قارار قىلغان. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى — دوندىكى ئەھۋالنى ئۇ-
قۇپ كۆرۈش ۋە بولشېۋىكلەرگە قارشى كۆرەشنىڭ كەلگۈسى ئىس-
تىقبالى بىلەن تونۇشۇش ئىكەن. كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئەن-
گلىيەدىن ئەۋەتىلگەن كاپىتان بوند، لېيتېنانت بلۇمفىلد ۋە لېي-
تېنانت مورنو بار ئىدى، فرانسىيىگە — كاپىتان ئوشېن، لېي-
تېنانت ديوپرى ۋە لېيتېنانت فور ۋەكىل بولغان ئىدى. مانا
شۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەربىي تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتىلگەن كى-
چىككىنە ئەمەلدارلارنىڭ كېلىشى، شارائىتنىڭ ئىنچىقلىقى تۆ-
پەيلى بۇلارنىڭ «ئەلچىلەر» قاتارىغا قوشۇلۇپ قىلىشى مۇنا-

* دېسانت — پاراخوتتىن ياكى پاراشوتتىن دۈشمەن تېررىتورىيىسىگە
چۈشۈرۈلگەن ئەسكەر — ت.

سۆۋىتى بىلەن ئاتامان سارىيىدا بىر مۇنچە ئۆرە - تۆپە بولۇشقا سەۋەپ بولدى.

«ئەلچىلەر»نى نوۋوچېركاسسكىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئېپكىلىشتى. ئەمىلى ئۇنچىلىك چوڭ بولمىغان بۇ ئوفتسېرلەرنىڭ كاللىسىنى چېكىدىن ئاشقان خوشامەتكويلۇق ۋە تەخسىكەشلىك ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ھەقىقى» ئۇلۇغلۇغىنى ھېس قىلىشىپ، ئەمدىلىكتە نامدار كازاك گېنېراللىرىغا ۋە نامى ئۇلۇغ ساختا جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆرە - ئەمەلدارلىرىغا ھامى سۈپىتىدە يۇقۇرىدىن تۇرۇپ قارايدىغان بولدى.

ياش فرانسۇز لېيتېنانتلىرىنىڭ كازاك گېنېراللىرى بىلەن گەپلەشكەن سۆزلىرىدە تېشى يالتىراق ئەدەپلىكلىكى ۋە فرانسۇزلارغا خاس تەكەللۇپچان نازاكەتلىكى ئارىسىدىن تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىكىنىڭ سوغاق ئاھاڭلىرى جاراڭلاشقا باشلىدى.

كەچقۇرۇن سارايدا 100 كىشىلىك مېھمانغا مۆلچەرلەنگەن زىياپەت ھازىرلاندى. ھەربى ناخشىچىلار خورى يىپەكتەك مەيىن كازاك كۈيلىرىنىڭ پەردىسىنى زالغا يايدى، بۇلارغا زىل ئاۋازلىق ئەر ناخشىچىلار جۆر بولدى. دوخوۋوي ئوركېستىر تەسىرلىك گۈمبۈرلەپ، ئىتتىپاقداشلارنىڭ گىمنلىرىنى ئورۇنلىدى. «ئەلچىلەر»، بۇ يەردىكى شارائىتقا لايىق تاماقنى ئاز يەپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئابروينى ساقلاپ ئولتۇردى. ئاتامان مېھمانلىرى، پۇرسەتنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

كىراسنوف سۆز باشلىدى:

— سىزلەر، جاناپلار، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ

www.uyghurkitap.com

ۋالدا ئۇلتۇرۇپسىزلەر، بۇ ۋالنىڭ تاملىرىدىن سىزلەرگە 1812 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەن باشقا بىر خەلق ئۇرۇشى قەھرىمانلىرىنىڭ كۆزلىرى سۈكۈت بىلەن قاراپ تۇرماقتا. پلاتوو، ئىلوۋايسكى، دېنىسوف* شۇنداق بىر مۇقەددەس كۈنلەرنى ئەسكە چۈشۈرىدۇكى. بۇ چاغدا پارىژ ئاھالىسى ئۆزىنى ئازات قىلغۇچىلارنى — دون كازاكلىرىنى تەبرىكلىگەن ئىدى، ئىمپېراتور ئالېكساندىر I خارابە ـ ۋەيرانىلىقلاردىن گۈزەل فرانسىيىنى قايتا تىكلىگەن ئىدى...

«گۈزەل فرانسىيە» ۋەكىللىرىنىڭ كۆزلىرى، خېلى خوپ ئىچىۋالغان سىملان شارابىدىن خۇمارلىشىپ، ياغدەك پاقىرايتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار كىرانوفنىڭ نۇتقىنى ئاخىرغىچە دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى. «ياۋايى بولشېۋىكلەر تەرىپىدىن ئېزىلگەن رۇس خەلقى» نىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەلىك بالايى-ئاپەتلەرنى كەڭ تەسۋىرلەپ كېلىپ، كىراسنوف سۆزىنى ھاياجان بىلەن مۇنداق تۈگەتتى:

—... رۇس خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەكىللىرى بولشېۋىكلەرنىڭ زىندانلىرىدا ھالاك بولماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سىزلەرگە تىكىلگەن: ئۇلار سىزلەرنىڭ ياردىمىڭلارنى كۈتىدۇ، شۇڭلاشقا سىزلەر ياردەمنى دونغا ئەمەس، پەقەت شۇلارغا كۆرسىتىشىڭىزلار لازىم. بىز پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتالايمىزكى، بىز ئازات! ئەمما بىزنىڭ بارلىق ئوي ـ پىكرىمىز، بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز — ئۇلۇغ رۇسىيە. ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا سادىق بولغان، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ كەلگەن، شۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى

* پلاتوف، ئىلوۋايىسكى، دېنىسوف — 1812 ـ يىلدىكى رۇسىيە ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان كازاك گېنېراللىرى — ت.

قۇربان قىلغان ۋە ھازىر ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تەشنالىق بىلەن
كۈتۈپ تۇرغان رۇسىيە. بۇنىڭدىن 104 يىل بۇرۇن مارت ئېيىدا
فرانسۇز خەلقى ئىمپېراتور ئالېكساندىر I نى ۋە رۇسىيە
گۋاردىيىسىنى قۇتلىغان ئىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ فرانسىيەھا-
ياتىدا يېڭى دەۋر باشلاندى. بۇ دەۋر فرانسىيىنى 1 - ئورۇنغا
چىقاردى. 104 يىل بۇرۇن بىزنىڭ ئاتامانىمىز گىراف پلاتوف
لوندوندا مېھمان بولدى. بىز سىزلەرنى موسكۋادا كۈتىمىز! بىز
سىزلەرنى تەنتەنىلىك مارش ساداسى ۋە گىمنىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك
ياڭرىغان كۈيى ئاستىدا كرېملگە بىللە كىرىش ئۈچۈن، شۇ يەر-
دە تىنچلىق ۋە ئازاتلىقنىڭ بارلىق لەززىتىنى بىرلىكتە تېتىش
ئۈچۈن كۈتىمىز! ئۇلۇغ رۇسىيە! بىزنىڭ بارلىق ئارزۇ ۋە ئۈمىت-
لىرىمىز مانا شۇ سۆزلەردە!

كىراسنوفنىڭ خۇلاسە سۆزىدىن كېيىن كاپىتان بوند ئور-
نىدىن تۇردى. ئېنگىلىزچە سۆزنىڭ تاۋۇشلىرى ئاڭلانغاندا زىيا-
پەتكە قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا قاتتىق جىمجىتچىلىق باشلاندى.
تەرجىمان كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى رۇسچىغا تەرجى-
مە قىلىشقا باشلىدى.

— كاپىتان بوند ئۆز نامىدىن ۋە كاپىتان ئوشېن نامى-
دىن دون ئاتامانىغا شۇنى ئېيتىپ قويۇشقا ۋاكالەتلىككى، ئۇلار
دوندا بولۇۋاتقان ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزگەن دۆ-
لەتلەردىن رەسمىي رەۋىشتە ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەردۇركەن. كاپىتان
بوندنىڭ كاپالەت بېرىپ ئېيتىشىچە، كېلىشىم تۈزگەن دۆلەتلەر
دونغا ۋە پىدائىيلار ئارمىيىسىگە، بولشېۋىكلەرگە قارشى
قەھرىمانانە كۈرەشكە بارلىق كۈچ ۋە ۋاستىلەر بىلەن، جۈم-
لىدىن ھەربىي قوشۇن بىلەن ياردەم بېرىدىكەن.

تەرجىمان ئاخىرقى بىر جۈملىنى تېخى تۈگەتمەستىنلا،

ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان قاتتىق «ھۇررا» ئاۋازى زالنىڭ تاملىرىنى تىترىتىۋەتتى، ئوركېستىرنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى ئاستىدا قەدەھلەر جاراڭلاشقا باشلىدى. «گۈزەل فرانسىيە»نىڭ ۋە «قۇدرەتلىك ئەنگلىيە»نىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئىچىشتى. «بولشېۋىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش» ئۈچۈن ئىچىشتى... دۇنيانىڭ ئۇزاق زاماندىن ساقلانغان «چىراق» ماركىلىق شارابى قەدەھلەردە كۆپۈكلىنىپ، ۋىشىلداپ، يېقىملىق خۇش پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى...

كۆپچىلىك ئىتتىپاقداش دۆلەت ھەربىي ئۆمىكى ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىنى كۈتكەن ئىدى. كاپىتان بۇندىمۇ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلمىدى:

— مەن ئۇلۇغ رۇسىيە ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن بۇ يەردە سىزلەرنىڭ بۇرۇنقى گۈزەل گېمنىڭلارنى ئاڭلاشنى خالايمەن، بىز بۇ گېمنىنىڭ سۆزلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيمىز. مەن پەقەت ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىغۇم بار...

تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. كراسنوف ھاياجاندىن ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىنى مېھمانلارغا بۇرىدى-دە، تەلۋىلەرچە ۋاقىراپ:

— ئۇلۇغ، بىر پۈتۈن. ئاجرالماس رۇسىيە ئۈچۈن ھۇررا! — دېدى.

ئوركېستىر «ئەي پەرۋەردىگار، پادىشاھنى ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلا» كۈيىنى كۈچ بىلەن ۋە سىلىق ئورۇنلاشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قەدەھلەرنى بوشاتتى. چاچ - ساقىلى ئاقارغان باش پوپ گېرموگېننىڭ يۈزىدە تارامالاپ ياش ئاقتى.

— بۇ نېمە دېگەن ياخشى!...، — دېدى كەيپى ئاشقان كاپىتان

بويندا شاتلىنىپ، چوڭ تۆرە مېھمانلاردىن بىرىسى، ئىنتايىن تېسىرلەنگەنلىكتىن، ئېزىلىپ پىشقان بېلىق ئىسكراسى بىلەن بۇلغانغان سالفېتكا بىلەن ساقىلىنى پۈركەپ، كىچىك بالىدەك ھۆكىرەپ يىغلىدى...

شۇ كېچىسى ئازوۋ بويلىرىنىڭ شىددەتلىك شامىلى شەھەر ئۈستىدە ھۇلاپ، چىقىراپ چىقتى. دەسلەپكى ئىزغىرىن بوران قاپلىۋالغان چوڭ چېركاۋنىڭ گۈمبىزى بۇرۇنقىدىنمۇ جانسىزراق ياقىراپ تۇراتتى...

بۇ كېچە شەھەرنىڭ تېشىدا، سېغىزتوپىلىق يارلىق ئىچىدە، ئەخلەت تۆكۈلىدىغان يەردە، ھەربىي - دالا سوتىنىڭ ھۆكمى بويىچە خاگىنىڭ تۆمۈر يول ئىشچىلىرىدىن بولغان بولشېۋىكلەر ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، ئىككى - ئىككىدىن ئېپكېلىپ، يارنىڭ بېشىغا تۇرغۇزدى-دە، ناگان بىلەن مىلتىقنى يېقىن تاقاپ تۇرۇپ ئاتتى. ئىزغىرىن شامال ئوق ئاۋازلىرىنى، خۇددى تاماكا تۈتۈنىنى ئۈچۈرگەندەك ئۇچۇرۇپ تۇردى...

ئاتامان ساربېنىڭ ئىشىگى ئالدىدا بولسا، ئىزغىرىن سوغاقتا، ئاتامان پولكىنىڭ ئىمتىيازلىق گۋاردىيىسى كازاكلىرىدىن تەركىب تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇلى قىشنىڭ شامىلىغا پۈچۈلىنىپ، ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. كازاكلارنىڭ يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنىڭ سېپىنى تۇتقان قوللىرى قارىيىپ، ئۇيۇشۇپ قالغان، سوغاقتىن كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان، ئاياقلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئىدى... ساراينىڭ ئىچىدىن تاڭ ئاتقۇچە مەس ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنى، ئوركېستىرنىڭ مىستىن جىرىڭلىغان تاۋۇشى ۋە ھەربىي ناخشىچىلار خورىدىكى زىل تاۋۇشلارنىڭ يىغلاڭغۇ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

× ×

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەڭ دەھشەتلىك ۋەقە باشلاندى- فۇرونت ۋەيران بولدى. كالاچوف نەرەپتىكى پېترومىلىخوف خىزمەت قىلغان 28 - پولك ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان ئوچاستىك- سىنى بىرىنچى بولۇپ قويۇپ - قۇرۇق قالدۇرۇپ تاشلاپ كەتتى.

كازاكلار، 15 - ئىنزا دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانلىغى بىلەن يوشۇرۇن مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن فۇرونتنى تاشلاپ چىقىش، ئۇندىن كېيىن قىزىل ئەسكەرلەرنى يۇقۇرقى دون ئوكرۇگىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق توسقۇنسىز ئۆتكۈزۈۋې- تىشكە قارار قىلىشتى. نەزەر دائىرىسى تار، كالتەپەم كازاك ياكوف فومىن ئىسيان كۆتەرگەن پولكنىڭ باشلىغى بولدى، ئەمما ئەسلىدە ۋىۋىسكا فومىن نامىغا ئىسىلغان بولسىمۇ،فومىننىڭ ئارقىسىدا بولشىۋىستىك روھتىكى بىر توپ كازاكلار ئىش باشقۇ- رۇپ، فومىنغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

قاينام - تاشقىنلىق چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، بۇنىڭدا ئوفىتسېرلەر ئارقىدىن ئوق ئېتىلىشتىن بىرئاز قورقۇپ، جەڭ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى دەككە - دۇككە ئىچىدە دەلىللىگەن بولدى، ئەمما كازاكلار بولسا، بىر ئېغىزدىن، قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشنىڭ كېرىگى يوق، بولشىۋىكلەر بىلەن سۈلھ تۈزۈش لازىم، دىگەنگە ئوخشاش كىشىنى بىزار قىلىدىغان سۆزلەرنى كەلسە - كەلمەس ۋاقىرىشىۋەردى. ئاخىرى يىغىندىن كېيىن پولك قوزغىلىپ يولغا چىقتى. دەسلەپكى مەنزىلدىن كېيىن كېچىسى سولونكى يېزىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پولك كوماندىرى، قوشۇن سىنتارشىناسى فىلىپپوف، كۆپچىلىك نوفىتسېرلەر بىلەن بىللە پولكتىن ئايرىلىپ قېلىپ، تاڭئاتقان چاغدا گىراف مول-

بېرىنىڭ چېكىنىۋاتقان ۋە جەڭلەردە بىتچىت قىلىنغان بىرىنگا دىسىغا قوشۇلدى.

28 - پولكنىڭ ئارقىسىدىنلا 36 - پولك ئۆز پوزىتسىيەسىنى تاشلاپ چىقتى، بۇ پولك پۈتۈن تەركىۋى بىلەن، بارلىق ئوفىتسېرلىرى بىللە بىلەن كازانسكايا ياغا كەلدى. كازاكلارنىڭ ئالدىدا قۇللارچە خوشامەت قىلغان، پاكار بويلۇق، ئوغرى كۆز كوماندىر بىر توپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا بېكەت كومېندانتى ياتىدىغان ئۆيگە يېتىپ كەلدى - دە، قامچىسىنى ئوينىتىپ، جەڭگىۋار قىياپەتتە ئۆيگە كىردى.

— كومېندانت كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن كومېندانتنىڭ ياردەمچىسى، — دەپ جاۋاپ بەردى ستېپان ئاستاخوف ئۆز ئابرويى بىلەن ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ، — ئىشىكنى يېپىڭ، جانابى ئوفىتسېر.

— مەن 36 - پولكنىڭ كوماندىرى، قوشۇن ستارشىناسى نائۇموف بولىمەن. ھەي، مەن شۇنى ئېيتىش شەرىپىگە ئىگىمەنكى، ... مەن ئۆز پولكىمنى كىيىم - كېچەك ۋە ئاياق كىيىم بىلەن كىيىندۈرمەكچىمەن. مېنىڭ كىشىلىرىم يالىڭاچ، يالىڭاياق قالدى. سىز سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟

— كومېندانت يوق، ئۇ كىشى بولمىسا، مەن ئىسكىلاتتىن بىر جۇپمۇ پىما ئېلىپچىقىپ بېرەلمەيمەن.

— نىمە؟

— گەپ شۇ.

— سەن!... سەن كىم بىلەن تاكاللىشىۋاتىسەن؟ قا - اما - قا - قا ئالىمەن سېنى، جىن ئۇر - سۇ - ن! يىگىتلەر، ئۇنى پودۋالغا ئېلىپ بېرىڭلار! ئىسكىلاتنىڭ ئاچقۇچى نەدە، ئارقا سەپنىڭ

چاشقىنى؟ ... نىمە دىدىڭ؟ — نائۇموف قامچىسى بىلەن شىرە-نى تاك قىلىپ ئۇردى - دە، قەھرى - غەزەپتىن تاتىرىپ، پاخ-پايغان مانجۇچە پاپاخىنى گەجگىسىگە سۈرۈپ قويدى، — قېنى ئاچقۇچنى بەر، غىرىڭ - پىرىڭ قىلما!

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكىدىن قىزغۇچ-سېرىق چاڭ - توزاڭ توزۇپ، قارىنىڭ ئۈستىگە، توپلىنىۋالغان كازاكلارنىڭ قوللىرىغا باغلام - باغلام چىگىلگەن كالتەچۇۋىلار، دەستە - دەستە پىما، ئۆتۈكلەر ئېرغىتىلىشقا باشلىدى. قاپ-قاپ قەنت - شېكەرلەر قولدىن - قولغا ئۆتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ۋە كۈلكىلىك سۆزلەر ئۇزاققىچە مەيداننى جانلاندۇردى...

دەل مۇشۇ پەيتتە 28 - پولك ئۆزىنىڭ يېڭى كوماندىرى، ۋاخمىستىر فومىن بىلەن ۋېشېنسكاياغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بويلاپ، 30 چاقىرىم يەردە ئىنزادىۋېزى-يېسىنىڭ قىسىملىرى كېلىۋاتاتتى. قىزىللارنىڭ چارلىغۇچىلىرى شۇ كۈنى دۇبروفكا يېزىسىغا يېتىپ بارغان ئىدى.

شىمالىي فرونتنىڭ قوماندانى گېنېرال مايور ئىۋانوف بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى شتاپ باشلىقى گېنېرال زامېرى-تىسكى بىلەن بىللە كارگىنسكايا كەنتىگە ئالدىراشلىق بىلەن چېكىنگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئاپتوموبىلى قاردا يۇرەلمەي بىر جاي-دا چاقى پىقىراۋەردى، زامېرژىتسكىنىڭخوتۇنى زەردە گۆش بو-لۇپ، لېۋىنى چىشلەپ قان قىلاتتى، بالىلىرى يىغلايتتى...

ۋېشېنسكايا كەنتى بىرنەچچە كۈن ھۆكۈمەتسىز قالدى. مىش - مىشلەرگە قارىغاندا، 28 - پولكقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كارگىنسكايادا كۈچ توپلىنىپتۇمىش. ئەمما 22 - دېكابىردا ئىۋانوفنىڭ ئادىيوتانتى كارگىنسكايادىن ۋېشېنس-كاياغا كېلىپ، قوماندان تۇرغان ئۆيدە ئۆزى ئۇنتۇپ قالدۇرۇپ

كەتكەن نەرسىلىرىنى:يېڭى كاكاردا قادالغان يازلىق فۇراژكىسىنى، باش چوتكىسىنى، ئىچ كىيىملىرىۋە باشقا ئۇششاق - چۈشەك نەرسىلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كەتتى...

8 - قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى شىمالىي فۇرۇنتتا 100 چاقىرىملىق كاتتا ئېقىن ھاسىل قىلىپ، دەريادەك شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. گېنېرال ساۋاتىيېۋ جەڭسىز دونغا چېكىنىپ كەلدى. گېنېرال فىتسخالدروفنىڭ پولكلىرى ئالدىراشلىق بىلەن تالى ۋە بوگۇچار تەرەپكە چېكىندى، شىمالدا بىر ھەپتىگىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. زەمبىرەكنىڭ گۈلدۈرلىشى ئاڭلانمىدى، پىلىموتلار ئۈنچىقماي قويدى. شىمالىي فۇرونتتا ئۇرۇش قىلغان تۈۋەنكى دون كازاكلىرى يۇقۇرقى دون پولكلىرىنىڭ خائىنلىقىدىن رەنجىپ، ئۇرۇش قىلماي، چېكىنگىلى تۇردى. قىزىللار ئالدىدىكى يېزىلارغا چارلىغۇچىلار ئەۋەتىپ، ئەتراپىنى پۇختا تەكشۈرۈپ،ئېھتىيات بىلەن ئالدىرىماي ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

دون ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالىي فۇرونتتىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيتى شاتلىققا ئايلاندى. 26 - دېكابىردا نوۋوچېركاسسكىغا ئىتتىپاقداشلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلدى: بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىتانىيىنىڭ كاۋكازدىكى ھەربىي ئۆمىكىنىڭ قوماندانى گېنېرال پۇل، شىتاپ باشلىقى پولكوۋنىك كىسس ۋە فرانسىيە ۋەكىللىرى — گېنېرال فرانشىد - ئېسپېرە ۋە كاپىتان فۇكە بار ئىدى.

كىراسنوف ئىتتىپاقداشلارنى فۇرونتقا ئېلىپ باردى. چېر ئىستانسىسىنىڭ ۋوكزال سەھنىسىدە دېكابىر ئېيىنىڭ سوغاق بىر ئەتىگىنى ھۆرمەت قاراۋۇلى سەپ تۈزۈپ تۇردى. شاپ بۇرۇت، ھاراقكەش چىراي گېنېرال مامونتوف، ئادەتتە شاللاق ئادەمبولسىمۇ، بۇ قېتىم خېلى چاققان بولۇپ، يېڭى قىرىلغان ئىككى

مەڭزى كۆكۈش پاقىراپ تۇراتتى، بۇ ئادەم ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەمرالىغىدا ۋوگزال سەھنىسىدە مېڭىپ يۈرەتتى. بۇلار پويىزنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە. ۋوگزالنىڭ قېشىدا ھەربىي ئوركېستىرنىڭ مىزىكانتچىلىرى بىر ئورۇندا تىپىرچىلاپ، كۆكىرىپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئاغزىغا تۇتۇپ ھورداپتتى. ھۆرمەت قاراۋۇلىدا تۆۋەنكى دون كەنتلىرىنىڭ رەڭگى - روھى ھەر خىل بولغان ۋە ھەر خىل ياشتىكى كازاكلىرى سۈرەتتەك چىرايلىق قېتىپ تۇرۇشاتتى. ساقىلى نۇرانە ئاقارغان بوۋايلارنىڭ قاتارىدا بۇرۇتى خەت تارتمىغان ئۆسمۈرلەر كوكۇلاچاچ فورونتچىلار بىلەن ئارىلاش - قۇرلاش تۇرۇشقان. بوۋايلارنىڭ شىنېللىرىنىڭ مەيدىسىدە لوۋچا ۋە پىلېۋنا شەھەرلىرى ئۈچۈن ئالغان ئالتۇن ۋەكۈمۈش كىرېستلار ۋە مېداللار پاقىراپ تۇراتتى، ياشراق كازاكلارنىڭ كۆكسىدە بولسا گېئورگ - تېپە، لىدىئانتۇن بوسۇغىدا قەيسەرلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئالغان ئوردېنلار ۋە گېرمان ئۇرۇشى ۋاقتىدا — پېرېمىشىل، ۋارشاۋا، لىۋوف ئۈچۈن تارتۇقلانغان كىرېست ئوردېنلار زىچچىدە تولۇپ كەتكەن ئىدى. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەيدىسىدە ھېچنەرسە پاقىرىمىسىمۇ، ئۇلار تارىدەك سوزۇلۇپ، تۈپ - تۈز تۇرۇشاتتى ۋە بارلىق ئىشتا چوڭلارغا تەقلىت قىلىشقا تىرىشاتتى.

سۈتتەك ئاپپاق ھورغا پۈركەنگەن پويىزمۇ گۈرۈلدەپ كېلىپ قالدى. خاس ۋاگوننىڭ ئىشىكلىرى تېخى ئېچىلماي تۇرۇپلا، ئوركېستىر دىرىژورى قوللىرىنى شىددەت بىلەن سىلكىپ، غۇلاچ يېيىش بىلەن تەڭ، ئوركېستىر ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت گىمنىنى چېلىپ ياڭرىتىۋەتتى. مامونتوف قىلىچىنى تىك تۇتۇپ، ۋاگونغا قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى. كىراسنوف ئۇچۇق چىراي ساھىبخان سۈپىتىدە مېھمانلارنى سەپ تۈزەپ

قېتىپ تۇرغان كازاكلارنىڭ قېشى بىلەن ۋوگزالغا باشلاپ ماڭدى.

— كازاك خەلقى ۋەتەننى ياۋايى قىزىل گۋاردىيە باندىتلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئاياغقا تۇردى. سىزلەر ئۈچ ئەۋلاتنىڭ ۋەكىللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىزلەر. بۇلار — بالقاندا، ياپونىيىدە، ئاۋستىرو - ۋېنگرىيىدە ۋە پرۇسسىيىدە جەڭگە قاتناشقان كىشىلەر، ئەمدىلىكتە ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلماقتا، — دېدى ئۇ فرانسۇز تىلىدا ئەلا سۆزلەپ، خۇش تەبەسسۇم قىلىپ، شاھلارغا خاس بېشىنى لىڭشىتىپ، سەپتىكى — كۆزلىرى چانىغىدىن چىقىپ، دېمىنى چىقارماستىن قېتىپ تۇرغان بوۋايلارنى ئىما بىلەن كۆرسىتىپ.

يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، مامونتوف ھۆرمەت قاراۋۇلىنى تاللاشتا ئەمگىگى بىكار كەتمىگەن ئىكەن. مال ياخشى كۆرسىتىلگەن بولدى.

ئىتتىپاقداشلار فورونتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قانائەتلىنىش بىلەن نوۋوچېركاسسكىغا قايتىپ كەلدى.

— مەن سىزلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشى، يۈكسەك ئىنتىزامچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىق روھىدىن ئىنتايىن مەمنۇنمەن، — دېدى گېنېرال پۇل كېتىش ئالدىدا كراسنوفقا، — مەن سولونىكىدىن سىزلەر ئۈچۈن بۇ يەرگە بىزنىڭ سولداتلارنىڭ دەسلەپكى ئەترىدىنى ئەۋەتىش ئۈچۈن دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرىمەن، مەن سىزدىن، گېنېرال 3000 جۇۋاۋە ئىسسىق ئۆتۈكلەرنى تەييارلاپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن سىزلەر بولشېۋىزمنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشقا قادىرسىزلەر.

... ئاشلانغان كالتە جۇۋىلار ئالدىراش تىكىلىپ، پىمىلار

www.uyghurkitap.com

تەيارلاپ قويۇلدى. ئەمما نىمشقىدۇ لوۋوروسىيىسكىغا ئىشتىياق
داشلارنىڭ دىسانتى كەلمەي قويىدى. لوندونغا كەتكەن پۇلنىڭ
ئورنىغا تەكەببۇر، توك چىراي بىرىگگىس كەلدى. ئۇ لوندوندىن
يېڭى يولىيورۇقلار ئېلىپ كېلىپ، قوپال، گېنېراللىق، ھاكاۋۇرلۇق
بىلەن مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى:

— ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك كورول ھۆكۈمىتىمىز دوندىكى پى-
دائىيلار ئارمىيىسىگە زور ماددى ياردەملەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما
بىرمۇ سولدات بەرمەيدۇ.

بۇ نۇتۇقتا ھېچقانداق ئىزاھ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى
بولمىدى...

# 12

جاھانگىرلىك ئۇرۇشى كۈنلىرىدىلا ئوفىتسېرلەر بىلەن كا-
زاكلارنىڭ ئارىسىنى كۆزگە كۆرۈنمەس چوڭقۇر چۆنەك بولۇپ ئاي-
رىپ تۇرغان ئۆچمەنلىك 1918 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىگە كەلگەندە،
مىسلى كۆرۈلمىگەن چەككە يەتتى. 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كا-
زاك قىسىملىرى ئاستا - ئاستا دونغا كېلىپ يىغىلغاندا، ئوفىت-
سېرلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە تۇتۇپ بېرىش ۋەقەلىرى ئاز كۆرۈلەتتى،
ئەمما بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق ۋەقەلەر دېيەرلىك ئا-
دەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئوفىتسېرلەرنى ھۇجۇم ۋاقتىدا،
قىزىل ئەسكەر كوماندىرلارنىڭ ئۈلگىسى بويىچە، سەپنىڭ ئال-
دىدا ماڭغۇزۇپ، ئۇن - تىۋىشسىز، ئاستا دۈمبىسىدىن ئېتىپ
تاشلايدىغان بولۇشتى. پەقەت گۇندوروفنىڭ گېئورگى ئوردېنلىق

پولكىغا ئوخشاش قىسملاردىلا ئىتتىپاقلىق مۇستەھكەم ئىدى، بىراق دون ئارمىيىسىدە مۇنداق قىسملار ئاز ئىدى.

فۇۋ. زېھنىي ئۆتكۈر، ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرىدىغان پېترومېلىچوو كازاكلار بىلەن تاكاللىشىش ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇندىنلا چۈشەنگەچكە، ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردىن تارتىپلا ئوفىتسېر بىلەن قاتاردىكى جەڭچىنى ئايرىپ تۇرغان چەك - چېگرىنى يوقىتىشقا جان كۆيەرلىك بىلەن تىرىشىپ كەلدى ئۇمۇ باشقا كازاكلارغا ئوخشاش ئەپلىك پۇرسەتتە ئۇرۇشنىڭ ھېچقانداق لازىمى يوقلۇغىنى سۆزلەيتتى: يەنە كېلىپ بۇ سۆزنى رىياكارلىق بىلەن قاتتىق قىينىلىپ ئېيتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ رىياكارلىقىنى ھېچكىم بايقىمايتتى؛ ئۆزىگە بولشېۋىكلەر ھېسداشلىق قىلغۇچى تونىنى بېرىپ يۈردى ۋە پولك ۋومىنىڭ ئورنىنى كۆتىرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەندىن تارتىپ، بۇنىڭ ئالدىدا ھەددىدىن تاشقىرى خوشامەتكۆيلۈق قىلىشقا باشلىدى. پېترو باشقىلارغا ئوخشاش، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا، باشقىلارنى تاللاشقا، ئەسىرلەرنى ئاياشقا قارشى تۇرمايتتى. ئەمما ئەيىمى زاماندا ئۇنىڭ يۈرىگىدىكى ئۆچمەنلىك خۇددى تۇتقاقلىق كېسەلدەك ئەزايىنى تىترىتەتتى، ئۇنىڭ ئادەمنى كالتەكلەشكە، ئۆلتۈرۈشكە خۇمارلىنىپ تۇرغان قولىنى قۇترىتىپ تۇراتتى... خىرمەتتە ئۇ كۆكۈلچەك، ئاددى ئىدى، جورۇنجى دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئەمەس. بەلكى موم ئىدى! شۇڭلاشقا پېترو ھارامزەدىلىك بىلەن كازاكلارنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى بىلەتتى.

سولونكا يېزىسىنىڭ قېشىدا نائۇموف ئوفىتسېرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتكەندە، پېترو قېپقالدى. ئۇ يۇۋاش،

مۇلايىم، ھەممىشەم سايىغا كىرىۋېلىپ پانالىنىدىغان. ھەممە ئىشتا مۆتىدىل كىشى بولۇۋېلىپ، پولك بىلەن بىللە ۋېشىنىس‍كاياغا كەلدى. ئەمما ۋېشىنىسكايادا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، شىتاپقىمۇ بارماي، فومىنغىمۇ يولۇقماي، ئۆيىگە قېچىپ كەلدى.

شۇكۈنى ۋېشىنىسكايادا، كونا چېركاۋنىڭ قېشىدىكى ھەربى مەشق مەيدانىدا ئەتىگەندىن باشلاپ ئاممىۋى يىغىن بولدى. پولك ئىسزا دىۋىزىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. مەيدانىدا شىنېل، كالتە جۇۋا، شىنېلدىن تىكىلگەن كەمزۇل ۋە پاختىلىق چەكمەن كىيگەن كازاكلار توپ ـ توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. بۇ ئالا ـ چىپار كىيىنگەن زور توپنىڭ قاتارىدىكى ھەربى قىسىم ئىكەنلىكىگە، 28 ـ كازاك پولكى ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. پېترو مەيۈس ھالدا بىر توپتىن، ئىككىنچى بىر توپقا ئۆتۈپ كازاكلارنى باشتىن ـ ئاياق باشقا بىر كۆز بىلەن قاراپ چىقتى. بۇرۇن، فورونتتا ئۇلارنىڭ كىيىمگە ئانچىلىك سەپسېلىپ قارىمايتتى ھەممە پولكنى مۇنداق بىر پۈتۈن زىچ ھالەتتە كۆرمىگەن ئىدى. ھازىر پېترو ئۆسۈپ كەتكەن ئاق سېرىق بۇرۇتىنى ئۆچمەنلىك بىلەن چىشلەپ، قىزىل باسقان يۈزلەرگە، خىلمۇ خىل پاپاخ، قۇلاقچا، كۈبانكا، فوراژكا كىيگەن باشلارغا كۆز تىكىپ قارىدى. كۆزىنى پەسكە چۈشۈرۈپ، يەنە شۇنداقلا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاياق كىيىملىرىنى: يەنچىلگەن پىيمىلارنى، ئۆتۈكلەرنى، قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىدىن سالدۇرۇۋالغان بەتىنكىلەرنىڭ ئۈستىگە ئورالغان لاتىلارنى كۆردى.

— قەلەندەر دىۋانىلەر! لەنىتى مۆزىكلەر! سۈپىتى ئاينى

غان رەزىللەر! — دىدى پېترو ئىچىدە، دەرمانسىز غەزەپ بىلەن پىچىرلاپ.

تاختاي تاملارغا چاپلانغان فومىن بۇيرۇقلىرى ئاقىرىپ تۇراتتى، كوچىلاردا ئاھالە كۆرۈنمەيتتى. كەنت پۈرسەت كۈتۈپ تۇرغاندەك يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. تار كوچىلارنىڭ ئوچۇقچىلىق تەرىپىدىن دون دەرياسىنىڭ قارقاپلىغان ئاپپاق تىنۆشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دوننىڭ نېرىقى يېقىدىكى ئورمان سىيا بىلەن سىزىلغان رەسىمدەك قارىيىپ تۇراتتى. تاشتىن قوپۇزۇلغان كونا چېركاۋنىڭ سۇر ئىگىز تاملىرى يېنىدا يېزىدىن ئەرلىرىنى ئىزلەپ كەلگەن خوتۇنلار ھوي پادىسىدەك توپلىشىۋالغان ئىدى.

مەيدىسىدە چوڭ بىر يانچۇغى بار قۇندۇز ياقىلىق كالتا جۇۋا كىيگەن پېترو، بېشىدىكى ئۇفتىسېرلىك لەنتى كاراكول پاپاخ بىلەن يىپقىندىلا گىدىيىپ يۈرەتتى.ھازىر ئۇ ئۆزىگە ئادەملەرنىڭ كۆز قىرىدا سوغاق نەزەر بىلەن قارىشىۋاتقانلىقىنى مىنۇتسېرى ھېس قىلاتتى. بۇ يامان كۆزلەر جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭسىزمۇ ئۇ تەشۋىش - ساراسىمىلىك ھالەتتە ئىدى. مۇنۇ ئىش پېترونىڭ غۇۋا ئېسىدە قالدى: مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈم كۆمتۈرۈلگەن بوچكىنىڭ ئۈستىگە پاكىنەك بىر قىزىل ئەسكەر چىقتى — ئۈستىگە ئېسىل مووۋت شىنېل، بېشىغا بۇغۇنچى يېشىۋېتىلگەن يېكى ئەلتېرە قۇلاقچا كىيگەن ئىدى. تىۋىت پەلەي كىيگەن قولى بىلەن ئۇ بويىنىدىكى ئۆي توشقىنى يۈگىدىن توقۇلغان، كۆلرەڭ چۇچىلىق كازاكچە شارپىنى تۈزەپ قويۇپ، ئەتراپىغا بىر قاراپ چىقتى.

— كازاك يولداشلار! — دىگەن سىبوغاق تەككەن پەس

www.uyghurkitap.com

ئاۋاز پېتروننىڭ قۇلىغىنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتتى.

پېترو ئەتراپىغا كۆز سېلىپ، كازاكلارنىڭ ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەردىن ھەيران بولۇشۇۋاتقانلىقىنى، بىر-بىرىگە قارىشىۋاتقانلىقىنى. ھاياجان بىلەن بىر-بىرىگە كۆز قىسىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىزىل ئەسكەر سوۋېت ھاكىمىيىتى توغرىلىق، قىزىل ئارمىيە توغرىلىق ۋە كازاكلار بىلەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەت توغرىلىق ئۇزاق سۆزلىدى. پېتروننىڭ بولۇپمۇ ئېسىدە قالغىنى شۇ بولدىكى، ناتىقنىڭ سۆزىنى كىشىلەر ھەممە ۋاقىت ۋاقىراپ بۆلۈپ تۇردى:

— يولداش، كوممۇنىزم دېگەن نېمە؟

— بىزنى ئۇنىڭغا مەجبۇرى قاتناشتۇرامدۇ؟

— كوممۇنىست پارتىيىسى دېگەن نېمە قىلىدۇ؟

ناتىق قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، تۆت ئەتراپىغا بۇرۇلۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى:

— يولداش! كوممۇنىست پارتىيىسى دېگەن — بۇ ئىختىيارىي بىر ئىش. ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنى. كاپىتالىستلار بىلەن پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىش بولىدىكى ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن پارتىيىگە كىرىدۇ.

بىر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى بىر بۇلۇڭدىن ۋاقىراش ئاڭلاندى:

— كوممۇنىستلار بىلەن كومىسسارلار توغرىلىق چۈشەنچە بېرىشىڭىزنى سورايمىز!

بۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋاپتىن كېيىن، بىر نەچچە مىنۇت

ئۆتە - ئۆتمەستىن، يەنە بىرسى قەھرىلىك يوغان ئاۋاز بىلەن گۈكىرىدى:

— كوممۇنىيە توغرىلىق سۆزلىگەن سۆزۈڭ چۈشىنىكسىز. نوبدانىراق چۈشەندۈرۈشۈڭنى نۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنۈپ سورايمىز. بىز — ساۋاتسىز فارا ئادەملەرمىز. سەن بىزگە ئاددى سۆزلەر بىلەن ئېيتىپ بەر.

ئۇنىڭدىن كېيىن فومىن كىشىنى زېرىكتۈرۈپ ئۇزاق سۆزلەپ، ھە دىسە «ئېۋاكۇئىروۋاتسە»* سۆزىنى «ئېكسۇئىرووۋاتسىيە» دەپ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ. بۇ بىر سۆزنى كەلسە - كەلمەس كۆز - كۆز قىلىۋەردى. فومىننىڭ قېشىدا ئىستودېنتفۇراژكىسىنى كىيگەن، ئۈستىدە ئالىپتە پەلتۇسى بار بىر ياش يىگىت پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا پېترو فومىننىڭ ساعلاشمايدىغان سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، 1917 - يىل فېۋرال ئېيىدا، قېشىغا دارىيە كەلگەن كۈنى، پېتروگرادقا بارىدىغان تۆمۈريولنىڭ بىر ئىستانسىسىدا ئاشۇ فومىننى 1 - قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە چۈشۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈستىدىكى شىنىلىنىڭ مەيدىسىگە رەڭگى ئۆڭگەن «52» نومۇرلۇق ئورەدىنىكلىك پاگونى تاقىغان بۇ ئاتامانچى قاچقۇننىڭ كەڭ ئورىچەك كۆزلىرى جىددى، ھۆل پىلىلداپ تۇرغانلىغى ۋە ئېنىقتەك قەدەم تاشلاپ ماڭغانلىغى گەۋدىلەندى. پېترونىڭ قۇلىغىغا: «تاقىتىم يوق، قېرىنداشىم!» — دىگەن چۈشىنىكسىز سۆز ئاڭلاندى. «قاچقۇن، خىزمىتىڭىزگە ئوخشاش بىر ئەخمەق، مانا ئەمدى پولكنىڭ كوماندىرى. مەن بولسام تىترەپ تۇرىمەن»، دەپ ئويلىدى پېترو، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ.

---

* «ئېۋاكۇئىرووۋاتسە» — مەملىكەت ئىچىگە كۆچۈش دىگەن مەنىدە —ت.

فومىندىن كېيىن ئىككى مۈرىسىدىن كىرىپىست شەكلىدە پىلىموت لېنتىسى باغلىۋالغان بىر كازاك سۆزگە چىقتى.

— بۇرادەرلەر! مەن ئۆزەم پودتېلكوفنىڭ ئەتىرىتىدە بولغانمەن، ئەمدى يەنە، بەلكىم خۇدا نېسىپ قىلسا، ئۆز ئادەملىرىمىز بىلەن بىللە كادېتلارغا قارشى بېرىشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى ئۇ ھىرىلداپ سۆزلەپ.

پېترو ئۆزى چۈشكەن ئۆيگە تېز يۈرۈپ كەتتى. ئېتىنى ئىگەرلەۋېتىپ، كازاكلارنىڭ كەنتتىن يولغا چىقىش ۋاقتىدا، كونا ئادەت بويىچە، ھەربىي سەپتىكىلەرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى يېزىدىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاتقان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

# 13

تىمتاسىجىلىق بىلەن كىشىنى قورقۇتىدىغان قىسقا كۈنلەر، كەچ كۈزنىڭ ماتالاڭچىلىق كۈنلىرىدەك ئۇزۇن بولۇپ كۆرۈنەتتى. يېزىلار ئېچىلمىغان بور دالىدەك ئۈگدەپ ياتاتتى. پۈتۈن دون بويلىرى گويا پىرىقىغا ئۇچراپ، دەشت - ساياۋانغا ئايلىنىپ كەتكەندەك. كەنتنىڭ پۈتۈن ئايماقلىرىغا ۋابا تەككەندەك ئىدى. يەنە شۇنداق تۇيۇلاتتىكى، دون بويلىرىنى گويا قويۇق بۇلۇت ئۆزىنىڭ قارا قانىتى بىلەن قاپلاپ، تىنىز ھالدا دەھشەت بىلەن ئالەمگە يېيىلىۋاتقاندەك ۋە مانا ھازىرلا كۆپ ئۆتمەي تېرەكلەرنى قۇيۇن بىلەن يەرگە يىقىتىدىغاندەك. گۈلدۈرمامىنىڭ قۇرۇق، قارا سىيلىنغان گۈلدۈرلىشى بىلەن چاقماق چېقىلدۇرۇپ، دوننىڭ

تېرىقى قېتىدىكى ئاق ئورماننى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغاندەك، گەج تاغ تىزمىلىرىدىن قورام تاشلارنى ياغدۇرىدىغاندەك، گۈلدۈرماممىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى بىلەن گۈكىرەيدىغاندەك ئىدى...

ئەتىگەندىن باشلاپ تاتارىسكى يېزىسىدا يەر يۈزىنى تۇمان پۈركىدى. تاغ سوغاقنى چىللاپ گۈكىرەپ تۇراتتى. چۈشكە يېقىن كۈن يۇقىقا تۇماندىن قۇتۇلۇپ، يالتىرىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەن تازا يورۇپ كېتەلمىدى. تۇمان دون ئەتراپى تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىدا توزغۇپ يۈرۈپ، يارلىقنىڭ ئىچىگە تاغ تىزمىلىرىغا ئۇلاپ چۈشۈپ، بۇ يەردە موج ئۆسكەن گەج تاختىلار ئۈستىگە، قارا باسقان تاغ ئۆركەشلىرىنىڭ يالىڭاچ يەرلىرىگە نەم توزاڭدەك قونۇپ يوقاپ كېتەتتى.

كەچقۇرۇنلىرى تۈن يالىڭاچ ئورماننىڭ نەيزىلىرى ئارقىسىدىن ئاينىڭ قىپ - قىزىل تاۋلانغان يوغان قالقىنىنى كۆتىرىپ چىقاتتى. ئاي تېنچ ياتقان يېزىلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈش ۋە يانغىننىڭ قىپ - قىزىل شولىسىنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ رەھىمسىز ئۈچمەس يورۇغىدىن كىشىلەردە چۈشىنىپ بولمايدىغان ۋەھىمە پەيدا بولاتتى، چارۋىلار بىئارام بولاتتى. ئات ۋە ئۆكۈزلەر ئۇيقۇدىن مەھرۇم بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە قوراللاردا كېزىپ يۈرەتتى. ئىتلار ھۇۋلايتتى ۋە خورازلار يېرىم كېچە بولماي تۇرۇپلا ھەر خىل ئاۋاز بىلەن قىچقىرىشقا باشلايتتى. سەھەرگە يېقىن تاڭ سوغىقى بىلەن دەرەخنىڭ ھۆل شاخلىرىنى بىپىر مۇز قاپلايتتى. شامال سوقۇش بىلەنلا شاختىكى مۇزلار پولات ئۈزەڭگىدەك جىرىڭلايتتى. مەلۇم بىر ئۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر دوننىڭ سول قىرغىقى بىلەن، قاراڭغۇ ئورماننىڭ ئىچى بىلەن، كۆكۈش قاراڭغۇچىلىقتا قورال - ياراقلىرىنى ۋە

ئۆزەڭگىلىرىنى شالدىرلىتىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

شىمالىي فرونتتا بولغان تاتارىسكى يېزىسىنىڭ كازاكلىرى ھەممىسى دىگۇدەك دونغا ئاستا - ئاستا سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان قىسىملارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تاشلاپ، يېزىغا قايتىپ كەلدى. ھەر كۈنى كېچىكىپ قالغانلاردىن بىرەرسى پەيدا بولاتتى. بەزىبىرلىرى سەپتىكى ئاتلارنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرىنى ئۆزئاققىچە قايتا توقۇماسلىق نىيىتى بىلەن سىر يولى ئېلىپ تاشلاش. ھەربىي جابدۇقلارنى پاخال دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە ياكى ئامبارنىڭ ئۈستىدىكى شاخ - شۇمبىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، قىزىللارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، بەزىبىرلىرى بولسا قار كۆمۈپ تاشلىغان يان ئىشىگىنى ئېچىپ، ئېتىنى قوراغا ئېلىپ كىرەتتى - دە، قۇرۇتۇلغان نان زاپاسلىرىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئائىلى بىلەن بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەردىلا چوڭ يولغا چۈشەتتى، دۆڭنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، ئاخىرقى قېتىم دون دەرياسىنىڭ ئاپپاق، جىمجىت كەڭ بوشلۇغىغا، ئېھتىمال، ئەمدى قايتا كۆرەلمەيدىغان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە كۆز تىكەتتى.

كىم ئەجەلنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالىدۇ؟ ئىنسانىيەت مىڭدىۋاتقان يولنىڭ ئاخىرىنى كىم بىلەلەيدۇ؟... ئاتلار يېزىدىن تەسلىكتە چىقاتتى. كازاكلارغىمۇ يۈرەكنىڭ قېتىدىن ئورۇن ئالغان ئۆز يېقىنلىرىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئۈزۈش قىيىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ بوران ئۇچۇپ تۇرغان يولدا كېلىۋېتىپ، خىيالىدا ئۆزىنى ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بۇ يولدا تۇرلۇك - تۈمەن ئېغىر ئوي - پىكىرلەر باشنى گىچىرلەتتى... ئېھ-

تمال، قانغا ئوخشاش شورتاڭ كۆز يېشىمۇئىگەرنىڭ قانتىدىن
دومىلاپ مۇزدەك توڭلىغان ئۇزەڭگىگە. ئۇزەڭگىدىن ئاتتاقلىر-
نىڭ چىشلىرى ئىز قالدۇرغان يولغا چۈشكەنىدۇ، ئەمما بۇ جايدا
ۋىدالىشىشنىڭ سېرىق زەڭگەر گۈلى ئۆسمەيدىغۇ؟

× ×

پېتروۋېشېنسكايادىن كەلگەن كېچىسى مېلېخوفنىڭ ئۆيى-
دە ئائىلە كېڭىشى باشلاندى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى پانتېلېي پروكو-
فېيېۋىچ، پېترو بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىش بىلەنلا. — ئۇرۇش
قىلىپ بولدۇڭمۇ؟ پاگونسىز كېلىپسەنغۇ؟خوپ،كەل - كەل، ئىنىڭ
بىلەن كۆرۈش، ئاناڭنى خوشال قىل، ئەنە ئايالىڭمۇ سېغىنىپ
تۇرۇپتۇ... هارمىغايسەن، تېچ كەلدىڭمۇ، پېتەشا... گىرىگورىي!
گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ سۇغۇرغا ئوخشاش ياتامسەن مەشنىڭ
ئۈستىدە؟ چۈش پەسكە!

گىرىگورىي ماش رەڭ شالۋۇرىنىڭ جىيەكلىرى ئۇششۇغىدىن
مەهكەم تارتىپ تۇرغان يالىڭاياق پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، مەي-
دىسىدىكى قاپ - قارا، ئۆگدەك يۇڭلارنى كولۇمسىرەپ قاشلاپ
تۇرۇپ، پېترونىڭ ئېگىلىپ قىلىچ تاسمىلىرىنى بويىنىدىن ئالغان-
لىقىغا، سوغاقتا ياغاچتەك قېتىپ قالغان بارماقلىرى بىلەن قۇ-
لاقچىسىنىڭ چىگىكىنى سېيلاپ يەشكەنلىكىگە قاراپ تۇردى. دا-
رىيە ئۈنىنى چىقارماستىن، كولۇمسىرىگەن پېتى ئېرىنىڭ كۆزىگە
تىكىلىپ قاراپ، كالتە جۇۋىسىنىڭ ئىزمىلىرىنى يەشتى - دە،
ئۇنىڭ كەمىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ناگان قېپى يېنىغا ئېسىلغان
كۆكۈش يالتىراپ تۇرغان قول گىراناتىنى كۆرۈپ، ئېهتىيات بى-

www.uyghurkitap.com

لەن ئايلىنىپ ئۆتتى.

دۇناشكا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئاكىسىنىڭ قىرو باسقان بۇرۇتىغا مەڭزىنى سۈۋاشتۇرۇپ، ئاتنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئىلئىنىشنا پەشتامىسى بىلەن لەۋلىرىنى سۈرتۈپ، «چوڭ ئوغلى»نى سۆيۈشكە تەييارلاندى. ناتالىيە مەشىنىڭ يېنىدا پايپاسلاپ يۈرەتتى. بالىلىرى يوپكىسىنىڭ ئىتىكىگە يېپېشىپ قىستىلىپ يۈرەتتى. ھەممەيلەن پېترودىن گەپ كۈتەتتى، ئەمما پېترو بوسۇغىدىن كىرىپلا خىرىلداپ: «سالامەت تۇردۇڭلىمۇ!» — دىدى ـ دە، ئۈنچىقماستىن يېشىنىشكە باشلىدى. ئۆتۈگىنى تېرىق پاخىلىدىن قىلىنغان سۈپۈرگە بىلەن ئۇزاققىچە تازىلىدى، ئۇندىن كېيىن پۈكۈلگەن دۈمبىسىنى رۇسلاپ، توساتتىن لەۋلىرىنى ئېچېنىشلىق دىرىلدىتىپ، نىمىشقىدۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، كارۋاتقا ئارقىسىچە يۆلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن كۈتۈلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ سوغاقتا توڭلاپ قارىيىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىدىكى ياشنى كۆردى.

— ھوي، ئەسكەر! بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سورىدى چال، كۆڭلىدىكى ئەنسىرەشنى ۋە گېلىدىكى تىترەكنى چاخچاق بىلەن يوشۇرۇپ.

— بىز تۈگەشتۇق، دادا!

پېترو ئاغزىنى كالچايتىپ، ئاق سېرىق قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى ـ دە، كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، تاماكا ئىسسى پۇراپ تۇرغان كىر ياغلىقىغا بۇرنىنى قاقتى.

گىرىگورىي ئالدىدىكى ئەركىلەپ تۇرغان مۈشۈكنى ئىتتىرىۋېتىپ، تامىقىنى قىرىپ، مەشتىن سەكرەپ چۈشتى. ئانىسى پېترونىڭ پىتلاپ كەتكەن بېشىنى سۆيۈپ، يىغلاشقا باشلىدى، ئەمما دەرھاللا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى.

— جېنىم بالام! بىچارە ئوغلۇم، قېنىق قۇيۇلۇپ بىرەيمۇ؟ مەيەرگە كەل. ئولتۇرغىنا، شورپا سوۋۇپ قالدىغۇ، ھوسنىڭ ئاچتۇ؟

پېترو شىرەنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ، ئىنىسىنىڭ بالىلىرىنى تىزىدا ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ جانلىنىپ قالدى: ھايا جانلانغان كۆڭلىنى بېسىپ، 28 - پولكنىڭ فرونتىدىن كېتىپ قالغانلىقى توغرىلىق، كوماندىرلارنىڭ قاچقانلىقى توغرىلىق، فرومىن ۋە ۋېشېنسكا يادا بولغان ئاخىرقى چوڭ يىغىن توغرىلىق سۆزلەپ بەردى.

— سەن قانداق ئويلايسەن؟ — دەپ سوردى گىرى- گورىي، قىزىنىڭ بېشىدىن تومۇرلىرى قارىيىپ تۇرغان قولىنى ئالماستىن.

— مەن نىمىنىمۇ ئويلارمەن. ئەتە بىر كۈننى مۇنىۋ دالان ئۆيدە ئۆتكۈزىمەن، كەچ كىرىش بىلەنلا كېتىمەن. ئانا، سىز ماڭا ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ قويۇڭ، — دەپ ئانىسىغا قايرىلدى.

— دىمەك، چېكىنىش ئىكەن - دە؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تاماكا خالتىسىغا بارماقلىرىنى پاتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر چىمدىم تاماكىسى تۆكۈلگەن پېتى جاۋاپ كۈتۈپ قالدى.

پېترو ئورنىدىن تۇرۇپ، قارا سىيا بىلەن سىزىلغان، تۇتۇق بۇتنىڭ رەسمىگە چوقۇنغاندىن كېيىن، جىددى ۋە غەمكىن قاراپ:

— خۇدا ساقلىسۇن، تويدۇم! چېكىنىش دىدىڭمۇ؟ ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ بۇ يەردە قېلىپ نىمە قىلىمەن؟ قىزىل قوساقلار كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلسۇنمۇ؟ بەلكىم سىزلەر قېپقېلىشنى ئويلايدىغانسىزلەر، ئەمما مەن... ياق، كېتىمەن! ئۇلار ئوفىتسېر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرنى ئاياپ قويمايدۇ.

— خوش، ئۆينى قانداق قىلىمىز؟ تاشلاپ كېتەمدۇق؟

پېترو چالنىڭ سوئالىغا يەلكىسىنى قىسىپلا قويدى. ئەمما دارىيە شۇئانلا ۋاقىراشقا باشلىدى:

— سەنلەر كەتسەڭلار، بىز قېلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ياخشى ئىكەنسىلەر، نىمىسىنى ئېيتاي! سىزلەرنىڭ مال - دۇنيارىڭلارنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ؟... سۈنىڭ سەۋەبىدىن. بەلكىم جېنىمىزدىن ئايرىلارمىز! مال - دۇنيارىڭلار كۆيۈپ كۈل بولسۇن! مەن قالمايمەن!

ھەتتا ناتالىيەمۇ سۆزگە ئارىلاشتى. ئۇ تېخىمۇ ۋاقىراپ سۆزلەپ، دارىيەنىڭ چاڭدىلىغان مۇقاملىرىنى بېسىپ چۈشتى!

— پۈتۈن يېزىدىكىلەر بىرلىك بىلەن قوزغىلىپ ماڭسا، بىزمۇ بۇ يەردە قالمايمىز! پىيادە كېتىمىز!

— ۋاي ئەخمەقلەر! ۋاي قاچقۇنلار! — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئەسەبىلىك بىلەن توۋلاپ، كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرتۈپ، ئىختىيارسىز قولتۇق تايىقىنى ئىزلەپ. — رەزىللەر، جىم ئولتۇرۇڭلار، بەتبەخ مەلئۇنلار! بۇ ئەركىشىنىڭ ئىشىمۇ، بۇلارمۇ تەڭلا ئارىلىشىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان... خوپ، ھەممىنى تاشلايلى، بېشىمىز قايغان يەرگە كېتەيلى! خوش، چارۋىلارنى نەگە قويىمىز؟ قوينىمىزغا سېلىۋالامدۇق؟ ئۆينىچۇ؟...

— ئايىمچاقلار، سىلەر راستىنلا ئەقىلدىن ئادىشىپسىلەر! — دېدى ئىلئىنىشنا زەردە بىلەن چالنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — مال - دۇنيانى سىلەر تاپقان ئەمەسقۇ، شۇڭا ئۇنى تاشلاپ كېتىش سىلەرگە ئاسان، بىز چال بىلەن ئىككىيلەن ئۇنى تاپىمىز دەپ، كېچە - كۈندۈز جاپا چەككەن، ئەمدىلىكتە ئۇ-

پۆل - توپۇل ئۇنى تاشلاپ كېتەمدۇق؟ ياق، ھەرگىز! — موماي
لېۋىنى قىسىپ، خۇرسىندى، — سىلەر كېتىۋېرىڭلار، مەن جايىم-
دىن قوزغالمايمەن، مەيلى سوسۇغامنىڭ ئالدىدىلا ئۆلتۈرۈش-
سۇن — يات يەردە كىشىنىڭ قاشا تېمىنىڭ تۈۋىدە ھارام ئۆل-
گۈچە، ئاشۇ ئاسانراق چۈشىدۇ!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پىشىلداپ، ھاسىراپ، چىراقنىڭ
پىلىگىنى ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھەممەيلەن بىر مىنۇت جىم بو-
لۇشۇپ قالدى. پايپاقنىڭ ئۇستى تەرىپىنى نوقۇپ ئولتۇرغان
دۇناشكا پىلتىكەشنىڭ ئۇچىنى كۆتىرىپ تۇرۇپ، پىچىرلاپ
دېدى:

— چارۋىلارنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ھەيدەپ كەتسەكمۇ بولى-
دۇ ... چارۋىلارنى دەپ قېپقالساقمۇ بولماس.

چالنىڭ بەنە غۇژۇدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ، باغلاقتىكى
ئايغىردەك پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ، مەشنىڭ يېنىدا ياتقان
ئوغلاقىقا پۇتلىشىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى، دۇ-
ناشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، شاۋقۇن كۆتەردى:

— ھە، ھەيدەپ كېتەرمىز! قېرى ئىنەك يۇڭ تاشلاپ
موزايلاي دەپ قالدى، ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنى قانچىلىك
يەرگىچە ھەيدەپ بارالايسەن؟ ماكانىسىز دىۋانە! نىجىس! مەن
سىلەرنى دەپ مال - دۇنيا توپلاپتىمەنۇ، ئەمدى بۇنداق سۆز-
لەرنى ئاڭلاۋاتىمەن! ... قويلارنى قانداق قىلىسەن؟ قوزىلارنى
نەگە قويىسەن؟... ۋاي، ئىتنىڭ كۈچۈكى! سەن ئاغزىڭنى ئاچ-
ماي، جىم ئولتۇرساڭ بولۇرمىكىن!

گىرىگورىي كۆز قىرى بىلەن پېتروغا لىپپىدە قاراپ،
ئۇنىڭ ئاللىقاچانلاردىن بۇيان ئۆزىگە تونۇش قوي كۆزلىرىدە

بىر زامانلاردىكىدەك تەنتەكلىك، مەسخىرىلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇۋاش، ئىززەت - ئېھتىراملىق تەبەسسۇمنى، يەنىلا شۇ ئۆزىگە تونۇش بۇغداي رەڭ بۇرۇتىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى. پېترو چاقماق تېزلىكىدە كۆزىنى قىسىپ، كۈلكىسىنى باسالماي قاقاقلاپ تاشلىدى، گىرىگورىيمۇ كېيىنكى يىللاردا ئۆزىگە خاس بولمىغان بىر كۈلگۈنچەكلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا خوشال بولغاندەك، كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ تۇرماستىنلا، پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— خوش، مانا!... خۇداغا شۈكۈر...بىر قۇر سۆزلىشىۋالدۇق! — چال غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى - دە، دەرىزە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، قىرودىن ئاق چېچەكتەك نەقىشلەنگەن ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

يېرىم كېچە بولغاندىلا ئومۇمى بىر قارارغا كېلىشتى: كازاكلار چېكىنگۈچىلەر بىلەن بىللە كېتىدىغان، ئاياللار ئۆيدە قېلىپ، ئىگىلىككە قارايدىغان بولۇشتى.

ئىلئىنىشنا تاڭ ئېتىشتىن خېلى بۇرۇنلا مەشكە ئوت يېقىپ يورۇق چۈشكىچە ناننى پىشۇرۇپ بولدى، يەنە ئىككى سومكا سۇخارى تەييارلىدى. چال چىراقنىڭ يورۇقىدا ئەتىگەنلىك تاماقنى يەۋالغاندىن كېيىن، تاڭ يورۇش بىلەنلا چارۋىلارنى جايلاشتۇرۇشقا ۋە سەپەر چانىلىرىنى تەييارلاشقا چىقتى. ئۇ بۇغداي تولدۇرۇلغان خامپىغا قولىنى تىقىپ، ئوخشىغان بۇغداي دانلىرىنى بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئامبارنىڭ ئىچىدە ئۇزاق تۇردى. ئۇ ئامباردىن، خۇددى مەرھۇم بولغان كىشىنىڭ قېشىدىن چىققاندەك، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، سىرىق سىرلانغان ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، قايتىپ چىقتى...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئامبارنىڭ باستۇرمىسى ئاستىدا يەنە بەزى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بولۇپ، ئاندىن چاننىڭ ئۈستىدىكى سىۋەت كۇرسىنى يەڭگۈشلەپ تۇراتتى، بۇ چاعدا تار كوچىدا ئانىكۇشكا كۆرۈندى، ئۇ كالىسىنى سىۇغارغىلى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. تېچلىق سوراشتى.

— چېكىنىشكە تەييارلانىدىڭمۇ، ئانىكەي؟

— مېنىڭ تەييارلىنىشىم يالىڭاچنىڭ بېلىگە كەمەر باغلىغىنىغا ئوخشاشلا بىر گەپ. مېنىڭ نەرسەم — ئۇچامدىلا، خالاس. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنىمۇ ئۇچامغا ئارتىۋېلىشقا بولىدۇ!

— نىمە يېڭىلىق بار، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— يېڭىلىق كۆپ، پروكوفېچ!

— خوش، قېنى قانداق؟ — دەپ تەشۋىشلىنىپ سورىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، پالتىسىنى چاننىڭ قىسىنچىغىغا قىستۇرۇۋېتىپ.

— قىزىللار مانا ھازىرلا يېتىپ كېلىدىكەن. ۋېشكىغا يېقىنلا كېلىپ قاپتۇ.بولشوي گىروموكتىن بىر ئادەم كەلگەن ئىكەن، شۇ ئادەم سۆزلەپ بەردى. پەيلىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان ئىمىش، ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن...ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جوھۇتلار بىلەن خەنزۇلارمۇ بار ئىكەن، كۆلى كۆككە سورۇلسۇن! بىز ئالغاي شەيتانلارنى ئاز قىرغان ئىكەنمىز!

— ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن، دىدىڭمۇ؟

— سەن تېخى ئۆلتۈرمەي، پۇراپلا قويىدۇ دىگەنمىدىڭ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ لەنىتى يۇقۇرى دونلۇقلارنى دىمەمسەن؟ — ئانىسكۇشكا ھۇ، ئاناڭنى دەپ تىللاپ قويۇپ، قاشىنىڭ يېنىنى بىلەن كەتتى، مېڭىپ كېتىۋېتىپ سۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاخىرىنى تۈگەتتى، — دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى خوتۇنلار تۆلارنى ياۋۇزلۇق قىلمىسۇن دەپ، كۈچلۈك هاراق قايىنىتىپ قويىدىكەن. ئۇلار راسا ئىچىپ، باشقا يېزىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن-دە، قىلغۇلۇقنى قىلىدىكەن.

چال سۇۋەت كۇرسىنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن سارايىنىڭ تاملىرىنى ئايلىنىپ، ئۆز قولى بىلەن ئورناتقان هەر بىر تىۋۇرۇكنى ۋە قاشانى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئاندىن قولىغا تور قاپنى ئېلىپ، يولغا ئاتاپ ئوت-خەشەك ئېلىش ئۈچۈن خامان تەرەپكە ئاقساقلاپ مېڭىپ كەتتى. ئوت-خەشەك دۆۋىسىنىڭ كاۋىكىدىن ئىككى تال ئاسمەك تۆمۈرنى سۇغۇرۇۋالدى-دە، ئۆزىنىڭ زادىلا كېتىدىغانلىقىنى هېس قىلمىغان ئادەمدەك، ئەمەن ئارىلاش يامان چۆپلەرنى تىتكىلەشكە باشلىدى (ئۇ ياخشىلىرىنى هەمىشەم ئېھتىيازلىق بىر هەيدەشكە ساقلاپ قوياتتى). ئەمما ئويلىنىپ قالدى-دە، ئۆزىگە-ئۆزى خاپا بولۇپ، باشقا بىر دۆۋىگە يۆتكەلدى. نىمىشقىدۇ ئۆزىنىڭ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن قورانى، يېزىنى تاشلاپ، جەنۇپقا كېتىدىغانلىقى، ئېھتىمال، ئۇ يەردىن هەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى ئېسىگە كىرمەيتتى. ئۇ چۆپنى سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىن يىغىشتۇرۇشتىن، بۇرۇنقىدەكلا چېچىلغان چۆپنى يىغىش ئۈچۈن تۆمۈر ئارىغا قولىنى سوزدى، ئەمما قولىنى قىزىق نەرسىدىن قاچۇرغاندەك شۇ زامان تارتىۋالدى-دە، قولاقچىسىنىڭ ئاستىدىن پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ، ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتى:

— نېمىشقا مەن ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى شۇنچىلىك ئاسراپ كېتىمەن؟ بەرىبىر ئۇلار ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدا پېتىقلاتقۇزىدۇ ياكى ئوت قويۇۋېتىدىغۇ.

ئۇ ئارىنىڭ سېپىنى تىزىدا قويۇپ، سۇندۇرۇۋەتتى-دە،

چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قىرىلارغا خاس شىپىرلاپ مىڭىپ، مۈك-
چەيگەن پىتى، تور قاپتا ئوت - خەشەك ئىلىپ ماڭدى.

ئۆيگە ئۇ كىرمىدى، ئەمما ئىشىكنى ئىچىپ تۇرۇپ:

— تەييارلىنىڭلار! ئاتنى هازىر قوشمەن، كىچىكمەي قال-
مايلى يەنە، — دىدى.

ئاتلارغا تاسما جابدۇقلارنىمۇ سىلىپ قويىدى. چانىنىڭ
ئارقا تەرىپىگە بىر قاراپ سۇلۇنى باستى، شۇنىڭ بىلەن ئۇغۇل-
لىرىنىڭ مۇشۇ ۋاققىچە ئاتلىرىنى ئىگەرلەشكە نىمىشقا چىق-
مايدىغانلىقىغا هەيران بولۇپ، يەنە ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

ئۆيدە ئاجايىپ بىر ئىش بولىۋاتقان ئىكەن: پىترو ئى-
لىپ كىتىشكە تەييارلاپ قويغان تۈگۈنلەرنى جان - جەهلى بى-
لەن يىشىپ، ئۇنىڭدىكى شالۋۇرلارنى، مۇندىرلارنى، ئايال-
لارنىڭ بايراملىق كىيىم - كىچەكلىرىنى توپ - توغرا يەرگە
تاشلاۋاتاتتى.

— خوش، بۇ نىمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئىنتايىن هاڭ-
تاڭ قالغان پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ، هەتتا قولاقچىسىنى بىشىدىن
ئىلىپ.

— مانا مۇنۇلار! — پىترو مۈرىسىنىڭ ئۈستىدىن باش-
مالتىغى بىلەن ئاياللارنى كۆرسەتتى - دە، سۆزىنى تۈگەت-
تى، — بۇلار هۆكرەپ يىغلىشىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
هىچ يەرگە بارمايمىز! ماڭساق، هەممەيلەن تەڭ ماڭىمىز،
ماڭمىساق، هىچقايسىمىز ماڭمايمىز! ئىهتىمال، بۇ يەردە
قىزىللار ئۇلارغا زورلۇق قىلار، بىز بولساق، مال - دۇنيانى
قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن كىتىمىزمۇ؟ ئۆلتۈرسە مۇشۇلارنىڭ كۆز
ئالدىدا ئۆلەرمىز!

— كىيىمىڭنى يەش، دادا! — دىدي گىرىگورىي كۇلۇمسى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەپ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۇستىدىكى شىنېلى بىلەن قىلىچىنى ئېلىپ قويدى، ئارقىدا يىغلاپ تۇرغان ناتالىيە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆيدى، ئانار گۈلىدەك قىپ ـ قىزىل دۇناشكىمۇ خوشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

چال قۇلاقچىسىنى بېشىغا كىيدىيۇ، ئەمما شۇ زاماتلا يەنە قولىغا ئالدى ـ دە، ئالدىنقى بۇلۇڭغا يېقىنلاپ كېلىپ، قولىنى كېرىپ شەكىلدە كەڭ يېيىپ چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ تىزلىنىپ ئۈچ مەرتىۋە تازىم قىلدى ـ دە، ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى.

— خوش، ئۇنداق بولسا قالايلى! ئەي كۆكنىڭ مەلىكىسى مەريەم، بىزنى ئۆز پانايىڭدا ساقلىغايسەن! مەن بېرىپ ئاتلارنى چانىدىن چىقىراي.

ئانىكۇشكا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ مېلىخوفنىڭ ئۆيىدە ھەممەيلەننىڭ كۈلگەن، ياپىرىغان چىھرىلىرىنى كۆرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

— نىمە بولۇشتۇڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىزنىڭ كازاكلار كەتمەيدىغان بولۇشتى! — دەپ جاۋاپ بەردى دارىيە ھەممەيلەن ئۈچۈن.

— مانا گەپ، يىغلاڭغۇلار! ئايىنىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ئايىندۇق! — گىرىگورىي كۆكۈش چاقماق قەنتتەك چىشلىرىنى خالا ـ خالىماس ھىجايتىپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى، — ئەجەلنى ئىزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ مەشەدىمۇ بىزنى تاپالايدۇ.

— ئوفىتسېرلەر كەتمىگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ بىزگە بۇيرۇغىنى باردۇ! — دىدى ئانىكۇشكا، شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقتەك دەسسەپ، تاراقلاپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، دەرىزىنىڭ قېشى يىلەن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

# 14

ۋىشىنسكايادا تاختاي تاملاردا فومىننىڭ بۇيرۇقلىرى يەل-
پۈلەپ تۇراتتى. قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشى سائەتمۇ سا-
ئەت كۈتۈلۈۋاتاتتى. كارگىنىسكايادا (ۋىشىنسكايادىن 35
چاقىرىم نېرىسىدا) بولسا، شىمالىي فرونتنىڭ ئاق گۋاردىيە
شتابى تۇراتتى. 4 - يانۋارغا ئۆتەر كېچىسى ئۇ يەرگە چېچىنلەر*
ئەترىتى كەلدى ۋە قوشۇن ستارشىناسى رومان لازارېۋنىڭ ھازا
يۈرۈش ئەترىتى ئۇست - بېلوكالىتۋىنسكايا كەنتىدىن فومىننىڭ
ئىسيانچى پولكىغا قارشى ناھايىتى ئالدىراش، ھەربىي يۈرۈش تەر-
تىۋى بىلەن كېلىۋاتاتتى.

چېچىنلەر 5 - يانۋاردا ۋىشىنسكاياغا ھۇجۇمغا ئۆتۈشى
كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ چارلىغۇچىلىرى ئاللىقاچان يېلوگوركىغا
يېتىپ كەلدى. ئەمما ھۇجۇم بولماي قالدى: فومىن كا-
زاكلىرىدىن قېچىپ كەلگەن بىر قاچقۇن، قىزىل ئارمىيەنىڭ نۇر-
غۇن كۈچلىرى گوروخوفكىدا قونۇپ قالدى، 5 - كۈنى ۋىشىنس-
كايادا بولماقچى دەپ خەۋەر قىلدى.

نوۋوچېركاسسكقا كەلگەن ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن مەشغۇل
بولۇپ قالغان كىراسنوف فومىنغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ
كۆردى. شۇ نىيەت بىلەن ئۇ فومىننى نوۋوچېركاسسكا — ۋىشىنسكايا

* چېچىنلەر — شىمالىي كاۋكازدىكى ئاز سانلىق مىللەت — ت.

ئارىلىغىدىكى بىۋاستە سىملىق تېلېگرافقا چاقىردى. شۇ ۋاقىتقىچە «ۋېشېنىسكايا — فومىنغا» دېگەن سۆزلەرنى پۇختا تېرىكلىتىپ تۇرغان تېلېگراف قىسقىلا مۇنۇ سۆزلەرنى ئۇلاپ بەردى:

«ۋېشېنىسكايا فومىنغا، ئورەدىنىڭ فومىن، ئەقلىڭنى تېپىپ، پولك بىلەن بىللە ئالدىنقى سەپكە قايتىشىڭنى بۇيرۇيمەن. جازا يۈرۈش ئەترىدى ئەۋەتىلدى. بۇيرۇقنى قولاققا ئالمىغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

كىراسنوف».

كىرسىن چىراقنىڭ يورۇغىدا فومىن كالتە جۇۋىسىنىڭ ئېزمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، تېلېگرافچىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئاستىدىن زىغىرزەڭ بەلگىلەر چۈشكەن ئىنچىكە قەغەز لېنتىلارنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغانلىقىغا قاراپ تۇردى-دە. تېلېگرافچىنىڭ گەجگىسىگە سوغاق ۋە سامۇگون ھارىقىنىڭ پۇرىقى ئارىلاش تىنىقىنى ئۇرۇپ:

— خوش، نېمە بىلجىرلايدۇ ئۇ يەردە؟ ئەقلىڭنى تاپ ئىمىش! ئۇ ئۆزى تۈگەشتىغۇ؟... ياز ئۇنىڭغا... نېمە دېدىڭ؟ نېمىشقا بولمايدۇ دەيسەن؟ بۇيرۇق قىلىمەن، ياز، يازمىساڭ، دەرھاللا ئۈچەي-باغرىڭنى چۇۋۇپ تاشلايمەن! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن تېلېگراف تاكىلداشقا باشلىدى:

«نوۋوچېركاسسكى! ئاتامان كىراسنوفقا. بار ئاناڭنىڭ قېشىغا. فومىن».

شىمالىي فرونتتىكى ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە مۇرەككەپلىشىشكە يۈز تۇتقانلىقتىن، كىراسنوف كارگىنسكايىغا ئۆزى بارماقچى بولدى. ئۇنىڭ نىيىتى — ئاشۇ يەردىن «جازا-

لىغۇچى ئۇلۇڭ فولى» نى فومىنغا قارشى بىۋاستە ئۇزارتماقچى ۋە ئەڭ مۇھىمى، چۆشكۆنلەشكەن كازاكلارنىڭ روھىنى كۆتەرمەكچى ئىدى. ئاشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ ئىتتىپاقداشلىرىنى فرونتنى كۆز-دىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

بۇ تۇرلىنوفكا يېزىسىدا يېڭىلا جەڭدىن چىققان گۇندوروف گېئورگى ئوردېنلىق پولكنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كۆرەك ئۇيۇشتۇرۇلدى. كۆرەكتىن كېيىن كىراسنوف پولك بايرىغىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، قاتتىق ۋاقىرىدى:

— 10 - پولكتا مېنىڭ قول ئاستىمدا خىزمەت قىلغانلار بىر قەدەم ئالغا چىقسۇن!

گۇندوروف پولكىنىڭ دېيەرلىك يېرىمى سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. كىراسنوف تۇمغىنى قولغا ئېلىپ، ئۆزىگە يېقىن يەردە تۇرغان، ئۇنچىلىك ياش بولمىسىمۇ، نەۋقىران كۆرۈنگەن ۋاخ-مىستىرنى چاقپەلەكتەك ئېگىلىپ سۆيۈپ قويدى. ۋاخمىستىر شى-نېلىنىڭ يېڭى بىلەن قىرقىلما بۇرۇتىنى ئېرتتى - دە، كۆزلىرى-نى پەرىشان چەكچەيتىپ، تاشتەك قېتىپ قالدى. كىراسنوف بار-لىق پولكداشلار بىلەنمۇ ئاشۇنداق سۆيۈشۈپ چىقتى. ئىتتىپاق-داشلار ھەيران بولۇشۇپ، ھېچنىمىنى چۈشىنەلمەي، پىخىرلىشات-تى. ئەمما كىراسنوف كېلىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئە-جەپلىنىشنى كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەرتىپ، سىپايىلىك بىلەن ماقۇل-لىغاندەك بولدى. كىراسنوف مۇنداق دېدى:

— بۇلار — ئاشۇ قەھرىمانلاركى، بۇلار بىلەن مەن نىز-ۋىنكا بوسۇغىدا نېمىسلارنى، بېلژېتىس ۋە كوماروف قېشىدا ئاۋستىرىيىلىكلەرنى باپلاپ ئۇرۇپ، دۈشمەن ئۈستىدىن ئومۇمى يۈزلۈك غەلىبە قازىنىشىمىزغا ياردەم قىلغانمەن.

... ھەر ئىككى تەرەپتىن ئاپتاپ چۈشۈپ، ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭگا - رەڭ ناۋلىنىپ، ئاپپاق بەلۋاغ باغلىۋالغاندەك كۆرۈنگەن سىم ياغاچلار، خۇددى ئاقچا ساندۇغىنى ساقلاۋاتقان كۆزەتچىلەردەك جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئىزغىرىن شەرقىي شىمال شامىلى ئورمان ئىچىنى كانايچىدەك ۋاڭشىتىپ، شىددەت بىلەن دالىغا چىقىپ چىقاتتى، ھۆرپىيىپ سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئەمەنلەرنى ئوكتەي - توكتەي قىلاتتى. 6 - يانۋار كۈنى كەچقۇرۇن (چىر دەرياسى ئۈستىنى چىدىردەك كۆكۈم قاپلىۋالغاندا) كىراسنوف ئەنگلىيە كوروللۇغىنىڭ خىزمىتىدىكى ئوفىتسىرلەر — ئىدۋاردىس ۋە ئولكوت ھەم فرانسۇزلاردىن كاپىتان بارتېلو، لېيتېنانت ئەزلىنخلارنىڭ ھەمرالىقىدا كارگىنىسكايىغا كەلدى. ئىتتىپاقداشلار — ئۈستىلىرىگە جۇۋا، باشلىرىغا نوشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن ياخماق پاپاخ كىيگەن بولۇپ، كۈلۈشۈپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاياقلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئاپتوموبىلدىن چىقىشتى - دە، تاماكا بىلەن ئەتىرىنىڭ پۇرىقىنى تارقىتىشتى. باي سودىگەر لېۋوچكىننىڭ ئۆيىدە ئىسسىنىپ، چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، ئوفىتسىرلەر كىراسنوف ۋە شىمالىي فرونتىنىڭ قوماندانى گېنېرال مايور ئىۋانوف بىلەن بىللە مەكتەپ بىناسىغا يول ئالدى، بۇ يەردە مەجلىس ئېچىلماقچى ئىدى.

كىراسنوف سەگەكلىك بىلەن قولاق سېلىپ ئولتۇرغان كازاكلار توپلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىگە زېھىن قويۇپ، ئوبدان قولاق سېلىشتى. ئەمما ئۇ ئۆز سۆزىدە بولشېۋىكلەر ئىشغال قىلغان كەنتلەردە يۈرگۈزۈۋاتقان «ۋەھشىلىكلىرى»نى چىرايلىق تەسۋىرلەشكە باشلىغاندا، ئارقا قاتاردا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى تاماكىنىڭ كۆك تۈتۈنى ئارىسىدىن جەھلى بىلەن ۋاقىراپ:

— يالغان! — دېدى - دە، كىراسنوفنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن كىراسنوف ئىتتىپاقداشلار بىلەن بىللە ئالدىراش مالىروۋوغا يۈرۈپ كەتتى.

شىمالىي فىرونتنىڭ شىتابىمۇ شۇنداقلا ئالدىراشلىق بىلەن كۆچۈرۈلۈپ كەتتى. چېچىنلەر كەچكىچە كەنتنى ئارىلاپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، چېكىنىشنى خالىمىغان كازاكلارنى قولغا ئالدى. كېچىدە ئوق - دورا ئامبىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. يېرىم كېچە بولغاندا، مىلتىق پاترونلىرى خۇددى كۆيۈۋاتقان زور بىر دۆۋە شاخ-شۇمبىدەك قارسلاشقا باشلىدى؛ يېرىلغان سنارەتلەر، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ياردەك گۈلدۈرلەيتتى. ئەتىسى چېكىنىش ئالدىدا مەيداندا دۇئا - تەكبىر بولۇۋاتقاندا، كارگىن دۆڭدىن پىلىموت تاتاتلاشقا باشلىدى. ئوفلار ئەتىيازدا مۇزلىدۇردەك چىركاۋ تۆگزىسىگە تاراسلاپ چۈشكىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن خالايىقنىڭ ھەممىسى قالايمىقان ھالدا دالىغا قاراپ ئاقتى. لازارېۋ ئۆز ئەترىدى ۋە ئاز سانلىق كازاك قىسىملىرى بىلەن چېكىنگۈچىلەرنى پانالاپ تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى: پىيادە ئەسكەرلەر شامال تۈگمىنىنىڭ ئارقىسىغا قاتار سەپ بولۇپ يېتىشتى، مۇشۇ كارگىنلىق ياساۋۇل فېدور پوپوفنىڭ قوماندىسى ئاستىدىكى 36 - كارگىن توپچى قىسىملىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان قىزىللارغا ئۇنىتى - ئۈستىلەپ ئوت ئېچىپ، ئوق ياغدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھايال ئۆتمەي، باتارېيىسىنى ئالدىنقى چاقلارغا مىنگۈزۈپ، قېچىشقا كىرىشتى. قىزىللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى لاتىشېۋ يېزىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پىيادە ئەسكەرلەرنى يارغا قامىۋالدى-دە، قايسىبىرسى مەسخىرە قىلىپ «گايداماكلار» دەپ ئات قويغان كارگىن قېرىلىرىدىن 20 كىشىنى چېپىپ ابدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 15

چېكىنمەسلىككە قارار قىلغاندىن كېيىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ كۆز ئالدىدا مال - دۇنيانىڭ كۈچى ۋە ئەھمىيىتى يېڭىۋاشتىن ئۆز ئورنىنى تاپتى.

كەچقۇرۇن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مال، ئات - ئۇلاققا ئوت - خەشەك تاشلاپ بېرىشكە چىقتى. ئەمدى ئۇ ئىككىلەنمەستىن، ئوتنى ناچار دۆۋىدىن سۇغۇرۇۋالدى. قاراڭغۇ قورادا ئىنىگىنى تۆت تەرەپتىن سىلاپ - سىيپالاپ ئۇزاققىچە ئايلىنىپ، ئۆز ئىچىدە مەمنۇنلۇق بىلەن: «يېلىنى سېلىنىپ قاپتۇ، ھۇ، تازا يوغان قوساق كۆتىرىپتۇ. خۇدا نېسىپ قىلسا، قوشكېزەك تۇغامدىكىن؟» دېگەن ئويغا كەلدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن جانىجان، يېقىن بولۇپ قالدى: مانا بايىلا ئۆز كۆڭلىدە قول ئۈزگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئاۋالقىدەكلا قەدىرلىك، سالماقلىق نەرسىگە ئايلاندى. كەچ كىرىش ئالدىدىكى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ دۇناشكىنى قوتاننىڭ قېشىدا توپان چېچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئوقۇردىكى مۇزنى پاكىز چىقىرىپ تاشلىمىغىنى ئۈچۈن تىللاپ ئۈلگۈردى، ئاندىن ستېپان ئاستاخوفنىڭ ئاختا چوشقىسى تېشىۋەتكەن قاشا تۈشۈكىنىمۇ ئېتىپ قويدى. شۇ ئارىدا دەرىزە قاپقىقىنى يېپىشقا يۈگۈرۈپ چىققان ئاكسىنيەدىن ستېپاننىڭ چېكىنىشكە بارىدىغان ئويى بارمۇ، دەپ سورىدى. ئاكسىنيە رومىلىغا پۈركىنىپ، چاقىلداپ:

— ياقەي، ياق، ئۇ نەگىمۇ بارسۇن! هازىر مەشىنىڭ ئۈس-
تىدە يېتىپتۇ، بەزگەك بولۇپ قالدىمىكىن، تىترەپ تۇرىدۇ... پېشانىسى ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ، ئىچىمۇ كۆيۈپ تۇرىدۇ دەيدۇ. ستېپان ئاغرىپ قالدى. بارمايدۇ...، — دىدى.

— بىزنىڭكىلەرمۇ شۇنداق. يەنى بىزمۇ بارمايمىز. ياخشىلىقتا تارتامدۇ - يوقمۇ، ئۇنى كىم بىلسۇن...

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە، ئورمانىنىڭ سۆررەڭ تۇس ئالغان مەنزىرىسىنىڭ نېرىسىدا كۆكۈش-يېشىل هاۋانىڭ قەرىدە قۇتۇپ يۇلتۇزى پاقىراپ تۇغدى. شەرقتە ئاسمانىڭ چەتلىرى هالرەڭ قىزىللىقتا پۈركەندى. شەپەق كۆتىرىلىۋاتاتتى. قارا تېرەكنىڭ هەر تەرەپكە يېيىلغان مۈڭگۈزلىرى ئۈستىدە، توغرالغان ناننىڭ چېتىگە ئوخشاپ، ئاينىڭ پۇچۇقى دىڭگىيىپ كۆرۈندى. قارنىڭ يۈزىدە نىملەرنىڭدۇ سايەلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتتى. قار ئۈيۈمى قاراڭغۇلاشتى. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دوننىڭ يۈزىدىكى كاشكول قېشىدا بىرسى، بەلكىم ئانىكۇشكا بولۇشى مۇمكىن، ئۇزۇن ساپلىق ۋاشاق بىلەن دوكۇلدىتىپ مۇز تېشىۋاتقانلىغىنى ئاڭلىدى. مۇز پارچىلىرى ئەينەكتەك شىلدىرلاپ، چىل - چىل پارچىلىناتتى، هويلىدا بولسا ئۆكۈزلەر بىر ۋەزىندە ئوت - چۆپلەرنى كوسۇلدىتىپ چاينىشاتتى.

ئاشخانىدا چىراق يېقىشتى. دەرىزە يورۇغىدا ناتالىيەنىڭ غىل - پال چېهرىسى كۆرۈندى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىسسىنغۇسى كېلىپ ئۆيگە كىرىۋىدى، قارىسا ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى جەم بولغان ئىكەن. دۇناشكا خرىستونەنىڭ ئايالىنىڭ قېشىدىن يېڭىلا كەلگەن ئىدى. ئۇ بىر چىنە كۇۋاسنى گۈپۈلدىتىپ ئىچ-

www.uyghurkitap.com

ۋەتكەندىن كېيىن بىرسى سۆزۈمنى تارتىۋالارمۇ دىگەندەك ئەندىشە قىلىپ ئالغان يېڭىلىقلىرىنى ئالدىراپ سۆزلەپ بەردى.

ئىچكىرىكى ئۆيدە گىرىگورىي مىلتىغىنى، ناگان ۋە قىلىچىنى مايلاپ بولۇپ، دۇربۇنىنى لۆڭگىگە ئورىدى، ئاندىن پېترونى قىچقاردى:

— سەن نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇردۇڭمۇ؟ ئېلىپ كەل. كۆمۈپ قويۇش كېرەك.

— نىمىشقا؟ ئەگەر قوغدىنىشقا توغرا كەلسىچۇ؟

— ئەمدى گەپ قىلمىساڭ بولارمىكىن!— دىدى گىرىگورىي مىيىغىدا كۈلۈپ،— پەخەس بول، ئەگەر تېپىۋالسا، ئىشتىنىڭنىڭ ئېغىدىن تۇتۇپ، دەرۋازىغا ئاسىدۇ.

بۇلار ھويلىغا چىقىشتى. قورالنى، نىمىشقىدۇ، باشقا-باشقا قىلىپ يوشۇرۇشتى. ئەمما گىرىگورىي يېپ - يېڭى پاقىراپ تۇرغان قارا ناگاننى ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.

كەچكى تاماقنى يەپ بولۇپلا، خوشياقماسلىق بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭ سېلىشىپ، ئەمدىلا ئۇخلاشقا ھازىرلىنىۋاتقاندا، ھويلىدىكى زەنجىرلىك ئىت خىرىلداپ ۋاقىرىشقا باشلىدى. بوينىنى بوغۇپ تۇرغان تاسما باغدىن خىقىراپ، باغلاقنى ئۈزۈۋەتكە ئۇرۇناتتى. چال قارىغىلى چىقىپ كېتىپ، يالاڭ قولاقچىسىنى قېشىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىرسى بىلەن قايتىپ كىردى. تولۇق قوراللانغان، بېلىنى ئاق تاسما كەمەر بىلەن چىڭ باغلىغان بىر ئادەم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن چوقۇنۇۋالدى؛ قىروبىسىپ ئاقىرىپ كەتكەن، «O» ھەرپىدەك يۇمۇلاق ئاغزىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

— مېنى تونۇمايۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟

— ۋاي - ۋوي، بۇ قۇدىمىز ماكارغۇ! — دەپ نوۋلىۋەتتى دارىيە.

شۇنىڭ بىلەن پېترو ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ يىراق تۇققىنىنى شۇ چاغدىلا تونۇدى، بۇ ھىلىقى سىنگىن يېزىسىدىن بولغان كازاك ماكار - نوگايىتسىۋ بولۇپ، پۈتۈن ئوكرۇگدا كەم ئۇچرايدىغان ناخشىچى ۋە ئىچەرمەن ئادەم سۈپىتىدە ئاتىغى چىققان ئىدى.

— سىنى بۇ يەرگە قانداق بالا - قازا ھەيدەپ كەلگەندۇ؟ — دىدى پېترو كۈلۈمسىرەپ، ئەمما ئورنىدىن تۇرمىدى.

نوگايىتسىۋ بۇرۇتىدىكى قېتىپ قالغان سۈمۈلەك مۇزلارنى ئېلىپ، بوسۇغىنىڭ قېشىغا تاشلىدى - دە، ئاستى چەملەنگەن يوغان پىيمىسىنى ئالدىرىماستىن تىپىرچەلاپ تۇرۇپ سالدى.

— چېكىنىشكە يالغۇز باراي دىسەم، زېرىكىدىغان ئوخشايمەن، شۇڭا قۇدىلىرىمنىڭكىگە بىر كىرىپ چىقاي دەپ ئويلىدىم. ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىڭلارنى ئاڭلىغان ئىدىم. خوتۇنۇمغا ئېيتتىم: مېلېخوفلارنىڭكىگە كىرەي، ھەممىسى خوشال بولىدۇ، دىدىم.

ئۇ مىلتىغىنى ئاپىرىپ، مەشنىڭ قېشىدىكى تۆمۈر قىسقۇچلارنىڭ قاتارىغا قويۇپ، ئايالLارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇقدانىنى ئوچاقنىڭ ئاغزىنىڭ ئاستىدىكى بىر يەرگە تىقىپ قويدى، قىلىچى بىلەن قامچىسىنى ئەتىۋارلاپ كارۋاتنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇقېتىمقى ماكارنىڭ تىنىقىدىن سامىگون ھارىغىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇراتتى، يوغان، پال كۆزلىرىدىن مەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھۆل، چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقىلىنىڭ ئارىسىدىن دوننىڭ قۇلۇلىسىدەك كۆكۈش تىپ - تىكىس چىشلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى.

— سىنگىنىنىڭ كازاكلىرى چېكىنىشكە چىقمامدىكەن؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي، مونچاق كەشتە قىلىنغان تاماكا خالتىسىنى سۇنۇپ.

— تاماكىغا خۇشتۇم يوق ... كازاكلارمۇ؟ بەزىسى كەتتى، بەزىسى پانالىنىش ئۈچۈن سۇغۇر تۆشۈكلىرىنى ئىزلىشىۋاتىدۇ. سىلەر بارامسىلەر؟ — دەپ سورىدى ماكار.

— بىزنىڭ كازاكلار بارمايدۇ. سەن ئۇلارنى قىزىقتۇرما!— دىدى ئىلىئىنىشنا قورقۇپ كىتىپ.

— راستىنىلا قالامسىلەر؟ ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! قۇدام گىرىگورىي، راستمۇ؟ جېنىڭلاردىن ئايرىلىسىلەر، بۇرادەرلەر!

— نىمە بالا بولسا بولمامدۇ ...، — پېترو بىر خۇرسىندى - دە، يۈزى لاپپىدە ئۇت ئېلىپ قىزىرىپ سورىدى، — گىرىگورىي! سەن قانداق قىلىسەن؟ پىكرىڭدىن قايتمىدىڭمۇ؟ بەلكىم بارارمىز؟

— ياق تىخى.

تاماكا تۇتۇنى گىرىگورىينى پۈركىۋىلىپ، جىنىگىلەك قارا كوكۇلىسىنىڭ ئۈستىدە تولغىنىپ تۇردى.

— ئېتىڭنى ئاتام جۈندەپ بېرەمدۇ؟ — دەپ ئورۇنسىز سورىدى پېترو.

ئۇزاققىچە جىمجىتچىلىق ھۆكۈم سۈردى. پەقەت دۇناشكىنىڭ ئايىغى بىلەن ئايلىنىۋاتقان يىپ ئىگىرىدىغان چاق ھەردەك غوڭۇلداپ، كىشىنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى.

نوگايىتسېۋ پېترو بىلەن گىرىگورىينى دونىتسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كىتىشكە كۆندۈرۈشكە ھەركەت قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇردى. مۇشۇ كىچە ئىچىدە پېترو يالاڭباش ئىككى قېتىم ئېتىنى

ئىگەرلەشكە يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ھەر ئىككى قېتىمدا دارىيەنىڭ تەھدىتلىك كۆزلىرىگە دۇچكېلىپ، ئىگەر - جابدۇقلارنى قايتىدىن ئېلىپ قويۇشقا يەنە چىقتى.

يورۇق چۈشۈش بىلەنلا مېھمان مېڭىشقا ھازىرلاندى. ئۇ، كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مەنىلىك يۆتىلىپ قويۇپ، يوشۇرۇن دوق - پوپوزا بىلەن دېدى:

— بەلكىم، ئىش ياخشىلىققا تارتار، ئەمما كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر. بىز ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەن چاغدا، كىمنىڭ قىزىللارغا دونىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئۇلارغا خىزمەت قىلىمىز دەپ، بۇ يەردە قېپقالغانلىقىنى بىرمۇبىرلەپ ئېسىگە چۈشۈرىمىز ...

ئەتىگەندىن باشلاپ پاختەكتەك - تورغايدەك قار ياققىلى تۇردى. گىرىگورىي ھويلىغا چىقىپ، دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن دەريانىڭ ئۆتكىلىگە يۇپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەملەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. سەككىز - سەككىزدىن قاتار تىزىلغان ئاتلار بىرنەرسىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى، گەپ - سۆزلەر، ئاتلارنى چۇ - چۇلىغان ئاۋازلار، ئانا، بالاڭ دەپ تىللىغان سۆكۈشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ كۆمۈشتەك ئاق غۇۋا فىگۇرلىرى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك، قار بورىنى ئارىسىدىن خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى. گىرىگورىي 4 - قاتارغا قوشۇلغان ئاتلارنى كۆرۈپ، بايقاپ بىلدى: «بۇ بىر توپچىلار باتارېيىسى ئىكەنغۇ... قىزىللارنىڭمىدۇ؟» بۇ پىكىردىن كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشتى، ئەمما پۇختا ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنى تىنچىتتى.

مىڭىلداپ كېلىۋاتقان كىشىلەر توپى، قارىيىپ كۆرۈنگەن

ئۇچۇقچىلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يېزىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئەمما ئالدىنقى زەمبىرەك چىقىپ كېلىۋېتىپ، قىرغاقتىكى سۇ يالاپ تېپىزلىتىۋەتكەن مۇزنى تارس قىلىپ سۇندۇرۇپ، بىرچاقى پېتىپ قالدى. شامال جىلاۋدارلارنىڭ ۋاقىراشلىرىنى، مۇزلارنىڭ غاراسلاپ سۇنغانلىغىنى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقتا تېپىلىپ باسقان قەدەم ئاۋازلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى، گىرىنگورىي مال قوراسىغا ئۆتۈپ، ئېھتىيات بىلەن بوينىنى سوزۇپ قارىدى. ئاتلىقلارنىڭ شىنېلىنىڭ مۈرىسىدىكى قارباسقان پاگونلىرىنى ئېنىق پەرق ئەتتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن كازاك ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئىگىز، ساغرىسى كەڭ ئات مىنگەن قىرىراق بىر ۋاخمىستىر دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ پەلەمپەينىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، چۇلۇۋۇرنى پەنجىرىگە باغلاپ قويۇپ ئۆيگە كىردى.

— ئۆي ئىگىسى كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ سالاملاشقاندىن كېيىن.

— مەن...، — دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قورققان ھالدا «سىلەرنىڭ كازاكلار نىمىشقا ئۆيدە تۇرۇشىدۇ؟» دىگەن يەنە بىر سوئالنىڭ بېرىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئەمما ۋاخمىستىر قار قونۇپ ئاقارغان، كالۋوتون يەلكە بېغىغا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە تولغۇماچ بۇرۇتىنى مۇشتى بىلەن تۈزەپ قويۇپ، ئىلتىماس قىلدى:

— كەنتداشلار! ئەيسا ھەققى، زەمبىرەكنى تارتىپ چىقىرىشقا ياردەم قىلىڭلار! قىرغاقنىڭ ئالدىدا ئوقىغىچە پېتىپ قال-

دى... بەلكىم پىششىق ئاغامچىلىرىڭلار باردۇ. بۇ قايسى يېزا؟ بىز ئېزىپ قالدۇق، بىز يېلانسكايا كەنتىگە بارماقچى ئىدۇق، ئەمما شۇنداق قار قاپلاپ كەتكەنكى، ئالدىمىزنى پەرق ئېتەلمەي، يولىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق. قىزىللار بولسا ماناھازىرلا ئۇستىمىزدىن بېسىپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— مەن بۇنى بىلمەيمەن، خۇدا تۇرۇپتۇ...، — دىدى چال سۆز تاپالماي.

— بۇنىڭ بىلمەيدىغان نىمىسى بار! مانا سالاپەتلىك كازاكلىرىڭلار تۇرۇپتۇ... بىزگە ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ، ياردەم قىلىش كېرەك.

— مەن ئاغرىپ تۇرىمەن، — دىدى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ يالغان سۆزلەپ.

— نىمە دىگىنىڭلار بۇ، بۇرادەرلەر! — ۋاخمىستىر بۆرىگە ئوخشاش بوينىنى تولغىماستىن ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى، ئاۋازى ياشىرىپ قالغاندەك بولدى، قەددىنى رۇسلىدى، — سىلەر كازاك ئەمەسمۇ؟ دىمەك، ھەربى مۇلۇك نىمە بولسا مەيلىمۇ؟ مەن باتارىيە كوماندىرىنىڭ ئورنىدا قالدىم، ئوفىتسېرلەر ھەرتەرەپكە قېچىپ كېتىشتى، مانا ئاتتىن چۈشمىگىنىمگە بىرھەپتە بولۇپ قالدى، ھەممە ئەزايىم مۇزلاپ كەتتى، پۇتۇمنىڭ بارماقلىرى ئۈششۈپ توڭدى، ئەمما مەن ھاياتىمدىن ئايرىلسام ئايرىلمەنكى، باتارىيىنى تاشلاپ كەتمەيمەن! سىلەر بولساڭلار... بۇ يەردە باشقا گەپنىڭ لازىمى يوق! ياخشىلىقچە بارغۇڭلار كەلمىسە، كازاكلىرىمنى بىرلا توۋلايمەن، ئۇ چاغدا بىز سىلەردىن ...، — ۋاخمىستىر كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، غەزەپ بىلەن ۋاقىرىۋەتتى، — مەجبۇرلۇق بىلەن ئاپىرىمىز، ئىتنىڭ بالىلىرى! بولشېۋىكلەر! ئاناڭلار

www.uyghurkitap.com

گۆرگە كىرسۇن، ئىلاھىم! بىز سىنى، بوۋاي، لازىم تېپىلسا ئۆزەڭنىمۇ زەمبىرەك شوتىسىغا قوشىمىز! بار، خەلقنى چاقىر، ئەگەر بارمايدىغان بولسا. — خۇدا ئۇرسۇن، دەريانىڭ ئاۋۇ تەرىپىگە قايتىمەن - دە، پۈتۈن يېزاكلارنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ تاشلايمەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ كۆچىگە ئانچە ئىشەنمەيدىغان ئادەمدەك سۆزلىدى، گىرىگورىينىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، جەھلى چىققان ۋاخمىستىرغا كۆز قىرىنى سال- ماستىن، جىددى رەۋىشتە، مۇنداق دىدى:

— سەن تولا چىپچىلما، ۋاقىراشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق! زەمبىرەكنى چىقىرىشقا ياردەملىشەيلى، ئاندىن كېيىن يولۇڭ بولسۇن.

شاخ - شۇمبىدىن توقۇلغان چىتەن تاشلاپ، زەمبىرەك- لەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتى، ياردەمگە كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئانىكۇشكا، خرىستونە، تومىلىن ئىۋان، مېلېخوفلار ۋە ئونچە ئايال باتارىيەچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن زەمبىرەكلەرنى ۋە ئوق - دورا ساندۇقلىرىنى ئىتتىرىپ چىقاردى، ئاتلارنىڭ دۆڭگە چىقىشىغا ياردەملەشتى. توڭلاپ قېتىپ قالغان چاقلار چۆگىلىمەيتتى، ئورۇقلاپ كەتكەن ئاتلار كىچىككىنە دۆڭگىمۇ تەستە چىقاتتى. يېرىمى قېچىپ كەتكەن زەمبىرەكچىلەر پىيادە مېڭىشاتتى. ۋاخمىستىر شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ تازىم قىلدى، ياردەملەشكەنلەرگە تەشەككۇر ئېيتتى - دە، ئىگەر ئۈستىدە قايرىلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— باتارىيە ئارقامدىن ئەگىشىپ ماڭ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

گىرىگورىي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ۋە شۇبھىلىك ھەيرەت بىلەن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ قېشىغا پېترو كېلىپ، بۇرۇتىنى چىشلەپ قويۇپ، گىرىگورىينىڭ ئۇي - پىكرىگە جاۋاپ بەرگەندەك، مۇنداق دېدى:

— ھەممە ئادەملىرىمىز مۇشۇنداق بولسىچۇ! تىنچ دوننى مانا شۇنداق قوغداش كېرەك!

— سەن بۇرۇتلۇق ئادەم توغرىلىق سۆزلەۋاتامسەن؟ ھېلىقى ۋاخمىستىر توغرىلىق؟ — دەپ سورىدى قولىغىچە لاي چاچرىغان خىرىستونە يېقىن كېلىپ، — مانا قارا، دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ زەمبىرەكلىرىنى دىگەن يېرىگە يەتكۈزىدۇ. ئۇ، كۆيدۈرگە چىققۇر، ماڭا قامچىسىنى قانداق شىلتىمىدى دەيسەن! ئۇرسا، ئۇرۇۋېتەتتى، — دېمەك، جېنىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ تۇرغان ئادەمغۇ. مېنىڭ بارغۇم يوق ئىدى، ئۇنىدىن كېيىن راستىنى ئېيتسام، قورقتۇم، پېيىمام يوق بولسىمۇ، باردىم. بېرىپلا، ۋاي - ۋۇي بۇ ئەخمەققە زەمبىرەكلەر نېمىگە لازىم بولار؟ — دېدىم. بوينىغا ئىسكەنجە سېلىنغان يامان چوشقىدەك: ھەم قېيىن، ھەم ياخشىلىققا ئېلىپ بارمايدۇ، شۇنداق دولسىمۇ سۆرەپ بارىدۇ...

كازاكلار لام - جىم دېمەستىن، كۈلۈمسىرەپ تارقاشتى.

## 16

دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى يىراق بىر يەردە — چۈش ياىنغان پەيتتە — پىلىموت ئىككى نۆۋەت ئۇۋا تاتاتىلىدى - دە، يەنە جىمىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

يېرىم سائەتتىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن نېرى كەتمەي قاراپ تۇرغان گىرىگورىي ئارقىسىغا بىر قەدەم چامداپ، ياڭاقلىرىغىچە كۆكىرىپ كەتتى.

— ئەنە كېلىشتى!

ئېلىئىنىشنا ئاھ ئۇرۇپ، دەرىزىگە يۈگۈرۈپ باردى. سەككىز ئاتلىق كوچا بويلاپ توم - تاراقاي چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى سوكۇلدىتىپ، مېلېخوفلارنىڭ هويلىسىغا يېتىپ كېلىشتى - دە، بىردەم توختاپ، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتىدىغان كېچىككە، دون بىلەن تاغنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ تۇرغان قارا سوقماق يولغا قاراپ چىققاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتتى. ئۇلارنىڭ قوسىغى توق ئاتلىرى كېسىلگەن كالتە قۇيرۇقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قار پومزەكلىرىنى چاچرىتىپ باراتتى، يېزىنى رازۋېتكا قىلىپ قايتقان ئاتلىق چارلىغۇچىلار بىردەمدىلا كۆزدىن يوقالدى. بىر سائەتتىن كېيىن تاتارىسكىنى ئاياقلارنىڭ غىچىرلىشى، «O» ئاۋۇشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىدىغان يات سۆزلەر، ئىتلارنىڭ قاۋىشى قاپلاپ كەتتى. پىيادىلەر پولكى چانىغا باسقان پىلىموتلىرى بىلەن، يۈك هارۋىلىرى بىلەن، كۆچمە ئاشخانىلىرى بىلەن دوندىن ئۆتۈپ يېزىغا يامرىدى.

دۈشمەن قوشۇنى كىرگەن مۇشۇ دەسلەپكى پەيت قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولمىسۇن، كۈلگۈنچەك دۇناشكا بۇ قېتىممۇ چىداپ تۇرالمىدى، چارلىغۇچىلار ئارقىسىغا قايتىپ كەتكەندە، ئۇ پەشتامىسىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، پىشقىرىپ، ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن ناتالىيە ئەنسىرەپ قاراپ كەتتى.

— ساڭا نېمە بولدى؟

— ئوھۇ، ناتاشېنكا! سۆيۈملۈكۈم! ... ئۇلارنىڭ ئاتقا مىنىپ كېلىشىنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ! ئىگەرنىڭ ئۈستىدە بىر ئارقىغا - بىر ئالدىغا، بىر ئارقىغا - بىر ئالدىغا... قوللىرى جەينەكلىرى بىلەن لەپەڭلەپ تۇرىدۇ. ئۆزلىرىمۇ ئەسكى-تۈسكى لاتىلاردىن ياسالغاندەك، ئۈستىۋاشلىرىنىڭ ھەممىسى سىلكىنىدۇ!

ئۇ قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئىگەر ئۈستىدە قانداق تېپىرچىلاپ ئولتۇرغانلىقىنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن دوراپ بەردىكى، ناتالىيە كۈلكە بىلەن تېلىقىپ كېتىپ، قېيناتىسىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن يۈگۈرگەن پېتى كارىۋىتىغا بېرىپ، ياستۇققا يېتىۋالدى.

ئەزايى دىر - دىر تىترەپ تۇرغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بەندىنىڭ ئۈستىدىكى موملانغان يىپ، بىگىز، قېيىن چىگە سېلىنغان قۇتىنى مەقسەتسىز سىلجىتىپ قويۇپ، كۆزىنى قىسىپ، ئۆچمەنلىك نەزەر بىلەن دەرىزىدىن قاراشقا باشلىدى.

ئاشخانىدا بولسا ئاياللار، گويا چوڭ پالاكەت يۈز بېرىدىغاندەك ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتى: ئىككى مەڭزى لاللىدەك قىپ - قىزىل دۇناشكا شەبنەم قونغان ئىت ئۈزۈمى مونچاقلىرىدەك پاقىراپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن دارىيەگە قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئىگەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشلىرىنى دوراپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر ئۆلچەمدىكى ھەركەتلىرى بىلەن ئاڭسىزلارچە ھاياسىزلىقى بىرگە قوشۇلۇپ، سەت بىر ئىشارىنى پەيدا قىلاتتى. دارىيەنىڭ ئەسەبىلەرچە كۈلكىسىدىن تاقىدەك ئەگمەچ قاشلىرى ئويناقلاپ كەتتى، ئۇ ھە دەپ قاقاقلايتتى، ئاۋازى خىرىلداپ، بوغۇلۇپ، مۇنداق دىدى:

— بەلكىم، شالۇۋۇرىنى تېشىپ تاشلايدىغاندۇ!... مۇنداق چەۋەنداز... ئىگەرنىڭ قېشىنىمۇ ئىگىۋېتىدۇ!...

ھەتتا ئىچكىرىكى ئۆيدىن غەمكىن چىراي بىلەن چىققان پېترونىمۇ ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىر مىنۇتتەك خوش قىلدى.

— ئۇلارنىڭ ئاتتا يۈرۈشى ئاجايىپمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ ئاتلارغا ئىچى ئاغرىمايدۇ. بىر ئاتنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر قىلسا، باشقا بىرسىنى ئالىدۇ. مۇژىكلەر ئەمەسمۇ! — دىدى - دە، چەكسىز نەپرەت بىلەن قولىنى شىلتىپ قويدى، — بەلكىم، ئۇلار ئاتنى 1 - قېتىم كۆرۈۋاتقاندۇ: «ھەي چاپتۇر، كەتتۇق، مانا - مانا، قارا، يەتتۇق» ئۇلارنىڭ ئاتلىرى چاقنىڭ غىچىرلىشىدىن قورققان ئىدى، ئۇلار تېخى چەۋەندازلىق قىلماقتا!... ئېخ! — پېترو بارماقلىرىنى قاسىلدىتىپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىردى.

قىزىل ئەسكەرلەر توپ - توپ بولۇپ، كوچا بويلاپ ئاقاتتى، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھويلىلارغا كىرەتتى. ئۈچەيلەن ئانىكۇشكىنىڭ دەرۋازىسىغا بۇرۇلدى، بەشەيلەن — ئۇلارنىڭ بىرسى ئاتلىق ئىدى — ئاستاخوفنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدا قالدى، قالغان بەشەيلەن قاشا بولۇپ، مېلېخوفلارنىڭكىگە قاراپ مېڭىشتى. ئەڭ ئالدىدا بويى پاكار، ياشىنىپ قالغان قىزىل ئەسكەر ماڭغان ئىدى، ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى قىرىلغان، بۇرنى پاناق بولسىمۇ، تۆشۈكلىرى چوڭ - چوڭ، ئۆزى چاققانغىنا بولۇپ، كۆپ سوقۇشقا قاتناشقان قېرى فورونتچى ئوفتسېر ئىكەنلىكى بىردىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ مېلېخوفلارنىڭ ھويلىسىغا بىرىنچى بولۇپ كىردى - دە، پەلەمپەينىڭ ئالدىدا سەل ھايال بولۇپ توختاپ تۇردى، بىر مىنۇتچە بېشىنى ئىگىپ، باغلاقتىكى سېرىق ئىتنىڭ ھاۋشۇغىنىغا، ھاسىراپ، تېلىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ قالدى؛ ئۇندىن كېيىن مۈرىسىدىن مىلتىغىنى ئالدى. ئېتىلغان ئوق ئۆگزىدىن قىرودەك ئاپپاق توزان چىقاردى. گىرى-

گورىي گېلىنى بوغۇپ تۇرغان كۆينەكنىڭ ياقىسىنى تۈزەۋېتىپ، دەرىزىدىن ئىتنىڭ قارنى قانغا بويىلىپ، يۇمۇلۇنۇپ ياتقانلىقىنى ۋە ئەجەل ئالدىدا قاتتىق ئازاپ چېكىپ، يارىلانغان بىقىنىنى ۋە تۆمۈر زەنجىرنى قەھرى بىلەن غاجاۋاتقانلىقىنى كۆردى.
گىرىگورىي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئاياللارنىڭ ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى، ئانىسىنىڭ پەرىشان كۆزلىرىنى كۆردى.
— قوي! — دېدى ئاتىسى ئارقىسىدىن، يات بىر ئاۋاز بىلەن توۋلاپ.
گىرىگورىي ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېدى، بوسۇغىنىڭ ئۇستىگە بىر قۇرۇق مىشەك جىرىڭلاپ چۈشتى. قالغان قىزىل ئەسكەرلەرمۇ يان ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشتى.
— ئىتنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ ساڭا دەخلى يەتكۈزدىمۇ؟— دەپ سورىدى گىرىگورىي بوسۇغىدا تۇرۇپ.
قىزىل ئەسكەرنىڭ كەڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى پۈشۈلداپ ھاۋانى ئىچىگە تارتاتتى، كۆپ - كۆك قىرىلغان يۇقا لەۋلىرىنىڭ بۇرجەكلىرى پەسكە سالپىيىپ قالدى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ، مىلتىغىنى قايتىدىن مۈرىسىگە ئاستى.
— ساڭا نىمە بولدى؟ مېھرىدىن كېچەلمىدىڭمۇ؟ مەن مانا ساڭا سەرپ قىلىش ئۈچۈن بىر پاي ئوقنىڭ مېھرىدىن كېچەمەن. خالامسەن؟ تۇر قېنى!
— ھوي، قويساڭچۇ ئالېكساندىر! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ ئىگىز بويلۇق، سېرىق قاش قىزىل ئەسكەر يېقىن كېلىپ،— سالامەتمۇسىز، ئۆي خوجايىنى! قىزىللارنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ بىزنى ئۆيىگە قوبۇل قىلىڭلار، سىزنىڭ ئىتىڭىزنى مۇنۇ ئادەم ئۆلتۈردىمۇ؟ بىكار ئىش قىپتۇ!... يولداشلار، كىرىڭلار!
گىرىگورىي بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. قىزىل ئەسكەر-

www.uyghurkitap.com

لەر ئوچۇق - يورۇق تېچلىق سوراشتى، دالاسېمكىلىرىنى، چەمدىن تىكىلگەن ئوقدانلىرىنى ئېلىشتى، شىنېللىرىنى، پاختىلىق چاپانلىرىنى، شەپكىلىرىنى كارۋاتنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويۇشتى. ئۆينىڭ ئىچىگە بىردىنلا سولداتلاردىن تارالغان ئاچچىق، ئۆتكۈر ئىسپىرت پۇرىغى، ئادەمنىڭ تەرى، تاماكا، ئەرزان سوپۇن، مىلتىق مېيىنىڭ ھىدلىرى — يىراق يولنىڭ پۇرىغى بىلەن قوشۇلۇپ، تولۇپ كەتتى.

ھېلىقى ئالېكساندىر دېگىنى شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، گىرىگورىي بىلەن بايا باشلىغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغاندەك:

— سەن ئاقلار ئارمىيىسىدە بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھە...

— ئەنە... مەن ھۇقۇشنى پالاقلاپ ئۇچقىنىدىنلا تونۇيمەن، سېنى مىشىلدىغىنىڭدىن تونۇدۇم. ئاپپاق ئىكەنسەنغۇ! ئوفىتسېرمۇ سەن؟ ئالتۇن پاگونلىرىڭ باردۇ؟

ئۇ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن تاماكا تۈتۈنىنى خادا قىلىپ چىقاردى. ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرغان گىرىگورىيغا سوغاق، كۈلكىسىز كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ قاراپ، تاماكىدىن ئىسلانغان دومبەچەك تىرنىغى بىلەن پاپىروسنىڭ ئاستىنى چېكىلدىتىپ ئولتۇردى.

— ئوفىتسېرمۇ سەن؟ بوينۇڭغا ئال! مەن سېنىڭ بويتۇرقۇڭدىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن؟ مەن ئۆزەم گېرمان ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەنمەن.

— ئوفىتسېر بولغانمەن.

گىرىگورىي زومىۇ زو كۈلۈمسىرىدى - دە، يان تەرىپىدە تۇرغان ناتالىيەنىڭ قورقۇش ئارىلاش يېلىنغان نەزىرىگە كۆزى

چۈشۈپ، قاپىغىنى تۈردى، قاشلىرى تىترەپ كەتتى. كۈلۈمسىرىگىنى ئۆزىگە ئەلەم قىلدى.

— ئىست! ئىتنى ئاتماسلىق كېرەك ئىكەن - دە...

قىزىل ئەسكەر تاماكا قالدۇغىنى گرىگورىينىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ، قالغانلارغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

گرىگورىي لەۋلىرىنىڭ ئۆز ئەركىدىن تاشقىرى يەنە قىيسىيىپ، ئەيىپكارلارچە ۋە ئەپۇ سوراش تۈسىدە كۈلۈمسىرەشپەيدا قىلىۋاتقانلىغىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىغا خىلاپ ھالدا ئىختىيارسىز ئاجىزلىغىنى كۆرسىتىپ قويغانلىغى ئۈچۈن نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى. «ئىگىسىنىڭ ئالدىدا ئەسكى بىر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىتقا ئوخشاش» — دىگەن پىكىر ئۇنى ئۇيات بىلەن ئۆرتىدى - دە، شۇ ئاندىلا كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر مەنزىرە پەيدا بولدى: بايا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئاق تۆش ئىتمۇ خۇددى شۇنداق كۈلكە بىلەن ئۆزىنىڭ قارا ئەتلەس كالپۇكلىرىنى ھىجايتىدىغان ئىدى، بۇ ئىتنى تىرىك قويسىمۇ، ئۆلتۈرسىمۇ ئىختىيارى ئۆزىدە بولغان ئىگىسى — گرىگورىي ھەر قېتىم ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئوكدىسىغا يېتىۋېلىپ، ياش ئالدى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، مامۇقتەك مەللەرەڭ قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ قوياتتى...

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ يەنىلا شۇ گرىگورىيغا يات بولغان ئاۋاز بىلەن:

— مېھمانلار، بەلكىم، كەچلىك بىر نەرسە يەيدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى، — شۇنداق بولغاندا، كەمپىرگە تاماق بۇيرۇيمەن...، — دىدى.

ئىلئىنىشنا، ماقۇللۇقنى كۈتمەستىنلا ئىرغىپ مەش تەرەپكە ماڭدى. قولىدىكى تۇتقۇچ دىرىلدەپ، شورپا بار قازاننى زادىلا

كۆتىرەلمىدى.دارىيە يەردىن كۆزىنى ئالماي، داستىخان ھازىرلە-
دى. قىزىل ئەسكەرلەر چوقۇنماستىنلا تاماققا ئولتۇرۇشتى. چال ئۇلارنى قورقۇنچ ۋە يوشۇرۇن يىرگىنىش بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان ئىدى. ئاخىرى چىداپ تۇرالماي سورىدى:

— دىمەك، خۇداغا تېپىنمايدىكەنسىلەرغۇ؟

مانا شۇ چاغدىلا ئالېكساندىرنىڭ لەۋلىرىدەكۈلكىگە ئوخشاش بىر نەرسە سىپىلاپ ئۆتتى. قالغانلار يايپىسىغا قاقاقلاپ كۈلۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇنداق جاۋاپ قايتۇردى:

— ساڭمۇ، ئاتا، چوقۇنۇشقا مەسلىھەت بەرمىگەن بولاتتىم! بىز ئۆز خۇدالىرىمىزنى ئاللىقاچان يولغا سېلىۋەتكەن...، — ئۇ دۇدۇقۇپ قالدى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، — خۇدا يوق، ئەخمەق ئادەملەر ئىشىنىپ، مۇنۇ ياغاچ پارچىسىغا چوقۇنىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق... ئالىم كىشىلەر — ئۇلار، ئەلۋەتتە، ھەممىنىڭ تېگى - تەكتىگە چۈشىنىدۇ، — پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ قورققانلىقتىن ماقۇللىغان بولدى.

دارىيە ھەرقايسىسىنىڭ ئالدىغا بىردىن قوشۇق قويغان ئىدى، ئەمما ئالېكساندىر ئۆز ئالدىدىكى قوشۇقنى ئىتتىرىۋېتىپ، سورىدى:

— بەلكىم، ياغاچتىن قىلىنمىغان قوشۇقمۇ باردۇ؟ ئەمدى مەرەز يۇقتۇرۇش كەملىك قىلىۋاتاتتى! مۇشۇمۇ قوشۇقمۇ؟ بۇ بىر تاراشا!

دارىيە مىلتىق دورىسىدەك پىقىلدىدى:

— كىشىنىڭكىدىن يىرگىنىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ قوشۇغى بار بولسا كېرەك.

— ھەي، سەن شۇك تۇر، كېلىنچەك! قوشۇق يوقمۇ؟ ئۇن-

داق بولسا پاكىزەك لۆڭگە ئېلىپ كەل، بۇنى ئېرتىمەن.

ئېلئېنىشنا مىسكىلەرگە شورپا قۇيغان ئىدى، بۇ ئادەم ئېلئېنىشناغىمۇ:

— ئاۋال ئۆزەڭ تېتىپ باق، ئانا، — دىدى.

— مەن نىمىسىنى تېپىپ باقىمەن؟ بەلكىم تۇزى ئۆتۈپ كەتكەندۇ؟ — دەپ قورقۇپ كەتتى موماي.

— سەن تېتىپ كۆر، تېتىپ كۆر! مېھمانلارغا بىر نەرسـ
نىڭ پاراشوگىنى تاشلاپ قويدۇڭمۇ، كىم بىلىدۇ...

— بىر قوشۇق ئۇتلا! قېنى، بول؟ — پانتېلېي پروكوفېـ
يېۋىچ جىددى بۇيرۇق قىلىپ، لەۋلىرىنى مەھكەم قىستى. شۇندىن كېيىن ئۇ يان ئۆيدىن موزدوزلۇق ئەسۋاۋىنى ئېلىپ كېلىپ، ئوـ
رۇندۇق ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن قارىياغاچ كۆتىكىنى دەرىزىـ
نىڭ قېشىغا سۈرۈپ قويدى - دە، شىشە قۇتىغا جىن چىراق ھاـ
زىرلاپ، كونا ئۆتۈكى بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇردى. ئۇندىن كېـ
يىن گەپكە ئارىلاشمىدى.

پېترو مېھمانخانا ئۆيدىن چىقماي قويدى، ناتالىيەمۇ باـ
لىلىرى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇردى. دۇناشكا مەشكە مەھكەم چاپـ
لىشىپ ئولتۇرۇپ، پايپاق توقۇشقا كىرىشتى. ئەمما قىزىل ئەسـ
كەرلەردىن بىرسى ئۇنى «خانقىز» دەپ ئاتاپ، تاماققا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ چىقىپ كەتتى. پاراڭ بېسىلدى. تاماقتىن كېيىن قىزىل ئەسكەرلەر تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— سىلەرنىڭ ئۆيدە تاماكا چېكىشكە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى سېرىق قاش ئەسكەر.

— ئۆزىمىزدىمۇ تۇرۇبكا تارتقۇچىلار تولۇپ يېتىپتۇ، — دىدى ئېلئېنىشنا خالا - خالىماس.

گىرىگورىي ئۆزىگە سۇنۇلغان بىرتال تاماكىنى ئالمىدى. ئۇ بايا ئىتتىنى ئېتىپ تاشلىغان ۋە ھەممىشە ئۆزىگە يۈزسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ھىلىقى ئادەمگە كۆزى چۈشكەندە، پۈتۈن ئىچكى ئەزالىرى تىترەپ، يۈرىكىگە قاتتىق دولقۇن ئۇرۇلۇپ سانچىلغاندەك بولاتتى. ھىلىقى ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشىدىن گىرىگورىي بىلەن توقۇنۇشقۇسى كېلىپ، ئۇنى گەپتە چېقىۋېلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تەگىشىشكە پۇرسەت ئىزلەۋاتقاندەك ئىدى.

— قايسى پولكتا خىزمەت قىلدىلا، جانابى ئالى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەرخىل پولكلاردا، — دىدى گىرىگورىي.

— بىزنىڭكىلەردىن قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ؟

— ئۇرۇشتا ساناپ ئولتۇرمايدۇ. سەن، يولداش، مېنى ئانىسىنىڭ قوسىقىدىن ئوفىتسېر بولۇپ تۇغۇلغان دەپ ئويلىما. مەن ئۇلارغا گېرمان سوقۇشىدىن كەلگەنمەن. ماڭا مۇنۇ لەنتىلەر ئۇرۇشتا جەڭگىۋارلىق كۆرسەتكەنلىگىم ئۈچۈن بېرىلگەن...

— مەن ئوفىتسېرلەرگە يولداش ئەمەسمەن! ساڭا ئوخشاش ئوفىتسېرلەرنى تامغا تىك تۇرغۇزۇپ قويىمىز. مەن گۇناكارمۇ تالايلىرىڭنى نىشانغا ئالغانمەن.

— مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، يولداش... سەن بەك كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىسەن، گويا يېزىنى سىلەر جەڭ بىلەن ئالغاندەك. بىز فورونتنى ئۆزلۈگىمىزدىن تاشلاپ چىقىپ، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارغا يول قويدۇق، سەن بولساڭ ئۆزەڭنى ئۇرۇشتا يېڭىپ ئىشغال قىلغان ئەلگە كەلگەندەك تۇتىۋاتىسەن ... ئىتتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ھەزكىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش، قورالسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ۋە كۆڭلىنى رەنجىتىشمۇ ئوڭايلا بىر گەپ...

— سەن ماڭا ساۋاق بەرمە! بىز سەنلەرنى بىلىمىز! «فۇرونتنى تاشلاپ چىقىپتىمىش!» ئەگەر بىز سەنلەرنى بىتچىت قىلمىغان بولساق، تاشلاپ چىقمىغان بولاتتىڭلار. مەن سەن بىلەن قانداق سۆزلەشسەم، سۆزلىشەلەيمەن.

— قويساڭچۇ، ئالېكساندىر! تىويدۇرۇۋەتتىڭغۇ! — دىدى سېرىق قاش ئەسكەر ئۆتۈنۈپ.

ئەمما ئالېكساندىر بۇرنىنى مىشىلدىتىپ گىرىگورىينىڭ قېشىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

— سەن، ئوفىتسېر، ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن چېقىشما، ئۇنداق بولمىغاندا ياخشى بولمايدۇ!

— مەن سىز بىلەن چېقىشىپ تۇرغىنىم يوق.

— ياق، چېقىشىۋاتىسەن.

ناتالىيە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، ئۆزۈك ئاۋاز بىلەن گىرىگورىينى قىچقاردى. گىرىگورىي ئالدىدا تۇرغان قىزىل ئەسكەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئىشىككە بارغۇچە، مەس ئادەمدەك دەلدەڭلەپ كەتتى. پېترو ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن غودۇڭشىدى.

— نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سەن ئۇ شەيتان بىلەن گەپ تەگىشىپ نىمە قىلىسەن؟ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشىشنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ ئۆزەڭنىمۇ، بىزنىمۇ تۈگەشتۈرىسەن! ئولتۇر! ...، — ئۇ گىرىگورىينى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە كۈچ بىلەن ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۆزى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

... گىرىگورىي ئاغزىنى ئېچىپ، تەشنالىق بىلەن هاۋانى ئىچىگە سۈمۈرۈپ ئولتۇردى، قاراقۇمچاق يۈزىدىن قىزىللىق يوقالدى، خىرەلەشكەن كۆزلىرى غۇۋا پاقىرايتتى.

— گىرىشكا! گىرىشېنكا! جانانىم! ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولما! — دەپ ئۆتۈنەتتى تىترىگەن ھالدا ناتالىيە، ۋاقىراپ يىغلىۋېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان باللىرىنىڭ ئاغزىنى بېسىپ.

— مەن نىمىشقىمۇ كەتمىگەندىمەن؟ — دېدى گىرىگورىي ۋە يۈرىكى سىقىلىپ، ناتالىيەگە قارىدى، — بولدى گەپ قىلمايمەن. بەس ئەمدى! يۈرىكىمنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى!

كېيىنرەك يەنە ئۈچ قىزىل ئەسكەر كىردى. ئىگىز قارا پاپاخ كىيگەن بىرسى، تۇرقىدىن باشلىقتەك كۆرۈنەتتى، سورىدى:

— بۇ ئۆيگە نەچچە ئادەم ئورۇنلاشتى؟

— يەتتە كىشى، — دەپ ھەممە ئۈچۈن جاۋاپ بەردى مەللە قاش ئەسكەر، ئۇنىڭ ئاۋازى لىۋېنكا گارمۇنىنىڭ بىر كۈيىگە ناخشا توۋلىغاندەك چىقتى.

— پىلىموتچى قاراۋۇل كوماندىسىمۇ مەشەگە ئورۇنلىشىدۇ. بىر ئاز سىقىلىشايلى.

ئۇلار كېتىشتى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازا غىچىرلىدى، ھويلىغا ئىككى ئات ھارۋىسى كىردى. پىلىموتنىڭ بىرسىنى دەھلىزگە سۆرەپ ئېپكىرىشتى. بىر ئەسكەر قاراڭغۇدا سەرەڭگە چېقىپ، قەھرى بىلەن ئاغزىنى بۇزاتتى، بەزىلىرى سارايىنىڭ چەللىسى ئاستىدا تاماكا چېكىشەتتى، يەنە بەزىلىرى خاماندا چۆپ سۇغىرىپ ئوت ياقاتتى، ئەمما ئۆي ئىگىلىرىدىن ھېچكىم تالاغا چىقمىدى.

— سەن بېرىپ، ئاتلارغا بىر قاراپ قويساڭ بولاتتى، —

دەپ پىچىرلىدى ئىلئىنىشنا چالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

چال مۈرىسىنى مىدىرلىتىپلا قويدى، ئەمما تالاغا چىقمىدى. كېچىچە ئىشىكلەر تاراقلاپ تۇردى. تورۇسقا ئاپپاق ھور كۆتىرىلىپ، تاملارغا شەبنەم تامچىلىرى قوندى، قىزىل ئەسكەرلەر مېھمانخانا ئۆيىنىڭ پولىغا تۆشەك سېلىشتى. گىرىگورىي ئۇلارغا پالاس ئېلىپ كېلىپ چاي رۇسلاپ بەردى، باشلىرىغا ياستۇق ئورنىدا ئۆزىنىڭ كالتە جۇۋىسىنى قويۇپ بەردى.

— مەن ئۆزەممۇ ئەسكەر بولغان، بىلىمەن، — دىدى ئۇ يارىشىش ئاھاڭىدا ھىلىقى ئۆزىنى دۇشمەن كۆرگەن قىزىل ئەسكەرگە كۇلۇمسىرەپ.

ئەمما قىزىل ئەسكەرنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى قىمىرلاپ، مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان بىر نەزەردە گىرىگورىيغا كۆز يۇگۇرتتى...

گىرىگورىي بىلەن ناتالىيە مۇشۇ ئۆيدە كارۋات ئۈستىدە يېتىشتى. قىزىل ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى باشلىرىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشتۇرۇپ، پالاس ئۈستىدە قاتىرىسىغا ئارىلاش - قۇرۇلاش يېتىشتى. ناتالىيە چىراقنى ئۆچۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭدىن قاتتىق تەلەپپۇزدا سوراشتى:

— ساڭا كىم چىراقنى ئۆچۈر دىدى؟ ئۇنداق قىلغۇچى بولما! پىلىكنى تولغاپ قوي، كېچىچە يېنىپ چىقسۇن.

ناتالىيە باللىرىنى ئايىغىغا ياتقۇزدى، ئۆزى كىيىمىنى سالماستىنلا تام تەرەپكە قىسىلىپ ياتتى. گىرىگورىي ئىككى قولىنى يانغا قويۇپ، ئۈنچىقماي ياتاتتى.

«ئەگەر كېتىپ قالغان بولساق، — دەپ ئويلىدى گىرىگورىي چىشلىرىنى چىشلەپ، ياستۇقنىڭ بىر بۇرجىكىنى يۈرىكىگە بېسىپ، — ئەگەر چېكىنىشكە كېتىپ قالغان بولساق، ھازىرلا

www.uyghurkitap.com

مانا شۇ كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ناتاشكىغا زورلۇق قىلىپ، ئاۋۇ يىلى پولشادا ھەلىقى فىرانە دىگەن قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغاندەك، كۆڭۈللىرىنى ئاچقان بولاتتى...»

قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بىرسى ھېكايە باشلىۋىدى، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بىر تونۇش ئاۋاز بۆلۈۋەتتى، بۇ ئاۋاز غۇۋا قاراڭغۇدا بىر نىمىنى كۆتكەندەك ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي، خوتۇن كىشى بولمىسا، ئەجەپ زېرىكىدىكەن كىشى! ئەمما ئۇي ئىگىسى بولسا، ئۇفىتسىر... ئۇلار بىزدەك سولتەك ماڭقىلارغا خوتۇنلىرىنى ئۆتنۈپ بەرمەيدۇ... ئاڭلاۋاتامسەن، خوجايىن؟

قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بىرسى ئاللىقاچان خورەككە چۈشكەن ئىدى، بىرسى ئۇيقۇچىلىقتا كۈلۈپ قويدى. قىزىل قاش ئەسكەرنىڭ ئاۋازى سۈرلۈك ياڭراپ چىقتى:

— ئاپلا، ئالېكساندىر، سېنى گەپكە كىرگۈزمەن دەپ تويۇپ كەتتىمغۇ، ھەر بىر ئۆيگە چۈشكەندە ماجرا چىقىرىسەن، لۈكچەكلىك قىلىسەن، قىزىل ئارمىيىنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىسەن. بۇنداق قىلىۋەرسەڭ بولمايدۇ! مەن ھازىرلا كومىسسارنىڭ قېشىغا ياكى روتا باشلىقىنىڭ يېنىغا بارىمەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟ بىز سەن بىلەن سۆزلىشۋالىمىز!

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى. پەقەت قىزىل قاشنىڭ ئاچچىغى بىلەن پىشىلداپ، ئۆتۈكىنى تارتىپ كىيىۋاتقانلىغى ئاڭلىناتتى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى جالاقلىتىپ چىقىپ كەتتى.

ناتالىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

گىرىگورىي دىرىلدەپ تۇرغان سول قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى، تەرلىگەن پېشانىسىنى، ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزىنى سىلايتتى، ئوڭ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ مەيدىسىنى خاتىرجەم كولاشتۇرۇپ، بارماقلىرى بىلەن ئۈچ كۆينىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئىختىيارسىز بىر يېشىپ، بىر ئېتىپ قوياتتى.

— بولدى، ئۇنۇڭنى چىقارما، جىم بول! — دېدى ئۇ ئاران- لا ئاڭلانغۇدەك پىچىرلاپ.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق- تۇققانلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىسىلا، ھەرقانداق سىناققا ۋە خورلۇققا بەرداشلىق بېرىشكە روھىي جەھەتتىن تەييار ئىكەن- لىكىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى.

سەرەڭگە يېقىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئالېكساندىرنىڭ يۈزىگە، كەڭ ئىلمەك بۇرنىغا، پاپىروس يېپىشىپ قالغان ئاغزىغا يورۇق چۈشتى. ئۇنىڭ ئاستا ئىنچىقلاپ، نۇرغۇن خورەكلەرنىڭ ئارىسىدا خۇرسىنىپ، كىيىمنى كىيىشكە باشلىغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇردى.

كۆڭلىدە قىزىل قاشقا چەكسىز مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈپ، تاشقىرىغا سەۋرىسىزلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان گىرىگورىي، دەرىزىنىڭ تېشىدىكى قەدەم تاۋۇشىنى ۋە غەزەپلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ، شاتلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي كەتتى:

— مانا ئۇ ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ تۇرىدۇ... نىمە قىلىش كېرەك... بىر بالا بولدىغۇ... يولداش كومىسسار...

ئاياق تاۋۇشى ئەمدى دەھلىزدە ئاڭلاندى - دە، ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. بىر ياش كوماندىرنىڭ ئاۋازى بۇيرۇق ئاھاڭىدا چىقتى:

— ئالېكساندىر تيورنىكوف، كىيىمىڭنى كىي، ھازىرلا بۇ

يەردىن كەت. مەن چۈشكەن ئۆيدە قونىسەن. ئەتىگەنلىككە بىز سېنى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە مۇناسىپ بولمىغان قىلمىشىڭ ئۈچۈن سوت قىلىمىز.

گىرىگورىي ئىشىك ئالدىدا بايىقى قىزىل قاشىنىڭ يېنىدا تۇرغان، ئۈستىگە قارا خۇرۇم كەمزۇل كىيگەن ئادەمنىڭ خەيرى-خاھلىق ۋە ئۆتكۈر نەزىرىگە يولۇقتى.

ئۇ تۇرقىدىن ياش كۆرۈنەتتى ۋە ياشلارغا خاس سۇرلۇك ئىدى؛ يېڭىدىن خەت تارتقان لەۋلىرى باشقىچە بىر قەتئىيەت بىلەن قىسىلغان ئىدى.

— تازا ئەنسىز بىر مېھمان يولۇقۇپ قالدىمۇ، يولداش؟— دىدى ئۇ گىرىگورىيغا قاراپ، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ،— خوش، ئەمدى ئۇخلاڭلار، بىز ئەتە ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويىمىز. ھەممەڭلارغا ئەزگۈلۈك تىلەيمەن. قېنى يۈر، تيورنىكوف.

ئۇلار كېتىش بىلەنلا گىرىگورىي بىر «ئۇھ» تارتىپ يېنىكلىشىپ قالدى. ئەتىسى قىزىل قاش ئۆي ئىجارىسى ۋە ئاش - تاماق پۇلىنى تۆلەش بىلەن بولۇپ، ئەتەي كېچىكىپ تۇرۇپ قالدى ۋە مۇنداق دىدى:

— خوش ئەمدى، ساھىپخانىلار، بىزدىن خاپا بولماڭلار، بىزنىڭ ئىچىمىزدە مۇنۇ ئالېكساندىر دىگەن كاللىسى ئېلىشىپ قالغاندەكلا بىر نەرسە، بۇلتۇر لۇگانىسكىدا — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ لۇگانىسكىلىق — ئوفىتسېرلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسى ۋە ھەمشىرىسىنى ئېتىپ تاشلىغان. شۇ سەۋەپتىن ئۇ مانا شۇنداق... خوپ، سىلەرگە رەھمەت. خەير - خوش، ھە، مۇنۇ نەرسىنى باللار-غا بېرىمەن دەپ تۇرۇپ، ئۇنتۇپ كېتىشكە تاس قاپتىمەن!— شۇنىڭ بىلەن ئۇ باللارنى ئېيتقۇسىز خوشال قىلىپ، نەرسە - كېرەك

سالىدىغان خالتىنىڭ ئىچىدىن كىرلىشىپ كۆكىرىپكەتكەنچاقماق قەنتنى چىقىرىپ، ئىككى بالىنىڭ ھەرقايسىسىغا بىر پارچىدىن تۇتقۇزدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ دىلى ئېرىپ، نەۋرىلىرىگە ئىگىلىپ قاراپ كەتتى.

— ئوھۇ، مانا ئۇلارغا نازارلىق! دىمىز بۇ قەنت دىگەن نەرسىنى كۆرمىگىنىمىزگە بىر يېرىم يىل بولدى ... ئەيسا مەسىھ نىجاتلىق بەرسۇن. يولداش!... بۇ تاغاڭلارغا تازىم قىلىڭلار! پولىيوشكا. ھەشقاللا ئېيت! قوزام، نىمىشقا ھېتىرقاپ تۇرىسەن؟

قىزىل ئەسكەر چىقىپ كەتتى، شۇ ئاندا چال ناتالىيەگە ئاچچىقلىنىپ:

— ھەي، سىلەر ئوقۇمىغان نادان-دە! ئۇنىڭغا ھېچ بولمىغاندا بىرەر نانني يوللۇق تۇتساڭ بولماسمىدى، ياخشىئادەمنىڭ ياخشىلىغىنى ياندۇرۇش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئېخ...،— دىدى.

— ماڭ، يۇگۇر!— دەپ بۇيرۇدى گىرىگورىي.

ناتالىيە رومىلىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، ھويلا ئىشىگىنىڭ تېشىدا قىزىل قاشنى قوغلاپ يەتتى. ئۇ ئىزا تارتىپ قىزارغان پېتى توقاچ ناننى قىزىل ئەسكەرنىڭ ئۇستىدىكى شىنېلىنىڭ چوڭ قۇدۇغىدەك چوڭقۇر يانچۇغىغا سىلىپ قويدى.

# 17

چۈش ۋاقتىدا، قىزىل بايراقلىق 6 - سىنتىبىرنىڭ پولكى ئالدىراش مارشىلەن يېزا ئىچىدىن ئۆتتى، بەزىبىرلىرى

www.uyghurkitap.com

كازاكلاردىن جەڭ ئاتلىرىنى تارتىۋالغان ئىدى. دۆڭنىڭ نېرىسىدا يىراق يەردە زەمبىرەك ئاۋازى گۈلدۈرلەپ ئاڭلىناتتى.

— چىر دەرياسى بويىدا جەڭ بولۇۋاتىدۇ. — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئېنىقلاپ.

كەچكى شەپەقىچە پېترومۇ، گرىگورىيمۇ هويلىغا نەچچە قېتىم چىقىشتى. دون بويىدا، نەدىدۇ بىر يەردە، ھەرھالدا ئۇست - خوپېرسكايانىڭ بېرىسىدە ئەمەس، غۇۋا زەمبىرەك ئۈنى ئاڭلىناتتى ھەمدە ناھايىتى ئاستا (توڭلاپ كەتكەن يەرگە قۇلاقنى ياققاندا ئاندىن ئاڭلىغىلى بولاتتى) پىلىموتلار چىكىلدايتتى.

— ئۇ يەردىمۇ يامان ئەمەس ئېتىشىۋاتىدۇ! گېنېرال گۇسېلشىكوف ئۇ يەردە گۇندوروفلۇقلار بىلەن بىللە، — دېدى پېترو تىزىدىكى ۋە پاپاخىدىكى قارنى قېقىپ، شۇندىن كېيىن ئۇ ھازىرقى قىلغان گېپىگە ھېچ ئالاقىسى بولمىغان بىر سۆزنى قوشۇپ قويدى، — بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. سېنىڭ ئېتىڭ، گرىگورىي، كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئات، خۇدا بىلىدۇ، ئېلىپ كېتىدۇ!

ئەمما چال بۇنى ئۇلاردىن بۇرۇنراق بىلگەن ئىدى. كېچىسى گرىگورىي ھەر ئىككى جەڭ ئاتلىرىنى سۇغارغىلى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ئىشىكتىن يېتىلەپ چىققاندا ئاتلارنىڭ ئالدى پۇتى ئاقساۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ماڭغان ئىدى — قاتتىق ئاقساپ ماڭدى؛ پېترونىڭكىمۇ شۇنداق، ئاكىسىنى چاقىرىپ، دېدى:

— ئاتلار پۇتىدىن ئايرىلىپتۇ. بۇ ئىشنى قارىمامدىغان! سېنىڭ ئېتىڭنىڭ ئوڭ پۇتى، مېنىڭ ئېتىمنىڭ سول پۇتى ئاغ-

رىغان ئوخشايدۇ. زەخىملەنگەن يېرى يوق ئىدى... ئاقباش يارىسى بولدىمىكىن؟

بىنەپشەرەڭ تۈس ئالغان قارنىڭ ئۈستىدە، كەچكى غۇۋا يورۇقلىرى ئۇيۇق شۇ ئىپىلىپ، ئاتلار مەيۈس بېشىنى ئىگىپ تۇرۇشاتتى، بىر ئورۇندا تۇرۇپ، ھېچ ئويناقلىمايتتى، تېپىر چىلىمايتتى. پېترو پەنەر ياققان ئىدى، ئەمما خاماندىن كەلگەن ئاتىسى ئۇنى توختاتتى:

— پەنەرنى نىمە قىلىسەن؟

— ئاتلار ئاقساپ قاپتۇ، ئاتا، پۇتىغا سۇ چۈشكەن بولۇشى كېرەك.

— سۇ چۈشسە يامانمىكەن؟ بىرەر مۆزدەك كېلىپ، ئىگەرلەپ، ھويلىدىن يېتىلەپ ماڭسۇن دەمسەن؟

— ئۇنداق بولسا، ئاقسىغىنى يامان بولماپتۇ...

— خوش، گىرىشكىغا ئېيتىپ قوي، مەن ئاقسىتىپ قويغان ئىدىم. بولقىنى ئېلىپ، سىڭىرلىرىنىڭ تۈۋىنىگە بىر - بىرلەپ مىخ قاقتىم، فورونت بۇ يەردىن چەتلەپ ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۇلار ئاقسايدۇ.

پېترو بېشىنى تولغاپ، بۇرۇتىنى چايناپ، گىرىشانىڭ قېشىغا كەتتى.

— ئوقۇرغا باغلاپ قوي. ئاتام ئۇلارنى ئەتەي ئاقسىتىپ قويۇپتۇ.

چالىنىڭ پەم - پاراستى ئاتلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. كېچىدە يېزىنى قايتىدىن دۈپۈرلىگەن ئاۋاز قاپلاپ كەتتى. كوچىلاردا ئاتلىقلار چېپىشىپ يۈرەتتى. بىر توپچىلار باتارېيىسى ئوكتۇل - دوكتۇل يەرلەردە چاقىلداپ، يانتۇ يەرلەردە غىلدىرلاپ مەيدان تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى. 13 - ئاتلىق پولك يېزىدا

www.uyghurkitap.com

قونۇشقا توختىدى. خىرىستونە مېلىخوفلارنىڭكىگە يېڭىلا كەلگەن ئىدى، ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكەتتى.

— سىلەرنىڭكىگە شەيتانلار كەلدىمۇ؟بۇ يەردە قونمامدىكەن؟

— هازىرچە خۇدا رەهىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. كەلگەنلەرمۇ بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۆڭكىلىك پۇرىقى بىلەن پۈتۈن ئۆيـمىزنى سېسىتىپ كېتىشتى!— دەپ غودۇڭشىدى ئىلئىنىشنا نارازى هالدا.

— مېنىڭ ئۆيۈمدە بولۇشتى، — خىرىستونەنىڭ تاۋۇشى شۇرىلاپ چىقتى، ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى چوڭ ئالقىنى بىلەن سۈرتتى. ئەمما خىرىستونە پولشا قازىنىدەك يوغان بېشىنى سىلكىپ تۇرۇپ، ئۇھ - ئۇھلاشقا باشلىدى ۋە كۆز يېشىدىن ئۇيۇلغاندەك بولدى.

— نېمە بولدۇڭ، خىرىستونە؟ — دەپ سورىدى پېترو كۈـلۈپ، خىرىستونەنىڭ كۆز يېشىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن ئىدى ئۇ. پېترونىڭ روهىنى كۆتەرگەنمۇ ئاشۇ خىرىستونەنىڭ كۆز يېشى ئىدى.

— قارا قوڭۇر ئېتىمنى ئېلىپ كېتىشتى... گېرمان سوقۇشـغا ئاشۇ ئاتتا بارغان ئىدىم... تېيىنچىلىقنى، دىمەك، بىللەتارتقان ئىدۇق... ئادەمگە ئوخشاش، دىمەك، ئەقىللىق ئىدى... ئۆزەم ئېگەرلەپ بەردىم، «ئېگەرلە مۇنۇنى، بولمىسا، ماڭا ئېگەرلەتكـلى قويمايدۇ» — دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا دەيمەن: «ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ئۆمۈر بويى ئېگەرلەپ بېرەمدىمەن؟ ئالدىڭمۇ، دىمەك، ئۆزەڭ باشقۇر»، ئاخىر ئېگەرلەپ بەردىم. ئەمما ئۇ ئادەم سىـياقىدا بىر نەرسە بولسىچۇ... شامنىڭ كۆتىگى ئىكەن! دىمەك، بويى بېلىمگىچىلىك كېلىدۇ، ئۆزەڭگىگە پۇتى يەتمەيدۇ... پەلەمـ

پەينىڭ قېشىغا ئېپكېلىپ مىندى... گۆدەك بالىدەك يىغلىۋەتتىم. «هەي، — دەيمەن ئايالىمغا، — ئەجەپ ياخشى كۆرەتتىم، ئۆزەم سۇغىرىپ، ئۆزەم يەم - خەشەك بېرەتتىم...»، — خىرىستونە يەنە پۈشتەك چاڭاندەك تېز - تېز شىۋىرلاپ سۆزلەشكە كۆچتى - دە، ئورنىدىن نۇردى. — ئېغىلغا قاراشقا قورقىمەن! هويلام گۆرۈستانغا ئايلىنىپ قالدى...

— مېنىڭ ئېتىم بىر غەنىمەت. ئاستىمدىن ئۈچ ئات ئوق يەپ ئۆلدى. مۇنۇ ئېتىم تۆتىنچىسى، بۇنىڭغا مەن ئەمدى ئۇنچىلىك...

گىرىگورىي تاشقىرىغا قۇلاق سالدى. دەرىزىنىڭ تېشىدا قارنىڭ غاراسلىغىنى، قىلىچنىڭ جىرىڭلىشى، «تىرررررر!» دىگەن پەس ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بىزگىمۇ كېلىشىۋاتىدۇ، بىلىقتەك پۇرىتىپ، لەنىتىلەر! ياكى بىرسى ئېيتىپ قويدىمىكىن...

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئالدىراپ قالدى. قوللىرى ئۆزىگە ئارتۇقچە بىر نەرسىدەك بولۇپ، قويغىلى يەر تاپالمايتتى.

— هەي خوجايىن! قېنى بۇياققا چىق! — دىدى بىرسى.

پېترو چەكمىنىنى يېپىنچاقلاپ، تاشقىرىغا چىقتى.

— ئېتىڭلار نەدە؟ ئېلىپ چىق!

— مەن قارشى ئەمەسمەن، ئەمما يولداشلار، ئۇلارنىڭ پۇتىغا سۇ چۈشكەن.

— قانداقىسىغا سۇ چۈشكەن؟ ئېلىپ چىقمامسەن! ئۇنى بىز بىكارغا ئېلىپ كەتمەيمىز. قورقما، ئۆزىمىزنىڭ ئېتىنى قويۇپ كېتىمىز.

بىر - بىرلەپ ئاتلارنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقتى.

— ئاۋۇ يەردە يەنە بىر ئات تۇرىدىغۇ. نىمىشقا ئېلىپ چىقمايـ

سەن؟ — دەپ سورىدى فىزدىل ئەسكەرلەرنىڭ بىرى پەنەرنىڭ يوروغىنى چۈشۈرۈپ.

— ئۇ بايتالغۇ، بوغاز، بەك قېرى. ئۇ 100 ياشقا كىرەي دەپ قالدى...

— ھەي، ئىگەرلەپ ئېپكەل! توختا، راستىنلا ئاقساۋاتتىدىغۇ... نەگە ئېلىپ بارىسەن، بىز مىنىپلارنى؟ جايىغا ئاپىرىپ قوي!... — دەپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى چىراق تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەر.

پېترو ئاتلارنىڭ نوختىسىدىن تارتىپ، پۈرۈلگەن ئاغزىنى، يۈز - چىرايىنى كۆرسەتمەي، چىراقتىن قاچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

— ئىگەرلىرى قېنى؟

— بۈگۈن ئەتىگەن يولداشلار ئېلىپ كەتتى.

— يالغان سۆزلەيسەن، كازاك! كىم ئېلىپ كەتتى؟

— خۇدا تۇرۇپتۇ!... خۇدا ئۇرسۇن، ئېلىپ كېتىشتى. مىتسىپىنىڭ پولكى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئېلىپ ماڭدى. ئىگەر بىلەن بىللە، ھەتتا ئىككى خاموتنىمۇ ئېلىپ كەتتى.

ئۈچ ئاتلىق تىللاپ قويۇپ، كېتىپ قېلىشتى. ئاتنىڭ تەرى ۋە چىللىسىنىڭ پۇرىقىنى ئۆزىگە يۇقتۇرغان پېترو ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن لەۋلىرى جىلمىيىپ، بىر ئاز ماختانغاندەك بولۇپ، خىرىستونىنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ قويدى.

— مانا شۇنداق قىلىش كېرەك! ئاتلار ئاقساپ قالدى، ئىگەرلەرنى ئېلىپ كەتتى دېمىش... ھەي، سەن تېخى!...

ئىلىئىنىشنا چىراقنى ئۆچۈرۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە پايپاسلاپ يۈرۈپ، تۆشەك سېلىشقا كىرىشتى.

— ئۆينى قاراڭغۇ قىلايلى، ئۇنداق بولمىغاندا، يەنە قون-

غۇچىلار كېلىپ قالىدۇ. — دېدى ئۇ.

× ×

شۇ كېچىسى ئانىكۇشكىنىڭ ئۆيىدە كۆڭۈل ئېچىش بولدى. قىزىل ئەسكەرلەر خوشنا كازاكلارنى چاقىرىشنى ئۆتۈندى. ئانىكۇشكا مېلېخوفلارنى چاقىرغىلى كەلدى.

— قىزىللار بولسا نېمە بوپتۇ؟! بىزگە قىزىللارنىڭ نېمە دەخلى بار؟ ئۇلار چوقۇندۇرۇلغانلار ئەمەسمىكەن؟ ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش رۇسلارغۇ؟ خۇدا تۇرۇۋېتىۋ، خالىساڭلار، ئىشىنىڭلار، خالىمىساڭلار مەيلى... مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ماڭا نېمىتى؟... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر جوھۇت بار ئىكەن، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم. جوھۇتلارنى بىز پولشىدا قىرىپ تاشلىغان ئىدۇق... ھىم! ئەمما مۇنۇسى ماڭا بىر ئىستاكان دىمكا* تۇشقۇزۇپ تۇتتى. جوھۇتلارنى ياخشى كۆرىمەن!... قېنى، يۈرەيلى، گىرىگورىي! پېتە! سەن مەندىن يىرگەنمە...، — دېدى.

گىرىگورىي بېرىشقا ئۇنىمىدى، ئەمما پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مەسلىھەت بېرىپ:

— بار، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنى تۆۋەن كۆرۈپتۇ، دېيىشىدۇ. سەن بار، ئۆچ ساقلىما، — دېدى.

بۇلار ھويلىغا چىقىشتى. ئىللىق كېچە ھاۋارايىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. كۈل ۋە تېزەك تۇتۇنىنىڭ ئىسى دىماققا ئۇرۇلاتتى. كازاكلار بىرئاز ئۈنچىقماي تۇرۇشتى. ئاندىن مېڭىپ كېتىشتى. دارىيە ئۇلارنى يان ئىشىك

* دىمكا — ئۆيدە قول بالىسى قىلىپ ياسالغان كۈچلۈك ھاراق — ت.

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئالدىدا قوغلاپ يەتتى،

ئۇنىڭ سۇرمە ياققان قاشلىرى يۈزىدە قالغاچنىڭ قانىتىدەك قۇيرۇق تارتىپ، ئاينىڭ بولۇت ئارىسىدىن چۈشكەن غۇۋا شولىسىدا قارا مەخمەلدەك پاقىرايتتى.

— مىنىڭ ئايالىمغا ئىچكۈزۈشۈۋاتىدۇ... بىراق ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇكام، بۇرادىرىم، مەندىمۇ كۆز بار...، — دىدى ئانىكۇشكا غودۇڭشىپ، ئەمما هاراقنىڭ كۈچى ئۇنى قاشاغا ئىرغىتىپ تاشلاپ، سوقماق يولدىن قار دۆۋىسىگە موللاق ئاتقۇزدى.

ئايىغى ئاستىدا كۆكۈش ئۇششاق قار دانىچىلىرى قەنتتەك ئۇۋۇلاتتى. ئاسماننى قاپلىغان سۇر پەردىدىن قار بورىنى توزغۇيتتى.

شامال تاماكا ئوتىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپ، قار توزىنى بىلەن قوشۇپ، سۈرۈپ - توقاي قىلاتتى، ئۇ يۇلتۇز ئاستىدىكى ئاق ماموق بولۇتقا يىرتقۇچلۇق بىلەن هۇجۇم قىلاتتى (ئاشۇ پىتى لاچىندەك قوغلاپ بىرىپ، بۇرتۇپ چىققان كۆكرىكى بىلەن ئاققۇغا ئۆزىنى ئۇراتتى)، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئاپپاق ماموق پەرلىرى دولقۇنسىمان چايقىلىپ، جىم بولۇپ قالغان يەر ئۈستىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، يېزىنى، بىر - بىرىگە چېتىشىپ كەتكەن چوڭ يوللارنى، دالىنى، ئادەم ۋە هايۋان ئىزلىرىنى يېپىپ تاشلايتتى...

ئانىكۇشكىنىڭ ئۆيىدە نەپەس ئېلىش مۇمكىن بولامدىغان. چىراقتىن كۆيە ئىس چىقىپ، قاپ - قارا ئىنچىكە تىللىرىنى هەر تەرەپكە سوزاتتى. تاماكا تۈتۈنىدىن هىچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. گارمۇنچى قىزىل ئەسكەر گارمۇنىنىڭ تىرە كۆرىگىنىڭ هەممە قاتلاقلىرىنى خالىغانچە ئىشقا سېلىپ، شادا پاچاق

پۈتلىرىنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ ئولتۇرۇپ، «ساراتوف چاستوشكىسى»نى سوزۇۋاتاتتى. ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، خوشنا ئاياللار قاتار ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئانىكۇشكىنىڭ ئايالىنى، ماش رەڭ پاختىلىق ئىشتان كىيگەن، پۇتىدىكى كالتە قونچلۇق ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغا ھەددى مۇزىيىدىن ئېلىنىۋالغاندەك يوغان تۆمۈر نەيكە تاقىغان بەستلىك بىر كىشى ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. گۈلى ئۇششاق ئاق بەررە كۆپىدىن تىكىلگەن تۇمىغى جىنگىلەك چاچ گەجگىسىگە سىرۇلۇپ قويۇلغان، قارامتۇل يۈزىسى تەر باسقان ئىدى. ھۆل قولى ئانىكۇشكىنىڭ ئايالىنىڭ دۈمبىسىنى ئۇتتەك قىزىتىپ تۇراتتى.

كېلىنچەك بولسا ئاللىقاچان خۇدىنى يوقىتىپ قويغان: ئاغزى شۆلگەيلىنىپ قىزىرىپ كەتكەن؛ نېرىراق سۇرۇلۇپ ئولتۇراي دىسە، دەرمانى يەتمەيدۇ؛ ئۇ ئۆزىمۇ ئېرىنى ۋە ئاياللارنىڭ كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما دۈمبىسىدىن قۇدرەتلىك قولنى مۇنداقلا ئىتتىرىۋېتىشكە كۈچ يوق؛ كېچىككىنە ئۆيات قىلىشمۇ يوقتەك قىلاتتى، ئۇ مەسىلىكتىن ۋە ھالسىزلىقتىن كۈلۈپ تۇراتتى.

شىرە ئۈستىدە ھاراق خۇمىرىلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلغان بولۇپ، ئۆي ئىچىگە ئىسپىرت پۇرىغى تولغان ئىدى. داستىخان دەسمالدەك ھۆل بولۇپ كەتكەن، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يەر پولنىڭ ئۈستىدە 13 ـ ئاتلىق پولكنىڭ بىر ۋىزۋوت كوماندىرى يىپشىل شەيتاندەك پىقىراپ، چاستوشكا كۈيىگە دەسسەۋاتاتتى. ئۇ پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، يالاڭ قەۋەت پايتىما ئورىغان، گەلىفى شىمى — ئوفىتسېر سۆكنىسىدىن تىكىلگەن ئىدى. گىرىگورىي بوسۇغىدىن ئۇنىڭ ئۆتۈكى بىلەن

www.uyghurkitap.com

گەلىنى شىمىغا قاراپ: «بىر ئوفىتسېردىن سالدۇرۇۋالغانغۇ...» دەپ ئويلىدى. كېيىن ئۇنىڭ يۈزىگە نەزەر سالدى: قارا قومچاق يۈزى تەرلەپ، قارا تورۇق ئاتنىڭ ساغرىسىدەك پاقىراپ تۇراتتى. يۇمۇلاق قولىغىنىڭ چانىغى كېرىلگەن، لەۋلىرى قېلىن ھەم سالپايغان. «جوھۇت تۇرۇقلۇق ئەجەپ چاققان ئىكەن!» دەپ ئويلىدى گىرىگورىي ئىچىدە. ئۇنىڭغا ۋە پېتروغا ساموگون ھارىغى قويۇشتى. گىرىگورىي ئېھتىيات بىلەن ئىچتى. ئەمما پېترو تېزلا قىزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر سائەتتىن كېيىن يەر پولنىڭ ئۇستىدە ئوكراينىچە «كازاچوك» ئۇسۇلىنى ئويناپ، پاشنىسى بىلەن چاك چىقىرىۋەتتى. خىرىلداپ تۇرۇپ، گارمونچىدىن: «تېزرەك، تېزرەك!» دەپ ئۆتۈندى. گىرىگورىي شىرەنىڭ يېنىدا كاۋا ئورۇغىنى چېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن بويلۇق سىبىرىيىلىك پىلىموتچى ئولتۇرغان. بۇ پىلىموتچى ياش بالىنىڭكىدەك يۇمۇلاق يۈزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، شىپىلداپ چىقىدىغان تاۋۇشلارنى سىلغايتىپ، يۇمشاق سۆزلەيتتى: «تىس»نى «س» تەلەپپۇز قىلىپ، «تىسىلى پولك»* نى «سىلى پولك»، «مېسەتىس»نى * * «مېسەس» دەيتتى...

— كولچاكنى بىتچىت قىلىۋەتتۇق. ئەمدى سىلەرنىڭ كىراسنوفلىرىڭنىڭ كېلىشتۈرۈپ ئەدىۋىنى بەرسەك، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام ـ ۋەسسالام، مانا شۇنداق! شۇندىن كېيىن يەر ھەيدەشكە ماڭىسەن، يەر دېگەن چەكسىز كەتكەن تەگسىز ھاڭ، ئۇنى ئېلىپ، نەرسە ئۈندۈر! يەر دېگەن ئايال كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ قوينۇڭغا يۈگۈرۈپ كەلمەيدۇ، ئۇنى تارتىۋېلىش

* «تىسىلى پولك» ــ پۈتۈن پولك دېگەن مەنىدە.

* * «مېسەتىس» ــ ئاي دېگەن مەنىدە.

لارنى. كىمكى تـوسقۇنلۇق قىلسا، ئۆلتۈرۈش كېرەك. بىزگە سىـ
لەرنىڭ يېرىڭلارنىڭ كېرىگى يوق. ھەممىگە باراۋەر بۆلۈپ بەر-
سەك بولدى...

گىرىگورىي خوپ دەپ قـوشـۇلدى، ئەمما بىلىندۇرمەستىن قىزىل ئەسكەرگە پات ـ پات قاراپ قويىاتتى، خەۋپسىرەشكە ھېچ قانداق ئاساس يـوقتەك قىلاتتى. ھەممەيلەن پېتروغا قـايىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ يـۇمۇلاق فىگور چىقارغان ۋە سىلىق ئەۋرىشىمدەك ھەركەتلىرىگە داڭقـېتىپ قـاراپ قېلىشتى. ئاۋازىـ دىن قـارىغاندا مـەس ئەمەس بىرسى زوقلانغان ھـالدا: «ۋۇي شەيتان! هوب بەللى!» دەپ هـايقىراتتى. ئـەمما گىرىگورىي تاـ سادىپى بىر قىزىل ئەسكەر سىتارشىنانىڭ ئۆزىگە كۆزىنى قىسىپ دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغانلىغىنى بـايقاپ قالدى ـ دە، ئېھتىـ ياتچان بولۇپ، ئىچىشنى توختاتتى.

گارمۇنچى پولكا ئـۇسۇلىغا چېلىشقا بـاشلىدى. ئـاياللار قول تۇتۇشۇپ تـانسىغا چۈشتى. قىزىل ئـەسكەرلەرنىڭ بىرسى دۈمبىسى ھاك بىلەن ئاقارغان پېتى، دەلدەڭلەپ كېلىپ، خىرىسـ تونە بىلەن خوشنا ئۇلتۇرىدىغان ياش ئايالنى تـانسىغا تەكلىپ قىلغان ئىدى، بۇ ئايال ئۇنىماي، پۈرمە ئىتىگىنى تۇتقان پېتى گىرىگورىينىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— يۈر، بىللە تانسا قىلايلى!

— ئۇينىغۇم يوق،— دىدى گىرىگورىي.

— يۈر، گىرىشا! لاجۇۋەرد گۈلۈم!

— شوخلۇقنى قوي، ئوينىمايمەن!

ئـايال زومۇ زو كۈلۈپ، ئۇنىڭ يىڭىدىن تارتتى. گىرىـ گورىي قاپىغىنى تۈرۈپ، زادىلا گـەپكە كىرمىگەن ئىدى، ئـەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايالنىڭ كۆز قىسقانلىقىنى بايقاپ ئورنىدىن تۇردى. بولار ئىككى ئايالنىڭ ئاندىن كېيىن، گارمونچى بارماقلىرىنى باس ئاۋازغا يۆتكىدى، شۇ پەيتتە ئايال بىر سېكۇنتتىن پايدىلىنىپ، بېشىنى گىرىگورىينىڭ مۈرىسىگە قويدى ـ دە، ئارانلا ئاڭلانغۇدەك پىچىرلىدى:

— سېنى ئۆلتۈرۈشكە تىل بىرىكتۈرۈشتى... بىرسى سېنى ئوفىتسېر دەپ مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ... يۈگۈر، قاچ...

شۇندىن كېيىن ئۇننى چىقىرىپ:

— ئۇھ، بېشىم ئەجەپمۇ ئايلىنىپ كەتتى! — دېدى.

گىرىگورىي خۇرسەن بولدى. شىرەگە كېلىپ، بىر كىرۇژكا ساموگوننى ئىچىۋەتتى ـ دە، دارىيەدىن:

— پېترو مەس بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنىڭغا يېقىن، — دەپ ئىچ ئاغرىتتى.

— ئۆيگە ئېلىپ كەت.

دارىيە پېترونىڭ ئىنتىرىشلىرىنى ئەرلەرچە كۈچ بىلەن بېسىپ، ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ كەتتى. گىرىگورىي بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى.

— نەگە، نەگە بارىسەن؟ نەگە بارىسەن دەيمەن سېنى؟ ياـ ق! قولۇڭدىن سۆيۈپ قوياي، كەتمىگىن!

ئەرق مەس بولۇپ قالغان ئانىكۇشكا گىرىگورىيغا يېپىشتى، ئەمما گىرىگورىي ئۇنىڭغا شۇنداق تىكىلىپ قارىغان ئىدى، ئانىكۇشكا قوللىرىنى كېرىپ، بىر ياققا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك ئۇلپەتلەر، خەير ـ خوش! — گىرىگورىي بوسۇغىدا تۇرۇپ شەپكىسىنى سىلكىدى.

جىنگىلەك چاچ يەلكىسىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ، كەمىرىنى

ئوكشىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. پەلەمپەينىڭ قىشىغا كەلگەندە، ئۇ گىرىگورىينىڭ يۈزىگە نىنىغىنى چىقىرىپ، ياۋۇز كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ:

ــ سەن نەگە بارىسەن؟ ــ دەپ سورىدى ـ دە، شىنىلنىڭ يېڭىگە مەھكەم يېپىشتى.

ــ ئۆيگە، ــ دەپ تـوختىماستىنلا جاۋاپ بەردى گىرىگورىي ئۇنى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ. «ياق، سىلەر مېنى تىرىك پېتى قولغا چۈشۈرەلمەيسىلەر!» ــ دەپ ئويلىدى ئۇ ھاياجان ۋە شاتلىق ئىچىدە.

جىنگىلەك چاچ سول قولى بىلەن گىرىگورىينىڭ جەينىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر نەپەس ئېلىپ، يانمۇ يان ماڭدى. ھويلىنىڭ يان ئىشىگى ئالدىدا ئۇلار بىردەم توختاپ تۇرۇشتى، گىرىگورىي ئىشىك ئىچىرلاش بىلەنلا، قىزىل ئەسكەرنىڭ دەرھال ئوڭ قولى بىلەن يانپىشىنى سىلىغانلىغىنى، تىرناقلىرى بىلەن تاپانچا قېپىنىڭ ياپقۇچىنى تاتىلىغانلىغىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇ ئاندىلا گىرىگورىي ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغان يات بىر نەزەرنىڭ كۆك نەشتىرىنى كۆردى ـ دە، شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، تاپانچا قېپىنىڭ تۈگمىسىنى تاتقۇشلىغان قولنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئۇ تامغىنى قىرىپ قويۇپ، قولنىڭ بېغىشىدىن مەھكەم سىقىپ، دەھشەتلىك كۈچ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئىڭىشىۋالدى ـ دە، قىزىل ئەسكەرنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنى ئۇزاقتىن بۇيان پىششىق بىلىدىغان بىر ئۇسۇل بىلەن بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ يەرگە ئۇردى. بايا تۇتۇۋالغان قولنى پەسكە قاتتىق تارتقاندا، جەينىگىنىڭ بوغۇنلىرى غاراسلاپ سۇنغانلىغىنى سەزدى. قوزىنىڭ بېشىدەك جىنگىلەك ئاق سېرىق چاچ

www.uyghurkitap.com

بېشى فارنىڭ دۆۋىسىگە سانچىلىپ قالدى.

گىرىگورىي تار كوچىدا، قاشانىڭ تۈۋى بىلەن ئىڭشىپ مېڭىپ، دون تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئاياقلىرى ئۇنى دۆڭدىن پەسكە يۈرۈشىنىدەك ئىتتىرىپ تېز چۈشۈرۈۋەتتى... «ئەمدى ساقچى قىسىملار ئۇچراپ قالمىسا ياخشى بولاتتى، نېرىقى تەرەپتە...» ئۇ بىر سېكۇنتچە توختاپ تۇردى: ئارقا تەرەپتە ئانىكۇشكىنىڭ ھويلىسى ئۆز پېتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مىلتىق ئېتىلدى. ئوق يىرتقۇچلارچە ۋىژىلداپ ئۆتتى. يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلدى. تاغنىڭ ئىتىگىدە، قاراڭغۇ كېچىكتىن ئۆتۈپ، دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىغا چىقىشى كېرەك. دوننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر ئوق چىقىراپ كېلىپ، گىرىگورىينىڭ قېشىدىكى كۆپۈپ تۇرغان مۇزنىڭ دائىرە شەكلىدىكى سۈپ - سۈزۈك يۈزىنى غاجىۋەتتى، مۇز پارچىلىرى چاچراپ چىقىپ گىرىگورىينىڭ بوينىنى چىمىلدىتىۋەتتى. ئۇ دوندىن يۈگۈرۈپ كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. مىلتىق ئاۋازى چوپانلارنىڭ قامچىسىدەك ھىلىغىچە قاسىلداپ تۇراتتى. گىرىگورىي قۇتۇلغىنىغا ئانچە خوش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما باشتىن كەچۈرگەن ئىشقا بىپەرۋا قاراش تۇيغۇسى ئۇنى بىزاۋىتا قىلىپ قويدى. «ياۋايى ھايۋانلارغا ئاتقاندەك ئېتىۋاتىدىغۇ بۇ ئوقلارنى! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىچە، ئاندىن يەنە توختاپ تۇردى، — ئارقامدىن ئىزلەپ كەلمەيدۇ، ئورمانغا كىلىشكە قورقىدۇ... ئۇنىڭ قولىنىغۇ ئوبدان داۋالاپ قويدۇم. ھەي، نائىنساپ، كازاكنى قۇرۇق قول بىلەن ئەپلىمەكچى بولغان ئىدىڭ!»

گىرىگورىي قىشلىق ئوت - چۆپ دۆۋىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، ئەمما ئېھتىيات قىلىپ، ئۇ يەرنى چەتلەپ ئۆتۈپ كەت-

تى ـ دە، دان ئىزلەشكە چىققان توشقاندەك، ئۇزاققىچە ئەتراپنى
ئارىلاپ، ئىزمۇ ئىز مېڭىپ يۈردى. ئاخىرى تاشلاندۇق قورۇق يـ
كەن دۆۋىسى ئىچىدە قونۇپ قېلىشقا قارار قىلدى. دۆۋىنىڭ ئۈسـ
تىنى يايپاقلىدى. پۈتىنىڭ ئاستىدىن بىر ئاغمىخان تېپىلىپ ئۆـ
تۈپ كەتتى. چىرىپ بەتبۇي چىقىپ تۇرغان يىكەن دۆۋىسى ئىچىگە
كۆمۈلۈپ يېتىش بىلەنلا گىرىگورىي تىترەپ كەتتى، كاللىسىغا ھېچـ
قانداق ئوي ـ پىكىر كەلمىدى. پەقەت كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە
خالا ـ خالىماس بىر ئوينى ئويلىدى: «ئەتە ئاتنى ئىگەرلەپ،
قورونت ئارقىلىق يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆز كىشىلىرىمىز قېشىغا كەتسەم
بولامدىكىن؟» ـــ ئەمما بۇ سوئالغا جاۋاپ تاپالماي، جىمىپ
قالدى.

سەھەرگە يېقىن توڭلاشقا باشلىدى. بېشىنى چىقىرىپ قاـ
رىسا. تاڭ نۇرى ئۇنى خوشال قىلىپ، ئۈستىگە لىغىرلاپ شولا
چېچىپ تۇرۇپتۇ. قارامتۇل كۆك ئاسماننىڭ قەرى گويا دون
دەرياسىنىڭ تېيىز يېرىگە ئوخشاش، تەگ ـ تېگىدىن ئېچىلىپ
قالغاندەك تۇيۇلاتتى: تاڭ ئالدىدىكى ئاسماننىڭ قاق ئۈستى
كۆل رەڭ لاجۇۋەرد تۈسكە كىرگەن، چەت ـ ياقىلىرىدا چېچىلىپ
تۇرغان يۇلتۇزلار ئۆچۈپ كېتىۋاتاتتى.

## 18

ئۇرۇش سېپى ئۆتۈپ كەتتى. جەڭ كۈنلىرىمۇ بېسىقىپ قالـ
دى. ئاخىرقى بىر كۈنى 13 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ پىلىموتچىلىرى
كېتىش ئالدىدا ئوكرايىنچە يالپاق چانىغا موخوفنىڭ گىرامماڧوـ

نىنى سىلىۋېلىپ، يېزا كوچىلىرىدا ئۇزاق ۋاقىت ئاتلىرىنى ماغزاپتەك تەرگە چۆمدۈرۈپ چېپىپ يۈردى. گىراممافون خىقىرىدى، كاكىراپ قالدى (چۈنكى كانايىنىڭ كەڭ كىكىرتىكىگە ئات تۇياقلىرىدىن چاچرىغان قار چالپاقلىرى تىقىلىپ قالغان ئىدى). بېشىغا سىبىرىيە قولاقچىسى كىيگەن پىلىموتچى كانايىنى بىپەرۋالىق بىلەن تازىلاپ، گىراممافوننىڭ ئويما تۇتقۇچىنى خۇددى پىلىموتنىڭ زاتلىنىگىدەك ئىشەنچ بىلەن باشقۇراتتى. ئۇششاق باللار سۈر بۇلۇتتە توپلىشىپ ئۇچقان قۇشقاچتەك چانىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشەتتى؛ ئۇلار چانىنىڭ تەگلىسىگە ئېسىلىۋېلىپ چۇقۇرىشاتتى: «تاغا، مۇنۇ يېرىنى تولغىغىنا، قانداق ئىسقىرتىدىكەن! تولغا دەيمەن، تاغا!» ئىككى بەختلىك بالا پىلىموتچىنىڭ تىزىغا ئولتۇرۇۋالدى، پىلىموتچى گىراممافون تۇتقۇچىنى ئايلاندۇرماي، تەنەپپۇس قىلغان چاغلاردا، تىزىدىكى بىر كىچىك بالىنىڭ سوغاقتىن تىترىسى سويۇلغان ۋە ئۇلۇغ بەختتىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇرنىنى پەلەي بىلەن ئالايىتەن كۆڭۈل قويۇپ ۋە جىددى تۈردە سۈرتۈپ قوياتتى.

كېيىن ئۇست - مېچېتكا كەنتىنىڭ قېشىدا بولۇۋاتقان جەڭلەر ئاڭلىنىپ تۇردى. جەنۇبىي فورونتىكى 8 - ۋە 9 - قىزىل ئارمىيىلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوق - دورا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئات - ھارۋىلار ئارىلىغى شالاڭ ھالدا قاتار سوزۇلۇپ، تاتارىسكى ئارقىلىق ئۆتۈۋاتاتتى.

3 - كۈنى چاپارمەنلەر ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، كازاكلارنى يىغىنغا بېرىڭلار دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

— كىراسنوفنى، ئاتامان سايلايمىز! — دېدى ئانتىپ بىرېخوۋىچ، مېلېخوفلارنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

— ئۇنى سايلامدۇق ياكى يۇقۇرىدىن بىزگە ئەۋەتىپ

بىرەمدۇ؟ — دەپ قىزىقىپ سوزىدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ.
— قانداقلىقىنى شۇ يەرگە بارغاندا بىلىمىز...
مەجلىسكە گرىگورىي بىلەن پېترو باردى. ياش كازاكلار-نىڭ ھەممىسى يىغىلىشتى. قېرىلار يوق ئىدى. پەقەت ئاۋدېيىچ يالغان ئەتراپىغا بىر توپ قىزىقچىلارنى يىغىۋېلىپ، ئۆز ئۆ-يىدە قىزىل كومىسسار تۇرغانلىقىنى ۋە بۇ كومىسسار ئۇنى، ئاۋ-دېيىچنى كوماندىرلىق خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى توقۇپ چى-قىرىپ سۆزلەپ بەردى.
— «مەن سىزنىڭ بۇرۇنقى ھەربى خىزمەتتە ۋاخىستىر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمىگەن ئىكەنمەن، — دەيدۇ ئۇ، — ئۇنداق بولمىغاندا، مەن سىزنى مەمنۇنىيەت بىلەن، يۇرۇڭ ئاتا، خىز-مەتكە مەرھەمەت قىلىڭ دىگەن بولاتتىم...»
— قانداق خىزمەتكە؟ سېنى نەگە ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەت-مەكچى ئىكەن؟ — دەپ ھىجايدى مىشكا كوشېۋوي.
بۇنىڭ سۆزىنى قالغانلارمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن قوللاشتى:
— كومىسسارنىڭ بايتىلىنىڭ باشلىقلىقىغا. ئۇنىڭ فۇيرۇ-غىنىڭ ئاستىنى يۇيۇپ تۇرىدۇ.
— يۇقۇرىراق ئورۇننى ئال!
— ھى - ھى - ھى!...
— ئاۋدېيىچ! ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ سېنى 3 - دەرىجىلىك كار-ۋان ھارۋىنىڭ كۆكتات لاۋازىمەتچىسى بولسۇن، دەپتۇ.
— سىلەر ھەممە ئىشنى بىلىپ كەتمەيسىلەر... كومىسسار ئۇنى گەپ بىلەن گۆل قىلىپ تۇرغان پەيتتە، كومىسسارنىڭ چا-پارمىنى ئۇنىڭ مومىيىغا يىگىتلىك قىلىدىكەن. شۇ چاغدا ئاۋدې-يىچ شۆلگىيىنى ئىقىتىپ، ماڭقىسىنى ساڭگىلىتىپ، كومىسسارنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۆزىگە قۇلاق سېلىش بىلەن بولىدىكەن...

ئاۋدىيىچ ئۆزىگە كۆز تىكىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر-بىر قاراپ چىقتى - دە، شۆلگىيىنى يۇتۇپ سورىدى:

— كېيىنكى سۆزنى كىم ئېيتتى؟

— مەن! — دەپ ئارقىدا تۇرغان بىرسى باتۇرلۇق بىلەن جاۋاپ بەردى.

— مۇنداق ئېتىڭ بالىسىنى سىزلەر كۆرگەنمۇ؟ — ئاۋدىيىچ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى ئىزلىدى، بۇنداقلار ئاز چىقمىدى.

— ئۇ رەزىل نەرسە، مەن بۇرۇندىلا ئېيتىۋاتىمەنغۇ.

— ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادى شۇنداق.

— ئىسىت، مەن ياشراق بولۇپ قالغان بولسام...، — ئاۋدىيىچنىڭ ئىككى مەڭزى لاۋۇلداپ بىر شىنگىل بۆلدۈرگەندەك قىزىرىپ كەتتى، — مەن ياشراق بولۇپ قالغان بولسام، كۆرسىتىدىغىنىمنى كۆرسىتىپ قوياتتىم! سېنىڭ پۈتۈن قىلغىنىڭ خوخولچە. سەن تاگانروگنىڭ قاراماي قاچىسى! خوخولنىڭ ئىشتان بېغى سەن!...

— ئىمىشقا سەن، ئاۋدىيىچ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشمايسەن؟ سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇ ياش سويمىغۇ.

— ئاۋدىيىچ، ئېھتىمال، ئۇنى يېرىۋەتكەن...

— قىينالغانلىقتىن، كىندىكىم يېشىلىپ كېتىدۇ، دەپ قورقىدۇ...

ئۆز ئابرويىنى ساقلاپ، ئارقىسىغا قايتقان ئاۋدىيىچنى كۆپچىلىك قىيا - چىيا كۈلكە بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. مەيداندا كازاكلار توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشاتتى. مىشكا كوشۋوينى ئۇ-

زاق ۋاقىتتىن بۇيان كۆرمىگەن گىرىگورىي ئۆنىڭ قېشىغا كەلدى.

— سالامەتمۇسەن، پولكداش!

— خۇداغا شۈكۈر!

— نەگە يوقىلىپ كەتتىڭ؟ قايسى بايراقنىڭ ئاستىدا خىزمەت قىلدىڭ؟ — گىرىگورىي كۈلۈپ، مىشكىنىڭ قولىنى قىستى، ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىگە قاراپ كەتتى.

— ئوھۇ! مەن، بۇرادەر، يىلقىچىلىق مەيدانىدىمۇ بولدۇم، كالاچوۋ فرونتىدىكى ئىشتىراف بۆلۈمىسىدىمۇ بولدۇم. بارمىغان يېرىم قالمىدى! ئۆيگە ئاران بالالىقتا كېلىۋالدىم. فرونتتا قىزىللار تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈۋالاي دىگەن ئىدىم، ئەمما ئۇ يەردە مېنى، ئانىسى ئۆز قىزىغا كۆز قۇلاق بولۇپ تۇرغاندىنمۇ بەتتەر كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. ئالدىنقى كۈنى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ قېشىمغا كەپتىكەن، ئۈستىدە يەڭگىل كىگىز چەكمەن، ھەربى يۈرۈش كىيىمى بولسا كېرەك. «قېنى، مىلتىقنى بەتلەپ، كېتىش كېرەك» — دەيدۇ. مەن كېلىپلا ئۇنىڭدىن سورىدىم: «سەن راستىنلا چېكىنىشكە بارامسەن؟» ئۇ بۇ سوئالغا مۇرىسىنى مىدىرلىتىپ: «ئاتامان شۇنداق دەپ بۇيرۇپتۇ. مەن تۈگمەندە خىزمەت قىلغانىغۇ، ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولسام كېرەك» — دىدى. شۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى ـ دە، كېتىپ قالدى. مەن ئۇنى راستىنلا چېكىنگەن ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ئەتىسى مىتىسىنسكى پولكى ئۆتۈپ كەتتى، قارىسام، ئۇ قايتىپ كەپتۇ ... ئەنە ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى! ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ!

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن بىللە تۈگمەن ئىشچىسى داۋىدكىمۇ كەلدى. داۋىدكىنىڭ ئاغزىدا ھەممە چىشلىرى ھىجىيىپ، گويا پۇل تېپىۋالغاندەك كۈلۈپ تۇراتتى ... ئىۋان ئالېكسېيې-

www.uyghurkitap.com

ۋىچ گىرىگورىيېنىڭ قولىنى ماشىنا مېيىپ يۇراپ تۇرغان كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن مىجىپ، تامىغىنى قىردى.

— سەن قانداق بولۇپ قېپقالدىڭ، گىرىشكا؟

— خوش، سەنچۇ؟

— مېنى دىسەڭ، مېنىڭ ئىشىم باشقىچە.

— سەن مېنىڭ ئوفىتسېر بولغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويامسەن؟ تەۋەككۈل قىلدىم! قېپقالدىم ... ئۆلتۈرۈۋېتىشكىمۇ تاس قالدى ... ئارقامدىن قوغلاپ، ئوق چىقىرىشقا باشلىغاندا، كەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلغان ئىدىم، ئەمدى پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرمايمەن.

— نىمە ئۈچۈن ساڭا يېپىشۋېلىشتى؟ 13 - پولكنىڭ ئادىمىمۇ؟

— ھە، شۇلار. ئۇلار ئانىكۇشكىنىڭ ئۆيىدە كۆككۆل ئىچىشقان ئىدى. بىرسى مېنى ئوفىتسېر دەپ كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. پېتروغا تەگمىدى، ئەمما مېنى ... مۈرەمدە پاگوننىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنىڭ بالاسى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە كەتتىم، كېتىش ۋاقتىدا بىر جىنگىلەك چاچنىڭ قولىنى ئازراق ئىشتىن چىقاردىم ... مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ھەممە نەرسەمنى سۈپۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. شالۇۋۇرلىرىمنىمۇ، پەشمەتلىرىمنىمۇ قويماپتۇ. ئۈستۈمدىكى كىيىملىرىم بىلەنلا قالدىم.

— ئاۋۇ يىلى پودتېلكوفنىڭ ئالدىدا قىزىللار تەرەپكە كەتكەن بولساق ... ھازىر تەپ تارتىپ تۇرمىغان بولاتتۇق، — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ سەل كۈلۈمسىرەپ، تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا باشلىدى.

خەلقنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. مەجلىسنى ۋېشېنسكايادىن كەلگەن مۇئاۋىن خورۇنجى، قومىننىڭ سەپدىشى لاپچېنكوف ئاچتى.

— كەنتداش يولداشلار! سوۋېت ھاكىمىيىتى بىزنىڭ ئوكرۇگدا مۇستەھكەم ئورنىتىلىپ بولدى. ئەلنى باشقۇرۇش ئىشىنى ئورنىتىشىمىز كېرەك، ئىجرائىيە كومىتېتىنى ۋە ئۇنىڭ رەئىس ھەم مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلىشىمىز لازىم. بۇ — بىر مەسىلە. ئۇندىن كېيىن مەن ئوكرۇگ سوۋېتىدىن بىر بۇيرۇق ئېلىپ كەلدىم، ئۇ قىسقىلا بۇيرۇق: ئوق - دورا بىلەن ئېتىلىدىغان قوراللارنى ۋە سوغاق قوراللارنى تاپشۇرۇش كېرەك.

— قالتىس گەپ! — دېدى ئارقا تەرەپتىن بىرسى زەردە بىلەن، شۇندىن كېيىن ئۇزاققىچە مەيداننى سۈكۈنات قاپلىدى.

— بۇ يەردە، يولداشلار، بۇنداق خىتاپلارنى ۋاقىراشنىڭ پايدىسى يوق! — لاپچېنكوف گەۋدىسىنى سوزۇپ، شىرەنىڭ ئۇستىگە پاپاخىنى قويدى، — قورالنى ئەلۋەتتە تاپشۇرۇش كېرەك. چۈنكى ئۆيدە ئۇنىڭ لازىمى يوق، كىمكى سوۋېتلارنى قوغداشنى خالىسا، ئۇنىڭغا قورال بېرىلىدۇ. ئۈچ كۈن ئىچىدە مىلتىقلارنى ئېپكېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار. ئۇندىن كېيىن سايلامغا كىرىشىمىز، بۇيرۇقنى ھەر بىر كىشىگە يەتكۈزۈش ئىشىنى مەن رەئىسنىڭ ئۇستىگە يۈكلەيمەن، ئۇ يېزا ئاتامانىدىن تامغىنى ۋە يېزىلارنىڭ سوممىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

— ئۇلار بىزگە قورال بەرگەنمىكەن، نېمىشقا ئۇنىڭغا چاڭگال سالىدىكەن؟...

بۇ سوئالنى بەرگۈچى جۈملىنىڭ ئاخىرىنى تېخى تۈگەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەممەيلەن دۈررىدە قايرىلدى. بۇ سۆزنى زاخار كورولېۋ دېگەن ئىدى.

— بۇ نەرسە ساڭا نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ — دەپ ئاددىلا سورىدى خىرىستونە.

www.uyghurkitap.com

ـــ ئۇنىڭ ماڭا كېرىگى يوق، لېكىن قىزىل ئارمىيىنى بىز ئۆز ئوكرۇگىمىز ئارقىلىق ئۆتكۈزگەندە، بىزنى قوراللىنىزلاندۇرۇش توغرىلىق كېلىشىم بولغان ئەمەس.

ـــ توغرا.

ـــ قومىن چوڭ يىغىندا ئېيتقان.

ـــ قىلىچنى بىز ئۆز پۇلىمىزغا ئالغان!

ـــ مەن گېرمان ئورۇشىدىن ئۆز مىلتىغىم بىلەن كەلدىم، ئەمدى تاپشۇرۇپ بېرەمدىكەنمەن؟

ـــ بېرىپ ئېيت، قورالنى بەرمەيمىز.

ـــ ئۇلار كازاكلارنىڭ قورالنى يىغىۋالماقچى تېخى! قورال ـ ياراقسىز كۈنۈم كۈن بولامدۇ مېنىڭ؟ ياغاچ ئاتقا مىنىپ يۈرەمدىمەن؟ قورال ـ ياراقسىز مەن ئىتنىگى قايرىلىپ قالغان خوتۇنغا ئوخشاش سولتەك بولۇپ قالىمەن.

ـــ قورال ئۆزىمىزدە قالىدۇ!

مىشكا كوشۋوي تەرتىپ ـ ئەدەپ بىلەن سۆز سورىدى:

ـــ رۇخسەت قىلىڭلار، يولداشلار! ماڭا مۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاش بەك ئەجەپلىنەرلىك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. بىزدە ھازىر ھەربى ھالەت يولغا قويۇلغانمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـــ مەيلى قاتمۇ قات ھەربى ھالەت بولسا بولسۇن!

ـــ ھەربى ھالەت ئىكەن ـــ ئۇ چاغدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. چىقارغىن ـ دە، تاپشۇر! بىزمۇ خوخول يېزىلىرىنى ئىشغال قىلغان چاغدا شۇنداق قىلغان ئەمەسمۇ؟

لاپچېنكوف كىچىككىنە پاپاخنى سىلاپ قويۇپ، قايتا تەكىتلىدى:

ـــ كىمكى مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قورالنى تاپشۇرمىسا،

ئەكسىلئىنقىلاپچى سۈپىتىدە ھەربى سوتقا بېرىلىدۇ ۋە ئېتىلىدۇ.
بىر مىنۇت جىمجىتلىقتىن كېيىن تومىلىن يۆتىلىپ قويۇپ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:
— ھاكىمىيەتنى سايلاشنى سورايمىز! — دېدى.
نامزاتلار كۆرسىتىلدى. ئۇنچە پەملىنى ۋاقىراپ ئېيتىپ ئۆتۈشتى، ياشلاردىن بىرسى:
— ئاۋدېيېچنى! — دەپ توۋلىدى.
ئەمما بۇ چاخچاققا ھېچكىم ئېتىۋار قىلمىدى، بىرىنچى بولۇپ ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا ئاۋاز بېرىشتى، ئۇ بىر ئېغىزدىن سايلاندى.
— بۇندىن كېيىنكىلىرىنى ئاۋازغا قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ تەكلىپ بەردى پېترو مېلېخوف.
يىغىن بۇ پىكىرگە مەمنۇنلۇق بىلەن قوشۇلدى - دە، ئاۋازغا قويماستىنلا مىشكا كوشىۋوينى رەئىسنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ سايلىدى.
ئاكا - ئۇكا مېلېخوفلار بىلەن خىرىستونە ئۆيلىرىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، يېرىم يولدا ئانىكۇشكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئانىكۇشكا مىلتىقىنى ۋە ئايالىنىڭ پەشتامىسىغا ئورالغان ئوقلارنى قولتۇقىغا قىسىپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. ئۇ كازاكلارنى كۆرۈپ، ئىززا تارتقانلىقتىن، شارت قىلىپ ياندىكى تار كوچىغا كىرىپ كەتتى. پېترو گىرىگورىيغا، گىرىگورىي خىرىستونەگە قارىدى. ھەممىسى تىلىنى بىر قىلدۇۋالغاندەك كۈلۈپ كېتىشتى.

# 19

جاھان دالىدا شەرق شامىلى غۇيۇلداپ چىقىۋاتاتتى. ساي ـ جىرالارنى قار باسقان. ئويمانلار بىلەن يارلار تېكىسلىنىپ قالغان. نە چوڭ يول، نە سوقماق يول كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپنى قىيپاش ـ قىيسىق چىققان شامال يالاپ سىلىقلىۋەتكەن بولۇپ، ئاپپاق يالىڭاچ دالىغا ئايلانغان. دالا ئۆلۈكتەكلا ئىدى. ئاندا ـ ساندا قاغا ئۇچۇپ ئۆتىدۇ، ئۇ شۇنداق قاقباش قېرىكى، مۇشۇ دالا بىلەن ۋە كېنەزنىڭ قۇندۇز تۇمىقىدەك چۆرىسىگە ئەمەندىن فۇندۇز تۇتۇلغان ئاپپاق قار تۇماق كىيگەن يولنىڭ ئۈستىدىكى قورغان بىلەن يېشى ئوخشاش. قاغا ھاۋانى قانىتى بىلەن ۋىشىلدىتىپ يېرىپ، تامغى بىلەن قىر ـ قىر قىقىراپ ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قاقىلدىشىنى شامال يىراققا ئېلىپ كېتىدۇ ـ دە، تۈندىكى سۈكۈنات ئىچىدە بۇ ئاۋاز گويا تۇساتتىن قول تېگىپ كەتكەن بوم تارىدەك دالا ئۈستىدە ئۇزاققىچە مۇڭلۇق جاراڭلايدۇ.

ئەمما قار ئاستىدىكى دالا ھامان ھايات. ھەيدەلگەن ئېتىزلارنىڭ تاختىلىرى قار بىلەن كۆمۈش تۈسكە كىرىپ، مۇزلاپ قالغان دولقۇندەك ئۆركەشلىنىپ كۆرۈنىدۇ، بۇ يەردە كۈزگى شۇدىگەرلەنگەن يەر ئۆلۈكتەك دۈگدىيىپ ياتىدۇ، — بۇ يەردە سوغاق يىقىتىپ تاشلىغان كۈزگى بۇغداي ياتىدۇ. بۇلارنىڭ ياشاشقا چىدامliq يىلتىزلىرى ئاچكۆزلۈك بىلەن تۇپراققا يېپىشىۋالغان. ئەتىلەستەك پاقىراق، ياپ ـ يېشىل، تامامى يېرىگە ياش تامچى

لىرىدەك دانىسىۋ دانە شەبنەم ئۈنچىلىرىنى تاقىغان كۈزگى زى-
رائەت سوغاققا نوگلاپ. چورۇك قارا سۇپىراققا سىڭىلىدۇ. ئۇنىڭ
ھاياتبەخش قارا قىنىدىن ئۇزۇۋېلىنىپ. باھار بىلەن قۇياشنى كو-
تىدۇ، چۈنكى قار ئېرىش بىلەنلا. ئۆمۈچۈك توردەك يۇققا - نا-
زۇك، ئالماسنەك پارقىراپ تۇرغان مۇزلارنى سۇندۇرۇپ، ئورنىدىن
دەس تۇرماقچى، ماي ئېيىدا بەرق ئۇرۇپ كۆكىرىشكە باشلىماقچى.
كۈتكەن ۋاقتى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ!
ئىچىدە بۆدۈنىلەر سوقۇشۇپ ئوينايدۇ. ئۈستىدە ئاپرېل تورغايلى-
رى چاڭگىلداپ سايراشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇياشمۇ ئۇنىڭغا
نۇرىنى چاچىدۇ، شۇنداقلا شامالمۇ ئۇنى ئەللەي ئېيتىدۇ. شىددەت-
لىك يامغۇر ۋە قەھرىلىك شامال پايمال قىلغان باشاق تولۇق
دان تۇتۇپ، پىشىپ يېتىلگەنگە قەدەر، بورۇتلۇق بېشىنى يەرگە
ئەگمەستىن بۇرۇن، ئىگىسىنىڭ چالغىسى ئاستىدا سوزۇلۇپ يات-
ماستىن بۇرۇن ۋە ئېغىر سالماقلىق قويما دانلىرى خامانغا تۆ-
كۈلگىچە، ئاشۇ ئەھۋالدا بولىدۇ.

پۈتۈن دون بويلىرى يوشۇرۇن، قىسىلغان ھاياتنى باشتىن
كەچۈرمەكتە. بىمەزە كۈنلەر يېتىپ كەلگەن ئىدى. ۋەقەلەر گىرۋەك
ئۈستىدە تۇراتتى. دوننىڭ يۇقۇرى تەرىپىدىن كەلگەن بىر تۈم
خەۋەر، چىر، سوسكان. خوپېر، بېلانكا دەريالىرى ياقىسىنى بوي-
لاپ. كازاك يېزىلىرى جايلاشقان چوڭ - كىچىك دەريالارنىڭ ھەم-
مىسىنى ئارىلاپ تارىلىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دولقۇن-
دەك ئۆركەشلەپ، ھازىر دونېتس قېشىغا كېلىپ قالغان حەڭ
مەيدانى قورقۇنچلۇق ئەمەس. بەلكى پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىلەر
بىلەن ھەربىي سوتلار قورقۇنچلۇق ئىدى. مىش - مىشلەرگە قارى-
غاندا، ئۇلار بۈگۈن - ئەتە كەنتلەرگە كېلىدىكەن، ئۇلار مىگۇلى-

نىسكايا بىلەن كازانىسكاياغا ئاللىقاچان كېلىپ، ئۇ يەردە ئاقلارغا خىزمەت قىلغان كازاكلار ئۈستىدە قىسقا ۋە ناھەق سوتلارنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان ئىمىش. يۇقۇرقى دونلۇقلارنىڭ جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئۆزىنى ئاقلاشقا دال بولالماس ئىمىش، سوتنىڭ ئىشى بەكمۇ ئاددى ئىمىش: ئەيىپلەش، بىر - ئىككى سوراق، ھۆكۈم — ئۇندىن كېيىن پىلىمۇتنىڭ ئاغزىئالدىدا قاتار تۇرغۇزۇش. ئېيتىشلىرىچە، كازانىسكايا بىلەن شۇمىلىنسكايادا شاخ - شۇمبىلەرنىڭ ئارىسىدا داڭگال ئېرنىدا چېچىلىپ ياتقان كازاكنىڭ باشلىرى ئاز ئەمەس ئىمىش... بۇنى ئاڭلىغان فرونتچى جەڭچىلەر كۈلۈپلا قويۇشتى: «يالغان! بۇ ئوفىتسېرلەرنىڭ سۆز - چۆچىكى! كادېتلار* بىزنى ئاللىقاچاندىن بۇيان قىزىل ئارمىيە بىلەن قورقۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ!»

مىش - مىشلەرگە كىشىلەر بىر ئىشىنەتتى، بىر ئىشەنمەيتتى. بۇندىن ئىلگىرىمۇ يېزىلاردا تارىلىپ يۈرگەن يالغان - ياۋداقلارنى ئاز دەمسىز. بۇنداق مىش - مىشلەرگە روھىي ئاجىزلارنى چېكىنىشكە ئىتتىرگەن ئىدى. ئەمما جەڭ مەيدانى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا كېچىسى ئۇيقۇ كۆرمەي، ياستۇغى ئوتتەك ئىسسىق، ئورۇن - تۆشىگى قاتتىق، جانىجان خوتۇنى يېقىمسىز بولۇپ كەتكەنلەرمۇ ئاز بولمىدى.

بەزىلەر دونېتس دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىگە ئەمدى پۇشايمان قىلىشتى، ئەمما ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمدى ئورنىغا كەلتۈرۈپ بولمايدۇ، تۆكۈلگەن ياشنى قايتۇرۇۋېتىش مۇمكىنمۇ...

تاتارىسكىدا كازاكلار كەچقۇرۇنلىرى كوچا - مەھەللىلەرگە يىغىلىشىۋېلىپ، ئاڭلىغان يېڭىلىقلىرىنى ئورتاقلىشاتتى، ئات-

* كادېتلار — چار روسىيە دەۋرىدە ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى — ت.

دىن ئۆيدىن ـ ئۆيگە يۆتكىلىپ يۈرۈپ ساموگون ئىچىشەتتى. يېزا ھاياتى جىمجىت ۋە ئەمگەكسىز ئۆتۈۋاتاتتى. قۇربانلىق ئېيىنىڭ بېشىدا پەقەت بىر تويىنىڭ قوڭغۇراقچىلىرى جىرىڭلىدى: مىشكا كوشىۋوينىڭ سىڭلىسى ياتلىق قىلىندى. بۇنىڭغىمۇ كىشىلەر كۆرەلمەسلىك بىلەن گەپ تېپىشتى:

— ئۆيلىنىدىغان بىر پۇرسەتنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ ـ دە! ئاران تۇرۇپتىكەن، بېچارە!

ھاكىمىيەت سايلىمى بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يېزىدا بىرمۇ ئائىلە قالماستىن ھەممىسى قورالسىزلىنىپ بولدى. ئىنقىلاۋىي كومىتېت ئىگەللىگەن موخوفنىڭ ئۆيىدە ئىللىق دەھلىز ۋە كاردورلار قورال ـ ياراق بىلەن توشۇپ كەتتى. پېترو مېلېخوفمۇ ئۆزىنىڭ مىلتىغى بىلەن گىرىگورىينىڭ مىلتىغىنى ۋە ئىككى ناگان، بىر قىلىچنى ئاپىرىپ بەردى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئوفىتسېرلىك ناگانلىرىنى ئۆيدە ئېلىپ قېلىپ، پەقەت گېرمان ئۇرۇشىدىن ئېلىپ قايتقان ناگانلىرىنى تاپشۇرۇشتى.

يېنىكلىشىپ قالغان پېترو ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە گىرىگورىي يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈپ، ئىككى مىلتىقنىڭ دات باسقان زاتۋور قىسىملىرىنى كىرسىن بىلەن تازىلاۋاتاتتى. ئىككى مىلتىق مەشىنىڭ سۇپىسىغا يۆلەكلىك تۇراتتى.

— بۇ ئىككى مىلتىق نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى! — پېترو ھەيران قالغانلىقتىن، ھەتتا بۇرۇتى سالپىيىپ قالدى.

— دادام مەن بىلەن كۆرۈشكىلى فىلونوۋوغا بارغاندا، شۇ يەردىن ئالغاچ كەلگەن.

گىرىگورىينىڭ تارايغان كۆز چاناقلىرىدا پاقىراق قوڭغۇزدەك بىر نىمە جىلۋىلەندى. ئۇ كىرسىن يۇقى قوللىرىنى ئىككى,

بىقىنىغا تىرەپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. يەنە شۇ ئاندىلا تۇساتتىن كۈلكىسىنى توختىتىپ، چىشلىرىنى بۆرىدەك ھىجايتتى.

— مىلتىق دېگەن نېمىكەن ئۇ! بىلەمسەن،— دەپ پىچىرلاپ سۆزلىدى ئۇ، گەرچە ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىسىمۇ — ئاتام بۈگۈن ماڭا ئېيتىپ قويدى، — گىرىگورىي يەنە كۈلكىسىنى باستى، — ئۇنىڭدا يەنە پىلىموت بار ئىكەن.

— يالغان ئېيتىسەن! نەدىن ئالغان پىلىموت؟ نېمە كېرىكى بار ئىكەن؟

— ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پولكنىڭ كارۋانچى كازاكلىرى ئۇنىڭغا بىر تورسۇق قېتىقنى تېگىشىپ بېرىپتۇ، مېنىڭچە، يالغان سۆزلەيدۇ، قېرى شەيتان! ئېھتىمال، ئوغرىلىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن! ئۇ بىر قىغ قوڭغۇزىغا ئوخشايدۇ، كۆتىرەلمەيدىغان نەرسىنىمۇ تارتىپ سۆرەۋېرىدۇ. ماڭا پىچىرلاپ: «مەندە پىلىموت بار، خامانىنىڭ بىر يېرىگە كۆمۈگلۈك، پۇرژىنىسىنى توغراپ قارماق قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا تەگمىدىم»— دەيدۇ، «ئۇنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟» — دېسەم، «قىممەتلىك پۇرژىنىسىغا قىزىقىپ قالدىم، بەلكىم بىرەر نەرسىگە ياراپ قالار. راستىنلا قىممەتلىك، تۆمۈردىن ياسالغان...» — دەيدۇ.

پېترونىڭ ئاچچىقى كەلدى،ئۇ ئاشخانىغا ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما گىرىگورىي ئۇنى توختىتىپ:

— قوي، بارما! مۇنۇنى تازىلاپ، يىغىشتۇرۇشقا ياردەم بەرگىنە، ئۇنىڭدىن سوراپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى.

پېترو مىلتىقنىڭ نورىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇزاققىچە پىشىلداپ، ئاخىرى ئويچانلىق بىلەن دېدى:

— بەلكىم، بۇ نەرسىنىڭ بارلىغى راست ئوخشايدۇ... بىر ئىشقا ياراپ قالار، مەيلى تۇرۇپ تۇرسۇن.

شۇ كۈنى تومىلىن ئىۋان كازانىسكايادا ئادەم ئۆتىش ئىشلىرى بولۇۋېتىپتۇ. دىگەن بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. مەشنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى، پاراڭ سېلىشتى. پاراڭ ئەسناسىدا پېترو بىر نەرسىنى قاتتىق ئويلىدى. ئۇ ئادەتلەنمەگەچكە، ئوي ئويلاش قىيىنغا چۈشتى. پېشانىسىدە مونچاقتەك تەر پەيدا بولغىچە ئويلىدى. تومىلىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ مۇداق دىدى:

— مەن هازىرلا رۇبېژنى يېزىسىدىكى ياشكا فومىننىڭ قېشىغا بارىمەن. ئۇنى هازىر ئۆز ئۆيىدە دەپ ئاڭلىدىم. گەپ-سۆزلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئوكرۇگ ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنى باشقۇرۇۋېتىپتۇدەك، مەيلى نىمە بولسا بولسۇن، ئۇ ئۆز يەردىكى بىر دۆمبەلچەك. مۇبادا بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا ئاراغا كىر دەپ ئۆتۈنۈش قىلىمەن.

كەڭ چاناقلىق ئاددى چانىغا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بايتالنى قوشتى. دارىيە يېڭى جۇۋىغا يۆگىلىپ، ئىلئىنىشنا بىلەن بىر نەرسە توغرىلىق ئۇزاق پىچىرلاشتى. بۇ ئىككىيلەن لىپپىدە ئامبارغا كىرىپ كەتتى-دە، ئۇ يەردىن بىر تۈگۈنى ئېلىپ چىقتى.

— بۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى چال.

پېترو ئۈنچىقماي تۇرغان ئىدى، ئىلئىنىشنا بىلجىرلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بىرەر كۈن كېلىپ قالسا، لازىم بولار دەپ، ئازغىنا سېرىق ياغ يىغىپ قويغان ئىدىم، هازىر ياغ قايغۇسى نەمەس، باش قايغۇسى بولۇۋاتىدىغۇ، ئۇنى دارىيەگە بەردىم. ئۇنى فومىننىڭ خوتۇنىغا سوغا قىلىپ ئېلىپ بارسۇن. بەلكى بۇ

www.uyghurkitap.com

سوغا پېتوشكىنىڭ سىرەر ئىبھتىياجىغا ياراپ قالار، — ئۇ يىغلاپمۇ قويدى، — ھەربى خىزمەتنى قىلىشتى - قىلىشتى، ھاياتنى خەۋپ ئاستىغا قويۇشتى، ئەمدىلىكتە پاگونلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا...

— بولدى قىل، ۋالاق تەككۇر! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاچچىغى بىلەن قامچىسىنى چۆپىنىڭ ئارىسىغا تاشلىدى - دە، پېترونىڭ قېشىغا كېلىپ، — سەن ئۇنىڭغا بۇغداي بېرىمەن دەپ ۋەدە قىل، — دېدى.

— ئۇ بۇغداينى بېشىغا تاڭامدۇ! — دېدى پېترو قايناپ، — ئاتا، سىز ئەڭ ياخشىسى ئانىكۇشكىنىڭ قېشىغا بېرىپ ساموگون سېتىۋېلىڭ، بۇغداي - مۇغداينىڭ نىمە كېرىگى بار!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چىلەكتەك يوغان بىر خومرا ساموگوننى يوشۇرۇن ئېپكېلىپ، ماختاپ قويدى:

— ياخشى ھاراق ئىكەن، كاساپەتنىڭ ياسىغان نەرسىسى! پادىشانىڭ چىقارغان ھارىقى بىلەن ئوخشاش.

— سەن قېرى ئىت، ئاللىقاچان قېقىۋاپسەن - دە! — دەپ كايىپ قويدى ئۇنىڭغا ئىلىئىنىشنا؛ ئەمما چال ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، خۇددى قوسىقى تويغان ئوغرى مۈشۈكتەك كۆزىنى يۇمچاقلاپ، بىر كىكىرىپ قويۇپ، ھاراق كۆيدۈرۈۋەتكەن لەۋلىرىنى يەڭگى بىلەن سۈرتۈپ، ياش يىگىتتەك دىڭگاكلاپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

پېترو ھويلىدىن چىقتى - دە، مېھمان كىشىدەك دەرۋازىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى چاغدىكى قۇدرەتلىك خىزمەتدىشىغا سوغات ئېلىپ ماڭدى: ساموگوندىن باشقا—

بىر كىيىملىك ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى يۇڭ رەخت، بىر جۈپ ئۆتۈك، بىر فاداق قىممەت باھالىق چاي ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ لىسكىدا، 28 - پولك ئىستانسىسىنى جەڭ بىلەن ئېلىپ، ۋاگونلار بىلەن ئىسكىلاتلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يۈرگەندە قولغا چۈشۈرگەن ئىدى ...

شۇ چاغدا ئۇ جەڭ بىلەن تارتىۋېلىنغان پويىزدىن بىر سىۋەت ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمىنى قولغا كىرگۈزگەن ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ فورونتقا كەلگەن ئاتىسىدىن ئالدىنئالا ئەۋەتىۋەتكەن، دارىيەمۇ تا شۇ چاققىچە ھېچكىم كىيىپ باقمىغان ئىچ كىيىمنى كىيىپ كۆز - كۆز قىلىپ، ناتالىيە بىلەن دۇناشكىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئىنتايىن نەپىس چەتئەل رەختى قاردىنمۇ ئاق ئىدى، ئۇنىڭ ھەر بىرىگە يىپەك بىلەن گېربىنىڭ رەسمى ۋە ئادەمنىڭ ئىسىم پەمىلىلىرى كەشتە قىلىپ تىكىلگەن ئىدى. يالاڭ ئىشتانغا تۇتۇلغان تور ھىيەك دون دەرياسى ئۈستىدە بۇژۇلداپ تۇرغان كۆپۈكتەك كۆپۈپ تۇراتتى. دارىيە ئېرى كەلگەن كۈنىنىڭ دەسلەپكى كېچىسى ئاشۇ ئىشتان بىلەن ياتتى.

پېترو، چىراقنى ئۆچۈرۈش ئالدىدا مەسلىگى كېلىپ، كۈلۈپ قويدى:

— سەن ئەر كىشىنىڭ تامبىلىنى كىيىۋالدىڭمۇ، نېمە؟

— بۇنىڭ ئىچى بەك ئىسسىق. ئۆزى چىرايلىق ئىكەن، — دەپ جاۋاپ بەردى دارىيە خىيال سۈرۈپ، — بۇنى ھېچ چۈشىنىپ بولمايدۇ: ئەگەر ئەركىشىنىڭ بولسا — ئۇزۇنىراق بولاتتى. بۇنىڭ پۇشقىقىغا تور تۇتۇلغان تۇرسا ... سەنلەرگە تورنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— مۇنداق تور تۇتقان ئىشتانلارنى ئىسىلزادە ئەر كىشىلەر

گېيدىغان بولۇشى كېرەك. ماڭا نىمە لازىمى بولسۇن؟ كېيت-
ۋەر، — دېدى پېترو ئۇيقۇچانلىق بىلەن گەجگىسىنى قاشلاپ.
بۇ مەسىلە ئۇنى ئۇنچىلىكمۇ قىزىقتۇرۇپ كەتمىدى. ئەمما
كېيىنكى كۈنلىرى ئۇ ئايالىنىڭ يېنىدا ياتقاندا، قورۇنۇپ،
نېرىراق ياتتى، تور جىيەككە سۈۋۈشۇپ كېتىش-
تىن قورقۇپ، ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە تەشۋىش
بىلەن تور جىيەككە قاراپ قوياتتى ۋە دارىيەدىن ئانچە - مۇنچە
ياتسىراش ھېس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ ئىچ كىيىمگە
كۆنەلمىدى. 3 - كېچىسى ئاچچىغى كېلىپ، قەتئىلىك بىلەن
بۇيرۇدى:

— مۇنۇ لەنىتى ئىشتىنىڭنى سېلىپ تاشلا! بۇ نەرسەڭ
خوتۇنلار كىيىشكە لايىق ئەمەس، يەنە كېلىپ ھېچبىر ئايالچە
كىيىمدەك تۇرمايدۇ. نەق ئاغىچا خېنىمدەك ياتىسەن؟ بۇنى
كىيگەندە قانداقتۇ يات ئايالدەك بولۇپ قالىدىكەنسەن!

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ دارىيەدىن بالدۇر تۇردى - دە، يېش-
تىلىپ قويۇپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، ئىشتاننى ئۆزى كېسىپ كۆردى.
ئۇزاقچە سەگەكلىك بىلەن ئىشتان بېغىغا، تور جىيەككە ۋە ئۆزى-
نىڭ تىزىدىن تۆۋەن يالىڭاچ، يۇڭ باسقان پاقالچاقلىرىغا قاراپ
كەتتى. ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئىختىيارسىز ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ
تۈرۈلۈپ كەتكەن قات - قات ئارقا بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى كۆردى -
دە، «تۇفى!» دەپ بىرنى تۈكۈردى، ئاندىن چورت - پورت! دەپ
تىللاپ قويۇپ، كەڭ ئىشتاندىن ئېپىقچە ئۆمىلەپ چىقتى. پۇتى-
نىڭ باشمالتىغى تور پۆشقاقتا ئىلىنىپ قېلىپ، ساندۇقنىڭ ئۈس-
تىگە يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى، ئەمدى ئۇ راستىنلا زەردى-
سى قايناپ، ئىشتان باغنى شارتلا ئۈزۈپ تاشلاپ، چىرمىلىشتىن
بوشاندى. دارىيە ئۇيقۇلۇقتا سورىدى:



www.uyghurkitap.com

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

پېترو خاپا بولۇپ گەپ قىلمىدى، بۇرنىنى مىشىلدىتىپ،
ھە دەپ يەرگە تۈكۈرەتتى. ئەر كىشىگە تىكىلگەنمۇ ياكى خوتۇن
كىشىگىمۇ، بىلىپ بولمايدىغان بۇ ئىشتاننى دارىيە شۇ كۈنى خۇر-
سىنغان پېتى ساندۇققا سېلىپ قويدى (ساندۇقنىڭ ئىچىدە بۇ-
نىڭدىن باشقا كۆپ نەرسىلەر بولۇپ، بۇلارنى ئاياللارنىڭ ھېچ-
قايسىسى قانداق كىيىش يولىنى تاپالمىغانىدى). ئاقىۋەتتە بۇ چې-
گىش نەرسىلەردىن لىپچىك تىكمەكچى بولۇشتى. ئەمما دارىيە
يوپكىلاردىن پايدىلاندى: بۇ يوپكىلار نىمىشقىدۇ قىسقا ئىدى،
لېكىن زېھنى ئۆتكۈر ئىگىسى كاللا ئىشلىتىپ، تور جىيەكلىرى
تۆتلىك كۆرۈنۈپ تۇرسۇن ئۈچۈن، سىرتقى ئۇزۇن يوپكىدىن
ئىچ كۆينەك ئورنىدىكى يوپكىنى ئۇزۇنراق قىلىپ ئۇلاق سالغان.
شۇنداق قىلىپ، دارىيە گوللاندىيە تور جىيىگى بىلەن يەر سۈ-
پۈرۈپ، ئالىپتە ياسىنىپ يۈرەتتى.

مانا ھازىرمۇ ئۇ ئېرى بىلەن بىللە مېھماندارچىلىققا كې-
تىۋاتقان ئىكەن، ئىنتايىن چىرايلىق، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك يا-
سانغان ئىدى. چۆرىسىگە پەۋاز تۇتۇلغان دونچە جۇۋىسىنىڭ
ئاستىدىن ئىچ كۆينىگىنىڭ تور چىلتەكلىرىمۇ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى
ئىسسىل يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يېڭى يوپكىسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرات-
تى، — دارىيە مۇشۇنداق ياسىنىشنى «پەس تەبىقىدىن دۆلەت-
مەن ئاغىچا خېنىمغا كۆتىرىلگەن» فومىننىڭ خوتۇنى كۆرۈپ
قويسۇن، دارىيە دىگەن ئاددى كازاك ئايال ئەمەس، بەلكى قان-
داق بولمىسۇن بىر ئوفىتسېرنىڭ خوتۇنى ئىكەن دەپ چۈشەنسۇن،
دىگەن نىيەت بىلەن پىلانلىغان ئىدى.

پېترو قامچىسىنى ئوينىتىپ، لەۋلىرىنى چوكۇلدىتىپ قو-
ياتتى. ئارقا تۇكلىرى چۈشكەن بوغاز بايتال دون بويىدىكى

گاتاڭ يولدا چېپىپ ماڭدى. بۇلار رۇبېژنىغا چۈش ۋاقتىدا يې-
تىپ كېلىشتى. فومىن، دەرۋەقە ئۆيىدە ئىكەن. ئۇ پېترونى ئوب-
دان كۈتۈۋالدى، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئۇنىڭ ئاتىسى
پېترونىڭ قىرو باسقان چانىسىدىن چۆپ - خەس يېپىشىپ قال-
غان هاراق كوزىسىنى ئېلىپ كەلگەندە، سېرىق بۇرۇتلىرى ئا-
رىسىدىن جىلمىيىپ قويدى.

— سەن، خىزمەتدىشىم، هېچ قاراڭنى كۆرسەتمەي كەت-
تىڭغۇ، — دېدى فومىن يېقىملىق بوم ئاۋاز بىلەن سوزۇپ سۆز-
لەپ، ئۇ قوشۇمىسى كەڭ خوتۇنپەرەس كۆك كۆزلىرىنىڭ قىرى
بىلەن دارىيەگە بىر قارىۋېلىپ، ئۆز ئىززىتى بىلەن بۇرۇتىنى
تولغاپ قويدى.

— ئۆزەڭ بىلىسەن، ياكوف يېفىمىچ، هەربى قىسىملار ئۆ-
تۈپ تۇراتتى، ۋاقىت جىددى ئىدى ...

— ئۇغۇ شۇنداق. هەي خوتۇن! سەن بىزگە تەرخەمەك،
كاپوستكا، دوننىڭ قۇرۇتۇلغان بېلىغىنى ئەپكەلسەڭچۇ.

تار ئۆي ئوبدان ئىسسىتىلغان ئىدى. مەشنىڭ ئۈستىدە
باللار ياتاتتى: بىرسى — دادىسىغا تارتقان ئوغۇل بالا بولۇپ،
بۇنىڭمۇ قوشۇمىسى كەڭ، زەڭگەر كۆز، ئىككىنچىسى قىز بالا،
پېترو شىركەيپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئىشى توغرىلىق پاراڭ
باشلىدى.

— يېزىلاردا شۇنداق گەپ بار: چېكا * دېگەن بىر نى-
مىنىڭ ئەزالىرى كېلىپ، كازاكلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىۋاتقان
ئىمىش.

— 15 - ئىنزا دىۋىزىيىسىنىڭ هەربى سودى ۋېشىنىسكايا غا

* چېكا — پەۋقۇلئاددە كومىسسىيە دېگەن مەنىدە — ت.

كەلدى. خوش كەلسە نىمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ ساڭا نىمە خەۋپى بار؟

— بولمايچۇ، ياكوف يېفىمىچ، ئۆزىڭىزگە مەلۇم، مەن ئوفىتسېر ھېساپلىنىمەنغۇ، ئېيتىش مۇمكىنكى، مەن پەقەت كۆرۈنۈشكىلا ئوفىتسېر ئىدىم.

— خوش، نىمە بوپتۇ؟

فومىن ئۆزىنى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ خوجايىنى دەپ بىلەتتى. مەسىلىك ئۇنى چوكچى ۋە ماختانچاق قىلىپ قويغان، ئۇ بارغانسېرى جىددى قىيا پەتكە كىرىپ، بۇرۇتىنى سىلاپ، ھەيۋە بىلەن ھومىيىپ قارايتتى.

بۇنى چۈشەنگەن پېترو ئەتەي ئۆزىنى بىتىمسىردىگەنگە سالدى، ئۆزىنى پەس تۇتۇپ، ئىنتائەتكارانە كۈلۈمسىرىدى، ئەمما تۇيغۇزماستىن «سىز» دېيىشتىن «سەن» دېيىشكە ئۆتتى.

— سەن بىلەن بىللە خىزمەت قىلدۇق. مېنىڭ توغرامدا يامان بىر نىمە دېيەلمەيسەنغۇ دەيمەن ياكى مېنىڭ ساڭا قارشى تۇرغان ۋاقتىم بولدىمۇ؟ ئەزەلدىن بولغان ئەمەس! خۇدا ئۇرسۇن، مەن ھەمىشە كازاكلار تەرەپدارى بولۇپ كەلدىم!

— بىز بىلىمىز، سەن پېترو پانتېلېيېۋىچ، سەن ئەنسىرىمە. بىز ھەممىنى يادقا بىلىۋالدۇق. ساڭا تەگمەيدۇ. ئەمما بەزى ئادەملەرنى تەكشۈرىمىز. بەزى ئادەملەرنىڭ كىكىرتىكىدىن ئالىمىز. بۇ يەردە جايلىشىۋالغان گېزەندىلەر كۆپ. ئۇلار بۇ يەردە قېپقالغان بىلەن كالىلىسىدىكى خىيالنى ئۆزى بىلىدۇ. قوراللىرىنى ساقلىشىۋاتىدۇ... سەن قوراللىرىڭنى تاپشۇردۇڭمۇ - ھە؟

فومىن بوش سۆزلەپ كېلىۋېتىپ، شۇنداق تېز ھۇجۇمغا ئۆتتىكى، پېترو بىر لەھزە گاڭگىراپ قالدى، يۈزىگە سېزىلەرلىك قان تەپتى.

— سەن ئۆزەڭ تاپشۇردۇڭمۇ؟ خوش، نىمىشقا گەپ قىلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مايسەن؟ — فومىن شىرەنىڭ ئۈستىدىن دىۋەيلەپ پېتروغا قادالدى.

— ئەلۋەتتە، تاپشۇردۇم، ياكوف يېفىمىچ، سەن ئويلىمىغىنىڭكى... مەن سەممىيەت بىلەن تاپشۇردۇم.

— سەممىيەت بىلەن؟ بىز سىلەرنى بىلىمىز... مەن مۇشۇ يەرلىك ئادەمغۇ، — ئۇ مەسلىك بىلەن كۆزىنى قىستى، ياپىلاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان يوغان ئاغزىنى كالچايتىپ قويدى، — باي كازاك بىلەن بىر قولۇڭ بىلەن كۆرۈشسەڭ، يەنە بىر قولۇڭدا پىچاق تۇتۇپ تۇر، ئۇنداق بولمىغاندا، چايلىۋېتىدۇ... ئىتلار! ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم يوق! مەن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۆتكەنمەن. خائىنلار! ئەمما سەن قورقما، ساڭا تەگمەيدۇ. سۆز — ئېيتىلغان ئوق!

دارنىيە ئانچە - مۇنچە گېزەكلەردىن يەپ، ئەدەپ ساقلاپ، دېيەرلىك نان نى يېمىدى. ساھىپخان ئايال ئۇنى مېھمان قىلىشقا خېلى جان كۆيدۇردى.

پېترو كەچكە يېقىن بۇ ئۆيدىن ئۇمىتۋارلىق بىلەن ۋە خوشال قايتىپ كەتتى.

× ×

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ پېترونى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن قۇدىسى كورشۇنوفنى يوقلاپ كېلىشكە ماڭدى. ئۇ قىزىللار كېلىش ئالدىدا بۇ ئۆيگە بىر قېتىم كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغدا لۇكىنىچنا مىتكىنى يولغا سېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، ئۆيىنىڭ ئىچى

پاتپاراقچىلىق ئىدى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ بۇ ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ئوشۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كېتىپ قالغان ئىدى. ئەمدى بۇ قېتىم ئۇ ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى بىلگەچ، مۆرىتى كەلگەندە بېشىغا كېلىۋاتقان كۆڭلەر توغرىلىق ھەسرەتلىنىش ئۈچۈن بېرىشقا قارار قىلغان ئىدى.

ئۇ يېزىنىڭ بۇ بېشىغا ئاقساقلاپ يېتىپ كەلگۈچە ئازۋاقىت كەتمىدى. قېرىپ قالغان ۋە ئاللىقاچان بىر قانچە چىشلىرى تۆكۈلگەن گىرىشاكا بوۋا ئۇنى ھويلىدا قارشى ئالدى. كۈن يەكشەنبە بولۇپ، بوۋاي چېركاۋغا نامازشام ئىبادىتىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قۇدىسىنى كۆرۈش بىلەنلا تېپىرچىلاپ ھولۇقۇپ كەتتى: چالنىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن جۇۋىسىنىڭ ئىچىدە تۈركىيە سوقۇشىدا ئالغان بارلىق كىرىست مېداللىرى ۋە ئوردېن - نىشانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كونا پوسۇندا تىكىلگەن مۇندىرىنىڭ تىك ياقىسىدا قىزىل كالۇتون گۈل - نەقىشلەر كىشىنىڭ ئەددىدىنى كەلتۈرگۈدەك چاقنايتتى، قېرىلارغا خاس پەسكە ساڭگىلاپ قالغان قىزىل جىيەكلىك شالۋۇرىنىڭ ئىككى پاقالچىغى ئاپپاق يۇڭ پايپاقنىڭ ئىچىگە ئەپچىللىك بىلەن تىقىپ قويۇلغان ئىدى، بېشىدا كاكاردىلىق شەپكە بولۇپ، مومدەك ئاق، يوغان قۇلاقلىرىغىچە چۆكۈرۈلگەن ئىدى.

— ساڭا نىمە بولدى، چوڭ دادا! ھەي قۇدامەي، ئەقلىدىن ئازمىغانسەن؟ مۇشۇنداق چاغدا كىممۇ كىرىست مېداللارنى ئېسىپ يۈرىدۇ، كىممۇ شەپكىسىگە كاكاردا تاقايدۇ؟

— نىمە دېدىڭ؟ — گىرىشاكا بوۋا قولىنى قۇلىقىغا تۇتتى.

— كاكارداگنى ئېلىپ تاشلا، دەۋاتىمەن! كىرىستلىرىڭنى كۆزدىن يوقات! بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن سېنى قاماققا ئېلىشىدۇ. سوۋېت ھاكىمىيىتى زامانىدا بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. قانۇن يول قويمايدۇ.

— مەن، قۇرغۇيۇم، ئۆزەمنىڭ ئاق پادىشايىمغا سەمىمى - ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىم. مۇنۇ ھاكىمىيەت خۇدادىن كەلگەن ھاكىمىيەت ئەمەس، مەن ئۇلارنى ھاكىمىيەت دەپ چۈشەنمەيمەن. مەن ئالېكساندىر پادىشاغا قەسەم بەرگەنمەن، ئەمما مۇژىكلارغا قەسەم بەرگەن ئەمەسمەن، گېپىم شۇنداق! — گىرىشاكا بوۋا قېنى قاچقان لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بۇرۇتىنىڭ كۆكۈش چىگىنى ئىرتتى ۋە ھاسىسى بىلەن نوقۇپ، ئۆي تەرەپنى كۆرسەتتى، — سەن مىرونىنىڭ قېشىغا كەلگەنمىدىڭ؟ ئۇ ئۆيدە. بىز مىتيوشكىنى چېكىنىشكە يولغا سالدۇق. كۆكنىڭ مەلىكىسى ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!... سېنىڭ باللىرىڭ قېيقالدىمۇ؟ نىمە دىدىڭ؟ خوش، نىمە قىلغۇلۇق... بۇ كۈنىڭ ياش كازاكلىرى قانداق بولۇپ قېلىشقان - ھە! ئۇلار، ئېھتىمال، ئىمتىيازلىق ئاتامانغا قەسەم بەرگەندۇ. قوشۇنغا ئادەم لازىم بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلار خوتۇنلىرىنىڭ قېشىدا قېلىشقان ... ناتالىيوشكا سالامەت، ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ... ئۆيگە قايت، قۇدا، كىرىستلەرنى مەيدەڭدىن ئېلىپ قوي! ھازىر ئۇلارنى تاقاشقا بولمايدۇ. خۇدايا توۋا قىلدىم، ئەخمەق بولۇپ قالدىڭمۇ سەن، قۇدام؟

— خۇدا يار بولسۇن، يولۇڭغا مېڭىۋەر! ماڭا ئۆگىتىشكە تېخى ياشلىق قىلىسەن! يولۇڭغا ماڭ.

گىرىشاكا بوۋا توغرا قۇدىسىغا قاراپ ماڭدى، پانتېلېي

پروكوفيېۋىچ ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ بېرىپ، سوقماق يولدىن قارغا چۈشتى - دە، ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، ئۈمىتسىزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىزنىڭ قېرى ئەسكەرنى ئۇچراتتىڭمۇ؟ ئۇ بېشىمىزغا بىر بالا بولدى. خۇدام ئۇنى ئېلىپ كەتمەيۋاتىدۇ، — دىدى كېيىنكى كۈنلەردە خېلى سېزىلەرلىك دەرىجىدە جۈدەپ كەتكەن مىرون گىرىگورىيېۋىچ، قۇدىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، — پۈپۈكلىرىنى تاقاپ، كاكاردىلىق فۇراژكىسىنى كىيىپ يولغا ماڭدى. بۇ نەرسىلەرنى كۈچ بىلەن ئېلىپ تاشلىمىسا، ھېچ بولمىغۇدەك. نەق كىچىك بالا بولۇپ قالدى، ھېچنىمىنى چۈشەنمەيدۇ.

— مەيلى، كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈرسۇن، تۆت كۈنلۈكى قالدىغۇ... خوش، ئۇ يەردە بالىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دەھرىلەر گىرىشانى خاپا قىلىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟ — دىدى لۇكىنىچنا قايغۇرغان ھالدا كازاكلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — قۇدا، بىزگە كەلگۈلۈك كەلدى... تۆت ئېتىمىزنى ئېلىپ كېتىشتى. پەقەت بايتال بىلەن تايچاقنى قويۇپ قويدى. پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلىدىغۇ!

مىرون گىرىگورىيېۋىچ، بىر نەرسىنى نىشانغا ئالغاندەك كۆزىنى قىسىپ، تازا قاپساپ كەلگەن قەھرى - غەزىۋى بىلەن يېڭىۋاشتىن سۆز باشلىدى:

— نىمە سەۋەپتىن روزىگارىمىز بۇزۇلدى؟ بۇنىڭغا كىم سەۋەپكار؟ ئاشۇ شۇم ھاكىمىيەت! بۇ ھاكىمىيەت، قۇدام، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئەيىپكار. ھەممىنى باراۋەرلەشتۈرۈش دىگەن ئەقىلغە سىغىدىغان ئىشمۇ؟ مەن جېنىمدىن كەچسەممۇ، ئۇنىڭغا رازى

بولمايمەن! مەن ئۆمۈر بويى ئىنچىقلاپ، بىلىمنى پۈكۈپ ئەمگەك قىلدىم. تەر تۆكتۈم. ئەمدىلىكتە ئاشۇ بىر تال بارمىقىنى قىمىرلىتىپ قويىدىغان ئادەملەرنى مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارنى تەڭ كۆرۈپ ھايات كەچۈرەمدىمەن؟ ياق. ھەرگىز. بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرايلى! بۇ ھاكىمىيەت ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەرنىڭ تومۇرىنى قىرقىدۇ. شۇ سەۋەپتىن كىشىنىڭ قولى ئىشقا بارمايدۇ: بېيىشنىڭ نېمە كېرىكى بار، كىم ئۈچۈن ئىشلەيسەن؟ بۈگۈن بېيىساڭ، ئەتە كېلىپ سۈپۈرۈپ، ئېلىپ كېتىدۇ... يەنە بىر ئىش، قۇدام: يېقىندا بىزنىڭ ئۆيگە مىرىخىن يېزىسلىق، مەن بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان بىر ئادەم كېلىپ كەتتى، سۆزلەشتۇق... ھازىر ئۇرۇش مەيدانى مۇشۇ دونبىتسىنىڭ قېشىدا ئىكەنغۇ. بەرداشلىق بېرىپ تۇرالارمۇ؟ مەن، راستىنى ئېيتسام، ئىشەنچلىك ئادەملەرگە ياخشىلاپ چۈشەندۈرۈۋاتىمەنكى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كىشىلىرىمىزگە ئۆز تەرىپىمىزدىن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك...

— قانداق ياردەم قىلىش كېرەك؟ — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ نېمىشقىدۇ پىچىرلاپ تەشۋىش بىلەن سورىدى.

— قانداق ياردەم بېرىمىز دەمسەن؟ بۇ ھاكىمىيەتنى سۈرۈپ-توقاي قىلىش لازىم! شۇنداق سۈرۈپ-توقاي قىلىش لازىمكى، ئۆزىنى يەنە تامبوف ئۆلكىسىدە كۆرسۇن. مەيلى، شۇ يەردە مۇژىكلار بىلەن باراۋەرلىكنى ئېلىپ بارسۇن. مەن مۇشۇ دۈشمەنلەرنى يوقىتىدىغانلا ئىش بولسا، بىر قېتىم يېپىقچە بارلىق مال-مۈلكۈمنى بېرىمەن. بۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەك، قۇدام، چۈشەندۈرۈش كېرەك! ۋاقىت يەتتى! ئۇنداق بولمىغاندا كېچىكىپ قالىمىز... ھېلىقى مەن بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان كىش-

نىڭ ئېيتىشىچە، كازاكلار ئۇ يەردە نارازى بولۇۋېتىپتۇ. پەقەت
بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ كىرىشىلسە بولدى!— ئەمدى ئۇ
تېز - تېز، ئىندىكىپ پىچىرلاپ سۆزلەشكە كۆچتى، — قىسىملار
ئۆتتۈپ بولۇشتى، بۇ يەردە قانچىلىك قالدى دەيسەن؟ چاغلىقلا
ئادەم! يېزىلاردا پەقەت رەئىسلەرلا... ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تې-
نىدىن جۇدا قىلىش — كىچىككىنە بىر ئىش... خوش ئەمدى
ۋېشكىنى* ئالساق، قانچىلىك بىر گەپ... ھەممەيلەن بىرلىشىپ
ھەملە قىلساق — بىتچىتىنى چىقىرىمىز! بىزنىڭكىلەرنى ھېچنىمە
قىلالمايدۇ، بىرلىشىمىز... ئەڭ توغرىسى مۇشۇ، قۇدام!

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھەر بىر سۆز-
نى سالماق بىلەن ئېيتىپ، فورقۇپراق مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— ئېھتىيات بول، تېيىلىپ كېتىسەن — بېشىڭغا بالا
تېپىۋالىسەن! كازاكلار تەۋرەنگەن بىلەن ئۇلارنىڭ نەگە قاراپ
ماڭىدىغانلىغىنى كىم بىلىدۇ. ھازىر مۇنداق ئىشلار توغرىلىق
كۆرگەنلا كىشى بىلەن سۆزلىشىشكە بولمايدۇ... ياشلارنى چۈشە-
نىش تامامەن مۈمكىن ئەمەس، گويا قارىغۇ چاشقان ئويناۋاتقان-
دەكلا كېتىشىۋاتىدۇ. بەزىلىرى چېكىنىشكە كەتكەن بولسا، بە-
زىلىرى ئۆيلىرىدە قېلىشقان، مۈشكۈل بىر ھايات! ھايات ئەمەس،
قاراڭغۇ جاڭگال!

— ئەنسىرىمە، قۇدام! — دىدى مىرون گىرىگورىيېۋىچ
مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ، — باشقا يەردە سۆزلەپ قويمايمەن.
ئادەم دىگەن قويغا ئوخشايدۇ: قوشقار نەگە باشلىسا، پۈتۈن پادا
شۇ يەرگە ماڭىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش كې-
رەك! بۇ ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش لازىم.

* ۋېشكا — ۋېشېنىسكايا دىمەكچى — ت.

بۇلۇت بوابسا — هاۋا گۈلدۈرلىمەيدۇ. مەن كازاكلارغا توغرىـ
دىن ـ توغرا ئېيتىمەنكى، قوزغىلىش لازىم. بىر مىش ـ مىش خەـ
ۋەر بار، ئۇلار ھەممە كازاكلارنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق بەرگەنـ
مىش. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ سەپكۈن باسقان يۈزىگە قىزىلـ
لىق يۈگۈردى.

— نەرسىلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىشتى! ئاقىۋىتى قانداق
بولاركىن، پروكوفىيېۋىچ؟ ئادەملەرنى ئېتىشقا باشلاپتۇ، دېيىشىـ
دۇ... بۇ قانداق كۈن بولدى؟ قارا، مۇشۇ يىللار ئىچىدە ھەممە
خاراپ بولدى! يەر يېغى يىق، سەرەڭگە دىسەڭ، ئۇمۇ يوق، يىپ
قىنقى كۈنلەرگە كەلگەندە موخوف پەقەت كەمپىتلىرىنى ساتتى...
تېرىلغۇ ئىشلىرىچۇ؟ بۇرۇنقىغا قارىغاندا قانچىلىك ئۇرۇق چېـ
چىلىدۇ؟ ئاتلارنى ئېلىپ كېتىشتى. مانا مېنىڭ ئاتلىرىمنىمۇ ئېـ
لىپ كېتىشتى، باشقىلارنىڭكىنىمۇ... ئۇلار ئېلىپ كېتىشىنىلا بىلىـ
دۇ، ئەمما كىم باقىدىكەن، تاڭ؟ بۇرۇن، مېنىڭ يىگىتلىك ۋاقـ
تىمدا، بىزنىڭ 86 ئېتىمىز بار ئىدى. ئېھتىمال، ئېسىڭدە بولسا كېـ
رەك. شۇنداق چاپىدىغان ئاتلار بار ئىدىكى، قالماقلارنىمۇ قوغلاپ
يەتكەن بولاتتىڭ! شۇ چاغدا بىزنىڭكىدە بىر جەرەن قاشقا بار
ئىدى. ئۇنىڭغا مىنىپ توشقان ئوۋلايتتىم. ئۇنى ئىگەرلەپ قىرغا
چىقاتتىم ـ دە، قورايلارنىڭ ئارىسىدىن توشقاننى قوزغىتىپ
چىقىرىپ، 100 سارجىن يەرگە بارماستىنلا يېتىپ بېرىپ ئۈستىدىن
چۈشەتتىم. ھىلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، — دىدى مىرون گىرىگوـ
رىيېۋىچ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ، — بىر كۈنى
ئات بىلەن شامال تۈگمىنى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتىم، قارـ
سام بىر توشقان ئۇدۇل مەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ

تۇ. مەن ئۇنىڭغا راسلاندىم، توشقان شارتلا بۇرۇلۇپ، تاغنىڭ
ئېتىگىگە، ئۇ يەردىن دون ئارقىلىق نېرىقى تەرەپكە قېچىپ كەت-
تى! بۇ ماسلېنا* بايرىمى كۈنلىرىدىكى ئىش ئىدى. دونىڭ
يۈزىدىكى قارنى شامال ئۇرۇپ، بىر يەرگە يىغقانلىقتىن، مۇز
ئۈستى تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاشۇ توشقاننىڭ ئارقى-
سىدىن قوغلاپ كەتتىم، بىر ۋاقىتتا ئېتىم تېيىلىپ كېتىپ، تىك
موللاق يىقىلدى ـ دە، بېشىنى كۆتىرەلمەي قالدى. پۈتۈن ئەزا-
يىم زىڭىلداپ كەتتى! ئۇنىڭدىن ئىگەرنى ئېلىپ تاشلىدىم ـ دە،
دەرھال ئۆيگە چاپتىم. «ئاتا، ئاستىمدىكى ئاتنى ئۆلتۈرۈپ
قويدۇم! توشقان قوغلىغان ئىدىم» — دىدىم. «قوغلاپ يەتكەن-
مىدىڭ؟» — دەپ سورىدى دادام. «ياق»، — دىدىم. «دەر-
ھال قارا ئاتنى ئىگەرلەپ، قوغلاپ يەت، ئىتنىڭ بالىسى!» —
دىدى. ئۇ چاغدا زامان شۇنداق ئىدى! كازاكلار ئۇ چاغدا ئا-
شۇنداق سەلتەنەت بىلەن ياشايتتى. ئات ئۆلسىمۇ ئىچ ئاغرىتىش
يوق، توشقاننى قوغلاپ يېتىش كېرەك. شۇ چاغدا ئاتنىڭ با-
ھاسى 100 سوم، توشقاننىڭ بولسا ئون تىيىن... ئېھ، نى-
مىسىنى ئېيتايلى!

× ×

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قۇدىسىنىڭ ئۆيىدىن تېخىمۇ
بەتتەر گاڭگىراپ، تەشۋىش ۋە قايغۇغا چۆمگەن ھالدا قاي-
تىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ، تىرىكچىلىكنى باشقۇرۇشتا قان-
داقتۇ باشقىچە، ئۆزىگە دۈشمەن بولغان قائىدىلەر كىرىپ

* ماسلېنا — خىرىستىيان دىندىكىلەرنىڭ قىشنى ئۇزىتىش بايرىمى.

كېلىۋاتقانلىقىنى تازا كۈچلۈك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەگەر بۇرۇن ئۇ ئىگىلىكنى باشقۇرۇش ۋە تىرىكچىلىك - تۇرمۇشنى ئېلىپ بېرىشتا گوياكى بەيگىلەردە تولا چېپىپ، تۇساقلاردىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاتقا ئوخشاش بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ھايات ئۇنى قۇترىغان، كۆپۈك تەرگە پىشقان ئاتنى ئېلىپ ماڭغاندەك ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇ سەۋەپتىن ھازىر تۇرمۇشنى ئۇ باشقۇرمايتتى، بەلكى ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان قىرى ئۈستىدە ئۇ ئىختىيارسىز تەمتىرەپ، يىقىلىپ چۈشمەسلىككە بىچارە ھالەتتە تىرىشاتتى.

ئىستىقبالنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ تېخى يېقىندىلا مۇشۇ ئەتراپتا ئەڭ باي خوجايىن ئەمەسمىدى؟ ئەمما كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى خوراپ تۈگىدى. ئىشلەمچىلىرى تاراپ كەتتى، تېرىلغۇ مەيدانى تۇققۇز ھەسسە كېمەيدى، تۇراقسىز، كۇرسى چۈشكەن ئاقچا ھېساۋىغا قوراسىدىن ئۆكۈز ۋە ئاتلىرى چىقىپ تۇردى. بۇنىڭ ھەممىسى گويا چۈشتىكىدەكلا بولغان ئىدى، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىشلار دون ئۈستىدىكى ئۆتكۈنچى تۇماندەك ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت نەقىشدار پېشايۋانلىق ۋە رەڭگى ئۆڭگەن ئويما پىرامانلىق بىر ئۆيى يادىكار سۈپىتىدە قېپقالدى، ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپلا، كورشۇنوفنىڭ تۈلكە تۈكىدەك سېرىق ساقىلىدا ئاق تاللار پاقىراپ كۆرۈنۈشكە باشلاپ، بارا - بارا ئاۋۇپ ئىككى چېكىسىگە كۆچتى - دە، بۇ يەردە ئاۋال قۇمالۇقتىكى ئوغرى تىكەندەك تۇتام - تۇتام ئورۇنلاشتى، كېيىن شۇ ئاقلىق ئەسلىدىكى سېرىق تۈسنى بىر يولى بېسىپ چۈشۈپ، ئىككى چېكىسى ياپپىسىغا تۈزدەك ئاقىرىپ كەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئاق بارغانچە

يامراپ، ماگلىيىنىڭ ئۈستىدىكى چاچلىرىنى بېسىپ كەتتى، ئۇـ نىڭ ئۈستىگە مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىككى خىل ئەھۋال قاتتىق كۆرەشمەكتە ئىدى. بىر تەرەپتىن، مەللەرەڭ قان جۇش ئۇرۇپ، ئۇنى ئىشقا ھەيدەيتتى، يەرگە ئۇرۇق چېچىشقا، ئامبار ـ سارايلارنى سىپلىشقا، ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈنىلەرنىيا ساشقا، بېيىشقا مەجبۇر قىلاتتى، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، «مال ـ دۇنـ يا توپلاشنىڭ نىمە كېرىگى بار. بەرىبىر نابۇت بولۇپتۇگەيدۇ!» دەيدىغان بىر غەم ـ غۇسە ئۇنى بارغانسىرى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ھېچنىمىگە قىزىقماسلىقنىڭ ئۆلۈكتەك ئاپپاق تۇسىنى بېرەتتى. ئىنتايىن خۇنۇك قول پەنجىلىرى، بۇرۇنقىدەك بولقا ياكى قول ھەرىسىنى تۇتالمايتتى، ئىش بىلەن ئەبجىغى چىققان كىر بارماقلىرى تىزىنىڭ ئۈستىدە شىتىرلاپ تۇرىدىغان بولدى. مۇشكۇل زامان ئۇنى قېرىتىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرـ زىمىنىۇ يىرگىنىشلىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. باھاردا ئېتىـ زغا بارغاندا ئادەت بويىچە، خۇددى كۆگۈلسىز خوتۇنىنىڭ قېشىغا بارغاندەك، مەجبۇرەن باراتتى. بېيىسا خوشال بولمايدىغان، مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلسا، بۇرۇنقىدەك قايغۇرمايدىغان ھالغا كەلدى ... قىزىللار ئاتلىرىنى ئېلىپ كەتكەندە، ئۇ قىلچە تۇرقىنى ئۆزگەرتمىدى. ئەمما ئىككى يىل بۇرۇن ئەرزىمىگەن بىر ئىش ئۈچۈن، بىر دۆۋە ئوتنى ئۆكۈزلىرى دەسسەپ ـ چەيلىۋەتـ كەنلىگى ئۈچۈن ئايالىنى ئارا بىلەن سانچىپ ئۆلتۈرگىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەققىدە خوشنىلىرى: «كورشۇنوف نەپسىگە تىقىۋېرىپ، قارنىنى راسا تويغۇزغان ئىدى، ئەمدى قۇسقىلى تۇردى» — دېيىشەتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆيىگە ئاقساقلاپ يېتىپ كېلىپ،

كارۋاتقا يانپاشلىدى. ئىچىنى بىر نەرسە تاتلىغاندەك بولۇپ، تامىغىغا بىر نەرسە تىكەندەك قادىلىپ، يۈرىكى سىقىلدى. كېچىكى تاماقتىن كېيىن ئۇ ئومۇمىيغا تۈزلۈق تاۋۇز ئېپكېلىشنى بۇيرۇدى. بىر تىلىم يېگەندىن كېيىن تىترەپ، مەشىنىڭ قېشىغا ئاران كېلىۋالدى. تاڭغا يېقىن ئۇ خۇدىنى بىلمەي، تىپ كېسەلنىڭ ئىسسىتمىسى بىلەن ئۆتتەك قىزىپ، يۇمۇلاپ ياتتى. قان ئۇيۇشۇپ قالغان لەۋلىرى يېرىلىپ، يۈزى سارغىيىپ كەتتى، كۆزىنىڭ ئېقى كۆك سىر بەرگەندەك پاقىراپتتى، دروزدىخا چوڭ ئانام ئۇنىڭ قولىنىڭ كۆك تومۇرىدىن ئىككى تەخسە قارا مايدەك قارا قان ئالدى. ئەمما شۇ ئىشتىن كېيىنمۇ چال ھۇشىغا كەلمىدى، پەقەت چىرايى تاتىرىپ كۆكىرىپ كەتتى، چىشلىرى قارىيىپ كەتكەن ئاغزى كەڭ ئېچىلىپ، شاپىلدىتىپ ھاۋانى ئىچىگە سۈمۈرەتتى.

—

## 20

24 – يانۋار كۈنى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۇكرۇگ ئىنقىلاۋىي كومىتېتى رەئىسىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ۋېشېنسكاياغا كەتكەن ئىدى. ئۇ كەچقۇرۇن قايتىپ كەلمەكچى ئىدى. بۇ يەردىكىلەر ئۇنى كۈتۈشەتتى. مىشكا كوشىۋوي موخوفنىڭ بوپ – بوش قالغان ئۆيىدە، خوجايىنىنىڭ بۇرۇنقى ئىشخانىسىدا، ئىككى كىشىلىك كارۋاتتەك يوغان ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. دەرىزە تەكچىسىدە (بۇ ئۆيدە بىرلا ئورۇندۇق بار ئىدى) ۋېشېنسكايادىن

ئەۋەتىلگەن خەلق ساقچىسى ئۇلشانوف يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇ ئۈنچىقماستىن تاماكا چېكىپ، دەممۇ دەم يىراقتا ئۇستىلىق بىلەن چىرت - چىرت تۈكۈرەتتى. دەرىزىنىڭ تېشىدا يۇلتۇزلۇق تۈننىڭ شولىسى يورۇپ تۇراتتى. ئەتراپنى ئايازنىڭ تىمتاس سۈكۇناتى قاپلىغان. مىشكا ئاندا - ساندا دەرىزىدىن ئىرەن دەرىخنىڭ قەنتەك ئاپپاق قىرو باسقان شاخلىرىغا قاراپ قويۇپ، ستېپان ئاستاخوفنىڭ ئۆيىنى تىنتىتىش قىلىش قارارىغا قول قويۇۋاتاتتى.

بىرسى پىيمىسى بىلەن قارنى يېنىك - يېنىك غىچىرلىتىپ، پەلەمپەي بىلەن چىقىپ كەلدى.

— كەلدى.

مىشكا ئورنىدىن تۇردى. ئەمما كارىدوردا ئاڭلانغىنى باشقا بىر ئادەمنىڭ يۆتىلى، باشقا بىر ئادەمنىڭ ئاياق تىۋىشى ئىدى. شىنېلىنى زىچ تۈگمىلىگەن، قاش - كىرپىكلىرىنى، بۇرۇتىنى قىرو باسقان، سوغاقتىن كۆكىرىپ كەتكەن گىرىگورىي مېلېخوف كىرىپ كەلدى.

— مەن چىراقنى كۆرۈپ كىردىم. سالامەت تۇردۇڭمۇ!

— كەل، ئەرز - دادىڭنى ئېيت.

— ئەرز - داد ئېيتىدىغان ھېچنەمە يوق. مۇنداقلا پاراڭلىشىشقا كەلگەن ئىدىم. ئېيتماقچى، يەرلىك ئات - ئۇلاغلار سەيىسىگە بىزنى كىرگۈزمەي تۇرغىن، چۈنكى ئاتلىرىمىزنىڭ پۇتىغا قان چۈشۈپ قالدى.

— ئۆكۈزلەرچۇ؟ — مىشكا ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇپ، كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— ئۆكۈزلەر بىلەن قانداق يۈرگىلى بولىدۇ؟ يوللار تېيىلغاق. سوغاقتىن قاتقان ياپپاق قارلارنى ئايىغى بىلەن سۇندۇ-

روپ، كىمدۇ بىرسى چوڭ - چوڭ جامداپ پەلەمپەي بىلەن چىقىپ ئىشىك تەرەپكە ئۆتتى. ئۈستىگە يەڭسىز كىڭگىزچەكمەن كىيگەن، بېشىدىكى يالاڭ قۇلاقچىسىنى ئابالارچە چىگىۋالغان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ گۈسۈلدەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆيىنىڭ ئىچىگە سوغاق، ساپ هاۋا، ئوت - چۆپ پۇرىقى ۋە تاماكا ئىسى گۈررىدە كىردى.

— توڭلىدىم، بەك توڭلىدىم، يىگىتلەر! ... گىرىگورىي، سالامەتمۇ سەن! نىمە كېچىدە قاڭقىپ يۈرىسەن؟ ... مۇشۇ چەكمەن دىگەن نەرسىنى قايسى لەنىتى ئويلاپ چىقارغاندۇ: شامال ئۇنىڭدىن خۇددى غەلۋىردىن ئۆتكەندەك ئۆتىدىكەن!

يېشىندى - دە، چەكمىنىنى قوزۇققا ئىلماي تۇرۇپلا گەپكە كىرىشتى:

— خوش، رەئىس بىلەن كۆرۈشتۈم، — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ خۇرسەن بولغان هالدا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ شىرە يېنىغا كەلدى. كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ناقىتى تاق بولغان ئىدى، — ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشتى - دە، «ئولتۇرۇڭ، يولداش» — دىدى. ئوكروگ رەئىسنىڭ مۇئامىلىسى مانا شۇنداق! ئىلگىرى قانداق ئىدى؟ گېنېرال مايور! ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق تۇرۇش لازىم ئىدى؟ مانا، بىزنىڭ سۆيۈملۈك هاكىمىيەت! ھەممەيلەن باپ - باراۋەر!

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ شاتلىقتىن يورۇشۇپ كەتكەن بەختىيار يۈزى، شىرە يېنىدا ھۇلۇقۇشى ۋە بايىقى ھاياجانلىق سۆزلىرى گىرىگورىيغا چۈشىنىكسىز ئىدى، شۇڭا ئۇ سورىدى:

— نىمىگە شۇنچە خوشال بولۇپ كەتتىڭ، ئالېكسېيېۋ؟



www.uyghurkitap.com

— نىمىگە دىگىنىڭ قانداق گەپ؟ — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ ئىڭىكى دىرىلداپ كەتتى، — ئۇلار مىنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈشتى، بۇنىڭغا نىمىشقا حوشال بولمايمەن؟ مىنى ئۆزىگە تەڭ كۆرۈپ، قولىنى بەردى، ئولتۇرغۇزدى ...

— گېنېراللارمۇ كېيىنكى چاغلاردا قاپتىن تىكىلگەن كۆينەكلەرنى كىيىشىپ يۈرىدىغان بولۇشتىغۇ، — گىرىگورىي ئالقىنىنىڭ قىرى بىلەن بۇرۇتىنى تۈزەپ، كۆزىنى پىرىلداتتى، — مەن بىر گېنېرالنىڭ مۈرىسىدە سىيا بىلەن سىزىلغان پاگونلارنى كۆردۈم، ئۇلارمۇ كازاكلارغا قول بەرگەن...

— گېنېراللار زۆرۈرىيەتتىن شۇنداق قىلىدۇ، مۇنۇلار بولسا تەبىئى ساپ نىيىتى بىلەن پەرقى بارغۇ دەيمەن؟

— پەرقى يوق! — دىدى گىرىگورىي بېشىنى چايقاپ.

— سىنىڭچە، ھاكىمىيەتمۇ بىر خىلمۇ؟ ئۇ ھالدا نىمىشقا سوقۇشتۇق؟ سەن مانا — نىمىشقا سوقۇشتۇق؟ گېنېراللار ئۈچۈنمۇ؟ تېخى سەن «ئوخشاش» دەيسەن.

— مەن ئۆزەم ئۈچۈن جەڭ قىلدىم، گېنېراللار ئۈچۈن ئەمەس، راستىنى ئېيتسام، ئۇلارنىمۇ، بۇلارنىمۇ كۆڭلۈم ياقتۇرمايدۇ.

— ئەمىسە كىمنى ياقتۇرىسەن؟

— ھېچكىمنى!

ئولشانوف ئۆينىڭ بىر چېتىگىچە يەتكۈزۈپ، چىرت قىلىپ تۈكۈرۈپ. ھېسداشلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ھېچكىمنى ياقتۇرمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇرۇن سەن مۇنداق ئويلىمايدىغاندەك قىلاتتىڭغۇ؟

مىشكا بۇ سۆزنى ئەتەي گىرىگورىينى چېقىۋېلىش ئۈچۈن ئېيتقان ئىدى، ئەمما گىرىگورىي ئۇنىڭ سۆزىگە رەنجىگەن قىيا- پەتتە بولمىدى.

— مەن بولاي، سەن بول، ھەممىمىز ھەر خىل ئويلىغان بىز ...

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، گىرىگورىينى يولغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن مىشكىغا ئۆزىنىڭ سەپىرى توغرىلىق ۋە رەئىس بىلەن سۆھ بەتلەشكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلى سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى، بىراق ھازىرقى گەپ ـ سۆز ئۇنى بىزاۋىتە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئوكرۇگدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى تەسىراتى ئاستىدا تايىنى يوق گەپ تالاشقا چۈشۈپ قالدى:

— سەن بىزنىڭ بېشىمىزنى ئايلاندۇرغىلى كەلدىڭمۇ، گىرىگورىي! سەن نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى ئۆزەڭمۇ بىلمەيسەن.

— بىلمەيمەن، — گىرىگورىي بۇ سۆزگە جان دەپ قوشۇلدى.

— سەن بۇ ھاكىمىيەتنى نىمىشقا ياقتۇرمايسەن؟

— خوش، سەن بۇ ھاكىمىيەت ئۈچۈن نىمانچە جان كۆيدۈرۈپ كېتىسەن؟ سەن قاچاندىن باشلاپ، مۇنچىلىك قىزىللىشىپ كەتكەن ئىدىڭ؟

— بۇ توغرىلىق گەپ قوزغىماي تۇرايلى. ھازىر قانداق بولسام، شۇنداق دەپ تۇر مېنى، چۈشەندىڭمۇ؟ ھاكىمىيەت توغرىسىدىمۇ كۆپ گەپ قىلما، چۈنكى مەن رەئىس، شۇڭا سەن بىلەن بۇ يەردە گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايمەن.

— ئۇنداق بولسا قويايلى بۇ سۆزلەرنى. مېنىڭمۇ كېتىد-

غان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. مەن ھىلىقى ئات ـ ئۇلاق توغرىلىق كىرىپ چىقاي دەپ كەلگەن ئىدىم. سىزنىڭ ھاكىمىيىتىڭگە كەلسەك ـــ نىمە دىسەڭ دىگىن ـــ بولمىغۇر ھاكىمىيەت. سەن ماڭا توغرىسىنىلا ئىيت، شۇنىڭ بىلەن گەپنى ئاياقلاشتۇرايلى: بۇ ھاكىمىيەت بىزگە، كازاكلارغا نىمە بىرەر؟

ـــ قايسى كازاكلارغا؟ كازاكلارمۇ ھەر خىل بولىدۇغۇ.

ـــ قانداق بولسا بولسۇن، ھەممە كازاكلارغا.

ـــ ئۇلارغا ئەركىنلىك بىرىدۇ، ھوقۇق بىرىدۇ ... سەن تۇرۇپ تۇر! ... توختا، سەن بىر نىمىنى ...

ـــ مەن 1917 ـ يىلى شۇنداق دىگەن ئىدىم، ھازىر بولسا يېڭى نەرسىنى ئويلاپ تېپىش كېرەك! ـــ دەپ گەپنى بۆلدى گىرىگورىي. ـــ يەر بىرەمدۇ؟ ئەركىنلىك بىرەمدۇ؟ باراۋەرلىكنى تەمىن قىلامدۇ؟ ... يەر دىسەڭ، بىزدە ئىشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. ئەركىنلىكنىڭ ئەمدى لازىمى يوق، بۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا كوچىلاردا ئادەملەر بىر ـ بىرىنى سويۇپ تاشلايدۇ. ئاتامانلارنى ئۆزىمىز سايلاپ كەلگەن ئىدۇق، ئەمدىلىكتە تەيىنلىنىدىغان بولۇشتى. ھىلىقى ساڭا قولىنى بىرىپ، خوشال قىلغاننى كىم سايلاپتۇ؟ كازاكلارغا بۇ ھاكىمىيەت قىرغىنچىلىق، ئاپەتتىن باشقا ھېچنىمە ئېلىپ كەلمەيدۇ! مۇژىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتى، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىلا كېرەك. ئەمما بىزگە گېنېراللارنىڭمۇ كېرىگى يوق. كوممۇنىستلار بولسۇن، گېنېراللار بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش بويۇنتۇرۇق.

ـــ بۇ ھاكىمىيەت باي كازاكلارغا كېرەك ئەمەس، باشقىلارغىچۇ؟ ھەي، ئەخمەق كاللا! يېزىدا بايلاردىن بار ـ يوقى ئۈچ كىشى بار، قالغانلىرى كەمبەغەل ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئىشچىلارنى نەگە قويىسەن؟ ياق، بىز سەن بىلەن مۇنداقلا پىكىر-
لىشەلمەيمىز! باي كازاكلار ئاچلارغا تويغان ئېغىزلىرىدىن پارچە
لوقمىلارنى بۆلۈپ بەرسۇن. بەرمىسە قىزىل ئېتىنى شۇلۇ-
ۋالىمىز! ئەمدى بەس پان - پومىششىكلارنىڭ قورغانلىرى! ئۇلار
يەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتى ...

— بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشمىدى، سوقۇشتا يېڭىپ، قولغا
كىرگۈزدى! ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ يەرلەرنى قېنى بىلەن سۇ-
غارغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بىزنىڭ قارا تۇپراق يېرىمىز ئۈنۈم
بېرىدىغاندۇ.

— بەرىبىر، مۇھتاجلار بىلەن ئورتاقلىشىش، تەڭ بۆلۈ-
شۈش كېرەك. باراۋەرلەشتۈرۈش دەيدىكەنمىز، ھەقىقى بارا-
ۋەرلەشتۈرۈش كېرەك. سەن بىكاردىن - بىكارغا ئىشلەپ يۈرىسەن.
ئۆگزىدىكى شامال بايراقچىسىدەك، شامال قايسى تەرەپكە سوقسا،
سەنمۇ شۇ ياققا سوقىسەن. ساڭا ئوخشاش ئادەملەر ھاياتنى لاي-
لىتىپ قويىدۇ!

— توختا، تىللىماي تۇر! مەن كونا دوستلۇغىمىز بويىچە
كۆكرىگىمدە قايناپ تاشقان ئىچكى سىرىمنى ساڭا ئېيتىش ئۈ-
چۈن كەلدىم. سەن باراۋەرلەشتۈرۈش دەيسەن ... بولشېۋىكلەر
مۇشۇ سۆز بىلەن قارا خەلقنى ئۆزىگە ئىلىندۇرۇپ كەلدى.
ياخشى سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يەمگە
ئىنتىلگەن بېلىقتەك. قارماققا ئىلىندىڭ! قېنى بۇ باراۋەرلە-
شىش نەدە؟ قىزىل ئارمىيىنى ئالايلى: مانا بىزنىڭ يېزىدىن
بېسىپ ئۆتتىغۇ. ۋىزۋوت كوماندىرى خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، «ۋانىك»
(كىچىك ئەسكەر) بولسا ئايىغىنى لاتا چۇپرەك بىلەن تاڭغان.
كومىسسارنى كۆرسەڭ كىيىم - كېچىگى پۈتۈنلەي كۆن - خۇرۇم-

دىن. خاھى ئۈستىنى، خاھى تۆجۈركىسى كۆن ـ خۇرۇمدىن تىـ
كىلگەن، باشقىلارغا بولسا سىرەر بەتىنكىگە كۆن رەخت يېتىشمەيـ
دۇ. ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيىتىنىڭ بىر يىلى مانا شۇنداق ئۆتـ
تى. ئۇلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىن كېيىن باراۋەرلىكنىڭ
نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىسەن! ... فۇرونتتا شۇنداق گەپ
بار ئىدى: «ھەممىيلەن باپ ـ باراۋەر بولىمىز. كوماندىرلارنىڭمۇ،
سولداتلارنىڭمۇ مائاشى ئوخشاش بولىدۇ! ...» ياق! بۇ ئالدامـ
چىلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆز ئىكەن! مۇبادا پان ـ پومىششىكلار
يامان دېيىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ھالدا قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان
نومۇسسىز پان ئۇنىڭدىن 100 ھەسسە يامان! ئوفىتسېرلەر قانـ
چىلىك رەزىل بولسىمۇ، ئاددى كازاكلاردىن بىرەرسى ئوفىتسېر
بولسا يېتىپلا ئۆل، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئادەمنى تاپالمايسەن.
ئۇنىڭ ئالغان بىلىمىمۇ كازاكنىڭ بىلىمى بىلەن ئوخشاش:
ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىنى تولغاشنىلا ئۆگەنگەن، ئەمما قارىساڭ خەلقـ
قە قوشۇلۇۋېلىپ، قولغا كىرگۈزگەن ھاكىمىيەتتىن مەس بولۇۋاـ
لىدۇ ـ دە، مۇشۇ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا باشقىلارنىڭ
تېرىسىنى سويۇشقا تەييار.

— سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئەكسىيەتچىل! — دېدى ئىۋان ئالېكـ
سېيېۋىچ سوغاققىنا، ئەمما گىرىگورىيغا تىكىلىپ قارىمىدى، —
سەن مېنى ئۆزەڭنىڭ چۆنەك ـ ئىزىڭغا سالالمايسەن، مەنمۇ سېـ
نى ئۆز تەرىپىمگە تارتماقچى ئەمەسمەن. مەن سېنى ئۇزاقتىن
بۇيان كۆرمىگەن ئىدىم، يوشۇرمايلا ئېيتاي: سەن باشقىچە
بولۇپ قاپسەن. سەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە دۈشمەنسەن!

— مەن سەندىن بۇ سۆزنى كۈتمىگەن ئىدىم... مۇبادا مەن
ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكرىمنى ئېيتسام، بۇنىڭلىق

بىلەن ئەكسپەتچى بولۇپ قالامدىمەن؟ كادىت دولۇپ قالامدىمەن؟

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۇلشا نوفىنىڭ تاماكا خالتىسىنى ئالدى، ئەمدى يۇمشاقراق سۆزلەپ، مۇنداق دىدى:

— مەن ساڭا قانداق گەپ ئۇقتۇرالارمەن؟ كىشىلەر ئۆز مېڭىسى بىلەن چۈشىنىۋالىدۇ، يۈرىكى بىلەن چۈشىنىدۇ! مەن ئۆزەم نادان ۋە چالا ساۋات بولغانلىقىم ئۈچۈن سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا كۆپ نەرسىگە پايپاسلاپ يېتىۋالىمەن...

— بولدى قىلىڭلار! — دەپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى مىشكا.

ئۇلار ئىجرائىيە كومىتېت بىناسىدىن بىللە چىقىشتى. گىرىگورىي ئۈنچىقمايتتى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بۇ ئۈنچىقماسلىقتىن ئوڭايسىزلىنىپ، تالاش - تارتىشتا ئىپتىلغان يات پىكىرلەرنى ئۆزرەلىك تاپمىدى، چۈنكى بۇ پىكىرلەردىن ئۇ يىراق ئىدى ۋە تۇرمۇشقا باشقا نۇقتىدىن قارايتتى، شۇڭا خوشلاشقاندا مۇنداق دىدى:

— سەن مۇنداق ئوي - پىكىرلىرىڭنى ئىچىڭدە ساقلا. ئۇنداق بولمىغاندا، سەن ماڭا تونۇش بولساڭمۇ ۋە سىلەرنىڭ پېتىرو ئەڭ يېقىن كىشىم بولسىمۇ، ئەمما ساڭا قارشى تۇرۇشنىڭ چارە - ئامالىنى تاپالايمەن! كازاكلارنى تەۋرەتمەي، جىم يۈر، ئۈنىڭسىزمۇ ئۇلار تەۋرىنىمەكتە. بىزنىڭ يولىمىزدا توسالغۇ بولما. يەنچىپ ئۆتۈپ كېتىمىز!... خەير - خوش!

گىرىگورىي شۇنداق بىر تۇيغۇنى باشتىن كەچۈرۈپ كېلەتتى، گويا بوسۇغىدىن بىرلا ئاتلاپ ئۆتكەندەك بولدى ھەمدە بۇرۇن ئۇنىڭغا ئېنىق بولمىغان نەرسىلەر ئەمدىلىكتە كۆتۈلمىگەن

دە ئىنتايىن روشەن بولۇپ، كۆز ئالدىدا باش كۆتەردى. ئۇ، ھەقىقەتتە، گەپ تەگىشىش ئەسناسىدا پەقەت شۇ كۈنلەردە ئويلاپ كەلگەن ۋە ۋۇجۇدىدا يىغىلىپ، چىقىش يولى ئىزلىگەن نەرسىلەرنى بايان قىلدى. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ پرىنسىپال كۆرىشىدە ئىككىلا تەرەپنى ئېتىراپ قىلماي، خاتاغا چىقىرىپ، ئوتتۇرىدىكى چېگرىدا تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭدا تىنىم تاپمايدىغان يوشۇرۇن نارازىلىق پەيدا بولدى.

مىشكا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۇكرۇگ رەئىسى بىلەن ئۇچراشقانلىقى توغرىسىدا قايتىدىن گەپ قوزغىغان ئىدى. ئەمما سۆزگە كىرىشكەندە، كېپىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، زۆرۈرىيىتى قالمىغاندەك تۈيۈلدى. ئۇ ئاۋالقى كەيپىياتىغا قايتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، قادىر بولالمىدى: بىر نەرسە كۆندىلەك تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ شاتلىنىشىغا، ئۆپكىسى بىلەن چۈچۈك، مۇزدەك ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلدى. بۇنىڭغا توسقۇن بولغان نەرسە گىرىنگورىي ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان گەپ ـ سۆز ئىدى. شۇلارنى ئەسلەپ، ئۆچمەنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ـــ گىرىشكىغا ئوخشاشلار كۈرەشتە ئاياق ئاستىدا پۇتلىشىپ يۈرىدۇ. پەسكەش! قىرغاققا يېقىن كېلەلمەيدۇ، كاچكولدا ئۈزۈپ يۈرگەن كالا تېزىكىگە ئوخشايدۇ. يەنە كېلىدىغان بولسا گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ قوغلىۋېتىمەن! ئۇ تەشۋىقات يۈرگۈزۈشكە باشلىسا، بىز ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى تاپىمىز... خوش، مىشاتكا، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئىشلىرىڭ قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

مىشكا ئۆزىنىڭ بىر ئىشىنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇ سوئالغا جاۋابەن تىللىنىپلا قويدى.

بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا كوشۇۋوي ئىۋان ئا-
لېكسېيېۋىچقا قايرىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ قىز بالىنىڭكىدەك پۇل-
تىيىپ تۇرغان لەۋلىرىدە يوشۇرۇن نەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

— مانا، ئالېكسېيېۋىچ، سىياسەت دېگەن نېمە ياۋۇز
نەرسە، قۇرغۇر! نېمە ھەققىدە سۆزلىسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەمما
ئۇنچىلىك قېنىڭنى بۇزمايسەن. مانا گىرىشكا بىلەن پاراڭ باش-
لاندى... بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆسكەن تەڭ قۇرلارمىز. مەك-
تەپتە بىللە ئوقۇدۇق، قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن بىللە يۈردۇق، ئۇ
ماڭا بىر تۇققاندەكلا ئىدى... بايا ئۇ بىمەنە سۆزلەرنى قىلى-
ۋېرىپ، ئوغامنى قايىنىتىپ قويدى. يۈرىكىم كۆپۈپ كەتتى، كۆك-
رىگىمدە دەل تاۋۇزدەك بىر نەرسە تۇرغاندەك بولدى. ئۇ ھا-
مان ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋاتىدۇ! ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق نېمە
مېنى تارتىۋېلىۋاتقاندەك بولۇۋاتىدۇ. مېنى تالاۋاتقاندەك بولۇ-
ۋاتىدۇ! مۇنداق پاراڭ ئاستىدا ئادەم ئۆزىنى بوغۇزلاپ تاشلاش
مۇمكىن. بۇ ئۇرۇشتا ئۇرۇق - تۇققان، قوۋم - قېرىنداش يوق.
ماڭىدىغان يولۇڭ سىزىلغان ئىكەن، شۇ يول بىلەن مېڭىۋەر!—
مىشكىنىڭ ئاۋازى چىدىغۇسىز ئەلەم بىلەن تىترەيتتى. — مەن
ئۇنىڭغا يۈرگەن قىزلىرىمنىڭ تەلىيىنى تەرتقۇزۇپ قويغاندىمۇ،
ھازىرقى سۆزلىرى ئۈچۈن رەنجىگەندەك رەنجىمىگەن ئىدىم. بۇ
ئىش مېنىڭ روھىمغا قاتتىق تەسىر قىلدى.

## 21

قار يېغىپ، دەرھاللا ئېرىپ كېتەتتى. چۈش مەھەلدە يار-

لىقلاردا قار كۆچكۈنلىرى غاراس ـ غـاراس غـۇلاپ چۈشەتتى،
دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئورمان غۇۋۇلدايتتى. ئـەمەن دەرىخـ
نىڭ تېنىدىكى مۇزلار ئېرىپ، قارىيىپ قالغان. شاخلاردىن ئاقـ
قان تامچىلار قارلارنى تېشىپ ئـۆتۈپ، چىرىگەن ياپراقـلارنىڭ
ئاستىدا ئىللىپ قالغان يەرگىچە يېتىپ باراتتى. بـاھارنىڭ دىـ
ماقنى مەس قىلىدىغان ئىللىق ھاۋاسى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن
قىلاتتى. گىلاسلىق باغلاردىن خۇش پۇراق تارقىلاتتى. دون دەرـ
ياسىنىڭ مۇز بېتىدە تۆشۈكلەر پەيدا بولدى. قىرغاق تۈۋىدىكى
مۇزلار يىراقلاپ، كاچكوللارنى ياقىدىكى يېشىل، سـۈزۈك سۇلار
بېسىپ كەتتى.

دونغا سىنارەت ئېلىپ كېتىۋاتقان كارۋان ھارۋىلار تاتارىسـ
كىدا ئـات ـ ئـۇلاقلارنى ئالماشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بـۇلارغا
ھەمرا قىلىنغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ياۋۇز يىگىتلەر بولۇپ
چىقتى. بۇلارنىڭ بـاشلىغى ئىۋان ئـالېكسىيېۋىچقا كۆز ـ قۇلاق
بولـۇپ ئـارقىدا قـالـدى: ئـۇ ئـالېكسىيېۋىچقا ئـوچـۇقـتىن
ئوچۇق: «مەن سەن بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن، ئۇنداق بولمىغاندا،
كىم بىلىدۇ، پۇرسەت تـاپسا ئۇلا قېچىپ كېتىسەن!» ــ دىدى. شۇ
سۆزنى دىدى ـ دە، قالغان ئـادەملەرنى ئات ـ ئـۇلاق تېپىشقا
ئەۋەتتى. 47 جۈپ ئات قوشۇلىدىغان ھارۋا كېرەك ئىدى. چـاـ
پارمەن يېمېلەن مېلېخوفلارنىڭكىگە يېتىپ باردى.

ــ ئاتلىرىڭلارنى ھارۋىغا قوشۇڭلار، بوكوۋسكايا غا سىناـ
رەت ئېلىپ بارىمىز! ــ دىدى ئۇ.

پېترو ئۇنىڭغا بۇرۇتىنىمۇ مىدىرلاتماستىن، خىڭىلدىدى:

ــ ئاتلارنىڭ پۇتىغا قان چۈشۈپ قالغان، بايتال بـىلەن
تۈنۈگۈن مەن يارىدارلارنى ۋېشېنسكايا غا ئېلىپ باردىم.

www.uyghurkitap.com

يېمىلەن بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن، ئاتخانىغا ماڭدى، پېترو يالاڭاچ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ توختاپ تۇر ... بەلكىم قالدۇرۇپ قويارسەن؟

— ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمەسەڭچۇ! — يېمىلەن پېتروغا ئىنتايىن جىددىيلىك بىلەن باشتىن - ئاياق قاراپ قويۇپ مۇنداق دېدى، — سىلەرنىڭ ئاتلىرىڭلارنى بىر كۆرگۈم بار، ئۇلارنىڭ پۇتىغا قېنى قانداق قان چۈشكەن ئىكەن؟ بولقا بىلەن بوغۇنلىرىغا ئەتەي مىخ قېقىپ قويدۇڭلارمۇ - يوق؟ سەن تولا كۆزۈمنى بويىما! سەن قانچىلىك ئات تېزىكىنى كۆرگەن بولساڭ، مەن شۇنچىلىك ئاتلارنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن ئادەممەن. قېنى، هارۋىنى قات! ئات بولامدۇ ياكى ئۆكۈزمۇ، بەرىبىر، هارۋا بىلەن گىرىگورىي بىللە ماڭدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ لىپىدە ئاشخانىغا كىردى، باللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئالدىراش مۇنداق دېدى:

— بازارلىق نەرسە ئېپكېلىپ بېرىمەن، ئەمما سىلەر بۇ يەردە تەنتەكلىك قىلماڭلار، ئاپاڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، — ئۇندىن كېيىن پېتروغا قاراپ، — سىلەر مېنى ئويلىماڭلار، مەن يىراققا بارماسمەن، ئەگەر بوكوۋسكايادىنمۇ نېرىغا قوغلايدىغان بولسا، ئۆكۈزلەرنى تاشلاپ قايتىپ كېلىمەن، ئەمما يېزىغا كەلمەيمەن. سىڭگىلىڭنىكى هامامىنىڭ ئۆيىدە مەلۇم ۋاقىتنى ئۆتكۈزىمەن... پېترو، سەن بېرىپ كۆرۈشۈپ تۇرغىن، بۇ يەردە تۇرۇپ كۈتۈش، نىمىشقىدۇ ماڭا قورقۇنچلۇقتەك تۇرىدۇ، — دېدى - دە، كۈلۈمسىرەپ قويدى، — خوش، سالامەت بولۇڭلار! ناتاشكا، مېنى تولا سېغى-

نىپ، چىرايىڭنى سارغايتما!
ئوزۇق - تۈلۈك ئامبىرى قىلىنغان موخوف ماگىزىنىنىڭ
يېنىدا سىنارەت قاچىلانغان يەشىكلەرنى هارۋىغا بېسىپ يولغا
چىقىشتى.
«ئۇلار ياخشىراق كۈن كەچۈرەيلى، دەپ سوقۇشۇۋاتىدۇ،
بىز بولساق ئۆزىمىزنىڭ ياخشى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ئۇرۇشتۇق، —
گىرىگورىي ئۆكۈزلەرنىڭ تەكشى قەدىمى بىلەن تەۋرىنىپ هامان
بايىقى پىكىرلىرى توغرىلىق ئويى سۈرەتتى، ئۇ چانىنىڭ ئۈستىدە
بېشىنى چەكمىنى بىلەن پۈركەپ يانپاشلاپ ياتاتتى، — هاياتتا
چىن ھەقىقەت يوق. كىمنى كىم يەڭسە، ئۇ ئا شۇيەڭگەن ئادىمىنى
چايناپ يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ... مەن بولسام باشقا بىر بىهۇدە
ھەقىقەتنى ئىزلەپتىمەن. دىلىم خەستە بولدى،
ئۇيياق - بۇياققا چايقالدىم. ئاڭلىشىمچە، بۇرۇنقى زاماندا دونـ
نى تاتارلار تەھقىرلىگەن ئىكەن، يەرلەرنى تارتىۋېلىش، قۇللۇق
ئاسارەتكە سېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. هازىر بولسا رۇس!
ياق! مەن بۇنىڭغا كۆنەلمەيمەن! ئۇلار، ماڭا ۋە ھەممە كازاكلارغا
يات. كازاكلار ئەمدى ئەقلىنى تاپار. فرونتنى تاشلاپ كېتىشـ
كەن ئىدى، ئەمدىلىكتە ھەرقايسىسى ماڭا ئوخشاش: ئاھ،
ئىست! — دېيىشمەكتە، بىراق كېچىككەن.»
يېقىن يەرلەردە — يول ياقىسىدا قورايلار ئۆسكەن، ئېتـ
دىرلار جىمىرلاپ تۇراتتى، ئىرماش - چىرماش ئۇششاق سايلار
قارشى تەرەپتىن ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى، يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ ماڭغاندا قارلىق دالا، دائىرە شەكلىدە ئەگىپ، چانا بىلەن
تەڭلا جەنۇبقا قاراپ ئالغا سىلجىيتتى. يول تۈگىتىپ بولمايدىـ
غان دەرىجىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولۇپ، كىشىنى ئېزىپ، زېرىكـ

تۇرەتتى، ئۇيقۇغا ئۈندەيتتى.

گىرىگورىي ئۆكۈزلەرگە خۇشياقماسلىق بىلەن ۋاقىراپ قويۇپ، تېڭىلغان يەشىكلەرنىڭ يېنىدا ئۈگدەپ، تەۋرىنىپ باراتتى. تاماكا چېكىۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇق قاشقا بىدە ۋە ئېيۇن كۆنلىرىنىڭ يېقىملىق ئىسى ئاڭقىپ تۇرغان چۆپكە يۈزىنى يېقىپ، ئاستىلا ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە ئۇ ئاكسىنىيە بىلەن بىللە شىلدىرلاپ تۇرغان ئىگىز زىرائەتنىڭ ئىچىدە يۈرەر ئىمىش. ئاكسىنىيە بىر بوۋاقنى ئاۋايلاپ كۆتىرىۋالغان، يان تەرەپتىن گىرىگورىيغا ئوغرىلىقچە يالت - يۇلت قاراپ قوياتتى. گىرىگورىي يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇشىنى، باشاقلارنىڭ بىر ئاھاڭدا شىتىرلىشىنى ئىشىتەتتى، چەت - ياقىدىكى گىيالارنىڭ چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەندەك ئاجايىپ كەشتىسىنى، ئاسماننىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان دەرىجىدە كۆپ - كۆك ھەشەمەتلىكىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدە بىر تۇيغۇ چىپچەكلىگەن، بۇ تۇيغۇ بۇژۇلداپ قاينايتتى، ئۇ ئاكسىنىيەنى بۇرۇنقىدەك مەجنۇنى بىناۋا قىلىدىغان مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بۇنى پۈتۈن جان - تېنى بىلەن، يۈرىكىنىڭ ھەر بىر تېپىشى بىلەن سېزەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بۇ ئەھۋالنىڭ ئوڭى ئەمەس، چۈشى ئىكەنلىكىنى، كۆز ئالدىدا ئۆلۈكتەك جىمجىت ھاڭ ئېچىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. يەنە تېخى بۇ چۈشتىن خۇرسەن بولاتتى ۋە ئۇنى چىن ھايات دەپ بىلەتتى. ئاكسىنىيە يەنە شۇ بەش يىل بۇرۇنقى ئاكسىنىيە ئىدى، ئەمما ئۇ بۇرۇنقىدىن ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغان، مۇئامىلىسىمۇ سوغاقراق. گىرىگورىي، ئاكسىنىيەنىڭ بويىنىغا چۈشۈپ تۇرغان يىپەكتەك يۇمشاق چەمبىرەك چېچىنى (ئۇنى شامال يەلپۈللىتىپ ئوينايتتى)، ئاپپاق رومىلىنىڭ

ئىككى ئۈچىنى شۇنداق كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىدە ياققال
كۆرىدىكى، ئۇنىڭدا ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدى... ئۇ چاننىڭ بىر
سىلكىنىشىدىن ئويغىنىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن پۈتۈنلەي ئۇيقۇسى
ئېچىلىپ كەتتى.

ئالدى تەرەپتىن بۇلارغا قاراپ نۇرغۇنلىغان ئات - ئۇلاق،
ھارۋا - چانىلار كېلىۋاتقان ئىكەن، ئۇلار بىر ياندىن ئايلىنىپ
ئۆتۈۋەردى.

— نىمە توشۇۋاتىسىلەر، يۇرتداشلار؟ — دىدى گىرىگو-
رىينىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بودوۋىسكوف خىرىلدىغان ئاۋاز بى-
لەن توۋلاپ.

چانىلارنىڭ تاپانلىرى غىچىرلايتتى، ئۆكۈزلەرنىڭ ئاچا
تۇياقلىرى قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ كېلەتتى. ئالدى تەرەپ-
تىن كېلىۋاتقان چانىدىكىلەر ئۇزاققىچە ئۈنچىقىشمىدى. بىر ھا-
زادىن كېيىن بىرسى جاۋاپ قايتۇردى:

— ئۆلۈكلەر! كېزىك كېسىلىدىن ئۆلگەنلەر...

گىرىگورىي بېشىنى كۆتىرىپ قارىدى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
بىر چانىنىڭ ئۈستىدە سۇر شىنېل كىيگەن جەسەتلەر قاتار يې-
تىشاتتى، ئۈستىگە بىرىزېنت يېپىلغان ئىدى. گىرىگورىينىڭ چا-
نىسىنىڭ يان گىرۋىكى غىرىلداپ تېز كېتىۋاتقاندا، ئاشۇ ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان چانىدىن چوخچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر قولغا سو-
قۇلۇپ كەتكەن ئىدى، بۇ جانسىز قول چۆيۈندەك جىغىلداپ
كەتتى... گىرىگورىي پەرۋا قىلماستىن، شارتلا ئايلىنىپ ئۆتۈپ
كەتتى.

قاشقا بىدىنىڭ چۇچۇمەل پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئۇيقۇ
كەلتۈرەتتى، يېرىم - ياتا ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشكە يۇمشاقلىنا يۈ-

www.uyghurkitap.com

زىنى بۇراپ، يۈرىگىنى بايىقى سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن بىسىغا تەككۈزۈشكە يەنە بىر قېتىم مەجبۇر بولدى. گىرىگورىي يەنە چانىغا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، قاشقا بىدىنىنىڭ سىرىق شېخىغا مەڭزىنى يېقىپ، جېنىنى سىقىرىتىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېقىملىق بىر ئاغرىقنى باشتىن كەچۈرەتتى. ئۆتمۈش خاتىرىلەر بىلەن جاراھەت بولغان يۈرىكى ئىگىز ـ پەس سوقۇپ، ئۇزاققىچە ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

## 22

يېزا ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە ئادەم توپلىشىپ تۇراتتى، ئۇلار: تۈگمەن ئىشچىسى داۋىدكا، تىموفىي، موخوفنىڭ بۇرۇنقى هارۋىكىشى يېمېلەن ۋە چوقۇر موزدۇز فىلكا ئىدى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۆزىنى يېزىدىن ئايرىپ تۇرغان كۆزگە كۆرۈنمەس تامنىڭ بارلىغىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچلۈكرەك هېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىدە پەقەت ئاشۇ كىشىلەرگە تايىناتتى. كازاكلار مەجلىسكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، كەلگەن تەقدىردىمۇ، داۋىدكا ۋە باشقىلار يېزىنى تۆت ـ بەش قېتىم ئايلىنىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈگۈرگەندىن كېيىنلا كېلىشەتتى، كەلگەندىن كېيىن بىرەر ئېغىز سۆز قىلماستىن، ھەممىگە قوشۇلاتتى. ياشلار خېلىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھېسداشلىق قىلغۇچىلار يوق ئىدى. مەيداندا يىغىن

بولغاندا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ تاشتەك قېتىپ تۇرغان يۈزلەرنى، يات، ئىشەنچسىز كۆزلەرنى، قاپىغىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان بەدنەزەرلەرنى كۆرەتتى. مانا شۇ سەۋەپتىن يۈرىگى مۇزلاپ كېتەتتى، كۆزلىرى مۇڭغا تولاتتى، ئاۋازى سۇسلىشىپ، ئىشەنچسىز چىقاتتى. چوقۇر فىلكا بىر قېتىم ئەتەي مۇنداق دېدى:

— بىز يېزىدىن ئايرىلىپ قالدۇق، يولداش كوتلەروف! خەلق ھۆكىرەپ، قۇترايدىغان بولۇۋالدى. تۈنۈگۈن يارىدار قىزىل ئەسكەرلەرنى ۋېشكىغا ئاپىرىش ئۈچۈن ئات ـ ھارۋىغا بارسام، بېرىشقا بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئاجراشقانلارنىڭ بىر ئۆيدە تۇرۇشى تەس ئىشتۇ ...

— ھاراق ئىچىشكىنى ئىچىشكەن! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى يېمىلەن تۇرۇپكىسىنى شوراپ تۇرۇپ، — ھەممە ئۆيدە ساموگون قايىنىتىشىدۇ.

مىشكا كوشىۋوي قاپىغىنى تۈرۈپ، ئىچىدىكى ئوي ـ پىكىرىنى باشقىلاردىن يوشۇراتتى، بىراق ئۇنىڭمۇ سەۋرى ـ تاقىتى قالمىدى. كەچقۇرۇن ئۆيگە كېتىۋېتىپ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا:

— ماڭا مىلتىق بەرگىن، — دېدى.

— نېمە قىلىسەن؟

— مانا گەپ! قۇرۇق قول يۈرۈشكە قورقىمەن ياكى سەن ھېچنىمىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ مېنىڭ ئويلىشىمچە، بىز بەزىبىر ئادەملەرنى ... گىرىگورىي مېلېخوفنى، بولدىرېۋ قېرىنى، ماتۋېي كاشۇلىنىنى، مىرون كورشۇنوفنى قاماققا ئېلىش كېرەك. بۇ گېزەندىلەر كازاكلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، گەپ تارقىتىپ يۈرۈشىدۇ... دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئۆز كىشىلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ تازا بىر ئەسنەپ، غەمكىن ھالدا قول شىلتىدى:

— ھەي! ئەگەر بۇ يەردىن تارتىپ چىقىرىشقا باشلىساق، ئۇ چاغدا نۇرغۇن ناخشا باشلاپ بېرىدىغانلارنى تارتىپ چىقىرىش لازىم بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزە – تۆپە بولۇپ كېتىدۇ... بەزىبىرلىرى بىزگە ھېسداشلىق قىلىسمۇ. ئۇلار سىرون كورشۇنوفقا قارايدۇ، ئۇنىڭ مىتكىسى دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇچەي-باغرىمىزنى چۇۋۇۋېتىدۇ، دەپ قورقۇشىدۇ.

ھايات كەسكىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەتىسى ۋېشېنسكايادىن ئاتلىق چاپارمەن بۇيرۇق ئېلىپ كەلدى: باي ئائىلىلەرگە ھەربى سېلىق سېلىنسۇن، دېيىلگەن ئىكەن. يېزىنىڭ تۆلەيدىغان سېلىغى 40 مىڭ سوم ئىكەن. تەقسىملەندى. بىر كۈن ئۆتتى. سېلىق ئاقچىسىدىن ئىككى قاپ يىغىلدى، 18 مىڭ سومدىن ئازغىنا كۆپ ئىدى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئوكرۇگدىن سېلىقنىڭ ئازراق بولۇشىنى سورىغان ئىدى. ئۇ يەردىن ئۈچ سافچى بۇيرۇق ئېلىپ كەلدى: «سېلىق تۆلىمىگەنلەر قولغا ئېلىنىپ، مۇھاپىزەتچى بىلەن ۋېشېنسكاياغا ئەۋەتىپ بېرىلسۇن» — دېيىلگەن ئىكەن. تۆت قېرى بوۋاينى بۇرۇن موخوفنىڭ قىشتا ئالما ساقلايدىغان پودۋال ئۆيىگە ۋاقىتلىق رەنە ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇشتى.

يېزا ئەنسىزلىككە چۈشكەن ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى. كورشۇنوف قىممىتى چۈشكەن ئاقچىنى مەھكەم سىقىملاپ، سېلىق تۆلەشنى كەسكىن رەت قىلدى. ئەمما ئۇنىڭغىمۇ ياخشى تۇرمۇش بىلەن ھېساپ – كىتاپ قىلىدىغان ۋاقىت كەلگەن ئىدى. ئوكرۇگدىن ئىككى كىشى كەلدى: بىرسى، يەرلىك دېلولار تېرگاۋچىسى بولۇپ، بۇرۇن 28 – پولكتا ئەسكەرلىكتە بولغان ۋېشېنسكايا-

لىق ياش كازاك ئىدى؛ يەنە بىرسى، خۇرۇم چاپاننىڭ ئۈستىگە جۇۋا كىيىۋالغان ئادەم ئىدى. بۇلار ئىنقىلاۋىي ھەربى سوتنىڭ تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى كۆرسىتىپ، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىلەن بىللە ئىشخانىنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالدى. تېرگاۋچىنىڭ شىرىگى خېلى ياشقا بېرىپ قالغان، ساقال - بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان ئادەم بولۇپ، چىچەنلىك بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئوكرۇگقا نارازىلىق ھەركەتلەر سېزىلمەكتە. بۇ يەردىكى ئاق گۋاردىيىنىڭ قالدۇقلىرى باش كۆتىرىپ، ئەمگەكچى كازاكلارغا ۋەسۋەسە سېلىشقا باشلىدى. بىزگە ئەڭ دۈشمەن بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىش لازىم. ئوفىتسېرلەرنى، پوپلارنى، ئاتامانلارنى، ژاندارمىلارنى، بايلارنى — بىزگە قارشى ئاكتىپ كۈرەش قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى تىزىملاپ، رويخېتىنى تاپشۇرۇپ بەر. تېرگاۋچىغا ياردەملەش. ئۇ بەزىبىرلىرىنى بىلىدۇ.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ساقال - بۇرۇتى قىرىلغان، خوتۇن كىشىنىڭ يۈزىگە ئوخشاش سىدام يۈزگە قاراپ تۇراتتى: پەمىلەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ كېلىۋېتىپ، پېترو مېلېخوفنى تىلغا ئالغاندا تېرگاۋچى بېشىنى چايقىدى:

— بۇ بىزنىڭ كىشىمىز، فومىن ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، دىگەن ئىدى. بولشېۋىكلىك كەيپىياتىدىكى ئادەم. بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن 28 - پولكتا ئەسكەرلىكنى ئۆتىگەن.

كوشىۋوينىڭ قولى بىلەن مەكتەپ بالىسىنىڭ مەشق دەپتىرىگە جەدۋەللەشتۈرۈپ يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز شىرە ئۈستىدە ياتاتتى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان كازاكلار موخوفنىڭ كەڭ ھويلىسىدا دۈپ ياغىچىنىڭ ئۈستىدە

ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئالغاچاندىن بۇيان ئولتۇرۇ-
شاتتى. ئۆيلىرىدىن ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ كېلىدىغان كىشىلەرنى
ۋە لاقا - لۇقىسى بېسىلغان ھارۋىلارنى كۈتۈشەتتى. مىرون
گىرىگورىيېۋىچ، خۇددى ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان كىشىدەك، ھەممە كى-
يىملىرىنى يېڭىلىغان، ئۈستىدە ئاشلانغان كالتە جۇۋا، ئايىغىدا
يېڭى چورۇق، شىمىنىڭ پۇشقىقىنىڭ ئۈستىدىن پاكىز، ئاپپاق
پايپاق كىيىۋالغان؛ ئۇ بىر چەتتە بوگاتىرېۋ بوۋا ۋە ماتۋېي
كاشۇلىن بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇراتتى. ئاۋدېيىچ يالغان ھوي-
لىنىڭ ئىچىدە تىنىم تاپماي مېڭىپ يۈرەتتى، بىر دەم ئۆزىچە
قۇدۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ قوياتتى، بىر دەم ئىڭىشىپ، يەردىن
تاراشا ئوتۇننى ئالاتتى، شۇندىن كېيىن، ئالمىدەك تولۇشقان
قىپ - قىزىل يۈزىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ، يەنە
پەلەمپەينىڭ تۈۋىدىن دىڭ - دىڭ يۈگۈرۈپ، ھويلىنىڭ يان ئى-
شىكىگىچە باراتتى.

باشقىلار ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى. باشلىرىنى تۆۋەن سې-
لىپ، ھاسا تايىقى بىلەن قارنى سىزاتتى. خوتۇن بالا - چاقىلى-
رى ھويلىغا ھاسىراپ كىرىشەتتى - دە، تۈگۈن، سومكىلىرىنى
قامالغانلارغا تىقىشتۇرۇپ تاپشۇرۇپ بېرىپ، يىغلىشاتتى. كۆز-
لىرى ياشقا تولغان لۇكىنىچنا، چالنىڭ كاتتا جۇۋىسىنى تۈگمىلەپ،
ياقىسى ئاستىدىن ئايالچە ئاق رومالنى چىگىپ قويغاندىن
كېيىن ئۇنىڭ كۆل چاچقاندەك خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە قاراپ،
ئۆتۈنۈش قىلدى:

— سەن گىرىگورىچ، تولا قايغۇرما! بەلكىم ئىشىنىڭ ئاقى-
ۋىتى ياخشى بولار. نىمانچە ئۆزەڭنى تاشلىۋېتىسەن؟
خۇ - دا - يا! ...، — مومايىنىڭ يىغلاشقا ئۆمچەيگەن ئاغزى بىر

كېرىلدىيۇ، ئەمما چىدامىلىق بىلەن لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغاندىن كېيىن، ئاستا پىچىرلىدى: «كۆرگىلى بېرىپ تۇرىمەن...گىرىپگىنى ئالغاچ بارىمەن، سەن ئۇنىڭغا ئامراق ئىدىڭغۇ...»

شۇ ئارىدا دەرۋازىدا تۇرغان ساقچى توۋلىدى:

— ئۇلاغ كەلدى! خۇرجۇن، نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېلىپ، يولغا مېڭىڭلار! ئاياللار، بىر چەتكە تۇرۇڭلار، بۇ يەردە ھۆلچـ لىكنى كۆپەيتىپ نىمە قىلىسىلەر!

لۇكىنىچىنا ئـۆمرىدە 1 ـ قېتىم مىرون گىرىگـورىيېۋىچنىڭ سېرىق تۈك باسقان قولىنى سۆيۈپ، ئۆزىنى چەتكە ئـالدى.

ئۆكـۈز قوشقان چانا مەيدان ئارقىلىق دونغا قاراپ، ئاستا غىرىلداپ مېڭىپ كەتتى.

قولغا ئېلىنغان يەتتە ئادەم بىلەن ئىككى ساقچى چانىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. ئاۋدېيېچ بىرئاز ئارقىدا قېلىپ، چورۇغىـ نىڭ بۇقۇچىنى چىگىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزاپ كەتكەنلەرگە يېتىـ شىۋېلىش ئۈچۈن ياش بالىدەك يۈگۈردى. ماتۋېي كاشۇلىن ئوغلى بىلەن يـانمۇ يان ماڭغان ئىدى. مەيـدانىنىكوف بىلەن كـورولېۋ تاماكا چېكىشىپ ماڭاتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ چانا سىۋەتىنىڭ گىرۋىكىدىن تۇتۇۋالغان. ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قېرى بـوگاتىرېۋ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، سالاپەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. قارشى تەـ رەپتىن سوققان شامال ئۇنىڭ مويسىپىت كىشىلەرگە خاس ئاپپاق ساقىلىنىڭ ئۇچلىرىنى ئارقىغا قايرىـپ، بـوينىدىكى شارپىنىڭ چۇچىلىرىنى خوشلاشقاندەك سىلكىتىپ تۇراتتى.

فېۋرالنىڭ يەنە شـۇ بۇلۇتلۇق كـۈنى ئـاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى.

كېيىنكى چاغلاردا ئوكرۇگدىن ھۆكـۈمەت خىزمىتىدىكى ئاـ

www.uyghurkitap.com

دەملەرنىڭ كېلىشىگە يېزىدىكى ئادەملەر كۆنۈكۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا بۈگۈن مەيداندا قوش ئات قېتىلغان بىر چانىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە ھارۋىكەشنىڭ يېنىدا سوغاققا توڭلاپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىغا ھېچكىم قىزىقمىدى. چانا موخوفنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئولتۇرغان ئادەم چانىدىن چۈشتى، بۇ ياشىنىپ قالغان ۋە ھەركىتى سۇس ئادەم ئىدى. ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئۇزۇن شىنىلىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان سولداتچە كەمىرىنى تۈزەپ قويۇپ، بېشىدىكى قىزىل كازاك قۇلاقچىسىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى ئۈستىگە قايرىدى-دە، ماۋزۇر تاپانچىسىنىڭ ياغاچ قېپىنى تۇتۇپ، پەلەمپەيدىن ئالدىرىماستىن ئۈستىگە چىقتى.

ئىنقىلاۋىي كومىتېتتا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن ئىككى ساقچى بار ئىدى. ھېلىقى كىشى ئىشىكنى چەكمەستىنلا كىرىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىغاندىن كېيىن ئاق سانچىغان كالتە قېلىن ساقىلىنى سىلاپ قويدى-دە، بوم ئاۋاز بىلەن:

— ماڭا رەئىس كېرەك، — دېدى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ كىرگەن كىشىگە قۇشتەك تىگۈلۈپ قاراپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىدى، ئەمما تۇرالمىدى. ئۇ بېلىقتەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، كىرېسلونىڭ بايراق تۇتقۇچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن سىيپىلاپ قالدى. قېرىپ قالغان شتوكمان ئۇنىڭغا كازاك قۇلاقچىسىنىڭ پاخپىيىپ تۇرغان قىزىل تۆپىسىنىڭ ئاستىدىن قارىدى؛ ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى تونۇيالماي، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا بىر ئاز تىكىلدى-دە، تۇيۇقسىز دىرىلداپ، كىچىكلىدى، ئاندىن يۈرۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرىنىڭ ئىككى بۇرجىكىدىن ئاقارغان چېكە چاچلىرىغىچە يول-يول ئۇش-

شىباق قورۇق پەيدا بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇلگۇرمىگەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ قېشىغا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بېرىپ، ئۇنى دادىل قۇچاقلىدى - دە، سۆيۈپ، ھۆل ساقىلىنى يۈزىگە تەككۈزۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بىلەتتىم! ئەگەر ئۇ تىرىك قالغان بولسا، تاتارىستاندا رەئىس بولىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم!

— ئوسىپ داۋىدىچ، ئۇ مېنى، ئۇر، مەن ئىتنىڭ بالىسىنى! مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيمەن! — دېدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن.

ئۇنىڭ قاراقۇمچاق مەردانە يۈزىگە شۇنچىلىك ياش توختىماي ئاقتىكى، ھەتتا ساقچى باشقا ياققا قارىۋالدى.

— سەن ئەمدى ئىشەنگىن! — دېدى بوم ئاۋاز بىلەن شتوكمان، كۈلۈمسىرەپ، قولىنى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ قولىدىن ئاستا ئاجرىتىپ، — ئۆيۈڭدە ئولتۇرىدىغان بىر نەرسە يوقمۇ، نىمە؟

— مانا مۇنۇ كىرېسلوغا ئولتۇر!... خوش، سەن نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ ئېيتقىنا!

— مەن ئارمىيىنىڭ سىياسى بۆلۈمىدىن كەلدىم... سەن مېنىڭ ھەقىقى ئۆزەم ئىكەنلىكىمگە تېخىچە ئىشەنگۈڭ كەلمەي تۇرىسەنغۇ، دەيمەن، ھەي، تەنتەك!

شتوكمان كۈلۈمسىرەپ، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ تىزىنى شاپىلاقلاپ قويۇپ، تېز - تېز سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي، بۇرادىرىم، ھەممە ئىش ناھايىتى ئاددى. مېنى مەشەدىن تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن سوتلاپ، جازا ھۆكۈم قىلىشتى، ئىنقىلاپنى سۈرگۈندە يۈرۈپ قارشى ئالدىم، يولداشلىرىم

بىلەن بىللە قىزىل گۋاردىيە ئەترىتىنى تەشكىل قىلدۇق، دۇتۇق ۋە كولچاك بىلەن ئېلىشتۇق. ھەي، بۇرادىرىم، ئۇ يەردە ئىشلىرىمىز كۆڭۈللۈك بولغان ئىدى! ھازىر بىز ئۇلارنى ئۇرالنىڭ نېرىسىغا قوغلىۋەتتۇق! — بىلەمسەن بۇنى؟ مانا ئەمدى مەن يەنە سىلەرنىڭ فرونتىڭلارغا كەلدىم. 8 - ئارمىيىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى مېنى سىلەرنىڭ ئوكرۇگۇڭلاردا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغانلىغىمدىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەرت - شارائىت بىلەن تونۇش بولغانلىغىمدىن ئەۋەتتى. مەن ۋېشېنسكاياغا كېلىپ، ئىنقىلاۋىي كومىتېتتىكىلەر بىلەن سۆزلەشتىم - دە، ئالدى بىلەن تاتارىسكىدا بولۇش قارارىغا كەلدىم. سىلەرنىڭ بۇ يەردە بىر ئاز تۇرۇپ، ئىش ئېلىپ باراي، ئىشلارنى تەشكىللەشكە ياردەملىشەي، ئاندىن كېيىن كېتەرمەن، دېگەن ئويغا كەلدىم. كۆردۈڭمۇ، كونا دوستلۇق ئۇنتۇلمايدۇ! خوش، بۇ توغرىلىق يەنە سۆزلىشەرمىز، ھازىر سەن توغرىلىق، ھال - ئەھۋال توغرىلىق سۆزلىشەيلى. مېنى ئادەملەر بىلەن، شارائىت، ۋەزىيەت بىلەن تونۇشتۇرغىن. يېزىدا ياچېيكا بارمۇ؟ سىلەردە كىم بار؟ كىم ئامان قالدى؟ خوپ، شۇنداق قىلىپ، يولداشلار... بەلكىم رەئىس بىلەن ئىككىمىزنى بىر سائەت يالغۇز قالدۇرارسىلەر، دەيمەن. ھۇ، شەيتانەي! يېزىغا كىرىشىم بىلەنلا، بۇرنۇمغا بۇرۇنقى ھاۋانىڭ ھىدى كەلدى... ھەي ئۇ شۇنداق بىر زامان ئىدى، ھازىر ۋاقىت... قېنى سۆزلەپ بەر!

ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن مىشكا كوشېۋوي بىلەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ شتوكماننى كونا ئۆيىگە، لۇكېشكا ئالغاينىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار دالچىن رەڭ يول ئۈستىدە چوڭ - چوڭ چامداپ كېتىۋاتاتتى. مىشكا گوياكى شتوكمان ھازىرلا

بىزدىن ئاجرىلىپ، كۆزدىن غايىپ بولارمۇ ياكى شەپە - كۆلەڭگىسىدەك يوقىلىپ كېتەرمۇ دەپ خەۋپسىرىگەندەك، ئۇنىڭ شىنېلىنىڭ يېڭىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى.

لۇكېشكا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خوشنا ئولتۇرغان كىشىسىنى شورپا بىلەن مېھمان قىلدى، ھەتتا ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقتىن، چۇرۇكلىشىپ قالغان بىر پارچە قەنتنى ساندۇقنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئالدى.

ئالۇچا ياپراقلىرىدىن قاينىتىلغان چايدىن كېيىن شتوكمان تام مەشنىڭ ئۈستىگە يانپاشلاپ ياتتى. ئاندىن مۇنۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىلاش - قۇرلاش پاراڭلىرىنى تىڭشىدى، سۆز ئارىسىدا سوئال قىستۇرۇپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن مۇشتىگىنى غاجىلاپ يېتىپ، تاڭ ئاتاي دەپ قالغاندا، جىملا ئۇيقۇغا كەتتى، تاماكىسى كىرلىشىپ كەتكەن نېپىز ماتا كۆينىكىگە تۆكۈلۈپ قالدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ يەنە ئۇن مىنۇتچە گېپىنى داۋام قىلدۇردى، سورىغان سوئالىغا شتوكماندىن خورەك بىلەن جاۋاپ قايتۇرغاندا، ئېسىنى يىغىپ، پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن غىپپىدە چىقىپ كەتتى، گېلىدىن قىستاپ كېلىۋاتقان يۆتەلنى توختىتىۋالماي، دەپ كۈچىنىپ، كۆزىدىن ياش چىققىچە قىزىرىپ كەتتى.

— يۈرىكىڭ ئورنىغا چۈشتىمۇ؟ — دەپ ئاستىلا سورىدى مىشكا، غىدىقلانغان كىشىدەك كۈلۈپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپلا.

× ×

قولغا ئېلىنغانلارنى ۋېشېنسكاياغا ئېلىپ بارغان ئولشانوف، بۇياققا قايتىدىغان بىر ئۇلاق بىلەن يېرىم كېچىدە قايتىپ

كەلدى. ئۇ ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ياتقان كىچىككىنە ھوجرىنىڭ دەرىزىسىنى ئۇزاققىچە قېقىپ، ئاران ئويغاتتى.

— نىمە بولدى؟ — دېدى ئۇيقۇدىن يۈزلىرى ئىششىغان ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ تاشقىرىغا چىقىپ، — نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئالاقە ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

ئولشانوف قامچىسىنى ئويناپ:

— كازاكلارنى ئېتىپ تاشلىدى، — دېدى.

— يالغان ئېيتىسەن، گېزەندە!

— بىز ھەيدەپ بېرىدىشىمىزغا، ئۇلارنى سوراق قىلدى - دە، قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا قارىغايزارلىققا ئېلىپ بېرىپ ... مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم! ...

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ پۇتىغا پىيمىسىنى ساپالماي، داۋدىراپ قالدى، كىيىمىنى تەسلىكتە كىيىپ، شتوكماننىڭ قېشىغا چاپتى.

— بىز بۇگۈن ئەۋەتىپ بەرگەن كازاكلارنى ۋېشكىدا ئېتىپ تاشلاپتۇ. مەن ئۇلارنى تۈرمىگە سالارمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم، بۇ نىمە قىلغىنى، بۇنداق بولغاندا بىز بۇ يەردە ھېچ ئىش قىلالمايمىز! خەلقنى ئۆزىمىزدىن قاچۇرۇپ قويىمىز، ئوسىپ داۋىدوۋىچ!... بۇ بولمىغۇر ئىش بوپتۇ. ئادەملەرنى قىرىپ تاشلاشنىڭ نىمە كېرىكى بار ئىدى؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ئۇ، شتوكماننى ئۆزىگە ئوخشاش ئاشۇ يۈز بەرگەن ۋەقەدىن غەزەپلىنىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقار، دەپ كۈتكەن ئىدى، ئەمما شتوكمان كۆينىكىنى ئالدىرىماي كىيىپ، بېشىنى چىقاردى - دە:

— ۋاقىرىما، ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىۋېتىسەن ...، — دېدى. شتوكمان كىيىنىپ، تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە

كىشىنىڭ قاماققا ئېلىنىشى سەۋەبلىرىنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ
بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن سوغاققىنا سۆز باشلىدى:
— سەن مۇنۇنى ئوقۇۋال، ئوبدان ئوقۇۋال! فۇرونتبىز-
دىن 150 چاقىرىم يەردە تۇرۇپتۇ. كازاكلارنىڭ ئاساسىي كۆپچى-
لىكى بىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى،
سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى باي دېخانلارنىڭ، مۇشتۇمزور كازاكلار-
نىڭ، يەنى ئاتامانلارنىڭ ۋە باشقا يۇقۇرى قاتلاملارنىڭ ئەم-
گەكچى كازاكلار ئاممىسى ئالدىدا سالمىغى ئېغىر، مۇنداقچە
ئېيتقاندا، ئىناۋىتى زور. نېمىشقا شۇنداق؟ ئەلۋەتتە، بۇنىمۇ
چۈشىنىپ قويۇشۇڭ كېرەك. كازاكلار — ئالاھىدە بىر تەبىقە، ئۇ-
رۇشقاق ھەربى دائىرىلەر. چار پادىشالىقى تۈزۈمىنىڭ تەسىرى
بىلەن ھەربى ئۇنۋانغا ئامراق بولۇپ قالغان.«ئاتا — كوماندىر-
لار» بولۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان. بۇ نەرسە ئەسكەرلەرنىڭ بىر
ناخشىسىدا كۈيلىنەتتىغۇ؟«ئاتا — كوماندىرلار بىزنى نەگە بۇيرۇ-
سا — بىز شۇ يەرگە بېرىپ، چاپىمىز، سانچىيمىز، ئۇرىمىز». شۇنداق
دېيىلەمتى، قانداق؟ مانا كۆردۈڭمۇ؟ ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش-
لىرىنى تارقىتىۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەنلەرمۇ نەق ئاشۇ ئاتا — كو-
ماندىرلار... 300 يىلدىن بۇيان كازاكلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ،
بۇ ئاز ئەمەس! مانا شۇنداق! ئېيتايلى، رەزان ئۆلكىسىنىڭ
باي دېخىنى بىلەن دونلۇق كازاك باي دېخان ئارىسىدا ناھايى-
تى زور پەرق بار! رەزان باي دېخىنىنى قىسىپ قويساڭ، سوۋېت
ھاكىمىيىتىگە نارازى بولۇپ، غودۇڭشىدۇ، ئىچىدە كەك ساقلاي-
دۇ، ئەمما كۈچسىز. ئۇ چەت جايدا تۇرغانلىقتىنلا خەۋپلىك. دون-
نىڭ باي دېخىنىچۇ؟ بۇ قوراللىق باي دېخان. بۇ خەۋپلىك
ھەم زەھەرلىك يىلان! ئۇ كۈچلۈك. ئۇ، سەن ئېيتقان كورشۇنوف

ۋە باشقىلارغا ئوخشاش غودۇڭشىپ، ئىچىدە نارازى بولۇپ، بىزنى قارىلايدىغان ئۆسەكلەرنى، تۆھمەت - بۆھتانلارنى تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوچۇقتىن - ئوچۇق بىزگە قارشى تۇرۇشقا ھەركەت قىلىدۇ. چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ! ئۇ قولىغا مىلتىغىنى ئالىدۇ - دە، بىزنى ئاتىدۇ. سىنى ئېتىپ تاشلايدۇ! قالغان كازاكلارنى - مۇنداقچە ئېيتقاندا - ئوتتۇرا دېخان، ھەتتا كەمبەغەل دېخانلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈشكە ئورۇنىدۇ. بۇلارنىڭ قولى بىلەن بىزنى يوقىتىشقا جان - جەھلى بىلەن تىرىشىدۇ! ئەمدى گەپ نىمىدە قالدى؟ بىزگە قارشى ھەركەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىپلەر بويىنىغا قويۇلدىمۇ؟ شۇنىسى كۇپايە! سۆز قىسقا - تامغا قارىتىپ قويۇپ ئېتىپ تاشلاش كېرەك! بۇ يەردە ئۇنداقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇنداق ئىدى - مۇنداق ئىدى... دەپ زارلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ياق، ئىچ ئاغرىتقىنىم يوق، بۇ نىمە دېگىنىڭ! — دېدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ قولىنى سىلكىپ، — مەن باشقىلار بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمىسىدى، دەپ قورقىمەن.

شۇ دەمگىچە چىرايىدا خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ، ئالقىنى بىلەن ئېقىش موي قاپلىغان مەيدىسىنى سىلاپ تۇرغان شتوكمان بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنى گىمناستيوركىسىنىڭ ياقىسىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى - دە، ئۆزىگە تارتتى، بىردەم گەپ قىلالماي، يۆتىلىنى بېسىشقا ئورۇنۇپ، خىرىلدىدى:

— ئەگەر ئۇلارغا ئۆزىمىزنىڭ سىنىپىي ھەقىقىتىمىزنى چۈشەندۈرەلىسەك، ئۇ چاغدا بىزدىن قاچمايدۇ! ئەمگەكچى كازاكلار پەقەت بىز بىلەن بىر يولدا ماڭىدۇ، باي دېخانلار بىلەن بىللە

ماڭمايدۇ! ئېخ، قارىغىنا سېنى!... باي دىخانلار شۇلارنىڭ
ئەمگىگى بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ! — پەقەت شۇلارنىڭ ئەمگە-
گى بىلەن سەمرىۋاتىدۇ!... ھەي، خام كاللا! سەن بەك بوشى-
شىپ كېتىپسەن! سەندە كىچىككىنە جان بار... مەن سېنى ئۆز
قولۇمغا ئالىمەن! ئۆزەڭ ئىشچى يىگىت بولساڭمۇ، زىيالىلارچە
شالىڭنى ئېقىتىپ يۈرىسەن... سەن قانداقتۇ بىر فوتۇر ئېسىر-
چاقسەن! * ماڭا قارا، ئىۋان!

شۇندىن كېيىن گىمناستىيوركىسىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋې-
تىپ، سەل - پەل كۈلۈمسىرىدى، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ،
تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، تۈتۈنىنى ئىچىگە يۇتتى، ئەمدى سۆ-
زىنى خاتىرجەملىك بىلەن ئاياقلاشتۇردى:

— ئەگەر ئوكروگدىكى ئەڭ جانلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان دۈش-
مەنلەرنى قولغا ئالمىساق — فوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى
ھازىر دەل ۋاقتىدا قاماققا ئالساق، فوزغىلاڭ بولماسلىغى مۇم-
كىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلاش شەرت ئەمەس.
پەقەت ئەڭ جاھىللىرىنى يوقىتىش كېرەك، قالغانلىرىنى بولسا
روسىينىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە ئەۋەتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما
ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۈشمەنلەرگە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرۇشقا
بولمايدۇ! «ئىنقىلاپنى قولغا پەلەي كىيىپ قىلمايدۇ»— دىگەن
ئىدى لېنىن. ھازىرقى شارائىتتا ئاشۇ ئادەملەرنى ئېتىشنىڭ زۆ-
رۈرىيىتى بارمىدى؟ مېنىڭچە، بار ئىدى! ئېھتىمال، ھەممىسىنى
ئېتىش زۆرۈر ئەمەس بولغىيدى، لېكىن كورشۇنوفقا ئوخشاشلار-
نى تۈزىتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئېنىق!
ئەمدى مېلېخوفنى ئالساق، ۋاقتىنچە بولسىمۇ، قېچىپ قۇتۇلدى.

* ئېسىر — سوتسىيال - ئىنقىلاۋدى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى — ت.

www.uyghurkitap.com

ئەق ئاشۇنى قولغا ئېلىش كېرەك ئىدى! ئۇ باشقىلارنىڭ ھەمـمىسىدىن خەۋپلىكرەك. بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. ئۇنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىدا سەن بىلەن قىلىشقان سۆزى — ئەتىكى دۈشمەننىڭ سۆزى. ئەمدى ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. فرونتلاردا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇللىرى ھالاك بولماقتا. مىڭلاپ ھالاك بولماقتا! بىزنىڭ قايغۇ - مۇڭسىز شۇلار ھەققىدە بولۇش كېرەك، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلار ياكى ئارقىمىزدىن تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتقانلار ھەققىدە بولماسلىقى كېرەك! 3 - يول يوق. مانا شۇنداق، ئەزىزىم ئالېكسېيېۋىچ!

## 23

پېترو مالغا ئوت تاشلاپ بېرىپ، قولقىپىغا يېپىشقان ئوت - چۆپ فىلتىرىقلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆيگە ئەمدىلا كىرىۋىدى، شۇ ئەسنادا دەھلىزدىكى ئىشىكنىڭ زەنجىرى جىرىڭلىدى.

قارا يۇڭ رومالغا پۈركەنگەن لۇكىنىچنا بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، ئۇششاق دەسسەپ، تېپچىلىق سوراشماستىنلا، ئاشخانىنىڭ تاختاي سۇپىسى ئالدىدا تۇرغان ناتالىيەنىڭ قېشىغا بېرىپ، تىزلىنىپ قالدى.

— جېنىم ئانا! مېھرىۋانىم! نېمە ئىش بولدى ساڭا؟...، — ناتالىيە غەيرى بىر ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىۋەتتى - دە،

ئانىسىنىڭ ئىڭغىرلىشىپ كەتكەن گەۋدىسىنى كۆتىرىشكە تىرىشتى.

لۇكىنىچنا جاۋاپ بىرىش ئورنىغا بىشىنى يەرگە ئۇرۇپ، يىرتىلغان بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئۆلگەن كىشىسىگە ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— قەدىردانىم، جان ـ جىگىرىم! سەن بىزنى... كىمگە تاشلاپ كەتتىڭ!...

ئاياللار بىللە قوشۇلۇپ شۇنداق ھۆكرەشتىكى، باللار چىقىراپ، ئۆي ئىچىنى شۇنداق بىشىغا كىيدىكى، پىترو مەشىنىڭ ئۈستىدىن تاماكا خالتىسىنى ئالدى ـ دە، دەھلىزگە قاراپ ئۈچقاندەك چاپتى. ئۇ ئىشىنىڭ نىمىلىگىنى دەرھاللا بىلىۋالدى. پىشايۋاندا تۇرۇپ، تاماكا چەكتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى يىغا ـ زارە جىمىقىش بىلەنلا پىترو دۇمبىسىنى سوغاق تىترەك باسقان پىتى ئاشخانىغا كىردى. لۇكىنىچنا سۇدىن سىقىۋالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەن روملىنى يۈزىدىن ئاجراتماستىن، قوشاق قوشۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ مىرون گىرىگورىچنى ئىتىپ تاشلاپتۇ! شۇڭقارىم ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئەمدى يوق!... بىز يىتىم قالدۇق!... ھازىر توخۇلارمۇ بىزنىڭ ھالىمىزغا ۋاي دەيدۇ! — شۇندىن كېيىن بۆرىدەك ھۇلاشقا كۆچتى، — ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى!... ئەمدى يورۇق ئالەمنى كۆرمەيدۇ!...

دارىيە ھۇشىدىن كەتكەن ناتالىيەگە سۇ پۈركۈيتتى، ئىلىنىشنا پەرتۇغى بىلەن مەڭزىدىكى ياشنى قۇرۇتاتتى. پانتىلىي پروكوفيىۋىچ بىتاپ بولۇپ، يىتىپ قالغان مىھمانخانا ئۆيىدىن يۆتەل بىلەن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەيسا مەسىھ ھەققى، خۇدا! ياراتقۇچى پەرۋەردىگار ھەققى، قەدىردانىم، سەن ۋېشكىغا بارغىن، ئۇنىڭ جەسىدىنى بولسىمۇ بىزگە ئېپكېلىپ بەرگىن! — لۇكىنىچنا، پېترونىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، خۇدىنى بىلمەستىن، كۆكرىگىگە قىسىلىپ تۇرۇۋالدى، — ئۇنى ئېلىپ كەلگىن، ئاھ، شەپقەتلىك مەلىكە! ئاھ، مەن ئۇنى دەپنە قىلماي، ئۇ يەردە چىرىتىۋېتىشنى خالىمايمەن! — نىمە دىدىڭىز، نىمە دىگىنىڭىز بۇ، خۇدام! — دىدى پېترو ۋابا تەككەن ئادەمدىن قاچقاندەك ئارقىسىغا چېكىنىپ، — ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىشمۇ بۇ؟ ماڭا ئۆزەمنىڭ ھاياتى قىممەتلىك! مەن ئۇنى نەدىن ئىزلەپ تاپىمەن؟

— ئۇنداق دىمە، پېتيوشكا! بېرىپ باق! ئەيسا مەسىھ ھەققى! ئەيسا مەسىھ ھەققى! ...

پېترو بۇرۇتىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئاخىرى ماقۇل بولدى. ئۇ ۋېشېنىسكايادىكى بىر تونۇش كازاكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇنىڭ ياردىمى بىلەن مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ جەسىدىنى تېپىۋېلىشقا ھەركەت قىلماقچى بولدى. ئۇ كېچىدە يولغا چىقتى. يېزىدا چىراق يېقىلغان بولۇپ، ھەر بىر ئۆيدە: «كازاكلارنى ئېتىپ تاشلاپتۇ!» — دىگەن يېڭىلىق توغرىلىق گۇدۇڭ-گۇدۇڭ پاراڭ بولۇۋاتاتتى.

پېترو يېڭى چىركاۋنىڭ قېشىدىكى بۇرۇن ئاتىسى بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، بۇ ئادەمدىن قۇدىسىنىڭ جەسىدىنى قېزىپ چىقىرىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. بۇ ئادەم جان دەپ رازى بولدى.

— ماقۇل، بارايلى. كۆمۈلگەن يەرنى بىلىمەن. ئانچە چوڭقۇر كۆمۈشمەيدۇ، بىراق قانداق تاپساق بولاركىن؟ ئۇ يەردە

ياغۇر ئۇ بىر ئادەم ئەمەسقۇ. كادىت ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا بىز- نىڭ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن 12 جاللاتنى تونۇغۇن ئاتتى. ئەمما شەرتىمىز مۇنداق بولسۇن: كېيىن بىر شىشە ساموگون بىلەن مېھمان قىلىسەن، ماقۇلمۇ؟

- يېرىم كېچە بولغاندا بۇلار قوللىرىغا گۈرجەك ۋە زەمبىل ئېلىپ، كەنتنىڭ چېتى بىلەن قەۋرىستانلىققا ئۆتتۇپ، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغان يەرنىڭ قېشىدىكى قارىغايزارلىققا قاراپ مېڭىشتى. قار ئۇچقۇنلىرى لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. قىرو باسقان قىزىل يۇلغۇن ئاياق ئاستىدا غاچىلدايتتى. پېترو تىرىك قىل- غان ھەر بىر تاۋۇشقا قۇلىقىنى تىكىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە، لۇكىنىچىناغا، ھەتتا مەرھۇم قۇدىسىغا ئىچىدە لەنەت ئوقۇپ ماڭاتتى. دەسلەپكى بىر توپ ياش قارىغايلارنىڭ يېنىدىكى ئىگىز قۇم ئۆركىشىنىڭ نېرىسىغا ئۆتكەندە كازاك توختىدى.

— مەشەدە بىر يەردە، يېقىن قالدى...

يەنە 100 قەدەمچە مېڭىشتى. كەنتنىڭ بىرتوپ ئىتى ھاۋ- شۇپ قاۋاپ، بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. پېترو زەمبىلنى تاشلاپ، خىرىلداپ پىچىرلىدى:

— ئارقىغا قايتايلى! گۆرىگە ئوت كەتسۇن!... ئۇنىڭغا نەدە ياتسا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ھەي، نىمە بالاغا قالدىم مەن... ھازازۇل خوتۇن مېنى بۇ ئىشقا كۆندۈرگىنىنى قارىمامدىغان!

— نىمانچە قورقىسەن؟ يۈر! — دەپ كۈلدى كازاك.

ئاخىر يېتىپ بېرىشتى. شاخلىرى پاخپىيىپ قالغان قېرى قىزىل تالنىڭ تۈۋىدە قار زىچچىدە دەسسىلىپ، قۇم بىلەن ئار- لىشىپ كەتكەن ئىدى. ھەر تەرەپكە تارىغان ئادەم ئىزلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆتنىڭ ئايىغىدا چېكىلگەن كەشتە گۈللەر چىمىرلاپ تۇراتتى...

... پېترو مىرون گىرىگورىيېۋىچنى سېرىق ساقىلىدىن تونۇۋالدى. ئۇ قۇدىسىنى بەلۋېغىدىن تارتىپ چىقىرىپ، گەۋدىسىنى زەمبىلگە سالدى. كازاك يۆتىلىپ قويۇپ، ئورنىغا توپا ناشلاپ تولدۇردى؛ ئاندىن زەمبىلنىڭ سېپىنى ئۇشلاپ تۇرۇپ، نارازى هالدا غودۇڭشىدى:

— قارىغايلارنىڭ قېشىغىچە چانا بىلەن كېلىدىغان ئىش ئىكەندۇق. ئۆزىمىزمۇ ئەخمەق! مۇنۇ قاۋاندەك ئادەمنىڭ ئېغىرلىقى بەش پۇت كېلەر. يەنە كېلىپ قارغا تىقىلىپ يۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

پېترو مەرھۇمنىڭ ئۆز يولىنى مېڭىپ بولغان ئاياقلىرىنى ئىككى تەرەپكە ئايرىپ، زەمبىلنىڭ سېپىنى تۇتتى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن، ئۇ كازاكنىڭ ئۆيىدە هاراق ئىچىشكە كىرىشتى. چىدىر پەردىگە ئورالغان مىرون گىرىگورىيېۋىچ چانىنىڭ ئۈستىدە كۈتۈپ تۇراتتى. پېترو مەسلىكتىن ئېتىنى ئاشۇ چانىغا باغلاپ قويغان ئىدى. ئات هارىتىلداپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، نوختىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى جېنىنىڭ بېرىچە تارتىپ. بېشىنى تاتقۇشلاپ، هامان شۇ يەردە تۇراتتى. جەسەتنىڭ هىدىنى سېزىپ، ئالدىدىكى ئوت - چۆپكە تۇمشۇقىنى تەككۈزمىدى.

كۈن چىقىش ئاقراي دىگەندە پېترو يېزىغا يېتىۋالغان ئىدى. ئۇ ئوتلاق بىلەن يۈرۈپ، ئېتىنى تىنىمسىز قامچىلاپ كېلەتتى. ئارقىدا مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ بېشى تاختا تۆمۈرگە تېگىپ دوكۇلدايتتى. پېترو ئىككى ئېتىم توختاپ، ئۇنىڭ

بېشىنىڭ ئاستىغا بىر تۇتام پىچان ئوتنى تىقىشتۇردى. قۇدىسىنى ئۇدۇل ئۆيگىلا ئېلىپ كەلدى. ئۆلگەن خوجايىنغا دەرۋازىنى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزى گىرىپاشكا ئاچتى ـ دە، چانىدىن داجىپ، بىر چەتتىكى قار دۆۋىسىگە قېچىپ سىرىۋالدى. پېترو قۇدىسىنى ئۇن قاچىلانغان تاغاردەك يەلكىسىگە يۈدۈپ، كەڭ ئازادە ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى ـ دە، ئالدىنىلا كاناپ يوپۇق سېلىنغان شىرەنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ چۈشۈردى. تولا يىغلاپ ئاۋازى پۈتۈپ قالغان، يالاڭباش لۇكىنىچنا ئېرىنىڭ ئاپپاق پاكىز ئەجەل پايپىغى كىيگەن پۇتلىرىغا بېشىنى ئۇراتتى.

— سەن ئوجىمىزنى ئۆز ئايىغى بىلەن كىرىپ كېلەر، دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما سېنى كۆتىرىپ ئېلىپ كىرىشتى مانا.— مومايىنىڭ پىچىرلاش بىلەن غەلىتە كۈلكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆكسۈشلىرى ئارانلا ئاڭلىناتتى.

پېترو گىرىشاكا بوۋىنى قولتۇغىدىن يۆلەپ، كىچىككىنە ھوجرىدىن ئېلىپ چىقتى. بوۋاي گويا پۈتىنىڭ ئاستىدىكى يەر تەۋرىنىۋاتقاندەك لاغايلاپ ماڭاتتى. ئەمما شىرەنىڭ قېشىغا ئەزىمەتلەرچە گۈسۈلدەپ مېڭىپ كېلىپ، باش تەرەپنە توختىدى.

— خوش، سالام، مىرون! مۇشۇنداق كۆرۈنۈشكە توغرا كەلدى، ئوغلۇم...، — بوۋاي چوقۇنۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرىق لاي يۈزى مۇزدەك پېشانىسىدىن سۆيدى، — مىرونۇشكا، تېز ئارىدا مەنمۇ...، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئىگىرىغان مۇڭ بىلەن چىڭقىراپ چىقاتتى. گىرىشاكا بوۋا خاتا سۆزلەپ قويىماي دىگەن كىشىدەك، ياش ئادەمگە خاس چاققانلىق بىلەن قولىنى

ئاغزىغا ئاپىرىپ، شىرەگە ئۆزىنى تاشلىدى.

پېترونىڭ كىكىرتىكى، بوۋرە بوغۇۋالغاندەك ھىقىلداپ قالدى. ئۇ ئاستا ھويلىغا چىقىپ، پەلەمپەيىنىڭ قېشىغا باغلاپ قويغان ئىتنىڭ قېشىغا ماڭدى.

## 24

دون دەرياسى قايىنام تىنچىپ قالغان ئوپقۇنلاردىن تېيىزلىككە قاراپ چاپىدۇ. ئۇ يەردە ئېقىن جىمجىمىدار ئاقىدۇ. دون بىر تېكىس تىنچ تاشقىن بىلەن لەپەڭلەپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. دەريانىڭ قۇم قېتىپ قالغان تۆۋىدە قارا قوساق بېلىقلار توپ-توپ بولۇپ ئويناپ يۈرىدۇ؛ كېچىدە ستېرلەت بېلىغى تېيىزلىككە ئوزۇق ئىزلەش ئۈچۈن چىقىدۇ، يېشىل قىرغاق بويىدىكى لاتقا - لەش ئاشيانىلاردا سازاڭ پىلتىڭلايدۇ؛ بېلېس* بىلەن قىزىل بېلىق چوڭ ئاق بېلىقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ يۈرىدۇ، ئۇششاق قۇلۇلىلەر ئارىسىدا لاققا بېلىق پىقىرايدۇ؛ بەزىدە ئۇ يېشىل سۇنى پۇقىرىتىپ، ئۈستىگە شۇڭغۇپ چىقىدۇ - دە، ئالتۇنسىمان ۋالىلدىغان قۇيرۇغىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاينىڭ شولىسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئاندىن يەنە پەسكە قايتىپ، بۇرۇتلۇق يوغان بېشى بىلەن قۇلۇلىلەرنىڭ كانىغا ئۇسۇپ كىرىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن قەيەردىدۇ سۇنىڭ ئاستىدىكى قارا پور كۆتەكنىڭ ئىچىدە ئۇگدەپ، ئۇخلىۋېلىشنى ئويلايدۇ.

* بېلېس — بېلىقلارنىڭ بىر تۈرى.

ئەمما ئىقىن تارايغان يەردە ئەركىنزلىككە چۈشۈپ قالغان دون ئۆز ئىقىنىنىڭ ئاستىنى كولاپ، چوڭقۇر چاك پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن بوغۇق ھۆكىرەش بىلەنلا، كۆپۈككە پۈركەنگەن ئاق يايلىلىق دولقۇننى شىددەت بىلەن قوغلايدۇ. بەلدەم ـ بەلدەم بۇرتۇپ چىققان تاش يارنىڭ نىرىسىدىكى چوڭقۇرلۇقتا ئىقىم گىرداپ ھاـ سىل قىلىدۇ. ئۇ يەردە سۇ كىشىنى سېھىرلەيدىغان دەرىجىدە دەھـ شەت بىلەن ئايلىنىدۇ: ئۇنى كۆرگەنسېرى كۆرگۈڭ كېلىدۇ.

ئەمما ھايات تېچ كۈنلەرنىڭ تېيىزلىغىدىن چـوڭقۇرلۇققا غۇلىغان ئىدى. يۇقۇرقى دون ئوكرۇگى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمـ دى. ئىككى ئىقىم توقۇنۇشۇپ، ئوتتۇرىغا چىقتى. كازاكلارنىڭ ئاـ رىسى بۇزۇلۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن گىرداپ ئۆز ئىلكىگە ئېـ لىپ، ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى، ياشلار ۋە كـەمبەغەلرەك كـازاكلار ئىككىلىنىپ، ئۇنچىقماي، ھىلىھەم بولسا سوۋېت ھـاكىمىيىتىدىن سۆلھىنى كۈتەتتى. قېرىلار بولسا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قىزىـللار كاـ زاكلارنى ياپپىسىغا يـوقاتماقچى دىگـەننى ئـوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئېيتىشاتتى.

4 ـ مـارت كۈنى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ تاتارىسكىدا يىغىن چاقىردى. يىغىنغا بەك كۆپ ئادەم يىغىلدى. ئېھتىمال، بۇنىڭغا شتوكـ مانىنىڭ ئىنقىلاۋىي كـومىتېتقا ئاقلار بىلەن قېچىپ كەتكەن سوـ دىگەرلەرنىڭ قېپقالغان مال ـ مۈلكىنى ئومۇمى يىغىندا كەمبەغەل دىخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرەيلى، دىگەن تەكلىۋى سەۋەپ بولغانـ دۇ. يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئوكرۇگدىن كەلگەن بىر خادىم بىـ لەن قاتتىق تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. بۇ ئادەم ۋېشېنىسكاـ يادىن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل سۈپىتىدە مۇسادىرە قىلىنغان كىـ يىملەرنى ئالغىلى كەلگەن ئىكەن. شتوكمان ئۇنىڭغا ھازىر ئىنقىـ

لاۋىي كومىتېت كىيىمنى تاپشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى تېخى تۆنۈگۈنلا قىزىل ئارمىيىدىكى يارىدارلار بىلەن ئاغرىقلارنى توشۇغان ھارۋىكەشلەرگە 30 دىن ئوشۇق پاختىلىق كىيىم بېرىلدى، دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى. ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ياش يىگىت شتوكمانغا ھۆكىرەپ، چىچىلدى:

— مۇسادىرە قىلىنغان كىيىمنى تارقىتىپ بېرىشكە كىم ساڭا رۇخسەت قىلدى؟

— بىز ھېچكىمدىن رۇخسەت سورىمىدۇق.

— خوش، ئۇنداق بولسا خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىشقا ساڭا كىم ھوقۇق بەردى؟

— سەن ۋاقىرىما يولداش ۋە بىمەنا گەپلەرنى قىلما، ھېچكىم ھېچنىمىنى تالان - تاراج قىلغىنى يوق. بىز جۇۋىلارنى ھارۋىكەشلەرگە تىلخەت بويىچە بەردۇق، ئۇلار قىزىل ئەسكەرلەرنى كېيىنكى بېكەتكە يەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، بېرىلگەن كىيىمنى بىزگە قايتۇرۇپ ئېپكېلىپ بېرىدۇ. قىزىل ئەسكەرلەر يېرىم يالىڭاچ ئىكەن، شۇڭا ئۇلارنى يالاڭ شىنېل بىلەن يولغا سېلىش — قاراپ تۇرۇپ، ئۆلۈمگە ئەۋەتىش بىلەن تەڭ بولار ئىدى. بەرمەي نىمە ئىلاجىم بار؟ يەنە كېلىپ، كىيىملەر ئامباردا بىكارلا تۇراتتى.

شتوكمان ئاچچىغىنى بېسىپ، ۋەزمىن سۆزلىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇلارنىڭ گەپ - سۆزى تېچ، مۇرەسسە بىلەن تۈگىگەندەك بولاتتى. ئەمما يىگىتچاق توڭ ئاۋاز بىلەن چورتلا مۇنداق دېدى:

— سەن ئۆزەڭ كىم؟ ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ رەئىسىمۇ؟ مەن سېنى قاماققا ئالىمەن! ئىشنى ئورۇنباسارىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەر! سېنى ھازىرلا ۋېشېنسكاياغا ئەۋەتىمەن، سەن

بەلكىم بۇ يەردە مۆلۈكنىڭ يېرىمىنى ئوغرىلاپ بولغانسەن، ئەمما مەن...

— سەن كوممۇنىستمۇ؟ — دىدى ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەن شتوكمان كۆز قىرى بىلەن قاراپ.

— بۇنىڭ بىلەن سىنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! ساقچى! مۇنۇنى قولغا ئېلىپ، دەرھاللا ۋېشىنسكاياغا ئېلىپ بار! ئوكرۇگ ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، تىلخەت ئېلىۋال.

يىگىتچاق شتوكمانغا باشتىن - ئاياق قاراپ چىقتى.

— بىز سەن بىلەن شۇ يەردە سۆزلىشىمىز. قاراپ تۇرتېخى، نىمىلەرنى كۆرسىتىمەن ساڭا، زوراۋان!

— يولداش! نىمە بولدۇڭ، كاللاڭ ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بىلەمسەن...

— گەپ تامام! ئاۋازىڭنى ئۆچۈر!

بۇ ماجراغا بىرەر ئېغىز سۆز قىستۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ شتوكماننىڭ تامغا ئېسىقلىق ماۋزۇرغا ئاستا قورقۇنچلۇق ھەركەت بىلەن قول ئۇزارتقانلىغىنى كۆردى. يىگىت-چاقنىڭ كۆزلىرىدە بىر ۋەھىمە چاقناپ كەتتى. ئۇ ئاجايىپ بىر نېزلىك بىلەن ئىشىكنى ئارقىسى بىلەن ئاچتى - دە، پەلەمپەي-گە ئاران ئۆزىنى ئېلىپ. ھەممە باسقۇچلىرىنى دۈمبىسى بىلەن ساناپ، پەسكە چۈشكەندىن كېيىن شارتلا چانىغا چۈشۈۋالدى ۋە مەيداندىن چېپىپ ئۆتكەنگە قەدەر، ھارۋىكەشنىڭ دۈمبىسىدىن تېز چاپتۇر، دەپ ئىتتىردۈەردى، تازا قورقىقان بولسا كېرەك، ئارقامدىن قوغلاپ كېلەرمىكىن دەپ دەمبەدەم كەينىگە قارايتتى.

ئىنقىلاۋىي كومىتېتتا قاقاقلىغان كۈلكە دەرىزىلەرنى جا-

راۋلىنىۋەتتى. كۆلگۈنچەك داۋىدكا شىرە ئۈستىدە تېلىقىپ، دومىلاپ كەتتى. ئەمما شتوكمانىنىڭ قاپىقى ئۇزاققىچە ئەسەبىلەرچە لىكىلداپ تارتىشىپ، كۆزلىرى ئالغايلىشىپ قالدى.

— ياق، تازائىپلاس نەرسە ئىكەن بۇ! ھەي رەزىل مەخلۇق! — دەپ تەكرارلىدى ئۇ تىترىگەن بارماقلىرى بىلەن تاماكا ئوراپ.

شتوكمان يىغىنغا كوشىۋوي ۋە ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىلەن بىللە باردى. مەيدان خەلق بىلەن لىق تولغان ئىكەن. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ يۈرىكى ھەتتا يامان ئەھۋالدا جىغىدە قىلىپ كەتتى: «ئۇلار نىمىشقىدۇ ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك جىق توپلىنىپتۇ... پۈتۈن يېزىدىكىلەر مەيداندىمۇ نىمە»، ئەمما ئۇ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، دائىرە ئىچىگە كىرگەن چاغدا ھەممە ئەندىشىسى تارقاپ كەتتى. كازاكلار ئىككى تەرەپكە چېكىنىپ، مەمنۇنلۇق بىلەن يول ئېچىپ بەردى. بۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە شادىمانلىق بىلىنىپ تۇراتتى. شتوكمان كازاكلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن كۆپچىلىكنى پاراڭغا تارتماقچى بولدى. ئۇ، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ ئۇلگىسى بويىچە بېشىدىن قىزىل قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— كازاك يولداشلار! سىزلەردە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا بىر يېرىم ئاي بولدى. ئەمما شۇ كەمگىچە بىز ئىنقىلاۋىي كومىتېت سىزلەر تەرەپتىن بىزگە نىسبەتەن قانداقتۇ ئىشەنمەسلىك، ھەتتا قانداقتۇ دۈشمەنلىك كۆزقاراش بارلىقىنى بايقاپ تۇرۇۋاتىمىز. سىزلەر مەجلىسلەرگە قاتناشمايسىزلەر، سىزلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەر خىل مىش - مىش گەپلەر كېزىپ يۈرمەكتە، كازاكلارنى ياپپىسىغا ئېتىپ تاشلارمىش، سوۋېت ھاكىمىيىتى گويا

سىزلەرگە ھەۋرى - زۇلۇم سالارمىش دىگەنگە ئوخشاش قاملاشمىغان ئۆسەك سۆزلەر تارىلىپ يۈرمەكتە. بىز كۆڭلى - كۆكسىمىزدىكى گەپلەرنى ئوچۇق ئېيتىدىغان ۋاقىت كەلدى، بىر - بىرىمىزگە زىچ يېقىنلىشىشىنىڭ ۋاقتى كەلدى! سىزلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كومىتېتىڭلارنى ئۆزەڭلار سايلىدىڭلار، كوتلەروف بىلەن كوشۇوي — ئۆز يىزاڭلارنىڭ كازاكلىرى، شۇڭا ئاراڭلاردا كېلىشەلمەسلىكنىڭ بولۇشى مۈمكىن ئەمەس ھەممىدىن بۇرۇن مەن شۇنى كەسكىن ئۇقتۇرۇپ ئۆتىمەنكى. بىرىنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كازاكلارنى قويماي ئىتىپ ئاشلاشتوغرىسىدا تارقاتقان مىش - مىشلىرى بۆھتاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ تۆھمەتنى تارقاتقۇچىلارنىڭ مەقسىدى ناھايىتى ئوچۇق: كازاكلارنى سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن جاڭجاللاشتۇرۇپ، سىزلەرنى يەنە ئاقلارغا ئىتتىرىش.

— ئاتىدىغان ئىش يوق دىدىڭمۇ؟ ھېلىقى يەتتە كىشىنى نەگە ئەۋەتتىڭلار؟ — دەپ ۋاقىرىدى بىرسى ئارقىدىكى قاتاردىن.

— يولداشلار، مەن ئاتىدىغان ئىش يوق، دەپ ئېيتىۋاتمايمەن، بىز سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دۈشمەنلىرىنى، بىزگە پومىشىكلار ھاكىمىيىتىنى زورلاپ تېڭىش كويىدا بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتتۇق ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئاتىمىز. بىزنىڭ چار پادىشاسىنى ئاغدۇرغانلىغىمىز، گېرمانىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشقا خاتىمە بەرگەنلىگىمىز، خەلقنى ئازاتلىققا چىقارغانلىغىمىز ھەرگىز پومىشىكلار ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس. گېرمانىيە بىلەن بولغان ئۇرۇش سىزلەرگە نىمە بەردى؟ مىڭلىغان ئۆلگەن كازاكلار، يىتىم - يىسىرلار، ۋەيرانچىلىق...

— توغرا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇنى سەن توغرا ئېيتىۋاتىسەن!

— ... بىز ئۇرۇش قىلماسلىق تەرەپدارىمىز، — دېدى شتوكمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز خەلقلەرنىڭ بۇرادەرلىگى تەرەپدارىمىز! چار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە سىزلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، يەرلەرنى پومېششىكلار بىلەن كاپىتالىستلارغا ئېلىپ بېرەتتى ـ دە. يەنىلا شۇ پومېششىكلار بىلەن فابرىكا خوجايىنلىرى بېيىدىغان ئىدى. مانا سىزلەرنىڭ يېقىنىڭلاردىلا لىستىنىتسكىي دېگەن پومېششىك بار ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى 1812 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىغى ئۈچۈن 4000 پاتمان يەرگە ئىگە بولغان. سىزلەرنىڭ بوۋاڭلار نىمە ئالدى؟ ئۇلار نېمىس تۇپرىغىدا باشلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇلار قېنى بىلەن نېمىس يېرىنى سۇغاردى!

مەيداننىڭ ئىچى گۇرۇڭلىغان ئاۋازغا تولدى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىقىپ، ئارقىدىنلا گۈمبۈرلەپ يەنە ئاۋاز كۆتىرىلدى:

— توغر ـ ا ـ ا ـ ا!

شتوكمان سىداملىشىۋاتقان ماگلىيېدىكى تەرنى قۇلاقچىسى بىلەن ئېرتتى ـ دە، ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتىرىپ، ۋاقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىشچى ـ دىخانلار ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قول كۆتەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايمىز. ئىنقىلاۋىي كومىتېت ھەربى سودىنىڭ ھۆكمى بويىچە ئېتىلغان ھىلىقى سىزلەرنىڭ يېزىلىق كازاكلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئىدى. بۇنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر، ئەمما بىز سىزلەر بىلەن، ئەمگەكچىلەر بىلەن، بىزگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بولىمىز، قوش سۆرەۋاتقان ئۆكۈزدەك، مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ بىللە ماڭىمىز، يېڭى ھا-

يات ئۇچۇن يەرنى بىللە ھەيدەيمىز ۋە ئۇنىڭدىكى كونا ياۋا گىيالارنى، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنى ئېتىزلاردىن يوقىتىش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشلايمىز! ئۇلار قايتىدىن يىلتىز تارتالمايدىغان بولسۇن! ياۋايى ئوتلار يېڭى ھاياتنىڭ ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولمىسۇن!

شتوكمان مۇلايىم ۋاراڭ - چۇرۇڭلارغا، جانلىنىپ كەتكەن چېھرىلەرگە قاراپ، ئۆز سۆزى بىلەن كازاكلارنىڭ يۈرىگىنى قوزغىتىپ تاشلىغانلىغىنى چۈشەندى. ئۇ خاتالاشمىغان ئىدى: كىشىلەر يۈرىگىدىكى گەپنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ئوسىپ داۋىدوۋىچ! بىز سىنى ياخشى بىلمىمىز، سەن بىر چاغدا بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغان، سەن بىزنىڭ ئۆز كىشىمىزدەك بولۇپ قالغان ئىدىڭ، سەن بىزنى قورقۇتماي، توغرىسىنلا ئېيتقىنا، سىلەرنىڭ بۇ ھاكىمىيىتىڭلار بىزگە نىمە قىل دەيدۇ؟ بىز ئەلۋەتتە، بۇ ھاكىمىيەتنى ياقلايمىز، ئوغۇللىرىمىز فۇرونتنى تاشلاپ كەلدى، ئەمما بىز ساۋاتسىز ئادەملەر، بۇ ھاكىمىيەتنى ھېچ چۈشىنەلمەي قالدۇق...

قىرى گىرەزنوف ئۇزاق ۋە چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى سۆزلىدى، ئۇ، ئورۇنسىز سۆز ئېيتىلىپ قالارمۇ دەپ قورققاندەك، ئەپچىل سۆز ئىزلەپ خېلى ئاۋارە بولدى. بىر قولى چولاق ئالىيوشكا شامىل چىداپ تۇرالمىدى:

— مەن سۆزلىسەم بولامدۇ؟

— سۆزلە! — دەپ رۇخسەت قىلدى گەپ - سۆزلەردىن تەسىرلەنگەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ.

— يولداش شتوكمان، سەن ماڭا ئالدىن ئېيتقىنا، نىمە دىمەكچى بولسام، شۇنى ئېيتىۋەرسەم بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئىبىت!

— مىنى قاماققا ئالامسىلەر؟

شتوكمان كۈلۈپ، ئورنىدىن قولىنى شىلتىدى.

— ئەمما بىر ئىلتىماسىم بار — ماڭا كايىماڭلار! مەن ئەقلى - پاراسىتى سادىراق ئادەممەن، شۇڭا بىلگىنىمچە سۆزلەۋېرىمەن.

ئارقا تەرەپتىن ئاكىسى مارتىن ئالىيوشكىنىڭ چەكمەنىنىڭ بوش يېڭىدىن تارتىپ، ئەنسىرەپ پىچىرلىدى:

— قوي، تەنتەك! قوي، سۆزلىمە. جاۋاپكارلىققا تارتىلىسەن، ئۇلارنىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ قالىسەن، ئالىيوشكا!

ئەمما ئالىيوشكا ئۇنىڭغا قول شىلتىدى، تارتۇق مەڭزى دىرىلدىدى، كۆزلىرى پىرىلداپ كەتتى، ئۇ مەيداندىكىلەرگە قاراپ، بەردەم تۇرۇپ سۆز ئاچتى:

— جانابى كازاكلار! مەن سۆزلەپ باقاي، توغرا سۆزلىمىدىمەن ياكى يەلكىم، ئادىشىپ قالامدىمەن، ئۆزەڭلار ھۆكۈم قىلىڭلار، — ئۇ ھەربىچىسىگە پاشىنىسى بىلەن ئايلىنىپ، شتوكمانغا ئۆرۈلدى - دە، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى ھەيبارلارچە چەكچەيتىپ قويدى، — مەن مۇنداق چۈشىنىمەن: راست گەپ قىلماقچى بولساق، ئەلۋەتتە راست گەپ قىلايلى. چاپماقچى بولساق، دەل مۇرىدىن چاپايلى. مەن ھازىر بىز پۈتۈن كازاكلارنىڭ نىمىنى ئويلايدىغىنىمىزنى ۋە نىمە ئۈچۈن كوممۇنىستلارغا بىزنىڭ ئاچچىغىمىز بارلىغىنى ئېيتماقچىمەن ... مانا سەن، يولداش، ئۆزەڭلارغا دۈشمەن بولمىغان دىخان كازاكلارغا قارشى تۇرمايدىغانلىغىڭلارنى ئېيتىپ ئۆتتۈڭ. سىلەر بايلارغا قارشى ئىكەنسىلەر، كەمبەغەللەرنى ياقلايدىغاندەك كۆرۈنسىلەر. خوش، ئېيت-

قىنا، بىزنىڭ يېزىلىقلارنى ئاتقانلىرىڭلار توغرا بولدىمۇ؟ مەن
كورشۇنوف ئۈچۈن بىر نەرسە دىمەيمەن، — ئۇ ئاتامانلىق قىلـ
دى، ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ يەلكىسىدىن چۈشمىدى، ئەمما مۇـ
نۇ ئاۋدېيېچنى نىمە ئۈچۈن ئاتتىڭلار؟ كاشۇلىن ماتۋېينى نىمە
ئۈچۈن؟ بوگاتىرېۋنى نىمە ئۈچۈن؟ مەيدانىنىكوفنىچۇ؟ خوش كوـ
رولېۋنى نىمە ئۈچۈن؟ ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش نادان، ساددا،
يامان ئىشقا ئارىلاشمىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار كىتاپ تۇتۇشـ
نى ئەمەس، ساپان تۇتۇشنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىـ
رى خەتمۇ تونۇمايتتى. ئېلىپ ـ بە — ئۇلارنىڭ ئالىملىغى مانا شۇلا
ئىدى. خوش، مانا شۇ ئادەملەر چۈشەنچىسىزلىكتىن يامان سۆزلەرنى
ئېيتىپ تاشلىسا، ئۇلارنى شۇ ئىشى ئۈچۈن ئوققا تۇتۇش كېرەكـ
مۇ؟ — ئالىيوشا دېمىنى راسلىۋېلىپ، ئالدىغا ئۇمتۇلدى. چەكمىـ
نىنىڭ بوش يىڭى كۆكرىگىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئاغزى بىر ياقـ
قا قىيسايدى، — بىراۋنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى بىـ
لەن ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىپ، ئۆلۈم جازاسى بەردىڭلار. ئەمما سوـ
دىگەرلەرگە تەگمەيسىلەر! سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى
سىزلەردىن پۇلغا سېتىۋالغان! بىزنىڭ سېتىۋېـ
لىشقا ھېچنىمىمىز يوق، بىز ئۆمۈر بويى يەرنى كولىساقمۇ، ئاقـ
چا دىدارىنى كۆرمەيمىز. ئۇلار، ھىلىقى ئېتىلغانلار، پەقەت تىـ
رىك قېلىش ئۈچۈن قورادىن، بەلكىم ئاخىرقى بىر ئۆكۈزىنى
چىقىرىپ بەرگەنمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇلاردىن ھەربى سىلىق تەلەپ
قىلىنمىدى. ئۇلارنى ئېلىپ كېتىپ، باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا
قىلدىڭلار. ۋېشكىدا نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىز ھەممىمىز
بىلىمىز. ئۇ يەردە سودىگەرلەر، پوپلارنىڭ ھەممىسى ئامان ـ ئېـ
سەن. كارگىندىمۇ ئېھتىمال، ئامان قالغاندۇ. ئەتراپتا نىمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شتوكمان يېقىنغا كېشېۋوي ۋە ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ
بىلەن بىللە باردى.

(بەتكە - 332)

ئىشلار بولۇۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. شانۇ شۆھرەت يې-
راققا بارمايدۇ، يامان ئىش ئالەمنى كېزىپ يۈرىدۇ!

— توغرا! — ئارقا تەرەپتىن بىرسى ۋاقىرىدى.

بىردىنلا گۇرۇڭ - گۇرۇڭ ئاۋازلار كۆتىرىلىپ، ئالىوشكى-
نىڭ سۆزىنى يېپىپ كەتتى، ئەمما ئۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ بېسى-
لىشىنى كۈتۈپ تۇردى - دە، شتوكماننىڭ قول كۆتەرگەنلىكىگە
ئېتىۋار قىلماستىن، ۋاقىراپ سۆزلەۋەردى:

— شۇنداق قىلىپ، بىزمۇ چۈشىنىۋالدۇق، سوۋېت ھاكىمى-
يىتى، بەلكىم ياخشىدۇ، ئەمما مەنسەپكە ئولتۇرغان كوممۇنىست-
لار بىزنى بىر قوشۇق سۇغا غەرق قىلىشقا تىرىشماقتا! ئۇلار 1905-
يىل ئۈچۈن بىزدىن ئىنتىقام ئالماقتا. بىز بۇ سۆزلەرنى قىزىل
سولداتلاردىن ئاڭلىدۇق. شۇڭا بىز ئۆز ئارىمىزدا پىكىر يۈرگۈزۈپ:
كوممۇنىستلار بىزنى قىرىپ، پۈتۈنلەي تۈگەتمەكچى، دەيمىز. دوندا
كازاكنىڭ روھى قالمىسۇن ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەيمىز.
مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغانلىرىم مانا شۇ! مەن ھازىر مەس ئادەمدەك
بولۇپ قالدىم: كاللامدا نىمە بولسا، شۇنى ئېيتتىم. بىز ھەممى-
مىز ياخشى تۇرمۇشتىن، سىز كوممۇنىستلارغا بولغان خاپىچى-
لىغىمىزدىن مۇشۇنداق مەس بولۇپ كەتتۇق!

ئالىوشكا كالتە جۇۋا كىيگەن كىشىلەرنىڭ قېلىن توپى
ئىچىگە تۈرتۈپ كىرىپ كەتتى، شۇندىن كېيىن مەيداننى ئۇزاق-
قىچە سۈكۈنات قاپلىۋالدى. شتوكمان سۆز باشلىۋىدى، ئۇنىڭ
سۆزىنى ئارقا قاتاردىن چىققان ۋاقىراشلار بۆلۈۋەتتى:

— راست! كازاكلار ناھايىتى خاپا. ھازىر يېزىلاردا قانداق
قوشاقلار توقۇپ چىقىرىلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار. ھەر كىم

كۆڭلىدىكىنى سۆز بىلەن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي، قوشاق قېتىپ كۈيلەيدۇ. قوشاق ئېيتىشقا سوت يوق. «يابلوچكا» دېگەن كۈيگە مۇنداق قوشاق توقۇپ چىقىلغان:

ساماۋارلار قاينايدۇ، بېلىقلارمۇ قورۇلۇپ،
كادېتلار كەلگەن چاغدا، بىر چىقارمىز هال ئوقۇپ.

— دېمەك، ئۇلارنىڭ هال ئوقۇيدىغان يېرى بار!

بىرسى ئورۇنسىز كۈلۈۋەتتى. خالايىق تەۋرىنىشكە باشلىدى. پىچىرلاش، گۇڭۇڭ - گۇرۇڭ پاراڭلار باشلاندى...

شتوكمان ئاچچىقى بىلەن قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيدى - دە، يانچۇقىدىن بىر زاماندا كوشىۋوي يازغان بىر تىزىملىكنى ئېلىپ، ۋاقىراپ سۆزلىدى:

— ياق، يالغان گەپ! ئىنقىلاپنى ياقلايدىغان كىشىلەر هېچنىمىدىن رەنجىمەيدۇ! سىلەرنىڭ سوۋېت هاكىمىيىتىگە دۈشمەن بولغان يېزىلىقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېتىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىمەن. ئاڭلاڭلار! — ئۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ، توختاپ - توختاپ ئوقۇشقا باشلىدى:

تىزىملىك

قاماققا ئېلىنغان، 15 - ئىنژا دىۋىزىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي هەربىي سودىنىڭ هوزۇرىدىكى تېرگاۋ كومىسسىيىسىنىڭ قارىرىغا ئەۋەتىلگەن سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ دۈشمەنلىرى

| نومۇرى | پەمىلىسى، ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى | نېمە ئۈچۈن قاماققا ئېلىنغان | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|
| 1 | كورشۇنوف مىرون گىرىگورىيېۋىچ | ئاتامان بولغان، باي دېخان، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن بېيىغان. | |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| 2 | سىنىلىن ئىۋان ئاۋدىيېۋىچ | سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. | |
| 3 | كاشۇلىن ماتۋېي ئىۋانوۋىچ | بۇمۇ شۇنداق. | |
| 4 | مەيدانىنكوف سېمىن گاۋرىلوف | پاگون تاقىۋېلىپ كوچىلاردا ھاكىمىيەتكە قارشى ھۇررا توۋلىغان. | |
| 5 | مېلېخوف پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ | ھەربىي بىرلەشمىنىڭ ئەزاسى. | |
| 6 | مېلېخوف گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ | مۇئاۋىن ياساۋۇل، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى يىمىردە، خەتەرلىك ئۇنسۇر. | |
| 7 | كاشۇلىن ئاندرېي ماتۋېيېۋ | پودتېلكوفنىڭ قىزىل كازاكلىرىنى ئېتىشقا قاتناشقان. | |
| 8 | بودوۋىسكوف فېدوت نىكىفوروف | بۇمۇ شۇنداق. | |
| 9 | بوگاتىرېۋ ئارخىپ ماتۋېيېۋ | چېركاۋ باشلىقى، قاراۋۇلخانىدا تۇرۇپ، ھاكىمىيەتكە قارشى چىققان، خەلقنى قۇتراتقۇچى ئەكسىلئىنقىلابچى. | |
| 10 | كورولېۋ زاخار لېئونتېۋ | قورال تاپشۇرۇشتىن باش تارتقان، ئىشەنچسىز ئادەم. | |

جەدۋەلدىكى ئەسكەرتىشتە شتوكمان ئوقۇماي قالدۇرۇپ قويغان ئىككى مېلېخوف ۋە بودوۋىسكوف توغرىلىق مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى:

«سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ دۈشمەنلىرى تېخى قولغا ئېلىنـ
مىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۆيدە يوق، نەرسە توشۇشقا سەـ
پەرۋەر قىلىنغان بولۇپ، بوكوۋسكايا كەنتىگە ئوق ـ دورا
ئېلىپ كەتتى. مېلېخوف پانتېلېي بولسا كېزىك ئاغرىقى بىلەن ئۆيـ
دە يېتىپتۇ. ئاۋۇ ئىككىسى قايتىپ كېلىشى بىلەنلا دەرھال قولغا
ئېلىنىپ، ئوكرۇگقا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۇچىنچىسىنى كېيىنلىدىن
ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئەۋەتىپ بېرىمىز.»

يىغىن بىر نەچچە دەقىقە سۈكۈتتە چۆمدى، ئاندىن
يەنە ۋاقىراشلار باشلىنىپ كەتتى:

— توغرا ئەمەس!

— يالغان ئېيتىسەن! ئۇلار ھاكىمىيەتكە قارشى سۆزلىگەن!

— مۇشۇنداق ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك جاجىسىنى
يىسۇن!

— ئۇلارنىڭ چىشلىرىغا قاراپ تۇرۇش كېرەكمىدى!

— ئۇلارغا قىلىنغان تۆھمەت!

شتوكمان يېڭىۋاشتىن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى كۆپچىلىك
دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندەك قىلاتتى، ھەتتا ماقۇللىغان ھايقىرىقـ
لارمۇ ئاڭلانغان ئىدى. ئەمما شتوكماننىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئاقـ
لار بىلەن قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىپ
بېرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھەممىسى ئاۋاز بەرمەي
جىم تۇرۇۋېلىشتى.

— ئاغزىڭلارغا سۇ تۇشقۇزۇۋالدىڭلارمۇ نىمە؟ — دەپ
ئەلەم بىلەن سورىدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ.

خالايىق تۆكۈلگەن چاچما ئوقتەك، مەيداننىڭ سىرتىغا
تارىلىشقا باشلىدى. «چۆيۈن» دىگەن لەقىمى بار كەمبەغەل دى

خان سىمكا ئىككى خىيال بولۇپ، ئالغا ئۇمتۇلۇپ باقتى، ئەمما كېيىن پىكرىدىن قايتىپ، قولقېپىنى بىرلا شىلتىدى:

— يەر ئىگىلىرى كەلگەندە، كۆزلىرىڭنى پىرىلدىتىسەن...

شتوكمان تارىلىپ كەتمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ كۆردى، ئەمما كوشۋوينىڭ چىرايى ئاپپاق ئۇندەك تاتىرىپ، ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچقا پىچىرلىدى:

— بۇ نەرسىلەرنى ئۇلار ئالمايدۇ، دەپ ئېيتمىدىممۇ. بۇ مۇلۈكنى ئۇلارغا بەرگەندىن كۆرە، ئۆرتىۋەتكەن ياخشىراق.

## 25

كوشۋوي ئۆيگە چۆمگەن ھالدا قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، موخوفنىڭ ئۆيىنىڭ پەلەمپىيى بىلەن ئاستا يۇقۇرىغا چىقتى. كارىدوردىكى ئىشىكلەرنىڭ يېنىدا پولنىڭ ئۈستىدىلا بىر دۆۋە ئىگەرياتاتتى. بۇيەرگەيېڭىلا بىرسى كەلگەندەك قىلاتتى: ئۆزەڭگىنىڭ بىرسىدە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئايىغى ئاستىدا يەنچىلگەن ۋەقىغدىن سارغىيىپ كەتكەن بىر پومزەك قار تېخى ئېرىمىگەن ئىدى: ئاستىداكىچىككىنە سۇ ملىتىلداپ تۇراتتى. كوشۋوي ئايۋاننىڭ ئىپلاسلىشىپ كەتكەن پولىنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ كېتىۋېتىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يان تەرىپى مۇدۇر-مۇدۇر بولۇپ كەتكەن ھاۋارەڭ ئويما نەقىشلىك پەنجىرىگە، تامغا يېقىن يەردە ياتقان ئاچ بىنەپشە رەڭ جىيەك تارتقان يۇمشاق قېلىن قىروغا چۈشتى؛ ئىچ تەرىپى ھوردىن

تەرلىگەن دەرىزىلەرگىمۇ غىل - پال كۆز يۈگۈرتتى، ئەمما ئاشۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېڭىدا ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي، قانداقتۇ چۈشتىكى تۇماندەكلا ئۆتۈپ كەتتى. گىرىگورىي مېلىخوفقا نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئۆچمەنلىك مىشكىنىڭ ساددا يۈرىكىنى چىرمىۋالغان ئىدى...

ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ دالان ئۆيىدە تاماكىنىڭ، ئات جابدۇقلىرىنىڭ، ئېرىگەن قارنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى ئاڭقىپ تۇراتتى. موخوف ئۆز ئائىلىسى بىلەن دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئۆيدە قېپقالغان بىر ئايال خىزمەتكار گوللاندچە مەشكە ئوت يېقىپ تۇرغان ئىدى. ياندىكى بىر ئۆيدە ساقچىلار قاتتىق كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. «تازا غەلىتە بىر نىمىلەركەنغۇ بۇ! نىمىگە شۇنچىلىك خۇشال بولۇشۇۋاتقاندۇ!..» — دەپ ئويلىدى كوشىۋوي خاپا بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئەلىمگە چىدىيالماي ئاخىرقى قېتىم قامچىسىنى قونچىغا ئۇرۇپ قويۇپ، ئىشىكنى چەكمەستىنلا بۇرجەكتىكى ئۆيگە كىردى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. قارا پاپاخنى چېكىسىگە يانتۇ كىيىۋالغان بولۇپ، تەرلىگەن يۈزىدە ھارغىنلىق ۋە تەشۋىشلەنگەنلىك بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا، دەرىزىنىڭ تەكچىسىدە يەنىلا شۇ ئاتلىق ئەسكەر پەلتۇسىنى كىيىۋالغان شتوكمان ئولتۇراتتى. ئۇ كوشىۋوينى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ـ دە، يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

— خوش، قانداق تۇردۇڭ مىخايىل؟ كەل، ئولتۇر.

كوشىۋوي پۇتلىرىنى كېرىپ ئولتۇردى. شتوكماننىڭ ھەممىنى

بىلىشكە قىزىقىدىغان، خاتىرجەم ئاۋازى ئۇنى سەگەكلەشتۈردى.
— ئىشەنچىلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىدىم... تۈنۈگۈن ئاخشام گىرىگورىي مېلىخوف ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمىدىم.
— بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەن نىمىنى ئويلايسەن؟
شتوكمان تاماكا ئوراۋېتىپ، ئاندا ـ ساندا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ جاۋاپ كۈتتى.
— ئۇنى پادۋال ئۆيىگە سولاپ قويساق بولامدىكىن ياكى قانداق قىلساق بولاركىن؟ — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئىككىلىنىپ سورىدى.
— سەن بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەن... ئۆزەڭ بىلىپ ئىش قىل.
شتوكمان كۈلۈمسىرەپ، پىكىر بىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. ئۇ كىبىلىشتۈرۈپ شۇنداق مازاق بىلەن كۈلگەن ئىدىكى، بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ زەربىسى قامچىنىڭ زەربىسىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ ئىككى تەرگە پاتتى.
ئۇ چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، كەسكىن تۇردە مۇنداق دىدى:
— مەن — رەئىس، شۇنداق بولغاندىن كىيىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى — گىرىشكىنىمۇ، ئۇنىڭ ئاكىسىنىمۇ قولغا ئالىمەن ـ دە، ۋېشىنىسكايا ئەۋەتىمەن!
— گىرىگورىي مېلىخوفنىڭ ئاكىسىنى قولغا ئېلىشتىن پايدا تېپىش دەرگۇمان، فومىن ئۇنى قاتتىق تۇرۇپ قوغدايدۇ. فومىن ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشى پىكىردە ئىكەنلىگى ساڭا مەلۇم-

غۇ... گىرىگورىينى بولسا نەق بۈگۈن، ھازىرلا قولغا ئېلىش كېرەك! ئەتە بىز ئۇنى ۋېشىنىسكاياغا ئەۋەتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ماتېرىيالىنى بۈگۈنلا ئاتلىق ساقچى بىلەن ئىنقىلاۋىي ھەربى سودنىڭ رەئىسىگە يوللىۋەت.

— گىرىگورىينى كەچقۇرۇن قولغا ئالساقمىكىن، ھە، ئۇسۇ داۋىندوۋىچ؟

شتوكمان يۆتىلىپ كەتتى، يۆتىلى بېسىققاندىن كېيىن ساقلىنى ئېرىتىپ، سورىدى:

— نىمىشقا كەچقۇرۇن؟

— گەپ - سۆزلەرنىڭ ئاز بولۇشى ئۈچۈن...

— ھەي، بىلەمسەن... بۇ سۆزۈڭ بىھۇدە!

— مىخايىل، ئىككى ئادەم ئېلىپ، ھازىرلا بېرىپ گىرىشكىنى تۇتۇپ كەل. ئۇنى ئايرىم قاماپ قويىمىز. ئۇقتۇڭمۇ؟

كوشىۋوي دەرىزە تەكچىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ساقچىلارنىڭ قېشىغا ماڭدى. شتوكمان مىجىلغان سۈرپىيمىسىنى شىپىلدىتىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردى - دە، شىرەنىڭ ئالدىدا توختاپ، سورىدى:

— يىغىۋېلىنغان قورالنىڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈمىنى ئەۋەتتىڭمۇ؟

— ياق.

— نىمىشقا؟

— تۈنۈگۈن ئۈلگۈرەلمىدىم.

— نىمىشقا؟

— بۈگۈن ئەۋەتىپ بېرەرمىز.

شتوكمان قاپىغىنى تۈردى، ئەمما شۇ زاماتلا قېشىنى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىرىپ، تېزلا سورىدى:

— مېلېخوفلار نېمىنى تاپشۇردى؟

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، ئېسىگە چۈشۈرۈپ، كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.

— تاپشۇرۇشنىڭ چاپسانلا تاپشۇردى، ئىككى مىلتىق، ئىككى ناگان، سېنىڭچە، ئۇنىڭدىكى قورالنىڭ بارى شۇمدۇ؟

— بارى شۇ ئەمەسمۇ؟

— ئوھۇ، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن!

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — شتوكمان يېنىكلا لېۋىنى قىستى، — ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام، ئۇنى قاماققا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىدە پۇختا ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان بولاتتىم. سەن كومېندانتقا سۆز ئارىسىدا ئېيتىپ قوي، ئويلاشنىڭ ئويلايسەن، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەش كېرەك.

كوشېۋوي يېرىم سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ پېشايۋاندا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، ئىشىكلەرنى قاتتىق تاقىلدىتىپ كىرىپ كەلدى-دە، بوسۇغىدا توختاپ، دېمىنى راسلىۋېلىپ، ۋاقىرىدى:

— كىشىگە قۇتلۇق بېرەمدۇ، شەيتان!

— قانداق بولدى؟ — شتوكمان ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە. كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ سورىدى. ئۇزۇن شىنېلى ئايىغىغا پۇتلىشىپ، ئىككى پېشى پېيمىسىنى شاراقلىتىۋەتتى.

كوشېۋوي، ئۇنىڭ ئاستا چىققان ئاۋازىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ، جەھلى چىقىپ، ۋاقىراپ كەتتى:

— سەن ماڭا كۆزۈڭنى ئوينا قىلاتما!... ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گىرىشكا سىنگىنىسكى يېزىسىدىكى ھاممىسىنىڭكىگە كېتىپتۇ، بۇ ئىشتا مېنىڭ نېمە گۇنايىم بار؟ سىلەر نەدە قالدىڭلار؟ مىخ

يېتىدىغانلارمۇ؟ مانا گەپ! كىرىشكىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلار!
ماڭا ۋاقىرايدىغان ھېچ ئىش يوق! مېنىڭ ئىشىم موزايىمنىڭكىدەك ئاز - تولا نەرسە يەپ قويۇپ، ئېغىلغا كىرىش. سىزلەر نېمىنى ئويلىغان ئىدىڭلار؟ — ئۇ دۇۋەيلەپ كەلگەن شتوكماندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئارقىسىغا سۇرۇلۇپ، مەشىنىڭ كاھىشى ئورنىتىلغان يان تەرىپىگە تىرىلىپ قالدى - دە، كۈلۈۋەتتى، — ماڭا يېقىن كەلمە، ئوسىپ داۋىدوۋىچ، يېقىن كەلمە، بولمىسا، خۇدا ھەققى، ئۆرۈپ تاشلايمەن!

شتوكمان ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، بارماقلىرىنى قاسىرلاتتى؛ مىشكىنىڭ ھىجايغان ئاپپاق چىشلىرىغا، كۈلۈمسىرەپ ۋە ساداقەتنى بىلدۈرۈپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ھەجىلەپ سۆزلىدى:

— سىنگىنگە بارىدىغان يولنى بىلەمسەن؟

— بىلمەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟ تېخى سەن نېمىس بىلەن سوقۇشتۇم، دەيسىنا... بەزگەك! — دېدى - دە، قەستەن يىرگىنىپ كۆزلىرىنى قىستى.

× ×

تۈتۈندەك كۆكۈش تۇمان قاپلىغان دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. دون بويىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدىن لاۋۇلداپ قىپ - قىزىل ئاي كۆتىرىلدى. ئۇنىڭ شولىسى فوسفوردەك چىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزنىڭ يورۇغىنى بېسىپ كېتەلمىدى.

سىنگىنگە بارىدىغان يولدا ئالتە ئاتلىق كېتىپ باراتتى.

ئاتلىرى سوكۇلداپ چاپماقتا. دراگۇن * ئىگىرىگە مىنگەن شتوك-
مان كوشۇۋىنىڭ يېنىدا تەۋرىنىپ كېلەتتى. ئاستىدىكى دونبېتىس
نەسلىلىك ئىگىز تورۇق ئات ئۇنىڭ تىزىدىن چىشلەۋالماقچى بول-
غاندەك، ھامان ئويناقلاپ كېلەتتى. شتوكمان كۆلكىلىك بىر
ۋەقەنى ۋەزمىنلىك بىلەن ھېكايە قىلاتتى. مىشكا بولسا،
ئىگەرنىڭ قېشىغا يېتۇۋېلىپ، گۆدەكلەرچە پىخىلداپ كۈلەتتى – دە،
شتوكماننىڭ يالاڭ قۇلاقچىسىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ سۇرلۇك
كۆزلىرىگە قاراپ بېقىشقا تىرىشاتتى.
سىنگىندە پۈختىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئاختۇرۇش
ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى.

## 26

گىرىگورىينى بوكوۋىسكايادىن چىرنىشېۋىسكاياغا بېرىشقا
مەجبۇر قىلىشقان ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر يېرىم ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن
ئاندىن قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئاتىسى قاماققا
ئېلىندى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ كېزىك كېسىلىدىن كېيىن يېڭىلا
مېڭىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن چاچ – ساقىلى
تېخىمۇ ئاقىرىپ، ئاتىنىڭ ئىسكىلىتىدەك قورۇق ئۇستىخان بولۇپ
ئورنىدىن تۇردى. كۈمۈش رەڭ جىنگىلەك چېچى كۈيە يىگەندەك تۆكۈ-
لۈپ چۈشكەن، ساقىلىمۇ چاڭگىلىشىپ، ئۇچلىرى سوپۇن سۇرگەندەك

• دراگۇن – ئۇرۇش ۋاقتىدا ئاتتىن چۈشۈپ جەڭ قىلىدىغان
ئاتلىق ئەسكەر – ت.

بىر تۇتاش ئاقارغان ئىدى.

ساقچى ئۇنى ئېلىپ كېتىش ۋاقتىدا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇن مىنۇت ۋاقىت بەردى. پروكوفىيېۋىچنى ۋېشېنسكايا يولىشتىن بۇرۇن موخوفنىڭ پادىۋال ئۆيىگە سولاپ قويۇشتى. ئانىس* ئالمىسى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان بۇ پادىۋالدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توققۇز چال ۋە بىر پەخرىي سوتچى ئولتۇرۇشاتتى.

پېترو بۇ خەۋەرنى تېخى گىرىگورىي دەرۋازىدىن كىرىپ ئولگۇرمەستىنلا، ئۇنىڭغا ئېيتتى - دە، مەسلىھەت بەردى:

— ئۇكام، سەن هارۋاڭنى ئارقىغا بۇرا... سېنىڭ ھاچان كېلىدىغانلىقىڭنى كۈچىلاپ سورىشىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋال، باللىرىڭنى كۆر، شۇندىن كېيىن مەن سېنى بېلىقچى يېزىسىغا ئاپىرىپ قوياي، ئۇ يەردە بىر نەچچە زامان جان ساقلاپ تۇرارسەن. ئەگەر سوراپ قالسا، سىنگىنگە، ھاممىسىنىڭ قېشىغا كەتتى، دەيمەن. بىزنىڭ يېزىدا يەتتە ئادەمنى ئېتىپ تاشلىدى، ئاڭلىغانسەن؟ ئاتىمىزمۇ شۇلارنىڭ يولىدىن چىقىپ قالمىسا ياخشى بولاتتى... ئەمدى سەن تۈگەرىلىق گەپ قىلمىساقمۇ، چۈشىنىشلىك!

گىرىگورىي ئاشخانىدا يېرىم سائەتچە ئولتۇردى - دە، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئىگەرلەپ، كېچىدە بېلىقچى يېزىسىغا چاپتۇرۇپ كەتتى. مېلېخوفلارنىڭ يىراق تۇغقىنى، مېھماندوست كازاك گىرىگورىينى چاسا تىزىلغان تىزەكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ يەردە ئۇ ئىككى سوتكا ياتتى. پەقەت تۈندىلا ئۆز ئۇۋىسىدىن ئۆمىلەپ چىقاتتى.

* ئانىس — ئالمىنىڭ بىر تۈرى.

www.uyghurkitap.com

# 27

25 ـ فېۋرال كۈنى، سىنگىندىن قايتىپ كەلگەنىنىڭ ئەتىسى كوشۋوي كومپارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەجلىسى قاچان بولىدىغانلىغىنى بىلىش ئۈچۈن ۋېشىنىسكاياغا يولغا چىقتى. كوشۋوي، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، يېمېلەن، داۋىدكا ۋە فىلكا ئۆزىنىڭ پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆ ـە قارار قىلىشقان ئىدى.

مىشكا كازاكلار تاپشۇرغان قوراللارنىڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈمىنى، مەكتەپ قوراسىدىن تېپىلغان بىر پىلىموتنى ۋە شتوكمانىڭ ئوكرۇگ ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ رەئىسىگە يازغان بىر پارچە خېتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئالغاچ ماڭغان ئىدى. ۋېشىنىسكاياغا بارىدىغان يولدىكى چاتقاللاردا توشقانلار ئۈركۈپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ، شۇنچىلىك كۆپ كۆچمەنچى توپ پەيدا بولۇپتۇكى، ئۇلار ھەر قەدەمدە ئۇچراۋەردى. چۈجگۈن ئۈتىنىڭ سېرىق باشاقلىرى قانچە بولسا، توشقانلارنىڭ قۇيرۇغى شۇنچە ئىدى. چانا غىچىرلىشى بىلەنلا ئاق تۆش بوز توشقان چاچراپ چىقاتتى ـ دە، قارا قۇندۇز قۇيرۇغىنى دىڭگايتىپ، بوز يەرگە تىپىرلاپ قاچاتتى. ئاتنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان يېمېلەن، تىزگىنىنى تاشلىۋېتىپ، ھايھايلاپ ۋاقىرىدى:

— ئۇرا! قېنى بول، بوغۇزلا!

مىشكا چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە،

ئۇچقاندەك غىلدىرلاپ كېتىۋاتقان سۇر پومزەك نەرسىگە بىر شاژا ئوقنى ئېتىپ تۈگەتتى. ئاندىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ھىلىقى پومزەكنىڭ ئەتراپىدىكى ئاق قار پارچىلىرىگە تېشىپ كىرىپ كەتكەنلىگىگە. پومزەك بولسا تېخىمۇ تېز دومىلاپ، شۇ تېزلىكتە قورايلارنىڭ ئۈستىدىكى قار يېپىنچىلىرىنى قېقىپ چۈشۈرگەنلىگىگە. ئاندىن قېلىن ئورمانزار ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن يوقالغانلىغىغا كوڭلى يېرىم بولۇپ قاراپ قالدى.

... ئىنقىلاۋىي كومىتېتتا چۈشىنىپ بولمايدىغان پاتىپاراقچىلىق بولۇۋاتاتتى. ئادەملەر تەشۋىش بىلەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە. ئاتلىق چاپارمەنلەر ئۈستى ـ ئۈستىگە كېلىشەتتى، كوچىلاردا ئادەملەرنىڭ ئازلىغى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. بۇ ۋەھىمىلىك پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىگەن مىشكا ھەيران بولدى. شتوكماننىڭ خېتىنى رەئىسنىڭ ئورۇنباسارى پەرىشان ھالدا يانچۇغىغا سېلىپ قويدى، بۇ خەتنىڭ جاۋاۋى بېرىلەمدۇ، دېگەن سوئالغا قوپاللىق بىلەن تۇمشۇغىنى ئۈچلاپ قويدى:

— كۆزۈمدىن يوقال! سەنلەر بىلەن نىمە بالاغا قالدىم!

مەيداندا قاراۋۇل روتىسىنىڭ قىزىل ئەسكەرلىرى ئۆتۈپ تۇرۇشاتتى. بىر كۆچمە دالا ئاشخانىسى تۈتۈنىنى پىقسىرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەيداننى سوقۇم قىلىنغان كالا گۆشى بىلەن دەپنە دەرىخىنىڭ ياپراقلىرىنىڭ پۇرىغى قاپلىدى.

كوشۋوي ئىنقىلاۋىي ھەربىي سوتتىكى تونۇش يىگىتلەرنىڭ قېشىغا تاماكا چەككىلى كىرىپ، سورىدى:

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە نىمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟

ئۇنىڭغا يەرلىك ئىشلار تېرگاۋچىسى گروموف خالا ـ خالىماس جاۋاپ قايتۇردى:

كازانسكايادا نىمىشقىدۇ بىر ئەنسىزلىك باردەك تۇيۇلدۇ. ئاقلار بېسىپ كەلدىمىكىن ياكى كازاكلار قوزغىلاڭ كۆتەردىمىكىن، بىلىپ بولمايدۇ. تۈنۈگۈن ئۇ يەردە ئۇرۇش بولۇپتۇ، دىگەن مىش-مىش گەپ بار. تېلېفون ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ئاتلىق چارلىغۇچىلار ئەۋەتسەڭلار بولماسمىدى.

— ئەۋەتتۇق. قايتىپ كەلمىدى. بۈگۈن يېلانىسكاياغا بىر روتا كەتتى. ئۇ يەردىمۇ ئەھۋال ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ.

ئۇلار دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى. سوت مەھكىمىسى ئىگىلەپ تۇرغان سودىگەرنىڭ سۆلەتلىك ئۆيىنىڭ دەرىزىلىرى سىرتىدا قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى.

كەنتنىڭ سىرتىدىكى بىر يەردە، چىۋورنايا يېزىسى تەرەپتىكى قارىغايلارنىڭ قېشىدا گۈم-گۈم ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. مىشكا ئاپپاق تاتىرىپ، قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە چۆرۈۋەتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئوق ئاۋازى ئەمدىلىكتە گۈلدۈر-قاراسيا گىراق ئۈن بىلەن يېقىن يەردىن ئاڭلاندى. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، يەككە-يەككە ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرىنى ياپپىسىغا ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى بېسىپ كەتتى، ئوقلار ۋىژىلداپ كېلىپ سارايلارنىڭ تاختاي تاملىرىغا، دەرۋازىسىغا تەككىلى تۇردى. ھويلىدا بىر قىزىل ئەسكەر يارىدار بولدى. گىرومىف قەغەزلەرنى پوملاپ، ئىچكى يانچۇغىغا تىقتى-دە، مەيدانغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ يېنىدا قاراۋۇل روتىسىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى سەپكە تىزىلدى. كالتە جۇۋا كىيگەن كوماندىر قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا باپكانىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، ئۇ ئەسكەرلەرنى كالوننا سەپ قىلىپ، سوكۇلدىتىپ، دون

دەرياسىغا چۈشىدىغان قىيالىق بىلەن باشلاپ كەتتى. ۋەھىمىلىك ساراسىمە باشلاندى. ئادەملەر مەيداندا قېچىشقا يۈز تۇتتى، ئۈستىدە ئادەم يوق، ئىگەرلىك بىر ئات بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ، سەكرەپ چېپىپ ئۆتتى.

گاڭگىراپ قالغان كوشۇوي، مەيدانغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ، ئۈستىگە يەكسىز يۈك چەكمەن كىيگەن فومىننىڭ چېركاۋنىڭ ئارقىسىدىن قارا قويۇندەك چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئاستىدىكى ئىگىز ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا بىر دانە پىلىموت باغلانغان ئىدى. چاقلىرى چۆگىلەشكە ئۈلگۈرمىگەنلىكتىن، پىلىموت يېنىچە سۆرىلىپ، ئاتنىڭ تاراقلاپ تېز چېپىشى بىلەن ئوي - دۆڭگە ئۇرۇلۇپ، قېقىلىپ كېلەتتى. ئىگەرنىڭ قېشىغا يېتىشۋالغان فومىن تاغنىڭ ئېتىكىدە كۆزدىن غايىپ بولدى، ئارقىسىدىن قار ئارىلاش توزاننىڭ كۆمۈشتەك تۇتۇنى كۆتىرىلدى.

«ئاتلارنىڭ قېشىغا بېرىش كېرەك!» — مىشكىنىڭ كاللىسىغا كەلگەن دەسلەپكى ئوي مۇشۇ بولدى. ئۇ، يەر بېغىرلاپ تۆت كوچىنىڭ كېسىشكەن يېرىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكۈچە بىر قېتىممۇ دېمىنى ئالمىدى. ئۆيگە يېتىپ بېرىۋالغۇچە يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى، يېمېلەن ئاتلارنى چانغا قوشقاندا قورققانلىقتىن، قېيىش - تاسمىلىرىنى چىگەلمەي تۇرغان ئىكەن.

— نىمە ئىش بولۇپتۇ، مىخايىل؟ بۇ نىمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ دۇدۇقلاپ، چىشلىرى كاسىلداپ. ئاتنى قوشۇپ بولغاندا، تىزگىنىنى يۈتتۈرۈپ قويدى. تىزگىنىنى تارتىپ چەككەندە، سول تەرەپتىكى خامۇتىنىڭ بوغۇچى يېشىلىپ كەتتى.

ئۇلار چۈشكەن ئۆينىڭ ھويلىسى دالا تەرەپكە قارايتتى، مىشكا قارىغايلار تەرەپكە كۆز يۈگۈرتكەن ئىدى، ئەمما ئۇ يەردىن پىيادە ئەسكەرلەر سېپى كۆرۈنمىدى، چاچما ھالدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. نەدىدۇ بىر يەردە مىلتىق ئېتىلىۋاتاتتى. كوچىلار بوشاپ قالغان، ھەممىسى تىمتاس ۋە زېرىكىشلىك ئىدى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى: توپىلاڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتاتتى.

يېمىلەن ئاتلارنى جۈندەپ بولغۇچە، مىشكا دالىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئۇ شۇ ئارىدا كىچىككىنە چىركاۋنىڭ ئارقىسىدىن، دېكابىر ئېيىدا رادىيو ئىستانسىسى كۆيۈپ كەتكەن يەردىن، قارا پەلتۇ كىيگەن بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئادەم ئالدىغا پەس ئېگىشىپ، قولىنى مەيدىسىگە يېقىپ، بار كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى. كوشىۋوي ئۇنىڭ پەلتۇسىدىن تېرگاۋچى گىروموف ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ يەنە قاشانىڭ ئارقىسىدىن يالت قىلىپ چىقىپ كەلگەن بىر ئاتلىقنىڭ فىگۇرىسىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى. مىشكا ئۇنىمۇ تونۇدى. بۇ ۋېشېنسكايالىق ياش كازاك، ئەشەددى ئاق گۋاردىيىچى چېرنىچكىن ئىدى. چېرنىچكىندىن 100 سارجىن ئارىلىقتا قېچىپ كېلىۋاتقان گىروموف، بىر ـ ئىككى قېتىم ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، يانچۇقىدىن تاپانچىسىنى ئالدى. پاك قىلىپ مىلتىق ئېتىلدى، ئارقىدىن يەنە بىر پاي. گىروموف ئىرغىپ، قۇملۇق دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ناگاندىن ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. چېرنىچكىن چېپىپ كېتىۋېتىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى؛ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مىلتىقىنى ئالدى ـ دە، قار دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ياتتى. دەسلەپكى ئوقتىلا

گېۋمەف سول قولى بىلەن بىر تال دەرەخ شېخىنى تۇتۇپ، يېنىـ
چە ماڭدى ـ دە، دۆڭدىن دومىلاپ چۈشۈپ، قارغا يۈزىچە يىقىلـ
دى. «ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى!»ـــ مىشكىنىڭ ئەزايى مۇزلاپ كەتتى.
چېرنىچكىن ئۇستا مەرگەن ئىدى، شۇڭا گېرمان ئۇرۇشىدىن ئېـ
لىپ كەلگەن ئاۋستىرىيە كارابىن مىلتىغىدىن ئۇ ھەر قانداق
ئارىلىقتىكى نىشانغا خاتاسىز تەگكۈزەتتى. مىشكا ئالىقاچان
چانىغا چىقىۋالغان بولۇپ، دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن، چېرـ
نىچكىننىڭ دۆڭنىڭ قېشىغا كېلىپ، قارنىڭ ئۈستىدە قىيپاش
يېيىلىپ تۇرغان قارا پەلتونى قىلىچ بىلەن چاپقانلىقىنى
كۆردى.

دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بازكى يېزىسىغا چېپىش خەتەرـ
لىك ئىدى. دوننىڭ ئاپياق ئوچۇقچىلىقىدا ئات بولسۇن، ئادەم
بولسۇن ئوق تەككۈزۈشكە ئەڭ ياخشى نىشان بولاتتى.

ئۇ يەردە قاراۋۇل روتىسىنىڭ ئىككى قىزىل ئەسكىرى ئوقـ
نىڭ قۇربانى بولۇپ ياتاتتى. شېڭلاشقا يېمپلەن كۆل ئارقىلىق
ئورمانغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن يولنى شۇ ياققا بۇرىدى. مەزىنىڭ
يۈزىدە نېپىز قار قاتلاملىرى بار ئىدى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا
شىپىلداپ، چالپاقلىرى چاچراپ تۇراتتى، چانا تايىنىنىڭ قىرـ
لىق تۆمۈرى مۇزنى جىجىپ، چوڭقۇر چۆنەك پەيدا قىلاتتى.
يېزىغىچە ئۇلار جان ـ جەھلى بىلەن چېپىپ كېلىشتى. ئەمما يولنى
كېسىپ ئۆتكەندە يېمپلەن تىزگىننى قاتتىق تارتىپ، شامالدا
قىزارغان يۈزىنى كوشەۋويغا بۇرىدى.

ـــ قانداق قىلىمىز؟ ئەگەر بىزنىڭ يېزىدىمۇ ئاشۇنداق
ماليانچىلىق بولسا قانداق قىلىمىز؟

مىشكىنىڭ كۆزلىرىگە قايغۇ ـ غەم تولدى. يېزىغا كۆز

يوگۇرتكەن ئىدى، دون سويىدىكى بىر كوچىدا ئىككى ئاتلىق چېپىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار كوشۇيغا ساقچىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ھەيدەۋەر بىزنىغا! ئەمدى باشقا باردىغان يېرىمىز يوق! — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن.

يىمبەلەن تولىمۇ ناتىلاجلىقتا ئاتلارنى ھەيدەپ ماڭدى. دون دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتتى، يۇقۇرىغا ئۆرلەۋەردى. دەريانىڭ يۇقۇرقى جېتىدىن بۇلارغا قاراپ ئاۋدىيىچ يالغانىنىڭ ئوغلى ئات تېپ بىرېخوۋىچ بىلەن يەنە ئىككى چال يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋۇي، مىشكا! — يىمبەلەن ئاتىنىۋنىڭ قولىدا مىلتىق بارلىغىنى كۆرۈپ، ئاتنى توختىتىپ، شارتتىدە ئارقىغا بۇرىدى.

— توختا!

مىلتىق ئېتىلدى. يىمبەلەن تىزگىننى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتمەيلا، گۈپپىدە يىقىلدى. ئاتلار چېپىپ بېرىپ قاشاغا تاقىلىپ قالدى. كوشۇۋوي جانىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئاتىنىۋ ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، چورۇق كىيگەن پۇتلىرى تېيىلىپ كەتتى - دە، سەنتىرەكلەپ توختاپ قالدى. مىلتىغىنى مۈرىسىگە ئاستى. مىشكا قاشانىڭ ئۈستىگە يىقىلغاندا، بىر قېرىنىنىڭ قولىدىكى ئۈچ چىشلىق ئارىنىڭ ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

— سانچى ئۇنىڭغا!

كوشۇۋوي، مۈرىسى ئوتتەك كۆيگەنلىكتىن، ۋاقىرماستىنلا پەسكە بىقىلدى، ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. ھېلىقى قېرى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىڭىشىپ تۇرۇپ، جېنىنىڭ بېرىچە ئۇنىڭغا ئارىنى سانچىدى.

— تۇر ئورنۇڭدىن، ئىت!

ئۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى گويىۋى چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلىپ ياتتى. ئانتېۋ ھۆكرەپ كېلىپ، بۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى - دە، ياقىسىدىن ئالدى:

— ئاتامنى ئۆلۈمگە ئۇتۇپ بەرگەن مۇشۇ... قويۇۋېتىڭلار، ياخشى كىشىلەر، نېرىراق تۇرۇڭلار، مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىمەن!

ئۇنى كىشىلەر قويۇۋەتمەي تارتىپ تۇرۇشتى. خالايىق توپلاشتى. بىرسى غاراڭ - غۇرۇڭ بوم ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— قويۇۋېتىڭلار، يىگىتنى! نېمە، بويۇنۇڭلاردا كىرېست يوقمۇ سىلەرنىڭ؟ قوي ئۇنى، ئانتېۋ! ئاتاڭنى تىرىلدۈرەلمەيسەن، ئەمما بىراۋنىڭ جېنىغا زامىن بولىسەن... تارقىلىڭلار، بۇرادەرلەر! ئەنە ئاۋۇ يەردە، ئامباردا قەنت ئۆلەشتۈرۈپ بېرىۋاتىدۇ، شۇ يەرگە بېرىڭلار...

مىشكا كەچقۇرۇن ھوشىغا كېلىپ، ھامان ئۆزىنى ئاشۇ قاشانىڭ تۈۋىدە كۆردى. ئارا سانچىلغان بىقىنى چىم - چىم ئوت كۆيگەندەك ئاغرىپ تۇراتتى. ئارىنىڭ چىشلىرى كالتە جۇۋىسى بىلەن پاختىلىق چاپىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، بەدىنىگە ئازراقلا كىرگەن ئىدى. ئەمما تېرىسى تىتىلغان يەرلىرى ئاغرىيتتى. يارىنىڭ ئۈستىدە مونەك - مونەك قان ئۇيۇپ قالغان ئىدى. مىشكا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپقا قۇلاق سالدى. يېقىندا قوزغىلاڭچىلارنىڭ پاترونلىرى يۈرگەندەك قىلاتتى، ئاندا - ساندا مىلتىق ئاۋازى گۈم - گۈم ئاڭلىناتتى. ئىتلار قاۋايتتى. يىراقتىن ئادەملەرنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ گەپ - سۆزلىرى ئاڭلىنىپ. بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مىشكا ماللار قاتارلىشىپ ماڭىدىغان سوقماق يول بىلەن دوننى ياقىلاپ ماڭدى. يارىنىڭ بېشىغا چىققاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، قېتىپ قالغان قار قاتلاملىرىنى قاماللاپ، بىر يېقىلىپ، بىر ﻣﻮﭘﯘﭖ، ﻗﺎﺷﺎﻧﯩﯔ ﺗﯚﯞﻯ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯚﻣﯩﻠﻪﭖ ﻣﺎﯕﺪﻯ، ﺋﯘ ﻗﻪﻳﻪﺭﺩﻩ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي، ھەككۇل قىلىپ مېڭىۋەردى. سوغاق ئۇنىڭ بەدىنىنى دىر - دىر تىترىتەتتى، قوللىرى مۇزلاپ كەتتى. سوغاق توڭلىتىۋېرىپ، كوشىۋوينى بىرسىنىڭ دەرۋازىسىغا ھەيدەپ كەلدى. مىشكا چۆنىق بىلەن توقۇلغان يان ئىشىكنى ئېچىپ، ئارقا قوراغا كىردى. سول تەرەپتە بىر تاختاي لاياس كۆرۈندى. ئۇ لاپاسقا كىرىشى بىلەنلا قەدەم ئاۋازىنى ۋە بىرسىنىڭ يۆتەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

بىر ئادەم پىيمىسىنى غاسلدىتىپ، ئاشۇ لاپاسقا كېلىۋاتاتتى. «ئەمدى بىر ياقلىق قىلىدىغان بولدى مېنى» — كوشىۋوي بىمە بولسا بولار دېگەندەك بىپەرۋالارچە ئويلىدى. ھېلىقى ئادەم ئىشىكنىڭ قاراڭغۇ بوشلۇغىدا توختىدى.

— ئۇ يەردە تۇرغان كىم؟

ئاۋاز بوش ۋە قورققاندەك چىقتى.

مىشكا سىرلا چامداپ، تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتتۈۋالدى.

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى ئەمدى تېخىمۇ تەشۋىشلىك، تېخىمۇ ئۈنلۈك قىلىپ.

مىشكا ستېپان ئاستاخوفنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، لاپاستىن چىقتى.

— ستېپان، بۇ مەن بولىمەن، كوشىۋوي... خۇدا ھەققى، مېنى قۇتقۇزۇۋال! ھېچكىمگە ئېيتماسلىق قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ بىر ياردەم قىلغىن!

— ھە، مۇنۇ ئىمىكەنغۇ ...— دېدى ستېپان كېزىكتىن يېڭىلا ساقايغان ئادەمدەك زەئىپ بىر ئاۋاز بىلەن، ئۇنىڭ ياداڭغۇ-

لۇقتىن ئۇزارغانداك كۆرۈنگەن ئاغزى كېرىلىپ، ئىشەنچسىزلىك بىلەن ھىجايدى. — مەيلى. بوپتۇ، بىر كېچىلا قون، تاڭ ئاتقان-دا، باشقا بىر يەرگە كەت. خوش، بۇيەرگە سەن قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

مىشكا جاۋاپ بەرمەستىنلا، ئۇنىڭ قولىنى سىيلاپ تاپتى-دە، دۆۋىلەكلىك توپانىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى كەچتە، فاراگەچوشەي دىگەندىلا، خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلاپ، ئۆيىگە بىر ئامال قىلىپ يېتىۋالدى-دە، دەرىزىسىنى قاقتى. ئانىسى دالان ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىش بىلەنلا يىغلاشقا باشلىدى. قوللىرىنى سىلاشتۇرۇپ، بالىسىنىڭ دۈينىغا ئېسىلدى، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ. دوقۇسلاتتى.

— كەت، بالام، ئەيسا مەسىھ ھەققى، دۈيەردىن كەتكىن، مىشېنكا! بۈگۈن ئەنگەن كازاكلار كېلىپ كەتتى، سېنى ئىزلەپ، پۈتۈن قورايى ئوكتەي-نوكتەي قىلىۋەتتى. ئاتىڭغا بىرىخ مېنى قامچىسى بىلەن بىرنى سالدى. «بالاڭنى يوشۇرۇۋاتىسەن، دەيدۇ. ئاپلا ئىمشقا ئۇنى بىر يولى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنتۇق!» — دەيدۇ.

مىشكا ئۆز كىشىلىرىنىڭ بەدە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلال-مىدى. يېزىدا نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئانىسىنىڭ قىسقىچە سۆزلەپ بېرىشىدىن شۇنى ئۇقۇۋالدىكى، دون بويىدىكى ھەممە يېزى-لاردا قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن، شتوكمان، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، داۋىد-كاۋە ساقچىلار ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. فىلكا بىلەن تىموفېينى تۈنۈگۈن چوش ۋاقتىدا مەيداندا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— كەت، بالام! سېنى بۇ يەردىن ئىپىۋالىدۇ...

ئانىسى يىغلايتتى، ئەمما ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدا قەتئىلىك بار ئىدى. ئۇزۇن زامان يىغلىمىغان مىشكا 1 - قېتىم كىچىك

بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇندىن كېيىن، يىلقىچى
بولۇپ خىزمەت قىلغان چاغدا مىسىپ يۈرگەن، ئەمدىلىكتە قۇلۇنى
بار بايتالنى خامانغا ئېلىپ چىقتى. تايچاق بىلەن مىشكىنىڭ
ئانىسى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقتى. ئانىسى مىشكىنى ئانقا
مىنگۈزگەندىن كېيىن چوقۇندۇرۇپ يولغا سالدى. بايتالنىڭ
ماڭغۇسى كەلمەي، ئىككى قېتىم قۇلۇنىنى قىچقىرىپ، كىشنەپ
قويدى. ھەر ئىككىلا قېتىم مىشكىنىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ، پەسكە
دومىلىغاندەك بولدى. ئەمما ئۇ قىرنىڭ بېشىغا تېچ - ئامان
چېپىپ چىققاندىن كېيىن كېتىمان يولى بىلەن شەرققە، ئۈست-
مىدۋېتسا تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. بۇ كېچە راسا قاچ-
قۇنغا لايىق قاراڭغۇ تۈن ئىدى. بايتال قۇلۇنۇمدىن ئايرىلىپ
قالارمەنمۇ، دەپ قورقۇپ، پات - پات كىشنەيتتى. كوشۇۋى چىش-
نى مەھكەم چىشلەپ، يۈگەننىڭ ئۇچى بىلەن قۇلاقلىرىغا ئۇرۇپ
تۇردى، پات - پات توختاپ، ئارقا ياكى ئالدى تەرەپتىن قات-
تىق چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلىنىۋاتقىنى
يوقمۇ، بايتالنىڭ كىشنىشى بىرەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە
تارتمىدىمىكىن، دەپ قۇلاق سېلىپ ماڭدى. ئەمما ئەتراپ. چۆ-
چەكتە تەسۋىرلەنگەندەك تىمتاس. سۈكۈناتقا غەرق بولغان ئى-
دى. كوشۇۋى يەفەت ھەر بىر توختىغان چاغدا تايچاقنىڭ پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، ئانىسىنىڭ قارا يېلىنىغا يېپىشىپ، كەينى
پۇتلىرى بىلەن قارنى تىرەپ تۇرۇپ، تامشىنىپ سۈت ئېمىۋاتقان-
لىقىنىلا ئاڭلايتتى ۋە ئاشۇ ئېمىشتە ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدە بەلەپ-
چان تۈرتكىنىڭ بىلىنىپ تۇرغانلىقىنى سېزەتتى.

## 28

كۆكۈنخانا ئىچىدە قۇرۇغان تىزەكنىڭ. چىرىگەن ساماننىڭ، ئوت - چۆپ قالدۇقلىرىنىڭ ھىدى كۆپۈلدەپ پۇرابتى. يىكەن بىلەن يېپىلغان ئۆگزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كۈندۈزى كۈمۈش رەڭ شولا چۈشۈپ تۇراتتى. گاھىدا قۇياشمۇ چىلىقنى تۇتقۇلغان دەرۋازىدىن خۇددى غەلۋىردىن قارىغاندەك مارىلاپ قوياتتى. كېچىسى كۆز سانچىپ ئاغرىيدۇ، چاشقان ۋىچىرلايدۇ، جىمجىتلىق...

ئۆي ئىگىسى ئايال بىر سوتكىدا بىر قېتىم كەچقۇرۇندا گىرىگورىيغا ئوغرىلىقچە تاماق ئېپكېلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تىزەكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان يوغان بىر كوزا سۇ بار. باشقا ئىش نىمە بولسا مەيلى ئىدى، ئەمما تاماكىسى تۈگەپ قالدى. گىرىگورىي دەسلەپكى كۈنلىرى خۇمارى تۇتۇپ، بەك قىينالدى، كېيىن تاماكىسىز ئۆتۈشكە چىدىيالماي، بىر ئەتىگەن يەردە ئۆمىلەپ يۈرۈپ، بىر چاڭگال قۇرۇق ئات تىزىكىنى يىغدى - دە، ئۇنى ئالقىنىدا ئۇۋۇتۇپ، تاماكا ئورنىدا چەكتى. كەچقۇرۇن ئۆي ئىگىسى ئىنجىلدىن يىرتىۋېلىنغان ئىككى ۋاراق چىرىگەن قەغەزنى، بىر قاپ سەرەڭگە ۋە بىر چاڭگال ئارىلاش - قۇرىلاش نەرسىنى: قۇرۇتۇلغان قاشقا بىدە ۋە كۆك تاماكىنى — «ديوبىك»* نى خوتۇنىدىن ئەۋەتتى. گىرىگورىي خوشال بولۇپ

*ديوبېك — تۈركىيەنىڭ خۇش پۇراق تاماكىسى — ت.

www.uyghurkitap.com

كېتىپ، تاماكىنى بېشى ئايلانغىچە راسا چېكىپ، خۇماردىن چىقتى، شۇنىڭ بىلەن قانىتىغا بېشىنى تىقىۋالغان قۇشتەك ئىتىكى بىلەن بېشىنى پۈركەپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل تېزەكنىڭ ئۈستىدە 1 - قېتىم قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى.

ئەتىگەندە ئۇنى ئۆي ئىگىسى ئويغاتتى. ئۇ كۇكۇنخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، قاتتىق توۋلىدى:

— ئۇخلاۋاتامسەن؟ تۇر! دون ئىسيان كۆتەردى! ...، — شۇنىڭ بىلەن خىر - خىر كۈلۈۋەتتى.

گىرىگورىي تېزەك دۆۋىسىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرنەچچە پۇت كېلىدىغان چاسا تېزەكلەر گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ كەتتى.

— نېمە ئىش بولۇپتۇ؟

— ئاۋۇ نەرەپتىن يېلانىسكايا بىلەن ۋېشېنىسكايادىكى كازاكلار قوزغىلاڭ كۆتىرىپتۇ. فومىن ۋە پۈتۈن ھاكىمىيەت ۋېشكىدىن توكىنغا قېچىپ بېرىپتۇ. ئېھتىمال، كازانىسكايا، شۇمىلىنسكايا، مىگۇلىنسكايامۇ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئوخشايدۇ. ئىشنىڭ نەگە قاراپ يۈز تۇتقانلىقىنى چۈشەندىڭمۇ؟

گىرىگورىينىڭ چېكە تومۇرلىرى بىلەن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆز قارچۇقىدىن كۆكۈش ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى: ئاۋازى تىترەپ چىقتى، قارا بارماقلىرى شىنېلىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈستىدە مەقسەتسىز يۈگۈرەيتتى.

— خوش، سىلەرنىڭ... يېزىدىچۇ؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ئەھۋال قانداق؟

— ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمىدىم. مەن رەئىسنى كۆرگەن ئى-

دىم، — ئۇ كۈلۈپ: «مەن قايسى خۇداغا چوقۇنسام، بەرىبىر، ئىش قىلىپ، خۇدا بولسىلا بولدى» — دەيدۇ. سەن ئەمدى ئۆز ئۇۋاڭـ
دىن چىق.

بۇلار ئۆي تەرەپكە ماڭىشتى. گىرىگورىي چوڭ - چوڭ چامداپ ماڭاتتى. ئۆي ئىگىسى تەڭ ماڭىشقا تىرىشىپ، بىر تەـ
رەپتىن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشكە كىرىشتى.

— يېلانسكايادا بىرىنچى بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن يېزا — كىراسنويارىسكى يېزىسى، ئۇلۇشكىن يېلانسكايالىق 20 كوممۇن* كىرىۋىسكوي بىلەن پىلېشاكوۋ يېزىسىغا كازاكلارنى قاماققا ئېلىش ئۈچۈن بارغان ئىكەن. كىراسنويارلىقلار بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، مەجلىس ئېچىپتۇ - دە، مۇنداق قارارغا كېلىشىپتۇ: «بىز قاچانغىچە خورلۇققا سەۋرى - تاقەت قىلىپ تۇرىمىز؟ ئاتىلىرىمىزنى قاماققا ئېلىپ كەتكىلى تۇردى، ئەمدىـ
لىكتە بۇ ئىش ئۆزىمىزنىڭ بېشىغىمۇ كېلىۋاتىدۇ. ئاتنى ئىگەرـ
لەڭلار، بېرىپ قاماقتىكىلەرنى قۇتقۇزۇۋالايلى.» 15 ئادەم يىغىلىپتۇ، ھەممىسى قارام، غەيرەتلىك يىگىتلەر ئىكەن. بۇلارنى ئاتالانوف دەيدىغان جەڭگىۋار ياش كازاك باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت ئىككى دانىلا مىلتىغى بار ئىكەن، بەزىلىرىدە قىلىچ، بەزىلىرىدە نەيزە، بىرسىدە تېخى توقماقمۇ بار ئىكەن. دوندىن ئۆتۈپ، پىلېشاكوفقا ئات چاپتۇرۇپ بېرىپتۇ. كوممۇنلار مېلنىكوفنىڭ ھويلىسىدا دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن. كىراسنويارلىقـ
لار ئاتلىق سەپ بويىچە ھويلىغا بېسىپ بارسا، ھويلا تاش سېپىل بىلەن قورشالغان ئىكەن. ئۇلار بىر ھەملە قىلىپ بېقىپ، ئارقىسىغا قېچىپتۇ. كوممۇنىستلار ئۇلاردىن بىر كازاكنى

* كوممۇن — كوممۇنىست دېمەكچى.

ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن. قىزىللار ئۇنى ئارقى-سىدىن قوغلاپ بېرىپ ئاتقان ئىكەن، ئۇ ئاتتىن غولاپ چۈشۈپ، قاشاغا ئىسىلىپ قاپتۇ. پىلىپشاكوفنىڭ كازاكلىرى ئۇنى كەنتنىڭ ئات ئىغىلىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئەمما بۇ ئەزىمەتنىڭ قامچىسى قولىدا شۇ پېتى قېتىپ قاپتۇ... خوش، شۇنىڭ بىلەن جەڭگى-جىدەل باشلىنىپ كەتكەن. مانا شۇ مەزگىلدە سوۋېت ھاكىمى-يىتىگە ئاخىرقى زامان يېتىپ كەلگەن.

ئۇيدە گىرىگورىي ئەتىگەنكى تاماقنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن پاك ـ پاكىز يەپ تۈگىتىپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن كوچىغا چىقتى. كوچىلارنىڭ بۇرجەكلىرىدە كازاكلار، خۇددى بايرامدىكىدەك، توپ ـ توپ بولۇپ تۇرۇشاتتى. شۇ توپلارنىڭ بىرىگە گىرىگورىي بىلەن ئۆي ئىگىسى يېقىن كەلدى. بۇلارنىڭ سالىمىغا كازاكلار قولىنى پاپاخقا تەككۈزۈپ، مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. گىرىگورىينىڭ ناتونۇش تۇرقىغا قىزىقىش ۋە تارتىنچاقلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى.

— بۇ ئۆز كىشىمىز، جانابى كازاكلار! بۇ ئادەمدىن قورقماڭلار. تاتارىسكىدىكى مېلېخوفلارنى ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ كىشى پانتېلېينىڭ ئوغلى گىرىگورىي، بىزنىڭكىگە قېچىپ كېلىپ، ئېتىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان، — دىدى ئۆي ئىگىسى پەخىرلىنىش بىلەن. پاراڭ باشلىنىش بىلەنلا كازاكلار-نىڭ بىرسى رېشتوف يېزىسى، دۇبروۋ يېزىسى ۋە چېرنوف يېزىسىدىكى كازاكلارنىڭ قومىنىي ۋېشېنسكايادىن قانداق قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئەمدىلا سۆزلەپ بېرىشكە كىرىشكەن ئىدى، ئەمما شۇ ئەسنادا تاغنىڭ ئاپپاق قاپتىلىغا تۇتاشقان چوڭ كوچىنىڭ بېشىدىن ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى. ئۇلار كوچا

بويلاپ چېپىپ كېلىپ، كازاكلارنىڭ ھەر بىر توپىنىڭ قېشىدا توختاپ ئۆتتى، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇرىغاندا بىر نىمە دەپ ۋاقىرىشاتتى، قوللىرىنى شىلتاتتى. گىرىگورىي ئۇلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

— بۇلار بىزنىڭكىلەر ئەمەس، بېلىقچىلىق يېزىسىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس... بۇلار نەدىن كەلگەن خەۋەرچىلەركىنتاڭ، — دىدى بايىقى كازاك يىراقتا كۆز تىكىپ، ئۇ ۋېشېنسكايانى ئىشغال قىلىش توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئۈزۈپ قويدى.

ئىككى ئاتلىق ياندىكى تار كوچىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۇدۇللا چېپىپ كەلدى. ئالدىنقىسى، چەكمىنىنىڭ ئالدىنى ئەتمەستىن كىيىۋالغان، يالاڭباش، قىپ - قىزىل يۈزى تەرلەگەن، ئاق جىڭگىلەك چاچلىرى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قېرى چال بولۇپ، ياش يىگىتتەك چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ بېشىنى تارتىپ شارتلا توختاتتى: ئارقىسىغا بىر قاتىيىپ، ئوڭ قولىنى ئالدىغا سوزدى.

— ھەي كازاكلار، سىلەرگە نىمە بولدى، كوچىنىڭ بېشىدا خوتۇن كىشىدەك يىغلىپ تۇرغىنىڭلار نىمىسى؟! — دىدى ئۇ يىغلامسىرىغاندەك ۋاقىراپ. ئاچچىق كۆز ياشلىرى ئاۋازىنى بوزۇپ تۇراتتى، ھاياجاندىن قىپ - قىزىل مەڭزى تىترەيتتى.

ئاستىدىكى چىرايلىق بايتال تىپىرچىلاپ، بىر ئورنىدا تۇرمايتتى، بۇ تۆت ياشلىق تېخى تۇغمىغان دۆنەن جەرەن بولۇپ، ئاق تۇمشۇق، قۇيرۇعى تال - تال، پۇتلىرى پولاتتىن قۇيغاندەك سىپ - سىلىق ئىدى. ئۇ خىقىراپ، سۇۋۇلغىنى چايناپ، بىردەم

تىزلىنىپ، بىر دەم تىككە ئىرغىپ، تىزگىننى قويۇۋەت، دىگەندەك قىلاتتى، يەنە سەكرەپ چاپماقچى بولاتتى، يەنە شامال قۇلىغىنى قايرىپ، يايلىنى ئۇچۇرۇپ ئىسقىرتسا دەيتتى، يەنە تۇيىغىنىڭ ئۆتكۈر چانىغى ئاستىدا سوغاقتىن قىينالغان قاتتىق يەر ئاھ چەكسە دەيتتى. بايتالنىڭ يۇققا تېرىسى ئاستىدىن ھەر بىر پەي تومۇرلىرىنىڭ ئويناقلىغىنى، مىدىرلىغىنى بىلىنىپ تۇراتتى. بوينىدا ئۇزۇنچاق مۇسكۇللىرى دۈگۈيتتى، كۈن نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان قىزغۇچ بۇرۇن تۆشۈگى تىترەيتتى، دومباق ياقۇت كۆزلىرى قانغا تولۇپ، ئىگىسىگە تەلەپچانلىق بىلەن ئالىيىپ قارايتتى.

— نىمە قىلىپ تۇرىسىلەر، تىنچ دونىنىڭ ئوغلانلىرى؟ — دەپ يەنە بىر قېتىم ۋاقىرىدى چال، كۆزلىرىنى گىرىگورىيدىن باشقىلارغا يۆتكەپ، — ئاتىلىرىڭلارنى، بوۋاڭلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، مال - مۈلۈكلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، دىنىڭلارنى جوھۇت كومىسسارلار مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، ئەمما سىلەر سىمىشكا چېقىپ، ئويۇن - تاماشىغا بارامسىلەر؟ كېكىرتىكىڭلارغا ئاغامچا سېلىپ تارتىدىغان چاغنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسىلەر؟ قاچانغىچە خوتۇنلىرىڭلارنىڭ يوپكىسىدىن تارتىپ تۇرىسىلەر؟ پۈتۈن يېلانىسكى ئايمىغىدا قېرى - ياش ھەممە ئاياققا تۇردى. ۋېشېنسكايادىن قىزىللار قوغلاپ چىقىرىلدى... ئەمما سىلەر، بېلىقچى يېزىسىنىڭ كازاكلىرى! ياكى جېنىڭلار سىلەرگە شۇنچە ئەرزان بولۇپ قالدىمۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ تومۇرىڭلاردىكى كازاكنىڭ قېنى ئەمەس، مۇزنىڭ كۆۋاسىمۇ؟ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! قولغا قورال ئېلىڭلار! كرىۋوسكوي يېزىسى باشقا يېزىلارنى قوزغىتىشقا بىزنى ئەۋەتتى. ئاتقا مىنىڭلار،

كازاكلار، هىلىمۇ كەچ ئەمەس! — ئۇ تەلۋە كۆزلىرىنى بىر
تونۇش چالىنىڭ يۈزىگە تىكىپ، ئىنتايىن ئەلەم بىلەن ۋاقىرىدى، —
سەن نىمە دەپ تۇرىسەن، سىمېن خرىستو فوروۋىچ؟ سىنىڭ با-
لاڭنى قىزىللار فىلونوف قىشىدا چىپىپ تاشلىدى، سەن بولساڭ
مەشىنىڭ ئۈستىدە جىنىڭنى قۇتقۇزماقچىمۇ؟
گرىگورىي سۆزىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالماستىن، قوراغا
يۈگۈردى. سامانلىقتا يوشۇرۇپ قويغان ئىتىنى تېز ئىلىپ چىق-
تى؛ تىزەكنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان ئىگەرنى تىرىنىغى قاناپ
كەتكۈچە تاتىلاپ - تاتىلاپ قىزىپ چىقاردى - دە، قۇترىغان ئا-
دەمدەك دەرۋازىدىن ئوقتەك ئىتىلىپ چىقتى.
— كەتتىم! ئەيسا مەسىھ ئۆزى ساقلىسۇن! — دەپ ۋا-
قىردى ئۇ دەرۋازىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆي ئىگىسىگە قا-
راپ. ئاندىن ئىگەرنىڭ ئالدىنقى قىشىغا موككىدا ئۆزىنى تاش-
لاپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئاتنىڭ بوينىغا ئىگىشىپ، كوچا
بويلاپ ئاق قۇيۇنسىمان قار توزىگىنى چىگىتىپ ماگدى. ئۇ ئات-
نىڭ ئىككى ساغرىسىنى هە دەپ قامچىلاپ ئۇنى بولۇشىغا قويۇ-
ۋەتتى. ئارقىسىدا قار تۇمانى ئاستا - ئاستا پەسكە قوناتتى،
پۈتلىرىدا ئۈزەڭگە بىر جايدا تۇرمايتتى، دەرمانى قالمىغان ئىك-
كى تىقىمى ئىگەرنىڭ قانىتىغا سۈركىلىپ تۇراتتى. ئات تۇياق-
لىرى ئۈزەڭگىنىڭ پەس تەرىپىدە شىددەت بىلەن تاقىراقلايتتى.
گرىگورىي ئۆز ۋۇجۇدىدا شۇنچىلىك هەددى - هىساپسىز، زور
شادىمانلىق، شۇنچىلىك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋەت، جا-
سارەت پەيدا بولغانلىقىنى هىس قىلاتتىكى، ئۆز ئەركىگە خىلاپ
هالدا كانىيىدىن ئىڭىلدىغان سىر خىقىراق چاچراپ چىقتى.
كۆڭلىدىكى تۇتقۇنلۇق، يوشۇرۇنۇپ يېتىش تۇيغۇلىرى ئازاتلىقتا

www.uyghurkitap.com

ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ماڭىدىغان يولى، ئايدىن چۈشكەن
يورۇق چوڭ يولدەك روشەن بولۇپ كۆرۈندى.

تىزەك قويۇلغان بىر ئۆۋىدا ھايۋاندەك يوشۇرۇنۇپ يېتىپ،
بىرتىتىن ئاڭلانغان، ھەر بىر ئاۋاز، ھەر بىر تىرىك قىلغان تا-
ۋۇشنى ھايۋاندەك چۆچۈپ ئاڭلاپ ياتقان ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە
ھەممە نەرسە ئۇبلاپ قويۇلغان ۋە تارازىدا تارتىپ قويۇلغان ئى-
دى. ئۇنىڭ ئۆتكەن ھاياتىدا ھەقىقەت ئىزلىگەن، تەۋرىنىپ يۈر-
گەن، بىر پىكىردىن ئىككىنچى پىكىرگە كۆچكەن ۋە ئېغىر ئىچكى
كۈرەش ئېلىپ بارغان كۈنلىرى ھېچبىر بولۇپ باقمىغاندەكلا
ئىدى.

ئۇ كۈنلەر بۇلۇت سايىسىدەك پۇقىراپ ئۆتۈپ كەتتى،
ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۇرۇنقى ئىزلىنىشلىرى بىھۇدە، قۇرۇق بىر نەر-
سىدەك تۇيۇلاتتى. نىمىنى ئويلاپتىكىنە ئۇ؟ قورشاۋ ئىچىدە قې-
لىپ جان تالىشىۋاتقان بۆرىدەك، چىقىدىغان يول ئىزلەپ، ۋا-
رىمۇ قارشىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزلەپ، نىمىشقا
كۆڭلى بىزاۋىتا بولۇپ يۈردىكىن؟ ھايات دىگەن ئەسلىدە كۆل-
كىلىك، ئاددى - ساددا نەرسە ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭغا شۇنداق
تۇيۇلاتتىكى، ھەر قانداق ئادەم قانىتىغا كىرىۋېلىپ ئىسسىندى-
غان ھەقىقەت بۇ ھاياتتا ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، شۇڭا گىرى-
گورىي ئىنتايىن عەزەپلىنىپ: ھەر كىمنىڭ ئۆز ھەقىقىتى، ئۆز
يولى بار، دەپ ئويلايتتى. ئىنسانىنىڭ بېشىغا كۈن نۇرى چۈشۈپلا
تۇرىدىكەن، تومۇرلىرىدا ئىسسىق قان يۈگۈرۈپلا تۇرىدىكەن، ئا-
دەملەر بىر پارچە نان ئۈچۈن، بىر پارچە يەر ئۈچۈن، كۈن
كەچۈرۈش ھوقۇقى ئۈچۈن ھەر دائىم كۈرەش قىلىپ كەلدى ۋە
بۇندىن كېيىنمۇ كۈرەش قىلىدۇ. ھاياتىڭنى ۋە ھايات كەچۈرۈش

ھوقۇقۇڭنى تارتىۋالماقچى بولغانلار بىلەن كۈرەش قىلىشىڭ لا-
زىم؛ قاتتىق ئېلىشىش كېرەك. تەۋرەنمەستىن، جان تىكىپ كۈ-
رەش قىلىش لازىم. — ئۆچمەنلىك ئوتى قانچىلىك كۈچلۈك
بولسا، كۈرەش شۇنچە قەتئىي بولىدۇ. ھېس - تۇيغۇنى يۈگەنلەپ
قويماي، ئۇنىڭغا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش دەرىجىسىگىچە ئەركىن-
لىك بېرىش لازىم، گەپ شۇ.

كازاكلارنىڭ يولى يەرسىز مۇژىك رۇسلارنىڭ يولى بى-
لەن، فابرىكا ئىشچىلىرىنىڭ يولى بىلەن توقۇنۇشۇپ كېلىپ قال-
دى. ئۇلار بىلەن ئېلىشىش كېرەك! كازاكلارنىڭ قېنى بىلەن
سۇغىرىلغان مۇبەت دون تۇپرىقىنى ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئاستى-
دىن يۇلۇۋېلىش لازىم. ئۇلارنى تاتارلارغا ئوخشاش، ئوبى-
لاست چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك! مەسكۋانى تىترى-
تىپ، ئۇنى شەرمەندە تىنچلىق پۈتۈمىگە مەجبۇرى كۆندۈرۈش لازىم!
يالغۇز ئاياق يولدىن دوقۇرۇشماي ئۆتكىلى بولمايدۇ، بىرسىنى
بىرسى ئاغدۇرۇش لازىم بولىدۇ. سىناق قىلىندى: قىزىل پولك-
لارنىڭ ۋويسكو تۇپرىقىغا كىرىشىگە يول قويۇپ، سىناپ باقتۇق-
قۇ؟ ئەمدىكى گەپ — قولغا قىلىچ ئېلىش!

گىرىگورىي دوننىڭ ئاق يايلىق قىرىنى بويلاپ ئاتلىق كېلىن-
ۋاتقىنىدا قارغۇلارچە ئۆچمەنلىك ئوتىدا ئۆرتىنىپ ئەنە شۇلارنى
ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىردەقىقە مۇنداق بىر قارىمۇ قارشىلىق
باش كۆتەردى: «بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلار كازاكلار
بىلەن رۇس ئەمەس، بەلكى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر... مىشكا كو-
شېۋوي بىلەن كوتلەروفمۇ كازاك. ئەمما ھەر ئىككىسى قىزىللار...»
ئەمما ئۇ بۇ ئوي - پىكىرلەردىن دەرھاللا ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

تاتارسكى يېزىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گىرىگورىي

تىزگىننى تارتتى؛ سوپۇن كۆپۈكىدەك تەرگە پىشقان ئېتنى يېنىك يورغىغا سالدى. كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە يەنە تېزلىتىپ، ئاخىرى ئۆيگە يېتىپ كەلدى - دە، يان ئىشىكنىڭ قاپقىغىنى ئېتىنىڭ كۆكرىكى بىلەن ئېچىپ، ھويلىغا ئىرغىپ كىردى.

## 29

تازا ئازاپ - ئوقۇبەت چەككەن كوشېۋوي تاڭ ئاتار چاغدا ئۈست - خوپېرسكايا كەنتىنىڭ دولشۇي دىگەن يېرىگە ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇنى 4 - زائامۇر پولكىنىڭ قاراۋۇلخانىسى توساپ قويدى. ئىككى قىزىل ئەسكەر ئۇنى شتابقا ئېلىپ باردى. قايسى بىر شتاب خادىمى ئۇنى ئىشەنمەسلىك بىلەن ئۇزاققىچە سوراققا ئېلىپ: «سىلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي كومىتېت رەئىسىڭلار كىم؟ نىمىشقا ھۆججەتلىرىڭ يوق؟» — دىگەنگە ئوخشاش قاتار ئۇتتۇرۇۋسىز سوئاللارنى قويۇپ، ئۇنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. مىشكا بۇ ئەخمىقانە سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشتىن جاق تويدى.

— سەن مېنى ئايلاندۇرما، يولداش! مېنى كازاكلارمۇ سەندىن بەكرەك ئايلاندۇرغان، ئەمما ھېچ ئىش چىقىرالمىغان.

ئۇ كۆينىكىنى قايرىپ، ئارا سانچىلغان يىقىنىنى ۋە قوسىغىنىڭ ئاستىنى كۆرسەتتى. ئۇ، شتاپ خادىمىنى تەھدىت سۆزلەر بىلەن قورقۇتماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە شتوكمان كىرىپ كەلدى.

— ۋاي ئازغۇن بالا! شەيتاننىڭ ئوغلى!— دېدى ئۇ بوم
ئاۋاز بىلەن مىشكىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ. — يولـداش،
سەن ئۇنى نېمىشقا سوئال بىلەن قىستايسەن؟ بۇ ئۆز يىگىتىمىز-
غۇ! شۇنچىلىكمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بارمۇ! ماڭا ياكى كـوتلەروفقا
ئەۋەتىپ بەرگەن بولساڭ، ئىش پۈتەتتىغۇ، ھېچقانداق سوئال -
سوراق بولماس ئىدى... يۈر، مىخايىل! خـوش، سەن قـانداق
بـولۇپ ساق قالدىڭ؟ قانداق بولۇپ ئامان قـالـدىڭ؟ قېـنى
ئېيتقىنا؟ چۈنكى بىز سېنى تىرىكلەرنىڭ ئىزىمىدىن ئۆچۈرۈۋەتـ
كـەن ئىـدۇق. قـەھرىمانـلارچە ھـالاك بـولغان، دەپ ئويـلاپ
يۈرەتتۇق.

مىشكا ئۆزىنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ھىمـايىچىسىز
ئىـكەنلىكىنى، چانىدا قالدۇرۇپ قويغان مىلتىـقىنى ئـەسلەپ،
ئازاپ ئىچىدە كۆزىدىن ياش چىققۇچە قىزىرىپ كەتتى.

## 30

تاتـارىسكى يېزىسىدا گىرىگورىي قايتىپ كەلـگەن كۈنـلا
ئىككى كازاك يۈزلۈك بۆلۈنمىسـى قۇرۇلغـان ئىـدى. ئـامىمۋى
يىغىنىدا 16 ياشتىن 70 ياشقىچە قولغا قورال ئېلىش ئىقتىدارىغا
ئىگە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى سەپەرۋەر قىلىش قارار قىلىندى.
ئۇرغۇن كىشىلەر بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنـ
لىكىنى ھېس قىلىشاتتى: شىمالدا بۆلەرگە دۈشمەن بولغان بولـ
شېۋىكلەرنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان ۋورونېژ ئۆلكىسى ۋە قىزىل

www.uyghurkitap.com

خوپېر ئوكرۇگى تۇرۇپتۇ، جەنۇپتا — فرونت بار، بۇ ئۇرۇش مەيدانى بىرلا بۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىدىغان بولسا، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ بىتچىتىنى چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن. بەزىبىر ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولغان كازاكلار قولغا قورال ئېلىشنى خالىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى زورلۇق بىلەن قورال ئېلىشقا مەجبۇر قىلىشتى. ستېپان ئاستاخوف ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن قەتئىي باش تارتتى.

— مەن بارمايمەن، ئېتىمنى ئالساڭلار ئېلىڭلار، مېنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، ئەمما مىلتىق ئېلىشنى خالىمايمەن! — دېدى ئۇ ئەتىگەن گىرىگورىي، خرىستونە ۋە ئانىكۇشكا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا.

— قانداقچە ئېلىشنى خالىمايسەن؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي بۇرنىنى پىشىلدىتىپ.

— شۇنداقچە، خالىمايمەن، گەپ تامام!

— مۇبادا قىزىللار كېلىپ، يېزىنى ئىشغال قىلسا، ئۇ چاغدا نەگە بېرىپ پانالىنىسەن؟ بىز بىلەن بىللە كېتەمسەن ياكى قالامسەن؟

ستېپان تىكىلىپ قارىغان پاقىراق كۆزلىرىنى خېلى ۋاقىت بىر گىرىگورىيغا، بىر ئاكسىنىيەگە يۆتكەپ، ئۇندىمەي تۇردى - دە، ئاخىر جاۋاپ قىلدى:

— شۇ چاغدا بىر گەپ بولار...

— ئۇنداق بولسا، سۇيىقا چىق! خرىستونە، مۇنۇنى ئېلىپ ماڭ! بىز سېنى ھازىرلا تامغا قارىتىپ ئېتىشكىنى تامام قىلىمىز! — گىرىگورىي مەشكە يۆلىنىپ تۇرغان ئاكسىنىيەگە قارىماسلىققا تىرىشىپ، ستېپاننىڭ گىمناستىيوركىسىنىڭ يېقىدىن

تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە تارتتى، — يۈر بۇ يەردە سەن قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق!

— گرىگورىي، ساراڭلىق قىلما... قويۇۋەت! — ستېپان تاتىرىپ، كۈچسىزلا قارشىلىق كۆرسەتتى.

ھومىيىپ تۇرغان خىرىستونە ئۇنى ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ، دوڭغۇللىدى:

— دىمەك، يۈر، ئەگەر شۇنداق مىجەزىڭ بولسا.

— بۇرادەرلەر!...

— بىز ساڭا بۇرادەر ئەمەس! ماڭ دىگەندىن كېيىن ماڭ!

— قويۇۋېتىڭلار، مەن بۆلۈنمىگە بېرىپ ئەسكەرلىككە يېزىلىمەن. ئەمما مەن كېزىك كېسىلى بىلەن ئاجىزلىشىپ كەتتىم...

گرىگورىي مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، ستېپاننىڭ گىمناستىيوركىسىنىڭ يېڭىنى قويۇۋەتتى.

— ماڭ، مىلتىق ئال. بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى!

ئۇ شىنىلىنىڭ ئالدىنى قوشتۇرۇپ، خوشلاشماستىن چىقىپ كەتتى. خىرىستونە بولغان ۋەقەدىن ھېچ ھىجىل بولماي، ستېپاندىن بىر تال تاماكا سوراپ چەكتى ۋە ئارىلىرىدا ھېچنىمە بولمىغاندەك، يەنە ئۇزاققىچە سۆزلىشىپ ئولتۇردى.

كەچقۇرۇن ۋېشىنىسكايادىن ئىككى ھارۋا قورال ئېپكېلىشتى: 84 مىلتىق ۋە 100 دىن ئوشۇق قىلىچ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان قوراللىرىنى ئېلىپ چىقتى. يېزىدا 211 جەڭچى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ 150ي ئاتلىق، قالغانلىرى پىيادىلەر ئىدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ تېخى بىرلىككە كەلگەن تەشكىلاتى يوق ئىدى. يېزىلار ھازىرچە يەككە - يەككە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشاتتى؛ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بۆلۈنمىلەر تەشكىل قىلىپ، يىغىنلاردا ئەڭ جەڭگىۋار كازاكلاردىن كوماندىر سايلاشتى، كوماندىر سايلاشتا ئۇنۋان - ئەمىلى بىلەن ھېساپلاشماستىن، كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن ھېساپلاشتى؛ تېخى ھۇجۇم ئوپېراتسىيىلىرى ئېلىپ بارمىدى، پەقەت خوشنا يېزىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئەتراپقا ئاتلىق چارلىغۇچىلار ئەۋەتىپ تۇرۇشتى.

گرىگورىي قايتىپ كېلەشتىن بۇرۇنلا تاتارسكىدىكى ئاتلىق بۆلۈنمىنىڭ كوماندىرلىقىغا، 1918 - يىلدىكىدەك، پېترو مېلېخوف سايلانغان ئىدى. پىيادىلەر بۆلۈنمىسىنىڭ كوماندىرلىقىنى لاتىشېۋ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇۋان تومىلىن باشچىلىقىدىكى توپچى قىسىملار تازكىغا كەتتى. ئۇ يەردە قىزىللار تاشلاپ كەتكەن، يېرىم بۇزۇق، چاقلىرى سۇنۇق، ئوقى يوق بىر زەمبىرەك بار ئىكەن. توپچىلار مانا شۇ زەمبىرەكنى ياسىغىلى كەتكەن ئىدى.

211 ئادەمدە، ۋېشېنسكايادىن ئېلىپ كەلگەن ۋە يېزىدىن يىققان 108 مىلتىق، 140 قىلىچ ۋە 14 ئوۋ مىلتىقى بار ئىدى. باشقا قېرىلار بىلەن بىللە موخوفنىڭ پودۋال ئامبىرىدىن ئازات قىلىنغان پانتېلېي پىروكوفىيېۋىچ يەرگە كۆمۈپ قويغان پىلىموتنى قېزىپ چىقاردى. ئەمما ئۇنىڭ لېنتىسىنى تاپالمىدى، شۇڭا بۆلۈنمە ئۇنى قورال ھېساۋىغا قوبۇل قىلىپ ئالمىدى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن مەلۇم بولۇشىچە، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن كارگىنسكايادىن لىخاچېۋ باشچىلىقىدا قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ 300 مىلتىقلىق جازا ئەترىتى كېلىۋېتىپتۇ، بۇلاردا يەتتە

زەمبىرەك ۋە 12 پىلىموت بار ئىكەن. پېترو توكىن يېزىسى تەرەپ-كە كۆچلۈك رازۋېتكا ئەۋەتىدى ئەۋەتىشكە، شۇ ئىڭ بىلەن بىللە ۋېشېنىسكايىغا خەۋەر قىلىشقا قارار قىلدى.

رازۋېتچىكلار قاش قارايغاندا يولغا چىقتى. گىرىگورىي مېلېخوف تاتارىسكىلىقلاردىن 30 ئادەمنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار يېزىدىن چېپىپ چىققان پېتى تاكى توكىننىڭ ئۆزىگە يېتىپ بارغۇچە تاراقلاپ مېڭىشتى. توكىنغا ئىككى چاقىرىمچە يول قالغاندا، چوڭ يول بويىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان يارنىڭ قېشىدا گىرىگورىي كازاكلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى كىچىك-كىنە يارنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئات باقارلار ئاتلارنى ئويـمانغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەردە قېلىن قار بولغاچقا، ئاتلار پەسكە چۈشكەندىن كېيىن قارىغىچە پوك - پوك قارغا تىقىلىپ كەتتى؛ بىرسىنىڭ ئايغىرى، باھار ئالدىدىكى دۈيغۇسى قوزغالغان بولسا كېرەك، ئى - ئىھلاپ، تېپىنەتتى. ئۇنىڭغا ئايرىم بىر ئات باقارنى ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى.

گىرىگورىي ئۈچ كازاكنى— ئانىكۇشكىنى، مارتىن شامىلنى ۋە پىروخور زىكوفنى يېزىغا ئەۋەتتى،ئۇلارپىيادەيۈرۈپكەتتى.يىراقتا تاغ باغرىدا، شەرقىي جەنۇپقا ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان توكىن يېزىسىنىڭ تال - سۆگەتلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. تۈن قاراڭغۇسى چۈشۈشكە باشلىدى. دالا ئۈستىدە توپ - توپ بۇلۇتلار پەسلەپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. يارنىڭ ئاستىدا كازاكلار ئۈنچىقماي ئولتۇرۇ-شاتتى. گىرىگورىي ئۈچ ئاتلىق ئادەمنىڭ قارا كۆلەڭگىسى تاغـنىڭ باغرى بىلەن پەسكە چۈشۈپ، چوڭ يولنىڭ قارىيىپ تۇرـغان قىرىدا قوشۇلغانلىقىغا قاراپ تۇردى. بىر دەمدىن كېيىن ئاتلىرى كۆرۈنمەي، پەقەت ئاتلىقلارنىڭ بېشىلا مىدىرلاپ تۇر-

دى، ئۇندىن كېيىن، ئۇلارمۇ كۆزدىن غايىپ بولدى. بىر مىنۇت ئۆتكەندە، شۇ تەرەپتىن ياڭراق ئاۋاز بىلەن تا ـ تاتلاپ پىلىموت ئېتىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىنچىكىرەك كۆتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن باشقا بىر پىلىموت سايراشقا باشلىدى، ئېھتىمال، بۇ قول پىلىموتى بولۇشى كېرەك. قول پىلىموتى بىر دېسكىنى ئېتىپ بوشاتقاندىن كېيىن شۈك بولۇپ قالدى، دەسلەپكىسى، سەل دېمىنى راسلىۋېلىپ تېزلىك بىلەن يەنە بىر لېنتە ئوقنى ئېتىپ تۈگەتتى. توپ ـ توپ ئوقلار يارنىڭ ئۈستىدىن ۋىشىلداپ، بىر يەردىكى قارا كۆلەڭگە ئىگىزلىككە ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ روھلۇق ئاۋازى كۆڭۈللۈك ۋە نازۇك بولۇپ، كىشىنى تېتىكلەشتۈرەتتى. ھىلقى ئۈچ كازاك بار كۈچى بىلەن چېپىپ قايتىپ كېلىشتى.

— قاراۋۇلخانىغا دۈچكېلىپ قالدۇق! — دەپ يىراقتىن ۋاقىرىدى پىروخور زىكوف. ئۇنىڭ گۆكىرەپ چىققان ئاۋازى چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشىنى بېسىپ كەتتى.

— ئات باقارلار، تەييار بولۇپ تۇرسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى گىرىگورىي.

ئۇ قىرنىڭ بېشىغا، ئاكوپنىڭ تۆپىسى ئۈستىگە چىققاندەك ئىرغىپ چىقتى ـ دە، ۋىژىلداپ قارغا كۆمۈلۈۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماستىن، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كازاكلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ھېچنىمىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— ئۇلارنىڭ قىمىرلىغىنى ئاڭلاندى. گەپ ـ سۆزلىرىنى تىڭشاپ باقساق، ئۇلار كۆپ ئىكەن، — دېدى ئانىكۇشكا ھاسىراپ.

ئانىكۇشكا ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ تۇمشۇغى ئۈزەڭگىگە ئىلىنىپ قالدى، شۇڭا ئۇ بىر ئايىغى بىلەن سوكۇلداپ، سەللاپ تۇرۇپ، قولى بىلەن ئايىغىنى بوشىتىۋالدى.

گىرىگورىي ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ تۇرۇۋاتقاندا، سەككىز كازاك ياردىن ئۇيمانغا چۈشتى - دە، ئۆز ئاتلىرىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۆيلىرىگە قاراپ چېپىپ كېتىشتى.

— ئەتە ئۇلارنى ئېتىپ تاشلايمىز، — دېدى گىرىگورىي ئاستاغىنا، قاچقۇنلارنىڭ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان دۈپۈرلىشىگە قۇلاق سېلىپ.

قالغان كازاكلار يارنىڭ ئىچىدە تىنچلىق ساقلاپ، يىراققا قۇلاق سېلىپ، يەنە بىر سائەتچە ئولتۇرۇشتى. ئاخىر بىرسىنىڭ قۇلىغىغا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلانغاندەك بولدى.

— تۇغىن تەرەپتىن كېلىشىۋاتىدۇ...

— چارلىغۇچىلار!

— ئۇنداق ئەمەستۇ!

پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى، كېچىنىڭ ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇچىلىغىدا بۇلار باشلىرىنى چىقىرىشىپ، بىرەر نەرسە كۆرمەكچى بولۇپ، سەھرادە ئۇرۇنۇپ باقتى. فېدوت بودوۋىسكوفنىڭ قالماق كۆزلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىلغا قىلالىدى.

— كېلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن مىلتىغىنى قولىغا ئېلىپ.

ئۇ مىلتىغىنى باشقىچىراق ئاساتتى: تاسمىسىنى، كىرىست بېغىغا ئوخشاش، بويىنىدىن ئۆتكۈزۈۋالغاچقا، مىلتىغى مەيدىسى-

نىڭ ئۈستىدە قىيا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ پىيادە يۈرسىمۇ، ئاتقا مىنگەن بولسىمۇ، ئادەتتە ئاشۇ پېتى تۇراتتىكى، خۇددى ئەپكەش كۆتەرگەن ئايالدەك، بىر قولىنى ئىستوۋولغا، بىر قولىنى قونداققا قويۇۋالاتتى.

ئۇن ئاتلىق ئادەم ئۈنچىقماي، تەرتىپسىز ھالدا يول بويلاپ كېلىۋاتاتتى. يېرىم ئات ئۇزۇنلۇقتا ئالدىدا ماڭغان، ئۇللىق جۇۋا كىيگەن، قامەتلىك بىر فىگورا ئايرىمچە كۆزگە تاشلىناتتى. ئاستىدىكى بېلى ئۇزۇن، كالتە قۇيرۇق ئات دادىل قەدەم تاشلاپ، مەغرۇرانە ماڭاتتى. تۆۋەن يەردە تۇرغان گرىگورىيغا ئاسماننىڭ سۇر پەردىسىدە ئاتلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ پىچىملىرى، ئاتقا مىنگۈچىلەرنىڭ قىياپەتلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇردى. ئۇ، ھەتتا ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاتلىقنىڭ بېشىدىكى كۇبانكا تۇمىقىنىڭ ياپىلاق ئۈستىنىمۇ كۆردى. ئاتلىقلار ياردىن ئون سارجىن يەرگە كېلىپ قالدى؛ بۇ شۇنچىلىك يېقىن ئارىلىق ئىدىكى، كازاكلارنىڭ پىشىلدىغان تىنىقىنى، يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوققان ئاۋازىنى ئۇلار ئاڭلىشى مۇمكىندەك ئىدى.

گرىگورىي ئۆزى كوماندا بەرمەي تۇرۇپ، مىلتىق ئاتماسلىققا بۇرۇنلا بۇيرۇق بەرگەن ئىدى. ئۇ، پىستىرمىدا ياتقان ئۈۋچىدەك، ئېنىق ھېساپ بىلەن دەلمۇ دەللىكنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پەيت كۈتەتتى. ئۇ مۇنداق قارارغا كەلدى: كەلگۈچىلەرنى ئالدى بىلەن قىچقىرىپ توختىتىدۇ - دە، ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، توپلىشىپ قالغان چاغدا ئوت ئاچىدۇ.

**يول ئۈستىدىكى قار ئۆز ئارامىدا يېنىك غاسىلدايتتى؛ ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدىن ساغۇچ پاقىراق قوڭغۇزدەك ئۇچ-**

قۇنلار چاچرايتتى؛ ئېھتىمال، تۆمۈر تاقا يالىڭاچ چاقماق تاشقا سۈركەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— كېلىۋاتقان كىم؟

گىرىنگورىي يارىنىڭ ئىچىدىن مۈشۈكتەك لىككىدە سەكرەپ چىقىپ، قەددىنى رۇسلاپ تۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا كازاكلار گۈلدۈر - گۈلدۈر چۇۋۇلىشىپ چىقتى.

ئەھۋال ھېچبىر گىرىنگورىي كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى.

— سىزلەرگە كىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئالدىدىكى ئادەم خىرىلدىغان بوم ئاۋاز بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازىدا قورقۇش ياكى ئەجەپلىنىشنىڭ سايىسمۇ يوق ئىدى. بۇ ئادەم ئېتىنىڭ بېشىنى گىرىنگورىي تەرەپكە بۇرىدى

— كىم سەن؟ — دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى گىرىنگورىي جايىدىن قوزغالماستىن، ئاندىن سەل ئېگىلىپ تۇرغان قولىدىكى ناگاننى سەزدۈرمەستىن يۇقۇرى كۆتەردى.

ھېلىقى بوم ئاۋاز غەزەپ بىلەن گۈدۈڭلاشقا باشلىدى:

— بۇنداق ۋاقىراشقا پېتىنغان كىم؟ مەن — قوشۇنىمىزنىڭ جازالاش ئەترىدىنىڭ كوماندىرى بولىمەن! 8 - قىزىل ئارمىيىنىڭ شتاۋى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ماڭا تولۇق ھوقۇق بەرگەن؟ كوماندىرىڭلار كىم؟ مېنىڭ ئالدىمغا چىقسۇن!

— مەن كوماندىر.

— سەنمۇ؟ ھە - ە - ە...

گىرىنگورىي بۇ ئاتلىقنىڭ قولىدىكى يۇقۇرىغا تىك تۇتۇپ تۇرغان قاپ - قارا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئوق ئېتىلىشتىن بۇرۇن موككىدە ئۆزىنى يەرگە ئاتتى؛ يىقىلىپ كېتىۋېتىپ:

www.uyghurkitap.com

— ئوت ئاچ! — دەپ ۋاقىردى.

براۋنىڭ ماركىلىق ئاپتومات تاپانچىدىن ئېتىلغان ئۈچى تومتاق ئوق گىرىگورىينىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ھەر ئىككى نەرەپتىن قۇلاقنى يارغۇدەك ئېتىلغان ئوقلار يېغىشقا باشلىدى. سودوۋىسكوف باتۇر كوماندىرنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلدى. گىرىگورىي بودوۋىسكوفنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قول سوزۇپ كوماندىرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، قىلىچنىڭ قىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىكى كۇبانكا تۇمىغىغا سىرنى سالدى، ئارقىدىنلا يوغان گەۋدىسى ئىگەردىن تارتىپ چۈشۈردى. ئېلىشىش ئىككى مىنۇتتىلا ئاياقلاشتى. ئۈچ قىزىل ئەسكەر قېچىپ كەتتى، ئىككىسى ئۆلدى، قالغانلىرى قورالسىزلاندۇرۇلدى.

گىرىگورىي ئەسىرگە چۈشكەن كۇبانكا تۇماقلىق كوماندىرنىڭ يىرتىلغان ئاغزىغا ئاكانىڭ ئۈچىنى تىقتاپ تۇرۇپ قىسقىچە سوراق قىلدى:

— پەمىلەڭ كىم، گېنزەندە؟

— لىخاچېۋ.

— سەن توققۇز مۇھاپىزەتچى بىلەن كېلىپ، نېمىگە ئىشەنگەن ئىدىڭ؟ كازاكلارنى تىز پۈكىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ كەچۈرۈم سورايدۇ دېگەنمىدىڭ؟

— مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

— بۇنىڭغا ئالدىرىماسىڭمۇ بولىدۇ، — دېدى گىرىگورىي ئۇنى يوپۇپ، — ھۆججەتلەر نەدە؟

— سومكىدا. ئال، باندىت! مەلئۇن!...

گىرىگورىي تىللاشلارغا ئېتىبار قىلماي، لىخاچېۋنى ئۆزى

ئاختۇرۇپ، كالتا جۇۋىسىنىڭ يانچۇغىدىن يەنە بىر بىرائۇنىڭ تاپانچىنى ئالدى، يېنىدىكى ماۋزۇرنى ۋە دالا سومكىسىنى يېشىۋالدى. يان يانچۇغىدىن چىپار ھايۋان تېرىسى قاپلانغان كىچىك بىر ھۆججەت سېلىنغان ھەميانىنى ۋە بىر دانە تاماكا قۇتىسىنى تاپتى.

لىخاچېۋ ھامان تىللاپ تۇراتتى، ئاغرىقتىن ئۇھ ـ ئۇھلايتتى. ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىدىن ئوق تېشىپ ئۆتكەن، گىرىگورىينىڭ قىلىچى بېشىغا قاتتىق تەككەن ئىدى. ئۇنىڭ بويى گىرىگورىيدىن ئېگىزرەك بولۇپ، گەۋدىسىدىن يوغانلىقىغا قارىغاندا، كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. سافلى يېڭىلا قىرىلغان قارا قۇمچاق يۈزىدە ئۇچى كالتە كەڭ قارا قاشلىرى قاڭشىرىنىڭ ئۈستىگە تۇتۇلۇپ، جانلىنىپ تۇراتتى، ئاغزى يوغان، ئېڭىكى چاسا. لىخاچېۋ ئۈستىگە بۈرمە كالتە جۇۋا كىيگەن، بېشىنى قارا كۇبانكا يېپىپ تۇرغان بولۇپ، بايا قىلىچنىڭ زەربى بىلەن ماكچىيىپ قالغان ئىدى. پالشوپكىسىنىڭ ئىچىدە ماش رەڭ كەمزۇل بىلەن كەڭ گەلىفى شىم ئۇنى خۇش پىچىم. سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسەتتى. ئەمما پۇتلىرى كىچىك، نازۇك بولۇپ، قونچى لاكلانغان ئالىپتە ئۆتۈك كىيگەن.

— ئۈستۈڭدىكى پالشوپكىنى سال، كومىسسار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى گىرىگورىي، — سەن سېمىز ئىكەنسەن، كازاكنىڭ نېنىغا خېلى تويۇنۇپسەن، توڭلىماسسەن، دەيمەن سېنى!

ئەسىرلەرنىڭ قولىنى كەمەر، نوختىلار بىلەن باغلاپ، ئۇز ئاتلىرىغا مىنگۈزدى.

— مېنىڭ ئارقامدىن چىپىڭلار! — دەپ كوماندا بەردى گىرىگورىي ۋە يېنىغا ئېسىۋالغان لىخاچېۋنىڭ ماۋزۇرنى تۈزەپ قويدى.

ئۇلار بازكىدا قونۇپ قالدى. لىخاچېۋ مەشىنىڭ ئالدىدا، يەرگە سېلىنغان پاخالنىڭ ئۈستىدە ئۇھ ـ ئۇھلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاپ، تولغىنىپ ياتتى. گىرىگورىي چىراقنىڭ يورۇغىدا ئۇنىڭ يارىلانغان مۈرىسىنى يۇ-يۇپ، يېڭىۋاشتىن تېڭىپ قويدى. ئەمما سوراقلارغا جاۋاپ بەر-مىدى. گىرىگورىي شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، لىخاچېۋنىڭ ۋا-كالەتنامىسىنى، قېچىپ كەتكەن ئىنقىلاۋىي ھەربىي سوت لىخاچېۋ-غا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋېشېنىسكايالىق ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ تىزىملىكىنى، يانچۇق دەپتىرىنى، خەت ـ چەكلەرنى، خەرىتىگە سېلىنغان بەلگىلەرنى ئۇزاققىچە كۆرۈپ چىقتى. ئاندا ـ ساندا لىخاچېۋغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ سىلەن نەيزىدەك كۆز ئۇرۇش-تۇرۇۋالاتتى. بۇ ئۆيدە قونۇپ قالغان كازاكلار كېچىچە بىزاۋىتا بولۇپ، بىر دەم ئاتلىرىنىڭ قېشىغا چىقاتتى، بىر دەم دەھلىزگە تاماكا چەككىلى چىقىپ، ئۇ يەردە يېتىپ پاراڭلىشاتتى.

گىرىگورىي تاڭ ئېتىش ئالدىدا ئازراق ئۇخلاپ قالدى، ئەمما تېزلا ئويغىنىپ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى شىرەدىن كۆتەردى. قارىسا لىخاچېۋ پاخالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تېڭىق لاتىسىنى چىشلىرى بىلەن يېشىپ، ھە دەپ يۇلۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ گىرىگورىيغا قانغا تولغان دەھشەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى. ئاپپاق چىشلىرى سەكراتتىكىدەك ئازاپ ئىچىدە كاسىلداپ، كۆزلىرىدە شۇنچىلىك جانسىز قايغۇ ـ ھەسرەت پىلىلدىدىكى، گىرىگورىينىڭ ئۇيقۇسى دەرھاللا ئېچىلىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— مەن بىلەن نېمە ئىشىڭ... بار! ئۆلگۈم كېلىۋاتىدۇ!—

دەپ ۋاقىرىدى رەڭگى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن لىخاچېۋ بېشى بىلەن پاخالغا دۈم چۈشۈۋېتىپ.

پۈتۈن كېچە ئۇ يېرىم چىلەكتەك سۇ ئىچتى. تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇمماي چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەن گىرىگورىي ئۇنى تۆت چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋېشېنىسكاياغا ئەۋەتىۋەتتى، قىسقىچە مەلۇمات يېزىپ، ئۇنىڭغا تارتىۋېلىنغان بارلىق ھۆججەتلەرنى قوشۇپ يوللىۋەتتى.

## 31

ۋېشېنىسكايادىكى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قىزىل خىش بىناسىنىڭ ئالدىغا ئىككى ئاتلىق كازاك قاراۋۇللۇغىدا تۆت چاقلىق يېنىك بىر ھارۋا غىچىراپ كېلىپ توختىدى. ئارقا تەرەپىدە لىخاچېۋ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇ قانغا بويالغان تېڭىق لاتىسىغا ئېسىقلىق قولىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇردى. كازاكلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئەسىرنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

بىرلەشكەن قوزغىلاڭچىلار قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانى سۇياروفنىڭ ئۆيىگە يېرىم بۆلۈنمە كازاك زىچچىدە توپلاشقان ئىدى. لىخاچېۋ قولىنى ئاسراپ، شىرەنىڭ يېنىغا ئاستا سۈرۈلۈپ باردى. شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سۇياروف پاكىنەك ئادەم بولۇپ، ساغۇچ، ئىنتايىن ياۋۇز چاشقان كۆزلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، باشقا بىر ئۆزگە-

چىلىگى يوق ئىدى. ئۇ لىخاچېۋغا يۇۋاشلىق بىلەن قاراپ سورىدى:

— كەپتەرنى ئېلىپ كەلدىڭلىمۇ؟ سەن لىخاچېۋ بولامسەن؟

— ھەئە، مەن، مانا ھۆججەتلىرىم، — لىخاچېۋ خالتىغا سېلىپ چىگىۋالغان ھەمياننى شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، سۇيارو‌فقا قەيسەرلىك بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدى، — ئىسىت، ئۈستۈمگە ئالغان تاپشۇرۇقنى — سەن گېزەندىلەرنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغانلىقىمغا ئەپسۇسلىنىمەن! ئەمما سوۋېت رۇسىيىسى تېگىشلىك جازايىڭلارنى بېرىدۇ. مېنى ئېتىپ تاشلاڭلار.

ئۇ ئوق تەككەن مۈرىسىنى قىسىپ، كەڭ قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى.

— ياق، يولداش لىخاچېۋ! بىز ئۆزىمىز ئادەم ئېتىشقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەنمىز. بىز سىلەرگە ئوخشىمايمىز. بىزدە ئادەم ئاتىدىغان ئىش يوق. بىز سېنى داۋالايمىز، سەن، بەلكىم بىزگە پايدا كەلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن، — دىدى سۇيارو‌ف مۇلايىملىق بىلەن، ئەمما كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ قويۇپ، — ئارتۇغىڭلار بۇ يەردىن چىقىپ تۇرۇڭلار، قېنى تېزرەك!

رېشېتوۋسكايا، چېرنوۋىسكايا، ئۇشاكوۋسكايا، دوبروۋىسكايا ۋە ۋېشېنىسكايا بۆلۈنمىلىرىنىڭ كوماندىرلىرى قېپقالدى. بۇلار شىرە يېنىغا ئولتۇرۇشتى. بىرسى پۇتى بىلەن لىخاچېۋغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويغان ئىدى، لىخاچېۋ ئولتۇرمىدى، تامغا يۆلىنىپ، بېشىنى ئىگىز تۇتۇپ، دەرىزىگە قاراپ تۇردى.

— خوش، مۇنداق گەپ، لىخاچېۋ،— دەپ گەپباشلىدى سۇ-

ياروف ئۆلۈمسلەرنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن كۆز ئۆرۈشتۈرۈۋېلىپ، — بىزگە ئېيتقىنا، سېنىڭ ئەتىرىتىڭدىكى كىشىلەرنىڭ سانى قانچە؟

— ئېيتمايمەن.

— ئېيتمامسەن؟ بوپتۇ ئېيتمىساڭ. بىز ئۆزىمىز سېنىڭ قەغەزلىرىڭدىن بىلىۋالىمىز. يا بولمىسا، سېنىڭ مۇھاپىزەتچى قىزىل ئەسكەرلىرىڭدىن سوراپ بىلىۋالىمىز. بىز سەندىن يەنە بىر ئىشنى ئۆتۈنىمىز (سۇياروف «ئۆتۈنىمىز» دىگەن سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتتى): سەن ئۆز ئەتىرىتىڭگە ۋېشكىغا كېلىڭلار، دەپ خەت ياز. بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ نىمە قىلىمىز. بىز سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئەمەس، پەقەت كوممۇنىستلار بىلەن جوھۇتلارغا قارشى. بىز ئەتىرىتىڭنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىتىۋېتىمىز. سېنى ئۆز ئەركىڭگە قويۇۋېتىمىز. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارغا شۇنداق دەپ يازغىنىڭكى، بىزمۇ ئۇخشاشلا ئەمگەكچىلەرمىز. ئۇلار بىزدىن قورقمىسۇن، بىز سوۋېتلارغا قارشى ئەمەس...

لىخاچېۋ بىر تۈكۈرۈۋىدى، سۇياروفنىڭ كىچىككىنە ساقىلىنىڭ ئاقارغان ئۇچىغا چۈشتى. سۇياروف ساقىلىنى يىڭى بىلەن ئېرتتى، ياڭاق سۆڭەكلىرى قىزىرىپ كەتتى. كوماندىرلارنىڭ بىرسى كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئەمما قوماندانىنىڭ ئار - نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى.

— بىزنى خاپا قىلىۋاتىسەن، يولداش لىخاچېۋ! — دىدى سۇياروف ئەمدى ئوچۇقلا مۇغەمبەرلىك بىلەن، — ئاتامانلار، ئوفىتسېرلەر بىزنى تازا خورلىغان، يۈز - كۆزىمىزگە تۈكۈرۈپ كەلگەن، كوممۇنىست تۇرۇقلۇق سەنمۇ تۈكۈرەمسەن.

سىزلەر ھامان، بىز خەلق تەرىپىدە دەيسىزلەر... ھەي، ئۇ يەردە كىم بار؟.. كومىسسارنى ئېلىپ كېتىشتىلار. ئەتە سېنى كازانىسكاياغا ئەۋەتىمىز.

— بەلكىم، ئۆيلىنىپ كۆرەرسەن؟ — دەپ جىددىيلىك بىلەن سورىدى بۆلۈنمە كوماندىرلىرىنىڭ بىرسى.

لىخاچېۋ ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان كالتە كەمزۇلىنى بىر سىلكىپ تۈزىتىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇنى ئاتمىدى. چۈنكى قوزغىلاڭچىلار «ئادەم ئېتىشقا ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا» قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئىدى-غۇ... ئەتىسى ئۇنى كازانىسكاياغا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئالدىدا قارنىڭ ئۈستىدە يېنىك چامداپ، كۆتمەك قاشلىرىنى تۈگۈپ، پىيادە ماڭدى. ئەمما ئورمان ئىچىدە ئاپپاق ئاق قېيىننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا پىسسىڭىدە كۈلۈمسىرەپ توختاپ قالدى-دە، بېشىنى يۇقۇرىغا سوزۇپ، ساق قولى بىلەن بىر نال شاخنى سۇندۇرۇۋالدى. شاخنىڭ قوڭغۇر بىخلىرى مارت ئېيىنىڭ شېرىن شىرنىسى بىلەن تولۇشۇپ قالغان ئىدى؛ بىخلارنىڭ نازۇك، بىلىنەر-بىلىنمەس خۇش ھىدى باھارنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىن، ھەر كۈنى چىقىپ، پېتىپ تۇرىدىغان قۇياش دائىرىسىدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھاياتنىڭ دېرىكىنى بېرەتتى. لىخاچېۋ مۇدۇر-مۇدۇر بىخلارنى ئاغزىغا تىقىپ، ئۇلارنى چاينايتتى، تۇمانلاشقان كۆزلىرى بىلەن سوغاقتىن قۇتۇلۇپ، بۇرۇشۇپ قالغان دەرەخلەرگە قاراپ، بۇرۇتى قىرىلغان لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىدە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

ئۇ ئاشۇ ىخلارنىڭ قاراگۈل بەرگلىرىنى ئاغزىدا ساقلى‍غان بېتى ئۆلۈپ كەتتى، ۋېشىنسكايادىن يەتتە چاقىرىم يىراق‍لىقتا، سۇرلۇك قاپىغى سىلىنغان قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇ‍ھاپىزەتچى كازاكلار ئۇنى ۋەھشىيانە چىپىپ تاشلىدى، تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆزلىرىنى ئويدى، قوللىرىنى، قۇلاقلىرىنى، بۇرنىنى كەستى، قىلىچ بىلەن يۈزىنى كىرىست شەكلىدە تىلدى. ئۇلار ئىشتىنى‍نى سالدۇرۇپ، يوغان، مەردانە، كېلىشكەن گەۋدىنى ھاقارەتلەپ تويىدا بۇلغىدى. ئەزالىرى چىپىلىپ، قان ئېقىپ تۇرغان تەننى نەھەترلەپ بولغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرسى ئۇكدى‍سىدا يا تقۇزۇلغان گەۋدىنىڭ دىر - دىر تىترەپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىگە چىقىپ بىر زەربە بىلەن بېشىنى تەندىن جۇدا قىلدى.

# 32

دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن يۇقۇرى، بېشىدىن، ھەممە چەت ياقىلاردىن قوزغىلاڭ كەڭ ئەۋج ئالغانلىغى توغرىلىق خەۋەر كېلەتتى. ئىسيان كۆتەرگەنلەر ئەمدىلىكتە يالغۇز ئىككى كەنت - ئايماق ئەمەس ئىدى، شۇمىلىنىسكايا، كازانىسكايا، مىگۇلىنىسكايا، مېشكوۋىسكايا، ۋېشېنىسكايا، يېلانىسكايا، ئۈست - خوپېرىسكايا كەنتلىرى ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن يۈزلۈك بۆلۈنملەرنى قۇراش‍تۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتەردى؛ كارگىنىسكايا، بوكوۋىسكايا، كىراسنو‍كۇتىسكايا كەنتلىرى ئۇچۇقلا قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئېغىشقا باش‍لىدى. يان خوشنا ئۈست - مېدۋېدىتىسكى ۋە خوپېرىسكى ئوك‍

رۈگلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىلىش خەۋپى تۇغۇلۇۋاتتى. بۇكاۋوۋىنسكايا، سىلاشچېۋىنسكايا ۋە فېدوسېۋىنسكايا كەنتلىرىدە ئاللىقاچان غۇلغۇلا باشلانغان ئىدى؛ ئالېكسىيېۋىنسكايا كەنتىنىڭ ۋېشېنىنسكايا تەرەپتىكى چەت يېزىلىرى دولقۇنلىنىپ قالدى. ۋېشېنىنسكايا ئوكرۇگ كەنتى بولغانلىقتىن، قوزغىلاڭنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇزاق تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، بۇرۇنقى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ قېلىشقا قارار قىلىشتى. ئوكرۇگ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەركىۋىگە ئەڭ ھۆرمەتلىك، كۆپىنچە ياش كازاكلارنى سايلاشتى. توپچى قىسىملار باشقارمىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى دانىلوفنى رەئىسلىككە ئولتۇرغۇزۇشتى. كەنت - يېزىلاردا سوۋېتلار قۇرۇلدى، شۇڭا، قانچىلىك ئەجەبلىنەرلىك بولمىسۇن، بىرچاغدا يامان تىل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن «يولداش» سۆزى تۇرمۇشتا يەنە قوللىنىلىدىغان بولدى. «سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن، كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرايلى، ئادەم ئېتىشقا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قارشى تۇرايلى» — دەيدىغان خەلقنى ئالدايدىغان يالغان - ياۋىداق شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىدىكى پاپاخلاردا بىر تاسما لاتا بەلگىنىڭ ياكى ئورالغان ئاق لاتىنىڭ ئورنىغا ئىككى بەلگە پەيدا بولدى؛ بىرى ئاق، بىرى قىزىل ئىككى تاسما لاتا كىرېست شەكلىدە تىكىلدى...

بىرلەشكەن قوزغىلاڭچىلار كۈچلىرىنىڭ قوماندانى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سۇياروفنىڭ ئورنىغا 28 ياشلىق خورۇنجى(پودپورۇچىك) كودىنوف پاۋىل قويۇلدى، بۇ تۆت دەرىجىلىك گېئورگىي مېدالىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەن، سۆزمەن، ئەقىللىق يىگىت ئىدى. ئەمما ئۇ كۆڭۈلچەك ئادەم ئىدى، شۇڭا مۇنداق

بورانلىق چاغدا توپىلاڭ ئىچىدە قالغان ئوكرۇگنى باشقۇرۇش ناپ ئەمەس ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ كازاكلار ئۇنى ئاددى - ساددا، مۇلايىم دەپ بۇ ۋەزىپىگە قويۇشقا قوشۇلغان ئىدى. ئەمما ئەڭ مۇھىمى، كودىنوف كازاك ئىچىدىن چىققان ۋە كازاك جامائەتچىلىكى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدا ئادەتتە مەنسەپپەرەسلەرگە خاس بولغان مەنمەنچىلىك ۋە ئۇفتىسىرلەردە بولىدىغان تەكەببۇرلۇق يوق ئىدى. ئۇ ھەمىشەم ئاددى-ساددا كىيىنەتتى، ئاستىنى دۈگىلەك شەكلىدە قىرقىپ ئۇزۇن چاچ قوياتتى. گەۋدىسى بىر ئاز مۈكچەيگەن، تېز گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرۇن، ئاۋاق يۈزى ھېچ پەرقسىزلا مۇژىكلەرنىڭ يۈزىگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

مۇئاۋىن ياساۋۇل سافونوف ئىلىيەنى شتاپ باشلىقى قىلىپ سايلاشتى، بۇنى پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن سايلاشتىكى، ئۆزى قورقۇنچاق، ئەمما قولى خەتكە ماھىر، ئىنتايىن ساۋاتلىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا، يىغىندا مۇنداق دېيىشكەن ئىدى:

— سافونوفنى شتاپتا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ھەربى سەپكە ئۇ يارىمايدۇ. ئۇ سەپتە بولغاندا چىقسىم، تالاپەت كۆپ بولىدۇ، كازاكلارنى قوغدىيالمايدۇ، ھېزى بولمىسالىڭ، ئۆزىنىمۇ سۇندۇرىدۇ، سىگانىدىن پوپ چىقسا. ئۇنىڭدىن ئۇرۇشقاق پالۋان چىقىدۇ.

بويى پاكار، بېشى يۇمۇلاق كەلگەن سافونوف مۇنداق پىكىرلەرگە ئېقىش سىرىق بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن شادىمان كۈلۈمسىرەپ شتاپنى قوبۇل قىلىشقا جان - دىلى بىلەن رازى بولدى.

ئەمما كودىنوف بىلەن سافونوف بۆلۈنمىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلىرىنى پەقەت رەسمىيلەشتۈرۈپلا قوياتتى.

رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇلار قولى باغلانغان كىشىدەك بولۇپ قالغان ئىدى، يەنە كېلىپ مۇنداق زور ئىشنى باشقۇرۇش ۋە شىددەت بىلەن ئەۋج ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەقەلىكلەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

4 - زائامۇر ئاتلىق پولكى ئۇست - خوپېرسكايا، يېلانسكايا كەنتىنىڭ بولشېۋىكلىرى ۋە قىسمەن ۋېشېنسكايا كەنتىنىڭ بولشېۋىكلىرى بىللە قوشۇلغان ھالدا جەڭ بىلەن بىر نەچچە يېزىلاردىن ئۆتۈپ، يېلانسكايا چېگرىسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى - دە، دالا بىلەن يۈرۈش قىلىپ، دون بويلاپ غەرپكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

5 - مارتتا تاتارىسكى يېزىسىغا بىر پارچە خەت بىلەن بىر كازاك ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. يېلانسكايالىقلار دەرھال ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن. ئۇلار قارشىلىقسىزلا چېكىنىۋېتىپتۇ: ئوق - دورا، مىلتىقلىرى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىچارە ھالەتتە ئانچە - مۇنچە ئوق ئېتىشلىرىغا زائامۇرلۇقلار پىلىموتلاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ، يەنە تېخى ئىككى زەمبىرەكچىلەر باتارېيىسىدىن شىددەتلىك ئوق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق شارائىتتا ئوكرۇگدىن بۇيرۇق كۈتۈشكە ۋاقىت يوق ئىكەن. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن پېترو مېلېخوۋ ئۆزىنىڭ ئىككى بۆلۈنمىسى بىلەن يولغا چىقىشنى قارار قىلدى.

ئۇ ئەينى زاماندا. قالغان خوشنا يېزىلارنىڭ تۆت بۆلۈنمىسىنىڭ قوماندانلىقىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەتىگەندىلا ئۇ كازاكلارنى دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى، ئەڭ ئاۋال، ئادەتتىكىدەك چارلىغۇچىلار ئېلىشتى، جەڭ كېيىنرەك قانات يايدى.

قىزىل سايىنىڭ ئالدىدا، تاتارىسكى يېزىسىدىن سەككىز چاقىرىم كېلىدىغان يەردە (بىر زامانىدا گرىگورىي خوتۇنى بىلەن قوش ھەيدەۋېتىپ، ا - قېتىم ناتالىيەگە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان يەردە) قىشنىڭ مۇشۇ ھاۋا تۇتۇق كۈنى چوڭقۇر يارلارنىڭ قېشىدىكى قار ئۈستىدە ئاتلىق بۆلۈنمىلەر ئاتتىن چۈشۈپ، زەنجىرسىمان سەپ تارتتى. ئات باقارلار ئاتلارنى دالدىغا ئېلىپ باردى. بىر تەرىپى پەش كەڭ ئويمانلىدىن پەسكە قاراپ قىزىللار ئۈچ سەپ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاپپاق كەڭ دالىدا ئادەملەر قارا چۈمۈلىدەك سىزىلدىشاتتى. سەپلەرنىڭ قېشىغا ئات ـ ھارۋىلار كەلدى، ئاتلىقلار قىمىرلاشقا باشلىدى. دۈشمەندىن ئىككى چاقىرىم نېرىدا تۇرغان كازاكلار جەڭگە ئالدىرىماي ھازىرلىنىپ تۇردى.

يېترو ئۆزىنىڭ سىمىر، ئازراق تەرلىگەن ئېتىغا مىنىپ، ئالىقاچان سەپ تارتىپ بولغان يىلانسكايا بۆلۈنمىلىرىنىڭ قېشىدىن گرىگورىينىڭ يېنىغا چېپىپ كەلدى. ئۇ كەيپى خۇش، تېتىك ئىدى.

— بۇرادەرلەر! ئوقلارنى تېجەڭلار! مەن كوماندا بەرگەندە، ئاندىن ئېتىڭلار... گرىگورىي. سەن ئۆزەڭنىڭ يېرىم بۆلۈنمە ئادىمىڭنى بىر يېرىم سارجىن سولغىراق ئېلىپ بار، چاققان بول! ئات باقارلار بىر يەرگە توپلىنىشىۋالمىسۇن. — ئۇ يەنە ئاخىرقى بىر نەچچە دۈيرۈغىنى بەرگەندىن كېيىن قولىغا دۇربۇننى ئالدى، — ئۇلار زەمبىرەكچىلەر روتىسىنى ماتۇپېپۇ قورغىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتامدىكىنتاڭ؟

— مەن خېلىدىن بېرى باقاپ تۇرۇۋاتىمەن: دۇربۇنسىز-

www.uyghurkitap.com

مۇ كۆرگىلى بولىدىغۇ، — دېدى گىرىگورىي.

ئۇ، پېترونىڭ قولىدىن دۇربۇننى ئېلىپ شۇ تەرەپكە قارىغان ئىدى. ئەتراپتىن شامال سوقۇپ تۇرغان قورغاننىڭ تۆپىسىدە ئات - هارۋىلار قارىيىپ كۆرۈندى، ئادەملەر چۈمۈلىدەك مىتىلدىشىپ يۈرەتتى.

تاتارىسكىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى (بۇلارنى ئاتلىقلار چاخچاق قىلىپ «ئۆمىلىگۈچىلەر» دەپ ئاتىشاتتى) بىر يەرگە يىغىلىۋالماسلىق توغرىسىدىكى قەتئىي بۇيرۇققا قارىماستىن، توپ - توپ بولۇپ، ئوقلارنى بۆلۈشەتتى، تاماكا چېكىشەتتى، بىر - بىرىگە چاخچاق قىلىشاتتى. خىرىستونىڭ پاپاخى (ئۇ ئېتىدىن ئايرىلىپ، پىيادە ئەسكەرلىككە چۈشۈپ قالغان ئىدى) پاكار ئۇششاق كازاكلارنىڭ بېشى ئۈستىدە خېلى ئېگىز تەۋرىنىپ تۇراتتى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ قۇلاقچىسى قىزىرىپ كۆزگە تاشلىناتتى. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە لاغايلاپ يۈرگەنلەرنىڭ تولىسى قېرىلار بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەر ئىدى. ئورۇلماي قالغان ئاپتاپپەرەس شادىلىرىدىن بىر يېرىم چاقىرىم ئوڭ تەرەپتە يېلانسكايالىقلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۆت بۆلۈمىسىدە 600 ئادەم بار ئىدى، ئەمما 200 گە يېقىنى ئات باقارلار ئىدى. پۈتۈن تەركىپىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى يارلارنىڭ قىيا دالدىسىغا ئاتلار بىلەن بىللە يوشۇرۇنغان ئىدى.

— پېترو پانتېلېيېۋىچ! — دەپ توۋلىدى پىيادىلەردىن بىرسى، — ماڭا قارا، جەڭدە بىز پىيادىلەرنى تاشلاپ كېتىپ قالما!

— خاتىرجەم بولۇڭلار! تاشلىمايمىز، — دەپ كۈلۈپ قويدى پېترو، ئاندىن دۆڭنىڭ قېشىغا ئاستا سىلجىپ كېلىۋاتقان

قىزىللارنىڭ سەپلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، قامچىسىنى ئەسەبىلەرچە ئوينىتىپ قويدى.

— پېترو، بۇياققا كەلگىنە، — دىدى گىرىگورىي سەپتىن بىر چەتكىرەك ئۆتۈپ.

پېترو يېقىن كەلگەن ئىدى، گىرىگورىي، تەرىنى تۇرۇپ، كۆڭلى تىنمىغان چىراي بىلەن مۇنداق دىدى:

— پوزىتسىيە تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. مۇنۇ يارلاردىن نېرىراق كەتسەك دەيمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، دۈشمەن يان قاناتتىن بىزنى ئورىۋالسا — پالاكەتكە ئۇچرايمىز، قانداق دەيسەن؟

— بۇ سېنىڭ ئويۇڭ! — دىدى پېترو ئەلەم بىلەن قول شىلتىپ، — بىزنى قايداقچە قورشىۋالىدىكەن! مەن زاپاستا بىر بۆلۈنمە ئەسكەر قالدۇردۇم، ھېچ بولمىغاندا يارلارمۇ ئەسقېتىپ قالىدۇ، توسقۇن بولمايدۇ.

— ئېھتىيات بول، يىگىت! — گىرىگورىي ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى يەرلەرگە يەنە بىر قېتىم تېز - تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

ئۇ ئۆز سېپىگە كېلىپ، كازاكلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇرغۇنلىرىنىڭ قولىدا پەلەي يوق ئىدى. كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، سېلىپ تاشلاپتۇ. بەزىبىرلىرى تازا زېرىككەن بولۇپ، بىر دەم قىلىچىنى تۈزىتىپ قوياتتى، بىر دەم كەمىرىنىڭ توقىسىنى چىڭىتاتتى.

— كوماندىرىمىز ئاتتىن چۈشتى، — دەپ كۈلۈمسىرەيتتى فېدوت بودوۋسكوف، سەپلەرگە قاراپ لەپەڭلەپ كېلىۋاتقان پېترو تەرەپكە زاڭلىق قىلغاندەك باش سىلكىتىپ.

— ھەي، سەن، گېنېرال پلاتوف! — پەقەت بىرتال قىلىچ بىلەن قوراللانغان سىڭا قول ئالىيۇشكا شامىل ئات كىشنىگەندەك خىخىلدايتتى، — دونلۇقلارغا بۇيرۇق قىل، بىر قەدەھتىن ۋودكا بەرسۇن!

— ئاغزىڭنى يۇم، ھاراقكەش! قىزىللار يەنە بىر قولۇڭنى كېسىپ تاشلايدۇ، ئۇ چاغدا قەدەھنى ئاغزىڭغا نىمە بىلەن ئاپىرىسەن؟ تەگنىدىن شالاپلىتىپ ئىچىشكە توغرا كېلەر.

— بولدى - بولدى!

— ئەگەر ئىچىدىغانلا بولسا، قالغان قولىنى ئەرزانلا بېرىۋېتەتتى! — دەپ خىرىسنىپ قويدى ستېپان ئاستاخوف قولىنى قىلىچىنىڭ دەستىسىدىن ئېلىپ، ئاق سېرىق بۇرۇتىنى تولغاشقا باشلىدى.

سەپ بويلاپ كېتىۋاتقان پاراڭلار ھازىرقى پەيتكە زادىلا ماس كەلمەيتتى، ماتۋېيېۋ قورغىنىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن گۈمباك قىلىپ بىر پاي توپ ئوقى ئېتىلىش بىلەنلا، پاراڭلار بىردىنلا بېسىلىپ قالدى.

توپنىڭ ئاغزىدىن زەرىپ بىلەن گۈمبۈرلەپ چىققان يوغان سادا ھاۋادا سۈتنىڭ كۆپۈگىدەك ئاق تۈتۈن قالدۇرۇپ، قاراس - قۇرۇس ئېنىق پارتلىغان ئاۋاز بىلەن قوشۇلۇپ، دالىنىڭ ئۈستىدىن بېغىرلاپ ئۆتۈپ، ئۇزاقتا تارقاپ تۈگىدى. سىنارەت نىشان قىلىنغان ئارىلىققا يېتىپ بارالماي، كازاك دالىسىدىن يېرىم چاقىرىم يەردە پارتلىدى. قارا تۈتۈن قارىنىڭ ۋاللىدىغان ئاق ماھۇتلىرى ئارىسىدا شۈدىگەر قىلىنغان يەر ئۈستىگە ئاستا - ئاستا ئۇچۇپ كېلىپ، يەر بېغىرلاپ يېيىلىپ، قورايلارغا ئۆرۈلۈپ، پەسكە غۇلاپ چۈشتى، قىزىللار سېپىدە دەرھال لاپىلموتلار سايراشقا باشلىدى. ئارقىمۇ ئارقا قاتىرىسىغا ئېتىلغان ئوقلار كېچىدىكى جىسەكچىنىڭ توقمىقىدەك

تاقىلدى. كازاكلار قارغا، قوراينىڭ ئارىلىرىغا. ئاپتاپيە-
رەسىنىڭ باشسىز تۈكلۈك شادىلىرى ئارىسىغا يېتىۋېلىشتى.
— نۇتۇسى نېمە دېگەن قارا! نېمىسلارنىڭ توپ ئوقىنىڭ
تۈتۈنىگە ئوخشايدىكەن! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى پىروخور زىكوف
گىرىگورىيغا قايرىلىپ قاراپ.
ياندىكى يېلانسكايا بۆلۈنمىسىدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ
كۆتىرىلدى. شامال مۇنۇ ئاۋازنى ئۇچۇرۇپ كەلدى:
— مىتروفان قىرىندىشىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى!
رۇبېژىن يېزىسىلىق ساقال بۆلۈنمە باشلىقى ئىۋانوف ئوق
يېغىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا پېترونىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.
ئۇ پاپاخىنىڭ ئاستىدىن پېشانىسىنى سۈرتۈپ، ھاسىراپ كەتتى:
— بۇ يەردىمۇ قار - ئۇ يەردىمۇ قار! نېمە دېگەن يېپىشقاق،
پۈتۈكنى سۇغۇرۇۋالالمايسەن!
— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى پېترو قاش-
لىرىنى يىمىرىپ.
— كاللامغا بىر پىكىر كېلىپ قالدى. يولداش مېلېخوف!
سەن بىر بۆلۈنمىنى دونغا پەس بىلەن ماڭدۇر، سەپتىن ئېلىپلا
ئەۋەتكىن. ئۇلار پەس بىلەن يۈرۈپ، يېزىغا ئىلدام بېرىۋالسۇن،
ئۇ يەردىن قىزىللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ زەربە بەرسۇن. ئۇلار
ئات - ئۇلاقلىرىنى تاشلاپ قويغاندۇ... ئۇ يەردە نەدە قاراۋۇل
بار دەيسەن؟ يەنە بىر ئالاقزادە قىلىۋەتسۇن!
بۇ «پىكىر» پېتروغا ياراپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم بۆ-
لۈنمە ئەسكەرلىرىگە ئوق چىقىرىشقا كوماندا بېرىپ، پۈتۈن گەۋدى-
سى بىلەن تىكلا تۇرغان لاتىشىۋغا قولىنى شىلتىدى - دە، لاغايلاپ
مېڭىپ گىرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ، قىسقىچە بۇيرۇق بەردى:

— سەن يېرىم بولۇنمەگنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇغىنى يەنچىپ تاشلا!

گىرىگورىي كازاكلارنى سەپتىن ئېلىپ چىقتى، ئۇلار ئۇيماندا ئاتلىرىغا مىندى - دە، يېزا تەرەپكە قاراپ چاڭ - توزاڭ كۆتىرىپ چېپىپ كەتتى.

كازاكلار مىلتىقتا ئىككى شازىدىن ئوق بېسىپ جىم بولۇپ تۇرۇشتى. قىزىللارنىڭ سەپلىرىمۇ جىم ياتتى. پىلىموتلار قىسقا - قىسقا ئاتاتلاپ تۇردى. مارتىن شامىلنىڭ ئالا پۇت ئېتىغا قاڭقىپ كەلگەن غايىپ ئوق تېگىپ يارىدار بولۇش بىلەن تەڭلا ئات باقارنىڭ قولىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپ، خۇدىنى يوقاتقان هالدا رەبېژىن كازاكلىرىنىڭ سېپىدىن ئاتلاپ ئۆتتى - دە، تاغ ئېتىكى بويلاپ قىزىللار تەرەپكە چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر نەچچە پاي پىلىموت ئوقى نەقىش سالدى، ئات جانىۋار تازا چېپىپ كېتىۋېتىپ قارىنىڭ ئىچىگە تىك موللاق چۈشتى.

— پىلىموتچىلار نىشانغا ئېلىنسۇن! — دىگەن پېترونىڭ بۇيرۇغى سەپ بويلاپ يەتكۈزۈلدى.

نىشانغا ئېلىشتى. پەقەت ئۇستا مەرگەنلەر ئېتىپ، سەپتىن چىقاردى: يۇقۇرقى كىرىۋىسكوي يېزىسىدىن بولغان كۆرۈمسىز كىچىككىنە بىر كازاك ئۈچ پىلىموتچىنى بىر - بىرلەپ ئوق بىلەن ئۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن «ماكسىمكا» ئۇنىڭكە قېپىدىكى قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن چىپپىدە جىمىپ قالدى. ئەمما ئۆلگەن پىلىموتچىلارنىڭ ئورنىغا يېڭىسى ئۆتتى. پىلىموت ئەجەل ئۇرۇغىنى چېچىپ يەنە گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. بىر ئوتاش ئېتىلغان ئوقلار پات - پات نەكرارلىنىپ تۇردى. كازاكلار قارنىڭ ئىچىگە بارغانسېرى چوڭـ

قۇرراق تىقىلىشىپ، زىرىكىشكە باشلىدى. ئانىكۇشكا قىزىقچىلىقنى تاشلىماي، قارنى كولاپ، قارا يەرنىڭ يۈزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئۇ-قى تۈگەپ قالغانلىقتىن (كۆكىرىپ دات باسقان شازىسىدا بار-يوقى بەش تال ئوقى بار ئىدى)، ئاندا-ساندا قاردىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، لەۋلىرىدىن شۇنداق بىر تاۋۇش چىقىراتتىكى، سۇغۇرنىڭ قورققان چېغىدا چىقىرىغىنىغا تولىمۇ ئوخشايتتى.

— ئاھۇ! — دەپ قويا تتى ئانىكۇشكا ئەلىتە كۆزلىرى بى-لەن سەپنى بىر قاراپ چىقىپ.

ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ستېپان ئاستاخوف كۆزىدىن ياش چىق-قۇچە تىلىقىپ كۈلەتتى. سول تەرىپىدە بولسا ئانتىپۇكا بىرېر ئۇنى ئاچچىغى بىلەن تىللايتتى.

— بۇ قىلىغىڭنى قوي، گىبزەندە! بۇ ئويۇن - چاقچاق قى-لىدىغان ۋاقىتمۇ!

— ئاھۇ!...، — ئانىكۇشكا ئەتەي ئۆزىنى قورققانغا سېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇلاقلىتىپ، ئانتىپۇكا تەرەپكە بۇرۇلدى.

قىزىللارنىڭ توپچىلار باتارىيىسىدە ئېھتىمال، سنارەت يې-تىشمىسە كېرەك، 30 دەك سنارەتنى ئاتقاندىن كېيىن، ئۇمۇ جى-مىپ قالدى. پېترو سەۋرىسىزلىك بىلەن ئارقىسىغا، دۆڭنىڭ بې-شىغا قارايتتى. ئۇ ئىككى چاپارمەندىن يېزىغا بۇيرۇق ماڭغۇز-غان ئىدى، بۇيرۇقتا: يېزىنىڭ يېشىغا توشقان بارلىق ئاھالى-سى قوللىرىغا ئارا، كالتەك، ئوغاق، چالغا ئېلىپ، دۆڭنىڭ ئۈس-تىگە چىقسۇن، دېيىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى، بۇ ياقتىمۇ تىزىلغان ئۈچ سەپنى كۆرسىتىپ، قىزىللارنى قورقۇتماقچى ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي، قىرنىڭ جىيىكىدە قويۇق ئادەم توپلىرى پەيدا بولۇپ، پەسكە قاراپ راۋان بولۇشتى.

— قارا، ئۇلار قارا قاغىدەك كېلىشىۋاتىدۇ!
— پۈتۈن يېرا قومۇرۇلۇپ چۈشىپتۇ!
— خوتۇن خەقلەرمۇ بارمۇ نېمە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە!

كازاكلار چۇقۇرۇشاتتى، كۈلۈشەتتى. ئېتىشنى پۈتۈنلەي توختاتتى. قىزىللار تەرەپتىن پەقەت ئىككى پىلىموت ئىشلەپ تۇردى ۋە ئاندا-ساندا بىر يولى ئېتىلغان توپ ئوقلىرى گۈمبۈرلەيتتى.

— ئىست، ئۇلارنىڭ باتارېيىسى تىنچىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، ئاشۇ ئايالLAR قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پاي سىنارەت چۈشۈرىدىغان بولسا، ئۇ يەردە قىيامەت باش كۆتەرگەن بولاتتى! خوتۇنلار مىچىلدىغان ئىتەكلىرىنى كۆتىرىشىپ يېزىغا بەدەر قاچاتتى! — دەپ زوق بىلەن سۆزلەيتتى سىگنا قول ئاليوشكا، گويا قىزىللار بىرەر سىنارەتنى ئاياللارغا تاشلىمايۋاتقانلىقىغا راستىنلا ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك بولۇپ.

ھىلىقى ئادەملەر توپى سەپ تۈزەپ، بۆلۈنۈشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار كەڭ ئىككى سەپ بولۇپ قانىتىنى يايدى، توختاشتى.

پېترو كازاكلارنىڭ سېپى قېشىغا ئۇلارنىڭ ھەتتا بىر ئوق يېتىم يەرگىچە يېقىن كېلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئۆزىلا قىزىللارغا سېزىلەرلىك تەسىر كۆرسەتتى. قىزىللارنىڭ سەپلىرى ئارقىغا چېكىنىپ، ئويمانىنىڭ تېگىگە چۈشۈشكە باشلىدى. پېترو بۆلۈنمە باشلىقلىرى بىلەن قىسقىلا كېڭەشىۋالغاندىن كېيىن يېلانىسكايالىقلارنىڭ ئىككى سېپىنى ئېلىپ كېتىپ، ئوڭ قاناتنى يالىڭاچلاپ قويدى. يېلانىسكايالىقلارغا ئاتلىق سەپ بولۇپ شىمالغا، دون تەرەپكە بېرىپ، گىرىگورىينىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇق بەردى.



www.uyghurkitap.com

يۆلۈنمەلەر قىزىللارنىڭ كۆز ئالدىدا قىزىل يارنىڭ نېرىقى تەرىپىدە سەپكە تىزىلىپ، پەسكە، دونغا قاراپ مىڭىپ كەتتى.

چېكىنىۋاتقان قىزىللار سەپلىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىش قايتا باشلاندى.

بۇ چاغدا خوتۇنلاردىن، قېرىلار ۋە ئۆسمۈرلەردىن تەركىب تاپقان «زاپاس كۈچلەر» ئىچىدىن بىر سەچچە ئەيىرەنىڭ ئايال ۋە بىر توپ باللار جەڭگىۋار سەپكە كېلىپ قوشۇلدى. دارىيە مېلىخوۋامۇ ئاياللار بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى.

— پېتە، ماڭا يول قوي، قىزىللارنى ئاتاي! مەن مىلتىق ئېتىشنى بىلىمەن، — دېدى دارىيە.

ئۇ، دېگەنىدەك پېترونىڭ كارابىن مىلتىقىنى ئالدى؛ ئۇ، ئەركىشىدەك تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مىلتىقنىڭ قوندىقىنى ئىشەنچ بىلەن كۆكرىگىنىڭ ئۈستىگە، تار مۈرىسىگە تاقاپ، ئىككى پاي ئوق ئاتتى.

ئەمما «زاپاستىكىلەر» توڭلاپ، ئاياقلىرىنى يەرگە ئۇراتتى، دىك - دىك سەكرىشەتتى، ھەدەپ بۇرنىنى قېقىشاتتى، ھەر ئىككى سەپ شامال سوققاندەك تەۋرىنەتتى. ئاياللارنىڭ مەڭزى ۋە لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. يوپكىلىرىنىڭ كەڭ ئېتىكى ئاستىدا سوغاق ئەدەپسىزلىك بىلەن خوجايىنلىق قىلاتتى. ئۆلەرمەن قېرىلار پۈتۈنلەي توڭلاپ كەتتى. بۇلارنىڭ تولىسىنى، جۈملىدىن گىرىشاكا بوۋىنى قولتۇغىدىن يۆلەپ، يېزا تەرەپتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ قويۇشتى. ئەمما بۇ يەردە شامالنىڭ سوقۇشىغا قۇلايلىق بولغان دۆڭنىڭ ئۈستىدە قېرىلار يىراقتىكى ئېتىشمىلاردىن ۋە سوغاقتىن جانلىنىپ كەتتى.

سەپتىكى قىرلار ئارىسىدا بۇرۇنقى ئۇرۇش ۋە جەڭلەر توغرىلىق، ھازىرقى ئۇرۇشنىڭ ئېغىرلىقى، بۇنىڭدا ئاكا بىلەن ئىنى، ئاتا بىلەن بالا بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشىدىغانلىقى، زەمبىرەكلەرنى دۇربۇنسىز كۆرۈشكە بولمايدىغان بەك يىراقتىن ئاتىدىغانلىقى توغرىلىق پۈتمەس ـ تۈگىمەس پاراڭلار داۋام قىلاتتى...

## 33

گرىگورىي يېرىم بۆلۈنمە ئەسكەر بىلەن بېرىپ، زائامۇرلۇقلارنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كارۋان ئات ـ ئۇلاقلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. سەككىز قىزىل ئەسكەر چېپىپ تاشلاندى، تۆت ھارۋا ئوق-دورا ۋە ئىككى جەك ئېتى قولغا چۈشۈرۈلدى. يېرىم بۆلۈنمىنىڭ ئۆزىدىن پەقەت بىر ئات ئۆلدى ۋە بىر كازاكنىڭ بەدىنىنى ئوق تاتىلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەمما ئارقىسىدىن ھېچكىم قوغلىمىغان، جەڭدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ئىنتايىن بەختىيار بولغان گرىگورىي قولغا چۈشۈرگەن ھارۋا، ئات ـ ئۇلاقلارنى ئېلىپ، دون ياقىلاپ كېتىۋاتقان چاغدا ـــ دۆڭنىڭ ئۈستىدە جەك ئاياقلىشاي دەپ قالغان ئىدى. زائامۇرلۇقلارنىڭ بىر ئىسكادىرونى جەك باشلانماستىن بۇرۇنلا يىراق ئايلانما يول بىلەن ئارقا تەرەپكە ئۆتۈۋالغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئون چاقىرىم كېلىدىغان بىر چەمبىرەك ھاسىل قىلدى ـ دە، تۇيۇقسىز دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن

چىقىپ، ئات باقارلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ھەممە ئۈپۈر-تۆپۈر بولۇپ ئارىلىشىپ كەتتى. ئات باقارلار قىزىل يارنىڭ ئۈستىگىدىن ئاتلىرى بىلەن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقىشتى، بەزىلىرى كازاكلارغا ئاتلىرىنى بېرىپ ئۈلگۈردى، قالغانلىرىنىڭ ئۈستىدە زائامۇرلۇقلارنىڭ قىلىچ - شەمشەرلىرى پاقىراشقا باشلىدى. ئورغۇنلىغان قورالسىز ئات باقارلار ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ھەر تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. ئۆز ئادەملىرىمىزگە تېگىپ كېتەرمىكىن، دەپ قورقۇپ، ئوق ئاتالماي قالغان پىيادىلەر، قاپتىن پۇرچاق تۆكۈلگەندەك يارنىڭ ئىچىگە گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ، نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن تەرتىپسىز ھالدا قېچىشقا يۈز تۇتتى، ئاتلىقلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىرىنى ئۇتتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنلىرى (بۇلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى) «كىمنىڭ ئېتى يۈگۈرۈك» ئىكەنلىكىنى سىناپ، يېزىغا قاراپ بەيگىگە چاپتى.

ئەڭ ئاۋال پېترو ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا شۇ تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، ئاتلىقلارنىڭ ئات باقارلارغا ئۇمتۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، مۇنداق كوماندا بەرگەن ئىدى:

— ئاتلىنىڭلار! پىيادىلەر! لاتىشىۋۇ! ياردىن ئۆت!...

ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئات باقارىغا يېتىۋالالمىدى. ئۇنىڭ ئېتىنى ياش يىگىت ئاندرېيوشكا بېسخلېبوف تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇ پېترو تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتاتتى: ئۇنىڭ قولىدىكى ئىككى ئات (پېترو بىلەن فېدوت بودوۋسكوفنىڭ ئېتى) ئۇنىڭ ياندا قاتارلىشىپ چېپىپ كېلەتتى. ئەمما شۇ ئەسنادا ئۈستىدىكى سېرىق جۇۋىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بىر قىزىل ئەسكەر ئاندرې-



— بىزنى خاپا قىلىۋاتىسەن، يولداش لىخاچېۋ! — دېدى سۇيارو ئەمدى ئوچۇقلا مۇغەمبەرلىك بىلەن.

(384 - بەتكە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوشكىننىڭ ئۇستىگە يان تەرەپتىن ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، ئۇ-نىڭ مۈرىسىگە قىلىچ ئۇردى - دە ۋاقىردى:

— ھەي، سەن مۇشۇنداق جەڭچىمۇ!

ئاندرىيوشكىننىڭ بەختىگە، ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ ئارقىسىدا مىلتىق ئېسىقلىق ئىدى. شۇڭا قىلىچ ئاندرىيوشكىننىڭ ئاق شارىپ ئورىۋالغان بوينىنى كېسەلمىدى. پەقەت مىلتىقنىڭ ئىستوۋولىغا جاققىدە تېگىپ، قىزىل ئەسكەرنىڭ قولىدىن ھاڭقىپ چىقىپ كەتتى - دە، ئۆزلەنگەن كامان شەكلىدە ھاۋاغا ئۇچتى. ئاندرىيوشكىننىڭ ئاستىدىكى قىزىپ كەتكەن ئات شاقلا بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ تاراسلاپ چېپىپ كەتتى. پېترو بىلەن بودوۋىسكوفنىڭ ئاتلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چاپتى...

پېترو ئاھ ئۇرۇپ، بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى، رەڭگى ئاپ-پاق تاتىرىپ كەتتى، بىردىنلا يۈزىدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى. پېترو ئارقىسىغا قارىدى، قېشىغا ئونچە كازاك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

— ھالاك بولدۇق! — دەپ ۋاقىرىدى بودوۋىسكوف. ئۇ-نىڭ چىرايى قورقۇنچتىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— يارنىڭ ئىچىگە سەكرەڭلار، كازاكلار! بۇرادەرلەر، يارغا!

پېترو ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بىرىنچى بولۇپ يار تەرەپكە يۈ-گۈردى - دە، 30 سارجىن كېلىدىغان ئېگىزلىكتىن پەسكە دومى-لىدى. كالتە جۇۋىسى بىر نىمىگە ئىلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇ جۇۋى-سىنى مەيدە يانچۇغىدىن ئېتىكىنىڭ جىيىكىگىچە يىرتىۋالدى، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىتتەك پۈتۈن ئەزايى بىلەن بىر سىلكىندى. كازاكلار يۇقۇرىدىن ياۋايىلارچە يۇمىلاپ، تېز پىقىراپ چۈشەتتى.

بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە 11 ئادەم غۇلاپ چۈشتى. پېترو ئۇنى ئىككىنچىسى ئىدى. يارىنىڭ ئۈستىدە تېخىچىلا ئوقلار تاراقلايتتى، ۋاقىراشلار، ئاتنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلىناتتى. يارنىڭ تېگىدە بولسا، بۇ يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشكەن كازاكلار ئەخمەقلەرچە پاپاخلىرىدىكى قار ۋە قۇملارنى قاقاتتى، بەزىسى ئاغرىغان يەرلىرىنى سىلايتتى. مارتىن شامىل، مىلتىقنىڭ سۈمبىسىنى تارتىپ چىقىرىپ، قار تىقىلىپ قالغان ئىستوۋۇلنى تازىلاشقا كىرىشتى. مەرھۇم يېزا ئاتامانىنىڭ ئوغلى مانىتسكوف دېگەن بىر ياش يىگىتنىڭ ئىككى مەڭزىدىن تارامالاپ ياش ئېقىپ، قورقۇنچىدىن دىر ـ دىر تىترەيتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ پېترو، بىزنى باشلاپ ماڭ! ئەجەل كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ... نەگە بارىمىز؟، ھەي، بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!

فېدوت چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ، جىلغا بويلاپ تۆۋەنگە دون تەرەپكە تاشلاندى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، قوي پادىسىدەك، قالغانلارمۇ دۈررىدە ئەگەشتى.

پېترو ئۇلارنى تەسلىكتە توختاتتى:

— توختاڭلار! بىر قارارغا كېلەيلى... قاچما، ئېتىپ تاشلايدۇ!

ئۇ، ھەممەيلەننى يارنىڭ قىزىل توپا بىقىنىدىكى سۇ چىقىپ كەتكەن ئۆڭكۈرگە ئېلىپ باردى ـ دە، كېكەشلەپ، ئەمما ئۆزىنى خاتىرجەم كىشى قىياپىتىگە سېلىشقا تىرىشىپ، مۇنۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— پەسكە چۈشۈشكە زادىلا بولمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرى

رىمىزنى يىراققا قوغلاپ كەتكەن... مەشەدە قېلىش كېرەك... ئۆڭكۈر — ئۆڭكۈرگە تارىلايلى... ئۈچ ئادەم مۇنۇ ياققا كىرسۇن... ئوق چىقىرىپ قوغدىنىمىز!... بۇ يەردە قامالغا بەرداشلىق بېرىشكە بولىدۇ...

— بىز ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدۇققۇ! ئاتىلار! قېرىنداشلار! مېنى قويۇۋېتىڭلار بۇ يەردىن!... ئۆلۈشنى خالىمايمەن... زادىلا ئۆلگۈم يوق! — باياتىن بېرى يىغلاپ تۇرغان ئاق سېرىق بالا مانىتىسكوۋ ھۆكرەشكە باشلىدى.

قېدۇت، قالماق كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ، مانىتىسكوفنىڭ يۈزىگە تۇيۇقسىز قاتتىق بىر مۇشت ئۇردى.

يىگىتچاقنىڭ بۇرنىدىن شۇ ھامان قان راۋان بولدى، ئۇ ئارقىسى بىلەن يارنىڭ تېمىغا سۆۋۆشۈپ، توپا چۈشۈرۈپ، ئاران بالالىقتا ئۆرە تۇرۇپ قالالىدى، ئەمما يىغلاشنى توختاتتى.

— قانداقچە ئوق چىقىرىپ قوغدىسىمىز؟ — دەپ سورىدى شامىل، پېترونىڭ قولىدىن تۇتۇپ، — قانچىلىك ئوقىمىز بار؟ ئوق تۈگىگەنغۇ!

— بىر گىراناتا تاشلىسا، ئىشىمىز تۈگەيدۇ!

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — پېترو تۇساتتىن كۆكىرىپ كەتتى، بۇرۇتىنىڭ ئاستىدا — لەۋلىرىدە كۆپۈك بۇژۇلدىدى، — يات! مەن كوماندىرمۇ، نېمە؟ ئۆلتۈرىمەن!

ئۇ دېگىنىدەك كازاكلارنىڭ بېشىغا ناگاننى تەڭلىدى.

ئۇنىڭ شىۋىرلاپ چىققان ئاۋازى ئۇلارغا جان كىرگۈزگەندەك بولدى. بودوۋىسكوۋ، شامىل ۋە يەنە ئىككى كازاك يارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئۆڭكۈرگە كىرىپ ياتتى، قالغانلىرى پېترونىڭ قېشىغا ئورۇنلاشتى.

باهار مەۋسۇمىدىكى تاغدىن ئاققان قىزىل تاشقىن سۇ تەبىئى تاشلارنى ئاغدۇرۇپ، جىلغا ئىچىنى ئويۇپ، قىزىل نوپا قاتلاملىرىنى بۇزىدۇ، يارنىڭ تاملىرىنى كولايدۇ، چوڭقۇرچاق ئۆڭكۈرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كازاكلار مانا شۇ ئۆڭكۈرلەرگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

پېترونىڭ يېنىدا، مىلتىغىنى ئالدىغا قارىتىپ تۇتۇپ، ئانتىپۇبرىخوۋىچ مۈكچىيىپ تۇراتتى. ئۇ پىچىر-پىچىر ۋىتىلداشقا باشلىدى:

— ستېپۇكا ئاستاخوف ئىتىنىڭ قۇيرۇغىغا ئېسىلىۋېلىپ... قېچىپ كەتتى، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم... پىيادىلىرىمىز بىزنى تاشلاپ كەتتى ... بىز تۈگەشتۇق، بۇرادەرلەر!... خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، بىر هالاك بولىمىز!...

يارنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرگەن ئاياقلارنىڭ ئىچىرلىغىنى ئاڭلاندى. يارنىڭ ئاستىغا قار، توپا ئۇۋاقلىرى چۈشتى.

— ئەنە ئۇلار! — دىدى پېترو پىچىرلاپ، ئانتىپۇكنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، ئەمما ئانتىپۇكا بىر سىلكىپ قولىنى تارتىۋالدى-دە، بارماقلىرىنى مىلتىقىنىڭ تەپكىسىگە قويۇپ، يۇقۇرىغا قارىدى.

يۇقۇرىدا هېچكىم يارنىڭ لېۋىگە يېقىن كەلمىدى.

ئۇ يەردىن گۈدۈڭلىگان ئاۋاز، ئاتقا ۋافىراشلار ئاڭلىناتتى...

«مەسلىهەتلىشىۋاتىدۇ» — دەپ ئويلىدى پېترو، گويا بەدىنىنىڭ هەممە تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ كەڭكەيدەك، دۈمبىسىدىن، كۆكسىنىڭ چوڭقۇرچىغىدىن، يۈزىدىن يېڭىۋاشتىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى...

— هەي، سىلەر! بۇياققا چىقىڭلار! بەربىر قولغا چۈشۈ-

سلەر!ــ دەپ ۋاقىرىدى يۇقۇرىدىن.
بارغا ئاق سۈت تۆكۈلگەندەك قويۇق قار چۈشتى، يارنىڭ
لېۋىگە بىرسى يېقىن كەلگەندەك قىلاتتى
يەنە شۇ يەردە ئىككىنچى بىر ئاۋاز ئىشەنچ بىلەن دېدى:
ــ ئۇلار مەشەددىن سەكرىشىپتۇ، مانا ئىزلىرى. مەن ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!
ــ پېترو مېلېخوف! چىق بۇياققا!
بىر سېكۇنت ئەۋۋا بىر خوشاللىق پېترونىڭ ئەزايىنى
قاپلىۋالدى. «قىزىللارنىڭ ئىچىدە مېنى كىم تونۇيدىغاندۇ؟ بۇ
ئۆز كىشىلىرىمىز! ئۇلار قىزىللارنى زەربە بىلەن قايتۇرغان
ئىكەن ـ دە!» ئەمما يەنە شۇ ئاۋاز ئۇنى دىرىلداپ تىترەشكە
مەجبۇر قىلدى:
ــ بۇ سۆزلەۋاتقان كوشۋوي مىخايىل، ياخشىلىقچە تەسلىم
بولۇشقا دەۋەت قىلىمىز. بەربىر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر!
پېترو ھۆل پېشانىسىنى ئېرتىۋىدى، ئالقىندا قىزىل قان
تەرنىڭ يول ـ يول ئىزى قالدى.
قاندادقتۇ، بىھۇشلۇق سلەن بىپەرۋالىق ئارىلاش غەلىتە بىر
تۇيغۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا توساتتىن كېلىپ قالدى.
شۇ سەۋەپتىن بودوۋسكوفنىڭ مۇنۇ ۋاقىرىشى ياۋايىدەك
تۇيۇلدى:
ــ ئەگەر بىزنى قويۇۋېتىشكە ۋەدە بەرسەڭلار، چىقايلى، ئۇن-
داق بولمىغاندا، ئېتىشىپ ئۆزىمىزنى قوغدايمىز! قېنى بىزنى
قولغا ئېلىڭلارچۇ!
ــ قويۇۋېتىمىز...، ــ دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشتى يۇقۇرىدىن
بىر ئاز ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن.

پېترو ئۆزىدىكى قارا باسقاندەك تۇيۇلغان ئېسەنكىرەشنى جېنىنىڭ بىرىچە ئېقىپ تاشلىدى. «قويۇۋېتىمىز» دىگەن سۆزدە كۆزگە كۆرۈنمەس بىر ھىجىيىش باردەك تۇيۇلدى. ئۇ قاتتىق بىر ۋاقىرىدى:

— ئارقىغا قايت!

ئەمما ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمدى ھېچكىم قۇلاق سالماي قويدى.

ئۆكتۈرىنىڭ ئىچىدە يېتىۋالغان ئانتېۋكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كازاكلارنىڭ ھەممىسى يارىنىڭ بەلدەملىرىگە يېپىشىپ، ئۈستىگە يامىشىپ چىقىشتى.

پېترو ئەڭ ئارقىدا چىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھايات كەچۈرۈش ئارزۇسى گويا ئايالنىڭ يۈرىگى ئاستىدىكى بوۋاققا ئوخشاش، ئىختىيارسىز پىلتىڭلاشقا باشلىدى. ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش تۇيغۇسى ئاستىدا قالغان پېترو ئۇقدانىدىن ئوقلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا تېخىچە ئەقلى يېتىپ، تىك يار بويلاپ ئۆملەپ چىقىشقا باشلىدى. بېشى قېيىپ، يۈرىگى قېپىغا سىغماي كەتتى، بالىلىق چېغىدا ئېغىر چۈش كۆرگەندىكىدەك، تونجۇقۇپ، قىيىنىلىپ يۇقۇرىغا ئۆرلەۋاتاتتى، ئۇ گىمناستېيوركىسىنىڭ ياقىسىدىكى تۈگمىلەرنى يۇلۇپ تاشلىدى، كىر ئىچ كۆينىگىنىڭ ياقىسىنى يىرتىۋەتتى. كۆزلىرىنى تەر قاپلىۋالدى، قوللىرى يارنىڭ سوغاق بەلدەمچىلىرىدىن سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇ يارنىڭ ئۈستىدىكى قاڭدالغان تۈزلەڭ يەرگە چىقتى — دە، مىلتىغىنى ئايىغىغا تاشلاپ، ئىككى قولىنى كۆتەردى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق چىققان كازاكلار بىر يەرگە زىچچىدە توپلىشىپ تۇراتتى. مىشكا كوشۋوي پىيادە ۋە ئاتلىق زائامۇرلۇقلار-

نىڭ زور توپىدىن ئايرىلىپ، ئاشۇ كازاكلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، ئاتلىق قىزىل ئەسكەرلەرمۇ يېقىنلاپ كەلدى ...

مىشكا ئۇدۇل پېترونىڭ قېشىغا كېلىپ، يەردىن كۆزىنى ئالماستىن، ئاستا سورىدى:

— سوقۇشۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ — بىردەم جاۋاپ كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، پېتروغا يەنىلا يەر ئاستىدىن قاراپ سورىدى، — ئۇلارغا سەن قوماندانلىق قىلدىڭمۇ؟

پېترونىڭ لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ راسا چارچىغانلىقتىن، ئارانلا ئىما - ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ، قولىنى تەسلىكتە ھۆل پېشانىسىگە تەككۈزدى. مىشكىنىڭ ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى پىرىلدىدى، بەزگەكتىن ئۇچۇق تەككەندەك ئىششىغان يۇقۇرقى كالپۇكى تارتىشىپ كەتتى. مىشكىنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇنداق قاتتىق تىترەك باستىكى، ئۇ ئۆزە تۇرالماي، يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا بىر ھالغا كېلىپ قالدى. ئەمما ئۇ دەرھاللا پېتروغا تىكىلىپ، نەق ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىغا قارىدى - دە، غەلىتە يات نەزەر بىلەن قادالغان پېتى تېز كالدىرلاپ بۇيرۇق قىلدى:

— كىيىمىڭنى سال!

پېترو كالتە جۇۋىسىنى چاققانلىق بىلەن سېلىپ، ئۇنى ئاۋايلاپ قاتلىدى - دە، قارنىڭ ئۈستىگە قويدى؛ پاپاخىنى بېشىدىن ئالدى، كەمىرىنى يەشتى، ماش رەڭ كۆينىكىنى سالدى، ئاندىن جۇۋىسىنىڭ بىر پېشىگە ئولتۇرۇپ، ئۆتۈكىنى سېلىشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ رەڭگى - روھى ھەر بىر سېكۇنتتا بارغانسېرى ئاقىرىپ كەتتى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاتتىن چۈشۈپ يان تەرەپتىن يېقىن كەلدى - دە، پېتروغا قاراپ، ھۆكىرەپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن

چىشلىرىنى مەھكەم چىشلىۋالدى.

— ئىچ كىيىمىڭنى سالما، — كوشۇوي پىچىرلىدى - دە، بىر سىلكىنگەندىن كېيىن، بىردىنلا قاتتىق ۋاقىرىۋەتتى — بول، تېزرەك! ...

پېترو ھولۇقۇپ قالدى، پۇتىدىن ئالغان يۇڭ پايپاقنى پوملاپ، ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقتى، قەددىنى رۇسلاپ، جۇۋىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، قار ئۈستىدە زەپەردەك ساپ - سېرىق پۇتلىرى بىلەن يالىڭاياق ماڭدى.

— كۇم!* — ئۇ لەۋلىرىنى سەل پىچىرلىتىپ، ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچنى چاقىردى. ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۈندىمەستىن، پېترونىڭ ئايىغى ئاستىدا ئېرىۋاتقان قارغا قاراپ تۇردى، — كۇم ئۇۋان، سەن مېنىڭ بالامنى چوقۇندۇرغان ئىدىڭ ... كۇم، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! — دەپ يالۋۇرغان ئىدى پېترو، ئەمما مىشكىنىڭ ناگانى ئاللىقاچان كۆكسىگە تاقالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، گويا ئىنتايىن يورۇق بىر نەرسىنى كۆرۈشكە ھازىرلانغاندەك، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، سەكرەش ئالدىدا تۇرغان ئادەمدەك، بېشى مۈرىسىگە چۆكتى.

ئۇ، قاتتىق ئىتتىرىلگەندەك، ئوڭدىسىغا گۈپپىدە يىقىلدى، ئوق ئاۋازى ئاڭلىمىدى.

ئۇنىڭغا گويا كوشىۋوينىڭ سوزۇلغان قولى يۈرىكىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، بىرلا مىجىپ قېنىنى چىقارغاندەك تۇيۇلدى. پېترو ئۆز ھاياتىدا ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ئىچ كۆينىكىنىڭ ياقىسىنى تەسلىكتە قايرىپ ئاچتى - دە، سول ئەمچىكىنىڭ ئاستىدىكى ئوق تېشىپ كىرگەن يەرنى يالىڭاچلىدى. شۇ يەردىن

* كۇم — بالىسىنى چوقۇندۇرغان كىشى — ت.

قان ئاستا سىزىپ چىقىپ، ئاندىن يول تېپىۋالغاندىن كېيىن قارا مايدەك قاپ ـ قارا قان بولدۇقلاپ چىققىلى تۇردى.

## 34

قىزىل يارغا ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچىلار تاڭ ۋاقتىدا مۇنۇ خەۋەر بىلەن قايتىپ كېلىشتى: يېلانىسكايانىڭ چېگرىسىغىچە قىزىللارنى ئۇچراتماپتۇ، پېترو مېلېخوف ۋە ئۇنى كازاك چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن يېتى ئاشۇ يارنىڭ بېشىدا قاتار يېتىشىپتۇ.

گىرىگورىي ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھارۋا ئەۋەتىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن خىرىستونەنىڭ ئۆيىگە قونغىلى كەتتى. چۈنكى ئاياللارنىڭ ئۆلۈككە قوشاق قېتىپ يىغلاشلىرى، دارىيەنىڭ سەت ھۆكرەشلىرى ئۇنى بىزار قىلىپ، ئۆيدىن ھەيدىگەن ئىدى. ئۇ خىرىستونەنىڭ ئۆيىدە مەشنىڭ تەكچىسى ئالدىدا تاڭ يورۇغىچە ئولتۇرۇپ چىقتى. ئۇ، ئۆز ئوي ـ پىكىرلىرى بىلەن، پېتروغا ھەسرەت چېكىش بىلەنلا بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، تاماكىنى ئەشنالىق بىلەن چېكىپ تۈگىتەتتى ـ دە، يەنە ئادىراشلىق بىلەن تاماكا خالتىسىنى قولىغا ئالاتتى، قانسىق تۇتۇننى ئىچىگە قاتتىق تارتىپ، ئۈگدەپ ئولتۇرغان خىرىستونە بىلەن قۇرۇق پاراڭلارنى سالاتتى.

تاڭ ئاتتى. ئەتىگەندىن تارتىپ ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. سائەت ئونغا يېقىن تىزەك، قىغ ئېچىلىپ قالغان يولدا سۇ پەيدا بولدى. ئۆگزىلەردىن سۇ تامچىلايتتى، خورازلار ئەتىيازدىكىدەك

قىچقىرىشاتتى، قەيەردىدۇ، بىر مىكىيان، جەزىرىمە چۈش ۋاقتىدىكىدەك، يالغۇز رۇكۇلداپ يۈرەتتى.

قورالارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئىللىق يەردە ئۆكۈزلەر قاشا تامغا سۈركىلەتتى. ئۇلارنىڭ كۈل رەڭ دۈمبىسىدىن كۆكلەمدە چۈشكەن قىللارنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. ئېرىگەن قارنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلاتتى. خرىستونەنىڭ دەرۋازىسى قېشىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ يالىڭاچ شېخىدا قىشلاپ قالغان سېرىق پوكان تۇمۇچۇق تەۋرىنىپ چۇرۇقلايتتى.

گىرىگورىي دەرۋازىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، دۆڭدىن چانىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتەتتى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا تۇمۇچۇقنىڭ چىرىلدىشىنى بالىلىق چاغلىرىدىن ئۆزىگە تونۇش بولغان تىلغا تەرجىمە قىلاتتى. «پىلۇگنى قايرا! پىلۇگنى قايرا!»* — دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. تۇمۇچۇق خوشال بولۇپ مۇشۇ ئىللىق كۈندە، ئەمدى قىش يېقىنلاشقاندا بولسا — گىرىگورىي بۇنى بىلىدۇ — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىدۇ، بۇ چاغدا تۇمۇچۇق كولدۇرلاپ مۇنداق مەسلىھەت بەرگەندەك بولىدۇ: «كىي چورۇغۇڭنى! كىي چورۇغۇڭنى!»**

گىرىگورىي لېپىدە كۆزىنى بولدىن ئېلىپ، شاختىن - شاخقا سەكرەپ تۇرغان تۇمۇچۇققا يۆتكىدى. «پىلۇگنى قايرا! پىلۇگنى قايرا!» — دەپ چىرىلدايتتى تۇمۇچۇق. شۇنىڭ بىلەن گىرىگورىينىڭ يادىغا ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىدا پېترو بىلەن دالىغا كۇركا تۇخۇ چۈجىلىرىنى باققىلى چىققانلىقى كېلىپ قالدى، ئۇ چاغدا ئاق سېرىق چاچ، پاناق بۇرنىنىڭ پوستى دائىم سويۇلۇپ

* پىلۇگنى قايرا! — يەر ھەيدەيدىغان سوقىنىڭ چىشىنى قايرا! يەنى ئەتىياز كەلدى! — دېگەن مەنىدە.

** «چورۇغۇڭنى كىي!» — قىش كەلدى، مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

تۇيۇلدىغان پېترو كۆركە توخۇنىڭ قاقىلدىغىنىنى ئۇستىلىق بىلەن دوراپ، ئۇمۇ ئاشۇ توخۇلارنىڭ تىلىنى ئۆزىنىڭ چۈچۈك گۆدەك تىلىغا ئۆرۈيتتى. ئۇ ئەلەم چەككەن كورگا توخۇنىڭ قىقىرىغىنىنى ماھىرلىق بىلەن ئەينەن دوراپ، يازۇك قىلىپ مۇنداق چىقىرايتتى: «خەقتە ئۆتۈك بار، مەندە يوق! خەقتە ئۆتۈك بار، مەندە يوق!» ئارقىدىنلا پېترو كىچىككىنە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، جەينىكىنى ئېگەتتى ـ دە، قېرى كورگا خورازدەك دوگغا قلاپ مېڭىپ، كوكۇلدايتتى: «گۆر! گۆر! گۆر! شۇمتەككە ئۆتۈك ئېلىپ بېرەيلى بازاردىن!» بۇ چاغدا گىرىگورىي تازا ياير اپ كۈلەتتى ـ دە، يەنە بىر قېتىم كورگا توخۇدەك سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى، كورگا چۆچىسى ئوتلاقتا يات بىر نەرسىنى، تونكە پارچىسى ياكى چۈپرەك لاتىنى ئۇچرىتىپ قالسا، مەيۈسلىنىپ قانداق چوكۇلدايدىغانلىقىنى دوراپ بەر، دەپ يالۋۇراتتى...

كوچىنىڭ بېشىدا دەسلەپكى بىر چانا كۆرۈندى. بىر كازاك يېنىدا ماڭغان ئىدى. دۇنىڭ ئارقىسىدىن 2 ـ ۋە 3 ـ چانا چىقىپ كەلدى. گىرىگورىي يېشىنى سۈرتتى ۋە ئىختىيارسىز ئېسىگە كېلىپ قالغان خاتىرىلەرگە كۆلۈمسىرىشىنى توختىتىپ، ئالدىراش ئۆز دەرۋازىسى تەرەپكە ماڭدى: ئۇنىڭ مەقسىدى ــ قايغۇ ـ ھەسرەتتىن خۇدىنى يوقاتقان ئانىسىنى دەسلەپكى دەھشەتلىك ئېغىر مىنۇتتا پېترونىڭ جەسىدى سېلىنغان چانىنىڭ قېشىغا يولاتماسلىق ئىدى. ئالدىنقى چانىنىڭ يېنىدا ئاليوشكا شامىل يالاڭباش مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چولاق قولى بىلەن پاپاخىنى مەيدىسىگە بېسىپ، ئوڭ قولى بىلەن قىل تىزگىننى تۇتۇۋالغان ئىدى. گىرىگورىي ئاليوشكىنىڭ يۈزىگە كۆز سىكمەستىنلا چانىغا قارىدى. مارتىن شامىل پاچالىنىڭ ئۈستىدە يۈزىنى يوقۇرىغا قىلىپ ياتاتتى. يۈزىدە، يېشىل

گىمناستىيوركىسىنىڭ مەيدىسىدە ۋە ئىچىگە تارتىشىپ كەتكەن قوسـ
ـقىدا قان توڭلاپ يېپىشىپ قاپتۇ. 2 ـ چانىدا ئېلىپ كەلگىنى مانىـ
ـتىسكوف بولۇپ چىقتى. چېپىلغان يۈزى پاخال بىلەن پۈركەنگەن.
ئۆزىنىڭ بېشى توڭلاپ كەتكەندەك مۈرىسىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى،
گەجگىسى، ماھىر قول بىر زەربە ئۇرغاندەك پاكىزلا كېسىلىپتۇ.
گىرىگورىي 3 ـ چانىغا قارىدى. ئۇ بۇ چانىدىكى
ئۆلۈكنى تونۇيالمىدى، ئەمما بارماقلىرى تاماكىدىن سارغىيىپ
كەتكەن مومدەك ئاپپاق قولغا دىققەت قىلىپ قالدى. بۇ قول
چانىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ئۆلۈش ئالدىدا كىرىپ بەلگىسىنى
كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن بارماقلىرى بىـ
ـلەن ئېرىگەن قارنى جىجىپ كېلىۋاتاتتى. ئۆلۈكنىڭ پۇتىدا
ئۆتۈك، ئۈستىدە شىنېل بار ئىدى؛ ھەتتا تۇمىغى كۆكرىكىدە
ئىدى. 4 ـ چانىنىڭ ئېتىنى گرىگورىي يۈگىنىدىن شاپپىدە تۇـ
تۇۋېلىپ، چاپقان پېتى ئۇنى ھويلىغا ئېلىپ كىردى. چانىنىڭ
ئارقىسىدىن خوشنىلار، بالىلار، ئاياللار يۈگۈرۈپ كىرىشتى. پەـ
لەمپەينىڭ ئالدىغا كىشىلەر توپى ئولاشتى.

— مانا ئۇ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىمىز پېترو پانتېلېيېـ
ۋىچ! دۇنيادىن سەپەر قىلىپتۇ، — دېدى بىرسى ئاستىلا.

دەرۋازىدىن يالاڭباش ستېپان ئاستاخوف كىرىپ كەلدى.
گرىشاكا يوۋا ۋە يەنە ئۈچ چال نەدىندۇ، بىر يەردىن پەيدا
بولۇشتى. گرىگورىي پەرىشان ھالدا ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

— قېنى، ئۆيگە ئېپكىرەيلى...

چانىنى ھەيدەپ كەلگەن ئادەم پېترونىڭ پۇتىدىن كۆتىرىپ
تۇرۇشىغا، بىر يەردە توپلاشقان ئادەملەر ئۈندىمەستىن ئارقىغا
چېكىنىپ، بوسۇغىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئىلىنىشىغا ھۆرمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بول ئېچىپ بەردى.

ئىلىئىنىشنا چانىغا قاردى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدا ئۆلۈكتەك ئاپپاق رەڭسىزلىك يول - يول بولۇپ پەيدا بولدى، ئىككى مەڭزىنى، بۇرنىنى قاپلىدى، ئاندىن ئېڭىكىگە يامرىدى. تىترەپ تۇرغان پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالغان ئىدى. ئەڭ ئاۋال دوناشكا ھۇشىدىن يېغلىۋەتتى، ئۇنىڭغا يېزىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئەكس سادا قوشۇلدى. دارىيە چېچى چۇۋۇلغان، يۈزى ئىششىغان ھالدا ئىشىكنى جالداقلىتىپ، پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئۆزىنى چانىغا ئاتتى.

— پېتيوشكا! پېتيوشكا! مېھرىۋانىم! تۇرغىنا ئورنۇڭدىن! تۇرغىن!

گىرىگورىينىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— كەت، داشكا! — ئۇ، ئەس - ھوشىنى بىلمەي ياۋايىلارچە ۋاقىرىدى - دە، ھېچنېمىنى ئويلىماستىن، دارىيەنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى.

دارىيە قار دۆۋىسىگە يىقىلدى. گىرىگورىي دەرھاللا پېترونىڭ قولتۇقىدىن ئالدى، چانا ھەيدىگۈچى پۇتىنىڭ تولپۇقىدىن تۇتتى، ئەمما دارىيە يۈلارغا ئەگىشىپ، تۇت پۇتلاپ ئۆمىلەپ پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقتى؛ ئېرىنىڭ ئېگىلمەي، مۇزدەك قاتقان قولىنى سۆيۈپ، تۇتۇپ ماڭدى. گىرىگورىي ئۇنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، ئۇ يەنە بىر دەقىقە ئۆتسە، ئۆزىگە - ئۆزى ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاكىچە دوناشكا دارىيەنىڭ قولىنى مىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىۋېلىپ، ھوشسىز بېشىنى ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە مەھكەم ياقتى...

ئاشخانا ئىنتايىن جىمجىت سۈكۈناتتا قالغان ئىدى. پېترو

پولنىڭ ئۈستىدە غەلىتىلا كىچىك. گويا پۈتۈن بەدىنى قۇرۇپ قالغاندەك ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇرنى دىڭگىيىپ قاپتۇ، بۇغداي رەڭ بۇرۇتى قارىيىپ قالغان، يۈزىنىڭ ھەممە يېرى قاتتىق تارتىشىپ، ھۆسۈن كىرىپ قالغاندەك ئىدى. شالۋۇرنىڭ پاچىقى ئاستىدىن يالىڭاياق موي باسقان پۇتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمىنى ئاستا ئېرىۋاتاتتى، ئاستا قىزغۇچ سۇ يىغىلىپ قالغان. بىر كېچە داۋامىدا توڭلاپ قالغان جەسەت قانچىلىك ئېرىگەنسېرى، قاننىڭ تۇزلۇق ھىدى بىلەن چۈچۈمەل ئۆلۈك پۇرىقى شۇنچىلىك قاتتىق سېزىلىپ تۇراتتى.

. . . . . . . .

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ سارايىنىڭ باستۇرمىسى ئاستىدا تابوتقا تاختا رەندىلەۋاتاتتى. خوتۇنلار كىچىك ھوجرا ئۆيدە تېخىچە ھوشىغا كەلمىگەن دارىيەنىڭ قېشىدا ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئاندا - ساندا شۇ ئۆيدىن بىرسىنىڭ تۇتقاق كېسىلى تۇتقاندەك قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى ئاڭلىناتتى، ئاندىن كېيىن قايغۇغا «ئورتاق» بولۇشقا يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن قۇدا ئايال ۋاسىلىسانىڭ ئېرىقتەك شىلدىرلىغان ئاۋازى قۇلاققا چېلىناتتى. گىرىگورىي ئاكىسى پېترونىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا ئورىغاچ، ئۇنىڭ چەت - چۆرىسى سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە، كۆكەرگەن يۇمۇلاق تىرناقلىرىغا قارايتتى. شۇ تاپتا چوڭ بىر ياتسىراش سوغاقچىلىقى ئۇنى ئاكىسىدىن ئاجرىتىپ تۇراتتى. پېترو ھازىر ئۆز كىشىسى ئەمەس ئىدى، خوشلىشىش ۋاقتى كېلىپ قالغان بىر دەملىك مېھمان ئىدى. ھازىر ئۇ گويا يېرىم نەرسىنى كۈتكەندەك، خاتىرجەم سىرلىق چالا كۈلكىسى بۇغداي رەڭ بۇرۇتىنىڭ ئاستىدا قېتىپ قالغان پېتى، بىر مەڭزىنى يەرگە يېقىپ، بىپەرۋالىق بىلەن ياتاتتى.

ئەتە خوتۇنى بىلەن ئانىسى ئۇنى ئاخىرقى سەپەرگە تەييارلايدۇ.

بىخى ئاخشامدىن تارتىپلا ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇچ چوڭ ئىسسىق سۇ ئىسسىتتى، خوتۇنى پاكىز ئىچ كىيىمنى ۋە ياخشىراق شالۋۇرلىرى بىلەن مۇندىرىنى تەييارلاپ قويىدى. پېترونىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى گىرىگورىي ۋە ئانىسى ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان، يالىڭاچلىقتىن ئۇيالماي ياتقان بەدىنىنى يۇيىدۇ. بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىندۇرۇپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزىدۇ. ئۇندىن كېيىن دارىيە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنى قۇچاقلىغان كەڭ، مۇزدەك قولغا ئەمدى ئۇ، بىر زامانلاردا چېركاۋدا پېترو بىلەن بىللە بۇت قويۇلغان شىرەنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ماڭغانلاردا بۇ ئىككىيلەننى يورۇتۇپ تۇرغان شامنى تۇتقۇزىدۇ، — شۇنىڭ بىلەن كازاك پېترو مېلىخوف جانىجان ئۆيىگە ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغان بىر يەرگە يولغا سېلىنىشقا تەييار بولۇپ تۇرىدۇ.

«سەن، بۇ يەردە، ئانامنىڭ كۆز ئالدىدا قازا تاپقاندىن كۆرە، پىرۇسسىيىگە ئوخشاش يىراق بىر يەردە ئۆلگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ!» — دىدى ئۆز خىيالىدا گىرىگورىي ئاكىسىغا تەنە قىلىپ. شۇنىڭ بىلەن جەسەتكە يالت قىلىپ قاراپ، بىردىن رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى: پېترونىڭ بىر مەڭزىدە بىر تامچە ياش سالپايغان بۇرۇنىغا ئۆمىلەپ باراتتى. گىرىگورىي ھەتتا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ئەمما ئۆلۈككە دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن بىر ئۇھ تارتىپ، يېنىكلىشىپ قالدى: ئەسلىدە بۇ جانسىز كۆزنىڭ يېشى ئەمەس، پېترونىڭ پېشانىسىدىكى مۇزى ئېرىگەن جىنگىلدەك كوكۇلىسىدىن ئاستا مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن بىر تامچە ئىكەن.

# 35

يۇقۇرقى دون بىرلەشكەن قوزغىلاڭچىلار قوراللىق كۈچلىرى قوماندانىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن گرىگورىي مېلېخوف ۋېشېنسكايا پولكىنىڭ كوماندىرلىغىغا تەيىنلەندى. گرىگورىي ئۇن بۆلۈنمە كازاكنى كارگىنسكاياغا ئېلىپ ماڭدى. شتاپ ئۇنىڭغا كارگىنسكايا بىلەن بوكوۋسكايا كەنتلىرىنىڭ چىر دەرياسى بويىغا جايلاشقان بارلىق يېزىلارنى قوزغىتىش ئۈچۈن، قانداق بولمىسۇن لىخاچېۋ ئەترىدىنى تارمار كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئوكرۇگ چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن گرىگورىي 7 ـ مارت كۈنى كازاكلارنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ، قار ئېرىپ، قارا توپراق ئېچىلىپ قالغان دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇن بۆلۈنمە ئەسكەرنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ، چوڭ يولنىڭ سىر چېتىدە، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە يېنىچە مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ، تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ، ئاستىدىكى قىزىپ كەتكەن ئاتنى توختىتىپ تۇراتتى، قېشىدىن دون بويى يېزىلىرىنىڭ: بازكى، بېلوگوركا، ئولشانىسكى، مېركۇلۇف، گرومكوۋىسكى، سېمېنوۋىسكى، رىبېنسكى، ۋوديانىسكى، لىبياژى، يېرىك قاتارلىق يېزىلارنىڭ بۆلۈنمىلىرى ھەربى يۈرۈش رېتى بويىچە كالوننا ـ كالوننا بولۇپ ئۆتۈۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

گرىگورىي پەلىيى بىلەن قارا بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، ئۆلمەك قارچۇغا بۇرنىنى پۇشۇلدىتىپ، قاشلىرىنىڭ قانىتى ئاستىدىن جىددى نەزەر بىلەن بېقىپ، ھەربى بۆلۈنمىنى كۆز ئۇچى بىلەن ئۇزىتىپ تۇردى. پالاخلىغان نۇرغۇن ئات ئاياقلىرى سۇر قار تالقىنىنى چەيلەپ باراتتى. تونۇش كازاكلار گرىگورىينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. پاپاخلىرىنىڭ ئۈستىدە تاماكا تۈتۈنى پاغا - پاغا ئۇچۇپ، ئېرىپ تۈگەيتتى، ئاتلاردىن ھور كۆتىرىلەتتى.

گرىگورىي ئاخىرقى بۆلۈنمىگە قوشۇلۇۋالدى. ئۈچ چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىق چارلىغۇچىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. چارلىغۇچىلارغا باشچىلىق قىلغان ئۇرەدنىك گرىگورىينىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— قىزىللار يول بويلاپ چۇكارىنغا چېكىنىۋاتىدۇ! — دېدى.

لىخاچېۋ ئەترىدى جەڭگە كىرىشمىدى. ئەمما گرىگورىي بۇ ئەترەتنى ئورىۋېلىشقا يان تەرەپتىن ئۈچ بۆلۈنمە كازاكنى ماڭدۇرۇپ، ئۆزى قالغان كازاكلار بىلەن شىۋىنداق قىستاپ باردى. قىزىل ئەسكەرلەر چۇكارىننىڭ ئۆزىدىلا ئات - ھارۋا، ئوق-دورا يەشىكلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. چۇكارىننىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى كىچىككىنە بىر مىسكىن چېركاۋنىڭ قېشىدا لىخاچېۋ ئەترىدىنىڭ باتارېيىسى بىر ئۆستەڭگە تىقىلىپ قالدى. جىلاۋدارلار تاسما - قېيىشلارنى كېسىپ تاشلاپ، دەرەخزارلىقنىڭ ئىچى بىلەن كارگىنىسكاياغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

چۇكارىندىن كارگىنىسكاياغىچە 15 چاقىرىم يولنى كازاكلار جەڭسىز بېسىپ ئۆتتى. ئوڭ تەرەپتە، ياسىنوفكا يېزىسىنىڭ نېرى-

سىدا دۈشمەننىڭ ئاتلىق چارلىغۇچىلىرى ۋېشېنىسكايا لىقلارنىڭ
چارلىغۇچىلىرىنى ئۇققا تۇتتى. ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. كا-
زاكلار چاخچاق قىلىشىپ: «نوۋوچېركاسىسكىچە بارار!» دېيىشەتتى.

گىرىنگورىي قولغا چۈشۈرۈلگەن باتارېيىدىن بەك خوشال
بولدى. «ھەتتا زەمبىرەكلەرنىڭ قۇلۇپىنىمۇ بۇزۇۋېتىشكە ئۈلگۈ-
رەلمەپتۇ» — دەپ ئويلىدى ئۇ مەنىستىمەسلىك بىلەن، تىقىلىپ
قالغان توپلارنى ئۆكۈزلەرگە سۆرىتىپ ئېلىپ چىقىشتى. بۆلۈنمە-
لەردىن شۇ ئاندىلا زەمبىرەكچىلەرمۇ چىقىپ توپلاندى. زەمبىرەك-
لەرنى قوش قاتار قوشۇلغان ئاتلار تارتتى: ھەر بىر توپنى ئال-
تە جۈپ ئات سۆرەپ ماڭدى. باتارېيىنى قوغداشقا بەلگىلەنگەن
ئاجرىتىلغان يېرىم بۆلۈنمە ئەسكەر ياندا ماڭدى.

گۇگۇم چۈشكەندە، بۇلار تېز ھۇجۇم بىلەن كارگىنىسكايانى
ئىشغال قىلدى. لىخاچېۋ ئەترىدىنىڭ بىر قىسمىنى، بۇلارنىڭ
قولىدا قالغان ئاخىرقى ئۈچ زەمبىرەك ۋە توققۇز پىلىموت بىلەن
بىللە قوشۇپ ئەسىرگە ئالدى. قالغان قىزىل ئەسكەرلەر كارگىنىس-
كايانىڭ ئىنقىلاۋىي كومىتېتى بىلەن بىللە بىر قانچە يېزىلارنى
ئارىلاپ، بوكوۋىنسكايا كەنتى تەرەپكە قېچىپ ئۈلگۈردى.

كېچىچە يامغۇر ياغدى. سەھەرگە يېقىن ساي - سايلاردا
سۇ شىلدىرلاپ ئاقتى. يوللار كىشى ئۆتكىلى بولمايدىغان بولۇپ
قالدى: ھەر بىر ئويمان قۇرۇپ قويغان تۇزاقتەكلا ئىدى.
سۇ بىلەن تويۇنغان قار يەرگە ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. ئاتلار تىقىلى-
شىپ قالدى. ئادەملەر ھارغىنلىقتىن يىقىلاتتى.

چېكىنىۋاتقان دۈشمەننى قوغلاش ئۈچۈن گىرىنگورىي ئەۋەت-
كەن ئىككى بۆلۈنمە بازكىلىق خورۇنجى يېرماكوف خارلامپىينىڭ
قوماندىسى ئاستىدا بىر تۇتاش ئىككى يېزىدا — لاتىشېۋسكى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ۋىسلوگوزوۋىسكى يېزىلىرىدا ئارقىدا قالغان 30 چە قىزىل ئەسكەرنى تۇتۇۋالدى؛ ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلارنى كارگىنىسكاياغا ئېلىپ كەلدى.

گىرىگورىي كارگىنىدىكى يەرلىك بىر باينىڭ چوڭ بىر ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. ئەسىرلەرنى شۇ ئۆينىڭ ھويلىسىغا ھەيدەپ كېلىشتى.

يېرماكوف گىرىگورىينىڭ قېشىغا كىرىپ سالاملاشتى ـ دە، دېدى:

— قىزىللارنىڭ 27 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدىم. چاپارمەن ساڭا ئات ئېلىپ كەلدى. ھازىر يولغا چىقامسەن، قانداق؟

گىرىگورىي شىنېلىنىڭ بېلىگە كەمەر باغلاپ، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، پاپاخىنىڭ ئۇچىدە بېسىلىپ قالغان چېچىنى تاردى، شۇندىن كېيىنلا يېرماكوف تەرەپكە بۇرۇلدى.

— ماڭايلى، ھازىرلا يولغا چىقىش كېرەك. مەيداندا يىغىن ئۆيۈشتۇرىمىز، ئاندىن مېڭىپ كېتىمىز.

— يىغىن ئۆتكۈزۈشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بار! — يېرماكوف مۈرىسىنى قىسىپ، كۈلۈپ قويدى. — ئۇلار يىغىنىسىزمۇ ئاللىقاچان ئات ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ئەنە قارا! بۇ يەرگە كېلىۋاتقان ۋېشېنىسكايالىقلار ئەمەسمۇ؟

گىرىگورىي دەرىزىدىن قارىدى. ئىككى بۆلۈنمە ھەر قاتاردا تۆتتىن تىزىلىپ، كارامەت بىر تەرتىپ بىلەن كېلىۋاتاتتى. كازاكلار — سايلامغا ماڭغاندەك، ئاتلىرى كۆرەككە قاتنىشىدىغاندەك.

— ئۇلار نەدىن كەلدى؟ ئۇلارنى قايسى شەيتان ئېلىپ كەلدى؟— دەپ گۇدۇڭلاپ قويدى گىرىگورىي خوشال بولۇپ.

ئاندىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ قىلىچىنى يېنىغا ئاستى.

يېرماكوف ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قوغلاپ يەتتى.

ئالدىنقى بۆلۈمنىڭ كومانىدىرى ئۇ ئاللىقاچان ئىشىككە كېلىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ھۆرمەت بىلەن قولىنى پاپاخىنىڭ چېتىگە تەككۈزدى، ئەمما گىرىگورىيغا قول سۇنۇشقا پېتىنالمىدى.

— يولداش مېلېخوف سىزمۇ؟

— مەن. سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

— بىزنى ئۆز قىسمىڭىزغا قوبۇل قىلىڭ. بىز سىزگە قوشۇلايلى. بىزنىڭ بۆلۈمىمىز مۇشۇ كېچە قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈمە لىخوۋىدوف يېزىسىدىن، قالغان ئىككى بۆلۈمە گىراچېۋ، ئارخىپوفكا ۋە ۋاسىلېفكا يېزىسىدىن.

— كازاكلارنى مەيدانغا ئېلىپ بېرىڭ. ئۇ يەردە ھازىر يىغىن بولىدۇ.

چاپارمەن (گىرىگورىي ئۆزىگە پىروخور زىكوفنى چاپارمەن قىلىۋالغان ئىدى) ئۇنىڭغا ئېتىنى ئېپكېلىپ بەردى، ھەتتا ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ تۇردى. يېرماكوف بۆلەكچە بىر چاققانلىق بىلەن ئېگەرنىڭ قېشىنى ياكى ئاتنىڭ يايلىغا قولىنى تەككۈزە - تەككۈزمەستىن، ياداڭغۇ، تۆمۈردەك بەدىنىنى ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئالدى - دە، ئېتى بىلەن يېقىن كېلىۋېتىپ، شىنېلىنىڭ ئۇچۇق چېكىنى ئېگەرگە جايلاشتۇرۇپ، سورىدى:

— ئەسىرلەرنى قاناداق قىلىمىز؟

گىرىگورىي ئۇنىڭ شىنېلىنىڭ تۈگمىسىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئېگەردىن ئېڭىشىپ، يېقىنراق كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ساغۇچ ئۇچقۇن چاقنايتتى، ئەمما بۇرۇتى ئاستىدا لەۋلىرى يىرتقۇچلارچە كۆرۈنىسمۇ، يەنىلا كۈلۈمسىرەيتتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇيرۇق بەر، ۋېشكىغا ھەيدەپ بارسۇن، چۈشەندىڭمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ قورغاندىن نېرى كەتمەيدىغان بولسۇن!

ئۇ قامچىسىنى كەتتىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇق قورغان تەرەپكە شىلتىدى ـ دە، ئېتىنى ماڭغۇزۇپ كەتتى.

«بۇ پېترو ئۈچۈن ئۇلاردىن ئېلىنغان دەسلەپكى ئىنتىقام» — دەپ ئويلىدى ئۇ ئېتىنى تېزلىتىپ، ئاندىن ھېچبىر سەۋەپسىز، ئاتنىڭ ساغرىسىغا بىر قامچا سالدى، ئاتنىڭ ساغرىسىدا ئاپپاق ئىز پولتىيىپ چىقتى.

## 36

گرىگورىي كارگىنىسكايادىن بوكوۋىسكاياغا قاراپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كۈچلىرى 3500 ئاتلىق ئەسكەرگە يەتكەن ئىدى. شتاپ بىلەن ئوكرۇگ ئىجارىيە كومىتېتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزمۇ ئىز چاپارمەنلەر ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇق ۋە پەرمان يوللىدى. شتاپ ئەزالىرىدىن بىرسى شەخسى خېتىدە سۆزىگە پەداز بېرىپ، گرىگورىيدىن مۇنۇلارنى ئۆتۈنگەن:

«ئەڭ ھۆرمەتلىك يولداش گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! بىزنىڭ قۇلىقىمىزغا مۇدھىش شۇم خەۋەرلەر يېتىپ كېلىۋاتىدۇ، سەن گويا ئەسىرگە چۈشكەن قىزىل ئەسكەرلەر ئۈستىدە رەھىمسىز جازالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپسەن. بوكوۋىسكايا بوسۇغىسىدا خارلامپىي يېرماكوف ئەسىرگە ئالغان 30 قىزىل ئەسكەر سېنىڭ بۇيرۇغۇڭ

بويىچە يوقىتىلغانىمىش — يەنى قىلىچ بىلەن چېپىلغانىمىش. مىش-مىشلەرگە قارىغاندا، مەزكۇر ئەسىرلەر ئىلىق ئىچىدە بىر كومىسسارچاقمۇ بار ئىكەن. ئۇ بىزگە شۇنداق كېرەكلىك ئادەم ئىدىكى، بىز ئۇلارنىڭ كۈچلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەلۇمات ئالغان بولاتتۇق. سەن، قەدىرلىك بولداش، ئەسىر ئالماسلىق توغرىسىدىكى بۇيرۇغۇڭنى بىكار قىل. بۇنداق بۇيرۇق بىزگە ئىنتايىن زىيانلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كازاكلار مۇنداق رەھىمسىزلىككە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ھەمدە قىزىللارمۇ ئەسىرلەرنى چېپىپ تاشلايدىغان، بىزلەرنى ۋەيران قىلىدىغان بولىدۇ، دەپ قورقۇشىدۇ. كوماندىرلىق ۋەزىپىسىدىكىلەرنىمۇ بىزگە تىزدىن يوللاپ بەر، بىز ئۇلارنى ۋېشكىدا ياكى كازانىسكايادا ئاستا يىغىشتۇرۇپ تۇرىمىز، سەن بولساڭ، يازغۇچى پۇشكىننىڭ تارىخىي رومانىدىكى تاراس بولبىغا * ئوخشاش ئۆز بۆلۈنمىلىرىڭنى باشلاپ كېتىۋېتىپ، يولۇڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوت كۈچىگە ۋە قىلىچقا دۇچار قىلىپ، كازاكلارنى دەككە-دۈككىگە سالىسەن. سەن مەرھەمەت قىلىپ، ئېغىر-بېسىق بولغىن، ئەسىرلەرگە ئۆلۈمجازاسى بەرمەي، بىزگە يوللاپ بەر. بىزنىڭ كۈچىمىز ئاشۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىشتا. خوش، شۇنىڭدىن كېيىن ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن. تازىم بىلەن ساڭا سالام يوللايمەن ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭنى كۈتىمەن».

گرىگورىي خەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ تۈگەتمەستىن، يىرتىپ-يىرتىپ، ئاتنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىۋەتتى. كودىنوفنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن بۇيرۇغى مۇنداق ئىدى: «جەنۇپقا، كرۇتېنكى — ئاستاخوف — گرىكوۋو ئۇچاستكىلىرىغا بولغان ھۇجۇمنى دەرھال

* «تاراس بولبا» — ئەسلىدە گوگولنىڭ رومانىدىكى پېرسوناژ بولسىمۇ، بۇ خەتنى يازغۇچى چالا ساۋات بولغانلىقتىن، گوگولنى پۇشكىنغا ئالماشتۇرۇپ قويغان — ت.

قانات يايدۇ. شتاپ كادىرلار فرونتنى بىلەن قوشۇلۇشنى زورۇر دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ، بىتچىت بولۇپ كېتىمىز» — گرىگورىي ئىگەردىن چۈشمەستىن، كودنوفقا مۇنداق جاۋاپ يازدى: «بوكوۋسكايىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاۋاتىمەن. كىرۇتىنكىگە بارمايمەن، سېنىڭ بۇيرۇغۇڭنى ئەخمىقانە دەپ ھېساپلايمەن. مەن ئاستاخوف تەرەپكە كىمگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بارىمەن؟ ئۇ يەردە شامال بىلەن خوخوللاردىن باشقا ھېچكىم يوق».

ئۇنىڭ قوزغىلاڭچىلار مەركىزى بىلەن رەسمىي خەت ـ ئالاقىدە بولۇشى، مانا شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. ئىككى پولكقا بۆلۈنگەن بۆلۈنمىلەر بوكوۋسكايا بىلەن چېگرىداش بولغان كونىكوف يېزىسىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەنە ئۈچ كۈنگىچە گرىگورىيغا يار بولدى. گرىگورىي بوكوۋسكايانى جەڭ بىلەن ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گرىگورىي ئۆز تەۋەككۈلچىلىگى بىلەن كراسنوكۇتسكايىغا قاراپ يول ئالدى. يولنى توسقان كىچىككىنە ئەترەتنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى، ئەمما ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى چېپىشقا بۇيرۇق بەرمەي، ئارقا سەپكە ئەۋەتتى.

9 ـ مارت كۈنى ئۇ پولكلىرىنى چىستاكوفكا يېزىسىغا يېقىن ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا قىزىللارنىڭ قوماندانلىغى، ئارقا سەپتىن تۇغۇلۇۋاتقان تەھلىكىنى سېزىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى بىرقانچە پولك ۋە توپ ـ زەمبىرەكلەر باتارېيىسىنى ئەۋەتتى. چىستاكوف بوسۇغىسىدا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قىزىللار پولكى گرىگورىينىڭ پولكلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. جەڭ ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. گرىگورىي «قورشاۋ»دا قېلىشتىن قورقۇپ، قى ـ

سىملىرىنى كىراسنوكوتسكاياغا ئېلىپ كەتتى. ئەمما 10 - مارت كۈنى ئەتىسگەنكى جەڭدە خوپېرلىق قىزىل كازاكلار ۋېشېنسكايالىقلارنى ئوبدانلا تىرى - پىرەڭ قىلىۋەتتى. ئاتاكىدا ۋە قايتۇرما ئاتاكىدا ھەر ئىككى ياقتىن مەيدانغا چۈشكەن دونلۇقلار يۈزمۇيۈز تۇتۇشۇپ قېلىپ، بىر - بىرلىرىنى راسا چېپىشتى. گىرىگورىي جەڭدە ئېتىدىن ئايرىلىپ، بىر مەڭزى قىلىچتا تىلىنغان پېتى پولكلىرىنى ئۇرۇشتىن ئېلىپ چىقىپ، بوكوۋسكاياغا چېكىندى.

كەچقۇرۇن ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن بىر خوپېرلىقنى سوراق قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تېپىكىنسكايانىڭ ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان بىر كازاكى تۇراتتى، ئۆزى ئاق سېرىق، تار كۆكرەكلىك، شىنېلىنىڭ قايرىما ياقىسىغا بىرنەچچە تال قىزىل لاتا تاقىۋالغان. ئۇ سوئاللارغا مەمنۇنلۇق بىلەن جاۋاپ بەردى، ئەمما زومۇزو دېيىشىدا كۈلۈمسىرەيتتى.

— تۈنۈگۈن ئۇرۇشقا قايسى پولكلار قاتناشتى؟

— بىزنىڭ ستېپنكارازىن نامىدىكى 3 - كازاك پولكىمىز. خوپېر ئوكرۇگىنىڭ دېيەرلىك ھەممە كازاكلىرى ئاشۇ پولكتا. يەنە 5 - زائامۇر پولكى، 12 - ئاتلىق پولك ۋە 6 - مىتسېنسكى پولكى بار.

— ئومۇمى كوماندا بىرىشنى كىم ئۈستىگە ئالغان؟ كىكۋىدزى[*] دېيىشىدىغۇ؟

— ياق، تەرمە ئەترەتكە يولداش دومىنچ قوماندانلىق قىلغان.

---

*كىكۋىدزى ۋاسىلى ئىدورووۋىچ (1886 — 1919) — ئىنقىلاپچى، بولشېۋىك، گىرازدانلار ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى. 1919 - يىل 11 - فېۋرالدا يارىژىنسكايا كەنتىنىڭ بىر رايونىدا بولغان جەڭدە قازا تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئىلتىماسى www.uyghurkitap.com

— ئوق - دوراقلار كۆپمۇ؟

— ھېسابسىز.

— زەمبىرەكلەرچۇ؟

— سەككىز ئۆپچۆرىسىدە.

— سىلەرنىڭ پولك نەدىن يۆتكەپ كېلىندى؟

— كامېنسكايا يېزىلىرىدىن.

— نەگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنمىدى؟

كازاك ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما ھەرھالدا جاۋاپ بەردى. گىرىگورىي خوپېرلىقلارنىڭ كەيپىياتىنى بىلگۈسى كېلىپ قالدى.

— كازاكلار ئۆز ئارا پاراڭلاشقاندا نېمە دېيىشىدۇ؟

— ھارغۇمىز كەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ...

— بىزنىڭ نېمىگە قارشى قوزغالغانلىقىمىزنى پولكتىكىلەر بىلەمدۇ؟

— بۇنى نەدىن بىلسۇن؟

— ئۇلار نېمىشقا مېڭىشنى خالىمىغان ئىدى؟

— سىزلەرمۇ كازاك ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش قىلىشتىن تازا تويدۇق. بىز باشتا قىزىللار بىلەن كەتكەچكە ھازىرغىچە كۆنىمىز مۇشۇ ھالدا.

— بەلكىم، بىزدە خىزمەت قىلارسەن؟

كازاك تار مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— ئىختىيار ئۆزىڭىزدە! ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم تازا تارتماي تۇرىدۇ...

— خوپ، بارغىن، ئاياللىرىڭنىڭ قېشىغا قويۇۋېتىمىز... سېغىنغانسەن، بەلكىم؟

گىرىگورىي كۆزلىرىنى قىسىپ، كىتىۋاتقان كازاكنىڭ ئارـ
قىسىدىن قاراپ تۇردى ـ دە، پىروخورنى قىچقاردى. ئۇزاق
تاماكا چەكتى، ئۇنچىقمىدى. ئاندىن دەرىزىنىڭ قېشىغا كەلدى،
پىروخورغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن بۇيرۇق
قىلدى:

— باللارغا ئېيت، بايىقى مەن سوراق قىلغان كازاكنى
ئاستا باققا ئېلىپ بارسۇن. قىزىل كازاكلارنى مەن ئەسىرگە
ئالمايمەن! — گىرىگورىي تېپىرلاپ تۇرغان پاشنىسى بىلەن تاق
قىلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى، — دەرھاللا ئۇنى ... ماڭ
تېز!

پىروخور كەتتى، گىرىگورىي دەرىزە ئالدىدىكى تاش ئالمىـ
نىڭ چۈرۈك شېخىنى سۇندۇرۇپ، بىر مىنۇتتەك تۇردى ـ دە،
ئاندىن دەرھاللا پېشايۋانغا چىقتى. پىروخور ئامبارنىڭ قېشىدا
ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان كازاكلار بىلەن ئاستا سۆزلىشىۋاتاتتى.

— ئەسىرنى قويۇپ بېرىڭلار! ئۇنىڭغا يول خېتى يېزىپ
بەرسۇن، — دېدى گىرىگورىي كازاكلارغا قارىماستىن. شۇنىڭ
بىلەن خانىسىغا قايتىپ كىرىپ، كونا بىر ئەينەكنىڭ ئالدىدا
ئىسەنكىرەپ، قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يايدى.

ئۇ نېمىشقا سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەسىرنى قويۇپ بې-
رىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. چۈنكى ئۇ بايا
«ئايالىڭنىڭ قېشىغا قويۇۋېتىمىز... بارغىن!» — دەپ تىل
ئۇچىدىلا ھىجىيىپ سۆزلىگەندە، دەرھاللا پىروخورنى قىچقىرىپ،
خوپپېرلىقنى باغ ئىچىدە جۆندىۋېتىش توغرىلىق بۇيرۇق بېرىدىـ
غانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى، شۇڭا مەلۇم ۋاقىت كۆڭلىدە بىر نەرسىـ
گە قانائەتلىنىشتەك ئىچ قارىلىق بىر تۇيغۇنى باشتىن كەچۈرـ

گەن ئىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكى بىرئاز ئەلەم قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىگە تۇيۇقسىز كىرىۋېلىپ، دۈشمەننى ئازات قىلدۇرۇۋەتكەن نەرسە — ئويلانمىغان رەھىمدىللىك بولماي نېمە؟ ئەمما ئەينى زاماندا بۇ قىلغان ئىشى ئۇنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلغاندەك بولاتتى... بۇ ئىش قانداق يۈز بەردى؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئەڭ ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۇ تۈنۈگۈنلا كازاكلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇژىك — دۈشمەن. ئەمما قىزىللارغا ئەگىشىپ كەتكەن كازاك ئىككى ھەسسە دۈشمەن! قولغا چۈشكەن كازاكقا، ئىشپىيون سۈپىتىدە، سوت قىسقا: بىر - ئىككى — جېنى جەھەننەمگە يوللانسۇن.»

گرىگورىي ئاشۇ ھەل قىلىنمىغان، ئىچىنى ئېچىشتۇرىدىغان قارىمۇ قارشىلىق بىلەن، ئۆز ئىشىنىڭ ناتوغرىلىقىغا قارشى باش كۆتەرگەن تۇيغۇ بىلەن ئۆزى جايلاشقان ئۆيدىن سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ قېشىغا چىر پولكنىڭ كوماندىرى — يۈز - چىرايى تۇتۇق، ئەستە قالغۇدەك ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكىمۇ يوق ئۇزۇنتۇرا ئاتامانچى بىلەن ئىككى دولۇنمە باشلىقى كەلدى.

— يەنە يارىدەمچى كۈچلەر كېلىپ قوشۇلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى پولك كوماندىرى كۈلۈمسىرەپ، — داپولرفتىن، يابلونوۋو ئۆستەڭدىن، گۇسىنكادىن 3000 ئاتلىق كەلدى، بۇنىڭدىن باشقا ئىككى پىيادىلەر بۆلۈنمىسىمۇ بار. ئۇلارنى نەگە جايلاشتۇرىسەن، پانتېلېيېۋىچ؟

گرىگورىي لىخاچېۋدىن تارتىۋالغان ماۋزۇر بىلەن چىرايلىق داللا سومكىسىنى ئېسىپ، ھويلىغا چىقتى. كۈن يەر - جاھاننى ئىسسىتىپ تۇراتتى. ئاسمان يازدىكىدەك ئېگىز، كۆپ - كۆك ئىدى



www.uyghurkitap.com

ۋە ئاپپاق ماۇقتەك بۇلۇتلار يازدىكىدەك ھەنۇپقا كۆچۈۋاتـاتتى.
گىرىگورىي كېڭەشىش ئۈچۈن بارلىق كوماندىرلارنى بىر تار كوچىـغا يىغدى. 30 غا يېقىن ئادەم جەم بولدى. ئۇلار ئۆرۈلۈپ چۈشـكەن قاشانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى، بىرسىنىڭ تـاماكا خالتىسى قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇردى.
ـــ قانداق پىلان تۈزىمىز؟ بىزنـى چىستاكـوفتىن قىستـاپ قويغان ئاۋۇ پولكلارنى قـايسى يول بىلەن بىتچىت قىلىپ تاشلاش كېرەكۋە قاياققا قاراپ يول ئالىمىز؟ـــ دەپ سورىدى گىرىگورىي، شۇنىڭ بىلـەن بىللـە ئـۇ كـودىنوفنىڭ بـۇيرۇغىنىڭ مەزمۇنىنى بەتكۈزدى.
ـــ بىزگە قارشى بولغانلارنىڭ سانى قانچە ئىكەن؟ ئەسىرـدىـن سـوراپ بىلىـۋالمىدىڭمۇ؟ ـــ دەپ سـورىـدى بـۆلـۈنمـە باشلىقلىرىدىن بىرسى بىر ئاز ئۈندىمەي تۇرغاندىن كېيىن.
گىرىگورىي ئۆزلىرىگە قارشى پـولكلارنى سـانـاپ ئـۆتتى. دۈشمەننىڭ ملتىق ۋە قىلىچ بىلەن قـوراللانغـان ئـادەملىرىنىڭ سانىنى تەخمىنەن مۆلچەر بىلـەن تېز ھېساپلاپ چىقتى. كـازاكلار ئۈنچىقىشمايتتى. كېڭەشتە ئويلانماستىن كالتە پەملىك بىلەن بىرەر سۆز قىلىپ قويۇشقا بولمايتتى. شـۇڭـا گـىراچېۋىسكى يېزىسىدىن كەلگەن بۆلۈنمە باشلىغى مۇنداق دېدى:
ـــ كىچىككىنە توختاپ تۇر، مېلېخوف، ئـويلىنىۋالايلى. بـۇ قىلىچ بىلەن بىرلا چاپىدىغان ئىش ئەمەسقۇ. تامغا ئۇسۇۋالمايلى.
بىرىنچى بولۇپ سـۆز باشلاپ بەرگەن ئاشۇ بـولدى.
گىرىگورىي ھەممەيلەننىڭ سۆزىگە دىققـەت بىلـەن قـۇلاق سالدى. سۆز قىلغانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ پىكرى مـۇۋەپپەقىيـەت قازانغان تەقدىردىمۇ يىراققا ئۈزاپ كەتمەي، مۇداپىئـە ئـۇرۇشى

ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. لېكىن چېرىلىقلاردىن بىرسى قوزغىلاڭچىلار كۈچلىرى باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇغىنى قىزغىن قۇۋۋەتلەپ، مۇنداق دېدى:

— بىزگە بىر يەردە تۇرۇۋېرىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. مېلېخوف بىزنى دونېتىس تەرەپكە باشلاپ بارسۇن. سىلەر نىمە بولدۇڭلار، ئەقىلىڭلاردىن ئاداشتىڭلارمۇ؟ بىز كىچىككىنە بىر توپ ئادەم. بىزنىڭ ئارقىمىزدا پۈتۈن رۇسىيە تۇرۇپتۇ. بىز قانداق پۈت تىرەپ تۇرالايمىز؟ ئۇلار ئۇستىمىزگە بېسىپ كەلسە تۈگىشىپ كېتىمىز! يېرىپ ئۆتۈش كېرەك! ئوقلىرىمىز ئاز بولسىمۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرىمىز. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك! بىر قارارغا كېلىڭلار!

— خوش، خەلقنى نەگە قويىسەن؟ ئاياللار، قېرىلار، بالىلارنى قانداق قىلىسەن؟

— ھەي، ئۇلار قالامدۇ!

— سېنىڭ بېشىڭ ئەقىللىق بولسىمۇ، بىر ئەخمەقنىڭ بويىنىغا پۈتكەن ئىكەن!

شۇنىڭغىچە، قاشانىڭ چېتىدە ئولتۇرغان كوماندىرلار پىچىرلىشىپ، يېقىنلىشىپ كېلىشىۋاتقان ئەتىيازلىق يەر ھەيدەش توغرىلىق، ئەگەر دۈشمەن سەپىنى يېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئېگىلىك ئىشلىرىنىڭ نىمە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئەمما ھىلىقى چېرىلىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممىسى ۋاقىراپ - جاقىرىشىپ كەتتى. كېڭەش خۇددى يېزىدىكى ئاممىۋى يىغىندەك بىردىنلا شاۋقۇنلۇق تۈس ئالدى. ناپولوفتىن كەلگەن قېرى بىر كازاك ئۈنىنى ھەممىدىن يۇقۇرى چىقىرىپ، مۇنداق دېدى:



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئۆزىمىزنىڭ قاشا تېمىمىزدىن ھېچ يەرگە بارمايمىز!
مەن بىرىنچى بولۇپ ئۆز بۆلۈنمەمنى يېزىغا ئېلىپ كېتىمەن!
ئۇرۇشساق، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئۇرۇشىمىز. باشقىلارنىڭ جې-
نىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇشمايمىز!

— سەن كانىيىمدىن ئالما! مەن ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇر-
غا قويۇپ باقسام، سەن نىمە ۋاقىرايسەن!

— تولا گەپنىڭ نىمە پايدىسى!

— دۇنېتسقا كودىنوفنىڭ ئۆزى بارسۇن!

گىرىگورىي گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بېسىلىشىنى كۈتكەندىن
كېيىن تالاش ـ تارتىشنىڭ تارازىسىغا ھەل قىلغۇچ سۆزنى
قويدى:

— فۇرونتنى بىز مەشەدە تۇتۇپ تۇرىمىز! كىراسنو كو-
تىسكايا بىزگە قوشۇلسا، ئۇنىمۇ مۇداپىئە قىلىمىز! ھېچ يەرگە
بارمايمىز، كېڭەش تۈگىدى. ئۆز بۆلۈنمەڭلارغا قايتىڭ-
لار! ھازىرلا پوزىتسىيىگە چىقىمىز.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ باش ـ ئا-
يىغى يوق زور ئېقىمى كوچىلاردىن گۈرۈلدەپ ئۆتكەندە، گىرىگورىي
ۋۇجۇدىدا مەغرۇرانە بىر خىل خوشاللىق پەيدا بولغانلىغىنى چوڭقۇر
ھېس قىلدى: ئۇ تېخى ھېچقاچان مۇنچىلىك نۇرغۇن ئادەمگە
قوماندان بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئەمما ئابرويپەرەس خوشاللىق
بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېغىر ئەندىشە، ئاچچىق غەم-
غۇسسە ئورۇن ئالغان ئىدى: شۇنچىلىك كۈچلەرگە كۆڭۈلدىكىدەك
باشچىلىق قىلىش قولىدىن كېلەمدۇ؟ نەچچە مىڭلىغان كازاكلار-
نى باشقۇرۇپ كېتەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ قول ئاستىدا بۆلۈنمە ئەمەس،
دىۋىزىيە تۇرۇپتۇ. مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئۈستىدە ئۆز

www.uyghurkitap.com

مۆكۈمىرانلىغىنى يۇرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن بولغان مۇقەددەس جاۋاپكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، ئۇنىڭ، چالا ساۋات بىر كازاكنىڭ قۇربى يېتىدىغان ئىشمۇ؟ «ئەڭ مۇھىم نەرسە — ئۇلارنى كىمگە قارشى باشلاپ بارىمەن؟ ھەلققە قارشى ... كىمنىڭ توغرا؟!»

گرىگورىي چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۆزلۈكسىز سەپ بولۇپ ئۆتۈۋاتقان بۆلۈنمىلەرنى كۆزدىن ئۆتكۈزەتتى. ۋۇجۇدىدىكى مەس قىلغۇچى ھاكىمىيەت كۈچى ئەمدى ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن نۇرى ئۆچتى. ئەندىشە، غەم - غۇسسە، كۆتىرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئارتىپ، يەلكىسىنى مۈكچەيتىپ، ئۈستىدە قېپقالدى.

## 37

باھار دەريا تومۇرلىرىنىڭ يولىنى ئېچىۋەتتى. كۈنلەر مەنالىق، تاغ سۈيىنىڭ يېشىل تاشقىنلىرى جاراڭلىق بولۇپ قالدى. قۇياش سېزىلەرلىك دەرىجىدە قىزىل تۈسكە كىردى، ئۇنىڭدىكى زەئىپ سېرىق بوياق ئاينىغان. ئاپتاپنىڭ قىلنىرىغى توكلىشىپ، ئەمدىلىكتە ئىسسىغى بىلەن سانچىيدىغان بولۇپ قالدى. چۈش ۋاقتىدا، يالىڭاچلىنىپ قالغان شۇدىگەردىن ھور كۆتىرىلەتتى. تۆشۈك - تۆشۈك، بىلىقنىڭ تەڭگىسىدەك پاقىراپ تۇرغان قار كۆزنى چىدىغۇسىز چاقناتاتتى. چۈچۈمەل

ئەملىك سىلەن تويۇنغان ھاۋا قويۇق ۋە خۇش پۇراق ئىدى.

قوياش كازاكلارنىڭ دۇمبىسىنى ئىسسىتاتتى. ئىگەرنىڭ تەگلىگى يېقىملىق ئىللىپ قالغان، كازاكلارنىڭ قوڭۇر مەگزىلىرىنى نەم شامال ھۆل قىلىۋەتكەن. بەزىدە شامال قارلىق دۆڭنىڭ ئۈستىدىن سوغاقنى ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما ئىللىق ھاۋا قىشنى يېڭەتتى. ئاتلار باھار پەردىسىگە ئويناقلاپ ماڭاتتى، ئاينىغان تۆكلىرى تۆكۈلەتتى، ئاتنىڭ تەرى بۇرننى ئېچىشتۇراتتى.

كازاكلار ئاتلارنىڭ تال - تال قۇيرۇغىنى ئەمدى تۈگۈپ قويغان. ئاتلىقلارنىڭ ئۇچىسىدا تۆگە يۇڭىدىن تىكىلگەن قولاقچىلىرى ئەمدىلىكتە كېرەكسىز لىكىلداپ تۇراتتى، پاپاخلىرىنىڭ ئاستىدا ماڭلايلىرى نەملىشەتتى، شۇنداق قىلىپ، كالتە جۇۋا بىلەن ئىللىق چەكمەننىڭ ئىچى تېخىمۇ ئىسسىشقا باشلىدى.

گىرىگورىي پولكنى يازلىق چوڭ يول بىلەن ئېلىپ ماڭدى. يىراقتا، شامال تۈگمىنىنىڭ چاقىيەلەك قاناتلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە، قىزىللارنىڭ ئىسكادرونلىرى چېچىلىپ، كەڭ سەپ يايغان ئىدى: سىۋىردوف يېزىسىنىڭ يېنىدا جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

گىرىگورىي بىر چەتتە تۇرۇپ، ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىشنى تېخى تىگىشلىك دەرىجىدە بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزى ۋېشىېنىسكايالىق بۆلۈنمىلەرنى جەڭگە باشلاپ بېرىپ، ئەڭ خەتەرلىك يەرلەرگە ئۇرۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئومۇمى باشقۇرۇشسىز ئېلىپ بېرىلدى. ھەر پولك، ئالدىن كېلىشىپ قويۇلغان ئەھدىلەرنى بۇزۇپ، ئەھۋالغا قاراپ، ئۆز ئالدىغا ھەركەت قىلىشتى.

فىرونت يوق ئىدى. بۇ ھال مانېۋىرنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئىمكان بېرەتتى.



—... ئۇلارنى كىمگە قارشى باشلاپ بارىمەن؟ خەلققە قارشى... كىمنىڭ توغرا؟

(428 – بەتكە)

ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈگى (گرىگورىينىڭ ئەترىتىدە ئاتلىقلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى) ئەڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىق ئىدى. گرىگورىي بۇ ئارتۇقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشنى «كازاكچە» ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىشقا: قىزىللارنى ئىككى قاناتتىن ئورىۋېلىشقا، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، كارۋان ھارۋىلىرىنى بىتچىت قىلىشقا، قىزىللارغا كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، ۋەھىمە تۇغدۇرۇش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا بەل باغلىدى.

ئەمما سىۋىردوف بوسۇغىسىدا باشقىچە ھەرىكەت قىلىشقا قارار قىلدى: ئۇ بۆلۈنمىلەرنى تېز يۈرۈش بىلەن پوزىتسىيىگە ئېلىپ چىقتى، بىر بۆلۈنمىنى يېزىدا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا ئاتتىن چۈشۈپ دەرەخزارلىق ئىچىدە پىستۇرما قۇرۇپ يېتىشقا، ئاتباقارلارنى بۇرۇنراق يېزىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەۋەتىپ، ئاتلارنى قورالارغا جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى، ئۆزى ئىككى بۆلۈنمە بىلەن شامال تۈگمىنىدىن يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان يەردىكى ئېگىزلىككە تېز چېپىپ چىقتى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇشقا كىرىشتى.

ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن قىزىل كاۋالېرىيىنىڭ كۈچى ئىككى ئىسكادىروندىن كۆپرەك ئىدى. ئۇلار خوپېرلىقلار ئەمەس ئىدى، چۈنكى گرىگورىي دۇربۇن بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى دون نەسىللىك ئات ئەمەس، قۇيرۇغى كېسىك پاكار ئاتلار ئىكەنلىكىنى كۆردى. كازاكلار ھېچقاچان ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى كېسىپ، ھۆسنىنى بۇزمايتتى. دېمەك، 13 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ياكى يېڭىدىن كەلگەن قىسىملار بولۇشى مۇمكىن.

گرىگورىي قىرنىڭ ئۈستىدىن دۇربۇن ئارقىلىق ئەتراپتـ

كى يەر شارائىتىغا قاراپ چىقتى. ئىنگەر ئۈستىدىن يەر ئۈنىڭغا ھەمىشە كەڭ كۆرۈنەتتى ھەمدە ئۆتتۈگىنىڭ تىۋمشۇغى ئىۋزەڭگىگە تىرەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئىشەنچلىك ھېس قىلاتتى.

ئۇ چىر دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە 3500 كاۋاكىنىڭ قوڭۇر تاغ قىرىدەك ئۇزۇن كالۇننا بولۇپ يۇرگەنلىكىنى كۆردى. بۇ كالۇننا ئاستا ئەگرى - بۈگرى يىلان ئىزىدەك ئېدىرنىڭ ئۈستىگە كۆتىرىلىۋاتاتتى، ئۇلار شىمالغا، يېلانىسكى بىلەن ئۈست - خوپېرىسكى ئايماقلىرىنىڭ چېگرىسىغا قاراپ يول ئېلىپ، ئۇ يەردە ئۈست - مېدۋېتسادىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى جەڭگە كىرىپ، كۆرەشتە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن يېلانىسكىلىقلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

ئاتاكىغا ھازىرلانغان قىزىللار سېپى گىرىگورىيدىن بىر يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. گىرىگورىي ئالدىراشلىق بىلەن — كونا ئۇسۇل بويىچە — ئۆز بۆلۈنمىلىرىنى ئۇزۇن سەپكە قانات يايدۇردى. كازاكلارنىڭ ھەممىسىدىلا نەيزە بار ئەمەس ئىدى، نەيزە يوقلىرىمۇ بار ئىدى، ئەمما نەيزە بارلىرى 1 - سەپكە چىقىپ، ئون سارجىن ئالدىدا ماڭدى. گىرىگورىي 1 - سەپنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپ، يېنىچە يېرىم بۇرۇلدى - دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇردى.

— ئۇششاق چېپىش بىلەن ئالغا مارش!

دەسلەپكى مىنۇتتىلا ئاستىدىكى ئېتى ئايغىنى قارقاپلىغان سۇغۇرنىڭ كامىرىغا تىقىۋېلىپ، پۇتلىشىپ كەتتى. گىرىگورىي ئىنگەرنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى ئوڭلىۋالدى. ئاچچىغىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ، قىلىچىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېتىنى قاتتىق بىرنى سالدى. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى ۋېشېنسكايالىق بىر كازاكتىن ئالغان

ياخشى، شوخ جەڭ ئېتى ئىدى، لېكىن گىرىگورىي ئۇنىڭغا كۆڭلىدە ئىشەنمەسلىك بىلەن قارايتتى. ئۇ بۇ ئاتنىڭ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۆزىگە ئۈگىنەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، گىرىگورىينىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى ئۈگىنىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يات ئاتنىڭ ئۆزىنى بىردىنلا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى، چىستاكوۋو بوسۇغىسىدا ئۆلگەن ئېتى كىچىككىنە تىزگىنىنىڭ مىدىرلىشى بىلەن ھەممىنى ئۇقۇپ تۇراتتى. قىلىچنىڭ زەربىدىن كېيىن قېنى قىزىغان ئات تىزگىنىگە بويسۇنماي، ئۇچقاندەك چېپىپ كېتەتتى ـ دە، گىرىگورىينىڭ ئىچى مۇزدەك سوۋۇدى، ھەتتا بىر ئاز گاڭگىراپ قالدى. «بۇ ئات ماڭا ئىش تېرىپ بېرەمدۇ ـ نېمە!» ـ دىگەن پىكىر ئۇنى تىكەندەك سانچىپ ئۆتتى. ئەمما ئات ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى ۋە يۈرۈشى بىر ئىزغا چۈشۈپ، ئازغىنا قول ھەركىتىگە بويسۇندىغان بولغانسېرى گىرىگورىي شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئالدى تەرەپتىن پىتراپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان سەپلىرىدىن بىر دەقىقە نەزىرىنى ئۈزۈپ، ئاتنىڭ بويىنىغا كۆز يۈگۈرتكەن ئىدى، ئاتنىڭ جەرەن قۇلاقلىرى ئاچچىق ئەلەمدە قاتتىق سىقىلىپ قاپتۇ، سوزۇلغان بويىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك دىر ـ دىر تىترەيتتى، گىرىگورىي ئىگەرنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، كۆكرىكىگە تەشنالىق بىلەن ھاۋانى سۈمۈردى، ئۈتۈكلىرىنى ئۈزەڭگىگە ئىچكىرىرەك تىقىپ، ئارقىسىغا قارىدى، ئۇ ئارقىسىدا ئات ئۈستىدىكى ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ زىچ بىرىكىپ، شىددەت بىلەن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىر قانچە قېتىم كۆرگەندە، ۋۇجۇدىنى ھەر قېتىم قانداقتۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ياۋايى، غەيرىي ئىنسانىي ھاياجانلىنىش تۇيغۇسى قاپلاۋاتقانلىقىدىن

قورقۇپ، يۈرىگى سىقىلىپ كەتتى. ئۇ ئاتىنىڭ بېشىنى قويۇپ بەرگەندىن تارتىپ، تاكى دۈشمەنگە ئۇچقاندەك يېتىپ بارغانغا قەدەر، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر دەقىقىسى بولاتتى. ئاشۇ قورقۇنچلۇق دەقىقىدە پەم ـ پاراسەت، سوغاق قانلىق، ئېھتىياتچانلىق دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى گىرىگورىيدىن نېرى قاچاتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ھايۋانىي بىر تۇيغۇ پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى. ئەگەر بىرسى ئاتاكا ۋاقتىدا گىرىگورىيغا بىر چەتتە تۇرۇپ قاراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇ ئادەم گىرىگورىينىڭ پۈتۈن ھەركىتىنى، ئېھتىمال، سوغاق قانلىقى ۋە زىرەك ئەقلى باشقۇرسا كېرەك، دەپ ئويلىغان بولاتتى، چۈنكى سىرتقى كۆرۈنۈشتە بۇ ھەركەتلەر دادىل، ئىشەنچلىك ۋە تەپسىلى ھېساپقا ئېلىنغان ھەركەتلەردەك ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ناھايىتى تېز يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئاتلارنىڭ، ئات ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ فىگۇرلىرى چوڭىيىشقا باشلىدى. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سەپلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغان كىچىككىنە بىر پارچە قورايلىق، قارقاپلىغان يېزا يايلىقى ئات تۇياقلىرى بىلەن يوقىلىپ كېلىۋاتاتتى، گىرىگورىي تەخمىنەن ئۈچ ئات ئۇزۇنلۇقىدا ئۆز ئىسكادرونىنىڭ ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىگىز قاراتورۇق ئات ئۈششاق بۆرە چېپىشىدا سوكۇلداپ كېلىۋاتاتتى، ئاتلىق ئوفىتسېرلىك قىلىچىنى ھاۋادا ئوينىتاتتى، كۈمۈش غىلاپ پولاقلاپ، ئۈزەڭگىگە ئۇرۇلۇپ، ئاپتاپتا ۋال ـ ۋال پاقىراپ تۇراتتى. بىر سېكۇنتتىن كېيىن ئاتلىقنى تونۇدى، بۇ چەت شەھەردىن كەلگەن كارگىنسكايالىق

كوممۇنىست پېترو سېمىگىلازوف ئىدى. 1917 ـ يىلى ئۇ گىرمان سوقۇشىدىن بىرىنچى بولۇپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا 24 ياشلىق يىگىت ئىدى، ئايىغىغا بۇرۇن ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان پايتىما ئورىۋالغان؛ سېمىگىلاروف فورونتتىن بولشېۋىكلىك ئېتىقات ۋە جەڭ مەيدانىنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇ شۇ پېتى بولشېۋىك بولۇپ قېلىۋەردى، قىزىل ئارمىيىدە خىزمەت قىلدى ۋە قوزغىلاڭ كۆتىرىلىشتىن ئىلگىرى ھەربى قىسىمدىن كەنتكە سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. مانا شۇ سېمىگىلازوف ئېتىنى ئىشەنچ بىلەن باشقۇرۇپ، تىنىتىش ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرگەن، پەقەت پاراتقىلا يارايدىغان ئوفىتسىرلىك قىلىچىنى سۆرەتتىكىدەك پۇلاڭلىتىپ، گىرىگورىينىڭ ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

گىرىگورىي مەھكەم چىشلىگەن چىشلىرىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ، تىزگىننى سەل كۆتەرگەن ئىدى، ئېتىمۇ يۈرۈشنى تېزلەتتى.

گىرىگورىينىڭ ئاتاكىدا ئىشلىتىدىغان ئۆزىگە خاس بىرلا مانېۋىرى بار ئىدى. بۇ مانېۋىرنى ئۇ ئۆز ھېسسىياتى ياكى كۆز قارىشى ئارقىلىق كىچىك دۈشمەننى بىلىۋالغان چاغدا ياكى بىرسىنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، قانداقلا بولمىسۇن بىر زەربە بىلەن ئىشنى تامام قىلىمەن، دەپ نىيەت بېكىتكەن چاغدىلا قوللىنىدىغان ئىدى. گىرىگورىي باللىق چېغىدىن تارتىپ سولخاي ئىدى. ئۇ قوشۇقنىمۇ سول قولى بىلەن تۇتاتتى، چوقۇنغاندىمۇ يەنە شۇ قولى بىلەن چوقۇناتتى. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۇنى قاتتىق ئۇراتتى. ھەتتا ئۆزى بىلەن تەڭ قۇر باللار ئۇنىڭغا «گىرىشكا سولخاي» دەپ لەقەم قويغان ئىدى. ئۇرۇش

ۋە تىللاشنىڭ كىچىك ياشتىكى گىرىشكىغا تەسىرى بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇن ياشتىن ئارتىپ «سولخاي» دېگەن لەقەم بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئورنىغا سول قولىنى ئىشلىتىدىغان ئادىتى قېپقالغان ئىدى. ئەمما تا هازىرغىچە ئۇ ئوڭ قولى بىلەن قىلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى سول قولى بىلەن قىلىۋېرەتتى. سول قولى، ھەتتا ئوڭ قولىدىن كۈچلۈكرەك ئىدى. گىرىنگورىي ئاتاكىدا ھەمىشەم مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىزچىل رەۋىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، ئادەتتە ھەممە كىشىگە ئوخشاش، نىشانغا ئېلىنغان دۈشمەننى ئوڭ قولى بىلەن چېپىش ئۈچۈن ئېتىنى دۈشمەننىڭ سول تەرىپىدىن ئېلىپ باراتتى؛ گىرىنگورىي بىلەن ئېلىشماقچى بولغان دۈشمەنمۇ شۇنداق قىلاتتى. قاچانكى دۈشمەننىڭ ئۇن سارجىندەك بەر قالغاندا، دۈشمەن يان تەرەپكە تەمشىلىپ قىلىچىنى كۆتەرگەندە، گىرىنگورىي قىلىچىنى دەرھال سول قولىغا تاشلاپ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئەپچىللىك بىلەن شارتلا بۇرايتتى ـ دە، ئوڭ تەرەپتىن بېسىپ كېلەتتى. گاڭگىراپ قالغان دۈشمەن باشقا ھالەتكە ئۆتۈپ قالغانلىقتىن، ئېتىنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوڭدىن قىلىچ ئۇرۇش ئۇنىڭغا ئوڭايسىز بولاتتى، شۇڭا ئۇ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قوياتتى، ئۇنىڭغا ئەجەل يۈزلىنەتتى... گىرىنگورىي دەھشەتلىك بىر زەربە بىلەن چېپىپ تاشلاپ، قىلىچىنى ئاستا سۇغۇرۇۋالاتتى.

كۆكۈلا چاچ گىرىنگورىيغا «باكلانوۋ»چە قىلىچ چېپىشنى ئۆگەتكىنىگە ئۇزۇن زامان بولۇپ قالدى. ئىككى ئۇرۇش جەريانىدا گىرىنگورىي قولىنى خېلىلا چىنىقتۇرغان ئىدى. قىلىچتىن پايدىلىنىشنى بىلىش ـــ سايانىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش ئەمەس. ئۇ قىلىچ چېپىش تېخنىكىسىدا كۆپ نەرسىگە ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com

گرىگورىي قىلىچىنى ھەش - پەش دېگۈچە قولدىن - قولغا يۆتكەش ئۇڭاي بولسۇن ئۈچۈن قىلىچ بېغىنى بېغىشىغا ھەرگىز ئۆتكۈزمەيتتى. قاتتىق زەربە ئۇرغاندا، قىلىچنىڭ يانتۇلۇغى توغرا بولمىسا، قىلىچ قولدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، يا بولمىسا بېغىشى جايىدىن قوزغىلىپ كېتىدىغانلىقىنى گرىگورىي ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئاز ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدىغان بىر ئۇسۇلنى، مەسىلەن: بىلىنەر - بىلىنمەس ھەركەت بىلەن دۈشمەننىڭ قورالىنى قولدىن چۈشۈرۈۋېتىشنى ياكى مىسقا، بوشلا تېگىپ قويۇپ، دۈشمەننىڭ قولىنى پالەچ قىلىپ قويۇشنى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ. گرىگورىي سوغاق قورال بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆگىتىدىغان پەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى.

نوتىلارنى قاتتىق زەربە بىلەن چاپقاندا، يانتۇ كېسىلگەن چۈۋىق سىلكىنمەستىن، غولىنى تەۋرىتىۋەتمەستىن، موككىدە يىقىلدۇ. كازاك قىلىچى چېپىپ تاشلىغان چۈۋىقنىڭ ئۇچلۇق ئۇچى غولىنىڭ يېنىدىكى قۇمغا يۇمشاقلا سانچىلىپ قالدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قالماق چىراي كېلىشكەن يىگىت سىمىگىلازوۋ ئىككى ئايىغى ئاسمانغا تىك كۆتىرىلگەن ئېتىنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلغاندا يانتۇ چېپىلغان كۆكرىگىنى ئىككى قولى بىلەن باسقان پېتى ئىگەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستا سىرىلىپ، يەرگە چۈشتى. نېنى ئەجەل سوغىنى قۇچتى...

گرىگورىي شۇ ئاندىلا ئىگەر ئۈستىدە ئۆزىنى ئوڭلاپ، ئۈزەڭگىگە تىرىنىپ، سەل ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا يەنە بىرسى ئېتىنى توختىتىۋېلىشقا ئەمدى قورىبى يەتمەي، قارىغۇلارچە شالماڭدەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. گرىگورىي كۆپۈكلىنىپ تىك كۆتى-

رىلگەن ئات تۇمشۇغىنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىقنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىدى، ئەمما قىلچىنىڭ ئەگرى بېشىنى ۋە قوڭغۇر قىرلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. گىرىگورىي بار كۈچى بىلەن تىزگىنىنى تارتتى - دە، ئۆزىگە ئۇرۇلغان زەربىنى زەربە بىلەن قايتۇردى، ئۇنىڭ تىزگىنىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئېگىلگەن چېچى قىرىلغان قىزىل بويۇنىنى چېپىپ تاشلىدى،

ئۇ، ئارىسى ئېچىلغان ئېلىشمان توپىنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ، ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. كۆز ئالدىدا — مىڭ - مىڭ قىمىرلىشىپ تۇرغان ئاتلىقلار، ئالقانلىرىدا — ئەسەبىي قىچىق. ئۇ قىلچىنى غىلاپقا سېلىپ، ماۋزېرىنى شارتتىدە چىقىرىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، بولۇشىغا قويۇۋېپ بەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كازاكلار شىددەت بىلەن يېتىراپ كەتتى. بۆلۈنمىلەر تومتاراقاي چېپىپ كېلىشەتتى. ئۇ يەردىمۇ - بۇ يەردىمۇ ئاتنىڭ بويىنىغا يېپىشىۋالغان ئاق لاتا چىگىلگەن پاپاخلار بىلەن قولاقچىلار كۆرۈنەتتى. گىرىگورىينىڭ يېنىدا تولكە قۇلاقچىلىق ماش رەڭ پالشوپكا كىيگەن بىر تونۇش ئۆرەدنىك چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر قۇلىغى كېسىلگەن ۋە بىر مەڭزى ئىڭىكىگىچە تىلىنغان. ئۇنىڭ كۆكرىكىدە بىر سەۋەت پىشقان گىلاس ئېزىلگەندەك ئىدى. ئېچىلىپ قالغان چىشلىرى قانغا بويالغان.

ساراسىمىگە چۈشۈپ. يېرىمى قېچىشقا يۈز تۇتقان قىزىل ئەسكەرلەرمۇ ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراشتى. كازاكلارنىڭ چېكىنىشى ئۇلارنى قوغلاشقا ئىلھاملاندۇردى. ئارقىدىراق قالغان بىر كازاك ئات ئۈستىدىن شامال ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئات ئايىغىدا يەنچىلىپ، قارىغا تىقىلىپ كەتتى. مانا يېزىغىمۇ يېقىنلا قالدى. باغلاردىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن دەرەخلەر، دۆڭنىڭ ئۈستى-

www.uyghurkitap.com

يىدىكى كىچىككىنە چىركاۋ، كەڭ كوچا ئەمدى ئېنىق كۆرۈنەتتى. بىر بۆلۈنمە ئەسكەر پىستىرمىدا ياتقان بونچاڭنىڭ قاشا تېمىغا يېتىشكە 100 سارجىندىن ئارتۇق قالمىغان ئىدى... ئاتلارنىڭ دۈمبىسىدىن سوپۇن كۆپۈكىدەك تەر بىلەن قان ئاقاتتى. گىرىگورىي چېپىپ كېلىۋېتىپ، ماۋزۇرنىڭ نەيكىسىنى قەھرى بىلەن باسقان ئىدى، قورالى ئىشلىمىگەچ(ئوق قىيپاش كەتكەن ئىدى)، ئۇنى قېپىغا سېلىپ دەھشەتلىك ۋاقىرىدى:

— بۆلۈنۈڭلار!!!

كازاك بۆلۈنمىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئېقىمى تىك قىيا تاشقا ئۇرۇلغان دەريا تاشقىنىدەك شارتلا ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، قىزىل ئارمىيە سەپلىرىنى يالىڭاچلاپ قويدى. پىستىرمىدا ياتقان بۆلۈنمە قاشانىڭ ئارقىسىدىن قىزىل ئەسكەرلەرگە تۇركۈم - تۇركۈملەپ ئىككى - ئۈچ قېتىم ئوق ياغدۇردى... ۋاي! دىگەن بىر ۋاقىراش ئاڭلاندى. بىر ئات ئۈستىدىكى قىزىل ئەسكەر بىلەن قوشۇلۇپ بېشىچە مولالاق ئېتىپ چۈشتى. يەنە بىرسىنىڭ تىزلىرى پۈكۈلۈپ، تومشۇغى قۇلغىچە قارغا پاتتى. يەنە ئۈچ ياكى تۆت قىزىل ئەسكەرنى ئوق ئىگەردىن ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. شىددەت بىلەن چېپىپ كېلىۋاتقان قالغان قىزىل ئەسكەرلەر ئۆزىنى توختىتىپ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ بولغىچە، بۇلارغا كازاكلار يەنە بىر شازا ئوق ياغدۇرۇپلا تىنچىپ قالدى. گىرىگورىي ئۈزۈپ - ئۈزۈپ: «بۆلۈنمىلەر!...» دەپ ۋاقىراش بىلەنلا مىڭلىغان ئات ئاياقلىرى قارلارنى كۆككۈم - تالقان قىلىپ گۈررىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، قېچىۋاتقانلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئەمما كازاكلارنىڭ قوغلاشقا ھەپىسىلىسى قالمىغان ئىدى، چۈنكى ئاتلىرى ھېرىپ كەتكەن ئىدى. بىر يېرىم چاقىرىم يەردىن قايتىپ

كېلىشتى. ئۆلگەن قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالدى، ئۆلگەن ئاتلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ئېلىۋېلىشتى. بىر قولى چولاق ئالىيوشكا شامىل ئۈچ يارىدارنى ئۆلتۈرۈپ، بىر ياقلىق قىلدى. ئۇ بۇ يارىدارلارنىڭ يۈزىنى قاشاغا قارىتىپ قويۇپ، بىر - بىرلەپ چېپىپ تاشلىدى. كېيىن كازاكلار چېپىپ تاشلانغانلارنىڭ قېشىدا ئۇزاققىچە تويلىشىۋېلىپ، تاماكا چېكىشىپ، جەسەتلەرگە قاراپ تۇرۇشتى، ئۈچ جەسەتنىڭ تامامىنىڭ بەلگە - نىشانى ئوخشاش ئىكەن: گەۋدىسى كۆكرىكىدىن بېلىگىچە قىيپاش چېپىلىپ پارە قىلىنغان.

— ئۈچ ئادەمنى ئالتە ئادەم قىلدىم، — دەپ ماختىناتتى ئالىيوشكا كۆزىنى قىسىپ، يۈزىنى دىرىلدىتىپ.

كازاكلار ئۇنىڭغا خوشامەتكۆيلۈق بىلەن تاماكا بېرىشىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە جەندىلەكچىلىك كېلىدىغان مۇشتىغا، چەكمىنىنى كېرىپ تۇرغان كۆكرىكىنىڭ دۇمبەچىگىگە ئوچۇق ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇشاتتى.

قاشانىڭ ئالدىدا، ئۈستىگە شىنېل يېپىپ قويۇلغان ھۆل ئاتلار دىر - دىر تىترەيتتى. كازاكلار ئاتلىرىنىڭ ئەيلىنى چىڭىتىۋاتاتتى. بەزىلىرى كوچا بېشىدىكى قۇدۇقنىڭ قېشىدا سۇنىڭ نۆۋىتىدە تۇرۇشاتتى. بىرمۇنچىلىرى ھېرىپ - چارچاپ، پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ماڭغان ئاتلىرىنى يېتىلىشەتتى.

گرىگورىي پروخورنى ئېلىپ، يەنە بەش كازاك بىلەن ئالدىدا كېتىپ قالغان ئىدى. گويا كۆزىدىن تېڭىق لاتىسى ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدى. ئۇ يەنىلا ئاتاكىدىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكىدەك، ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياشنى، پاخال بېسىلغان يەردىكى ئېرىۋاتقان قارنى كۆردى، يېزىدىكى قۇشقاچلارنىڭ ئەتىـ

www.uyghurkitap.com

يازلىق چۈرۈقلاشلىرىنى ئاڭلىدى. يېقىنلاپ قالغان باھار كۈنلىرىنىڭ ئەڭ نەپەس ھىدلىرىنى ھېس قىلدى. ھايات ئۇنىڭغا قايتا باقتى، باققاندىمۇ يېقىندا تۆكۈلگەن قاندىن خىرىلەشكەن، سولۇپ قېرىغان ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كۈچسىز، ئالدامچى شاتلىقلىرى بىلەن تېخىمۇ جازىبدار بولۇپ باقتى. ئېرىگەن يەرنىڭ قارا باغرىدا ئېرىمەي قالغان بىر پارچە قار ھامان كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ...

## 38

قوزغىلاڭ كەلكۈندەك ئۆركەشلەپ، دېڭىز سۈيىدەك تېشىپ، پۈتۈن دون بويىنى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئەتراپىنى 400 چاقىرىم كېلىدىغان دالا – ئايماقلارنى قاپلاپ كەتتى. 25 مىڭ كازاك ئاتقا مىندى. يۇقۇرقى دون ئوكرۇگىنىڭ يېزىلىرى 10 مىڭ پىيادە ئەسكەر چىقىرىپ بەردى.

ئۇرۇش ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر شەكىلنى ئالدى. ئاقلارنىڭ دون ئارمىيىسى نوۋوچېركاسسكىنى ھىمايە قىلغان ھالدا، ھەل قىلغۇچ ئېلىشىشقا ھازىرلىنىپ، دونېتسقا يېقىن يەردە فرونتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان 8 – ۋە 9 – قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولسا قوزغىلاڭ ئەۋج ئېلىپ، دوننى ئىگەللەشتىن ئىبارەت ئىسىن ۋەزىپىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

ئاپرېل ئېيىدا، جۇمھۇرىيەت ھەربى ئىنقىلاۋىي كومىتېتى

نىڭ ئالدىدا ئوچۇق بىر جىددى خەۋپ باش كۆتەرگەن ئىدى، ئۇ بولسىمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقلارنىڭ ئۇرۇش سېپى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش خەۋپى ئىدى. قوزغىلاڭچىلار قىزىل ئارمىيە ئۇرۇش سېپىنىڭ ئوچاستكىسىنى ئارقا تەرەپتىن كېلىپ يەپ تۈگىتىپ، ئاق دون ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىۋالغۇچە، قوزغىلاڭنى قانداق بولمىسۇن باستۇرۇپ تاشلاش لازىم ئىدى. شۇڭا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەڭ ياخشى كۈچلەر يۆتكەپ كېلىنىشكە باشلىلىدى: بۇ تازىلاش سەپىرىگە قاتنىشىدىغان ئەسكەرلەر قاتارىغا بالتىق دېڭىزى بىلەن قارادېڭىز ماتروسلىرىنىڭ كېمە كوماندىلىرى، ئەڭ ئىشەنچلىك پولكلار، برونېۋىك قوشۇنى كوماندىلىرى، ئەڭ قەيسەر ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرى قوشۇلدى. 8000 مىلتىقلىقتىن ئىبارەت جەڭگىۋار بوگۇچار دىۋىزىيىسىنىڭ ساقمۇ ساق بەش پولكى فرونتتىن قايتۇرۇۋېلىندى، بۇلاردا بىرنەچچە توپچىلار باتارېيىسى ۋە 500 پىلىموت بار ئىدى. ئاپرېل ئېيى ئىچىدە، قوزغىلاڭچىلار ئۇرۇش سېپىنىڭ كازانسكى ئوچاستكىسىدا رەزەن ۋە تامبوف ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىداكارانە قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىدى، كېيىنرەك پۈتۈن روسسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ئوفىتسېرلەر مەكتىۋىنىڭ ھەربىي قىسىملىرى كەلدى، شۇمىلىنىسكايا بوسۇغىسىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن لاتىش مەرگەنلىرى ئېلىشتى.

كازاكلار قورال - ياراق، ئوق - دورا يېتىشمەسلىكىدىن ھاسىراپ قالغان ئىدى. دەسلەپتە مىلتىقلارنىڭ سانى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، ئوقلىرىمۇ تۈگەپ قالدى. بۇلارنى قانلارنىڭ بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى، ئاتاكا بىلەن ياكى كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن تارتىۋېلىش كېرەك ئىدى. تارتىپمۇ ئېلىش-

تى. ئاپرېلدا قوزغىلاڭچىلاردا مىلتىقلارنىڭ سانى تولۇقسىز قالدى، ئالتە باتارىيە ۋە 150كە يېقىن پىلىموت بار بولدى.

قوزغىلاڭ يېڭى باشلانغان چاغدا ۋېشېنسكايانىڭ فورال ئامبىرىدا بەش مىليون قۇرۇق مىشەك قالغان ئىدى. ئوكرۇگلۇق سوۋېت ئەڭ ئۇستا تۆمۈرچىلەرنى، سىلىسارلار ۋە مىلتىقچىلارنى سەپەرۋەر قىلدى. ۋېشېنسكايادا ئوق قۇيىدىغان كارخانا قۇرۇلدى، ئەمما قوغۇشۇن يوق بولغانلىقتىن، ئوق قۇيۇشقا چارىسىز قېلىشتى. شۇندىن كېيىن ئوكرۇگ سوۋېتىنىڭ چاقىرىغى بىلەن ھەممە يېزىلاردا قوغۇشۇن بىلەن مىس يىغىشقا باشلاندى. ھور تۈگمىنىدىكى قوغۇشۇن ۋە بابىت زاپاسلىرىنىڭ ھەممىسى ئېلىندى. ئاتلىق چاپارمەنلەر يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ تۆۋەندىكى قىسقىچە مۇراجەتنامىنى تارقىتىشتى:

«سىزلەرنىڭ ئەرلىرىڭىزلاردا، ئوغۇللىرىڭىزلاردا ۋە ئاكا - ئۇكىلىرىڭىزلاردا ئاتىدىغان ھېچنىمە يوق.

ئۇلار لەنىتى دۈشمەندىن ئوقلارنى تارتىۋالسا، شۇ چاغدىلا ئاتالايدۇ. ئۆيىڭلاردىكى ئوق قويۇشقا يارايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار! شامالدۇرغۇچلاردىكى قوغۇشۇن ئەلۋىرلارنى ئېلىڭلار».

بىر ھەپتىدىن كېيىن پۈتۈن ئوكرۇگ بويىچە بىرمۇ شامالدۇرغۇچتا غەلۋىر قالمىدى.

«سىزلەرنىڭ ئەرلىرىڭىزلاردا، ئوغۇللىرىڭىزلاردا ۋە ئاكا-ئۇكىلىرىڭىزلاردا ئاتىدىغان ھېچنىمە يوق»...شۇنىڭ بىلەن خوتۇنلار يېزا سوۋېتلىرىغا مەيلى يارىسۇن، مەيلى يارىمىسۇن ھەممىنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى، جەڭ بولۇۋاتقان يېزىلارنىڭ باللىرى

تاملاردىن قوغۇشۇن ئوقلارنى كولاپ چىقىرىشاتتى، سىنارەت سۇنۇقلىرىنى تېپىش مەقسىتىدە يەرلەرنى قازاتتى. ئەمما بۇ ئىشتىمۇ كەسكىن بىرلىك يوق ئىدى؛ ئۆيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان بەزىبىر كەمبەغەل خوتۇنلارنى قاماققا ئېلىپ، «قىزىللارغا ھېسداشلىق» قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوكرۇگقا ئەۋەتىپ بېرىشتى. تاتارىسكىغا ھەربىي قىسىمدىن ئوتپوسكىغا كەلگەن سىمون چۈگۈن: «بايلار شامالدۇرغۇچلارنى بۇزۇپ تاشلاۋەرسۇن، ئۇلارغا، ئېھتىمال، بۇنداق بۇزۇلۇشلاردىن قىزىللار قورقۇنچلۇقتۇر» — دەپ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن ئېيتىپ قويغان بىر جۈملە سۆزى ئۈچۈن ئۇنى ھاللىق قېرىلار ئۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى قانغا بوياۋەتتى.

قوغۇشۇن زاپاسلىرى ۋېشېنسكايا كارخانىلىرىدا ئېرىتىلدى، ئەمما نىكېل پوستى يوق ئوقلارمۇ شۇ يەردە ئېرىتىلدى. قولدا ياسالغان ئوقنى ئاتقاندا مىلتىقنىڭ ئاغزىدىن كىچىككىنە ئېرىگەن قوغۇشۇن پارچىسى ھالىتىدە ئۇچۇپ چىقاتتى - دە، ئۇچۇش داۋامىدا سەت چىقىرايتتى، ئەمما 100، 120 سارجىن يىراقلىقتىكى نىشانغىلا تېگەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق ئوق تەككەن جاراھەتلەر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولاتتى. قىزىل ئەسكەرلەر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن بەزىدە كازاكلارنىڭ چارلىغۇچىلىرىغا يېقىن كېلىپ: «قوڭغۇزلارنى ئوق دەپ ئېتىۋاتىسىلەر... تەسلىم بولۇڭلار، بەرىبىر سىلەرنى بىتچىت قىلىپ تاشلايمىز!» — دەپ ۋاقىرىشاتتى.

35 مىڭ قوزغىلاڭچىلار بەش دىۋىزىيىگە ۋە ساناقتا 6 - ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر مۇستەقىل بىرىگادىغا بۆلۈنگەن ئىدى. يېگوروف قوماندانلىقى ئاستىدىكى 3 - دىۋىزىيە

www.uyghurkitap.com

مىشكوۋسكايا — سېتراكوف — ۋېتزا ئوچاستكىسىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. كازانسكايا — دونېتسكوي — شۇمىلىنسكايا ئوچاستكىسىنى 4 - دىۋىزىيە ئىگىلەپ تۇراتتى. بۇ دىۋىزىيىگە كۆرۈنۈشتە قاپىغىدىن قار ياغىدىغان، جەڭدە چاققان ۋە قىلىچۋاز، مۇئاۋىن خورۇنجى، كوندرات مېدۋېدېۋ باشچىلىق قىلاتتى. 5 - دىۋىزىيە سىلاشچېۋسكايا — بۇكانوۋسكايا فۇرونتىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى، بۇ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى ئۇشاكوف ئىدى. يېلانسكايا كەنتىنىڭ يېزىلىرىدا — ئۇست - خوپېرسكايا — گورباتوف ئۇرۇش سېپىدە ۋاخمىستىر مېركولوف ئۆزىنىڭ 2 - دىۋىزىيىسى بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى. 6 - مۇستەقىل بىرىگادىمۇ شۇ يەردە ئىدى. بۇ مۇستەھكەم قۇرۇلغان بىرىگادا بولۇپ، ئادەم چىقىمى دېيەرلىك يوق ئىدى، چۈنكى بۇنىڭغا مۇئاۋىن خورۇنجى ئۇنىۋانىدىكى ماكسايېۋلىك كازاك بوگاتىرېۋ قوماندانلىق قىلاتتى، بوگاتىرېۋ ئويلاپ ئىش قىلىدىغان، ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى، ئۇ ھېچقاچان تەۋەككۇلچىلىك قىلمايتتى ۋە ئادەملىرىنى ئورۇنسىز چىقىمغا ئۇچراتمايتتى. مېلېخوف گىرىگورىي ئۆزىنىڭ 1 - دىۋىزىيىسىنى چىر دەرياسى بويلاپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوچاستكىسى ئالدىنقى ماڭلاي ئوچاستكا ئىدى، شۇڭا فۇرونتتىن ئايرىلىپ چىققان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى جەنۇپتىن كېلىپ، ئالدى بىلەن شۇنىڭغا سوقۇلاتتى، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇ يالغۇز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسى ئاجىزراق بولغان 2 - دىۋىزىيىگە پىيادە ۋە ئاتلىق بۆلۈنمىلەرنى يۆتكەپ ياردەم بېرەلەيتتى.

قوزغىلاڭ خوپېر ۋە ئۇست — مېدۋېدىتسا ئوكرۇگلىرىنىڭ كەنتلىرىگە كېڭىيەلمىدى. ئۇ يەردىمۇ غۇلغۇلا كۆتىرىلىپ باقتى، ئۇ يەردىمۇ چاپارمەنلەر كېلىپ، كازاكلارنى قوزغىتىش ئۈچۈن

بوزولوكقا ۋە يۇقۇرقى خوپېرغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى ئۆتۈنگەن بولدى، لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوماندانلىغى يۇقۇرقى دون ئوكرۇگىنىڭ چېگرىسى دائىرىسىدىن چىقىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى خوپېرلىقلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىگى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغانلىغىنى ۋە قولىغا قورال ئالمايدىغانلىغىنى بىلەتتى. چاپارمەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئۈتۈق قازىنىشىنى جەزىم قىلالمىدى، ئۇلار گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ، يېزىلاردا قىزىللاردىن نارازى بولغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەسلىگىنى، خوپېر ئوكرۇگىنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا قالغان ئوفىتسېرلەر يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغان يېتەرلىك كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرالمايۋاتقانلىغىنى، چۈنكى فۇرونتچىلار يا ئۆيدە، يا بولمىسا قىزىللار بىلەن بىللە ئىكەنلىگىنى، قېرىلارنى بولسا موزايغا ئوخشاش كىچىك ئاممىبارلارغا سولاپ قويغانلىقتىن، ئۇلاردا بۇرۇنقىدەك كۈچ - مادارمۇ، نوپۇز - ئېتىۋارمۇ يوق ئىكەنلىگىنى بايان قىلدى.

جەنۇپتا، ئوكرايىنلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا قىزىللار ياشلارنى ھەربىلىككە سەپەرۋەر قىلغان ئىدى، شۇڭا بۇلار جەڭگىۋار بوگۇچار دىۋىزىيىسىنىڭ پولكلىرىغا قوشۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئىنتايىن جانبازلىق بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. قوزغىلاڭ يۇقۇرقى دون ئوكرۇگىنىڭ چېگرىسى دائىرىسىدىلا بېكىلىپ قالدى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلار قوماندانلىغىدىن تارتىپ ھەممەيلەنگە شۇ نەرسە بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ قالغان ئىدىكى، ئۇلارغا ئەمدى تۇغۇلغان ئۆي - ماكانلىرىنى ئۇزاققىچە مۇداپىئە قىلىشقا توغرا كەلمەيتتى، مەيلى بالدۇر، مەيلى كېيىن بولسۇن، قىزىل ئارمىيە دونېتستىن قايتىپ كېلىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ تاشلايتتى.

www.uyghurkitap.com

18 ـ مارتتا، كودىنوف گرىگورىي مېلېخوفنى ۋېشېنسكاياغا كېڭەش مەجلىسىگە چاقىردى. گرىگورىي دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى رەبچىكوفقا تاپشۇرۇپ، سەھەرلەپ ئۆزىنىڭ بىر نەۋكىرى بىلەن ئوكرۇگقا يولغا چىقتى.

شىتابقا ئۇ دەل شۇنداق پەيتتە كىرىپ كەلدىكى، بۇ چاغدا كۇدىنوف ئالېكسېيېۋسكايا كەنتىدىن كەلگەن بىر چاپارمەن بىلەن سافونوفنىڭ ئىشتىراكىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. كودىنوف يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان قارامتۇل بارماقلىرى بىلەن كاۋكازچە كەمىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ، تالاي كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئىششىق كۆزلىرىنى يۇقىرى كۆتەرمەستىن، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كازاكتىن گەپ سوراۋاتاتتى:

— خوش، سىلەر ئۆزەڭلارچۇ؟ سىلەر قانداق ئويلايسىلەر؟

— بۇ ئىش، بىزگىمۇ، ئەلۋەتتە... ئۆزىمىزگىمۇ نازا ئەپ كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ... باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى، قانداق ئويلايدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. بۇ يەردە خەلقنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ قورقۇشىدۇ. قىلىشنى خالايدۇ، ئەمما قورقۇشىدۇ...

— «خالايدۇ!»، «قورقۇشىدۇ!» — كودىنوف ئاچچىقى بىلەن تاتىرىپ، ۋاقىرىدۋەتتى ـ دە، ئولتۇرغان يېرىگە چوغ سېپىپ قويغاندەك، ئورۇندۇقتا تېپىرلاپ ئولتۇرالماي كەتتى. سىلەرنىڭ ھەممەڭلارچۇ نازىنىن قىزغا ئوخشايسىلەر! ھەم قورقىمەن، ھەم يۈرىكىم پوكۇلدايدۇ، ھەم ئاپام رۇخسەت قىلمايدۇ. بەس ئەمدى، سەن ئۆز كەنتىڭ ئالېكسېيېۋسكاياغا جۆنە، قېرىلىرىڭغا ئېيت،

سىلەر ئۆزەڭلار باشلىماي تۇرۇپ، بىز سىلەرنىڭ ئايماقتا ۋىزۋوت ئـەۋەتمەيمىز. مەيلـى، قىزىللار سىلەرنـى بىر - بىرلـەپ دارغا ئاسسۇن!

كازاكنىڭ قىپ - قىزىل قولـى ۋالىلداپ تۇرغـان تـۇلكە قۇلاقچىسىنى كەجگىسىگە ئارانلا سۇرۇپ قويدى. باھار سۇيى ئېـرىقلاردا تاراملاپ ئاققانـدەك، پېشانىسىدىكى قـورۇقلاردىن تەر شىددەت بىلەن قۇيۇلاتتـى. قىسقا ئېقىش كىرپىكلىرى پات - پات پىرىـلدايتتـى، كـۆزلىرى كـۆلۈمـسىرەپ، ئەيىپكارلارچـە قاراپ تۇراتتى.

— بۇ، ئەلۋەتتە، سەنلەرنى بىزنىڭ قېشىمىزغا ۋابـا ھەيـدەپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە ھـەممە ئىش يېڭىلا باشلانـدى. بۇ باشلىنىش ئالتۇن ئاقچىدىن قىممەت...

بۇ پاراڭغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان گىرىگورىي بىر چەتكە سۇرۇلدى، ئەيلەنگەن كـالتە جـۇۋا كىيگەن، ئـوتتۇرا بوي، قارا بۇرۇتلۇق بىر ئادەم كارىدوردىن خانىغا ئىشىكنى قاقـماستىنلا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنـى ئېگىپ، كودىنوف بىلەن سالاملاشتـى - دە، شىرەنىڭ قېشىغا كـېلىپ ئـاپپاق قولى بىلەن مەڭـزىنى تىرەپ ئـولتۇردى. شتاپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈز - چىرايىدىن بىلىدىغان گىرىگورىينىڭ بۇ ئادەمنى 1 - قېتىم كۆرۈۋ-شى ئىدى، شۇڭـا نىكىلىپ قـاراپ قالدى. شامال تـەگمىگەن ۋە ئاپـتاپ چـاقمىغان بولسىمۇ، قـارىراق كـەلگـەن نـازۇك چىـرايى، قولىنىڭ يۇمشاق ئافلىقى، زىيالىلارچە تەقـى - تۇرقى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يەرلىك ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

كـودىنوف كـۆزلىرى بىلەن ناتـونۇش ئـادەمنى كۆرستىپ

www.uyghurkitap.com

گىرىگورىيغا مۇراجەت قىلدى؛

— تونۇشۇپ قوي، مىلىخوف! بۇ — يولداش گىبئورگىدزى بولىدۇ. ئۇ ...، — دېدىيۇ، سۆز تاپالماي قالدى، ئۇ كەمىرىدىكى قارىيىپ كەتكەن كۈمۈش بىزەكلىرىنى قولى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئالېكسىيېۋسكايا كەنتىنىڭ چاپارمىنىگە مۇنداق دېدى، — خوش، سەن يېزىنداش ئەمدى بارغىن. ھازىر بىزدە ئىشلار تولۇپ يېتىپتۇ، سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ، مېنىڭ سۆزلىرىمنى تېگىشلىك ئادەملەرگە يەتكۈز.

كازاك ئورنىدىن تۇردى. يالقۇندەك قىزغۇچ، قارا قىللىق تۈلكە قۇلاقچىسى تورۇسقا تاقىشىپ قالاي دېدى. كازاكنىڭ يورۇقنى توساپ تۇرغان كەڭ يەلكىسىدىن ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا كىچىكلەپ تارىيىپ قالدى.

ياردەم سوراپ كەلگەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي، كاۋكازلىق بابا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئالقىنىدا قېپقالغان ئۆچمەنلىكنىڭ تەسىرىنى ھامان ھېس قىلىپ.

— ھە - ھە! ياردەم سوراپ، ئەمما كۆرۈۋاتىسەنغۇ، نەتىجىسى قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ...، — كازاك گىرىگورىيغا شادىمان قايرىلىپ، كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن مەدەت ئىزلىگەندەك بولدى، قۇلاقچىسىنىڭ رەڭگى بىلەن قىزارغان يۈزى شۇنچىلىك پەرىشان، شۇنچىلىك تەرگە پاتقان ئىدىكى، ھەتتا ساقىلىغا ۋە سالپىيىپ تۇرغان سېرىق بۇرۇتىغا ئۇششاق مونچاق سېپىلگەندەك ئىدى.

— سوۋېت ھاكىمىيىتى سىلەرگىمۇ ياقمىدىمۇ؟ — دەپ گەپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى گىرىگورىي، كودىنوفنىڭ بىناقەت

بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىمىغان بولۇۋېلىپ.

— بۇ ھاكىمىيەت، بۇرادەر. ھازىرچە ھېچ نەرسە ئەمەس، — دېدى بوم ئاۋاز بىلەن كازاك مۇلاھىزە كارانە، — ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن يامان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز.

— سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئادەم ئېتىش ئىشلىرى بولدىمۇ؟

— ياق، خۇدا ساقلىسۇن! بۇنداق ئىشنى ئاڭلىمىدۇق. ئەمما شۇنى دەپ قويايكى، ئاتلىرىمىزنى، ئاشلىقلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىشتى، خوش ئەلۋەتتە. قارشى سۆز قىلىپ قويغان خەلقنى قامىدى. قىسقىسى، ھەممىنىڭ كۆزىدە ۋەھىمە.

— ئەگەر سىلەرگە ۋېشېنسكايالىقلار بارسا، قوزغىلاڭتىڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار قوزغىلاڭغا قاتنىشاتتىڭلارمۇ؟

كازاكنىڭ ئاپتاپتا ئالتۇن يالتىلىغاندەك تۇسكە كىرگەن كىچىككىنە كۆزلىرى قۇۋلۇق بىلەن قىسىلىپ گىرىگورىينىڭ كۆزلىرىدىن لىككىدە ئاجرالدى ـ دە، شۇ ئاندىلا ئۇي ـ پىكىردىن چوڭقۇر قورۇق تارتقان پېشانىسىگە قولاقچىسى سىرىلىپ چۈشتى.

— ھەممە ئادەملەر ئۇچۇن قانداق بىر نەرسە دېگىلى بولىدۇ؟ ... ھەي، ئەمما ئېگىلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان كازاكلار، ئەلۋەتتە، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن بولاتتى.

— ئېگىلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ بارمايدىغان كەمبەغەللەرچۇ؟

باياتىدىن بېرى بۇ كازاكنىڭ كۆزلىرىنى شۇنچە قىلىپ تۇتالماي كەتكەن گىرىگورىي، ئەمدى ئۇنىڭ ھەيران قالغان ياش بالىدەك توغرىلا قارىغان نەزىرىگە دۇچ كەلدى.

— ھىم! ... ھورۇنلار نىمە پايدا تاپىمەن دەپ قوزغىلاڭغا

قاتنىشىدۇ؟ بۇ ھاكىمىيەت ئۇلارغا تازا باپ چۈشكەنغۇ!

— ئۇنداق بولسا، نىمە دەپ كەلدىڭ، شەيتاننىڭ شىرىگى؟ — كودىنوف ئەمدى غەزىۋىنى باسالماي ۋاقىراپ كەتتى، ئاستىدىكى ئورۇندۇق ئۇزاققىچە غىچىرلىدى، — ئۇنداق بولسا سەن بىزنى تەۋرىتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بايلارمۇ؟ ئەگەر بىر يېزىدا ئىككى - ئۈچ ئائىلىلا قولغا قورال ئالسا، ئۇنى قانداق قوزغىلاڭ دىگىلى بولىدۇ؟ يوقال بۇ يەردىن! كەشكىنى توغرىلا دەۋاتىمەن ساڭا! قىزىل خوراز تېخى قۇيرۇغۇڭلاردىن چوقىغىنى يوق، چوقۇشقا باشلىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ياردىمىمىزسىزمۇ ئۇرۇش باشلىغان بولاتتىڭلار! كىشىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ كۈن كەچۈرۈشنى ئادەت قىلغان نىمىلەرغۇ، سەن ئىتنىڭ باللىرى! سەنلەر مەشنىڭ ئۈستىدە ئىسسىق تېرىقنىڭ ئىچىدە ياتساڭلار بولدى ... قېنى، كەت دىگەندىن كېيىن كەت! سەندەك شەيتانغا قاراشتىن تويدۇم!

گىرىگورىي قاپىقىنى تۈرۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. كودىنوفنىڭ يۈزىدە بارغانسېرى ئاشكارا قىزىل داغلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. گېئورگىدزى بۇرۇتىنى تولغاپ، سىقىلغاندەك ئىلمەك بۇرنىنى پۇشۇلدىتىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئەپۇ سورايمىز. ئەمما سەن، جانابى ئالى، چوقان كۆتەرمە، قورقۇتما، بۇ مەسلىھەت بىلەن بولىدىغان ئىش. مەن سىلەرنىڭ قېرىنلىرىمىزنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدۇم، سىلەرنىڭ جاۋاۋىڭلارنىمۇ ئېلىپ بارىمەن، ئەمما ۋاقىراشنىڭ ھاجىتى يوق! قاچانغىچە پراۋوسلاۋىيلىكلەرگە ۋاقىرايسىلەركىن؟ ئاقلار ۋاقىراشتى، قىزىللار ۋاقىراشتى، ھازىر مانا سەنمۇ ۋاقىراۋاتىسەن، ھەركىم ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

تېخى چاناگنى يۆكلەپ تاشلىغۇسى كېلىدۇ... ھەي، سىنى، دىخانچە تۇرمۇش تاپان يالايدىغان قوتۇر قانجۇقنىڭ كۈنىگە چۈشۈپ قالغان!...

كازاك قولاقچىسىنى قەھرى بىلەن باستۇرۇپ كىيىپ، دىۋىدەك گەۋدىسى بىلەن كارىدورغا چىقتى ـ دە، ئىشىكنى ئاستا ياپتى؛ ئەمما كارىدوردا غەزىۋىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، تاشقىرقى ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق ياپتىكى، تامنىڭ سۇۋاقلىرى بەش مىنۇتقىچە پولغا ۋە دەرىزە تەكچىلىرىگە چۈشۈپ تۇردى.

— ياپىرەي، بۇ مەخلۇق كەتتى! — كودىنوپ ئەمدى خوشال كۈلۈمسىرەيتتى، بىلىندىكى كەمەرنى ئويناپ قوياتتى، مىنۇتسىرى كەيپى ياخشىلىنىپ باراتتى، — 1917 ـ يىلى باھاردا ئىستانىسىغا كېتىۋاتاتتىم، يەر ھەيدەيدىغان مەزگىل، پاسخا بايرىمى كۈنلىرى ئىدى. ئازاتلىققا چىققان ياش كازاكلار يەر ھەيدىمەكتە، بۇ ئازاتلىقتىن تازا كاللىسى ئايلىنىپ، ھەممە يوللارنى ھەيدەشكە كىرىشىپتۇ، — خۇددى ئۇلارغا يەر ئازدەك! توكىنىسكى يېزىسىدا ئاشۇنداق يەر ھەيدەۋاتقان بىر كازاكنى چاقىردىم، سايىۋەنلىك ھارۋام قېشىغا يېقىن كەلدى. «سەن، ئاقچى ـ كۆكچى نىمىشقا يولنى ھەيدەيسەن؟» — دەپ سورىدىم، يىگىت قورقتى. «ئەمدى ھەيدىمەيمەن، — دىدى ئۇ، — تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن. ھەتتا تۆزلەپ بېرەي». مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يەنە ئىككى ـ ئۈچىنى قورقۇتتۇم. گىراچېۋ يېزىسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتسەك، يەنە يولنى ھەيدەپ تاشلاپتۇ. شۇ يەردىلا بىر ۋالاق تەككۈر قۇشنىڭ يېنىدا كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ۋاقىرىدىم: «ھەي، سۇياققا كەل!» يېقىن كەل. «يەرنى ھەيدەشكە نىمە ھەقىڭ بار؟» ئۇ ماڭا يالت قىلىپ قارىدى، شۇنداق جەسۇر كازاك يىگىتتى ئىكەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، كېيىن ئۇ ئۇنچىقماستىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆكۈزلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. يېتىپ بارـ
غاندىن كېيىن ئۇ بويۇنتۇرۇقتىن بىرتال تۆمۈرنى سۇغۇرۇۋېلىپ،
يەنە يۈگۈرۈپ قېشىمغا كەلدى. ھارۋامنىڭ قانىتىدىن تۇتتى، پەلەمـ
پەيگە چىقتى. «سەن قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ، — دىدى ئۇ، — قاـ
چانغىچە سىلەر بىزنىڭ قېنىمىزنى شورايسىلەر؟ بىر پەستە كاللاڭنى
يەنچىپ تاشلىشىمنى خالامسەن؟» ئۇ تۆمۈر بىلەن ئۇرۇش نىيىتىدە
تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا: «نىمە بولدۇڭ، ئىۋان، مەن ساڭا چاخـچاق
قىلغانتىم!» — دىدىم. ئۇ ماڭا: «مەن ھازىر ئىۋان ئەمەس، ئىۋان ئوسـ
پوۋىچ، قوپاللىغىڭ ئۇچۈن تۇمشۇغۇڭنى تۈزلىۋېتىمەن!» — دىدى.
ئىشەنسەڭ، ئاران قۇتۇلدۇم. بايىقى نەرسىمۇ خۇددى شۇنداق:
دەسلەپتە بۇرنىنى پۇشۇلدىتىپ، باش ئېگىپ ئولتۇردى، ئاخىرىدا
خۇلق چىقىرىپ كەتتى. ھەلقتىكى مەغرۇرلۇق تەرسالاشقان.

— مەغرۇرلۇق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈزسىزلىك پەيدا
بولۇپ، تېشىغا تېپىپ چىققان. يۈزسىزلىك قانۇنىي تۈسكە كىرگەن،—
دىدى كاۋكازلىق پودپولكوۋنىك ۋەزمىنلىك بىلەن،ئاندىن ئېتىرازنى
كۈتمەستىنلا بۇ پاراڭنى ئاياقلاشتۇردى، — كېڭەشنى باشلايلى، مەن
پولكقا بۈگۈنلا يېتىپ بېرىۋالسام دىگەن ئىدىم.

كودىنوف تامنى تاقىلدىتىپ:

— سافونوف! — دەپ توۋلىدى، ئاندىن گىرىگورىيغا قاراپ
دىدى، — سەنمۇ بىز بىلەن بول.بىللە كېڭىشەيلى،سەن «بىر ئەقىل
ياخشى، ئىككى ئەقىل تېخىمۇ بەتتەر» دىگەن ماقالىنى بىلەمسەن؟
بەختىمىزگە يولداش گېئورگىدزى تاسادىپىي ۋېشكىدا قېپقالـ
دى، ئەمدى بىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇكىشنى پولكوۋنىك ئۇنىۋانىدا،
باش ئاكادېمىيىنى پۈتتۈرگەن.

— سىز قانداق بولۇپ ۋېشېنىسكايادا قالدىڭىز؟ — دەپ

سورىدى گىرىگورىي، ئىمشقىدۇ كۆڭلى سوۋۇپ، ئېھتىيات بىلەن.
— كېزىك بولۇپ قالدىم. شىمالىي فۇرونتتىن چېكىنىشكە باشلىغان چاغدا، مېنى دۇدارېۋىسكى يېزىسىغا تاشلاپ كېتىشكەن ئىدى.
— سىز قايسى قىسىمدا بولغان ئىدىڭىز؟
— مەنمۇ؟ ياق، مەن جەڭگىۋار سەپتىكى ئوفىتسېر ئەمەسمەن. مەن مەخسۇس گۇرۇپپىنىڭ شتاۋىدا ئىدىم.
— قايسى گۇرۇپپىنىڭ؟ گېنېرال ستىنكوفنىڭمۇ؟
— ياق...
گىرىگورىي يەنە بىر نىمە سورىماقچى بولۇۋىدى، ئەمما پودپولكوۋنىك گېئورگىدزىنىڭ چىرايى جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوئال سوراۋېرىش ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، سۆزىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويدى.
كۆپ ئۆتمەي شتاپ باشلىغى سافونوف، 4 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى كوندرات مېدۋېدېۋ ۋە 6 ـ مۇستەقىل بىرىگادىنىڭ كوماندىرى، قىزىل يۈز، ئاپپاق چىش مۇئاۋىن خورۇنجى بوگاتىرېۋ كېلىشتى. كېڭەش باشلاندى. كودىنوف يىغىلغانلارغا قولىدىكى مەلۇمات بويىچە فۇرونتلاردىكى ئەھۋال توغرىلىق قىسقىچە خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. پودپولكوۋنىك بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇ، ماسشتاۋى ئۇچ مىليون چاقىرىملىق بىر خەرىتىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە ئاستا يېيىپ، سەل بايقىلىپ تۇرىدىغان ئۆز تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن راۋان ۋە ئىشەنچلىك سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئالدى بىلەن مەن 3 ـ ۋە 4 ـ دىۋىزىيىلەرنىڭ بەزى بىر رېزېرۋ قىسىملىرىنى مېلېخوف دىۋىزىيىسى بىلەن مۇئاۋىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

خورۇنجى بوگاتىرېۋنىڭ مۇستەقىل بىرىگادىسى ئىگىلەپ تۇرغان
ئوچاستىكىغا يۆتكەشنى مۇتلەق زۆرۈر، دەپ ھېساپلايمەن. قولىـ
مىزدىكى مەخپى مەلۇمات بويىچە ۋە ئەسىرلەردىن سوراق قىلىپ
بىلگەنلىرىمىزدىن شۇ نەرسە ئىنتايىن روشەنكى، قىزىللار قومانـ
دانلىغى دەل كامېنكا — كارگىنىسكايا — بوكوۋىسكايا ئوچاستـ
كىسىدا بىزگە شىددەتلىك زەربە بېرىشكە ھازىرلانماقتا. قاچقۇنـ
لار بىلەن ئەسىرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى،
9 ـ ئارمىيىنىڭ شتاۋى 12 ـ دېۋىزىيىدىن ئېلىنغان ئىككى ئاتـ
لىق ئەسكەر پولكىنى ۋە ئۈچ باتارىيە ھەم پىلىموت كوماندىلىرى
بولغان بەش توساقچى ئەترەتنى ئۇبلىۋا بىلەن موروزوۋىسكايادىن
يولغا سالغان. تەخمىنەن مۆلچەرگە قارىغاندا، بۇ ئېيتىلغان قوشۇمـ
چە كۈچلەر دۈشمەنگە 5,500 جەڭچى بېرەلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاـ
دەم سانى ئۈستۈنلۈكى، شۈبھىسىز، شۇلار تەرەپتە بولىدۇ، قورال ـ
ياراق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ ئاشۇلار تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئېيـ
تىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ.

ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈلىدەك ساپ ـ سېرىق قۇياش، دەرىزە رامـ
لىرى كىرىشت شەكلىدە ئىرماش ـ چىرماش سىزىق بىلەن تولغانـ
سېرى، جەنۇپتىن ئۆينىڭ ئىچىگە مارىلاپ قارايتتى. تاماكا تۈتۈنـ
نىڭ كۆكۈش بۇلۇتى تورۇسنىڭ ئاستىدا مىدىرلىماي لەيلەپ تۇراتـ
تى. قولبالا تاماكىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنى نەملىشىپ كەتكەن ئۆتۈكـ
لەرنىڭ سېسىق پۇرىغى بىلەن ئارىلىشىپ، ئېرىپ تۈگەيتتى. تورۇسـ
نىڭ بىر يېرىدە تاماكا تۈتۈنى بىلەن زەھەرلەنگەن بىر چىۋىن
جان ـ جەھلى بىلەن غۇڭۇلدايتتى. گىرىگورىي ئۈگدەپ، دەرىزىگە
قاراپ قوياتتى (ئۇ ئىككى كېچە ئۇدا ئۇخلىمىغان ئىدى)، قاپاقلىـ
رى ئىششىپ، قوغۇشۇندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن، ئوت يېقىلىپ قىـ

زىتىلغان ئۆينىڭ ئىچىدە بەدىنىگە ئىسسىق ئۆتكەنسېرى ئۇيقۇمۇ قوشۇلۇپ ھۇجۇم قىلاتتى. دەرمانسىز كەتكۈزگەن ھارغىنلىق ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئېڭىنى بوشاشتۇراتتى. دەرىزىنىڭ سىرتىدا بولسا ئەتىيازنىڭ مەيىن شامىلى غۇر - غۇر سوقۇپ تۇراتتى، بازكى دۆڭىنىڭ ئۈستىدە ئاخىرقى قار قىزغۇچ پاقىراپ، شولىسىنى چاچاتتى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئۇچى شامالدا شۇنداق تەۋرىنەتتىكى، ئۇلارغا كۆزى چۈشۈش بىلەنلا گىرىگورىيېنىڭ قۇلىقىغا تىنىمسىز غۇيۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

پودپولكوۋنىكنىڭ شاۋۇلداپ چىققان ئېنىق ئۈنى گىرىگورىيېنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. گىرىگورىي پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالغانلىقتىن، بايىقى ئۇيقۇلۇق باش ئاغرىقىش گويا ئېرىپ كەتكەندەك، بىلىنمەستىن يوقىلىپ كەتتى.

— ... دۇشمەننىڭ 1 - دىۋىزىيە فرونتىدىكى ئاكتىپلىقىنى بوشاشتۇرۇپ، مىگۇلىنىسكايا — مېشكوۋىسكايا سىزىقى بويلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بولغان قاتتىق ئۇرۇنۇشلىرى بىزنى سەگەك بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە...، — شۇ يەرگە كەلگەندە، پودپولكوۋنىك «يولداشلار» دېگەن سۆزنى دېيەلمەي، تامىقى قېقىلىپ قالدى - دە، ئايالنىڭ قولىدەك ئاپپاق، سۆپ - سۆزۈك قولىنى ئەمدى جەھلى بىلەن شىلتىپ، ئاۋازىنى كۆتەردى، — قوماندان كودىنوف سافونوفنىڭ قولىشى بىلەن، قىزىللارنىڭ مانېۋىرلىق ھەركەتلىرىنى راست دەپ بىلىپ، مېلېخوف ئىگەللەپ تۇرغان ئوچاستكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا قاراپ مېڭىپ، ئىنتايىن زور خاتالىققا يول قويۇۋاتىدۇ. ئەپۇ قىلىڭلار، جانابلار! بىر يولى ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن دۇشمەننىڭ ئۆز كۈچىنى ئەتەي ئارقىغا تارتىپ تۇرۇشى — ئالىقاچاندىن بۇيان مەلۇم بولۇپ كەلگەن ئىستراتېگى-

يىنىڭ ئېلىپبەسىغۇ ...

— ئۇنداق بولسا مىلىخوفقا زاپاس پولكنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ سۆزنى بۆلدى كودنوف.

— نەق بۇنىڭ ئەكسىچە! مۇبادا دۇشمەن فرونتنىڭ بىر يېرىدىن يېرىپ ئۆتمەكچى بولسا، شۇ يەرنى توساش ئۈچۈن 3 - دىۋىزىيە زاپاس كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمى قول ئاستىمىزدا بولۇشى كېرەك.

— مېنىڭ زاپاس كۈچلىرىمنى كودنوفقا بېرىش - بەرمەسلىكىمنى كودنوفنىڭ مەيدىن سورىغۇسى يوقتەك تۇرىدۇ، — دەپ ئاچچىقى بىلەن سۆز باشلىدى گىرىگورىي، — ئەمما مەن بەرمەيمەن. بىر بۆلۈنمىنىمۇ بەرمەيمەن!

— ھەي، بۇ ئىش، بۇرادەر ...، — سافونوف كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بۇرۇتىنىڭ سېرىق ئۇچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، تاۋۇشىنى سوزدى.

— بۇ يەردە «بۇرادەر»نىڭ كېرىكى يوق! بەرمەيمەن، گەپ تامام!

— ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى جەھەتتە ...

— سەن ماڭا ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى توغرىلىق سۆز ئاچما. مەن ئۆز ئۇچاستكام ۋە ئۆز ئادەملىرىم ئۈچۈن جاۋاپكارمەن.

كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ تالاشنى پودپولكوۋنىك گىبېئورگىدزې توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىزىل قېرىنداش خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇچاستكىنى نۇقتا سىزىقلار بىلەن بەلگە قويۇپ كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن كېگەشكە قاتناشقۇچىلارنىڭ باشلىرى خەرىتىنىڭ ئۈستىگە زىچچىدە يېپىرىلغاندا، ھەممىگە شۇ نەرسە ئېتىراز قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە چۈشىنىشلىك بولۇپ

قالدىكى، قىزىللار قوماندانلىغى تەييارلاۋاتقان ھۇجۇم، ھەقىقەتەنمۇ دونېتسقا ئەڭ يېقىن ۋە قاتناش ـ ئالاقە جەھەتتە ئەڭ پايدىلىق بولغان جەنۇبىي ئۇچاستكىدىلا باشلىنىشى مۇمكىن ئىكەن.

كېڭەش بىر سائەتتىن كېيىن ئاياقلاشتى. بەدقاپاق، بۆرە چىراي ۋە بۆرە مىجەز، چالا ساۋات كوندرات مېدۋېدېۋ، كېڭەشتە ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ، ئاخىرغا كەلگەندە، ھەممەيلەنگە يەنىلا شۈبھىلىق قاراپ، مۇنداق دېدى:

— ياردەملىشىش توغرا! كەلسە، بىز مېلېخوفقا ياردەملىشىمىز. ئارتۇق ئادەملىرىمىز بار. پەقەت بىرلا ئويـ پىكىر ئارام بەرمەيدۇ، لەنىتى! ئەگەر بىزنى ھەممە تەرەپتىن قىسماققا ئېلىشقا باشلىسا، ئۇ چاغدا نەگە تىقىلىدىغان گەپ؟ ھەممىمىزنى بىر يەرگە قاپسىۋالسا، كەلكۈن سۈنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىچىك ئارالغا يىغىلىپ قالغان سۇ يىلانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالىمىز.

— سېرىق باش يىلانلار سۇ ئۈزۈشنى بىلىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئۈزۈپ بارىدىغان يېرىمىزمۇ يوق! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى بوگاتىرېۋ.

— بىز بۇ توغرىلىق ئويلانغان، — دېدى ئويچانلىق بىلەن كودىنوف، — نىمە چارە، ئەگەر گۈلدۈرلەپ كېلىشسە، قورال تۇتۇشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلايمىز، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى تاشلايمىز، ئاندىن جەڭ بىلەن دونېتس تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىمىز. بىزنىڭ كۈچىمىز ئاز ئەمەس، 30 مىڭ.

— بىزنى كادېتلار قوبۇل قىلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ يۇقۇرقى دونلۇقلارغا ئاچچىغى بار.

www.uyghurkitap.com

— مېكىيان ئۇۋىسىدا. ئەمما تۇخۇم... بۇ توغرىلىق سۆزلىشىپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى گىرىگورىي. ئارقىدىنلا شەپكىسىنى كىيىپ كارىدورغا چىقتى. ئىشىكتىن ئۇ گېئورگىدزىنىڭ خەرىتىسى شىتىلدىتىپ قاتلاپ، مۇنۇ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ۋېشېنىسكايالىقلار ۋە ئومۇمەن قوزغىلاڭچىلار بۇندىن كېيىنمۇ بولشېۋىكلەر بىلەن ئاشۇنداق قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىۋەرسە، دون بىلەن رۇسىيە ئالدىدىكى گۇناھىنى يۇيىدۇ...

«ئاغزىدا شۇنداق دەيدۇ، ئەمما ئىچىدە كۈلىدۇ، گېزەندە!» — دەپ ئويلىدى گىرىگورىي ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىغا قۇلاق سېلىۋېتىپ، گىرىگورىي، ۋېشېنىسكايادا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئاشۇ ئوفىتسېر بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئۇچراشقاندا ھېس قىلغىنىدەك، قانداقتۇ بىر ۋەھىمەۋە سەۋەپسىز غەزەپلىنىشنى يېڭىۋاشتىن ھېس قىلدى.

شىتابنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنى كودىنوف قوغلاپ يەتتى. ئۇلار بىر دەم ئۈنچىقماي مېڭىشتى. فىغ يۇقۇندىلىرى چېچىلىپ تۇرغان مەيداندا شامال توختاپ سۇنىڭ بېتىنى چىمىرلىتاتتى. كەچ كىردى، يازدىكىدەك يۇمۇلاق ـ ئېغىر ئاق بۇلۇتلار جەنۇپتىن ئاققۇدەك سىلىق ئۈزۈپ ئۆتەتتى. قار ئېرىگەن يەرنىڭ نەم پۇرىغى ھاياتبەخش ۋە يېقىملىق ئىدى. قاشانىڭ يېنىدا يالىڭاچلىنىپ قالغان ئوتلار كۆكەرگەن، ئەمدىلىكتە شامال ھەقىقەتەنمۇ دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن تېرەكلەرنىڭ غۇۋۇلدىغان ئاۋازىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى.

— دوننىڭ مۇزلىرى تېز ئارىدا سۇنىدۇ، — دېدى كودىنوف يۆتىلىپ قويۇپ.

— هه ـ ئه.

— كىم بىلىدۇ ... تاماكا چەكمەي تۆگىشىدىغان ئوخشايمىز. بىر ئىستاكان قول تاماكىسى — هازىر كىبرىنىسكى ئاقچىسىغا 40 سوم.

— سەن مۇنۇنى سۆزلىگىنە، — گىرىگورىي مىخئوۋىتىپ ئۇ-نىڭغا قايرىلدى ـ دە، كەسكىنلىك بىلەن سورىدى،— ھىلىقى چىر-كەس ئوفىتسېر سېنىڭ قېشىڭدا نىمە قىلىدۇ؟

ـ گېئورگىدزىمۇ؟ ئۇرۇش ئوپېراتسىيلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىغى، كاللىسى ئىشلەيدۇ، شەيتاننىڭ! پىلانلىرىمىزنى ئاشۇ تۈزىدۇ، ئىستىراتېگىيە جەھەتتە ئۇ ھەممىمىزنى بېسىپ چۈشىدۇ.

— ئۇ دائىم ۋېشكىدا تۇرامدۇ؟

— يا ـ ا ـ ق ... بىز ئۇنى چىرنوۋسكى پولكىنىڭ كار-ۋان ئەترىدىگە مەسئۇل قىلىپ بېكىتتۇق.

— ئۇنداق بولسا ئۇ ئىشلارنى قانداق كۆزىتىپ بارىدۇ؟

— بىلسەڭ مۇنداق: ئۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ، ھەر كۈنى دىگۈدەك.

— شۇنداق ئىكەن، ئۇنى نىمىشقا ۋېشكىغا ئالمايسىلەر؟— دەپ كوچىلاپ سورىدى گىرىگورىي.

كودىنوف، ھامان يۆتىلىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن توساپ، خالا ـ خالىماس جاۋاپ بەردى:

— كازاكلارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىز، كازاكلارنىڭ قانداقلىغىنى ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ، بۇرادىرىم؟ «ئەنە، ئوفىتسېرلەر يىغىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىچى بىلەن يەنىلا پاگونلۇقلار ...» — دىيىشىدۇ. بىرى باشقا گەپلەرنىمۇ چىقىرىدۇ.

— ئۇنىڭغا ئوخشاشلار قوشۇندا يەنە بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كازانسكايادا ئىككى ـ ئۈچى بار ... گىرىشا، سېنىڭ ئۈنچىلىك ئىچىڭ پۇشمىسۇن، سېنىڭ ئويۇڭنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئەزىزىم. بىزنىڭ كادېتلاردىن باشقا بارىدىغان يېرىمىز يوق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ياكى سەن ئون كەنتتىن ئۆز جۇمھۇرىيىتىڭنى قۇرماقچىمۇ؟ باشقا ئىلاجىمىز يوق ... قوشۇلىمىز ـ دە، ئەيىپنى بويىنىمىزغا ئېلىپ كىراسنوفنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «بىزگە كايىما، پېترو مىكولايىچ، فۇرونتنى تاشلاپ، كىچىككىنە يولدىن ئاداشتۇق ...» — دەيمىز.

— ئاداشتۇق، دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— ئۇنداق بولمىسا قانداق؟ — كودىنوف سەممى ئەجەپلىنىش بىلەن جاۋاپ بەردى ـ دە، بىر توختاق سۇدىن ئاۋايلاپ ئايلىنىپ ئۆتتى.

— مەندە مۇنداق بىر ئوي بار...، — گىرىگورىي زومو زو كۈلۈمسىرەپ قارىيىپ كەتتى، — مېنىڭ پىكرىمچە، بىز قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن باشلاپ ئاداشتۇق ... خوپېر لىقنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئىشىتتىڭمۇ؟

كودىنوف يان تەرەپتىن گىرىگورىيغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۇنچىقمىدى.

ئۇلار مەيداننىڭ سىرتىدىكى تۆت كوچا ئاغزىدا ئايرىلىشتى. كودىنوف مەكتەپنىڭ يېنى بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، گىرىگورىي شتاپقا قايتىپ كېلىپ، نەۋكىرىگە ئاتنى ئېلىپ كەل، دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئاتقا مىنگەندىن كېيىن، تىزگىننى ئاستا ئوڭلاپ، مىلتىغىنىڭ تاسمىسىنى تۈزەۋېتىپ، يەنە ھېلىقى پودپولكوۋنىكنى شتاپتا ئۇچراتقاندا پەيدا بولغان ئۆزىنىڭ مۇجمەل ئۆچمەنلىك ۋە ئېھتىيانكارلىق

تۇبغېلىرىنى قايتا ئويلاپ، تېگىگە يەتمەكچى بولدى ـ دە، بىردىنلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئويلاپ كەتتى: «ئەگەر كادىتلار، بىزنى قىزىللارنىڭ ئارقاسىپىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە ئۈيۈش تۇرۇش ئۇچۇن ۋە بۇ قوزغىلاڭغا ئۆز بىلىمى بويىچە رەھبەرلىك قىلسۇن دەپ، ئاشۇنداق بىلىملىك ئوفىتسېرنى بۇ يەردە ئەتەي قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا، ئىش قانداق بولغىنى؟» يەنە شۇ ئاندىلا كاللىسى ئىچى قارىلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، پەرەز، بانالارنى ئىزگە سالدى: «قايسى قىسمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى... دۇدۇقلاپ قالدى... شتاپ خادىمى دەيدۇ، ئەمما بۇ يەردىن شتاپ ئۆتكىنى يوق... ئۇنى دۇدارېۋىسكىغا مۇنداق قاقاس يەرگە قايسى شەيتان ھەيدەپ كەلدى؟ ھەي، بىكارغا كەلگەن ئەمەس! بىز تالاي ئىشلارنى قىلغانمىز...» شۇندىن كېيىن ئۇ، ھايات توغرىسىدا خام خىياللارنى قىلىپ، ئۆزىچە ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ، خورلۇق كۆرگەن ئادەمدەك، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئوي ـ خىيالىنى ئايىغلاشتۇردى: «بىزنى بىلىملىك ئادەملەر ئازدۇردى... جاناپلار ئازدۇردى! ھاياتنى چۈشەكلەپ قويۇپ، ئەمدى ئۇلار بىزنىڭ قولىمىز بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى قىلماقتا. ئەرزىمىگەن ئىشتىمۇ ھېچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ...»

گىرىگورىي، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە چىققاندىن كېيىن، ئېتىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. ئارقىسىدىن نەۋكىرى ئىگىرىنى غىچىرلىتىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ ئولشانىسكى يېزىسىدىن چىققان جەڭگىۋار ۋە قەيسەر كازاك يىگىتى ئىدى. گىرىگورىي ئاشۇنداق «ئوت بىلەن سۇدىن ياناي» ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغانلارنى، ئاشۇنداق كېرمان سوقۇشىدا چېنىققانلارنى تاللاپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئەترىپىغا توپلىغان ئىدى. بۇرۇن رازۋېتچىك بولغان بۇ نەۋكەر، يول بويى ئۈندىمىدى، ئۇ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، شامالغا قارشى چاپماقتا، ئوت چىقىرىپ، يوغان چاقماقلىغا ئاپتاپپەرەس كۆلىدە قايىنتىلغان بىر دۆگىلەك ئاچچىق پىلىكنى ئېلىپ، تاماكا چەكتى. توكىن يېزىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ گىرىگورىيغا مەسلىھەت بەردى:

— ئەگەر ئالدىراشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا، مەشەدە قونۇپ قالايلى. ئاتلارنىڭمۇ ماغدۇرى قالمىدى. ھاردۇقىنى چىقارسۇن.

ئۇلار چوكارنىدا قونۇشتى. ئىككى خانىلىق ئەسكى ئۆي شۇۋىرغان شامالدىن كېيىن بۇلارغا ئۆز ئۆيىدەك راھەت ۋە ئىللىق ئىدى. ئۆينىڭ تېگىدىن موزاي بىلەن ئۆشكىنىڭ سۈيدۈكىنىڭ شورتاڭ ئاچچىق ھىدى پۇرايتتى. مەشتىن كاپوستا ياپرىقىدا پىشۇرۇلغان ناننىڭ چۈچۈمەل كۆيۈك ئىسى كېلەتتى. گىرىگورىي ئۆي ئىگىسىنىڭ — قوزغىلاڭغا ئۈچ ئوغلى بىلەن بۇۋېيىنى يولغا سالغان قېرى كازاك ئايالنىڭ سوئاللىرىغا خالا - خالىماستىن جاۋاپ بەردى. موماي ھىمايەتكار كىشىدەك بوم ئاۋاز بىلەن ئۆزىنىڭ ياشتا چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، سۆزىنىڭ دەسلىۋىدىن تارتىپلا گىرىگورىيغا چاقىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— سەن ئەخمەق كازاكلارغا باشلىق ۋە كوماندىر بولغىنىڭ بىلەن، ماڭا، قېرى ئايالغا ھۆكمىڭنى يۈرگۈزەلمەيسەن، سەن مېنىڭ ئوغلۇم بولۇشقىلا يارايسەن. شۇڭا سەن، قورغۇيۇم، مەن بىلەن سۆزلەش، مەرھەمەت قىل. سەن ھامان ئەسنەپ ئولتۇرىسەنغۇ، گەپ - سۆز بىلەن ئايال كىشىنى ھۆرمەت قىلغۇلۇق

كەلمەيدىغۇ. ياق ئۇنداق قىلما، ھۆرمىتىنى قىل! مەن ماما سەنلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكۈر ئۇرۇشۇڭلارغا ئۈچ بالامنى ئەۋەتتىم، يەنە تېخى بۇنى ئاز دەپ، بوۋاينىمۇ يولغا سالدىم. سەن ئۇلارغا قوماندانلىق قىلسەن، مەن شۇ بالىلارنى تۇغدۇم، ئېمىتتىم، باقتىم، قوغۇنلۇقلاردا، كۆكتاتلىقلاردا ئېتىكىمدە كۆتىرىپ يۈردۈم، ئۇلارنىڭ جاپاسىنى تارتتىم. بۇمۇ ماڭا ئاسانغا چۈشكەن يوق! چوڭچىلىق قىلما، گىدەيمە، ماڭا ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقىنا: پات ئارىدا تىنچلىق پۈتۈمى بولامدۇ؟

— پات ئارىدامىش... سەن ئۇخلىساڭچۇ، چوڭ ئانا!

— پات ئارىدىمۇ دەۋاتىمەن! پات ئارىدا بولغاندا، زادى قاچان؟ سەن مېنى ياتقۇزۇپ، ئۇخلىتىمەن، دىمە، بۇ يەردە سەن ئەمەس، مەن خوجايىن. مېنىڭ تېخى قوراغا چىقىپ، قوزا ـ ئوغلاقلارغا قارايدىغان ئىشىم بار. ئۇلارنى كېچىسى قورادىن ئېلىپ كىرىۋالىمىز، ئۇلار تېخى كىچىك. پاسخىغا يېقىن سۈلھ تۈزەمسىلەر؟

— قىزىللارنى قوغلىۋېتىپ، ئاندىن سۈلھ تۈزەيمىز.

— مەرھەمەت قىلىپ ئېيتقىنا! — موماي بېغىشى ئىششىق، ئىش ـ ئەمگەك ۋە رېماتىزىم بىلەن بارماقلىرى مايماق ـ سايماق بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئۇچلۇق تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، گىلاسنىڭ پوستىدەك جىگەررەڭ، قۇرغاق لەۋلىرى بىلەن تامشىنىپ قويدى، — ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش سىلەرگە نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ سىلەر نىمىشقا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىسىلەر؟ ئادەملەر تازا قۇتراشقان... سەن مەلئۇنلار مىلتىق ئېتىپ، ئات ئۈستىدە ئۆزەڭلارنى كۆرستىشتىن مەزە ئالىسىلەر، ئەمما بۇ ئىشىڭلار ئانىلارغا قانداق تەسىر قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرى قى—

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىلىۋاتامدۇ؟ ئۇرۇشنى قانداق نىمە ئۈيلاپ چىقارغاندۇ...

— خوش، بىز ئانىنىڭ بالىسى بولماي، قانجۇقنىڭ بالىسىمىكەنمىز؟ — دىدى گىرىنگورىينىڭ نەۋكىرى دەرغەزەپ بولۇپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن، مومايىنىڭ سۆزلىرىگە ئۇنىڭ ئىنتايىن زەردىسى قايىنغان ئىدى، — بىزنى ئۆلتۈرۈۋاتسا، سەن «ئات ئۈستىدە ئۆزەڭلارنى كۆرسىتىپ!» — دەيسەن. ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرە، ئانىسىغا ئېغىرراق دىگەن گەپلەرنى قىلىسەن تېخى! سەن خۇدانىڭ تەشتىكى، مۇشۇ ياشقىچە ياشاپسەن، چېچىڭ ئاقىرىپتۇ، ئەمما يەنىلا ۋالاقلايسەن... سۆزلىرىڭ دوننىڭ سۇيىدەك، دېڭىزنىڭ سۇيىدەك، كىشىگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن...

— ئۇيقۇڭغىمۇ قانىسەن، ۋابا تەككەن مەخلۇق! نىمە چالۋاقايسەن؟ باياتىدىن بۆرىدەك، ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ، ئەمدىلىكتە ئاچچىقلانغىنىڭ نىمىسى؟ قاراپ تۇر! غەزەپتىن ئاۋازىڭ پۈتۈپ قالىدۇ.

— مۇنۇ قېرى بىزگە ئۇيقۇ بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، گىرىنگور پانتېلىيېۋىچ! — نەۋكەر ئۈمىتسىزلىك بىلەن تامىغىنى قىردى - دە، تاماكا چەكمەكچى بولۇپ، چاقمىغىنى قاتتىق بىر چاققان ئىدى، چاقماق تېشىنىڭ ئاستىدىن بىر توپ ئۇچقۇن لاپپىدە چاچراپ چىقتى.

نەۋكەر، پىلتىسى بەتبۇي تۈتەپ، ئوت تۇتىشىۋالغۇچە ۋالاق تەككۈر ئۆي ئىگىسىگە زەھەرلىك سۆزىنى دەپ تۈگىتىۋالدى:

— ئانىكا، سەن ھەرىگە ئوخشاش چاققاق خوتۇن ئىكەنسەن! ئەگەر بوۋىيىڭ ئۇرۇش سېپىدە ئۆلسە، ئۆلۈۋېتىپ خوشال بولىدۇ. «ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، قېرى جادىدىن قۇتۇلدۇم، قارا يەر ئۇنىڭغا ئاققۇنىڭ ماڭغىدەك بولار!» — دەيدۇ.

— تىلىڭغا چاقا چىقسۇن، ھارامزادە!

— ئۇخلا، ئانىكا، ئەيسا مەسىھ ھەققى. بىز ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۇخلىغىنىمىز يوق، بېرىپ ئۇخلا! مۇنداق ئىشلار ئۈچۈن چىركاۋنىڭ زىياپىتىگە قاتناشماي، ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن.

گىرىگورىي بۇ ئىككىسىنى ئاران ئەپلەشتۈرۈپ قويدى. كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش ئالدىدا، ئۇ، ئۈستىگە ياپقان قوي تېرىسى جۇۋىسىنىڭ چۈچۈمەل ئىسسىغىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئۇيقۇ ئارىسىدا ئىشىكنىڭ تاق قىلىپ غىچىرلىغىنىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىن سوغاق ھاۋا بىلەن ھور كىرىپ، پۇتىغا كېلىپ ئورۇلدى. ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇلىقى ئۈستىدە بىر پاخلان قاتتىق مەرىۋەتتى. پولدا ئوغلاقلارنىڭ ئۇششاق تۇياقلىرى تىكىرلەشكە باشلىدى-دە، ئۆينىڭ ئىچىنى ئوت-چۆپنىڭ ۋە يېڭى ساققان قوي سۈتىنىڭ، سوغاقنىڭ، قوتاننىڭ ئۆتكۈر، يېقىملىق پۇرىقى قاپلىۋالدى.

يېرىم كېچە بولغاندا گىرىگورىينىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمماستىن ئۇزاققىچە ياتتى. كاڭ ئوچاقنىڭ ئىچىدە ئاپپاق كۈلنىڭ ئاستىدا قىزىل چوغ يالقۇنلاپ تۇراتتى. ئوچاقنىڭ ئاغزىدا، ئىسسىقنىڭ ئالدىدا بىر توپ قوزا يىغىلىشىپ ياتاتتى. يېرىم كېچىنىڭ شىرىن سۈكۈناتىدا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانلىقى، ئانىدا-ساندا چۈشكۈرۈپ، پۇشقۇرغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يىراق-يىراقتىكى تولۇن ئاي دەرىزىگە مارىلاپ قارايتتى. يەردىكى چاسا، ساغۇچ يورۇقتا تىنىم تاپمايدىغان بىر قارا ئوغلاق سەكرەپ يۈرەتتى. ئاينىڭ شولىسىدا مەرۋايىتتەك زەررە-توزانلار قىيپاش چىمىرلاپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى كۈندۈزدىكىدەك ساغۇچ، كۆكۈش يورۇقلۇق يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. مەشنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە ئەينەكنىڭ سۇنۇغى

ۋالىلداپ تۇراتتى، پەقەت ئالدىنقى بۇلۇڭدا بۇتنىڭ كۆمۈش يالـ-
تىلغان مېتال قېپى خىرە - شىرە پـاقىرايتتى... گىرىگورىي يەنە
ۋېشېنىسكايادا بولغان كېچەش توغرىلىق خوپېردىن كەلگەن چاپار-
مەن توغرىلىق ئوي - پىكىرگە پاتتى - دە، يەنە پودپولكوۋنىكنى،
ئۇنىڭ يات، زىيالىلىق قىياپىتىنى ۋە سۆزلەش ئۇسۇلـىنى ئېسىگە
چۈشۈرۈپ، كۆڭۈلسىز پـەرىشانلىق، ئېغىر تـەشۇىـش ھېس قىلدى.
ئوغلاق جۇۋىنىڭ ئۇستىگە، گىرىگورىينىڭ قوسىقىغا چىقىۋېلىپ، ئۇ-
زاققىچە تەنتەكلىك بىلەن سىنچىلاپ قاراپ تۇردى، قـولىغىنى لىـ-
كىلداتتى، ئاندىن بـاتۇرلۇق قىلىپ، بىر - ئىككى سەكرىدى - دە،
بىردىنلا جىنگىلەك ئاياقلىرىنى كېرىپ قالدى. شىر - شىر چۈشكەن
ئىنچىكە سۇيدۈك ئېقىنى جۇۋىدىن يورغىلاپ، گىرىگورىينىڭ يېنىدا
ئۇخلاۋاتقان نەۋكەرنىڭسوزۇلغان ئالقىنىغا قۇيۇلدى. نەۋكەر غو-
دۇڭشىپ، ئويغىنىپ كەتتى، قـولىنى ئىشتىنىغا سـۈرتتى، دىلخەستە
بولۇپ، بېشىنى چايقىدى.

— ھۆل قىلىۋەتتى، لـەنىتى... چـوگ!— دەپ ئـوغلاقنىڭ
ماڭلىيىغا راھەتلىنىپ بىر تەستەك سالدى.

ئوغلاق قاتتىق بىر مەرەپ، جۇۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئانـ-
دىن يەنە يېقىن كېلىپ، گىرىگورىينىڭ قولىنى كىچىككىنە مۇدۇر-
مۇدۇر، ئىللىق تىلى بىلەن ئۇزاققىچە يالىدى.



شتوكمان، كوشۇوي، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ۋە ساقچى بو-

لۇپ ئىشلىگەن بىرنەچچە كازاك ئاتارىسكىدىن قېچىپ چىققانىدىن
كېيىن 4 - زائامۇر پولكىغا قوشۇلغان ئىدى. بۇ پولك 1918 - يىلـ
نىڭ بېشىدا نېمىس فۇرونتىدىن ھەربى يۈرۈشتە قايتىپ كېلىۋېـ
تىپ، قىزىل ئارمىيە ئەترەتلىرىنىڭ بىرىگە بىر تۇتاشلا كىرگەن
بولۇپ، گىراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ ھەرقايسى فۇرونتلىرىدا بىر يېرىم
يىل جەڭگە قاتنىشىش مابەينىدە ھامان ئۆزىنىڭ ئاساسىي كادىرـ
لىرىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. زائامۇرلۇقلار كېرەكلىك قورال -
ياراقلار بىلەن ئوبدان تەمىنلەنگەن، ئاتلىرى توق - سېمىز ۋە ياخـ
شى مەشىق قىلدۇرۇلغان ئىدى. پولك ئايرىم جەڭگىۋارلىق قابىلىـ
يەت، مەنىۋى تۇرغۇنلۇق ۋە جەڭچىلەرنى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە
خاس ئالىپتە كيىندۈرۈپ، تەييارلاش جەھەتتە ئالايىتەن كۆزگە
تاشلىنىپ تۇراتتى.

يۇقۇرقى دوندا قوزغىلاڭ باشلانغان چاغدا، زائامۇرلۇقلار
1 - موسكۋادا پىيادىلەر پولكىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن،
ئۇست - مېدۋېدىتساغا بېرىپ، ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان قوزغىلاڭچىلارـ
نىڭ ھۇجۇمىغا دىيەرلىك ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرغان ئىدى؛ ئۇنـ
دىن كېيىن قوشۇمچە كۈچ كەلدى - دە، پولك ئەسكەرلىرىنى چېـ
چىۋەتمەستىن، كرىۋايا رېچكادىكى ئۇست - خوپېرىسكايا ئوچاسـ
تىكىسىنى ئۆزۈل - كېسىل ئىشغال قىلدى. مارتنىڭ ئاخىرىدا
قوزغىلاڭچىلار ئۇست - خوپېرىسكايا كەنتىنىڭ بەزىبىر
يېزىلىرىنى بېسىۋېلىپ، يېلانىسكايا كەنتىنىڭ ئايمىقىدىن
قىزىللارنىڭ قىسىملىرىنى سىقىپ چىقاردى، بۇھال مەلۇم دەرىجىدە
ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلەر باراۋەرلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىككى ئايـ
غا يېقىن فۇرونتنىڭ مىدىرلىماي تۇرۇشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى.
موسكۋا پولكىنىڭ بىر باتالىيونى توپچىلار باتارىيىسىنىڭ ھىماـ

www.uyghurkitap.com

يىسى ئاستىدا غەرپ تەرەپتىن ئۇست ـ خوپېرسكايانى قوغداپ تۇر-
رۇپ دون ياقىسىدىكى كرۇتوۋسكى يېزىسىنى ئىشغال قىلدى. قىزىل-
لار باتارېيىسى دالىدىكى خامانغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كرۇتوۋسكىنىڭ
جەنۇپ تەرىپىدىكى دون بويى تاغ تىزمىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىتى-
گىدىن دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى دۆڭلۈكلەرگە يىغىلىۋالغان
قوزغىلاڭچىلارنى ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوققا تۇتۇپ،
موسكۋا پولكىنىڭ سەپلىرىگە ياردەم بېرىپ تۇردى، ئۇندىن كېيىن
ئوت ئېچىش يۆنىلىشىنى يۆتكەپ، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى
يېلانسكى يېزىسىغا ئوق ياغدۇردى. زىچچىدە غۇژمەك جايلاشقان
ھويلا ـ قورالارنىڭ ئۈستىدە، يۇقۇرى ـ تۆۋەن پارتلىغان شراپنېل-
لەرنىڭ ئۇششاق بۇلۇتلىرى لەپىلدەپ چۈشۈپ، چاپسانلا ئېرىپ
تۈگەيتتى. گىراناتلار گاھى يېزىغا چۈشەتتى ـ دە، كوچىلاردا چار-
ۋا ماللار ئۆلگۈدەك قورقۇشۇپ، قاشالارنى بۇزۇپ، شامالدەك چېپى-
شاتتى، ئادەملەر دوقمۇشلاپ، ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئۆتۈشەت-
تى، ـــ گاھى كونا دىندىكىلەر مازارلىقىنىڭ نېرىسىدا، شامال
تۈگمىنىنىڭ قېشىدا، ئادەمسىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىدە پارتلاپ،
ئۇ يەردە توڭگى ئېرىمىگەن يەرنىڭ كاللەك ـ كاللەك كېسەك ـ
چالمىلىرىنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى.

15 ـ مارت كۈنى شتوكمان، مىشكا كوشېۋوي ۋە ئىۋان
ئالېكسېيېۋىچ چېبوتارېۋ يېزىسىدىن ئۇست ـ خوپېرسكاياغا
يۈرۈپ كەتتى، چۈنكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كەنتلەردىن قېچىپ
چىققان كوممۇنىستلار بىلەن سوۋېت خادىملىرى ئۇست ـ خوپېرسكا-
يادا ئۆزلىرىدىن بىر قوشۇن تەشكىل قىلىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى
ئاڭلىغان ئىدى. بۇلارنى كونا دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر كازاك
ئېلىپ ماڭغان ئىدى، بۇ كازاكنىڭ يۈزى كىچىك بالىنىڭ يۈز-

دەك قىنىپ ـ قىزىل، شۇنچىلىك ياكىتىز ئىدىكى، ھەتتا شتوكمان
ئۈنىڭغا بىر قاراپلا ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ، لەۋلىرىنى پۈرۈش ـ
تۈردى. كازاكنىڭ چىرايى ياش بالىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما قېلىن،
ئاچ سېرىق ساقىلى جىڭگىلەكلەشكەن، قىپ ـ قىزىل ئاغزى ساق ـ
لىنىڭ ئارىسىدا تاۋۇز تىلىمىدەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىنىڭ قېشىدىكى
مەيىن تۈك ئالتۇندەك پاقىرايتتى، ساقىلىنىڭ يۇمشاقلىقىدىنمۇ
ياكى قانغا تولۇق قىزىل چىرايىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، كۆزلىرى بۆ ـ
لەكچە پاقىراپ، كۆكۈش كۆرۈنەتتى. مىشكا يول بويى بىر ناخشى ـ
نىڭ ئاھاڭىنى خىرىگاھى كۈيلەپ ماڭدى، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ
ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بولۇپ، مىلتىقىنى تىزىغا قويۇۋال ـ
غان، قاپىقى تۈرۈلگەن، شتوكمان ھارۋىكەش بىلەن ئۇششاق ـ چۈش ـ
شەك نەرسىدىن پاراڭ باشلىدى:

— سالامەتلىكتىن نالىمايدىغانسەن، يولداش؟ — دەپ
سورىدى ئۇ. كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان كونا
ئېتىقاتچى كازاك قوي تېرىسى كالتە جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋې ـ
تىپ، ئىللىق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— ياق، يامان ئەمەس، خۇدا ھازىرچە گۇنايىمىزنى كۆتىرىپ
تۇرۇۋاتىدۇ. سالامەتلىكىمىز نىمىشقا ناچار بولسۇن؟ ئەزەلدىن تا ـ
ماكا چەكمەيمىز، ھاراقنى لايىغىدا ئىچىمىز، كىچىكىمىزدىن
تارتىپ بۇغداي نان يەپ كېلىۋاتىمىز. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن
ئاغرىق دېگەن نەدىن كەلسۇن؟

— خوپ، ھەربىي خىزمەتتە بولدۇڭمۇ؟

— ئاز ۋاقىت بولدۇم. كادىتلار ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ
كەتكەن ئىدى.

— نىمىشقا دونېتىسنىڭ نېرىسىغا ئاقلار بىلەن بىللە
كەتمىدىڭ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئاجايىپ گەپ قىلىدىكەنسەن، يولداش! — دېدى ئۇ ئات قىلىدىن ئىشلىگەن قامچىسىنى سىلكىپ قويۇپ، ئاندىن كۆن پەلەيىنى قولىدىن چىقىرىپ، كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن قىسىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى ئېرتتى، — مەن ئۇ يەرگە نېمىشقا بارىدىكەنمەن؟ يېڭى غەزەل ئوقۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر كادىرلار مەجبۇر قىلمىغان بولسا، ئۇلاردا خىزمەت قىلمىغان بولاتتىم. سىزلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئادالەتلىك، ئەمما سەنلەر ئازراق ناتوغرا ئىش قىلدىڭلار...

— نېمە ئىش قىلىپتۇق؟

شتوكمان بىر تال تاماكا ئوراپ، تۇتاشتۇردى - دە، ئۇزاققىچە جاۋاپ كۈتۈپ تۇردى.

— مۇشۇ زەھەرلىك نەرسىنى نېمىشقا تۇتاشتۇردىغانسەن؟— دېدى كازاك يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈپ، — قارىغىنا، ئەتراپىمىزدا باھارنىڭ نېمە دېگەن ساپ ھاۋاسى - ھە، سەن بولساڭ كۆكرىگىڭنى سېسىق تۈتۈن بىلەن بۇلغايسەن... مەن ئايىماستىن گېپىمنى ئېيتىۋېرىمەن! نېمىنى خاتا قىلغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ باقاي. سىلەر كازاكلارنى قىسىپ قويدۇڭلار، ئەخمەقلىق قىلدىڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا سىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىڭلار بەرىبات بولمىغان بولاتتى. سىلەردە ئەخمەق ئادەملەر كۆپ، شۇ سەۋەپتىن قوزغىلاڭ يۈز بەردى.

— قانداق ئەخمەقلىق قىلدۇق بىز؟ يەنى، سېنىڭچە، ئەقىلسىزلىق قىلدۇقمۇ؟ سەن شۇنداق دېمەكچىمۇ؟ قانداق ئەخمەقلىق، قېنى؟

— ئۆزەڭمۇ بىلىدىغانسەن... ئادەملەرنى ئاتتىڭلار. بۈگۈن بىرسىنى، ئەتىسى يەنە بىرسىنى... نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا كىم ئىشتىياقمەن؟ ئۆكۈزنى بوغۇزلاشقا ئېلىپ ماڭساڭ ئۇمۇ بېشىنى

تولغايدۇ. مانا، مەسىلەن، بوكانوۋسكايا كەنتىدە، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ
تۇرغان شۇلارنىڭ چىركاۋى، كۆرۈۋاتامسەن؟ مەن قانچىلا بىلەن كۆر-
سەتكەن ياققا قارا، كۆردۈڭمۇ... خوش، بۇ توغرىلىق كىشىلەر مۇ-
نۇنى ھېكايە قىلىدۇ: ئۇ يەردە ئەترەت بىلەن بىر كومىسسار تۇر-
غان ئىكەن، پەملىسى مالكىن. خوش، ئۇنىڭ خەلققە قىلغان مۇ-
ئامىلىسىنى ئادىل بولغان دېيەلەمدۇق؟ مانا ئېيتىپ بېرەي ھازىر،
ئۇ يېزىلاردىن قېرىلارنى يىغىپ، چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ با-
رىدىكەن ـ دە، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدىكەن، ئاۋال
ئۇلارنىڭ تېرىسىنى سويىدىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كۆمۈپ
قويۇشىغا رۇخسەت قىلمايدىكەن. ئۇ قېرىلارنىڭ بېشىدىكى بالا ـ
قازا شۇنىڭدىكى، بىر زاماندا بۇلارنى كىشىلەر كەنتنىڭ پەخرىي
سودىيىسى قىلىپ سايلىغان ئىكەن. خوش، بۇلارنىڭ قانداق سو-
دىيىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بىرسى، پەملىسىنى ئارانلا يازا-
لايدۇ، يەنە بىرسى، يا بارمىقىنى سىياغا چىلايدۇ ياكى ئىمزا ئور-
نىدا كېرىست سىزىپ قويىدۇ. مۇنداق سودىيىلەر پەقەت كۆرۈنۈش-
كىلا ئولتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق كۆرسەتكەن خىزمىتى —
پەقەت ئۇزۇن ساقال قويۇش، ئۇلار قېرىلىقتىن ئىشتىنىنىڭ تۈگ-
مىسىنى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىش
مۇمكىن؟ پەقەت كىچىك بالىغا تەلەپ قويغانغا ئوخشاشلا بىر گەپ.
ئەنە شۇ مالكىن باشقىلارنىڭ ھاياتىغا خۇدادەك خوجايىنلىق قىلىدۇ،
مانا بىر كۈنى لىنېك دېگەن چال مەيداننىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن
لاغايلاپ ماڭىدۇ. ئۇ، بايتىلىنى يېتىلەپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قو-
لىغا يۈگەن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خامىنىغا كېتىۋاتقان ئىكەن، يولدا
باللار ئۇنىڭغا چاخچاق بىلەن: «تېزرەك ماڭ، سېنى مالكىن چا-
قىرىۋاتىدۇ» — دەپتۇ. لىنېك ئۆزىنىڭ بىدئەتچى كىرېستى بىلەن

چوقۇنۇپ قويۇپتۇ، ــ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن ئېتىقات قىلىدىكەن، ــ چال مەيداندىلا شەپكىسىنى قولىغا ئېلىۋالغان. يۈرىكى پوكۇلداپ كىرىپتۇ. «مېنى چاقىرغانمىدىڭىز؟» ــ دەپتۇ ئۇ، مالكىن بولسا ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ، خىرىلداپ كۈلۈپتۇ، ئاندىن: «ھە، ‹مەرت بولساڭ، مەيدانغا چىق› دىگەن مانا شۇ. سېنى ھېچكىم چاقىرمىغان ئىدى. ئەمدى ئۆزەڭ كېلىپ قالغان ئىكەنسەن، ئىش مەشەدىكىدەك بولسۇن. يولداشلار، مۇنۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار! 3 ـ كاتىگورىيە بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭلار» ــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تەبىئىكى، ئۇنى قولغا ئېلىپ دەرھاللا چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. مومىيى كۈتۈپتۇ ـ كۈتۈپتۇ، يوق، بوۋاي شۇ چىقىپ كەتكەنچە قارىسىنى كۆرسەتمەپتۇ. بۇ ئەمدى ئۇ دۇنيادا يۈگەن بىلەن چىپىپ يۈرگەندۇ. ئاندىرىيانوۋىسكى يېزىسىلىق متروفان دىگەن يەنە بىر قېرىنى مالكىننىڭ ئۆزى كوچىدا كۆرۈپ قېلىپ، ئالدىغا چاقىرىپتۇ: «نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ پەملەڭ كىم؟ ــ دەپ ھىجىيىپتۇ ئۇ، ــ مانا قارا، ساقىلىڭنى تۈلكىنىڭ قۇيرۇغىدەك قويۇۋېتىپسەنغۇ، سەن ساقىلىڭ بىلەن نىكولاينىڭ تەخسكىشىگە ناھايىتى ئوخشاپ قاپسەن، بىز ساڭا ئوخشاش سېمىز قاۋاندىن سوپۇن چىقىرىمىز! ئۇنى 3 ـ كاتىگورىيە بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭلار!» ــ دەپتۇ. بۇ بوۋاينىڭ گۇناھى، ساقىلى راستىنلا بىر باغ بىدىدەك ئىكەن. پەقەت ساقىلىنى ئۆستۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە يامان ۋاقىتتا مالكىننىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ئېتىپ تاشلاشتى. بۇ خەلقنى ھاقارەتلەش ئەمەسمۇ؟

مىشكا، ھېكايە باشلانغاندىلا ناخشا كۈيلەشنى قويغان ئىدى. ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاچچىقى بىلەن:

— قاملاشمىغان يالغاننى سۆزلەۋاتىسەن، تاغا! — دېدى.

— باخشىسىنى سەن توقۇپ چىقار! سەن كېپىمنى يالغانغا چىقىرىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭ ئۇقۇپ كۆر، ئاندىن سۆزلە.

— سەن بۇ ئىشنى ئېنىق بىلەمسەن؟

— كىشىلەر سۆزلەپ بەردى.

— كىشىلەر! كىشىلەر نىمىلەرنى دېمەيدۇ — توخۇنىمۇ ساغىدىكەن، دېيىشىدۇ ... ئەمما توخۇلارنىڭ ئەمچىكى يوقتۇ. يالغاننى ئاڭلىۋىلىپلا، خوتۇن كىشىدەك، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈيسەن!

— قېرىلار يۇۋاش ئادەملەر ئىدى...

— ئەتتەڭ سېنى! يۇۋاش ئادەملەر! — دېدى مىشكا قەھرى بىلەن سۆزىنى داۋاپ، — سېنىڭ بۇ مۆمىن قېرىلىرىڭ، ئېھتىمال، قوزغىلاڭنى تەييارلىغاندۇ، بەلكىم ئاشۇ سودىيىلەرنىڭ قورالىرىدىن كۆمۈلگەن پىلىموتلار چىققاندۇ، سەن تېخى ئۇلارنى ساقال قويغانلىغى ئۈچۈن ۋە باشقا ئەرزىمىگەن نەرسە ئۈچۈن ئاتتى دەيسەن... نىمە ئۈچۈن سېنى ساقىلىڭ ئۈچۈن ئاتمىدى؟ سېنىڭ ساقىلىڭمۇ قېرى سەركىنىڭ ساقىلىغا ئوخشاش ئۇزۇنغۇ؟

— مەن ئاڭلىغىنىمنى ئەينەن ئېيتىمەن. ئۇنى شەيتان بىلەمدۇ، بەلكىم كىشىلەر يالغان سۆزلەيدىغاندۇ، بەلكىم ئۇلار ھاكىمىيەتكە قارشى تەنتەكلىك قىلىپ قويغاندۇ...، — دەپ خىجىللىق بىلەن غودۇڭشىپ قويدى كونا ئېتىقاتچى كازاك.

ئۇ چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىگەن قارنى شىلىپلىتىپ، ئۇزاققىچە پىيادە ماڭدى. پۇتلىرى ئىككى ياققا تېيىلىپ، نەملىكتىن كۆكۈش تۇس ئالغان يۇمشاق قارنى كۆرەپ ماڭاتتى. دالىنىڭ ئۈستىدە قۇياش يېقىملىق نۇرىنى تۆكەتتى. زەڭگەر ئاسمان يىراق ئەتراپتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېدىر ۋە داۋان-

لارنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان، ھەركىتى ئارانلا سېزىلىپ تۇرغان
مەيىن شامالدا، يېقىنلىشىپ قالغان باھارنىڭ خۇش بۇي ھىدى
دىماققا ئۇرۇلغاندەك بولاتتى، شەرقتە، دون بويىدىكى ئېقىش ئەگ-
رى - بۈگرى تاغلارنىڭ ئارقىسىدا، بىنەپشە رەڭ تۇمان ئىچىدە
ئۈست - مىدۋىدىتسا تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى پەلەمپەي شەكلىدە
كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاشۇ يىراقلىقتا ئاپپاق جىنگىلەك بولۇتلار
ئۈپۈق بىلەن تۇتىشىپ، مەۋجلىنىپ تۇرغان كەڭ قانىتىنى يەر
يۈزىگە ياياتتى.

كىراكەش كازاك چانىغا ئىرغىپ چىقتى - دە، تومپاي يۈزى-
نى شتوكمانغا بۇراپ، يەنە سۆزگە كىرىشتى:

— مىنىڭ بوۋام مۇشۇ كەمگىچە ھايات، ئۇ ھازىر 108
ياشقا كىردى، ئۇ بىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ-
غىمۇ بوۋىسى، يەنى بوۋامنىڭ بوۋىسى ئەستە قالغانلىرىنى سۆزلەپ
بەرگەن ئىكەن. دونىنىڭ يۇقۇرىسىدا بىز تەرەپتە پېتىر پادىشا
ئەۋەتكەن بىر كىنەز بولغان ئىكەن، يارەببىم، مىنىڭ مۇنۇ خاتى-
رەمنى! — پەملىسى دىلىننورۇكوفمۇ ياكى دولگورۇكوفمۇ، ئىش-
قىلىپ شۇنداق. خوش، ئەنە شۇ كىنەز ۋورونېژدىن سولداتلىرىنى
ئېلىپ، بۇ ياققا كېلىدۇ - دە، كازاكلارنىڭ مەنپۇر نىكون* دى-
نىنى قوبۇل قىلىشنى ۋە پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆ-
تۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن كازاك شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ
تاشلايدۇ. كازاكلارنى تۇتۇپ، بۇرۇنلىرىنى كېسىدۇ، بەزىلىرىنى
دارغا ئېسىپ، جەسەتلىرىنى سالغا سېلىپ، دون دەرياسىغا ئاق-
قۇزۇۋېتىدۇ.

---

* نىكون (1605 — 1685) — موسكۋانىڭ چوڭ روھانىسى بولۇپ،
1652 - يىلىدىن باشلاپ چېركاۋدا دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بارغان.

— سەن مۇنداق گەپلىرىڭنى نىمە ئۈچۈن ئېيتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى مىشكا جىددى ھوشيارلىق بىلەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ قانچىلىك دىلىننورۇكى* بولسىمۇ، پادىشا ئۇنىڭغا مۇنداق ھوقۇقلارنى بەرمىگەن بولسا كېرەك، دىمەكچىمەن. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، بۇكانوۋىسكايادىكى كومىسسارمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان: «مەن، دەرمىش ئۇ، سەن ئىتنىڭ باللىرىنى كازاكلىقتىن چىقىرىپ تاشلايكى، مەڭگۇ ئېسىڭلاردىن چىقمىسۇن!...» ئۇ بۇكانوۋىسكايادىكى مەيداندىمۇ پۈتۈن كەنتنىڭ چوڭ يىغىنىدا ئاشۇنداق دەپ جار سالغان. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇنىڭغا مۇنداق ھوقۇقلارنى بەرگەنمىمۇ يە؟ ھەي، ئۇنداق ئەمەستۇر! مۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ئۇنىڭ قولىدا ۋاكالەت يوقتۇر. كازاكلارمۇ بىر خىل بولمايدىغۇ...

شتوكماننىڭ ياڭىغىنىڭ تېرىسى يىغىلىپ، تۈرۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى سەن مىنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال.

— ئەلۋەتتە، مەن ئەخمەقلىق قىلىپ، بولمىغۇر نەرسىلەرنى سۆزلەپ قويغاندىمەن، شۇنداق بولسا، سىز مىنى ئەپۇ قىلىڭ.

— توختا، توختا...گەپ مۇنداق، سىنىڭ ھىلىقى كومىسسار توغرىلىق سۆزلىگەنلىرىڭ، راستىنلا ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدۇ. مەن بۇنى تەكشۈرىمەن. ئەگەر بۇ ئىش سەن ئېيتقاندەك بولسا، ئەگەر ئۇ كازاكلارنى ھاقارەتلەپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان بولسا، بىز ئۇنى كەچۈرمەيمىز.

— ھەي، بۇ دەرگۇمان!

* دىلىننورۇكى — ئۇزۇن قول مەنىسىدە — ت.

— دەرگۇمان ئەمەس، ئېنىق شۇنداق! ئۇرۇش سېپى سىلەرنىڭ يېزىدىكى چاغدا قىزىل ئەسكەرلەر ئۆز قىسمىدىكى بىر قىزىل ئەسكەرنى پەقەت بىر كازاك ئايالنى بۇلىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلىغانلىقى يالغانمۇ؟ بۇ توغرىلىق ماگا سىلەرنىڭ يېزىدىكىلەر سۆزلەپ بەردىغۇ.

— توغرا - توغرا! ئۇ پېرفىلىيېۋنانىڭ ساندۇغىنى ئاختۇرغان. بۇ بولغان ئىش! ھەقىقەتەن بولغان ئىش. ئۇ ئەلۋەتتە... قاتتىق چارە كۆرۈلگەن، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا، ئۇنى خامانىنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. كېيىن بىزدە ئۇنى نەگە كۆمۈش توغرىلىق ئۇزاق تالاش - تارتىش بولغان ئىدى. بەزىلەر قەۋرىستانلىققا قويايلى، دېيىشتى، بەزى كىشىلەر بولسا، ئۇ يەرنى بۇلغاپ قويىدۇ، دەپ قارشى چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شورلۇقنى خامانىنىڭ قېشىغا كۆمۈشكەن ئىدى.

— شۇنداق ۋەقە بولغانمۇ؟ — دەپ شتوكمان ئالدىراش تاماكا يۆگىدى.

— بولغان، بولغان، ئۇنىڭدىن تېنىۋالمايمەن، — كازاك قىزغىنلىق بىلەن ماقۇللىدى.

— ئۇنداق بولسا سەن نىمىشقا بىزنى كومىسسارنىڭ گۇنايىنى ئېنقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا جازا بەرمەيدۇ، دەپ ئويلايسەن؟

— ئەزىز يولداش! ئېھتىمال، سىزلەردە ئۇنىڭدىن يۇقۇرىراق ئورۇندا تۇرغان چوڭلاردىن بىرسى يوقتۇ. ئاۋۇ ئېتىلگىنى سولدات، مۇنۇسى كومىسسار...

— ئۇنىڭ تارتىدىغان جازاسى تېخمۇ قاتتىقراق بولىدۇ! ئۇقتۇڭمۇ؟ سوۋېت ھاكىمىيىتى پەقەت دۈشمەنلەرنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمگەكچى خەلقنى ناھەق رەنجىتكەن

سوۋېت ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرىنىمۇ بىز رەھىمسىزلىك بىلەن جازالايمىز.

مارت ئېيىدىكى دالىدا چۈش ۋاقتى تىپ - تىنچ ئىدى، بۇ تىنچلىقنى پەقەت چانا تاپانلىرىنىڭ ئۇشقۇرتىشى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ بىر ۋەزىندە شىلىپ - شىلىپ دۈپۈرلىشى بۇزۇپ تۇراتتى، ئەمما زەمبىرەكنىڭ يار ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. 1 - قېتىم ئېتىلغاندىن كېيىن ئارىلىغى ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە يەنە ئۈچ قېتىم گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، كىرۇتوۋىسكىدىكى زەمبىرەكلەر سول قىرغاقنى يېڭىۋاشتىن ئوققا تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

چاندىكى پارىڭ ئۈزۈلۈپ قالدى. توپىنىڭ گۈلدۈرلىشى قۇدرەتلىك يات بىر ئاۋاز بىلەن ياڭراپ، باھار ئالدىدا ئۆيىقۇسراپ ئۆگدەپ قالغان دالىنىڭ خىرە مۇڭلۇق كۆيىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاتلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، چەبدەس قەدەم بىلەن يېنىك چامداپ كېلىۋاتاتتى.

كېتمان يولىغا چىققاندىن كېيىن، چاندا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزىگە دوننىڭ نېرىقى قېتىدىكى كەڭ، بىپايان دالا، ئالا - چىپار دالا، قار ئېرىپ تاقىرلىشىپ قالغان سېرىق قوملۇق قىزىل تال ۋە زىرىق دەرەخلىرى قاپلىغان توقايلىقنىڭ كۆكۈش، سۇر ئاراللىرى لىپپىدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۈست - خوپېرىسكايادا ھارۋىكەش چانىسىنى موسكۋا پولكىنىڭ شتاۋى جايلاشقان بىنانىڭ قېشىدىكى ھەربىي ئىنقىلاۋىي كومىتېت بىناسىغا ئېلىپ كېلىپ شارتلا توختىدى.

شتوكمان يانچۇغىنى كولاشتۇرۇپ، ھەميانىدىن 40 سوملۇق كېرىنىسكى ئاقچىسىنى چىقىرىپ، كازاكقا بەردى. كازاكنىڭ گۈل-

www.uyghurkitap.com

قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇرۇتلىرى ئاستىدىن سېرىق چىشلىرىنى ھىجايتىپ، خىجىللىق بىلەن تارتىنغان بولدى:

— نىمە قىلغىنىڭىز بۇ، يولداش، يا ئەيسا مەسىھ ئۆزەڭ ساقلا! پۇل بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ.

— ئال، ئاتلىرىڭنىڭ ئەمگىكى. ئەمما ھاكىمىيەت توغرىلىق ھەرگىز گۇمانلانما. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقى، بىز ئىشچى - دېخانلار ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. سىزلەرنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز — مۇشتۇمزورلار، ئاتامانلار، ئوفىتسېرلەر قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە ئۈندىگەن. ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسى. ئەگەر بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرەرسى بىزگە ھېسداشلىق قىلغان، ئىنقىلاپقا ياردەم بەرگەن ئەمگەكچى كازاكقا ناھەق جەۋرى - زۇلۇم قىلغان بولسا، مۇنداق زالىمنى قانۇن بويىچە جازالاشقا بولىدۇ.

— بىلەمسەن، يولداش «بىگىزگە يەتكۈچە، بېلىك ئۈشتۈلار» دېگەن ماقال بار ... سىلەرنىڭ پادىشايىڭلارمۇ ئەربىر يىراقتا... كۈچلۈكلەر بىلەن چېلىشما، بايلار بىلەن سوتلاشما، سىلەر ھەم كۈچلۈك، ھەم باي، — ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن چىشىنى ھىجايتىپ قويدى، — مانا قارا، ماڭا بىردىنلا 40 سولكىۋاينى ئىنئام قىلىۋەتتىڭ، ئەسلىدە بۇ سەپىرىمىزنىڭ كىراسىغا بەش تەڭگە بەرگەن بولساڭ كۇپايە قىلاتتى. خوپ، خۇدا ئامان قىلسۇن!

— بۇ سېنىڭ پارىڭىڭ ئۈچۈن ۋە يېقىملىق ساقىلىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات، — دەپ كۈلدى مىشكا كوشىۋوي چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، شالۋۇرىنى ئوڭلاپ تۇرۇپ، — سەن ئېلىپ كەلگەن كىشىڭنى بىلەمسەن، سەككىز قىرلىق كۆتەك؟ بۇ كىشى قىزىللارنىڭ گېنېرالى.

— هه؟

— «هه؟» — دىگىنىڭ نىمىسى! سەنلەرمۇ بىر خەلق!.. پۇلنى ئاز بەرسە، بىلجىراپ: «ئەنە قارىمامدىغان، بىرنەچچە يولداشنى ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، ئاران بەش سوم بەردى، ئۇنداقچى - مۇنداقچى!» — دەپ پۇتۇن فىش زەنجىپ چىقىسەن. جىق بەرسە، يەنىلا ئىچىڭگە سىغدۇرالماي: «كۆردۇڭمۇ، تازا باي نىمىلەر ئوخشايدۇ! 40 سولكىۋاي ئىنئام قىلدۇەتتى. پۇل دىگەن تۇلاردا ھەددى - ھېساپسىز...» — دەيسەن. مەن ساڭا بىر ياماقمۇ بەرمىگەن بولاتتىم! رەنجىسەڭ رەنجىۋەر. بەرىبىر رازى قىلماق تەس. قېنى، كەتتۇق... خەير - خوش، بومبا ساقال!

ھەتتا قاپىغى ئېچىلماي كەلگەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچمۇ ئاخىرىدا مىشكىنىڭ قىزغىن سۆزلىرىگە كۈلۈپ قويدى.

شتاپنىڭ ھويلىسىدىن پاخماق سىبىر ئىتىغا مىنگەن ئاتلىق رازۋېتكا ئەترىدىنىڭ بىر قىزىل ئەسكىرى چېپىپ چىقتى.

— بۇ نەدىن كەلگەن چانا؟ — دەپ تووۋلىدى ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى شارتىلا تارتىپ.

— بۇنىڭ بىلەن سىېنىڭ نىمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى شتوكمان.

— كرۇتوۋىسكىغا ئوق - دورا ئېلىپ بارماقچى ئىدۇق، تارت، ھويلىغا كىر!

— ياق، بولداش، بۇ چانىنى قايتۇرۇۋېتىمىز.

— خوش، سىز كىم بولىسىز؟

قىزىل ئەسكەر كېلىشكەن ياش يىگىت بولۇپ، ئۇدۇللا يېقىن كەلدى.

— بىز زائامۇرلۇقلار پولكىدىن، چانىنى تۇتما.

— ھە... ياخشى، بوپتۇ كەتسۇن. كېتىۋەر، بوۋاي.

# 40

تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەندە ئۇست - خوپېرسكايادا ھېچقانداق خەلق قوشۇنى تەشكىل قىلىنىۋاتقىنى يوق ئىكەن. بىر خەلق قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپتۇ، ئەمما ئۇست - خوپېرسكايادا ئەمەس، يەلكى بۇكانوۋسكايادا ئىكەن. بۇ قوشۇننى 9 - قىزىل ئارمىيە شتاۋىدىن خوپېرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كەنتلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋە يول ئۈستىدە كونا ئىتىقاتچى كازاك سۆزلەپ بەرگەن ھىلىقى كومىسسار مالكىننىڭ ھەق ئۆزى تەشكىل قىلغان ئىكەن. يېلانىسكايا، بۇكانوۋسكايا، سلاشچېۋسكايا ۋە كۇمىلژېنسكايا كەنتلىرىنىڭ كوممۇنىستلىرى ۋە قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن تولۇقلاندۇرۇلغان سوۋېت خادىملىرى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك جەڭگىۋار بىرلىكنى قۇرغان بولۇپ، بۇ بىرلىك 200 مىلتىقلىق كىشى ۋە بۇلارغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن نەچچە ئونلىغان قىلىنچلىق ئاتلىق چارلىغۇچىلاردىن تەركىپ تاپقان. بۇ قوشۇن موسكۋا پولكىنىڭ پېر روتىسى بىلەن بىللە ۋاقىتىنچە بۇكانوۋسكايادا تۇرغان بولۇپ، يېلانكا ۋە زىموفنايا دەريالىرىنىڭ يۇقۇرقى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان قوزغىلاڭچىلارنى توختىتىپ تۇرغان.

شتوكمان شتاپ باشلىقى — بۇرۇن كادىر ئوفىتسېرى بولغان قاپىغى سىلىق، ئەسەبىي ئادەم بىلەن، شۇنىڭدەك سىياسىي كومىسسار — بۇرۇن مىخېلسون زاۋۇتىدا ئىشلىگەن موسكۋالىق ئىشچى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، پولكىنىڭ 2 - باتالىيونىغا

كىرىپ، ئۈست - خويىرىسكايادا قىلىشقا قارار قىلدى. كالۋا قىلىپ ئوراالغان تىلىغۇن سىملىرى، غالتەكلەر ۋە ھەربى مال - مۈلۈكلەر، دۆۋىلىشىپ تۇرغان كىچىك بىر ھوجرىدا شتوكمان سىياسى كومىسسار بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى.

— مانا كۆردۈڭمۇ، يولداش، — دىدى ئاستا سۆزلەپ، ئۆتكۈر سوقۇر ئۇچەي كىسەللىكىدىن ئازاپ چەككەن، پاكىنەك، سىرىق يۈز كومىسسار، — بۇ يەردىكى ئىش بەك مۇرەككەپ، مەندىكى پىكىرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى موسكۋالىق بىلەن رەزالىلىقلار، ئازراغى نىژىگورودلۇقلار، پۇختا بىگىتلەر، كۆپچىلىگى ئىشچىلار، بۇ يەردە يەنە 14 - دىۋىزىيىنىڭ بىر ئىسكادرونى بولۇپ، ئەڭ ئەركىن ئىدى. ئۇلارنى ئۆز جايى ئۈست - مىدۋىدىتساغا قايتۇرۇشقا توغرا كەلدى... سەن بۇ يەردە قال، ئىش كۆپ. ئاھالىگە خىزمەت ئىشلەش، چۈشەندۈرۈش كىرەك. ساڭا چۈشىنىشلىك، كازاك دىگەن بۇ... بۇ يەردە سەگەك بولۇپ، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لازىم.

— بۇ دىگەنلىرىڭنى مەن سەندىن كەم چۈشەنمەيمەن، — دىدى شتوكمان، كومىسسارنىڭ ھامىلىق ئاھاڭدا سۆزلىگەن گىپىگە كۈلۈمسىرەپ ۋە ئۇنىڭ ئازاپ چەككەن كۆزلىرىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ئىقىغا قاراپ، — خوش، سەن ماڭا ئېيتقىنا، بۇكانوۋىسكايادىكى كومىسسار قانداق نىمە ئۇ؟

كومىسسار تۇكۇچىدەك قىرقىلغان سىۇر بۇرۇتىنى سىلاپ، ئاندا - ساندا كۆكۈش سۇزۇك قاپىغىنى كۆتىرىپ قويۇپ، سۇس جاۋاپ بەردى.

— ئۇ يەردە ئۇ بىر مەزگىل ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۆزى ياخشى يىگىت، ئەمما سىياسى ۋەزىيەتنى ئانچە چۈشى

www.uyghurkitap.com

نىپ كېتەلمەيدۇ. دەرەخ كەسكەندە، تاراشا ئاسمانغا ئۇچىدىغۇ... ئۇ ھازىر ئاشۇ كەنتنىڭ نەر ئاھالىسىنى رۇسىيىنىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈرۈۋاتىدۇ... سەن زاپىخوزنىڭ قېشىغا كىر، ئۇ سىلەرنى تەمىنات دەپتىرىگە يېزىپ قويسۇن، — دىدى كومىسسار ئازاپ چەككەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مايلىشىپ كەتكەن پاختىلىق ئىشتىنىنى چىمدىپ تۇتۇپ. ئەتىسى ئەتىگەن 2 - باتالىيون «مىلتىق ئېلىڭلار!»—دىگەن تىرېۋوگا بويىچە سەپكە يىغىلدى، يوقلىما قىلىندى. بىر سائەتتىن كېيىن باتالىيون ھەربى يۈرۈش كالوننىسى بىلەن سەپ تۈزۈپ، كرۇتوۋىسكى يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بىر تۆتلىك قاتاردا شتوكمان، كوشۋوي ۋە ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ يانمۇ يان ماڭغان ئىدى.

كرۇتوۋىسكىدىن دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئاتلىق چارلىغۇچىلار ئەۋەتىلدى. باتالىيون كالوننىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دوندىن ئۆتتى، لۆمشۈپ قالغان يولدا قوڭۇر تىزەك يۇقىندىلىرى لەيلەپ قالغان توختاق سۇلار يىغىلىپ قالغان ئىدى. دوننىڭ يۈزىدىكى مۇز خىرە كۆپۈپ، كۆپ - كۆك شىشىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر قىسىم چەتتە ماڭغانلار قاشالاردىن ئۆتۈپ كېتىشتى. ئارقا تەرەپتە، باتارىيە تاغ باغرىدىن يېلانىسكى يېزىسىنىڭ نېرىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تېرەكلىكنىڭ چوققىلىرىغا قارىتىپ، ئارقا - ئارقىدىن توپ ئېتىپ تۇردى، بۇ باتالىيون، كازاكلار تاشلاپ كەتكەن يېلانىسكى يېزىسىدىن ئۆتۈپ، يېلانىسكايا كەنتى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، بۇكانوۋىسكايادىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان 1 - باتالىيوننىڭ روتىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئانتونوف يېزىسىنى قولغا چۈشۈرۈشى كېرەك ئىدى. جەڭ قىلىش بۇيرۇغى

بويىچە باتالىيون كوماندىرى ئۆز قىسمىنى بىزبورودوف يېزىسى تەرەپكە ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىدى، ئاتلىق چارلىغۇچىلار كۆپ ئۆتمەي بىزبورودوفتا دۈشمەننىڭ ئۇچرىمىغانلىقى، ئەمما بۇ يېزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا تېز - تېز مىلتىق ئېتىشىلىرى بولۇۋاتقانلىقى توغرىلىق خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

قىزىل ئەسكەرلەر كالوننىسىنىڭ ئۈستىدىن، قەيەردىدۇ توپ ئوقلىرى ۋىژىلداپ، گۈكىرەپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. يېقىن يەردە پارتلىغان توپ ئوقلىرى زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى، ئارقا تەرەپتە، دوننىڭ يۈزىدە قاراسلاپ مۇز يېرىلدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئارقىسىغا قايرىلىپ:

— سۇ كۆپىيىپ تاشقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

— بۇنداق ۋاقىتتا دوندىن ئۆتۈش مەنىسى يوق بىر ئىش، مىڭىپ كېتىۋاتقىنىڭدا ئاستىڭدىكى مۇز يېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن،— دېدى مىشكا زەردە بىلەن غودۇڭشىپ. ئۇ تېخىچە پىيادە قىسىملارغا ماسلىشىپ ماڭالمىغان ئىدى.

شتوكمان ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ كەمىرى چىڭ تارتىلغان، دۈمبىسىگە تۇتۇنىسمان كۆكۈش پاقىراپ تۇرغان نەيزە بېكىتىلگەن مىلتىقلارنىڭ بىر رېتىمدا تەۋرىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ، قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ جىددى ھەم ھەپىلەسىز چېھرىلىرىنى، شۇنىڭدەك بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۈرلۈك تۈمەن يۈزلەرنى كۆردى، بەش بۇرجەكلىك قىزىل يۇلتۇز تاقىغان سۇر شەپكىلەرنىڭ، سۇر شىنېللارنىڭ مىدىرلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بەزى شىنېللار كونىراپ كەتكەنلىكتىن سارغايغان، يېڭىراقلىرىنىڭ تۈكلىرى قوپال، رەڭگى ئاچ ئىدى: مارش بىلەن ماڭغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ شالاپلىغان

ئىغىر قەدەم تاۋۇشلىرى، گۇدۇڭلىغان گەپ ـ سۆزلەر، ھەر خىل ئاۋازدىكى يۆتەل، سۇدانلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى ئاڭلىناتتى؛ نەم تارتقان ئۆتۈكلەرنىڭ، موخوركىنىڭ، تاسما جابدۇقلارنىڭ ئاچقىغان پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. شتوكمان كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ، خاتا دەسسىمەسلىككە تىرىشاتتى. تېخى تونۇگۇنلا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان بۇ يات يىگىتلەرگە نىسبەتەن قەلبىدە ئىللىق تاشقىن پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئويلايتتى: «خوپ ياخشى، نىمىشقا بۇلار ماڭا پەقەت ھازىرلا مۇنچىلىك ئەزىز، مۇنچىلىك ئېچىنىشلىق بولۇپ قالدى؟ بىزنى باغلاپ تۇرغان نىمە؟ ئەلۋەتتە، ئورتاق غايە... ياق، بۇنىڭدا يالغۇز غايىلا ئەمەس، بەلكى ئىش بىرلىكىمۇ بار. يەنە نىمە؟ خەۋپ ـ خەتەر بىلەن ئەجەلنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، قاندىقتۇ بۆلەكچە بىر قېرىنداشلىق ...» شۇنى ئويلىدى ـ دە، كۆزلىرى كۈلۈمسىرىدى. «مەن راستىنلا قېرىپ قالدىممۇ ـ ھە؟»

شتوكمان ئاتلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىگە ئوخشايدىغان بىر مەمنۇنلۇق بىلەن ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر قىزىل ئەسكەرنىڭ قۇدرەتلىك يوغان گەۋدىسىگە ۋە ئۇنىڭ يوغان يافىسى بىلەن شەپكىسى ئارىلىغىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە خاس يۇمۇلاق بويىنىنىڭ بىر پارچە قىزىل، پاكىز يېرىگە قاراپ كېلىۋېتىپ، كۆزىنى يېنىدىكى بىر جەڭچىگە يۆتكىدى. ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى قىرىلغان قارا قۇمچاق يۈزىدە تېگى ـ تېگىدىن قان تېپىپ تۇرغاندەك بىر قىزىللىق بار ئىدى. لەۋلىرى ئەرلەرگە خاس يۇقىا، ئۆزى ئىگىز بوي، لېكىن كەپتەردەك خوش پىچىم؛ بوش قولىنى دىيەرلىك پۇلاڭلاتماي ماڭاتتى ۋە بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈ-

رۇشەن رەتتى. ئەمما كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇغىدا ئۆمۈچۈك تورىدەك قېرىلىقنىڭ ئۇششاق قورۇقلىرى چۈشكەن، شتوكماننىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى كېلىپ قالدى.

— سەن ئۇزاقتىن بۇيان ئارمىيىدىمۇ، يولداش؟

يېنىدىكى جەڭچىنىڭ سۇس دالچىن رەڭ كۆزلىرى شتوكمانغا سەل قىيپاش تىكىلىپ، سوغاققىنا ۋە سىنچىلاپ قارىدى.

— 1918 - يىلىدىن باشلاپ، — دېدى ئۇ چىش ئارىلىقىدىن.

ئۇنىڭ سالقىن قانلىق جاۋابى شتوكماننىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتمىدى.

— ئۆزەڭ قەيەرلىكسەن؟

— بىر يۇرتلۇق ئادەمنى ئىزلىمەكچىمۇ سەن، تاغا؟

— بىر يۇرتلۇق چىقىپ قالساڭ، خوشال بولىمەن.

— مەن موسكۋالىق.

— ئىشچىمۇ؟

— ھە - ئە.

شتوكمان يالت قىلىپ يېنىدىكى ئادەمنىڭ قولىغا قاراپ قويدى. تۆمۈر تۇتۇپ ئىشلىگەن قولىدىكى قاداقلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخى يوقالمىغان ئىدى.

— مەدەنچىمۇ سەن؟

دالچىن رەڭ كۆزلەر يەنە شتوكماننىڭ يۈزىگە، ئۇنىڭ ئاق سانچىغان ساقىلىغا سىيپىلدى.

— مېتال قىرغۇچى، سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ جىددى، دالچىن رەڭ كۆزلىرىنىڭ ئىككى بۇرجىكىدە ئىللىقلىق پەيدا بولغاندەك بولدى.

— مەن سېلىسار بولغان ... سەن يولداش، نىمىشقا دائىم

چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرىسەن؟

— ئۆتۈكۈم غاجاۋاتىدۇ، قۇرۇپ كېتىپتۇ. كېچىدە كۆزەتتە بولغان ئىدىم، ئايىغىمغا سۇ ئۆتۈپ كەتتى.

— سەن قورقمامسەن؟ — دەپ زىرەكلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى شتوكمان.

— نىمىدىن؟

— «نىمىدىن» دىگىنىڭ قانداق گەپ، جەڭگە كېتىۋاتىمىزغۇ؟...

— مەن — كوممۇنىست.

— خوش، كوممۇنىستلار ئۆلۈمدىن قورقمامدىكەن؟ ئۇلار ئادەم ئەمەسمۇ؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى مىشكا.

شتوكماننىڭ قېشىدىكى قىزىل ئەسكەر مىلتىغىنى چاققانلىق بىلەن مۈرىسىگە تاشلاپ، مىشكىغا قارىماستىن، بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، جاۋاپ بەردى:

— هەي بۇرادەر، سېنىڭ بۇ ئىشلاردا ئانچە چۈشەنچەڭ يوقتەك تۇرىدۇ. مېنىڭ قورقۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۆزەمگە ـ ئۆزەم بۇيرۇق قىلغان، چۈشەندىڭمۇ؟ شۇڭا سەن پاكىز قولقاپسىز مېنىڭ يۈرىكىمگە قول ئۇزاتقۇچى بولما ... مەن نىمە ئۈچۈن ۋە كىم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىغىمنى بىلىمەن، بىزنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىغىمىزنىمۇ بىلىمەن. ئاساسىي گەپ مانا شۇنىڭدا. قالغانلارنىڭ هەممىسى بىكار، — ئۇ ئۆز بېشىدىن كەچكەن بىر ئىشنى ئېسىگە چۈشۈرگەندەك بولۇپ، كۈلۈپ قويدى ـ دە، شتوكمانغا يان تەرەپتىن قاراپ قويۇپ، پاراڭغا كىرىشتى، — ئۆتكەن يىلى مەن ئۇكرائىنادا كراساۋتسېۋنىڭ ئەتىرىدە بولغان ئىدىم. جەڭ بولۇۋاتاتتى. دۈشمەن بىزنى هامان

قىستاپ كېلىۋاتاتتى. چىقىم كۆپ، ياردارلارنى تاشلاپ كېتىشكە باشلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ژىمېرىنىڭگە يېقىن بىر يەردە قورشاۋ ئىچىدە قالدۇق. كېچىسى ئاقلارنىڭ لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى بىرونېپوپېزنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارقا سېپىدىكى بىر ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىنى پارتلىتىش لازىم ئىدى، ئەمما بىز تۆمۈريول بويلاپ يېرىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. پىدائىلار بارمۇ، دەپ چاقىردى. ئۇندا قالار چىقمىدى. ئارىمىزدا كوممۇنىستلار ئاز ئىدى، ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «چەك تاشلايلى، كىمگە چىقسا، شۇ بارسۇن». مەن بىر ئاز ئويلاپ، ئۆزەم تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتىم. پارتلاتقۇچ دورا قاچىلانغان قۇتا، پىلىك شوينا، سەرەڭگە ئېلىپ، يولداشلار بىلەن خوشلاشتىم - دە، يۈرۈپ كەتتىم. كېچە قاراڭغۇ، تۇمانلىق ئىدى. 100 سارجىن يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆمىلەپ ماڭدىم. ئورۇلىغان قارا بۇغدايىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلىدىم، ئاندىن سايىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ ماڭدىم. سايدىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقىنىمدا، ھىلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر قۇش بۇرنۇمنىڭ ئۈچىدىن پالاقلاپ ئۇچۇپ كەتسە بولامدۇ. مانا ئىش... كۆزەتتە تۇرغان قىسمىنىڭ قېشىدىن ئون سارجىن يەرگىچە ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، كۆۋرۈككە يېتىۋالدىم. كۆۋرۈكنى پىلىموت قاراۋۇلخانىسى قوغداپ تۇرغان ئىكەن. پارتلاتقۇچ دورىلارنى بىر يەرگە تىقىشتۇردۇم، ئىتتىكىمنى دالدا قىلىپ، سەرەڭگە چاقسام، نەملەشكەن گۈگۈت يانماي قويدى. چۈنكى مەن قوسىقىم بىلەن يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىگىنىمدە، شەينەم بىلەن ھەممە يېرىم ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىكەن. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى، قوللىرىم تىترەۋاتىدۇ، كۆزۈمگە تەر قۇيۇلۇۋاتىدۇ. «ھەممە ئىش بەربات بولدى» — دەپ ئويلىدىم. «پارتلىتالمىسام، ئۆزەمنى ئېتىپ ئۆلۈۋالىمەن!»—

www.uyghurkitap.com

دەيمەن. قىينىلا ـ قىينىلا ئاخىرى، بىر ئىلاج قىلىپ سەرەڭگىنى تۇتاشتۇردۇم ـ دە، دەرھال ئارقامغا قايتتىم. كەينى تەرىپىمدە لاۋۇلداپ يالقۇن كۆتىرىلگەندە، كۆتەرمىنىڭ ئارقىسىدىكى تاختا توساقنىڭ ئاستىغا يېتىۋالدىم. قىيا ـ چىيا كۆتىرىلدى. تىرېۋوگا باشلاندى. ئىككى پىلموتتىن تاتاتلىتىپ ئوت ئاچتى. نۇرغۇن ئاتلىقلار يېنىمدىن چېپىپ ئۆتتى، ئەمما كېچىدە مېنى قانداق تاپالىسۇن؟ تاختا توساقنىڭ ئاستىدىن يامىشىپ چىقىپ، ئېكىنزارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم. ئەمما، بىلسەڭ، بۇ چاغدا پۈت-قوللىرىم ئۈيۈشۈپ قالغان ئىدى. مىدىرلىيالماي قالدىم، بەس، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك! ياتتىم. بۇ يەرگە كېلىشتە ھېچنىمىدىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن كەلگەن ئىدىم، ئۇ يەردىن قايتىشىمدا، مانا شۇنداق بولدى... يەنە بىلەي دىسەڭ، كۆڭلۈم ئاينىپ، قۇسۇشقا باشلىدىم، تەندە دەرمانىم قالمىدى! ئىچىمدە ھېچنىمە قالمىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ قۇسقۇم كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر، ئۆزىمىزنىڭكىلەرگە يېتىپ كېلىۋالدىم، ئەلۋەتتە، ـــ سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە جەڭچى جانلىنىپ كەتتى، ھاياجاندىن چاقناشقا باشلىغان قوڭۇر كۆزلىرى ئاجايىپ بىر ئىللىقلىق بىلەن ياشىرىپ كەتتى،ـــ ئەتىسى ئەتىگەن، جەڭدىن كېيىن يىگىتلەرگە سەرەڭگىدە مەسىلە چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەرسەم، بىر دوستۇم ماڭا: «چاقمىقىڭنى يوقاتقانمىدىڭ، سېرگەي؟» ـــ دەيدۇ. مەن دەرھال مەيدە يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام، چاقماق بار ئىكەن! ئۇنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ چاقسام، لاپ قىلىپ ئوت ئالدى.

يىراقتىكى تېرەكلىك ئارىلىدىن شامال قوغلىغان ئىككى قاغا ئىگىز ھاۋادا ناھايىتى تېز ئۈچۈپ كېلىۋاتاتتى. شامال ئۇلارنى ھە دەپ ئىتتىرەتتى. كرۇتوۋسكايا تېغىنىڭ ئۇستىدە بىر

سائەتلىك دەم ئېلىشتىن كېيىن زەمبىرەك يېڭىۋاشتىن گۈلدۈرلەپ، ئېتىلغان سىنارەت بارغانسېرى قاتتىق چىقىراپ يېقىنلاشقا باشلىغاندا، ئىككى قاغا باتالىيون كالۇننىسىدىن 100 سارجىن ئارىلىقتا كېلىپ قالغان ئىدى، زەمبىرەكنىڭ ھۆۋلىغان ئاۋازى ئەۋجىگە چىققاندا ئىككى قاغىنىڭ ئىگىزرەك ئۇچقان بىرسى قۇيۇن ئىچىدە قالغان تاراشىدەك، توساتتىن جان - جەھلى بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى - دە، قاناتلىرىنى قىيپاش كېرىپ، ھەلىھەم بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، يوغان قارا ياپراقتەك پىلىدىرلاپ، پەسكە غۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— نەق ئەجەلنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ چۈشتى!— دىدى شتوكمانىنىڭ ئارقىسىدا كېلىۋاتقان قىزىل ئەسكەر زوقلىنىپ،— ئۇنى كارامەت پىقىرىتىۋەتتى، بالا نەرسىكەن!

كالۇنىنىڭ باش تەرىپىدىن ئىگىز قارا تورۇق بايتال مىنگەن روتا باشلىغى ئېرىگەن قارنى چاچرىتىپ، چېپىپ كېلىپ:

— سەپكە تىزىل!...، — دەپ كوماندا بەردى.

پىلىموت بېسىلغان ئۈچ چانا ئۇنچىقماي كېلىۋاتقان ئىۋان ئالېكسىيېۋىچقا قار چالپاقلىرىنى چاچرىتىپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. چانا قىيپاش تېيىلغاق يەردە بىر مۇدراش بىلەن پىلىموتچىلاردىن بىرسى چانىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچۇپ چۈشتى - دە، قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ مەززە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشى، تاكى جىلاۋدار قاتتىق قاغىش بىلەن ئاتلىرىنىڭ بېشىنى چاققانلىق بىلەن بۇرىغىچە ۋە يىقىلغان پىلىموتچى يۈرۈپ كېتىۋاتقان چانىغا ئىرغىپ كېتىۋاتقانغا قەدەر بېسىلمىدى.

# 41

كارگىنسكايا كەنتى قوزغىلاڭچىلار 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ تايانچ پونكىتى بولۇپ قالدى. گىرىگورىي مېلېخوف كارگىنسكايا قېشىدىكى جەڭ مەيدانىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى ئوبدان ھېساپقا ئېلىپ، بۇ يەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىككە قارار قىلدى. چىر دەرياسىنىڭ سول قىرغىقى بويلاپ سوزۇلغان تاغلار ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ ياخشى ئېگىزلىك بولۇپ، كازاكلارنىڭ مۇداپىئەلىنىشى ئۈچۈن ئوبدان ئىمكانىيەت بېرەتتى. پەستە، چىرنىڭ بېرىقى تەرىپىدە كارگىنسكايا جايلاشقان، ئۇنىڭ نېرىسىدا جەنۇپقا قاراپ ئۇرغۇن چاقىرىم يەرگىچە يۇمشاق ئوت - چۆپ قاپلىغان دالا سوزۇلغان، گايى يەردە سايلار، جاڭگاللار بىر - بىرى بىلەن كۆندىلەڭ كېسىپ ئۆتۈشكەن. تاغنىڭ ئۈستىدە گىرىگورىي ئۈچ زەمبىرەكلىك باتارېيىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن جايىنى ئۆزى تاللىدى. يېقىن يەردە ناھايىتى ياخشى كۆزىتىش پونكىتى بولۇپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، دوپ ئورمانلىقى ۋە قات - قات ئېدىرلار بىلەن قورشالغان قورغان - تۆپە جايلاشقان ئىدى.

كارگىنسكايا قېشىدا ھەر كۈنى جەڭ بولۇپ تۇراتتى، قىزىللار ئادەتتە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى: جەنۇپتا دالا بىلەن كېلىپ، ئۇكراينلارنىڭ ئاستاخوۋو يېزىسى تەرەپتىن ۋە شەرقتە، چىر دەرياسى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەپ، تۇتاش يېزىلار

بىلەن ئالغا سىلجىپ، بوكوۋىسكايا كەنتىدىن ھۇجۇم قىلاتتى.
كازاكلار كارگىنىسكايادىن 100 سارجىن نېرىدا سەپ تارتىپ يات-
قان ئىدى، ئاندا - ساندىلا ئوق چىقىراتتى. قىزىللارنىڭ شىد-
دەتلىك ئوق ياغدۇرۇشى، ئۇلارنى دائىم دىگۇدەك كەنتنىڭ ئىچىگە
چېكىنىشكە، ئۇندىن كېيىن تارچۇق يارلارنىڭ تىك قىيالىرى
بويلاپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، شۇنىڭبىلەن
نېرىسىغا قىستاپ بېرىش ئۈچۈن قىزىللاردا يېتەرلىك كۈچ يوق
ئىدى. قىزىللارنىڭ ھۇجۇم ئوپېراتسىيىلىرىنىڭ ئوتۇقلۇق بولۇ-
شىغا كەسكىن رەۋىشتە سەلبى تەسىر كۆرسەتكەن نەرسە — زۆ-
رۈر مىقداردا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ يوقلۇغى ئىدى، ئاتلىق ئەس-
كەر بولغاندا ئايلانما ھەركەت بىلەن كازاكلارنى ئىككى قاناتتىن
ئورىۋېلىپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغىلى،
شۇنىڭدەك دۈشمەن كۈچلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ، كەنت
ئېغىزلىرىدا ئالغا سىلجىيالماي تۇرۇپ قالغان پىيادىلەرنىڭ ئەر-
كىن ھەركەت قىلىشىغا ئىمكان بەرگىلى بولاتتى. مۇنداق مانېۋىر
ئۈچۈن پىيادىلەردىن پايدىلانغىلى بولمايتتى، چۈنكى پىيادە ئەس-
كەرلەرنىڭ قوزغىلىپ يۈرۈشى ئاستا بولغانلىقتىن، تېز مانېۋىر
قىلىشقا ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كازاكلار ئاتلىق
ئەسكەر جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى، بۇلارنىڭ ئاتلىق ئەس-
كەرلىرى خالىغان ۋاقىتتا پىيادىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇلارنىڭ
ئاساسىي ۋەزىپىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەلەيتتى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىر ئۈستۈنلۈگى شۇنىڭدىن ئىبارەت
ئىدىكى، ئۇلار يەر شارائىتىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، ھەر بىر پۇر-
سەتنى قولدىن بەرمەستىن، ئاتلىق بۆلۈنمىلىرىنى ساي - جىرا-
لار بىلەن دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتىغا ۋە ئارقا سېپىگە تۇيغۇز-

www.uyghurkitap.com

ماستىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھەر دائىم خەۋپ سالاتتى، ۋە ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى پالەچ قىلىپ قويالايتتى.

مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە گىرىگورىينىڭ كاللىسىدا قىزىللارنى تارمار قىلىش پىلانى پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. گىرىگورىي يالغان چېكىنىش بىلەن قىزىللارنى كارگىنىسكايىغا ئالداپ ئېلىپ كىرىپ، ئەينى زاماندا رەبچىكوفنىڭ ئاتلىقلار پولكىنى غەرپتىن گۇسىنىسكايا جىراسى ئارقىلىق، شەرقتىن گىراچى ئارقىلىق يان قاناتقا ئەۋەتىپ، قىزىللارنى مۇھاسىرىگە ئالماقچى ۋە ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەرمەكچى ئىدى. پىلان پۇختا تۈزۈلگەن ئىدى. كەچقۇرۇن كېڭەشتە بارلىق مۇستەقىل قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرى ئېنىق يوليورۇق ۋە بۇيرۇقلارنى ئالدى. ئايلىنىپ ئۆتۈش ھەركىتى، گىرىگورىينىڭ پىكرىچە، ياخشىراق نىقاپلىنىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردىن باشلىنىشى لازىم ئىدى. ھەممىسى دامكا ئويۇنىدىكىدەك ئاددىي ئىدى. شۇڭا گىرىگورىي دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان بارلىق تاسادىپىلىقنى ۋە پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇن بولۇشى مۇمكىن، دەپ تاپقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئەقىل تارازىسىدا تارتىپ كۆرگەندىن كېيىن ئىككى ئىستاكان ساموگون ئىچتى - دە، كېيىمىنى سالماستىنلا ئۆزىنى كارۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى؛ بېشىنى شىنېلىنىڭ ھۆل پېشى بىلەن پۈركەپ، ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت تۆت ئۆپچۆرىسىدە قىزىللارنىڭ سەپلىرى كارگىنىسكايانى ئىشغال قىلدى. كازاك پىيادىلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆز بوياش ئۈچۈن كەنت ئارقىلىق تاققا قاراپ قاچتى؛ ئىككى پىلىموت ئورنىتىلغان تاچانكا ھارۋىلار كارگىنىسكايانىڭ كىرىش ئېغىزىدا توختاپ، دەرھال ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدى - دە،

قاچقانلارغا قارىتىپ، پىلىموتلاردىن تاتاتىلىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. قىزىللار كوچا - كوچىلارغا ئاستا تارالغىلى تۇردى.

گرىنگورىي قورغاننىڭ ئارقىسىدا توپچىلار باتارىيەسىنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇ، قىزىللارنىڭ پىيادە قىسىملىرى كارگىنىسكايانى ئىشغال قىلىپ، چىر دەرياسى قىرغىقىغا توپلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. دەسلەپكى توپ ئوقى ئېتىلغاندىن كېيىن تاغنىڭ ئېتىكىدە باغلاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كازاكلارنىڭ ئىككى بۆلۈنمىسى ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئايلىنىپ ئۆتۈشكە كەتكەن پولك قىزىللارنى قورشاشقا باشلايدىغانلىقى شەرت قىلىپ قويۇلغان ئىدى. باتارىيە كوماندىرى كىلىمۋۇۋسكىي دۆڭنى بويلاپ كارگىنىسكاياغا تېز غىرىلداپ كېلىۋاتقان پىلىموت تاچانكىسىنى ئۆزدۈل نىشانغا ئېلىپ، زەربە بەرمەكچى ئىدى، ئەمما شۇ پەيتتە توپچىلار كۆزەتچىسى تىژنىي - لاتىشېۋسكىي يېزىسىدىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە، ئۈچ يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا زەمبىرەك كۆرۈنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى: قىزىللار بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بوكوۋسكايا تەرەپتىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

— ئۇلارغا كالتە زەمبىرەكتىن ئوت ئېچىپ، ئالاقزادە قىلىۋېتىڭلار، — دەپ مەسلىھەت بەردى گرىنگورىي دۇربۇندىن كۆزىنى ئالماي.

نىشانغا ئالغۇچى باتارىيە كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاخمىستىر بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن نىشاننى تېزدىن توغرىلىدى. ئاتقۇچىلار تەييار بولۇپ تۇرۇشتى - دە، كازاكلار تۆت يېرىم دىيۇملۇق دەپ ئاتىۋالغان كالتە زەمبىرەك، قۇيرۇقى بىلەن يەرنى جىجىپ، سالماقلىق بىلەن گۇم - باڭ قىلىپ ئېتىلدى. دەسلەپكى سنارەت كۆۋرۈكنىڭ بىر بېشىغا تەگـ

دى. قىزىللار باتارېيەسىنىڭ 2 - زەمبىرىكى شۇ پەيتتە كۆۋرۈككە چىقىپ كېلىۋاتاتتى. سىنارەت زەمبىرەككە قوشۇلغان ئاتلارنى تېرى - پېرەڭ قىلىۋەتتى، كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئالتە ئاتتىن پەقەت بىر ئات ئامان قالغان، لېكىن ئۇنىڭغا مىنىۋالغان جىلاۋدارنىڭ بېشىنى سىنارەت پارچىسى چورتلا ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. گىرىگورىي كۆرۈپ تۇراتتى: زەمبىرەكنىڭ ئالدىدا ساغۇچ - سۇر تۈتۈن پۇرقىراپ بىردىن ئوت ئالدى - دە، گۈمبۈرلەپ كەتتى، تۈتۈن ئىچىدە قالغان ئاتلار ئاسمانغا تىك كۆتىرىلىپ، كېيىن چېچىلىپ تاشلانغاندەك يەرگە غۇلاپ چۈشتى؛ ئادەملەر يىقىلىپ - قوپۇپ قېچىشقا يۈز تۇتتى. توپ ئوقى يەرگە چۈشۈش بىلەنلا ئالدىنقى چاقلارنىڭ قېشىدا تۇرغان بىر ئاتلىق قىزىل ئەسكەرنى ئات - پېتى بىلەن قوشۇپ ۋە كۆۋرۈكنىڭ پەنجىرىسى بىلەن بىللە كۆتىرىپ ئاپىرىپ مۇزغا ئۇردى.

توپ ئوقىنىڭ مۇنداق دەل تېگىشىنى توپچىلار ھېچ كۈتمىگەن ئىدى. قورغاننىڭ تۆۋىدە زەمبىرەكنىڭ قېشىدا بىر مىنۇتتەك جىمجىتلىق ئورناشتى؛ پەقەت يېقىنلا بىر يەردە تۇرغان كۆزەتكۈچى ئورنىدىن چاچراپ تىزلىنىپ تۇردى - دە، بىر نىمە دەپ ۋاقىراپ، قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھايال ئۆتمەي تۆۋەندە گىلاسلىق باغلار بىلەن قېلىن توقايلارنىڭ ئىچىدىن «ھۇررا» دىگەن شالاڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى ۋە مىلتىقلار قاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. گىرىگورىي خەۋپ - خەتەرنى ئۇنتۇپ، قورغاننىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقتى. كوچىلاردا قىزىل ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، شۇ ياقتىن قىيا - چىيا، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار، كەسكىن كوماندا ئاۋازلىرى، پاراسلاپ ئەۋجىگە چىقىۋاتقان مىلتىق ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇ-

راتتى. پىلىموت ئۇرنىتىلغان تاچانكا ھارۋىلاردىن بىرسى دۆڭ تەرەپكە قاراپ چاپقان بولسىمۇ، ئەمما شۇ زاماتلا قەۋرىستانلىغا يېقىن بىر يەردە شارتلا قايرىلدى - دە، پىلىموت يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋە يۈگۈرەلمەي ئاقساقلاپ قالغان قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئاشۇرۇپ، باغلاردىن پىتىراپ چىقىۋاتقان كازاكلارغا تاراسلىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

گىرىگورىي ئۇيۇقتىن كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ لاۋدەك يامراپ ھۇجۇم قىلىشىنى كۆرمەكچى بولۇپ، بىھۇدە ئاۋارە بولدى. دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ، زەربە بېرىشكە كەتكەن رەبچىكوف كوماندىسى ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. سول قاناتتىكى قىزىل ئەسكەرلەر كارگىنىسكايانى ئارخىپوسكى يېزىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان زابۇرۇن جىلغىسى كۆۋرۈكىگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى، خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئوڭ قاناتتىكى قىزىل ئەسكەرلەر ھامان كەنت بويلاپ يۈگۈرۈپ، چىردەرياسى تەرەپتىكى ئىككى كوچىنى ئىگەللەپ تۇرغان كازاكلارنىڭ ئوقى ئاستىدا يىقىلىۋاتاتتى.

ئاخىرى دۆڭنىڭ كەينىدىن رەبچىكوفنىڭ 1 - بۆلۈنمىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 2 -، 3 -، 4 - بۆلۈنمە ... بۇ بۆلۈنمىلەر لاۋىدەك يامراپ، شارتلا سولغا بۇرۇلدى - دە، تاغ باغرى بىلەن كلىموفكىغا قاراپ قاچقان قىزىل ئەسكەرلەر توپلىرىنىڭ يولىنى كېسىپ قويدى. گىرىگورىي پەلىيىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىدا پوملاپ، ھاياجان ئىچىدە جەڭنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈزىتىپ باراتتى. ئۇ دۇربۇنىنى تاشلىۋېتىپ، ئەمدىلىكتە ئاددى كۆز بىلەن قاراپ، چاچما سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ كلىموفكا يولىغا شىددەت بىلەن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىغـ

نى، قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ساراسىمە ئىچىدە ئارقىغا قايتىشى، توپ ـ توپ ۋە يەككە ـ يەككە ھالدا ئارخىپوۋىسكى يېزىسىنىڭ ھويلا ـ قورالىرىغا قاراپ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ يەردىن چىر دەرياسى ئېقىمى بويلاپ، يۇقۇرى ئۆرلەپ، قىزىللارنى قوغلاشنى ئەۋج ئالدۇرۇۋاتقان كازاك پىيادىلىرىنىڭ ئوقلىرىغا دۇچكېلىپ، قايتىدىن چوڭ يولغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى. قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى كىلىموف-كىنى يېرىپ ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

دۆڭنىڭ ئۈستىدە ۋەھىمىلىك سۈكۈنات ئىچىدە قىرىش ـ چېپىش باشلاندى. رەبچىكوفنىڭ بۆلۈنمىلىرى ئۇرۇش مەيدانىنى كارگىنىسكاياغا بۇراپ، قىزىل ئەسكەرلەرنى خۇددى شامال ياپراق-لارنى ھەيدىگەندەك ئارقىغا قوغلاشقا كىرىشتى، زابۇرۇن جىلغى-سىدىن ئۆتۈدىغان كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ 30 جەڭ-چىسى ئۆزلىرىنىڭ يوللىرى كېسىلىپ، چېقىدىغان يەر قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، جەڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىر ئىستانوكلۇق پىلىموتىدا لېنتا زاپاسلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. باغلاردىن چىققان قوزغىلاڭچىلارنىڭ پىيادىلىرى كۆرۈنۈشى بىلەنلا پىلىموت جان ـ جەھلى بىلەن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىۋىدى، كازاك-لار يەرگە يېتىۋېلىپ، ئۆمىلىشىپ، سارايلارنىڭ تاختاي توساق-لىرى ۋە قورالارنىڭ تاش تاملىرىنىڭ پاناسىغا كىرىۋېلىشتى. دۆڭنىڭ ئۈستىدىن كازاكلارنىڭ كارگىنىسكايادا ئۆز پىلىموتلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئارخىپوفكىغا تۇتىشى-دىغان چەتتىكى بىر ھويلىنىڭ قېشىدا بىردەم ھايال بولۇپ، ئاندىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشتى. كۆپ ئۆتمەي ئاشۇ ھويلىدىكى ئامبارنىڭ ئۆگزىسىدىن پىلىموت قاتتىق تاتاتلاشقا

باشلىدى. گرىگورىي دۇربۇن بىلەن تىكىلىپ قاراپ، پىلىموتچىلار-
نىمۇ كۆردى. ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە شالۋۇرىنىڭ ئىككى پاقالچىقىنى
ئاق پايپاقنىڭ ئىچىگە تىققان بىرسى پۇتلىرىنى ئىككى نەرەپكە
كېلەڭسىز يېيىپ، پىلىموتنىڭ قالقىنى تۈۋىدە ياتاتتى: ئۈستىگە
قات - قات پىلىموت لېنتىسى ئورىغان ئىككىنچى بىرسى شوتى-
دىن يامىشىپ چىقىۋاتاتتى، زەمبىرەكچىلەر پىيادىلەرگە ياردەمگە
كەلمەكچى بولۇپ تۇرۇشاتتى. قىزىللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىۋات-
قان بىر توپىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئارقا - ئارقىدىن شىراپنېللار
چۈشۈپ كۆمۈۋەتتى. ئاخىرقى پارتلايدىغان بىر سنارەت يىراق بىر
چەتتە پارتلىدى.

چارەك سائەتتىن كېيىن زابۇرۇن جىلغىسىنىڭ قېشىدا
قىزىللارنىڭ پىلىموتى تۇيۇقسىز جىمىپ قالدى - دە، دەرھاللا
قىسقا بىر «ھۇررا» ئاۋازى كۆتىرىلدى. تال - سۆگەتلەرنىڭ
يالىڭاچ غوللىرى ئارىسىدىن ئاتلىق كازاكلارنىڭ فىگورلىرى
كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ھەممە ئىش تامام بولدى.

× ×

چېپىپ تاشلانغان 147 قىزىل ئەسكەرنى كارگىنسكايا
بىلەن ئارخىپوفكىنىڭ ئاھالىسى گرىگورىينىڭ بۇيرۇقى بويىچە
ئىلمەك، قارماقلار بىلەن بىر چوڭقۇرلۇققا سۆرەپ ئېلىپ كېلىپ،
زابۇرۇننىڭ قېشىغا تېيىزلا كۆمۈپ قويۇشتى. رەبچىكوف ئوق
بېسىلغان ئىككى چاقلىق ئالتە ھارۋىنى ئات - پاتلىرى بىلەن
ۋە بىر پىلىموت ئورنىتىلغان ھارۋىنى قۇلۇپسىز پىلىموتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

قولغا چۈشۈردى. كىلىمۇنكىدا ھەربى ماددى ئەشيا بېسىلغان، 42 ھارۋا غەنىمەت ئېلىندى. كازاكلاردىن تۆت ئادەم ئۆلگەن، 15 ئادەم يارىدار بولغان.

جەڭدىن كېيىن كارگىنىسكايادا بىر ھەپتە تىنچلىق ئورنىتىلدى، قىزىللار ھۇجۇمنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ 2 - دىۋىزىيىسىگە كۆچۈرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دىۋىزىيىنى قىسىپ قويدى ۋە مىگۇلىنسكايا كەنتىنىڭ بىر قاتار يېزىلىرىنى ئىشغال قىلدى: ئالېكسېيېۋسكى يېزىسى بىلەن چېرنېتسكايا كىچىك يېزىسىنى ئېلىپ، ۋېرىخنى - چىرىسكى يېزىسىغىچە بېرىپ يەتتى.

ھەر كۈنى سەھەر ئاشۇ تەرەپتىن توپنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەمما جەڭلەرنىڭ بېرىشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بەك كېچىكىپ كېلەتتى ۋە 2 - دىۋىزىيىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەھۋالى توغرىلىق ئېنىق بىر چۈشەنچە بەرمەيتتى.

شۇ كۈنلەردە گىرىگورىي قارا ئوي - پىكىرلىرىنى تاشلاپ، ئاڭ - سېزىمىغا يول بەرمەي، ئۇنى بېسىشقا تىرىشىپ، ئەتراپتا بولغان ئىشلارنى ۋە شۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ ئوچۇقتىن - ئوچۇق قاتناشقانلىقىنى ئويلىماسلىققا ھەركەت قىلىپ، ئىچىملىككە كىرىشتى. قوزغىلاڭچىلاردا بۇغداينىڭ زاپاسلىرى شۇنچە كۆپ بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج جىددىي ھېس قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ (تۈگمەنلەر ئارمىيىگە ئۇن تارتىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى، شۇڭا كازاكلار كۆپىنچە قورۇلغان بۇغداي بىلەن ئوزۇقلىناتتى)، ئەمما ساموگون ھارىغى كەڭرى تېپىلاتتى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە دۇدارېۋ كازاكلىرىنىڭ بۆلۈنمىسى مەس - ئەلەس ھالەتتە ئاتلىق سەپ بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پىلىموتلارغا قارشى ئات چاپتۇرۇپ بې-

رىپ، يېرىمى قىسىلىپ كەتتى، ئۇرۇش مەيدانىغا مەس ھالدا چىقىش ئادەتتىكى ھادىسىگە ئايلاندى. كىشىلەر گىرىگورىيغا ساموگوننى جان - دىلى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى، ساموگون تېپىشتا پىروخور زىكوف ئالايىتەن جان كۆيدۈرەتتى. كارگىنىسكايادا بولغان جەڭدىن كېيىن ئۇ، گىرىگورىينىڭ ئۆتۈنۈشى بويىچە، ئۈچ چېلەك ھاراق سىغىدىغان چوڭ خۇمىردا ساموگون ئېپكېلىپ، ناخشىچىلارنى چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن گىرىگورىي ئەھۋال - شارائىتتىن ۋە ئۆي - پىكىرگە بېرىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، كۆڭلى خۇشال - خۇرام ئازادىلىككە ئېرىشكەن ھالدا كازاكلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ھاراق ئىچىپ چىقتى، ئەتىسى ئەتىگەن ھاراق خۇمارى تۇتۇپ، يەنە قېقىۋالدى، كەچكە يېقىن ناخشىچىلار يەنە لازىم بولدى. كىشىلەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، ئۇلپەتچىلىك، ئۇسسۇل - تانسا — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقى خوشاللىقنىڭ خام خىيالىنى پەيدا قىلىپ، سەزگۈر، شەپقەتسىز ھەقىقى ئەھۋالنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇغۇزاتتى.

شۇندىن كېيىن ئىچىملىككە بولغان ھېرىسمەنلىك تېزلا ئادەت تۈسىگە كىردى. گىرىگورىي ئەتىگەندىلا شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇش بىلەن ھاراقتىن بىر يۇتۇۋېلىش خاھىشىنى يېڭەلمەيدىغان ھالەتكە يېتىپ قالدى. ئۇ كۆپ ئىچىسمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى، ھەمىشەم مەزمۇت قەدەم بېسىپ تۇرالايتتى، ھەتتا تاڭ ئېتىش ئالدىدا باشقىلار ھەممىنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىپ، شىرەنىڭ يېنىدا ۋە پولدا، شىنېللىرىنى ۋە ئاتنىڭ يوپۇقلىرىنى يېپىنىپ ئۇخلىشىۋاتقان بولسا، گىرىگورىي ھوشيار ھالىتىنى ساقلاپ قالالايتتى، پەقەت رەڭگى ئاقىرىپ، كۆزلىرى سۇرلۇك بولۇپ قالاتتى - دە، كۆپىنچە جىنگىلەك كوكۇلىسىنى ساڭگىلىتىپ، بېشى

نى ئىككى قولى بىلەن سىقىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

تۆت كۈنلۈك ئۇزلۇكسىز ئەيش - ئىشرەت مابەينىدە ئۇنىڭ يۈزلىرى خىلىلا ئىششىپ، قەددى مۈكچىيىپ قالدى؛ كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكىرىپ خالتىلىنىشىپ كەتتى، كۆزلىرىدە مەنىسىز شەپقەتسىزلىكنىڭ ئۇچقۇنلىرى بارغانسېرى چاقنايدىغان بولۇپ قالدى.

5 - كۈنى پىروخور زىكوف مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭغا بىر تەكلىپنى بىلدۈردى:

— ئىسخودوفتىكى چىرايلىقىنە بىر ئايالنىڭ قېشىغا بارايلىمۇ؟ سەن گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ بۇ يەردە بىكاردىن ئەسنەپ ئولتۇرما، ئايال — تاۋۇزدەك شىرىن ئايال! مەن ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرمىگەن بولسامۇ، بىلىمەن. ئەمما ناھايىتى شاش، شەيتان! ياۋايى ئايال، بۇندىغى ئاسانلىقچە تەلۋىگىدىن چىقمايدۇ، ئۇمۇ ئۆزىنى سىلاتقۇزمايدۇ. ھاراق قايىنىتىشقا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. پۈتۈن چىر دەرياسى بويىدا ھاراق قايىنىتىشتا 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئايال، ئېرى ئاقلار بىلەن بىللە چېكىنگەن، ھازىر دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدە، — ئۇ سۆزىنى مۇنداقلا ئېيتىپ قويغاندەك تاماملىدى.

ئۇلار ئىسخودوفقا كەچقۇرۇن يولغا چىقتى، گىرىگورىيغا رەبچىكوف، خارلامپىي يېرماكوف، قولسىز چولاق ئالېشكا شامىل ۋە ئۆز ئوچاستكىسىدىن كەلگەن 4 - دىۋىزىيە كوماندىرى كوندرات مېدۋېدېۋ بىللە ھەمرا بولۇپ باردى. پىروخور زىكوف ئالدىدا ماڭدى. يېزىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئېتىنى ئاستا ماڭغۇزۇپ، تار كوچىغا بۇرۇلدى - دە، خامانغا كىرىدىغان بىر ئې-

شىكنى ئاچتى. گىرىگورىي ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتنىڭ تۈرتكىلىگەن
ئىدى، ئىتى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىشكە باشلىغان زور قار
دۆۋىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمەن دەپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن قارغا
پېقىلىپ چۈشتى ـ دە، خىرقىراپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، ئاندىن
دەرۋازىدىن قاشانىڭ تۆپىسىگىچە بېسىپ كەتكەن قار دۆۋىسىنى
كېچىپ ئۆتتى. پىيادە بولۇۋالغان رەبچىكوف ئىتنىڭ يۈگەندىن
تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى. گىرىگورىي پىروخور بىلەن بەش مىنۇتچە
سامان، ئوت ـ چۆپ بېسىلغان يەرنىڭ يېنى بىلەن ئاتلىق مې-
ڭىپ، ئاندىن ئەينەكتەك جىرىڭلاپ تۇرغان تاپ ـ تاقىر گىلاسلىق
باغنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈشتى. ئاسماندا كۆكۈش تۈس ئالغان يېڭى
چىققان ئاينىڭ ئالتۇن تاۋىقى قىيا تۇراتتى، يۇلتۇزلار چىمىر-
لايتتى، سېھىرلەنگەندەك بىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى، يىراقتى-
كى ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن ئات تۇياقلىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى
بۇ جىمجىتلىقنى بۇزماستىن، پەقەت تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ
قوياتتى، خالاس. قېلىن ئۆسكەن گىلاس دەرەخلىرى بىلەن شاخ-
لىرى ھەر تەرەپكە غۇلاچ يايغان ئالما دەرىخى شاخلىرىنىڭ ئا-
رىسىدىن كىچىككىنە ساغۇچ ئوت ئۇچقۇنى يالت قىلىپ قالدى،
يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ قوينىدا ئۈستى قومۇش بىلەن يېپىلغان چوڭ
بىر ئۆينىڭ قارىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالدى. پىروخور ئىگەرنىڭ
ئۈستىدىن ئىگىشىپ، غىچىرلاپ قالغان يان ئىشىكنى ئاۋايلاپ
ئاچتى. پېشايۋاننىڭ قېشىدا، مۇز قاتقان توختاق سۇدا ئاينىڭ
ئەكسى مىدىرلاپ تۇراتتى. گىرىگورىينىڭ ئىتى توختاق سۇنىڭ
مۇزىنى تۇيغى بىلەن گىرۋەكتىن سۇندۇرۇپ توختىدى ـ دە،
بىراقلا دېمىنى ئالدى. گىرىگورىي ئىگەرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ
چۈشتى، تىزگىننى پەلەمپەينىڭ پەنجىرىسىگە باغلاپ، قاراڭغۇ

دەھلىزگە كىردى. پىيادە كېلىۋاتقان رەبچىكوف باشقا كازاكلار بىلەن گۈرۈڭلىشىپ، ئاستا ناخشا توۋلاپ، ئارقىدىن بىللە كىردى.

گرىگورىي سىپىلاپ يۈرۈپ ئىشىكنىڭ ئۇتقىسىنى تاپتى ۋە كەڭ ئاشخانا ئۆيىگە ئاستا قەدەم قويدى. ياشقىنا پاكارراق كەلگەن، ئەمما كەكلىكتەك سۇمباتلىق، قارا قۇمچاق، نازۇك قارا قاش بىر كازاك ئايالى دۇمبىسىنى مەشكە قىلىپ، پايپاق توقۇپ تۇراتتى. مەشنىڭ ئۈستىدە توققۇز ياش چامىسىدىكى ئاق سېرىق چاچ قىز بالا قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ ئۇخلاپ يېتىپتۇ.

گرىگورىي يېشىنمەستىنلا، شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ۋودكا بارمۇ؟

— ئېسەنلىشىشنىڭ كېرىكى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆي ئىگىسى ئايال گرىگورىيغا قارىماستىن، پىلتىكەشلەرنىڭ ئۇچلىرىنى يەنىلا شۇ پېتى تېز - تېز مىلتىلدىتىپ.

— ئەگەر تېچلىق سوراشنى خالىساڭ، سالامەتمۇ سەن! ۋودكا بارمۇ؟

ئايال كىرپىكلىرىنى كۆتىرىپ، دەھلىزدىكى گۈرۈڭلىغان ئاۋاز بىلەن ئاياق تاۋۇشلىرىغا قۇلىقىنى تىكىپ گرىگورىيغا يۇمۇلاق قارا كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ۋودكىغۇ بار، ئەمما قونۇشقا كەلگەن كىشىلىرىڭ كۆپمۇ؟

— كۆپ، پۈتۈن بىر دىۋىزىيە ...

رەبچىكوف بوسۇغىدىن چوخچىيىپ كىرگەندىن كېيىن، قىلىچىنى سۆرەپ، پاپاخىنى تېزىغا فېقىپ پالاقلىتىپ قويدى. ئىشىككە كازاكلار توپلاشتى؛ بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ياغاچ قوشۇقلارنى كارامەت ئۇستىلىق بىلەن تاقىلدىتىپ، بىر رەقس كۈيىگە چالدى.

كارۋات ئۇستىگە بىر قۇچاق شىنېل دۆۋىلەشتى، قورال ـ ياراقلارنى تاختا سۇپىغا تەخلەپ قويۇشتى. پىروخور ساھىپخان ئايالنىڭ داستىخان راسلىشىغا چاققانلىق بىلەن ياردەملەشتى. بىر قولى چولاق ئالىيوشكا شامىل گەمىدىن تۇزلىغان كاپوستا ئېپكىلىش ئۈچۈن كېتىپ، شوتىدىن پەسكە يېقىلىپ چۈشتى، يامىشىپ ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن چەكمىنىنىڭ ئېتىكىدە سۇنغان تەخسىنىڭ پارچىلىرى بىلەن بىر دۆۋە ھۆل كاپوستىنى ئېلىپ كەلدى.

يېرىم كېچىگىچە ئۇلار ئىككى چېلەك ساموگون ئىچىشتى، بىر ئالاي كاپوستىنى يەپ بولۇشتى، ئاندىن قوي سويۇش قارارىغا كېلىشتى. پىروخور قوي قوتىنىنىڭ ئىچىدە پايپاسلاپ يۈرۈپ، ئىككى ياشلىق بىر پاخلاننى تۇتۇۋالدى، خارلامپىي يېرماكوف بولسا — چېپىشقا كەلگەندە بۇمۇ ھېچكىمدىن قېلىشمايتتى — قىلىچ بىلەن قوينىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىدى ـ دە، شۇ يەردىلا لاپاسنىڭ ئاستىدا تېرىسىنى سويۇپ، ئىچ ـ قارنىنى تازىلىدى. ساھىپخان ئايال مەشكە ئوت يېقىپ، بىر چېلەك گۆش سىققۇدەك قازاننى ئاستى.

يەنە قوشۇقلارنى رەقسىگە تاقىلدىتىشتى ـ دە، رەبچىكوف پۈتلىرىنى ئېگىپ، ئالقانلىرى بىلەن ئىككى تىزىنى قاتتىق شاپلاقلاپ، ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇسۇلغا ماس ھالدا كەسكىن، ئەمما يېقىملىق ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن كۈي كۈيلىدى:

ئىچەيلى بىز، ئوينايلى، پۇرسەت بىزگە غەنىمەت،
بىكار يۈرۈش قورادا شۇتاپ بىزگە نەھاجەت...

— مەن تاماشا قىلىشنى خالايمەن! — دەپ ھۆكىرىدى

يېرماكوف، ئاندىن دەرىزە رامىلىرىنىڭ مەھكەملىكىنى قىلىچى بىلەن سىناپ كۆرۈشكە ھە دەپ ئىنتىلدى.

يېرماكوفنى ئىنتايىن باتۇرلۇغى ۋە كازاكقا مۇناسىپ قەيسەرلىكى ئۈچۈن باخشى كۆرىدىغان گىرىگورىي مىس كورۇشكا بىلەن شىرەنى تاقىلدىتىپ، ئۇنى توختاتتى:

— خارلامپىي، ساراڭلىق قىلما!

خارلامپىي ئىستائەنكارلىق بىلەن قىلىچىنى قىنىغا سالدى - دە، ساموگون تونشقۇزۇلغان ئىستاكانغا تەشنالىق بىلەن ئۆزىنى ئۇردى.

— ماناشۇنداق كۆڭۈل ئېچىشتا ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ئارمان يوق، — دىدى ئاليوشكا شامىل، گىرىگورىينىڭ قېشىغا ئولتۇرۇپ، — گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! سەن بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز! پەقەت سەن بىلەنلا بىز ئالەمدە پۈت تىرەپ تۇرالايمىز! كەل، يەنە بىر ئىستاكاندىن ئىچەيلى!... پىروخور، ھاراق!

ئىگەر - جابدۇقلىرى ئېلىنمىغان ئاتلار ئوت - چۆپ بېسىلغان يەردە ئەركىن ئوتلاپ تۇردى، ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن يوقلاپ تۇرۇشتى.

پەقەت تاڭ ئېتىش ئالدىدىلا گىرىگورىي ئۆزىنىڭ مەس بولۇپ قالغانلىغىنى ھېس قىلدى، ئۇ باشقىلارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزىنى يىراقتىن ئاڭلىغاندەك بولاتتى، قان قۇيۇلغان كۆزىنىڭ ئېقىنى تەسلىكتە قوزغىتاتتى ۋە ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشاتتى.

— بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن يەنە ئالتۇن پاگون تاقىغانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ! ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ بولدى! — دەپ ۋاقىرىدى يېرماكوف گىرىگورىينى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— قانداق، پاگون؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي يېرماكوفنىڭ قولىنى نېرى ئىتتىرىپ.

— ۋېشكىدىكىلەرچۇ. نېمە، بىلمەمسەن ئۇنى؟ كاۋكاز كىنەزى تەختتە ئولتۇردى! پولكوۋنىكنى دەۋاتىمەن!... ئۇنى چىپىپ تاشلايمەن، مېلېخوف! مەن جېنىمنى سېنىڭ يولۇڭغا پىدا قىلاي، بىزنى چىقىمغا ئۇچراتما! كازاكلار تەشۋىشلەنمەكتە. بىزنى ۋېشكىغا ئېلىپ بار، — ھەممىسىنى بىتچىت قىلىپ، كۈلىنى كۆككە سورۇيلى! ئېليوشكا كودىنوفنى، پولكوۋنىكنى — ھەممە - ھەممىنى يوقىتايلى! ئۇنىڭ بىزنى شۇنچىلىك ئازاپلىغىنى يېتەر! قىزىللار بىلەنمۇ، كادېتلار بىلەنمۇ ئېلىشايلى، مېنىڭ تىلىگىم ئەنە شۇ!

— پولكوۋنىكنى ئۆلتۈرەيلى، ئۇ ئەتەي مەشەدە قېپقالغان... خارلامپىي! سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئايىغىغا باش قويايلى: بىز ئەيىپلىك دەيلى...، — گىرىگورىي بىر مىنۇت سەگەكلىشىپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى، — مەن چاخچاق قىلىۋاتىمەن، خارلامپىي، ئىچ.

— چاخچاق قىلىپ نېمە قىلىسەن، مېلېخوف؟ سەن چاخچىغىڭنى قوي. بۇ يەردە ئىش جىددى، — دەپ سۆز باشلىدى مېدۋېدېۋ قەتئىيلىك بىلەن، — بىز ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى خالايمىز. بىز ھەممىنى ئالماشتۇرۇپ، سېنى ئولتۇرغۇزىمىز. مەن كازاكلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار ماقۇل بولۇشتى. بىز كودىنوفقا ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرەكلىرىگە ياخشىلىقچە: «سىلەر ھاكىمىيەتنىڭ ئۈستىدىن كېتىڭلار، سىلەر بىزگە مۇناسىپ ئەمەس» — دەيمىز. ئۇلار كەتسە، ياخشى، كەتمىسە، پولكنى ۋېشكىغا ماڭدۇرىمىز، شۇندىن كېيىن ئۇلار بەدەر كۆزدىن يوقىلىدۇ!

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

— بۇ توغرىلىق ئەمدى سۆز بولۇنمىسۇن! — دەپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى گىرىگورىي

مىدۋېدىۋ مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، شىرەنىڭ قېشىدىن بىر چەتكە ئۆتۈپ ئىچىشنى توختاتتى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بولسا رەبىچكوۋ پاخماقلىشىپ قالغان بېشىنى تاختا سۇپىدىن ساڭگىلىتىپ، ئىپلاسلانغان پولنى قولى بىلەن جىجىپ، ھەسرەت بىلەن ناخشا كۈيلەيتتى:

ئەي، ئوغۇلچاق، بىچارە،
سەن بېشىڭنى بۇرىساڭچۇ.
بېشىڭنى بىر بۇرىساڭچۇ...
ئېخ! بۇرىغىنا ئوڭ ياققا،
ئوڭ ياققا ھەم سول ياققا.
نەق كۆكسۈمگە، قوچاققا.

شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللارنىڭكىدەك مۇڭلۇق چىققان تەسىرلىك ئىنچىكە ئاۋازىغا ئاليوشكا شامىل ئۆزىنىڭ بوم ئاۋازى بىلەن جۆر بولدى:

قۇچىغىمدا ياتقاندا،
ئېغىرغىنا ئۇھ تارتتىڭ...
ئېغىرغىنا ئۇھ، تارتتىڭ
ئاخىرقى رەت سۆز قاتتىڭ:

«كەچۈر مېنى، خەير - خوش، ئەي بۇرۇنقى مۇھەببەت،
سەن بۇرۇنقى مۇھەببەت، ئەمدى بولدۇڭ بىر ئاپەت!...»

ساھىپخان ئايال گىرىگورىينى مېھمانخانىسىغا ئېپكىرىپ

كەتكەن چاغدا دەرىزىنىڭ تېشىدا تاڭ يورۇشقا باشلىغان ئىدى.

— بولدى ئەمدى، ئۇنىڭغا ئىچكۈزمەڭلار! ماڭ نېرى، شەيتان! ئۇنىڭ تۆگىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ، — دېدى ئايال گىرىگورىينىڭ قولتۇغىدىن تەسلىكتە يۆلەپ، بىر كورۇشكا سامو گوننى كۆتىرىپ كەلگەن يېرماكوفنى يەنە بىر قولى بىلەن ئىتتىرىپ.

— سەھەرلىك قىلماقچىمۇ، نىمە؟ — دېدى يېرماكوف كۆزىنى قىسىپ، ئۇ دەلدەڭلەپ تۇرغانلىقتىن، كورۇشكىدىن هاراق تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— هە، ئۇخلىتىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە.

— سەن هازىر ئۇنىڭ بىلەن ياتما، پايدىسى يوق...

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! سەن مېنىڭ قېيناتام ئەمەس!

— قېشىڭنى چاق! — دېدى يېرماكوف كىشنىگەندەك چىقىراپ، مەسلىك كۈلكىسى بىلەن خىخىلداپ، يىقىلاي دەپ قالدى.

— هەي، بىنومۇس شەيتان! كۆزۈڭنى هاراق توسۇۋالغانلىقتىن، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىسەن!

ئايال گىرىگورىينى بۆلۈمىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، كارۋاتىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى، غۇۋا قاراڭغۇدا سىر يىرگىنىپ، بىر ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرۇقلۇق هېچنىمىنى كۆرمەيدىغان كۆزلىرىگە، ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ چىقتى.

— بەلكىم، مىۋە شەرۋىتى ئىچەرسەن؟

— ئېپكەل.

ئايال بىر ئۇستاكان سوغاق گىلاس شەرۋىتى ئېلىپ كەلدى-دە، كارۋاتنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ، گىرىگورىي ئۇيقۇغا كەتكەنگە قەدەر، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى بىر - بىر تۈزەپ، سىلاپ تۇردى. ئۇ مەشىنىڭ ئۈستىگە، قىزىنىڭ يېنىغا ئورۇن سېلىپ ياتقان ئىدى، ئەمما شامىل ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمىدى، شامىل بېشىنى جەينىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغانلىقتىن، ئۈركۈگەن ئات خارتىلدىغاندەك خورەك تارتتى، كېيىن بىر چاغدا، گويا بىرسى ئىتتىرگەندەك تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپ، خىرىلداپ زارلىنىشقا باشلىدى:

... ئەسكەرلىكتىن قايتتۇق ئۆيگە!
كۆكرەكلەردە پاگونلار...
مۇرىمىزدە — كىرىستلەر...*

بېشىنى يەنە قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، تۆت ئەتراپىغا غەلىتە قاراپ، يەنە ناخشا باشلىدى:

ئەسكەرلىكتىن قايتتۇق ئۆيگە!...

## 42

ئەتىسى ئەتىگەن، گىرىگورىي ئويغانغاندىن كېيىن يېرىما-

* بۇ مەسىلىكتە ئېيتىلغان ناخشا بولغانلىقتىن، كىرىست مېدالىنى مۇرىدە، پاگوننى كۆكرەكتە قىلىپ، ئالماشتۇرۇپ قويغان — ت.

كوف ھەم مېدۋېدېۋ بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى.
ئۇ بۇ كېچە ئانچىلىكمۇ مەس ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ھاكىمى-
يەتنى ئاغدۇرۇش توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى قىينالماستىنلا
يادىغا چۈشۈردى، ئۇنىڭغا شۇ نەرسە روشەن بولۇپ قالدىكى، لىخو-
دوفتىكى ئىچكىلىكىزلىق ئوچۇق بىر مەقسەت بىلەن، يەنى
گىرىگورىينى ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى قىلىشقا قۇترىتىش
غەرىزى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىكەن، دونېتسكە بېرىپ، دوننىڭ
ئاق ئارمىيىسىگە قوشۇلۇش خاھىشىنى ئوچۇقلا بىلدۈرگەن
كودىنوفقا قارشى بىر نەيرەڭ ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىدى، بۇ نەيرەڭنى
دوندىن ئۈزۈل - كېسىل ئاجرىلىپ، ئۆز ئالدىغا كوممۇنىستلارسىز
سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرزىدە بىر ھاكىمىيەت قۇرۇشنى يوشۇرۇن خى-
يال قىلىپ يۈرگەن سولچىل كەيپىياتتىكى كازاكلار ئۇيۇشتۇرغان
ئىدى. قىزىللارنىڭ ئۇرۇش سېپى دونېتس ئالدىدا تەۋرىنىپ قال-
غان بولسىمۇ، ھەر مىنۇتتا بۇ يەردىكى كازاكلارنى «ئۆز ئارا جاڭ-
جاللىرى» بىلەن قوشۇپ، ئاسانلا يوقىتىپ تاشلايدىغانلىقى مۇمكىن
بولۇپ تۇرغان بىر چاغدا. قوزغىلاڭچىلار لاگېرىدىكى ئىچكى ئىخ-
تىلاپ ھالاكەتلىك ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي،
بۇلار گىرىگورىينى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇشقان ئىدى. «باللارچە
ئويۇن» — دىدى گىرىگورىي ئۆز كۆڭلىدە كارۋاتتىن لىككىدە
تۇرۇۋېتىپ، ئۇ كىيىمىنى كىيىپ، يېرماكوف بىلەن مېدۋېدېۋنى
ئويغاتتى. بۇلارنى مېھمانخانا ئۆيگە چاقىرغاندىن كېيىن ئىشىكنى
مەھكەم يېپىپ قويدى.

— گەپ مۇنداق، بۇرادەرلەر: كېچە ئېيتىلغان گەپ - سۆز-
لەرنى كاللاڭلاردىن چىقىرىپ تاشلاڭلار، كوسۇرلاشنى تاشلاڭلار،
ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆزەڭلارغا ياخشى بولمايدۇ! گەپ كىمنىڭ

قوماندان بولۇشىدا ئەمەس. گەپ كودىنوفتىمۇ ئەمەس، گەپ شۇ يەردىكى، بىز مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز، خۇددى چەمبەر ئىچىدىكى بوچكىدەك. بۈگۈن بولمىسا، ئەتە بۇ چەمبەرلەر بىزنى بىتچىت قىلماي قالمايدۇ. پولكلارنى ۋېشكىغا ئەمەس، مىگۇلىنغا، كىراسنوكۇتىسكاياغا ماڭغۇزۇش لازىم، — ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ، بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرغان مېدۋېدېۋتىن كۆزىنى ئۈزمەستىن، بۇ سۆزلەرنى ئالايىتەن تەكىتلەپ ئېيتتى، — شۇنداق، كوندرات، يورۇق ئالەمدە كىشىنى قايمۇقتۇرۇشنىڭ كېرىكى يوق! سىلەر كاللاڭلارنى سىلكىۋېتىپ ئويلىساڭلار، مۇنۇنى چۈشىنىۋالالايسىلەر: ئەگەر بىز قوماندانلىقنى بارامسىز قىلىشقا باشلاپ، ھەرقانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ بارماقچى بولساق، ھالاكەتكە يولۇقىمىز. يا ئاقلارغا ياكى قىزىللارغا تايىنىش لازىم. ئوتتۇرىدا قېلىشقا بولمايدۇ — يەنچىپ تاشلايدۇ.

— بۇ گەپلەرنى سىر تۇتۇش كېرەك، سىرتقا چىقىپ كەتمىسۇن، — دېدى يېرماكوف ئارقىسىغا قايرىلىپ.

— بۇ سىر بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، بىراق شۇ شەرت بىلەنكى، سىلەر كازاكلارنى قايمۇقتۇرۇشنى توختىتىڭلار. خوش، كودىنوف بىلەن ئۇنىڭ مۇشاۋۇرلىرىنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇلاردا تولۇق ھوقۇق يوق، مەن ئۆز دىۋىزىيەمنى ئۆزەمنىڭ بىلىشچە باشقۇرىمەن. ئۇلار يامان ئادەملەر، دۇنيادا گەپ يوق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بىزنى كادېتلار بىلەن قايتىدىن ياراشتۇرۇپ قويىدىغانلىقى شەك - شۈبھىسىز. ئەمما بىز نەگە بارىمىز؟ يوللىرىمىز كېسىلگەن، ھەممە قان تومۇرلىرىمىز قىرقىلغان!

— ئۇغۇ شۇنداق...، — مېدۋېدېۋ تەسلىكتە قوشۇلدى ۋە

گەپ ـ سۆز ئەسناسىدا 1 ـ قېتىم غەزەپكە تولغان كىچىككىنە ئېـ
يىق كۆزلىرى بىلەن گىرىگورىيغا قاراپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گىرىگورىي كارگىنىسكايا قېشىدىكى يېزىـ
لاردا ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۇدا هاراق ئىچىپ، ئۆمرىنى ئىچكۈـ
لۈكۋازلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. هاراقنىڭ پۇرىقى ھەتتا ئۇ مىنىدىـ
غان ئىگەرنىڭ تەرلىكىگىچە سىڭگەن ئىدى. تالاي ئاياللار ۋە
قىزلارنىڭ قىزلىق گۈلىدىن ئايرىلغان قىزلار گىرىگورىينىڭ قولىـ
دىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قىسقا مۇھەببىتىگە نائىل بولدى. ئەمما ئەتىـ
سى ئەتىگەن نۆۋەتتىكى مۇھەببەتنىڭ قىزنى بېسىلىپ نەپسى
تويۇنغاندىن كېيىن، گىرىگورىي سەگەكلىشىپ، باشقا بىر ئىشلارنى
ئويلىغاندەك، بىپەرۋالىق بىلەن خىيال سۈرەتتى: «ياشىغىنىمنى
ياشىدىم ۋە ئۆتكەن ئۆمرۈمدە ھەممىنى باشتىن كەچۈردۈم، كۆپ
خوتۇن ـ قىزلارنى سۆيۈپ ئۆتتۈم، ياخشى ئاتلارنى مىندىم...
ئېخ!... دالىلاردا يۈردۈم. ئاتلىق مېھرى بىلەن شاتلاندىم ۋە
ئادەملەرنى ئۆلتۈردۈم. ئۆزەممۇ ئۆلۈمگە قارشى ماڭدىم، كۆك ئاسـ
ماندا ئۈزەمنى كۆرسەتتىم. ئەمدىلىكتە ھايات ماڭا نىمە يېڭىلىقنى
كۆرسىتەركىن؟ يېڭىلىق يوق! ئەمدى ئۆلسەممۇ بولىدۇ، قورقىدىغان
ئىش يوق. ئۇرۇشتىمۇ بالىلارغا ئوخشاش تەۋەككۈلسىزلا ئويناش
مۇمكىن. ئۆتتۈرۈپ قويىدىغىنىم چاغلىق!»

ئۇنىڭ پايمۇ پاي باغلاشمايدىغان خاتىرىلىرىدە باللىق
چاغلىرى گويا ھاۋا ئۇچۇق كۈندۈز كۈندىكى فونياشتەك ئۈزۈپ
ئۆتەتتى: تاشتىن ياسالغان كاتەك ئۆيلەردىكى تۇمۇچۇقلار،
قىزىپ كەتكەن تويا ـ چاڭلاردا گىرىشكىنىڭ يالىڭاياق
پۇتلىرى، ئىككى قىرغىقىدىكى يېشىل ئورمانلار، سۇدا
ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۇلۇغۋار ۋە تىپ ـ تىنچ دون، دوستلىـ
رىنىڭ باللىق چېھرىلىرى، ياپ ـ ياش قامەتلىك ئانىسى...

گرىگورىي ئالقىنى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى، — دە، ئۇنىڭ ئوي — خىيالىدا تونۇش چېھرىلەر، ۋەقەلەر، بەزىدە ناھايىتى ئۇششاق، ئەمما ئىسمىشقىدۇ خاتىرىسىگە مەھكەم سىڭىپ قالغان ئىشلار بىر — بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئېڭىدا ئاللىقاچان يوقالغان ئادەملەرنىڭ ئۇنتۇلغان ئاۋازلىرى، سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن — دىلىرى، ھەرخىل كۈلكىلەر جاراڭلايتتى. ئېڭىدا ئەس — يادىنىڭ نۇرلىرى كۆرۈلگىنىگە ئۇزاق زامان بولغان، ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان تەبىئەت مەنزىرىسىگە چۈشەتتى — دە، بىردىنلا گرىگورىينىڭ كۆز ئالدىدا پاقىراپ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولاتتى: بىپايان كەڭ دالا، يازلىق چوڭ يول، ھارۋا، ھارۋا ئالدىدا ئولتۇرغان دادىسى، ئۆكۈزلەر، ئاشلىغى ئورۇلۇپ، ئېگىزى ئالتۇنسىمان چوخچىيىپ تۇرغان ئېتىزلىق، يول ئۈستىدە قاپ — قارا چېچىلىپ تۇرغان قاغى — لار... گرىگورىي توردەك ئىرماش — چىرماش پىكىر — خىيالغا پېتىپ، بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى كولاشتۇردى، نەگىدۇ قايتماسقا كەتكەن ئاشۇ ھاياتىدا ئاكسىنىيەگە دۇچكېلىپ قالدى — دە، «جانانىم! ئۇنتۇلماس يارىم!» — دەپ ئويلاپ. شۇ ئاندىلا سەسكىنىپ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان ئايالىدىن ئۆزىنى نېرىغا ئالدى، ئۇھ تارتىپ، تاڭ ئېتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. شۇندىن كېيىن قۇياش قىزىل شەپەق، ئالتۇن نۇقا بىلەن شەرقنى بىزەشكە باشلاش بىلەنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىرىدىن — بىرى يۇيۇنۇپ، ئېتىنىڭ قېشىغا ئىرىشقا ئالدىرىدى.

## 43

قوزغىلاڭ، گويا ئۆز يولىدىكى ھەممە نەرسىنى يالماپ

يۇتىدىغان ھالا يانغىنىدەك بىردىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بوي سۇنمىغان كەنتلەرنىڭ ئەتراپىنى ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ پولات چەمبەرلىرى ئورىۋالدى. ھالاكەتكە مەھكۇم بولغانلىقىنىڭ كۆلەڭگىسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە تامغا بېسىلغاندەك ئورناشقان ئىدى. كازاك- لار قىمارغا پۇل تىككەندەك، ھاياتى بىلەن ئوينىشىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرگە تەڭگىنىڭ رەقەملىك تەرىپى* چىقىپ قالغان ئىدى. ياشلار قاتتىق مۇھەببەتكە بېرىلگەن ئىدى، چوڭراق ياشتىكىلەر ئەقلىدىن ئازغۇچە ساموگون ئىچىشەتتى، قارتا ئويۇنىدا پۇل بىلەن پاترونلارنى (بۇ چاغدا پاترون بىساھا نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى)دو تىكىپ ئوينىشاتتى. بىر مىنۇت بولسىمۇ جېنىغا تەككەن مىلتىقنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، قولىغا پالتا ياكى رەندە ئېلىش ئۈچۈن پۇراقلىق قىزىل تال چىۋىقلىرى بىلەن قاشا تاملارنى توقۇش ياكى تىرنا، ھارۋىلارنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆڭلىگە ئارام بېرىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە بىرنەچچە كۈنلۈك بېرىپ تۇرۇشاتتى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر تىنچ تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ، ئۆز قىسىم- لىرىغا مەس قايتىپ كېلىشەتتى ـ دە، مەسلىگى يېشىلگەندىن كېيىن، مەنىسىز «تۈنىكە قۇتا ھاياتى»دىن غەزەپلەنگەنلىكتىن، پىيادە سەپ بىلەن ئاتاكىغا ئۆتەتتى، نەق پىلىموتلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باراتتى، ئۇنداق بولمىغاندا، غالجىرلىشىپ، ئاستىدا ئات بار ـ يوقلۇغىنىمۇ ئۇنتۇپ، قۇيۇندەك چېپىپ، كېچىلىك باسقۇنغا باراتتى ۋە ئەسىرگە ئالغان ئادەملەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىپتىدائى زاماندىكى ياۋايىلىق بىلەن قىيناپ، تەھقىرلەيتتى، ئوقلىرىنى ئاياپ، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرەتتى.

* بۇرۇنقى چاغدا تەڭگىنى ئىرغىتىپ تاشلايدىغان قىمار ئويۇنىدا تەڭگىنىڭ رەقەم تەرىپى چىقىپ قالسا، ئۇتتۇرغان ھېساپلىناتتى ـــ ت.

شۇ يىلى باھار مىسلى كۆرۈلمىگەن تۇس بوياقلار بىلەن جۇلالىنىپ تۇردى. ئاپرېل ئېيىدا كۈنلەر ئەينەكتەك تىنىق بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. توپ - توپ غازلار، ئاغامچىدەك تىزىلىشقان مىس ئاۋاز تۇرنىلار ئاسماننىڭ ھول يەتمەس كۆپ - كۆك قەرىدە ئۇچا - ئۇچا بۇلۇتلاردىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ ئۇچۇپ ئۆتۈشەتتى. ئاچ يېشىل مەخمەل قاپلىغان داللىدىكى كۆللەرنىڭ يېنىدا يەم ئىزلەشكە قونغان ئاققۇلار چېچىلغان مەرۋايىتتەك پاقىرايتتى. دون بويىدىكى تاشقىن بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە قۇشلارنىڭ گۇ - گۇ - گۇ، قى - قى - فى - فى ئاۋازلىرى ئالەمنى بېشىغا كىيگەن ئىدى، كەلكۈن سۇ باسقان ئوتلاقلاردا ۋە سۇ بېتىپ بارالمىغان بەزى تېيىز سايلار ھەم جىلغىلارنىڭ ئۈستىدىكى يار بېشىدا غازلار ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپ، ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى چاقىرىشاتتى، تالىزارلىقتا ئەركەك ئۆدەكلەر جۇشقۇن ئىشق - مۇھەببەت بىلەن زوقلىنىپ، تىنىمسىز شۆرۈلىشاتتى. سۆگەتنىڭ شاخلىرىدا سىرغىدەك ئېسىلىپ تۇرغان پوتلىلار ياپ - يېشىل كۆكىرىپ تۇراتتى، تېرەكنىڭ نوتىلىرى يېپىشقاق، خۇش بۇي يىج بىلەن نوغاز بولغان. ئەمدىلەتىن يېشىللىق قاپلاشقا باشلىغان، توگى ئىرىگەن قارا تۇپراق يەرنىڭ بۇرۇنقى پۇرىقى ۋە مەڭگۈ ياشىرىپ نۇرىدىغان ياش مايسىلارنىڭ ھىدى ئاچقىپ تۇرغان دالا چەكسىز جانپىدالىق بىلەن تولغان.

قوزغىلاڭچىلىق ئۇرۇشى شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلگەن ئىدىكى، ھەر بىر جەڭچىنىڭ جانىجان ئۆي - ماكانى ئۆزىنىڭ بىقىنىدىلا ئىدى. قاراۋۇلخانا بىلەن يوشۇرۇن پوسقا بېرىشتىن بىزار بولغاندا، تاغ - داۋان، ئېدىرلاردا چارلاشتا قاڭقىپ يۈرۈشتىن زېرىككەندە، كازاك ئۆزىنىڭ بۆلۈنمە باشلىغىدىن رۇخ-

سەت سوراپ، ئۆيگە كېتەتتى، ئۆزىنىڭ ئورنىغا قېرى بوۋىسىنى
باكى ئۆسمۈر بالىسىنى ھەربى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئەۋەتەتتى. شۇڭـ
لاشقا بۆلۈنمىلەردە جەڭچىلەرنىڭ سانى ھەمىشە تولۇق ئىدى ۋە
تەركىۋى ئۆزگىرىپلا تۇراتتى. ئەمما بەزىلەر مۇنداق قۇۋۇلۇقنىمۇ
ئىشلىتەتتى: كۈن پېتىش بىلەنلا بۆلۈنمە تۇرغان يەردىن ئاتلىنىپ
چىقىپ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، 30 باكى 40 چاقىرىم يول يۈـ
رۈپ، كەچكى شەپەق غايىپ بولغاندا ئۆز ئۆيىدە بولاتتى. كېچىـ
نى خوتۇنىنىڭ ياكى سۆيگۈنىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈپ، خوراز 2 ـ
قېتىم قىچقارغاندىن كېيىن ئېتىنى ئېگەرلەيتتى ـ دە، ئاسماندا
ھۆكەر غايىپ بولماستىنلا ئۆز بۆلۈنمىسىگە قايتىپ كېلىپ بولاتتى.

ئورغۇن خۇش چاخچاق يىگىتلەر سوقۇشنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن ئۆينىڭ داشالىرى يېنىدا بولغانلىقىغا شاتلىقىنى ئىچىگە
سىغدۇرالمايتتى. «ئۆلۈشنىڭ كېرىكى يوق!» ـــ دەپ چاخچاق قىـ
لاتتى. پات ـ پات ئايالىنى يوقلىغىلى بارىدىغان كازاكلار.

قوماندانلىق، بولۇپمۇ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى باشلىنىپ
قالغان مەزگىلدە ئەسكەرلىكتىن قېچىش ئىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىـ
دىن قورقاتتى. كودىنوف ئالايىتەن قىسىملارنى ئارىلاپ چىقىپ، ئۆـ
زىگە خاس بولمىغان بىر قەتئىيلىك بىلەن مۇنۇلارنى ئوقۇتۇردى:

— مەيلى، ئېتىزلىرىمىزدا شامال گۆكىرەپ تۇرسۇن، مەيلى
بىرەر دانە ئورۇق يېرىمىزگە چۈشمىسۇن، مەن كازاكلارنىڭ قىسىمـ
لاردىن كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن! ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ
كەتكۈچىلەرنى چېپىپ تاشلايمىز ۋە مىلتىق بىلەن ئاتىمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 44

گرىگورىيغا كىلىموفكا بوسۇغىسىدا يەنە بىر جەڭگە قاتنىشىشقا توغرا كەلدى. چۈشكە يېقىن يېزىنىڭ چېتىدىكى هويلىلارنىڭ قېشىدا ئېتىشىش باشلىنىپ قالدى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىلىموفكىغا قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ سەپلىرى كىرىپ كەلدى. سول قاناتتىكى قارا بوشلات* كىيگەن ماتروسلار — بالتىق دېڭىز پىلوتىنىڭ بىر ھەربى كېمىسىنىڭ كوماندىسى بىرتىكىس ئالغا سىلجىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، كارگىنىسكايا قوزغىلاڭچىلار پولكىنىڭ ئىككى بۆلۈنمىسىنى يېزىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنى ساي بويلاپ، ۋاسىلېۋكىغىچە قىستاپ باردى.

ئۇستۇنلۇك قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى تەرەپكە ئېغىشقا باشلىغاندا، بىر ئىگىزلىكتىن جەڭنىڭ بېرىشىنى كۆزىتىپ تۇرغان گرىگورىي ئوق - دورا بېسىلغان ئىككى چاقلىق ھارۋا يېنىدا ئېتىنى تۇتۇپ تۇرغان پىروخور زىكوفنى ئالدىغا چاقىرىپ، مېڭىپ كېتىۋاتقان ئاتقا سەكرەپ مىنىۋالدى؛ كىچىككىنە يارلىقتىن چىپچىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئېتىنى تېز سوكۇلدىتىپ، ئۇيماندىكى گۇسىنكىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە 2 - پولكىنىڭ زاپاستىكى بىر ئاتلىق بۆلۈنمىسى دەرەخزارلىق ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ تاغ ۋە قاشالاردىن ئۆتۈپ، بۆلۈنمە تۇرغان يەرگە

* بوشلات — ماتروسلارنىڭ تاشقى قارا كەمزۇلى — ت.

قاراپ كەتتى. بىراقتىن باباق كازاكلارنى ۋە موما ئاغىچىلارغا باغ-
لاقلىق ئاتلارنى كۆرۈپ، قىلىچىنى سۇغۇردى - دە، ۋاقىرىدى:
— ئاتلار!
200 ئاتلىق ئەسكەر بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە ئاتلىرىغا مىنىپ
بولۇشتى. دۆلۈتمە كوماندىرى گىرىگورىينىڭ ئالدىغا چېپىپ
كېلىپ:
— يولغا چىقامدۇق؟ — دەپ سورىدى.
— ئاللىقاچان يولغا چىقىش كېرەك ئىدى! ھاڭۋېقىپ تۇر-
دۇڭمۇ! — دەپ گىرىگورىي كۆزلىرىنى پاقىراتتى.
گىرىگورىي ئېتىنى توختىتىپ، پەسكە چۈشتى - دە، ئەتەي،
ئاتنىڭ ئەيلىنى چىڭىتىمەن دەپ بىر دەم ھايال بولۇپ تۇرۇپ
قالدى (تەرگە پىشقان ۋە قىزىپ كەتكەن ئات پىقىراپ يۈرۈپ،
تۆشىنى تارتقۇزمايتتى، سەت ھۆرپىيىپ، خىرىلداپ، ئاچچىغى بىلەن
چىشلىرىنى ھىجايتىپ، ئالدى پۇتى بىلەن گىرىگورىينىڭ بىقىنى-
دىن قېقىپ تاشلاشقا ئۇرۇناتتى). گىرىگورىي ئىگەرنى مەھكەم
چىڭىتقاندىن كېيىن، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە سالدى؛ كۆچۈپ بېرى-
ۋاتقان ئېتىشلارغا قولاق سېلىپ، خىجىللىقتا قالغان دۆلۈتمە
كوماندىرىغا قارىماستىن، ۋاقىرىدى:
— دۆلۈتمىنى ئۆزەم باشلاپ بارىمەن. يېزىدىن چىقىپ
كەتكۈچە، ۋىزۋوتلار ئۆز قاتارلىرى بىلەن ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ
ماڭسۇن!
يېزىدىن چىققاندىن كېيىن گىرىگورىي دۆلۈتمىنى چاچما
سەپ قىلىپ يايدى، قىلىچى غىلاپتىن تېز سۇغۇرۇلامدۇ - يوق،
سىناپ كۆردى؛ ئاندىن دۆلۈتمىدىن 30 سارجىن ئالدىدا مې-
ڭىپ، كىلىموفكىغا قاراپ چېپىپ كەتتى، جەنۇپ تەرىپى كىلىموف-

www.uyghurkitap.com

گىغا سىرىلىپ چۈشىدىغان ئېگىز دۆڭنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ بىر سېكۇنت ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ، ئەترابقا كۆز تىكتى. يېرىدا چېكىنىۋاتقان ئاتلىق ۋە پىيادە قىزىل ئەسكەرلەر قالايمىقان قېچىشىۋاتاتتى. ئىككى چاقلىق هارۋىلار ۋە 1 - دەرىجە-لىك كارۋان هارۋىلىرى ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتاتتى، گرىد-گورىي بۇلۇڭمىگە قىيا قايرىلدى:

— قىلىچچى سۆزەر! ئاتاكىغا! بۇرادەرلەر، ئارقامدىن يۈرۈڭلار! — ئۇ قىلىچىنى شارتلا چىقىرىپ، «ئۇر - ر - را!...» دەپ بىرىنچى بولۇپ ۋاقىرىدى، شۇندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىدە سالقىنلىق ۋە ئۆزىگە نونۇش بىر يېنىكلىك هېس قىلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتى. سول قولىنىڭ بارماقلىرىدا تاردەك چىڭ تارتىلغان تىزگىن تىترەيتتى. باش ئۈستىدە يالاڭداپ تۇر-غان قىلىچى ۋىشىلداپ، تەتۈر شامال ئېقىمىنى تىلىپ باراتتى.

باهار شامىلىدا تۇزغۇپ تۇرغان چوڭ بىر پارچە ئاپپاق بۇلۇت بىر مىنۇتتەك قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى - دە، سۇر كۆلەڭگە گرىگورىينىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ناهايىتى ئاستا سىلجى-ۋاتقاندەك بولۇپ، قىر بويلاپ ئۈزۈپ كەتتى. گرىگورىي نەزەر-نىگاهىنى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كىلىموۋكىدىكى قورا - جايلاردىن ئېلىپ، تېخى قۇرۇپ بولمىغان بوز رەڭ يەر بويلاپ سىيرىلىپ كېتىۋات-قان ئاشۇ كۆلەڭگىگە، ئۇنىڭمۇ ئالدىدا نەگىدۇ قېچىپ كېتىۋاتقان ئاپتاپنىڭ يول - يول ئاچ سېرىق، كىشىگە شاتلىق بې-غىشلايدىغان شولىسىغا يۆتكىدى، ئۇنىڭدا توساتتىن ئاشۇ يەر بېغىرلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان شولىنى قوغلاپ يېتىسەم، دەيدىغان چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خاهىش ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالدى. گرىگورىي ئېتىنى تېقىمى بىلەن نىقتاپ، ئۇنى بولۇشىغا قويۇۋەت-

تى، ئالدىغا ئىنتىلىپ ئولتۇرۇپ، ئاپتاپنى سايىدىن ئاجرىتىپ
تۇرغان قونۇمسىز چېگرىغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى، بىرنەچچە
سېكۇنت جان - جەھلى بىلەن چاپقاندىن كېيىن ئاتنىڭ سو-
زۇلۇپ تۇرغان بېشىغا ئاپتاپنىڭ نۇرى چېچىلدى - دە، شۇ ھامان
ئۇنىڭ جەرەن تۈكلىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان قۇياش نۇرى بىلەن
يالتىراپ كەتتى. گرىگورىي بۇلۇت سايىسىنىڭ چەت - چېتىگە-
دىن چېپىپ ئۆتكەن مەزگىلدە تار كوچىدىن ئۈزۈلۈكسىز تاراسلاپ
ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. تاقىلدىغان تاۋۇشلارنى
شامال تېز ئۇچۇرۇپ كېلىپ، بارغانسېرى يېقىنلاشتۇراتتى ۋە
كۈچەيتۈرەتتى، يەنە ھايال ئۆتمەستىن، گرىگورىي ئۆز ئېتىنىڭ
تاقىراقلىغان تۇياق ئاۋازى، ئوقلارنىڭ ۋىڭىلدىغان تاۋۇشى ۋە
شامالنىڭ قۇلاقتا غۇۋۇلدىغىنى تۈپەيلىدىن، ئارقىدا كېلىۋاتقان
بۆلۈمنىڭ گۈلدۈر - تاراقلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. نۇرغۇن ئاتلار-
نىڭ تېخى قۇرىمىغان بوز يەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، گۈرسىلدەپ
چېپىپ كېلىۋاتقان ئېغىر يۈرۈش ئاۋازى گويا قۇلىقىدىن چۈشۈپ
قالغاندەك بولۇپ، قانداقتۇ يىراقلىشىپ، يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئالدى تەرەپتىن تۇيۇقسىز مىلتىق
ئېتىلىشقا باشلاپ، گۈلخانىغا قۇرۇق شاخ ئوتۇن تاشلىغاندەك پاراس-
لاپ كەتتى؛ ئوقلار توپ - توپى بىلەن چىقىراپ ئۇچۇشقا باش-
لىدى. گرىگورىي گاڭگىراپ، ۋەھىمە ئىچىدە ئارقىسىغا قايرى-
لىپ قارىدى، ساراسىمە بىلەن غەزەپ ئۇنى تىلىقتۇرۇپ، چىرايىنى
سەتلەشتۈرۈۋەتتى، بۆلۈمە ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئۇنى،
گرىگورىينى تاشلاپ، ئارقىغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئىكەن.
يېقىن بىر يەردە بۆلۈمە كوماندىرى ئات ئۈستىدە چۆگىلەپ، قى-
لىچىنى بىھۇدە شىلتىپ، يىغلايتتى ۋە ئۈزۈلۈك، بوغۇق ئاۋاز بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر نىمە دەپ ۋاقىرايتتى، پەقەت ئىككى كازاك گىرىگورىينىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ كەلدى، ئۇندىن كېيىن يەنە پىروخور زىكوف ئېتىنىڭ بېشىنى قىسقىلا تىزگىنىدىن بۇراپ، بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ قېشىغا چېپىپ كەتتى. قالغان كازاكلار قىلىچلىرىنى قىنىغا سېلىپ قويۇپ، قامچىسىنى ئىشقا سېلىپ، تومتاراقاي ئارقىغا قاراپ چېپىشىۋاتاتتى.

گىرىگورىي پەقەت بىر سېكۇنتلا ئېتىنىڭ چېپىشىنى ئاستىلىتىپ، ئارقىسىدا نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى، نىمە ئۈچۈن بۆلۈنمە ھېچبىر چىقىمغا ئۇچرىماستىن، تويۇقسىز قېچىشقا يۈز تۇتقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. مانا شۇ بىر لەھزە ئىچىدە كاللىسىدا بىر پىكىر: ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىما، قاچما، ئالغا چاپ! — دېگەندەك بولدى. ئۇ تار كوچىدا، ئۆزىدىن 100 سارجىن نېرىدا، قاشانىڭ كەينىدە يەتتە قىزىل ئەسكەرنىڭ پىلىموت ئورنىتىلغان تاچانكا يېنىدا ھەپىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار پىلىموتنىڭ ئاغزىنى ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان كازاكلارغا قارىتىش ئۈچۈن تاچانكىنى بۇراشقا ھەركەتلىنىۋاتاتتى، ئەمما قىسىنچاق تار كوچىدا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندەك كۆرۈنەتتى: پىلىموت ئۈنچىقمايتتى، مىلتىقلارنىڭ تارىسلداپ ئېتىلغان ئاۋازىمۇ كېمىيىپ، گىرىگورىينىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتكەن ئوقلارمۇ بارغانسېرى شالاڭلىشىپ قالدى. گىرىگورىي ئېتىنىڭ بېشىنى رۇسلاپ، كونا بىر باغنىڭ ۋەيران بولغان قاشا تېمىدىن ئاشۇ تار كوچىغا سەكرەپ ئۆتۈشنى مۆلچەرلىدى. ئۇ قاشادىن كۆزىنى ئۈزدى — دە، قانداقتۇ تۇيۇقسىز، دۇربۇن بىلەن يېقىنلىتىلغاندەك ئوپ — ئوچۇق ۋە يېقىن بىر يەردە ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ماتروسلارنى كۆرۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ لاي چاچرىغان

بوشلاتلىرىنى، باشلىرىغا مەھكەم كىيىۋالغان، يۈزىنى غەلىتە
يۇمۇلاق قىلىپ كۆرسەتكەن كوزىركىسىز شەپكىلىرىنى كۆردى. ئىككى
ماتروس ئاتنىڭ تاسما جابدۇقلىرىنى كېسىۋاتاتتى، ئۈچىنچىسى
بېشىنى يەلكىسىگە تىقىپ، پىلىموتنىڭ بېنىدا مىتىلداپ يۈرەتتى،
قالغانلىرى ئۆرە ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ، گىرىگورىيغا مىلتىقتىن ئوق
چىقىرىۋاتاتتى. گىرىگورىي چېپىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرى مىلتىق-
نىڭ زاتۋورلىرىنى قانداق ئالىلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆ-
زىگە تاقاپ ئېتىلغان قاتتىق ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئوق ئارقا - ئار
قىدىن شۇنداق تېز ئېتىلىپ، مىلتىقنىڭ قوندافلىرى شۇنداق تېز
ئوخچۇپ، ھەيرىگە، تەپتىكى، پۈتۈن ئەزايىنى تەر قاپلىغان گىرى-
گورىي: «تەككۈرەلمەيدۇ!» — دىگەن شادىمان ئىشەنچكە تولدى.

قاشا ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قاراسلاپ، ئارقىدا قالدى.
گىرىگورىي قىلىچىنى ئىگىز كۆتىرىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ،
ئالدىدىكى ماتروسنى مىشانغا ئالدى. يەنە بىر ۋەھىمە چاقماق چې-
قىلغاندەك يالت قىلىپ قالدى: «دەق ئۇدۇلىدىن ئېتىشىدۇ...
ئېتىم ئىككى پۇتىنى تىك كۆتىرىپ... ئوڭدىسىغا چۈشىدۇ...
مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!...» ئاڭغىچە ئۇدۇلىدىن ئىككى پاي ئوق ئې-
تىلدى، گويا بىراقتىن: «تىرىك تۇتۇۋالايلى!» — دىگەن بىر
ۋاقىراش ئاڭلانغاندەك بولدى. ئالدىدا باتۇر، ئوچۇق پېشانە
بىر كىشىنىڭ چىشلىرىنى ھىجايتىپ تۇرۇشى، كوزىركىسىز شەپكى-
سىنىڭ ئۇچۇپ تۇرغان چىلتەكلىرى، شەپكىسىنىڭ قاسقىنىدىكى ئۆ-
ڭۈپ كەتكەن خىرە ئالتۇن ھەرپلەر... گىرىگورىي پۈتىنى ئۈزەڭگىگە
تىرەپ، قولىنى ئىگىز كۆتىرىپ شارت قىلىپ قالدى - دە، قىلى-
چى ماتروسنىڭ يۇمشاق گەۋدىسىنى يېپىشقاقلىق بىلەن شۇلۇققىدە
كەسكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بويىنى يوغان بەستلىك ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

بىر ماتروس ئاتقان ئوق گرىگورىينىڭ سول مۈرىسىنىڭ يۇمشاق ئېتىنى تېشىپ ئۆتتىيۇ، شۇ ھامان بۇ ماتروس پىروخور زىكوفنىڭ قىلىچى ئاستىغا غۇلاپ چۈشتى، بېشى قىيپاش چېپىلغان ئىدى. گرىگورىي يېقىن بىر يەردە مىلتىق قۇلۇپىنىڭ شاراقلىغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال شۇ ياققا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى، تاچانكىنىڭ كەينىدە مىلتىق ئاغزىنىڭ قارا كۆزى گرىگورىينىڭ يۈزىگىلا قادىلىپ تۇراتتى، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى سولغا ئېلىۋالدىكى، ئاستىدىكى ئىگەر قوزغىلىپ كەتتى، ئېسىنى يوقاتقان ئېتى خىقىراپ، دەلدەڭلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن ئەجەلدىن قۇتۇلۇپ قالدى، ئېتى تاچانكىنىڭ شوتىسىدىن ئاتلاپ ئۆتكەندە، ھېلىقى مىلتىق ئاتقان ماتروسنى چېپىپ تاشلىدى، بۇنىڭ قولى 2 - ئوقنى بەتلەشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

ئەقلىغا سىغمايدىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە (كېيىنرەك گرىگورىينىڭ ئېڭىدا بۇ ۋاقىت ناھايىتى ئۇزۇن تۇيۇلغان ئىدى) ئۇ تۆت ماتروسنى چېپىپ تاشلىدى، شۇندىن كېيىن پىروخور زىكوفنىڭ ۋاقىراشلىرىنى ئاڭلىماستىن، كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان 5 - ماتروسنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى، ئەمما بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلگەن بۆلۈنمە كوماندىرى گرىگورىينىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇۋالدى.

— نەگە بارىسەن؟ ئۇلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!... ئاۋۇ ساراي تېمىنىڭ كەينىدە ئۇلارنىڭ 2 - پىلىموتى تۇرۇپتۇ!

يەنە ئىككى كازاك بىلەن پىروخور زىكوف ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، گرىگورىينىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن مەجبۇرەن تارتىپ چۈشۈردى. ئۇ بۇلارنىڭ قولىدا

يىقىلىپ ۋاقىرىدى:

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭلار، گېزەندىلەر...! مەن ماتروسلارنىڭ ھەممىسىنى، بىرنى قويماي چاپىمەن!...

— گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! مېلېخوف! ئېسىڭىزنى يىغىۋېلىڭ! — دەپ پەسلەتتى ئۇنى پىروخور.

— قويۇۋېتىڭلار، بۇرادەرلەر! — دەيتتى گىرىگورىي، ئەمدى باشقىچە، پەس كويغا چۈشكەن ئاۋاز بىلەن ئۆتۈنۈپ.

ئۇنى قويۇۋېتىشتى. بۆلۈنمە كوماندىرى پىروخورغا پىچىرلاپ دېدى:

— ئۇنى ئېتىغا مىنگۈزۈپ، گۈسىنكىغا ئېلىپ بار، ئاغرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

كوماندىر ئۆزى ئېتىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۆلۈنمىگە:

— ئاتقا مىنىڭلار!...— دەپ كوماندا بەردى.

ئەمما گىرىگورىي پاپاخىنى قارنىڭ ئۈستىگە چۆرۈۋېتىپ، دەلدەڭلەپ تۇردى - دە، تۇيۇقسىز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، دەھشەتلىك ئاھ - ۋاھ قىلىشقا باشلىدى ۋە چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ، ئۈستىدىكى شىنېلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈشكە باشلىدى. بۆلۈنمە باشلىقى ئۇنىڭ قېشىغا قەدەم باسماي دېگۈچە، گىرىگورىي تۇرغان يېرىدىن موللاق ئېتىپ، يالىڭاچ كۆكرىكى بىلەن قارنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشتى. ئۇ ھۆكۈرەپ يىغلاپ، ھۆكۈرەشتىن ئەزايى تىترەپ، قاشا ئاستىدا ئېرىمەي قالغان قارنى ئىتقا ئوخشاش ھاپ ئېتىشكە باشلىدى. كېيىن، قانداقتۇ مۇدھىش ھالەتتە ھوشىغا كەلگەن مىنۇتتا ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، ئەمما تۇرالمىدى، شۇندىن كېيىن ئۇ كۆز يېشى بىلەن ھۆل بولغان، ئاغرىق تۈپەيلى خۇنۇكلەشكەن يۈزىنى

ئەتراپىغا توپلانغان كازاكلارغا بۇراپ، ياۋايى ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— مەن زادى كىمنى چاپتىم!...— ئۇ ئۆمرىدە 1 - قېتىم ئېغىر تۇتقاقلىق كېسەل بىلەن تەلۋىلىكى تۇتۇپ، ئاغزىغا كەلگەننى ۋاقىرىدى. ئاغزىدا بۇژۇلداپ تۇرغان كۆپۈكنى تۈكۈرۈگى بىلەن قوشۇپ تۈكۈرۈشكە باشلىدى، — بۇرادەرلەر، مېنى ئەپۇ قىلىش ھاجەت ئەمەس!... خۇدا ھەققى، مېنى چېپىپ تاشلاڭلار... ئاتامغا لەنەت... مېنى ئۆلۈمگە تاپشۇرۇڭلار!...

بۆلۈنمە باشلىقى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ۋىزۋوت كوماندىرلىرى بىلەن بىللە گىرىگورىينىڭ ئۈستىگە يېپىرىلدى، ئۈستىدىكى قىلىچ بېغى بىلەن دالا سومكىسىنىڭ تاسمىسىنى يۇلۇپ، تاشلىۋەتتى، ئاغزىنى يېپىپ، ئاياقلىرىنى بېسىپ تۇردى. ئەمما ئۇ يەنە ئۇزاق ۋاقىت ئۆلارنىڭ ئاستىدا دومىلاپ بولۇپ يېتىۋېلىپ، ئىككى پۇتى بىلەن قېتىپ قالغان قارلارنى تەلۋىلەرچە تېپىشلەشكە باشلىدى ۋە نالە - زار قىلىپ، ئات تۇياقلىرى تىتما - كاتاڭ قىلىۋەتكەن مەھسۇلدار، چاقناپ تۇرغان قارا تۇپراق يەرگە، يەنى ئۆزى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، قايغۇ - ھەسرەتى كۆپ، شاتلىقى ئاز ھاياتتا ئۆزىگە تەككەن نەسىۋىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ ئۆمۈر سۈرگەن مۇشۇ قارا تۇپراق يەرگە بېشىنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

پەقەت يەردە ئۆسىدىغان گىيالارلا قۇياش نۇرى بىلەن ناچار ھاۋا رايىغا بېپەرۋا قارايدۇ، يەرنىڭ ھاياتبەخش نەملىكىدىن ئوزۇقلىنىپ تۇرۇپ، بوران - چاپقۇنلارنىڭ ھالاكەتلىك سوقۇپ تۇرۇشىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن باش ئېگىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن بولسا، شامالدا ئۇرۇغىنى يەرگە چېچىپ، ئۆمرى ئاخىرلاش-

قان شادا ـ پايىلىرىنى شىلدىرلاتقان هالدا ئۇزۇن ئەجىلىگە نۇر چاچىدىغان كۆز قۇياشىنى قۇتلۇقلاپ، يەنىلا بىپەرۋالىق بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ...

## 45

ئەتىسى گىرىگورىي دىۋىزىيە قوماندانلىغىنى ئۆزىنىڭ پولك كوماندىرلىرىدىن بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بىرىپ، پىروخور زىكوفنىڭ ھەمراھلىغىدا ۋېشېنىسكايىغا يۈرۈپ كەتتى.

كارگىنىسكايانىڭ نېرىسىدا، چوڭقۇر ئويمانلىقتا جايلاشقان روگوژىنىسكى كۆلىدە دەم ئېلىشقا قويىغان ياۋا غازلار زىچچىدە ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. پىروخور قامچىسى بىلەن كۆل تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرىدى:

— ئەنە ئاۋۇ ئەركەك ياۋا غازنى ئېتىپ چۈشۈرگەن بولساق ياخشى بولاتتى، گىرىگور پانتېلېيېۋىچ، ئۇنى ئالدىمىزغا قويۇپ، ساموگون ئىچىپ ئولتۇراتتۇق!

— ئەمىسە يېقىنراق بارايلى، مەن مىلتىقنى ئېتىپ كۆرەي، بىر چاغلاردا مەن ئانچە ياخشى ئاتالمايتتىم.

ئۇلار ئويمانلىققا چۈشۈشتى. پىروخور ئاتلارنى ئېلىپ، دۆڭ نىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ تۇردى. گىرىگورىي شىنېلىنى سېلىۋېتىپ، مىلتىغىنىڭ ئېھتىيات قۇلۇپىنى ئېتىپ قويدى ـ دە، بۇلتۇرقى سۇر قورايلار ھۆرپىيىپ تۇرغان تېيىز يارنى بويلاپ ئۆمىلەپ ماڭدى. بېشىنى كۆتەرمەستىن ئۇزاق ئۆمىلىدى؛ چارلاشقا چىققاندا دۈش-

مەنىڭ يوشۇرۇن پوسغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك، بىر يىلى گېرمان فۇرونتىدا. ستوخود دەرياسىنىڭ قېشىدا نېمىس قاراۋۇلىنى قولغا چۈشۈرگەن چاغدىكىدەك ئۈمىلەپ ماڭدى. رەڭگى ئۆڭگەن ماش رەڭ گىمناستىيوركىسى يەرنىڭ يېشىل قوڭۇر تۈسى بىلەن قوشۇلۇپ، بى-لىنمەيلا قالدى؛ كىچىككىنە ياداڭ گىرىگورىينى سۇ ياقىسىدا، باھار تاشقىنىدا دۈمبەشلىنىپ قالغان قارامتۇل قىرنىڭ ئۈستىدە بىر پۈتى بىلەن تۇرغان كۈزەتچى ئەركەك غازنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن توساپ تۇراتتى. گىرىگورىي ئۈچ تەك-كۈدەك يېقىن ئارىلىققا ئۆ-مىلەپ كېلىپ سەل كۆتىرىلدى. ھېلىقى كۈزەتچى غاز تاشتەك سۇر، يىلانغا ئوخشاش ئۇزۇن بويۇن-بېشىنى بۇراپ، سەگەكلىك بىلەن ئەتراپلىق قارايتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا سۇنىڭ يۈزىدە بىر توپ غاز قارا-سۇر پەردىدەك يېيىلىپ، ياۋايى ئۆدەكلەر ھەم بېلىقچى ئۆدەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى. كۆل تەرىپىدىن ئاس-تا كۇكۇكلىغان ئاۋاز بىلەن قاقىلدىغان يوغان ئاۋاز ۋە سۇنىڭ شالاپلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «تۇراقلىق نىشاندىن مۆلچەرگە ئېلىش مۇمكىن» — دەپ ئويلىدى گىرىگورىي، يۈرىكى دۈپۈلدەيت-تى. كۈزەتچى ئەركەك غازنى نىشانغا ئېلىپ، مىلتىغىنىڭ پايىنى-گىنى مۈرىسىگە مەھكەم تاقىدى.

مىلتىق ئېتىلغاندىن كېيىن گىرىگورىي ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، توپ-توپ غازلارنىڭ قانات قېقىشى ۋە قاقىرلى-شى بىلەن قۇلىقى پاڭ بولدى. ئۇ مۆلچەرگە ئېلىپ ئاتقان ھېلىقى غاز پالاقلاپ ئېگىزگە پەرۋاز قىلدى. قالغانلىرى كۆلنىڭ ئۈستىدە زىنچىدە دەۋرە قۇرۇپ ئۇچۇپ يۈردى. دىلخەستە بولغان گىرىگورىي توپ-توغرا يۇقۇرىغا پەرۋاز قىلغان غازلار توپىغا قارىتىپ يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن، بىرەرسى يەرگە چۈشمەسمىكىن

دەپ كۆز ئىكتى ـ دە، پىروخورنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى.

— قارا! قارا! ...،— دەپ ۋارقىرىۋەتتى پىروخور، ئاندىن ئىگەرنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ چىقىپ، بوينىنى سوزۇپ ئىنىك تۇردى-دە، كۆپ ـ كۆك ھاۋا بوشلۇقىدا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان غازلار توپىنى قامچىسى بىلەن كۆرسەتتى.

گىرىگورىي بۇياققا ئۆرۈلدى ـ دە، خوشاللىقتىن ۋە ئۇۋچىلارغا خاس ھاياجاندىن يايراپ كەتتى: سەپ بولۇپ ئۇچقان غازلار توپىدىن بىر غاز ئايرىلىپ چىقىپ، تېز تۆۋەنلەپ، قانات قېقىشىنى بارغانسېرى ئاستىلىتىپ ۋە قالايمىقان ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. گىرىگورىي پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئىگىز كۆتىرىلىپ، ئالقىنىنى كۆزىگە تۇتۇپ ھىلىقى غازغا كۆز ئىكىپ تۇردى. غاز تەشۋىشلىنىپ قىقىرلاشقان توپتىن ئايرىلىپ، بىر چەتكە ئۇچتى، شۇنىڭ بىلەن ئاستا تۆۋەنلەپ، ئۇچۇشقا دەرمانى يەتمىدى ـ دە، تۇيۇقسىز ناھايىتى ئىگىزلىكتىن تاش چۈشكەندەك پەسكە ئېتىلىپ چۈشتى. پەقەت قانىتىنىڭ ئاق پەرلىرىلا قۇياش نۇرىدا پاقىراپ كەتتى.

— ئاتقا مىن!

پىروخور ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈچە ھىجىيىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئىزگىنىنى گىرىگورىيغا تاشلاپ بەردى. ئۇلار بىر ھەملە بىلەن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چىققاندىن كېيىن، 80 سارجىندەك يەرگىچە ئېتىنى تېز يورغىلىتىپ ماڭدى.

— ئەنە ئۇ!

غاز بويىنىنى سوزۇپ، قاناتلىرىنى يېيىپ ياتاتتى. گويا ئۇ، ئۇ مېھرىسىز يەرنى ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىۋالاي دېگەندەك ياتاتتى. گىرىگورىي ئاتتىن چۈشمەستىن، ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ئوۋ قىلغان ئولجىسىنى ئالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئۇق ئۇنىڭ قەيېرىگە تەككەندۇ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى پىروخور.

قارىسا، ئۇق تۇمشۇغىنىڭ تۆۋەنكى يېرىنى تېشىپ ئۆتۈپ، كۆزىنىڭ ئاستىدىكى سۆڭەكنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئەجەل پەرۋازىدىكى ۋاقىتتا قوغلاپ بېرىپ، ئۈچ بۇرجەك سەپ بولۇپ ئۇچقان توپنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنى ئايرىپتۇ- دە، يەرگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاپتۇ.

پىروخور غازنى تاسما بىلەن ئىگەرگە چەگدى، ئۇلار يۈرۈپ كېتىشتى.

بۇلار ئاتلىرىنى بازىكىدا قالدۇرۇپ، دوندىن چوڭ قېيىققا چۈشۈپ ئۆتۈشتى.

گىرىگورىي ۋېشېنىسكايادا بىر تونۇش چالنىڭ ئۆيىگە چۈشتى، ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا غازنى قورۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى شىتابقا بارماستىن، پىروخورنى ساموگون تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، كەچكىچە ئىچىشتى، گەپ ئارىسىدا ئۆي ئىگىسى شىكايەت سۆزلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، بىزنىڭ ۋېشكىدا باشلىقلار زورلۇق- زومبۇلۇق يۈرگۈزىدىغان بولۇپ قالدى.

— قايسى باشلىقلار؟

— ئۆزىمىزدىن چىققان باشلىقلار ... كودىنوف ۋاھاكازالار.

— نىمە قىلدى؟

— چەت شەھەرلىكنىڭ ھەممىسىگە بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ. قىزىللار بىلەن كەتكەنلەرنىڭ ئۆي ئىچىدىكى خوتۇن- قىزلىرىنى، قېرىلارنى قاماققا ئېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ ئايال قۇدامنى

ئوغلى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، قاماقخانىغا سولاپ قويىدى. بۇئىشلارنىڭ ھېچبىر كېرىكى يوق ئىدىغۇ! مەسىلەن، ئېيتايلۇق، سىز كادېتلار بىلەن دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كەتكەن بولسىڭىز، ئەمما قىزىللار سىزنىڭ ئاتىڭىز پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنى تۈرمىگە تاشلىسا. بۇ ئىش توغرا بولمىغان بولاتتىغۇ؟

— ئەلۋەتتە!

— ئەمما بۇ يەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تۈرمىگە سولاۋاتىدۇ. قىزىللار بۇ يەردىن ئۆتكەندە ھېچكىمنى رەنجىتمىگەن ئىدى، ئەمما مۇنۇ ئادەملەر ئىت بولۇۋېلىپ، شۇنداق غالجىرلاشقانكى، ئۇلارنى توختىتىۋېلىش مۇمكىن بولماي كەتتى!

گىرىگورىي ئورنىدىن تۇردى، كارۋاتنىڭ بېشىغا ئىلىقلىق تۇرغان شىنېلىنى ئېلىشقا تەمشىلىپ، سەل دەلدەڭلىدى، ئۇ بىر ئاز مەس بولۇپ قالغان ئىدى.

— پىروخور! قىلىچىمنى ئېپكەل! ماۋزۇرۇمنىمۇ!

— سىز نەگە بارىسىز، گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ؟

— بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! ئېپكەل دىگەندىن كېيىن قولۇمغا بەرمەمسەن!

گىرىگورىي قىلىچ، ماۋزۇرنى ئاستى، شىنېلىنى تۈگمىلەپ، بەلۋېغىنى باغلىدى، ئاندىن توپ-توغرا مەيدان تەرەپكە — تۈرمىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھەربى سەپتە يوق كازاكلاردىن قويۇلغان بىر قاراۋۇل ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يولىنى توسىدى.

— كىرىش قەغىزىڭ بارمۇ؟

— قويۇۋەت، نېرى تۇر، دەيمەن!

— كىرىش قەغىزىسىز ھېچكىمنى كىرگۈزەلمەيمەن، بۇيرۇق شۇنداق.

www.uyghurkitap.com

گىرىگورىي قىلىچىنى غىلاپتىن يېرىمىغىچە سۇغۇرا ـ سۇغۇرماستىنلا، قاراۋۇل غېپىدە ئىشىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گىرىگورىي قولىنى قىلىچنىڭ دەستىسىدىن ئالماستىن كاردورغا كىردى.

ــ ماڭا تۈرمە باشلىغىنى چاقىرىپ بەر! ــ دەپ قاتتىق ۋاقىردى ئۇ.

چىرايى ئۆڭۈپ، ئىلمەك بۇرنى يىرتقۇچ قۇشنىڭ تۇمشۇغىدەك ئېگىلىپ كەتتى، قاشلىرى تۈرۈلدى...

نازارەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرۇۋاتقان كىچىككىنە بىر ئاقساق كازاك يۈگۈرۈپ كەلدى، ئىشخانىدىن بىر بالا كاتىپ بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. كۆپ ئۆتمەي تۈرمە باشلىغىمۇ پەيدا بولدى، ئۇيقۇدىن تۇرغاچقا، ئاچچىغى كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

ــ كىرىش قەتئىي چەكلەنگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟! ــ دەپ گۈكىردى ئۇ، ئەمما گىرىگورىينى تونۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاق باشلىق لاپ ئىلمەككە بېرىش، قورقۇپ، جاۋىلداپ كەتتى، ــ بۇ سىزمىدىڭىز، جاناپ... يولداش مېلېخوف؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

ــ كامىرلارنىڭ ئاچقۇچى كېرەك!

ــ كامىرلارنىڭ؟

ــ مەن ساڭا 100 قېتىم دەمدىمەن؟ بول! ئېپكەل ئاچقۇچلارنى، ئىتنىڭ كۈچۈكى!

گىرىگورىي تۈرمە باشلىغىغا قاراپ چامدىغان ئىدى، بۇ ئادەم ئارقىسىغا داجىدى، ئەمما يەنىلا ھەتمىلىك بىلەن:

ــ ئاچقۇچلارنى بەرمەيمەن، ئۇنى ئېلىشقا ھوقۇقىڭىز يوق! ــ دىدى.

ــ ھو - قۇ - ق؟...

گرىگورىي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچ كارىدورنىڭ پاكار تورۇسى ئاستىدا شىرت قىلىپ پاقىراق دائىرە سىزدى. كاتىپ بىلەن نازارەتچىلەر ئۈركۈپ كەتكەن قۇشقاچتەك تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى، باشلىق تامغا چاپلىشىپ، يۈزى تامدىنمۇ بەتتەر ئاقىرىپ كەتتى. تىلى گەپكە كەلمەي، چىشى ئارىسىدىن دۇدۇقلىدى:

— نېمە قىلىسىز قىلىڭ! بۇ ئاچقۇچلار مانا... ئەمما مەن ئەرز قىلىمەن.

— مەن قىلىدىغىنىمنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن! سەنلەر بۇ يەردە، ئارقا سەپتە يامان ئۆگىنىپ قالغان ئىتكەنسىلەر!.. بۇ يەردە ئاياللار بىلەن بوۋايلارنى تۈرمىگە سولاشتا باتۇر بولۇپ قاپسىلەر!.. مەن ھەممىڭنى بۇ يەردىن بىر باشتىن سىلكىپ چىقىرىپ تاشلايمەن! ئالدىنقى سەپكە ماڭ، گېزەندە، بولمىسا، ھازىرلا چېپىپ تاشلايمەن!

گرىگورىي قىلىچىنى غىلاپقا سېلىپ، قورقۇپ جېنى قالمىغان تۈرمە باشلىقىنىڭ گەجگىسىگە مۇشتى بىلەن بىرنى سالدى؛ ئۇنى تىزى بىلەن، مۇشتى بىلەن ئىشىك تەرەپكە ئىتتىرىپ، ۋاقىرىدى:

— فۇرونتقا ماڭ!... با - ر!... جۆ - نە!... ھۇ، قۇرۇپ كەتكۈرلەر... ئارقا سەپنىڭ پىتلىرى!...

گرىگورىي باشلىقنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، تۈرمىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئاشخانىغا كىرىدىغان يەردە ئۈچ نازارەتچى تۇراتتى، بىرسى ياپون مىلتىغىنىڭ قولۇپىنى شاراقلىتىپ، قىزغىن چاغلىداپ سۆزلەۋاتاتتى:

—... ھۇجۇم قىلدى!... قايتۇرۇش لازىم!... كونا نىزامنا-

مىدە قانداق بەلگىلەنگەن؟

گىرىگورىي ماۋزۇرنى قولىغا ئېلىش بىلەن تەڭلا نازارەتچىـ
لەر بىر ـ بىرى بىلەن يول تالىشىپ، ئاشخانىغا قاراپ قېچىشتى.

— چە ـ قىڭ ـ لار!... ئۆيلىرىڭلارغا تارقىلىڭلار!...، —
دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى گىرىگورىي ئادەمگە لىق تولغان كامىر
ئىشىكلىرىنى يوغان ئېچىۋېتىپ، بىر تىزىق ئاچقۇچنى سىلكىپ
تۇرۇپ.

ئۇ قاماقتا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى (100گە يېقىن ئادەمـ
نى) چىقىرىۋەتتى. قورقۇپ، چىقىشقا ئۇنىمىغانلارنى كۈچ بىلەن
كوچىغا ئىتتىرىپ چىقاردى ـ دە، بوشاپ قالغان كامىرلارنى تاقاپ
تاشلىدى.

تۈرمىنىڭ ئالدىغا خەلق توپلاشقىلى تۇردى. قامالغانلار ئىـ
شىكتىن چىقىشى بىلەنلا توپ ـ توپ بولۇپ مەيدانغا مېڭىشتى؛
ئۇلار ئەتراپقا قايرىلىپ، بويۇنداپ قارىشىپ، ئۆيلىرىگە مېڭىشاتـ
تى. شتاپ تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن قاراۋۇل ۋىزۋودىنىڭ كازاكـ
لىرى قىلىچ تۇتقان ھالدا تۈرمە تەرەپكە يۈگۈرۈشتى: كودىنوفنىڭ
ئۆزىمۇ قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

گىرىگورىي بوشاپ قالغان تۈرمىدىن ئەڭ كەيىندە چىقتى.
ئۇ، ئىككى تەرەپكە چېكىنىپ، يول ئېچىپ بەرگەن خالايىقنىڭ
ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پىچىر ـ پىچىر سۆزلىشىپ تۇرغان
يېڭى خەۋەرگە تەشنا خوتۇنلارنى قاتتىق تىللىدى ـ دە، ئالدىغا
مۈكچىيىپ كودىنوف تەرەپكە ئاستا يۈردى. ئۇنى تونۇپ، يۈگۈرۈـ
شۈپ كېلىپ سالام بەرگەن قاراۋۇل ۋىزۋودىنىڭ كازاكلىرىغا
تولاپ:

— جايىڭلارغا قايتىڭلار، ئايغىرلار! خوش، نىمە يۈگۈرىـ

سلەر. ئوتنىڭ يالقۇنى تەگدىمۇ؟ مارش! — دىدى.

— بىز، تۈرمىدىكىلەر ئىسيان كۆتەردىمكىن، دەپ ئويـ لاپتۇق، يولداش مىلىخوف!

— كاتىپچاق يۈگۈرۈپ كېلىپ: «بىر قارا ئادەم باستۇرۇپ كىرىپ قۇلۇپلارنى چېقىۋاتىدۇ!» — دىگەن ئىدى.

— يالغان ۋەھىمە ئىكەن!

كازاكلار كۈلە ـ كۈلە سۆزلىشىپ، ئارقىسىغا قايتىشتى. كودىـ نوف فۇراژكىسىنىڭ ئاستىدىن ھۆرپىيىپ چىقىپ قالغان ئـۆزۈن چاچلىرىنى مېڭىپ كېتىۋېتىپ تـۈزەپ، ئالـدىراش گىرىنگورىينىڭ قېشىغا كەلدى.

— سالام، مىلىخوف، نىمە ئىش؟

— سـالام، كـودىنوف! سىلەرنىڭ تـۈرمەڭلارنى بىتچىت قىلىۋەتتىم.

— نىمىگە ئاساسەن؟ بۇ قانداق گەپ؟

— ھەممە ئادەملەرنى چىقىرىـۋەتـتىم. ئـىش تامام، ۋەسـ سالام...خوش، نىمە كۆزۈڭنى چەكچەيتىسەن؟ سىلەر بۇ يەردە نىمىـ گە ئاساسەن چـەت شەھەرلىك ئاياللار بىلـەن قېرىلارنى تۈرمىگە سولايسىلەر؟ بۇ قانداق گەپ؟ مەن بار يەردە ئۆزەڭگە ھىزى بول، كودىنوف!

— تـولا ئـۆز بـېشىمـچىلىق قىلـمـا. بـۇ ئـىشـڭ باشـ باشتاقلىق!

— مەن سېنى گۈرگە تىقىپ، ئۆز بېشىمچىلىقنىڭ نىمە ئىـ كەنلىكىنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن! مانـا ھازىرلا كارگىنىسـ كايانىڭ قېشىدىن پولكىمنى چاقىرىمەن ـ دە، ئۇلار شـۇ يەردىلا ئەدىۋىڭلارنى بېرىدۇ!

گىرىگورىي توساتتىن كودىنوفنىڭ كاۋكازچە قىيىش كەمىرىدىن تۇتۇۋېلىپ، سىلكىشلەپ تۇرۇپ، سوغاققىنا غەزەپ بىلەن پىچىرلىدى:

ــ مېنىڭ هازىرلا ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشمنى خالامسەن؟ هازىرلا جېنىڭنى سۇغۇرۇۋېلىشىمنى خالامسەن؟ هەي، سېنى!...، ــ گىرىگورىي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئاستا هىجىيىپ تۇرغان كودىنوفنى قويۇۋەتتى، ــ نىمە هىجىيىسەن؟

كودىنوف كەمىرىنى تۈزەپ، گىرىگوردىينى قولتۇقلىۋالدى.

ــ بىزنىڭكىگە بارايلى. سەن نىمانچە قايناپ كېتىسەن؟ سەن هازىر ئەينەككە بىر قاراپ باققىنا، بەئەينى جىنغا ئوخشاپ قاپسەن... بىز، بۇرادەر، بۇ يەردە سېنى سېغىنىپ تۇرغان ئىدۇق. تۈرمە مەسىلىسىگە كەلسەك ــ بۇ هېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئىش... خوش، قويۇپ بەرگەن بولساڭ بوپتۇ، بۇنىڭ نىمە زىيىنى بار؟... مەن باللارغا راستىنلا جىم يۈرۈڭلار، دەپ ئېيتىپ قويارمەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار ئەرلىرى قىزىللار بىلەن كېتىپ قالغان هەممە چەت شەهەرلىك خوتۇنلارغا قانات سۆرەپ يۈرۈشىدۇ... ئەمما سەن نىمىشقا بىزنىڭ ئابرويىمىزنى تۆكىسەن؟ هەي، گىرىگورىي! سەن نىمانچە بىباشسەن! سەن بۇ يەرگە كېلىپلا: «ئۇنداق ـ بۇنداق، تۈرمىنى بوشىتىش كېرەك، مۇنۇ ـ مۇنۇ ئادەملەرنى چىقىرىۋېتىش كېرەك» ــ دىگەن بولساڭ، بىز تىزىم بويىچە قاراپ چىقىپ، بەزى ئادەملەرنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتۇق. ئەمما سەن بىر يولى هەممىسىنى قويۇۋەتتىڭ! شۇنىسىمۇ ياخشى بولدىكى، بىز مۇهىم جىنايەتچىلەرنى ئايرىم جايغا قامىغان ئىدۇق، بۇلارنى قويۇۋەتكەن بولساڭ، ئىش قانداق بولاتتى؟ سەن بەك ئالدىراڭغۇ! ــ كودىنوف گىرىگورىينىڭ مۈ-

رىسنى قىقىپ، كۈلۈپ كەتتى، — مانا شۇنداق ئەھۋالدا بىرسى ساڭا زىت بىر سۆزنى ئېيتىپ قويسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايسەن ياكى بولمىسا، كىم بىلىدۇ، كازاكلارنى توپىلاڭ كۆتىرىشكە ئۈندەيسەن...

گىرىگورىي كودىنوفنىڭ قولىدىن ئۆزىنىڭ قولىنى شارتتىلا تارتىۋېلىپ، شتاپ بىناسىنىڭ يېنىدا توختىدى.

— سەنلەر بۇ يەردە، بىزنىڭ ئارقىمىزدىكى يەردە ھەممىڭ باتۇر بولۇپ قېلىشىپسەن! تۈرمىنى ئادەمگە لىق تولدۇرۇۋېپسەلەر... سەن ئۆز ئىقتىدارىڭنى ئۇياقتا، ئالدىنقى سەپلەردە كۆرسەتسەڭ بولاتتىغۇ!

— مەن، گىرىشا، ئۆز ۋاقتىدا ئىقتىدارىمنى كۆرسىتىشتە سەندىن قېلىشمايتتىم. ھازىر بولسىمۇ سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇر، مەن سېنىڭ دىۋىزىيەڭنى ئالاي...

— ياق ئەمدى، بۇ ئىلتىپاتىڭغا رەھمەت!

— ھە، گەپ مۇنداق ئەمەسمۇ!

— خوش، سەن بىلەن بۇ توغرىلىق ئۇزاق سۆزلىشىپ تۇرمايمەن. مەن ھازىر بىر ھەپتىلىك ئۆيگە دەم ئېلىشقا بارىمەن. ئاغرىپ تۇرىمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇرەم ئازراق يارىلاندى.

— نىمە كېسەل بولدۇڭ؟

— ئائىلىنى سېغىنىش ئاغرىغى، — گىرىگورىي مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى، — يۈرىكىم سارىسىمىدە قوپقالغىپ تۇرىدۇ...

— ياق، چاخچاق قىلما، سەن زادى نىمە بولدۇڭ؟ بىزدە بىر دوختۇر بار، ھەتتا ئۇنى پىروفېسسور دىسىمۇ بولىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن ئادەم. ئۇنى بىزنىڭكىلەر شۇمىلىنىسكايانىڭ يېرىقى تەرىپىدە قولغا چۈشۈرگەن، ماتروسلار بىلەن بىللە يۈرگەن ئىكەن.

شۇنداق سالاپەتلىككى، قارا كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدۇ. سېنى شۇ ئادەم كۆرۈپ قويسا بولارمىكىن، بەلكىم؟

— ئۆزۈڭغا چىقسۇن، شەيتان!

— ئۇنداق بولسا، بىرنۇەر، دەم ئال. دىۋىزىيىنى كىمگە تاپشۇردۇڭ؟

— رەبچىكوفقا.

— توختاپ تۇر، نەگە ئالدىرايسەن؟ ئۇ يەردىكى ئىشلار قانداق، سۆزلەپ بەرمەمسەن؟ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، فىلىپچىكنى تازا ئىشقا سېلىپسەن، شۇنداقمۇ؟ تۈنۈگۈن كېچە بىرسى ماڭا سېنىڭ كىلىموفكا قېشىدا سان - سانافسىز ماتروسلارنى چاپقانلىغىڭنى خەۋەر قىلدى، راستمۇ؟

— خەير - خوش!

گىرىگورىي يۈرۈپ كەتتى، ئەمما بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يېنىچە قايرىلىپ، كودىنوفنى قىچقىرىپ توختاتتى:

— ھەي! ئەگەر يەنە ئادەملەرنى قاماققا ئېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالسام...

— ياقەي، ئۇنداق ئىش بولمايدۇ! خاتىرجەم بولغىن! دېمىڭنى ئال!

كۈن قۇياشنىڭ كەينىدىن غەرپكە ئاغدى. دوندىن، تاشقىن سۇدىن سوغاق ھاۋا كېلەتتى. گىرىگورىينىڭ تۆپىسىدىن بىر توپ ئۆششاق ئۆدەكلەر ۋىشىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. كازانىسكايا ئايمىغىنىڭ بىر يېرىدىن گۇمبۇرلەپ بىر يولى ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى دون بويلاپ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ سۇ يۈزى بىلەن ئېقىپ كەلگەن چاغدا گىرىگورىي ھويلىغا كىرىپ بولغان ئىدى.

پىروخور ئاتلارنى ئالدىراش ئىگەرلىدى - دە، ئىزگىنىدىن

يېتىلەپ كېلىپ، سورىدى:

— مەشەدىنلا ئۆيگە قايتامدۇق؟ تاتارىسكىغىمۇ؟

گىرىگورىي ئۈنچىقماستىن تىزگىننى ئالدى - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

## 46

تاتارىسكى يېزىسى كازاكلار بولمىغانلىقتىن، چۆلسىرەپ، پەيزى قالمىغان ئىدى. تاتارىسكىلىقلارنىڭ پىيادىلەر بۆلۈنمىسى 5 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى ئىختىيارىغا ۋاقىتلىق بېرىلگەن بولۇپ، دوننىڭ سول تەرىپىگە يۆتكەلگەن ئىدى.

شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بالاشوف ۋە پوۋورىنودىن كەلگەن يارىدەمچى كۈچلەر بىلەن تولۇقلاندۇرۇلغان قىزىل ئارمىيە قىسمىلىرى شەرقىي شىمالدىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، يېلانىسكايا كەنتىنىڭ بىر قاتار يېزىلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يېلانىسكايانىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كەلگەن ئىدى. مۇشۇ كەنتنىڭ بوسۇغىلىرىدا بولغان قاتتىق جەڭدە قوزغىلاڭچىلار ئۈستۈن كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستۈن كەلدىكى، موسكۋالىق قىزىل ئارمىيە پولكى بىلەن ئىككى ئاتلىق ئەسكەر ئىسكادىرونىنىڭ قىسىشى ئاستىدا چېكىنىۋاتقان يېلانىسكايالىق ۋە بۇكانوۋسكايالىق پولكلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك قوشۇمچە كۈچلەر كېلىپ قالغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 4 - پولكى (بۇ پولكنىڭ تەر-

كۋىدە تاتارىسكىلىقلارنىڭ بىر بۆلۈنمىسىمۇ بار ئىدى)،ئۈچ زەمبـ
رىگى بار بىر باتارىيە ۋەزاپاستىكى ئىككى ئاتلىق ئەسكەر بۆلۈنمىسى
دوننىڭ سول تەرىپى بىلەن ۋېشېنسكايادىن يېلانىسكاياغا يېتىپ
كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى يېلانىسكايا كەنتىنىڭ ـــ دون
ئارقىلىق ـــ ئۈچ ياكى بەش چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان پلېـ
شاكوف ۋە ماتۋېيېۋىسكى يېزىلىرىغا ئۇلۇڭ قىرغاقنى بويلاپ، خېلى
كۆپ ياردەمچى كۈچلەر يىغىلىۋاتاتتى. كرىۋىسكوي دۆڭلۈكىنىڭ ئۈسـ
تىگە بىر توپچىلار ۋىزۋودى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. نىشانغا ئالـ
غۇچىلاردىــن بىرسى، كرىۋىسكوي يېزىسىلىق بولۇپ، ئاتقان ئوقى
خاتا كەتمەيدىغانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان كازاك ئىدى، ئۇ دەسـ
لەپ ئاتقان ئوقى بىلەنلا قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ پىلىموت ئۇۋىسىـ
نى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى ۋە بىرنــەچچە قېتىم تۈركۈملەپ ئېـ
تىلغان شىراپنېللارنى قىزىل تال ئارىسىدا ياتقان قىزىل ئارمـ
يە سەپلىرىگە ياغدۇرۇپ، بۇلارنى تېرى ـ پېرەڭ قىلىۋەتتى. جەڭ
قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېڭىپ چىقىشى بىلەن ئاياقلاشتى. قوزغىلاڭچىـ
لار چېكىنىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئــۇستىگە بېسىپ
كېلىپ، ئۇلارنى كىچىككىنە يېلانكا دەريــاسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە
قوغلاپ چىقاردى، بۇلارنى قوغلاش ئۈچۈن 11 ئاتلىق ئەسكەر بۆـ
لۈنمىلىرىنى ئىشقا سالدى، بــۇ ئاتلىقلار زاتــولوۋىسكى يېزىسىغا
يېقىن بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە قىزىــل ئــەسكەرلەر ئىسكادرونىــنى
قوغلاپ بېرىپ، بۇ ئىسكادروننى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى.
شۇ چاغدىن تارتىپ تاتارىسكى پىيادە قىسىملىرى دوننىڭ
سول قىرغاقلىرىدا، قۇملۇق دۆڭلەر ياقىلاپ ئايلىنىپ يۈردى. بۆـ
لۈنمىدىن كازاكلار ئوتېپۇسكىغا دىيەرلىك كەلمەي قــويدى. پەقەت
پاسخا بايرىمىدا، گويا تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندەك، يېزىغا بۆلۈنمـ

نىڭ دېيەرلىك يېرىمى بىراقلا كېلىشتى. كازاكلار يېزىدا بىر كۈن تۈرۈپ، ئېپتار قىلغاندەك، قوساقلىرىنى راسا تويغۇزۇشتى ـ دە، ئىچ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۆيلىرىدىن سېرىق ياغ، سۇخارى ۋە باشقا ئوزۇقلارنى ئېلىپ، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئىبادەتكە كېتىۋاتقان جامائەتتەك (پەرقى ھاسىنىڭ ئورنىغا مىلتىق تۇتۇشقان ئىدى) توپ ـ توپ بولۇپ، يېلانسكايا تەرەپ-كە قاراپ كېتىشتى. تاتارسكىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدىن، دون بو-يىدىكى تاغدىن ئۇلارنى ئاياللىرى، ئانىلىرى، ھەمشىرىلىرى كۆز ئۈزمەي قاراپ، ئۇزىتىپ قويۇشتى. ئاياللار يىغا ـ زارە قىلىشىپ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى بېشىدىكى رومال ۋە تىۋىت شالنىڭ ئۇچ-لىرى بىلەن ئېرتىپ، ئىچكى يوپكىسىنىڭ ئېتىگىگە بۇرنىنى قې-قىشاتتى... ئەمدى دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە، قار سۈيى باسقان ئورماننىڭ نېرىسىدا قۇم دۆۋىلىرى بويلاپ كازاكلار كېتىشىۋا-تاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە: خىرىستونيە، ئانىكۇشكا، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ، ستېپان ئاستاخوف ۋە باشقىلار بار ئىدى. مىلتىق نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىدا ئوزۇق ـ تۈلۈك سېلىنغان خالتىلىرى تەۋرىنىپ تۇراتتى، مۇڭلۇق دالا ناخ-شىلىرى شامالدا سېرىق گۈللىنىڭ پۈرىنىدەك ھاۋادا ئۇچاتتى، كازاكلار ئارىسىدا بوش پاراڭلار داۋام قىلاتتى ··· ئۇلار كۆڭۈلسىز كېتىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قۇسقى توق، كىيىم ـ كېچەكلىرى يۇيۇلغان ئىدى. بايرام ئالدىدا ئاياللىرى بىلەن ئانىلىرى ئۇ-لارغا سۇ ئىسسىتىپ، بەدىنىدىكى توكۇرلارنى يۇيۇپ چىقاردى، ئەس-كەرلىكتە پەيدا بولغان قان شورىغۇچ ياۋۇز پىتلارنى ئېرىغدىدى. ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، تېچ ھايات كەچۈرسە بولماسمىدى؟ مانا ھازىر ئۆلۈمگە قاراپ بېرىشى كېرەك ... ھەم كېتىۋاتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار سېپىگە يېڭىلا چاقىرىلغان 16 ـ 17 ياشار ئۆسمۈر ـ
يىگىتلەر ئۆتۈك ۋە چورۇقلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئىسسىق قۇمنىڭ
ئۈستىدە قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ. نىمىشقىدۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى
شات، ئارىلىرىدا كۈلكۈلۈك پاراڭلار پاراقلاپ ئاڭلىنماقتا. يوغان
چىققان، يېتىلمىگەن ئاۋازى بىلەن ناخشا توۋلىماقتا. ئۇرۇش
دېگەن ئۇلارغا خۇددى بالىلارنىڭ ئويۇنىدەك يېڭى نەرسە، ئۇلار
دەسلەپكى كۈنلەردە كىچىككىنە ئاكوپنى توساپ تۇرغان نەم توپا دۆۋ ـ
لەنگەن قىردىن باشلىرىنى كۆتىرىپ، ئىسقىرتىپ ئۆتكەن ئوقلار ـ
غا قۇلاق سالىدۇ. فرونت كازاكلىرى ئۇلارنى مەنسىتمەي «كۆك
سويما» دەپ ئاتىشاتتى، ئەمىلىي تەجرىبىلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتەتتى،
ئاكوپ قېزىشنى، مىلتىق ئېتىشنى، ھەربى يۈرۈشتە، قورال ـ جاب ـ
دۇقلارنى ۋە باشقا ھەربى ئەسلىھەلەرنى قانداق ئېلىپ يۈرۈش ـ
نى، ياخشىراق پانا جايلارنى قانداق تاللاشنى ئۆگىتەتتى، ھەتتا
ئۇلارغا ئىرتقا پىتلارنى تاشلاش ماھارىتىنى ۋە پۇتىغا پايتىما ئورى ـ
غاندا، پۇتى ھېرىپ قالمىغۇدەك، بەلكى ئاياق كىيىمنىڭ ئىچىدە
«ئازادە» يۈرگۈدەك قىلىپ پايتىما ئوراشنى ئۆگىتەتتى، ھېچنىمىنى
ئۇقمايدىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ھەممىنى تەلىم بېرەتتى، شۇنداق
قىلىپ، ئاشۇ «كۆك سويما» قىزىل ئەسكەرنىڭ ئوقى تېگىشتىن
بۇرۇن ئەتراپىدىكى ئۇرۇش دۇنياسىغا ھەيرانلىق بىلەن، قوشلار ـ
نىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، «قىزىللار»نى كۆرۈشكە ھەددىدىن
تاشقىرى قىزىقىپ، ئاكوپتىن بېشىنى كۆتىرىپ، قايتا ـ قايتا
مارىلايدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق 16 ياشلىق «جەڭچى» ئەجەلنىڭ قوي ـ
نىدا سوزۇلۇپ ياتىدىغان بولسا ـــ ئۇنى ھەرگىز 16 ياشقا كىر ـ
گەن گۆدەك بالا دەپ ئېيتمايسەن، ئوغۇل بالىغا خاس چوڭ ـ چوڭ
قوللىرى بىلەن، دىڭگىيىپ تۇرغان ئۇلاقلىرى ۋە يېتىلمىگەن ئىن ـ

چىكە بويىدىكى يۇمران كىگىردىگى بىلەن ئاشۇنداق چوڭلا بىر بالا ياتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئاتا - بوۋىلىرى ياتقان قەۋرىستانلىقتا كۆمۈش ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ، بۇ يەردە ئانىسى ئالدىغا چىقىپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ كېتىدۇ، ئۆلۈككە ئۇزاققىچە قوشاق قېتىپ زار - زار يىغلايدۇ، ئاپپاق چاچلىرىنى تۇتاملاپ يۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بالىنى دەپنە قىلىدۇ، قەۋرىسىدىكى سېرىق توپا قۇرۇشقا باشلىغان چاغدا، تۈگمەس قايغۇ - ھەسرەتتىن بىردىنلا قېرىپ، بېلى پۈكۈلگەن ئانىسى چېركاۋغا قاتناپ، ئۆزىنىڭ «شېھىت بولغان» ۋانيۇشكىسىغا ياكى سېمۇشكىسىغا دۇئا ئوقۇتىدۇ.

ئەگەر ئوق ۋانيۇشكا ياكى سېمۇشكىغا ئەجەل يەتكۈزەلمەي، ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ شۇ چاغدىلا ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىز قاتتىقلىغىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئۇنىڭ يۇمران قاراموي بىلەن خەت تارتىشقا باشلىغان لەۋلىرى دىرىلدەپ، قىيسىيىپ كېتىدۇ. بۇ «جەڭچى» كىچىك بالىغا ئوخشاش، توشقاندەك چىرىلداپ: «جان-جىگىرىم، مېھرىۋان ئانا!» — دەپ ۋاقىرايدۇ - دە، كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈلىدۇ. سانىتار ھارۋىسى ئوي - دۆڭ يولسىز يەرلەردە ئۇنى دوقۇسلىتىپ، يارىسىنى قاتتىق ئاغرىتىدۇ. كېيىن بۆلۈنمىدىكى تەجرىبىلىك فېلدشېر ئوق ياكى سىنارەت پارچىسى تەككەن يەرنى يۇيۇشقا كىرىشىدۇ - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلەيدۇ: «مۈشۈكنىڭ يارىسى ئاغرىسۇن، سېغىزخاننىڭ يارىسى ئاغرىسۇن، ۋانيۇشكىنىڭ يارىسى ساقايسۇن». ئەمما «جەڭچى» ۋانيۇشكا يىغلايدۇ، ئۆيگە قايتىمەن دەپ، تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، ئانىسىنى تۇۋلاپ قىچقىرىدۇ، ئەگەر يارىسى ساقىيىپ، يەنە بۆلۈنمىگە قايتىپ كەلسە، بۇ قېتىمدا ئۇرۇشنىڭ

ئىمە ئىكەنلىكىنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىدىغان بولىدۇ.
بىر - ئىككى ھەپتە سەپتە، جەڭلەردە، ئىلىشىشلاردا بولغاندىن كېيىن يۈرىكى تاشتەك قېتىشقا باشلايدۇ، ئۇندىن كېيىن قارايسەنكى، ئۇ قانداقتۇ ئەسىرگە چۈشكەن قىزىل ئەسكەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، پۈتىنى كەينىگە تىرەپ يان تەرىپىگە شالاقشىدە تولۇق، قانداقتۇ ۋەھشى ۋاخمىستىرنى دوراپ، چىشلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ھەجەپلەپ سۆزلەپ، ئۆزگەرگەن يوغان ئاۋاز بىلەن سوراق سورايدىغان بولىدۇ:
— خوش، مۇژىك، ئاناڭغا لەنەت، قولغا چۈشتۈڭمۇ؟ هە ە - ە! ساڭا يەر كېرەك بولدىمۇ؟ باراۋەرلىك كېرەك بولدىمۇ؟ بەلكىم سەن كوممۇنىستدۇرسەن؟ راستىڭنى ئېيت، گېزەندە!— شۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى، «كازاكلىق قەيسەرلىكى»نى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، مىلتىقنى قولىغا ئالىدۇ - دە، دون تۇپرىقىدا ھايات كەچۈرۈپ، بۇ يەردە سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن، كوممۇنىزم ئۈچۈن، يەر يۈزىدە مەڭگۇ ئۇرۇش بولماسلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، جېنىنى ئاتاپ قويغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.
موسكۋا ياكى ۋەتكا ئۆلكىسىنىڭ بىر يېرىدە، ئۇلۇغ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىدا قىزىل ئەسكەرنىڭ ئانىسى ئوغلىڭىز «ئەمگەكچى خەلقنى پومىششىكلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ئاق گۋاردىيىچىلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتە قۇربان بولدى...»— دېگەن خەۋەر بىلدۈرۈلگەن قەغەزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلايدۇ... ئاچچىق قايغۇ - ھەسرەت ئانىنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدۇ، خىرەلەشكەن كۆزلىرى ياشتىن قۇرۇغىچە يىغلاپ ھالىدىن كېتىدۇ،

شۇندىن كېيىن ئۇ بىر زاماندا قارىنىدا كۆتەرگەن، خۇنى كېتىپ، ئاچچىق تولغاق ئازاۋىنى تارتىپ تۇغقان، ئەمدىلىكتە بولسا نامەلۇم دونىنىڭ بىر يېرىدە دۇشمەن قولىدا ھالاك بولغان بالىسىنى ھەر كۈنى، ھەر دائىم، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلەپ، ئۆلۈپ كېتىدۇ...

فۇرونتتىن قاچقان يېرىم بۆلۈنمە تاتارىسكىلىق پىيادە ئەسكەرلەر كېتىپ بېرىشاتتى. ئۇلار قىرغاقتىكى قۇم باسقان يەرلەر بىلەن، بۆلدۈرگەندەك چاقناپ تۇرغان قىزىل تاللار ئارىسى بىلەن يۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ياشلىرى خوشال - خورام، غەمسىز: «گايداماكلار»دەپ مەسخىرە بىلەن لەقەم قويۇلغان قېرىلار ئۇھ تارتىشىدۇ، يوشۇرۇن كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ؛ يەر ھەيدەيدىغان، تىرنا سالىدىغان، ئورۇق چاچىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن؛ يەر بولسا ئۆزىگە چاقىرغاندەك قىلاتتى، كېچە - كۈندۈز، تىنىمسىز چاقىرىۋاتاتتى؛ ئەمما دەل شۇ تاپتا ئۇرۇش قىلىش، يات يېزىلاردا مەجبۇرى ئىشسىزلىقتىن، قورقۇنچ - دەھشەتتىن، مۇھتاجلىقتىن ۋە زېرىكىشتىن ھالاك بولۇش لازىم بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇ سەۋەپتىن ساقاللىقلارنىڭ كۆز يېشى چەشمىدەك قايىنىغان، شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ قاپىغى سىلىنىغان ھالدا كېتىشىۋاتاتتى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئىگىلىگىنى، ئورۇقلاپ كېتىۋاتقان ماللىرىنى، تېرىلغۇ سايمانلىرىنى ئېسىگە ئالاتتى. ھەممە ئىشقا ئەر كىشىلەرنىڭ قولى لازىم بولاتتى. قارايدىغان ئىگە بولمىغانلىقتىن، ھەممە قاڭقىر قاخشاپ قالدى. ئاياللارنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلىدۇ؟ يەر قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلار تېرىقچىلىقنى ئېلىپ بارالمايدۇ، كېلەر يىلى ئاچارچىلىق بولۇش خەۋپى تەھدىت سالماقتا. چۈنكى: خەلق ماقالىدا: «دىخانچىلىقتا ياش

www.uyghurkitap.com

گېلىنچەكتىن گۆرە قېرى ئادەم ياخشى» — دەپ بىكار ئېيتىلمىغان - دە.

قېرىلار قىزىنىڭ ئۈستىدە ئۈنچىقماي كېلىۋاتاتتى. ياشلاردىن بىرسى توشقانغا قارىتىپ ئوق ئاتقاندىلا، ئۇلار جانلىنىپ قېلىشتى. ئوقنى بىكارغا ئىسراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن (قوزغىلاڭچىلار كۈچلىرى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇنداق ئىش قەتئىي مەنئى قىلىنغان ئىدى) قېرىلار ئەيىپكارنى جازالاش قارارىغا كېلىشتى.

ئاچچىغىنى بالىدىن چىقىرىپ، ئۇنى ساۋىلاشتى.

— ئۇنى 40 تاياق ئۇرۇش كېرەك ! — دېدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ تەكلىپ بېرىپ.

— بەك كۆپ!

— ئۇنداق بولمىغاندا ئۆيىگە يېتىپ بارالمايدۇ!

— 16! — دەپ ۋاقىرىدى خرىستونە.

جۈپ سان بولغانلىقتىن، كۆپچىلىك 16 تاياق ئۇرۇشقا ماقۇل بولۇشتى، ئەيىپلەنگۈچىنى قۇمغا ياتقۇزۇپ، ئىشتىنىنى سالدۇرۇشتى، خرىستونە خىرىلداپ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ، قەلەمتۇرچى بىلەن بىر نەچچە سېرىق تۈكلۈك مۇدۇر قاپلىغان چىۋىقلارنى كېسىپ كەلدى، ئانىكۇشكا 16 تاياق ئۇردى. قالغان ئادەملەر بىر چەتتە تاماكا چېكىشىپ ئولتۇردى. ئاندىن يەنە يولغا چۈشۈشتى، جازالانغان بالا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئىشتىنىنى چىڭ تارتىپ، ھەممىنىڭ كەينىدە سۆرىلىپ كېلەتتى.

قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، قۇمساز بوز تۇپراق يەرگە چىقىش بىلەنلا تىنچ پاراڭ باشلاندى.

— مانا، تاۋارنىڭ كېسىگىدەك ئىسىل يەرلەر ئىگىسىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ، ئەمما ئىگىسىنىڭ كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇشقا ۋاقتى يوق، شەيتانلار ئۇنى دۆڭدىن ـ دۆڭگە قوغلاپ، ئېغىر چىلىق سالغانلىقتىن، سوقۇش قىلىش بىلەن ئاۋارە، — دەپ خۇرسىندى بوۋايلاردىن بىرسى قۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر پارچە شۇدىگەرلىكنى كۆرسىتىپ.

ھەيدەلگەن يەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھەرقايسى يەرگە ئىگىشىپ، ئەتىيازنىڭ ئاپتىۋى بىلەن پۇراق تارقىتىپ تۇرغان قۇرۇق، يۇمشاق توپىلارنى ئېلىپ، ئالقىنىدا ئېزەتتى ـ دە، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتاتتى.

— يەرمۇ يېتىلىپ قاپتۇ!

— ھازىرلا ئۇچ چىشلىق سوقا بىلەن ھەيدەشكە كىرىشكەن بولساق ـ ھە!

— بۇ يەر ئۇچ سوتكىدىن كېيىن قالسا، ئۇرۇق چېچىشقا بولمايدۇ.

— بىزنىڭ ئاۋۇ تەرەپلەردە سەل بالدۇرراق.

— توغرا، تېخى بالدۇر! كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ دون بويىدىكى يارلارنىڭ ئۈستىدە تېخى قار يېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن ھاردۇق ئېلىشقا توختاپ، چۈشلۈك تاماق يېيىشكە كىرىشتى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ تاياق يېگەن بالىنى «ئېزىپ قالغان» سۈتنىڭ قېتىغى بىلەن مېھمان قىلدى (بۇنى مىلتىقنىڭ ئۇچىغا چىگىكلىك خالتا بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدى، شۇڭا يول بويى خالتىدىن سۈيى سىزىپ ئاققان ئىدى، ئانىكۇشكا بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كۈلۈپ، چالغا: «سىنى، پروكوفىيېۋىچ، ماڭغان ئىزىڭدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئارقاڭدىن، خۇددى ئۆ-

www.uyghurkitap.com

گۈزنىڭ ئارقىسىدىن ئاققاندەك شۆلگەينىڭ ئىزى قىپقالىدىـ
كەن» — دېگەن ئىدى)، ئۇ يىگىتچاقنى مېھمان قىلىپ تۇرۇپ،
سىپايىلىك بىلەن دېدى:

— سەن چاللاردىن خاپا بولما، تەنتەك. خوش، تاياق بىـ
لەن ئۇرغان بولسا، نېمە يامىنى بار! تاياق يېمىگۈچە موللا
بولالمايسەن.

— ساڭا ئاشۇنداق تەككۈزگەن بولسا، پانتىلىي بوۋا، باشـ
قىچە ئاۋاز بىلەن سايرىغان بولاتتىڭ!

— ماڭا، يىگىتىم، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق تەككۈزۈشكەن.

— تېخى بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، قاتتىقراق، بۇرۇنقى چاغدا ئاشۇنداق ئۇرـ
غان - ئۇرمىغىنى ھەممىگە ئايان.

— ئۇرغاندۇ!

— ئەلۋەتتە، ئۇرغان، ھەي يىگىتچاق، بىر قېتىم ئاتام
دۆمبەمگە ھارۋىنىڭ شوتا ياغىچى بىلەن سالغان، شۇ چاغدىمۇ
ساق چىقتىم.

— شوتا ياغىچى بىلەن دېدىڭمۇ؟

— شوتا ياغىچى بىلەن دېدىممۇ، دېمەك، شوتا ياغىچى
بىلەن - دە. ھەي، كالۋا! ئالدىڭدىكى سۈتنى ئىچ، نېمىشقا
ئاغزىڭغا قاراپ قالدىڭ؟ مۇنۇنىڭ قوشۇغىنىڭ سېپى يوققۇ، سۇنـ
دۇرۇپ قويغانمۇ، نېمە؟ مەجنۇن! بۈگۈن يېگەن تايىقىڭ سەن ئۈتـ
نىڭ بالىسىغا ئازلىق قىلىپتۇ!

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، شارايقا ئوخشاش كىشىنى مەس
قىلىدىغان، مەيىن باھار ھاۋاسىدا بىر ئاز ئۈگدۈشلىشقا قارار
قىلىشتى. دۆمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ يېتىشتى، ئازراق خورەكمۇ

تارتىشتى، ئۇندىن كېيىن ئۇلار بوز دالا بىلەن بۇلتۇرقى ئېگىز-
لىقلارنى بويلاپ، چوڭ يولغا چىقماي، ئۇدۇل مېڭىشتى. كېتىۋات-
قانلارنىڭ ئۈستىدە پەشمەت، شىنېل، چەكمەن ۋە ئاشلانغان كالتە
تېرە جۇۋا بار ئىدى؛ پۇتلىرىغا ئۆتۈك، چورۇق كىيىشكەن، شال-
ۋۇرنىڭ پۇشقاقلىرىنى ئاق پايپاقنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان، بەز-
لىرى پۇتىغا ھېچنىمە كىيمىگەن ئىدى، مىلتىق نەيزىلىرىنىڭ
ئۇچىغا ئىسىلغان يىمەكلىكلەر خالتىسى شالداقلاپ تۇراتتى،

بۆلۈنمىگە قايتىپ كېلىۋاتقان قاچقۇنلارنىڭ كۆرۈنۈشى
شۇنچىلىك جەڭگىۋارلىقتىن يىراق ئىدىكى، تورغايلار بىپايان
كۆك ئاسماندا چىرىلدىشىنى توختىتىپ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يېرىم
بۆلۈنمە ئادەمنىڭ قېشىدىكى ئوتلاقتا چۈشۈۋېرەتتى.

× ×

گرىگورىي مېلېخوف يېزىدا كازاكلاردىن ھېچكىمنى ئۇچ-
راتمىدى. ئەتىگەن ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغان مىشاتكى-
سىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، دونغا ئاپىرىپ سۇغىرىپ كېلىشكە بۇيرۇ-
دى ـ دە، ئۆزى ناتالىيە بىلەن بىللە گرىشاكا بوۋىنى ۋە قېينانى-
سىنى يوقلاپ كېلىشكە كەتتى.

لۇكىنىچنا كۈيوغلىنى كۆز يېشى بىلەن قارشى ئالدى.

— گرىشېنكا، بالام! بىزنىڭ مىرون گرىگورىيېۋىچىمىز —
جايى جەننەتتە بولسۇن — ۋاپات بولغاندىن بۇيان بىز تۈگەشكىلى
تۇردۇق! ... ئەمدى ئېتىز ئىشلىرىدا بىزدە كىم ئىشلەيدۇ؟ ئاش-
لىق ئامباردا تولۇپ يېتىپتۇ، ئەمما تېرىيدىغان ھېچكىم يوق.
غەمگە تولدى مېنىڭ بۇ ھەسرەتلىك بېشىم! يېتىم بولۇپ قال-

www.uyghurkitap.com

دۇق، ھېچكىمگىمۇ كېرىكىمىز يوق، ھەممە ئادەمگە بىز يات. ئوشۇقچە! ... سەن بىزنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ قانداق بەربات بولغانلىقىغا بىر نەزەر سالغىنا! قولىمىزدىن ھېچنىمە كەلمەيدۇ ...

ئىگىلىكى ھەقىقەتەنمۇ شىددەت بىلەن چۈشكۈنلۈككە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ: ئۆكۈزلەر قوراننىڭ تاشلىرىنى بۇزۇپ، يەرگە غۇلاتقان، ئۇيەر ـ بۇيەردە بۇقۇسا، سوقىلار ياتاتتى؛ سارايىنىڭ سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان كېسەك تاملىرى قار سۈيى بىلەن ئىشىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ خامىنىنىڭ توساقلىرى ۋەيران بولغان، ھويلا تازىلانمىغان؛ سارايىنىڭ لاپىسى ئاستىدا دات باسقان ئوغاق تۇراتتى، يەنە شۇ يەردىلا چۆپ ئورۇيدىغان ماشىنا سۇنغان پېتى ياتاتتى... ھەممە يەردە ئىگىسىزلىك، خارابىلىقنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنەتتى.

«ئىگىسى بولمىغانلىقتىن ھەممە نەرسە تېزلا ئىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ» ــ دەپ مۇنداقلا ئويلاپ قويدى گىرىگورىي، كورشۇنوفنىڭ قورا ـ جايىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ.

شۇندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىردى. ناتالىيە ئانىسىغا بىرنىمە دەپ پىچىرلاۋاتاتتى، ئەمما گىرىگورىينى كۆرۈش بىلەنلا سۆزدىن توختاپ، خوشامەتكۈيلۈق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

ــ ئانام ئۆتۈنۈش قىلىۋاتىدۇ، گىرىشا... سەن ئېتىزغا چىقىشقا تەييارلانغاندەك تۇراتتىڭ... بەلكىم بۇلارغىمۇ بىر نەچچە دېساتىنا يەر تېرىپ بېرەرسەن؟

ــ سىلەر يەر تېرىپ نىمە قىلىسىلەر، ئانا؟ ــ دەپ سورىدى گىرىگورىي، ــ سىلەرنىڭ خامپاڭلار بۇغدايغا لىپمۇ لىپ تولۇپ تۇرۇپتۇ.

لۇكىنچىنا قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ قويدى.

ــ گىرىشېنكا! ئۇ چاغدا يەرنى قانداق قىلىمىز؟ بىزنىڭ مەرھۇم ئۇچ دائىــرە يــەرنى ھەيــدەپ شۇدىــگەر قىلــىپ قويغان ئىدى.

ــ يەر دىگەن نىمە بولماقچى، تۇرۇۋەرمەمدۇ؟ ئــۇزاق يىــتىپ كەتــسە بۇزۇلۇپ قالاتتــىمۇ؟ تىرىــك بولــساق، كېلەر يىلى تېرارمىز.

ــ بۇ قانداقچە مۇمكىن بولسۇن؟ يەر ئۇنۇم بەرمەي بوش ياتامدۇ؟

ــ ئۇرۇش مەيدانلىرى بۇ يەردىن يىراقلاشسۇن، شۇ چاغــدا ئۇرۇق چاچساڭلارمۇ بولىدۇ، ــ دەپ گىرىگــورىي قېيىنانىسىغا مەسلىھەت بېرىپ باقتى.

ئەمما قېينانىسى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى، ھەتتا گىرىگوــرىيغا رەنجىگەندەك بولدى، ئاخىرىدا دىرىلدىگەن لەۋلىرىنى ئۇمــچەيتىشكە باشلىدى.

ــ بوپتۇ، ۋاقتىڭ بولمىسا، بەلكىم بىــزگە ياردەملىشىشكە ھەپسىلەڭمۇ يوقتۇر...

ــ خوپ، مافۇل! ئەتە ئۆزىمىزگە يەر تېرىغــىلى بارىمەن، سىلەرگىمۇ ئىككى دىساتىنا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ بېرەرمەن. شۇنــچىلىك تېرىساڭلارمۇ يېتەر... خوپ، گىرىشاكا بوۋا ھاياتمۇ؟

ــ ۋاي رەھمەت، مېھرىۋانىم! ــ لۇكىنــچىنا خوش بوــلۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ــ مەن بۈگۈنــلا گىرىپاشكىغا ئۇرۇقنى ئاپىرىپ قــوي دەپ ئېيتىمــەن... بــوۋايمۇ؟ جانابى ھەق ئۇنى ھازىرغىچە ئېلىپ كەتمەي تۇرۇۋاتــىدۇ. تېخى ھايات، ئەمما ئازراق ئەقلىدىن ئېزىۋاتقاندەك تۇرــىدۇ. كېــچە ـ كۈندۈز

www.uyghurkitap.com

مۇقەددەس كىتاپنى ئوقۇپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. بەزىدە شۇن-داق سۆزلەپ كېتىدۇكى، شۇنداق چۈشىنىكسىز سۆزلەر، چېركاۋ تىلى... يۈگۈر، كىرىپ ئەھۋال سوراپ چىق، ئۇ ھوجرىدا.

ناتالىيەنىڭ تولۇشقان يۈزىدىن بىر تامچە ياش يۇمۇلىدى.

ناتالىيە كۆز يېشى بىلەن كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنىڭ قېشىغا بايىلا كىرىپ چىقتىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «قۇۋ قىز ئىكەنسەن! نېمىشقا مېنى يوقلاپ تۇرمايسەن؟ پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن، قالغىنىم... سەن ئۈچۈن، نەۋرەم ئۈچۈن، خۇدا دەرگاھىغا بارغاندا بىرەر ئېغىز سۆز ئېيتىپ قويارمەن. بەرگە كىرىشنى خالايمەن، ناتالىيۈشكا... يەر مېنى ئۆز قوينىغا چاقىرماقتا. ۋاقىت بولۇپ قالدى!»

گىرىگورىي ھوجرىغا كىردى. لادەن مېيىنىڭ پۇرىقى ۋە كۆكىرىپ پاختىلاشقان ۋە چىرىگەن نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ دىمىغىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. گىرىشاكا بوۋا ئۈستىگە ھامان ئاشۇ قايرىما ياقىسىدا قىزىل ئىزمىسى بار سۇر ھەربىي مۇندىر كىيگەن بولۇپ، تام مەشنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇراتتى. كەڭ شالۋۇرىغا ئەپچىل ياماقلار چۈشكەن، يۇڭ پايپاقلىرى نەچچە بەردىن يۆمەپ قويۇلغان. بوۋايغا غەمخورلۇق قىلىش ئىشى ئۆسۈپ يېتىلىپ قالغان گىرىپاشكىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، بۇمۇ بىر زاماندا قىز چاغلىرىدىكى ناتالىيەگە ئوخشاش، چوڭ دادىسىغا ئالايىتەن كۆڭۈل بۆلۈپ، مېھرى بىلەن كۈتۈشكە باشلىغان.

گىرىشاكا بوۋا ئىنجىلنى تىزىغا قويۇۋالغان ئىدى. كۆكىرىپ كەتكەن مىس گەردىشلىك كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن ئۇ گىرىگورىيغا قاراپ، كۈلۈمسىرەپ ئاپپاق چىشلىرىنى ئاچتى.

— ھە، ئەسكەر، كەلدىڭمۇ؟ ساقمۇ سەن؟ جانابى ھەق ياۋۇز

ئوقتىن ساقلىدىمۇ؟ خوپ، خۇداغا شۈكرى. ئولتۇر.
— سىنىڭ سالامەتلىگىڭ قانداق، چوڭ دادا؟
— نىمە دىدىڭ؟
— سالامەتلىگىڭ قانداق؟ دەۋاتىمەن.
— ھەي تەنتەك! راستىنلا تەنتەك ئىكەنسەن! مىنىڭ يې-شىمدا سالامەتلىك دىگەن نىمە قىلسۇن؟ 100 ياشقا كىرىپ قال-دىمغۇ بۇ يىل. شۇنداق، 100 گە ئۇلاشتىم... ئۆمرۈمنىڭ قانداق ئۆتكەنلىگىنى سەزمەي قالدىم. تېخى تۈنۈگۈنلا پېشانەمدە سىرىق كۈكۈلام بار، ساغلام، ياش يىگىت پېتى يۈرگەندەك قىلاتتىم. ئەم-ما بۈگۈن ۋۇجۇدۇمدا مانا ئەبجىغى چىققان قىرىلىق پەيدا بول-دى... ئۆمرۈم تومۇزنىڭ ئىسسىغىدەك غىل - پال كۆزگە كۆرۈن-دىيۇ، غايىپ بولدى... تېنىمدە دەرمان قالمىدى. تاۋۇتۇم قانچە يىللار بولدى ئامباردا تۇرۇپتۇ، ئەمما جانابى ئاللا مىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. مەن گۇناكار بەزىدە ئۇنىڭغا يالۋۇرىمەن: «ئەي پەرۋەردىگارا، گىرىگورىي * بەندەڭگە ئىلتىپات نەزىرىڭ بى-لەن قاراپ قويغىن! مەنمۇ بەرگە ئېغىرلىق قىلىمەن، ئۇمۇ ماڭا»...
— تېخى ئۆمۈر كۆرىسەن، بوۋا، ئەنە 32 چىشىڭ ساق تۇرۇپتۇ.
— نىمە؟
— چىشلىرىڭ تېخى كۆپ!
— چىش دەمسەن؟ ھەي ئەخمەق! — گىرىشاكا بوۋىنىڭ ئاچچىغى كەلدى، — جان تەننى تاشلاپ كېتىمەن دەۋاتسا، ئۇنى چىش بىلەن تۇتۇپ قالغىلى بولامدۇ؟... سەن، ئازغۇن، ھىلىمۇ سوفۇشۇۋاتامسەن؟

* بۇ يەردىكى گىرىگورىي — گىرىشاكا بوۋىنىڭ ئۆز ئىسمى — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سوقۇشۇۋاتىمەن.

— بىزنىڭ مىتىيوشكىمىز چېكىنىشتە يۈرۈپتۇ، قارا، ئۇ تالاي بالا - قازانى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندۇ.

— كەچۈرىدۇ.

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن. خوش، سىلەر نېمە سەۋەپتىن سوقۇشۇۋاتىسىلەر؟ بۇنى ئۆزەڭلارمۇ چۈشەنمەيسىلەر! ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. بىزنىڭ مىرون نېمە سەۋەپتىن ئەجەلگە يولۇقتى؟ شۇ سەۋەپتىنكى، خۇداغا قارشى چىقتى، خەلقنى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتەرگۈزدى. ھەرقانداق ھۆكۈمەت خۇدانىڭ بۇيرۇغى بىلەن بولىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ئەيسا مەسىھكە قارشى بولسىمۇ، بەرىبىر خۇدا تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھاكىمىيەت. مەن ئۇنىڭغا شۇ چاغدىلا ئېيتقان ئىدىم: «مىرون! سەن كازاكلارنى ئىسيان كۆتىرىشكە قۇتراتما، ھاكىمىيەتكە قارشى دەۋەت قىلما، گۇناغا ئىتتىرمە!» ئۇ بولسا، ماڭا: «ياق، دادا، چىداپ تۇرالمايمەن. قوزغىلاڭ كۆتىرىش كېرەك، بۇ ھاكىمىيەتنى يوقىتىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ. ئادەم بولۇپ تۇرۇقلۇق، تىلەمچى بولۇپ قالىمىز» — دېگەن ئىدى. چىداپ تۇرالمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى. قىلىچ كۆتەرگەن جەڭچى ئۆزى قىلىچتىن ئۆلىدۇ. بۇ ھەقىقەت. كىشىلەر سېنى، گىرىشكا، گېنېراللىق ئەمەل بىلەن يۈرىدۇ، بىر دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. راستمۇ شۇ گەپ؟

— راست.

— قوماندانلىق قىلىۋاتامسەن؟

— ھە، قوماندانلىق قىلىۋاتىمەن.

— خوش، پاگونلىرىڭ قېنى؟

— بىز ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق.

— ھەي، قوڭالتاقلار! ئەمەلدىن قالدۇرۇشۇپسەن! ئۇ ھالدا سەندىن قانداق گېنېراللىق چىقىپ تۇردۇ؟ ۋاي بىچارە! بۈرۈنـقى گېنېراللارنى كـۆرسـەڭ كـۆزۈڭ سـۆيۈنەتتى: سېمىز، قوساقـلىق، سالاپەتلىك! ئەمما سەن شـۇ تاپتا... شۇنداق ئەنگاسەنكى، تۇفى دىگۇسى كېلىدۇ، باشقـا ھېچنىمە يوق! ئۇستۇڭدىكى شىنېلـنىڭ ئۆزى مايلىشىپ كەتكەن، كىرگە پىشقان، ھېچقانداق پاگون، ئېسىقلىق تۇرغان ھېچقانداق ئوردېن يوق، نە ئاپپاق كـۆكـرەك بوغۇچلـىرى يوق. پەقەت قوينۇڭـغا پىتـلار ئۇۋا قـۇرغاندۇ.

گىرىنگورىي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئەمما گىرىشاكا بوۋا قىزىـشىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن كۈلمە، ھارىمى! خەلقنى ئۆلۈمگە باشلاپ، ھاكىمىـيەتكە قارشى ئاياققا تۇرغۇزدۇڭ، زور گۇنانى ئۇستۇڭگە ئارتىۋالـدىڭ، بۇ يەردە چىشىڭنى ھېجايتىشىنىڭ كېرىكى يـوق! نىمە دىـدىڭ؟... ھە، ئاشۇنداق بولىدۇ. بەرىـبىر سەنلەرنى يوق قىلىـپ تاشلايدۇ، بىزنىمۇ بىللە يوق قىلىپ تاشلايدۇ. خۇدا — ئۇ سەنـلەرگە ئۆز يولىنى كۆرسىتىدۇ، تېخى. بىزنىڭ مـۇشۇ ئالا ـ توپـلاڭ زامانىمىز توغرىلىق ئىنجىلدە ئېيتىلغان ئەمەسمۇ؟ قېنى، سەن قۇلاق سال، مەن ھازىر ساڭا يېرېمىيە پەيغەمبىرىنىڭ ھە ـ ھەدىسـلىرىدىن ئوقۇپ بېرەي...

بوۋاي ساغۇچ بارمىقى بىلەن ئىنجىلنىڭ سېرىق سەھىپـلىرىنى ۋاراقلىدى، ئاندىن سۆزلەرنى ھەجىلەپ ئالدىرىماي ئوقۇشـقـا باشلىدى:

— «خالايىققا ئېلان قىلىڭلار، بېرى ئىشتىسۇن، ئەلـەمـنى ئېگىز كۆتىرىڭلار، ھەقىقى ئەھۋالنى يوشۇرماي، ئاشكارا قىلىڭلار:

ۋاۋىلون ئەسىرگە چۈشتى، ۋىل غالىپ بولدى، مىروداخ مەغلۇپ بولدى، ئۇنىڭ ھەيكىلى شەرمىسار بولدى، بۇت ـ سەنەملىرى ئالاقزادە بولدى. ئۇنىڭغا شىمالدىن بىر خەلق كېلىپ ھۇجۇم قىلۇر. ئول خەلق ئۇنىڭ تۇپرىغىنى ۋەيران قىلۇر. ئۇ يەردىكى مەخلۇقات تىرىك قالماس، زور بالا ـ قازاغا دۇچار بولۇر...» ئۇقتۇڭمۇ، گىرىشاكا؟ ئۇلار ھازىر شىمالدىن كېلىپ، سەندەك ۋاۋىلونچىلارنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىدۇ. ئەمدى ئايىغىنى ئاڭلا: «جانابى ھەق خەۋەر بېرىدۇكى، شۇ كۈنلەردە، شۇ چاغدا بەنى ئىسرائىل بىلەن يەھۇدى ئەۋلادى كېلىدۇ، بىرلىكتە يىغلىشىپ يۈرىدۇ ۋە ئۆز خۇدايىغا ئىلتىجا قىلىدۇ. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز قويدەك قىرىلىدۇ، ئۇلارنى پادىچىلار يولدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار تاغلارغا كېتىدۇ، تاغدىن ئېدىرغا چۈشۈپ، شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىدۇ».

— بۇ نىمىگە قارىتىپ ئېيتىلغان؟ مەنىسى قانداق؟ — دەپ سورىدى چېركاۋنىڭ ئىسلاۋىيان تىلىنى ئانچە چۈشىنەلمىگەن گىرىگورىي.

— سەندەك ئىسيانچىلار تاغلاردا قېچىپ يۈرۈشىدۇ، ئەنە شۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز بۇ، ھارامزادە. يەنە شۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىلغانكى، سەنلەر كازاكلارغا چۇپان ئەمەس، بەلكى قويدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن پەمسىزلەر، نىمە قىلىۋاتقىنىڭلارنى ئۆزەڭلار چۈشەنمەيسىلەر ... قۇلاق سال، يەنە ئوقۇيمەن: «ئۆزىنىڭ ياتاق ـ تۆشەكلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈشەندىلىرى ئۇلارنى يەم قىلىدۇ.» بۇمۇ دەل ئېيتىلغان! سەنلەرنى ھازىر پىت يەم قىلىۋاتامدۇ؟

— پىتتىن زادى قۇتۇلالمىدۇق، — دەپ ئىقرار بولدى گىرىگورىي.

— كىتاپتا ئېيتىلغان ئىشلار كېلىۋاتىدۇ. يەنە ئوقۇيمەن: «ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئېيتىدىكەن: بۇلارغا رەھىم - شەپقەت قىلمايمىز، بۇلار خۇدانىڭ ئاسى بەندىلىرى. ۋاۋىلون ئارىسىدىن ۋە خالدەي زېمىنىدىن چىقىپ كېتىڭلار، قوي پادىسى ئالدىدىكى سەركىدەك بولۇڭلار. شىمال تەرەپتىن ئۇلۇغ خەلقلەرنى توپلاپ، ۋاۋىلوننىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلار كېلىپ بۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇ يەردىن بۇلار ئەسىرگە چۈشىدۇ، شۇ قەدەر كۈچلۈك، ماھىر ئەرلەرنىڭ ئاتقان ئوق-ياسى ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خالدەي زېمىنى تالان - تاراجقا ئۇچرايدۇ، تالاڭچىلارنىڭ ھەممىسى شۇ زېمىنغا تولۇپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا خۇدادىن نىدا كېلىدۇ: ئەي تالاڭچىلار، مېنىڭ نېمەتلىرىمنى تالان - تاراج قىلىپ، شاتلىنىڭلار، يايراڭلار».

— گىرىگورىي، بوۋا! سەن رۇس تىلى بىلەن ئېيتىپ بەرسەڭچۇ، بولمىسا چۈشەنمەيدىكەنمەن، — دېدى گىرىگورىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ئەمما چال لەۋلىرىنى چايناپ، ئۇنىڭغا مەنىسىز نەزەر بىلەن قاراپ، دېدى:

— ھازىرلا تۈگىتىمەن، ئاڭلا: «...موزايغا ئوخشاش ئوتلاق ئۈستىدە چېپىپ يۈرىسىلەر ۋە ئۆكۈزگە ئوخشاش مۆرەيسىلەر، ئانىڭىز ئىنتايىن ئۇياتقا قالۇر ھەم سىزنى تۇغقانغا شەرمەندە بولۇر: ئۇنىڭ سۆزى خالايىق ئالدىدا ئۆتمەس، بوش ۋە قۇرۇق بولۇر، ئاللانىڭ غەزىۋىدىن ئۆمۈر باقى ياشاپ تۇرالماس، ئەمما ھەممە ئىگىسىز تاشلاندۇق بولۇپ قالۇر، لېكىن كىمكى ۋاۋىلون ئارقىلىق يۈرسە، بۇنىڭ ھەر بىر يارىسىغا ھەيران قېلىپ، چوقۇپ ئۆتەر.

— بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ — دەپ بىر ئازدىنكېيىن يەنە سورىدى گىرىگورىي.

گىرىشاكا بوۋا جاۋاپ بەرمەي، ئىنجىلنى ياپتى ـ دە، سۇپىنىڭ ئۈستىگە ياتتى.

«كىشىلەر تۇغۇلۇشتىن تارتىپ ئەنە شۇنداق، — دەپ ئويلىدى گىرىگورىي، ھوجرىدىن چىقىۋېتىپ، — ياشلىقىدا تەنتەكلىك قىلىدۇ، ھاراق ئىچىدۇ ۋە باشقا گۇناھلارغا شېرىك بولىدۇ. ئەمما قېرىلىق يەتكەندە، ياشلىقىدا قانچىلىك ياۋۇز بولمىسۇن، خۇدانىڭ پانايىغا شۇنچە تېقىلىۋېلىشقا باشلايدۇ. گىرىشاكا بوۋىمۇ ئەنە شۇنداق ئادەم. چىشلىرى بۆرىنىڭكىدەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياش چېغىدا ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندە، يېزىدىكى ھەممە ئايال ئۇنىڭدىن دات دەپ يىغلاشقان، مەيلى بوزۇغى بولسۇن، مەيلى سىبقى بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ بىلۇپ قالغان. ئەمما ھازىر... ھەي، ئەگەر مەن قېرىلىق يەتكىچە ياشىيالىسام، بۇنداق ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىنى ئوقۇمايمەن! مېنىڭ ئىنجىلخانلارغا ئانچە خۇشتۇم يوق».

گىرىگورىي قېينانىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە گىرىشاكا بوۋا بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى، ئىنجىلنىڭ سىرلىق، چۈشىنىپ بولمايدىغان «ئايەتلىرى» نى ئويلىدى. ناتالىيەمۇ ئۇنچىقماي ماڭاتتى، ئېرى بۇ قېتىم ئۇرۇش سېپىدىن ئۆيگە قايتقاندا، ناتالىيە ئۇنى قايغىنى ئاچماستىن، ئىنتايىن قاتتىقلىق بىلەن قارشى ئالدى، تۇرقىدىن، گىرىگورىينىڭ كارگىنسكايا كەنتىنىڭ يېزىلىرىدا ئاياللار بىلەن ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ، بۇزۇقچىلىق بىلەن يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ گىرىگورىي كەلگەن كۈنى كەچ كىرـ

گەندە ئېرىگە مېھمانخانىدىكى كارۋاتقا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزى ساندۇقنىڭ ئۈستىدە جۇۋىنى يېپىنىپ ياتتى. ئەمما بىر ئېغىزمۇ تەنە سۆز قىلمىدى، گەپمۇ سورىمىدى. گىرىگورىيمۇ كېچىچە ئۈنچىقماي چىقتى، ھازىرچە مەن ئۇنىڭدىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بۇرۇن كۆرۈلمىگەن مۇنداق سوغاقچىلىقنىڭ سەۋەپلىرىنى كولاشتۇرۇپ سورىمىغىنىم تۈزۈك دىگەن قارارغا كەلگەن ئىدى...

ئۇلار ئادەمسىز كوچىدا لام - جىم دىمەي مېڭىشاتتى، بۇنداق بىر - بىرىگە ياتسىراش ھېچقاچان مۇنچىلىك دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. جەنۇپتىن ئىللىق، مەيىن شامال كەلمەكتە، غەرپتە باھارنىڭ قويۇق، ئاپپاق بۇلۇتلىرى توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرمەكتە، بۇلۇتنىڭ ئاپپاق زەڭگەر چوققىلىرى پاغا - پاغا كۆتىرىلىپ، تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ، دون بويىدىكى يېشىللىق قاپلىغان تاغنىڭ چەت - ياقلىرى ئۈستىگە ئۈزۈپ كېلىپ، توپلىنىۋاتاتتى. دەسلەپكى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى - دە، يېزىدا چوكانتال بولغان دەرەخلەرنىڭ ۋە قېرى ئېرىگەن چۈچۈمەل قارا تۇپراق يەرنىڭ يېقىملىق، ھاياتبەخش ھىدى تارقىلىشقا باشلىدى، دوننىڭ كۆكۈش تاشقىنىدا ئاق يايلىق دولقۇنلار ئۆركەشلەيتتى، پەس سېپىلاپ چىقىۋاتقان شامال كىشىنى سەگىتىدىغان نەملىكنى چىرىگەن ياپراقلارنىڭ ۋە ھۆل دەرەخلەرنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك پۇرىغىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى، دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدىكى قارا مەخمەل جىيەكتەك ئۆزۈنسىغا كەتكەن شۇدىگەر قىلىپ قويۇلغان تاسما يەرنىڭ ئۈستىدە تۇتۇنسىمان ھور كۆتىرىلەتتى، ئاقۇچان تۇمان پەيدا بولۇپ، دون بويىدىكى تاغ قىرلىرى ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى، چوڭ يول ئۈستىدە تورغايلار زوق بىلەن سايرىشاتتى، يولنى كېسىپ يۈگۈرۈشۈپ ئۆتكەن ئاغمىخانلار چىرىلدىشاتتى، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەيدەلگەن يەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھەرقايسى يەرگە ئىگىشىپ، ئەتىيازنىڭ ئاپتىۋى بىلەن پۇراق تارقىتىپ تۇرغان قۇرۇق، يۇمشاق توپىلارنى ئېلىپ ئالقىنىدا ئېزەتتى ـ دە، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتاتتى.

(546 - بەتكە)

مۇشۇ مول نازۇ نېمەتلىك، ھاياتبەخش كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان بىپايان دۇنيا ئۈستىدە يۇقۇرى مەرتىۋىلىك قۇياش تەكەببۇرانە گىدىيىپ تۇراتتى.

يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتىيازنىڭ تاغ سۈيى بالىلارنىڭ خوشال چۇكۇلدىشىدەك شىلدىرلاپ ھامان دونغا ئېقىۋاتقان كىچىككىنە يارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدىغان كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا كەلگەندە ناتالىيە توختاپ قالدى. ئۇ پەسكە ئېڭىشىپ، ئايىغىنىڭ تاسما بېغىنى چەككەن بولۇپ، ئەمىلىيەتتە گىرىگورىيدىن يۈزىنى يوشۇرۇپ، سورىدى:

— نىمىشقا ئۈندىمەيسەن؟

— سەن بىلەن نىمە توغرىلىق سۆزلىشەتتىم؟

— سۆزلىشىدىغان نەرسە بار... كارگىنىسكايا قېشىدا ھاراقكەشلىك قىلغانلىغىڭنى، ئايال... بىلەن... قىلىپ يۈرگەنلىگىڭنى سۆزلەپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ...

— سەن بۇنىمۇ بىلىۋالدىڭمۇ؟ — گىرىگورىي خالتىسىنى ئېلىپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى. قاشقا بىدە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسىۋالغان موخۇركىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ئاڭقىدى. گىرىگورىي تاماكىنى بىر شورىغاندىن كېيىن يېنىشلاپ سورىدى، — بىلىۋاپسەنغۇ؟ كىمدىن؟

— بىلگەنلىگىم ئۈچۈن ئېيتىۋاتىمەن. پۈتۈن يېزا بىلىدۇ، ئاڭلىغان كىشىلىرىم بار.

— خوش، بىلگەن ئىكەنسەن، سۆزلەپ بېرىدىغان يەنە نىمىسى بار؟ — گىرىگورىي چوڭ - چوڭ چامدام مېڭىشقا باشلىدى. كۆۋرۈك ئۈستىگە يېيىلغان تاختاي ئۈستىدە ئۇنىڭ شالاڭ قەدەم تاشلىشى بىلەن ناتالىيەنىڭ ئارقىدىن ئۇششاق دەسسەپ ئالدىراپ ماڭغان قەدەم

ئاۋازى ئەتىيازنىڭ تىپ - تىنچ سۈكۈناتىدا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ناتالىيە كۆۋرۈكتىن ئۈنچىقماي ئۆتكەندىن كېيىن، كۆزىگە كەلگەن ياشلارنى پات - پات سۈرتۈپ تۇردى، ئاندىن يىغىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دۇدۇقلاپ سورىدى:

— كونا كېسىلىڭگە يەنە كىرىشتىڭمۇ؟

— قويغىنا شۇ گەپنى، ناتالىيە!

— لەنىتى ئىت، ئىنساپسىز! نېمىشقا سەن مېنى يەنە ئازاپقا سالىسەن؟

— سەن يالغان - ياۋىداق نەرسىلەرگە قۇلاق سېلىۋەرمىسەڭ بولاتتى.

— ئۆزەڭ ئىقرار قىلدىڭغۇ!

— ساڭا بولغان ئىشتىن، بولمىغان يالغان نەرسىنى كۆپرەك سۆزلىگەندەك كۆرۈنىدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا ئازراق ئەيىپلىك ئىكەنلىكىم راست. ھايات دېگەن ئادەمنى نېمە كويغا سالمايدۇ... ناتاشكا... ھەمىشە ئۆلۈمنىڭ گىرۋىكىدە يۈرىسەن، شۇڭا بەزىدە يولدىن چىقىپ كېتىپ قالىسەن...

— بالىلىرىڭ مانا شۇنچىلىك چوڭ بولۇپ قالدى! سەندە ئار - نومۇس يوقمۇ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن كۆز قىسىپ يۈرىسەن!

— ھە! ئار - نومۇس! — گىرىگورىي ئاپپاق چىشلىرىنى ھىجايتىپ كۈلۈپ كەتتى، — مەن بۇنى ئويلاشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. پۈتۈن ھاياتتىن قول ئۈزگەن چاغدا، ئار - نومۇس دېگەن نەدە قالدى... ئادەم ئۆلتۈرىسەن... بۇ مالىمانچىلىق نېمە ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى تېخى مەلۇم ئەمەس... خوش، ساڭا نېمە دېسەم بولار؟ سەن چۈشەنمەيسەن! سەندە ھازىر پەقەت ئاياللارغا

www.uyghurkitap.com

خاس بىر رەھىمسىزلىك ئۇتتەك كۆيۈپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈرىكىمنى يەپ خورىتىۋاتقان ۋە قېنىمنى شوراۋاتقان نەرسىنى سەن چۈشىنىپ يېتەلمەيسەن. مەن مانا ھاراقىمۇ كىرىشىپ كەتتىم. يېقىندا مېنى تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتتى. يۈرىكىم بىر دەم توختاپ قېلىپ، بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى...، — گىرىگورىينىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، سۆزنى ئاران - ئاراندا چىقىراتتى، — مېنىڭ كۆڭلۈم تەس بولۇپ قالدى، شۇ سەۋەپتىن مېنى قىيناۋاتقان ئوي - پىكىرلەرنى بىر دەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن ھاراق ياكى ئايال زاتىنى ئىزلەشكە مەجبۇر بولدۇم... توختا! سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي: مېنىڭ مۇنۇ يېرىم ئىچىمنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ، ھەممە ۋاقىت تۇمۇ- رۇم تارتىشقاندەك بولۇپ تۇرىدۇ... تۇرمۇشتا باسقان قەدىمىم توغرا بولمىغان، بۇنىڭغا، بەلكىم ئۆزەم ئەيىپلىكتۇرمەن... ھازىر قىزىللار بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، كادىتلارغا قارشى ئاتلىنىش لازىم ئىدى. كېيىن قانداق بولىدۇ؟ كىم بىزنى سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويىدۇ؟ ئارىمىزدىكى ئومۇمى رەنجىش- ئارازلىق قانداق يول بىلەن تۈگەيدۇ؟ كازاكلارنىڭ يېرىمى دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرۇپتۇ، بۇ يەردە قالغانلىرى قۇتراپ، ئايىغى ئاستىدىكى يەرنى غاجىماقتا... كاللام ئېلىشىپ كەتتى، ناتاشكا... بايا گىرىشاكا بوۋاڭمۇ ئىنجىلدىن بەزى نەرسە- لەرنى ئوقۇپ، بىزنى خاتا ئىش قىلدىڭلار، قوزغىلاڭ كۆتىرىش لازىم ئەمەس ئىدى، دىگەن گەپنى قىلدى. بۇ ئىش ئۈچۈن داداڭنىمۇ تىللاپ بەردى.

— بوۋام — ئالىلقاچان ئەقلىدىن ئاداشقان ئادەم. ھازىر سېنىڭ نۆۋىتىڭ.

— مانا سەن شۇنچىلىكلا ئويلىيالايسەن. باشقا نەرسىگە

ئەقىلىڭ يەتمەيدۇ...

— ھەي، سەن گەپنى ئايلاندۇرۇپ، مېنى ئالدىمساڭچۇ! قىلغۇلۇقنى قىلدىڭ، ھەممە ئەيىپ ئۈستۈڭدە. ئەمدى كېلىپ ھەممە بالانى ئۇرۇشقا ئارتىپ قويماقچى بولۇۋاتىسەن. سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئاشۇنداق خەلق! سەن كاساپەتنىڭ سەۋىۋى بىلەن تارتقان ئەلىمىم ئازمۇ؟ ھەي ئىسىت، مەن شۇ چاغدا ئۆزەمنى جېنىم چىققۇدەك دەرىجىدە بوغۇزلىمىغان ئىكەنمەن...

— ئەمدى سەن بىلەن ھېچنەرسە توغرىلىق سۆزلەشمەيمەن. ئەگەر ساڭا ئېغىر كەلسە، ۋاقىراپ يىغلاۋەر — سىلەر ئاياللارنىڭ قايغۇسىنى كۆز يېشى ھەر قاچاندا يۇمشىتىدۇ. مەن ھازىر ساڭا تەسەللى بېرىپ پەسلىتىدىغان كىشى ئەمەسمەن. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم باشقىلارنىڭ قېنى بىلەن شۇنچىلىك بويالغانكى، مەندە كىشىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش دېگەن نەرسە قالمىغان. بالىلارغىمۇ ئانچە ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەيمەن، ئۆزەم توغرىلىقمۇ قىلچە ئويلاپ قويمايمەن. ئۇرۇش ۋۇجۇدۇمدىن بار نەرسىنى شوراپ قۇرۇتۇپ بولغان. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە قورقۇنچلۇق بولۇپ قالدىم... مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىمغا قارايدىغان بولساڭ، ئىچى بوش قۇدۇققا ئوخشاش قاپ ـ قاراڭغۇ...

بۇلار ئۆيگە يېتىپ كېلەي دېگەندە، كىچىككىنە كۆل رەڭ بۇلۇت چېپىپ كەلدى ـ دە، چوڭ ـ چوڭ يامغۇر تامچىلىرى قىيپاش شارىلداشقا باشلىدى. يامغۇر يولدىكى يېنىك ئاپتاپتا ھىد كېلىپ تۇرغان چاڭ ـ توزاڭنى باستى، ئۆگزىلەردە تاراسلاپ، مۇسەپپا سالقىن ھاۋانىڭ ھىدىنى تارقاتتى. گىرىگورىي شىنېلىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، ھۆكرەپ يىغلاپ تۇرغان ناتالىيەنى بىر پېشى بىلەن يېپىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار ئاشۇنداق بىر شىنېلىنىڭ ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

زىچ تىقىلىشقان پېتى باھارنىڭ شوخ يامغۇرى ئاستىدا ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى.

كەچقۇرۇن گىرىگورىي ھويلىدا يەر يۇمشىتىدىغان سايماننى ئوڭلاپ قويدى. سىيالكىنىڭ ئۇرۇق چاچىدىغان نولىرىنى تەكشۈردى. «چۆيۈنباش» سېمونىنىڭ 15 ياشلىق بالىسى تۆمۈرچىلىكنى ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن كۈندىن تارتىپ تاتارىستىكىدا قېپقالغان يالغۇز بىرلا تۆمۈرچى ئىدى. شۇبالا مېلېخوفنىڭ كونا سوقىسىغا بىر ئامال بىلەن چىش ئورنىتىپ بەردى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشىنىڭ ھەممە تەييارلىقى پۈتتى. ئۆكۈزلەرمۇ قىشتىن خېلى سېمىز چىققان. چۈنكى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئوت - چۆپ تەييارلىغان ئىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەن گىرىگورىي دالىغا چىقىشقا تەييارلاندى. ئىلگىنىشنا بىلەن دۇناشكا يەر ھەيدىگۈچىگە سەھەرگە ئۇلگۇرتۇپ تاماق تەييارلاش ئۈچۈن كەچ بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ مەشكە ئوت يېقىشقا كىرىشتى. گىرىگورىي بەش كۈن ئىشلەپ، ئۆزىگە ۋە قېيىنانىسىغا ئۇرۇق چېچىپ بېرىشنى، كۆكتات ۋە ئاپتاپپەرەس ئۈچۈن ئىككى دېساتىنا يەر ھەيدەشنى ئويلىغان ئىدى. ئۇنىدىن كېيىن، قالغان تېرىلغۇلارنى تاماملاش ئۈچۈن بۆلۈنمىدىن ئاتىسىنى چاقىرتماقچى بولغان ئىدى.

ئۆيىنىڭ مورىسىدىن بىنەپشە رەڭ تۈتۈن يۇقىراپ چىقىپ تۇراتتى. ھويلىدا بويىغا يېتىپ قالغان دۇناشكا يۇگۈرۈپ يۈرۈپ قالاش ئۈچۈن قۇرۇق چاۋا تېرىۋېتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ يۇپ - يۇمۇلاق يۈزىگە، كېلىشكەن قامىتىگە، تىك كۆتىرىلىپ تۇرغان كۆكرەكلىرىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ، غەم ۋە ئەلەم بىلەن ئويلايتتى: «توۋا، ماۋۇ قىز نىمانداق چوڭ بولۇپ كەتكەن! ھايات دىگەن

شوخ ئاتتەك ئۇچۇپ ئۆتىدىكەن. دۇناشكا تېخى تۇنۇگۇنلا ماڭقا قىزچاق ئەمەسمىدى؛ يۈگۈرگەندە ئۆرۈمە چېچى دۈمبىسىدە چاشقاننىڭ قۇيرۇغىدەك پىلتىڭلايتتى. مانا ئەمدى ئۇنى بۈگۈنلا ئەرگە بەرسە بولۇۋېرىدۇ. ھازىر مېنىڭ چاچ - ساقىلىمغا ئاق كىرىپ، ھەممە نەرسە مەندىن قايتىۋاتىدۇ... گىرىشاكا بوۋا: «ھايات دېگەن تومۇزنىڭ ئىسسىغىدەك غىل - پال قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ»— دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن. ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقى مانا شۇنىڭدىن مەلۇم، يەنە كېلىپ ئاشۇ چەكلىك ئۆمۈردىنمۇ مەھرۇم بولۇش لازىم بولۇپ تۇرۇپتۇ ... بۇنداق مەنىسىز تۇرمۇش قۇرۇپ كەتسۇن! ئۆلتۈرسە، تېزرەك ئۆلتۈرسە بولاتتى.

ئۇنىڭ قېشىغا دارىيە كەلدى. ئۇ پېترو ئۆلگەندىن كېيىن ئاجايىپ تېزلا ئاۋالقى ھالىغا كەلگەن ئىدى. دەسلەپكى چاغدا قايغۇرۇپ يۈردى. ھەسرەت - ئەلەمدىن سامانىدەك سارغايدى. ھەتتا قېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمما باھار شامىلى سوقۇش بىلەنلا ئاپتاپنىڭ ئىسسىقى تېگەر - تەگمەستىن، دارىيەنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىمۇ ئېرىگەن قار بىلەن بىللە يوقالدى. سوزۇنچاق كەلگەن ئىككى مەڭزىگە لەتىپ قىزىللىق يۈگۈرۈپ، گۈل - ئېچىلغان، خىرەلەشكەن كۆزلىرى يېڭىۋاشتىن چاقناشقا باشلىغان، يۈرۈشىدە سىلىق جىلۋە پەيدا بولغان ئىدى... كونا ئادەتلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن: ئىنچىكە كامان قاشلىرىغا قاپ - قارا قاشلىق ئېتىلىپ، ئىككى مەڭزى ماي بىلەن پاقىرتىلغان ئىدى؛ ئۇنىڭ چاخچاقچىلىقى ۋە كېرەكسىز سۆزلەر بىلەن ناتالىيەنى ئېزا تارتقۇزۇشقا ئامراقلىقى قايتا باشلانغان؛ لەۋلىرىدە نىمىنىدۇ بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلغان مۇجمەل بىر تەبەسسۇم پەيدا بولغان... غالىپ كەلگەن ھايات ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەن ئىدى.

ئۇ گىرىگورىينىڭ قېشىغا كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ توختاپ تۇر-دى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدىن تەرخەمەك پەداز مېيىنىڭ مەس قىلغۇچى پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بەلكىم بىرەر ئىشقا يارىدەملىشىشتىن كېرەك بولار، گىرىشىڭىزكا؟

— يارىدەملىشىدىغان ھېچ ئىش يوق.

— ۋاي - ۋۇي، گىرىگورىي پانتېلىيېۋىچ! مەن بىر تۇل ئايالغا نىمانچە قاتتىق بولۇپ قالغانسىز! كۈلۈمسىرەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مۇرىڭىزنى قىمىرلىتىپمۇ قويمايسىز.

— مەسخىرىۋاز، سەن بېرىپ تاماق ئەتسەڭچۇ!

— ۋاي - ۋۇي، كېرەكلىكى شۇ ئىكەن - دە!

— ناتالىيەگە يارىدەملەشسەڭچۇ! مىشاتكا ئەنە پۈتۈن بەدى-نى پاتقاق — لايغا مىلىنىپ يۈرۈپتۇ.

— ئەمدى ماڭا شۇ قالغانىمدى! بالىنى سىلەر تېپىپ، مەنـ-زە سىلەر ئۈچۈن بالىنى يۇيۇپ تازىلايدىكەنمەن - دە؟ بۇ قاملاشقان گەپ! سېنىڭ ناتالىيەڭ ئۆي تۇتقىنىغا ئوخشاش بالا تۇغۇپ بېرىشنىلا بىلىدۇ. ئۇ ساڭا يەنە ئوننى تۇغۇپ بېرەر، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇيىدىغان بولسام، قولۇمدىن ئايرىلىپ قالارمەن.

— بولدى، بولدى ئەمدى، ماڭساڭچۇ!

— گىرىگورىي پانتېلىيېۋىچ! سىز ھازىر يېزىدا ھەممىز ئۈچۈن بىرلا كازاكسىز. مېنى قوغلىماي تۇرۇڭ، يىراقتىن بول-سىمۇ، سىزنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان قارا بۇرۇتىڭىزنى كۆرۈۋالاي.

گىرىگورىي كۈلۈپ تاشلىدى ـ دە، تەرگە پىشقان ماڭلىيىدىن
چېچىنى ئارقىسىغا قايرىدى.

— سەن بالا ـ قازا ئايال ئىكەنسەن! پېترو سەن بىلەن
قانداق بىللەن ئۆتتىڭكىنە ... سەندىن ھېچنىمە قۇتۇلمايدىغان
ئوخشايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ! — دەپ دارىيە مەغرۇرلۇق بىلەن
ماقۇللاپ قويدى ـ دە، ئاندىن ئويناقلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى
يۇمچاقلىتىپ، گىرىگورىيغا يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، بىردىنلا چۆچۈگەن
كىشى بولۇپ، ئۆي تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى، — ۋوي، كۆزۈمگە
ناتالىيە چىققاندەك كۆرۈنۈپ كەتتىغۇ... سىنىڭ ئۇ نىمەڭ نىمانچە
كۈنلۈكچىدۇ، بۇنداق قىلىش لايىق ئەمەس! بۈگۈن چۈشلۈك
تاماقتا ساڭا بىرلا قېتىم قاراپ قويۇۋىدىم، چىرايى ئۆزگىرىپلا
كەتتى. تۈنۈگۈن ماڭا ياش چوكانلار مۇنداق دېيىشتى: «بۇ قانداق
ھەقىقەت؟ يېزىدا كازاكلار يوق، ئەمما سىلەرنىڭ گىرىشكا ئۆيىگە
بىرنەچچە كۈن تۇرۇشقا كېلىپ، ئايالىنىڭ قېشىدىن چىقمايدىكەن،
خوش، بىز ئۇ چاغدا كۈننى قانداق ئۆتكۈزىدىكەنمىز؟ ئۇ گەرچە
يارىدار بولسىمۇ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا يېرىم ـ ياتىسى ساق قال-
غان بولسىمۇ، بىز ئاشۇ ساق قالغان يېرىمىنىڭ ھوزۇر ـ راھىتى-
نى كۆرسەك بولمامدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، كېچىسى تالادا
يۈرمىسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، تۇتۇۋالساق، ئۆزىگە بالا تېپى-
ۋالىدۇ!» مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: «ياق، چوكانلىرىم، بىزنىڭ
گىرىشانىڭ پەقەت باشقا يېزىلاردىلا كالتە ئاياقتا ئاقساپ يۈرى-
دىغان ھۇنىرى بار. ئەمما ئۆيىگە كەلگەندە ناتالىيەنىڭ ئېتىكى-
دىن تۇتۇۋېلىپ بىر قەدەممۇ نېرى سىلجىمايدۇ. بىزنىڭ بۇ
يىگىتىمىز يېقىندىن بۇيان ئەۋلىيا بولۇپ قالدى...»

— هوي، قانجۇق! — دېدى گىرىگورىي ئاچچىقلانماستىن كۈلۈپ، — سېنىڭ تىلىڭ، ئاددىسى تاختاي يۇيىدىغان لاتا ئىكەن!

— نىمە دىسەڭ دەۋەر، بارىم شۇ ... ئەمما سېنىڭ ناتاشكاڭ، چىرايلىغىڭ، مەسۇم ئاپالىڭ ئاخشام سېنى قېشىغا يولاتمىدىمۇ؟ سەن ئەتقا پەقەت شۇنداق قىلىش لازىم، بۇندىن كېيىن يولدىن چىقمايدىغان بولىسەن!

— ھەي، سەنزە مانا بەك ... سەن يولۇڭغا ماڭ، داشكا. سەن باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالما.

— ئارىلىشىۋاتقىنىم يوق. پەقەت سېنىڭ ناتالىيەڭنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچىمەن. ئېرى قايتىپ كەلسە، ئۇ مايتاتىپ، ئىنچىقلىق قىلىپ، بىر تىيىنلىك پىرەندىكتەك، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ ... مەن بولۇپ قالسام ھازىر كازاكتىن ۋاز كەچمىگەن بولاتتىم! مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالساڭ ... ساڭا ئوخشاش باتۇرنى دەھشەتكە سالاتتىم!

داريىيە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە ھىجىيىپ، ئىزا تارتىپ تۇرغان گىرىگورىيغا قايرىلىپ قاراپ قويۇپ، ئالتۇن سىرغىسىنى پاقىرىتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

«قازا تېپىشىڭ سەن ئۈچۈن بەخت بولغان ئىكەن، قېرىندىشىم پېترو، — دەپ ئويلىدى كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان گىرىگورىي، — بۇ دارىيە ئەمەس، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان شەيتان ئىكەن! بۇ بالا - قازا سېنى مەيلى بالدۇر، مەيلى كەچ بولسۇن، بەرىبىر ئۆلتۈرمەي قويماس ئىدى!»

# 47

ياخمۇتكىن يېزىسىدا ئەڭ ئاخىرقى چىراقلارمۇ ئۆچكەن ئىدى. يېنىك شۇۋىرغان توختاق سۇلارنىڭ يۈزىنى نېپىز مۇز پەردىسى بىلەن ياپقان. قەيەردىدۇ يېزىنىڭ چەت بىر يېرىدە، ئوتلاقنىڭ ئىرىسىدا كېچىكىپ قالغان تۇرنىلار بۇلتۇرقى ئېگىز-نىڭ ئۈستىگە قونۇپ قېلىش ئۈچۈن چۈشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزمىنى، ھارغىن قاقىرلاشلىرىنى شەرقىي شىمالدىن سوققان مەيىن شامال يېزىغا ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. ئاشۇ قاقىرلىغان ئاۋاز ئاپرېل كېچىسىنىڭ جىمجىتلىقىنى نازۇك روشەن تۈس بىلەن ئالايىتەن كۆچەيتەتتى. باغلارنىڭ ئىچىنى قېلىن سايە قاپلىغان: قەيەردىدۇ كالا مۆرەيتتى، كېيىن ھەممە جىمىپ قالدى. يېرىم سائەتچە ئەتراپ جىمجىت سۈكۈناتقا چۆمدى، بۇ سۈكۈناتنى پەقەت كېچە-سىمۇ ئۇچقان غورىلايلارنىڭ بىر ـ بىرىنى سېغىنغان قىچقىرىشلىرى ۋە سان ـ سانافسىز ئۆردەكلەرنىڭ غۇيۇلدىغان زىل قانات ئاۋازى ئاندا ـ ساندا بۇزۇپ تۇراتتى: توپ ـ توپ ئۇچقان ئۆردەكلەر تاشقىنلاپ تۇرغان دوننىڭ بويىدىكى كەڭ سۇ باسقان چىمەنزار-لىققا يېتىشىلىشقا ئالدىرىشاتتى ... شۇندىن كېيىن چەتتىكى كوچىدا ئادەملەرنىڭ ئاۋازى جاڭىلداشقا باشلىدى، تاماكا ئوتى قىزىرىپ ياناتتى، ئاتنىڭ خىقىرىغىنى، مۇز قاتقان لاينىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چاراسلاپ سۇنغىنى ئاڭلاندى. بۇلار يېزىغا قايت-قان چارىغىچىلار بولۇپ، بۇ يېزىدا 6 ـ مۇستەقىل بىرىگادىنىڭ

ئەركىنۋىدىكى قوزغىلاڭچى كازاكلارنىڭ ئىككى بۆلۈنمىسى تۇراتتى. كازاكلار چەتتىكى ئۆينىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتى؛ ئۇلار گۈرۈڭ ـ گۈرۈڭ سۆزلىشىپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى تاشلاندۇق چانىلارغا ئاتلىرىنى باغلاپ، يەم ـ خەشەك سېلىپ بەردى. بىرسى خىرىلداق بوم ئاۋاز بىلەن بىر ئۇسۇلنىڭ ناخشىسىنى باشلاپ، ھەر بىر سۆزىنى دەل چىقىرىشقا تىرىشىپ، ھارغىن ۋە ئاستا ئېيتىشقا باشلىدى:

يۇرۇپ ياقتىم مىسلداق،
مەن سىلىق قەدەم تاشلاپ.
كونا ئىشقىم بويىچە
قىز بىلەن چاخچاق باشلاپ.

شۇئاندا كۆيگە جۆر بولغان جۇشقۇن ئىنچىكە ئاۋاز، گۈدۈكلاپ چىقىۋاتقان ئاۋازنىڭ ئۈستىدىن پەرۋاز قىلدى ـ دە، شادىمان چاڭىلداپ، مۇنۇ كۆيىنى باشلىدى:

قىزغا چاخچاق ياقمىدى،
تەستىگىمگە بىر سالدى.
شۇ كازاكلىق يۈرىكىم
لاپ قىلىپلا ئوت ئالدى.

ناخشىغا يەنە بىرنەچچە بوم ئاۋاز قوشۇلۇپ، سۈرئەت تېزلىتىلدى، جانلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىنچىكە جۆر ئاۋاز يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىلىپ، ئۆزىنى كۆرستىشكە باشلىدى ـ دە، ئەمدى جۇشقۇن، يېقىملىق كۆيلەشكە باشلىدى:

ئوڭ بىلەكنى شۇمۇردۇم،
قىز قولىمدىن بىر ئۆپتۇم.
ئېھ، قىز تۇرار ئارازلاپ،
چوغدەك يۈزى لاۋۇلداپ.
شۇندا يىغلاپ ئاچار سۆز:
«قانداق يارسەن ۋاپاسىز،
سۆيگەن قىزىڭ يەتتىكەن،
سەككىزىنچىسى — تول ئىكەن،
توققۇزىنچى — خوتۇنۇڭ،
ئونىنچىسى مەن بولدۇم!...»

شامال تۈگمىنىنىڭ نېرىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان كازاكلار شۇدىگەر قىلىنغان ئېتىزلاردىكى تۇرنىلارنىڭ قاقىرلىشىنى، ھەم كازاكلارنىڭ ناخشىسىنى، ھەم قاپ - قاراڭغۇ تۈندىكى ياۋا ئۆدەكلەر قاناتلىرىدىن چىققان ئۇشقۇرت ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. كېچىدە تۇك قاتقان سوغاق يەردە يېتىش ئۇلارغا زېرىكىشلىك ئىدى. نە تاماكا چېكىشكە، نە سۆزلىشىشكە بولمايتتى، نە يۈرۈپ ئىسسىنىۋېلىشقا ياكى مۇشتى بىلەن ھورداپ ئىسسىنىۋېلىشقا بولمايتتى. بۇلتۇرقى ئاپتاپپەرەس شادىلىرىنىڭ ئارىسىدا ياتقىن - دە، شۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ، چەكسىز كەتكەن قاپ - قاراڭغۇ دالىغا قارا، قولىڭنى يەرگە يېقىپ، ئەتراپقا قولاق سال، ئۇن قەدەم نېرىدا ھېچنىمە كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما ئاپرېل كېچىسى شىتىر - شىتىرغا شۇنچىلىك بايكى، قاراڭغۇدا گۇمانلىق تاۋۇشلار شۇنچە كۆپكىلىدۇكى،

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھەرقاندىغى تەشۋىش تۇغدۇرىدۇ: «قىزىل ئارمىيە چارلىغۇچىلىرى كېلىۋاتقان بولمىسۇن، ئۆملەۋاتقان بولمىسۇن؟» — دەپ قۇلىغىڭنى دىڭ تۇتىسەن. يىراقتىن قاراسىسدە قوراي سۇنغاندەك قىلىدۇ، بىرسىنىڭ قىسىلىپ تۇرۇپ نەپەس ئالغانلىغى ئاڭلانغاندەك قىلىدۇ... ۋىپرەژكىن ئىسسىملىك ياش بىر كازاك جىددىلەشكەنلىكتىن، كۆزىگە كەلگەن ياشنى پەلىيى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، يېنىدىكى كازاكنى جەينىگى بىلەن تۈرتىدۇ، بۇ كازاك كۆن ئوقدانىنى بېشىغا قويۇپ، تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۈگدەۋاتاتتى؛ ياپون ئوقدانى قوۋۇرغىسىغا پاتىسمۇ، ئۇ ئەپلىكرەك يېتىشقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ؛ مەھكەم ئورىلىۋالغان شىنېلىنىڭ ئىچىگە كەچكى سوغاق ھاۋا كىرگۈزۈشنى خالىمايدۇ، قوراينىڭ شىتىرلىشى ۋە بىرسىنىڭ پۇشۇلدىشى كۆچىيىدۇ ـ دە، تۇيۇقسىز نەق ئاشۇ ۋىپرەژكىننىڭ قېشىدىلا بىر ئۈن ئاڭلىنىدۇ. ئۇ جەينىگىنى يەرگە تىرەپ، ئورنىدىن سەل كۆتىرىلىدۇ ـ دە، توقۇلما بولۇپ كەتكەن قورايلارنىڭ ئارىسىدىن ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، يوغان بىر كىرپىنىڭ شەكلى ـ تۇرقىنى تەسلىكتە پەرق ئېتىدۇ. كىرپە كىچىككىنە چوشقا تۇمشۇغىنى تۆۋەن سېلىپ، پۇشۇلداپ ۋە تىكەنلىك دۈمبىسى بىلەن قۇرۇپ قالغان قورايلارنىڭ پايىسىنى جىجىپ، چاشقاننىڭ ئىزى بىلەن ئالدىراش ئالغا ئىلگىرىلەپ بارىدۇ، توساتتىن ئۇ ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا دۈشمەندەك بىر نەرسىنىڭ بارلىغىنى سېزىدۇ ـ دە، بېشىنى كۆتىرىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرىدۇ. ئادەم «ئۇھ» دەپ يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ پىچىرلايدۇ:

— ھوي ھارامزەدە، ئادەمنى تازا قورقۇتتىڭغۇ...

كىرپە بولسا بېشىنى چاپسانلىق بىلەن يوشۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ، ئاندىن بىر مىنۇتچە تۈگۈلۈپ يېتىۋالىدۇ،

شۇندىن كېيىن ئاستا ئۆزىنى رۇسلاپ، ئايىغىنى سوغاق يەرگە تەگكۈزدى ۋە ئاپتاپپەرەسنىڭ شادىلىرىغا سوقۇلۇپ، چىرىگەن يۆگمەچلەرنىڭ قۇرۇق غازاڭلىرىغا چۈمكىلىپ سىپ - سىلىق كۆل رەڭ پومزەكتەك يۇمۇلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن يەنە سۆكۈنات باشلىنىدۇ، كېچە خۇددى چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەندەك...

يېزىدا خوراز 2 - قېتىم قىچقاردى، ئاسمان سۈزۈلدى، شالاڭ بۇلۇت پەردىسىنىڭ ئارىسىدىن دەسلەپكى يۇلتۇزلار كۆرۈندى، ئاندىن كېيىن شامال بۇلۇتنى توزغىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن سان - ساناقسىز ئالتۇن كۆزلىرى بىلەن چىمىرلاپ يەرگە قارىدى.

مانا دەل شۇ چاغدا ۋىيرەژكىن ئالدى تەرەپتىن ئاتنىڭ ئېنىق قەدەم ئاۋازىنى، قورالىنىڭ قاسىرلىغىنىنى، قانداقتۇ مېتاللىنىڭ جىرىڭلىغىنىنى، بىرئازدىن كېيىن ئېگەرنىڭ غىچىرلىغىنىنى ئاڭلىدى، قالغان كازاكلارمۇ ئاڭلاشتى، بارماقلار مىلتىقنىڭ تەپكىسىگە قويۇلدى.

— تەييارلان! — دېدى پىچىرلاپ ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ ياردەمچىسى.

يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ هاۋا بوشلۇقىدا بىر ئاتلىق ئەسكەرنىڭ گويا قايچىدا قىيىپ چىقارغاندەك خىرە فىگورىسى پەيدا بولدى. بىرسى يېزىغا قاراپ ئېتىنى ئاستا چامدىتىپ كېلىۋاتاتتى.

— توخ - ت - ا - ا! كېلىۋاتقان كىم؟ رۇخسەت قەغىزىڭ بارمۇ؟

كازاكلار ئېتىشقا هازىرلىنىپ، دۆرىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاتلىق ئادەم توختاپ، ئىككى قولىنى كۆتەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەتى ئادرېسى

— يولداشلار، ئاتماڭلار!

— رۇخسەت قەغىزىڭ بارمۇ؟

— يولداشلار!...

— قەغىزىڭ بارمۇ؟ ۋىز - ۋو - ت...

— توختاپ تۇرۇڭلار!... مەن يالغۇز... تەسلىم بولىمەن!...

— توختاپ تۇرۇڭـلار، بۇرادەرلەر! ئـاتماڭلار!... تىرىـك تۇتۇۋالايلى!...

ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ يارەمچىسى ئاتلىقنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى، ۋېپرەژكىن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتتـى، ئاتلىق بىر پۇتىنى ئىگەردىن ئارتىلدۇرۇپ، پەسكە چۈشتى.

— سەن نىمە ئادەم؟ قىزىل ئارمىيىمۇ؟ ھەئە، بۇرادەرلەر، نـەق شۇ ئـىكەن! ئەنە پاپـاخىدا يۇلتۇزى تۇرۇپتۇ. قولغا چۈشـتۈ - ڭ - مۇ!...

ئاتلىق پۇتلىرىنى سىلاپ كېرىلدۈرۈپ، ئەمدى خاتىرجەملىك بىلەن سۆزلىدى:

— مېنى باشلىغىڭلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر خـەۋەر بـار، مـەن، سېردوب پولكىنىڭ كـومـاندىرىمەن، بۇيەرگە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش ئـۈچۈن كەلدىم.

— كوماندىر؟... ئۆلتۈرۈش كېرەك بۇ گېزەندىنى، بۇرادەرلەر! لۇكا، بۇياققا تۇرغىنا، مەن ئۇنى ھازىر...

— يولداشلار، مېنى قاچاندا ئۆلتۈرسەڭلار بولۇۋېرىدۇ، ئەمما مەن ئالدى بىلەن كوماندىرىڭلارغا نـىمە ئـۈچۈن كـەلگەنلىگىمنى ئېيتىۋالاي، تەكرارلاپ ئېيتىمەن: ناھايىتى مۇھىم بىرئىش بـىلەن كەلدىم، ئەگەر مېنى قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقساڭلار، مەرھەمەت

قىلىپ، ھەممە قورالىمنى ئېلىۋېلىڭلار ...

قىزىل كوماندىر ئوفىتسېرلىك يەلكە تاسمىلىرىنى يېششكە باشلىدى.

— يەش! يەش! — دەپ ئالدىراتتى ئۇنى كازاكلارنىڭ بىرسى.

يېشۋېلىنغان ناگان بىلەن قىلىچ مۇئاۋىن ۋىزۋوت كوماندىرنىڭ قولىغا ئۆتتى.

— سېردوب كوماندىرنى ئاختۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ قىزىل كوماندىرنىڭ ئېتىغا مىنىۋېلىپ.

قولىغا چۈشكەن ئەسىرنى بىر قۇر ئاختۇرۇشتى، مۇئاۋىن ۋىزۋوت كوماندىرى بىلەن كازاك ۋېپرەژكىن ئىككىسى ئۇنى يېنىغا ھەيدەپ ماڭدى. ئەسىر پىيادە يۈردى، ئاۋستىرىيە كارابىن مىلتىغىنى يانتۇ تۇتۇۋالغان ۋېپرەژكىن ئۇنىڭ يېنىدا ماڭدى. خۇرسەن بولغان مۇئاۋىن ۋىزۋوت كوماندىرى ئات ئۈستىدە ئارقىدا كېلەتتى.

ئۇن مىنۇتچە ئۈنچىقماي يۈرۈشتى. مۇھاپىزەت ئاستىدىكى ئادەم پات - پات توختاپ، شامالدا ئۆچۈپ قېلىۋاتقان سەرەڭگىسىنى شىنېلىنىڭ پېشى بىلەن توساپ تاماكا تۇتاشتۇراتتى. ئىسسىل تاماكىنىڭ خۇش پۇرىغى ۋېپرەژكىننىڭ نەپسىنى تاقىلدىتاتتى.

— ماڭا بىر تال بەرسەڭچۇ، — دەپ سورىدى ئۇ.

— خوپ، بولىدۇ!

ۋېپرەژكىن ئىچى پاپىروسقا لىق تولغان كۈن تاماكا قۇتىسىدىن بىر تال پاپىروسنى ئالدى - دە، تاماكا قۇتىسىنى ئۆزىنىڭ يانچۇغىغا سالدى. سېردوب كوماندىرى بولسا غىڭ قىلمىدى، ئەمما كۆپ ئۆتمەي، يېنىغا كىرگەن چاغدا، سورىدى:

— مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟
— بارغاندا بىلىسەن.
— ھەر ھالدا بىلىپ باقسامچۇ؟
— بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ قېشىغا.
— مېنى بىرىنگادا كوماندىرى بوگاتىرېۋنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار.
— بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق.
— ئىمىشقا يوق ئىكەن؟ تونۇگۈن ئۇنىڭ باشخۇتكىنىغا ئۆز شتابى بىلەن كەلگەنلىكىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، ھازىر ئۇ مەشەدە.
— بۇنىڭدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىزيوق.
— مەيلى، بوپتۇلا، يولداشلار! بۇئىش ماڭا مەلۇم، سىلەرگە مەلۇم ئەمەسكەن ... بۇ ھەربى مەخپىيەت ئەمەسقۇ، بولۇپمۇ بۇ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارغا مەلۇم بولۇپ بولغان نەرسە.
— ماڭە، ماڭ!
— مېڭىۋاتىمەنغۇ. ئەمما مېنى بوگاتىرېۋنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار.
— ئۇنۇڭنى ئۇچۇر! ھەربى نىزام بويىچە، ماڭا سەن بىلەن سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان.
— خوش، تاماكا قۇتىسىنى ئېلىۋېلىش ھەربى نىزام بويىچە رۇخسەت قىلىنغانمۇ؟
— بۇنداق ئىشلار بولىدىغۇ! ماڭ، ماڭ، تىلىڭنى تارت، ئۇنداق بولمىغاندا، ھازىرلا شىنېلىڭنى سالدۇرۇۋالىمەن، قارا، تېخى، ئاچچىقى بار ئىمىكەن بۇ!
بۆلۈنمە باشلىقىنى مىدىرلىتىپ تەسلىكتە ئىويغىتىشتى، ئۇ

مۇشتى بىلەن ئۇزاققىچە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئەسنىدى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە خوشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن مۇ- ئاۋىن ۋىزۇوت باشلىقىنىڭ ئۆزىگە نىمە دىگەنلىگىنى ھىچ ئاڭقى- رالماي قالدى.

— كىم دىدىڭ؟ سىيردوپ پولكىنىڭ كوماندىرى؟ يالغان سۆزلەۋاتقىنىڭ يوقمۇ؟ ھۆججەتلىرىڭنى چىقار.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ قىزىل كوماندىر بىلەن بىللە بىرىگادا باشلىغى بوگاتىرېۋ تۇرغان ئۆيگە كەلدى.بوگاتىرېۋ سىيردوپ پولكى كوماندىرىنىڭ قولغا چۈشكەنلىگىنى ۋە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىگىنى ئاڭلا - ئاڭلىماستىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ شالۋۇرىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، سىپمىز مۇرىسىگە ئاس- ما باغلارنى تارتتى، شۇنىڭ بىلەن 5 - شىشىلىك چىراقنى ياق- تى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنىڭ تۈۋىدە قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرغان قىزىل كوماندىردىن سورىدى:

— سىز سىيردوپ پولكىنىڭ كوماندىرىمۇ؟

— ھەئە، مەن سىيردوپ پولكىنىڭ كوماندىرى ۋورونوۋىسكى بولىمەن.

— ئولتۇرۇڭ.

— تەشەككۈر ئېيتىمەن سىزگە.

— سىزنى قانداق قىلىپ... قانداق شارائىتتا قولغا چۈشۈرۈشتى؟

— مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئۆزەم كېلىۋاتاتتىم. مەن سىز بىلەن يەككە سۆزلىشىشىم لازىم ئىدى. بۇيرۇق بەرسىڭىز، باشقى- لار چىقىپ تۇرسا.

بوگاتىرېۋ قول ئىشارىسى قىلىۋىدى، قىزىل كوماندىر بىلەن

بىللە كەلگەن بۆلۈنمە باشلىغىمۇ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئې-
چىپ تۇرغان مەللە ساقال كونا ئېتىقاتچى ئۆي ئىگىسىمۇ چىقىپ
كېتىشتى. بوگاتىرېۋ پاكىز قىرىلغان، تاۋۇزدەك يۇپ - يۇمۇلاق،
قوڭۇر بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ. كىرلىشىپ كەتكەن ئۈچ كۆينىكى
بىلەنلا شىرەنىڭ قېشىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئۇيقۇ-
دىن ئىششىغان، ئەپسىز يېتىپ قالغانلىقتىن، يول - يول قىزىل
ئىز پەيدا بولغان يۈزىدە سىپايى بىر قىزىقىش ئىپادىسى بىلىنىپ
تۇراتتى.

ۋورونوۋىسكى ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، بەدى-
نىگە چىپپىدە كەلگەن شىنېلىنىڭ ئۈستىگە ئوفىتسېرلىك تاسما
باغلارنى تارتىۋالغان ئىدى، ئۇ تۈپ - تۈز يەلكىسىنى كېرىپ
ئولتۇردى، قىرقىم قارا بۇرۇتى ئاستىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— ئىشىنەمسىز، بىر ئوفىتسېر بىلەن سۆزلىشىش شەرى-
پىگە ئىگە بولۇۋاتقاندۇرمەن؟ ئالدى بىلەن ئۆزەم توغرىلىق بىر-
ئىككى سۆز ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىڭ، ئۇندىن كېيىن نىمە ۋەزى-
پە بىلەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەنلىكىم توغرىلىق ئېيتىپ ئۆت-
تەرمەن... ئۆتمۈشتە مېنىڭ تېگى - تەكتىم ئاق سۆڭەك بولۇپ،
چار ئارمىيىسىدە شتابس - كاپىتان ئىدىم. گېرمان بىلەن بول-
غان سوقۇش يىللىرىدا 117 - لېيۇبومىر پىيادىلەر پولكىدا خىز-
مەت قىلدىم. 1918 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى چىقارغان پەرمانغا
بىنائەن كادىر ئوفىتسېر سۈپىتىدە ھەربىي خىزمەتكە تارتىلدىم.
ھازىرقى ۋاقىتتا، مانا ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، قىزىل ئارمىيە-
دە سېردوب پولكىغا قوماندانلىق قىلىۋاتىمەن. قىزىل ئارمىيە
سېپىدە بولغان مەزگىلدە مەن ئۇزاقتىن بۇيان سىزلەر تەرەپكە...
بولشېۋىكلەر بىلەن كۆرەش قىلغۇچىلار تەرىپىگە ئۆتۈش ئۈچۈن پۇر-



www.uyghurkitap.com

سەت ئىزلەپ يۈردۈم.

— سىزنىڭ پۈرسەت ئىزلىگىنىڭىزگە خېلى ئۇزۇن بولغان ئىكەن - دە، جانابى شتابىس كاپىتان...

— ھە، ئەلۋەتتە، ئەمما مەن رۇسىيە ئالدىدىكى گۇنايىمنى يۇيۇشنى خالىغان ئىدىم، شۇڭا ئۆزەملا ئۆتتۈپ كېتىش بىلەنلا قالماستىن (بۇنداق بولغاندا ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانمۇ بولاتتى)، بەلكى ئۆزەم بىللە بىللە قىزىل ئارمىيە قىسمىنى، ئەلۋەتتە شۇلار ئىچىدىكى كوممۇنىستلارغا ئالدىنىپ، قېرىنداشلارنى قىرغىن قىلىدىغان ئۇرۇشقا تارتىلغان ئەڭ ساغلام ئېلېمېنتلارنىمۇ ئالغاچ كېتىشنى خالىدىم، — سابىق شتابىس - كاپىتان ۋورونوۋىسكى قىسىق سۇر كۆزلىرى بىلەن بوگاتىرېۋغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىك بىلەن كۆلۈمسىرىگەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن بويىغا يەتكەن قىز بالىغا ئوخشاش قىزىرىپ كەتتى - دە، ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى، — تەبىئىكى، جانابى بوگاتىرېۋ سىز ماڭا ۋە مېنىڭ سۆزلىرىمگە مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن ... سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغىنىمدا، روشەنكى، مەنمۇ شۇنداق تۇيغۇدا بولغان بولاتتىم. بۇنى سىزگە پاكىتلار بىلەن ... ئاغدۇرۇپ بولماس پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا ماڭا رۇخسەت قىلىڭ ...

ئۇ شىنېلىنىڭ پېشىنى قايرىپ، ماش رەڭ شىمىنىڭ يانچۇغىدىن قەلەمتىراشنى ئالدى، ئاندىن مۇرىسىدىكى تاسما باغلىرى غىچىرلىغىچە، پەسكە ئىگىشتى - دە، شىنېلىنىڭ زىچ تىكىلگەن پەۋازىنى ئاۋايلاپ سۆكۈشكە باشلىدى. بىر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن پەۋازنىڭ سۆكۈلگەن يېرىدىن سارغىيىپ كەتكەن قەغەزلەرنى ۋە كىچىككىنە بىر سۈرەتنى ئالدى.

بوگاتىرېۋ ھۆججەتلەرنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقتى: بۇ قەغەزلەرنىڭ بىرىدە مۇنۇلار تەستىق قىلىنغان ئىدى: «بۇ قەغەزنى كۆرسەتكۈچى راستىنلا 117 - لىيۇبومىر پىيادىلەر پولكىنىڭ پورۇچىكى ۋورونوۋىسكى بولۇپ، داۋالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان يېرى — سىمولېنىسكى ئۆلكىسىگە ئىككى ھەپتىلىك ئوتپۇسكىغا بارىدۇ.» گۇۋانامىگە 14 - سىبىر پىيادىلەر دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 8 - دالا دوختۇرخانىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، باش دوختۇر قول قويغان ئىكەن. ۋورونوۋىسكى نامىدا يېزىلغان باشقا ھۆججەتلەردە ۋورونوۋىسكىنىڭ راستىنلا ئوفىتسېر بولغانلىغى شۈبھىسىز دەپ قەيت قىلىنغان، گۇۋانامىگە چاپلانغان سۈرەتتىن ياش پودپورۇچىك ۋورونوۋىسكىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن ئورۇنلاشقان شات كۆزلىرى بوگاتىرېۋغا قاراپ تۇراتتى. ماش رەڭ ئالىپتە كالتە كەمزۇلى ئۈستىدە ئوفىتسېرلىك گېئورگى كىرېست مېدالى ۋالىلدايتتى ۋە كىرسىز ئاپپاق پاگونلىرى پودپورۇچىكنىڭ قارا قۇمچاق مەگزىنى، قارا بۇرۇتىنى تېخىمۇ ياققال قارايتىپ كۆرسەتتى.

— خوش، بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسىز؟ — دەپ سورىدى بوگاتىرېۋ.

— مەن سىزگە شۇنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كەلدىمكى، مەن ۋە مېنىڭ ياردەمچىم سابىق پورۇچىك ۋولكوف ئىككىمىز بىرلىكتە قىزىل ئەسكەرلەرنى گەپكە كۆندۈردۇق، سېردوب پولكىنىڭ پۈتۈن تەركىۋى (كوممۇنىستلار، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) خالىغان مىنۇتتا سىزلەر تەرەپكە ئۆتۈشكە تەييار. قىزىل ئارمىيىنىڭ دېيەرلىك ھەممىسى ساراتوف ئۆلكىسى بىلەن سامارا ئۆلكىسىنىڭ دېھقانلىرى. ئۇلار بولشېۋىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا قوشۇل-

دى. بىز پولكنىڭ سىزلەرگە تەسلىم بولۇش شەرتلىرى توغرىلىق هازىرلا كېلىشىم تۈزۈشىمىز لازىم. پولك هازىر ئۈست - خوپپېرىس-كايادا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا 1200 چە مىلتىقلىق كىشى بار، پارتىيە ياچېيكىسىدا 38 ئادەم، يەنە ئۇنىڭغا قوشۇمچە 30 يەرلىك كوممۇنىستلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ۋىزۋوت بار. پولكقا بېرىل-گەن توپ - زەمبىرەكلەرنى قولغا چۈشۈرۈۋالىمىز، ئەمما زەمبى-رەكچىلىرىنى بەلكىم يوقىتىشقا توغرا كېلەر، چۈنكى بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كوممۇنىستلار. مېنىڭ قول ئاستىمدىكى قى-زىل ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئاتلىرىنىڭ ئاشلىق سېلىغىدىن تار-تىۋاتقان ئېغىرچىلىقى تۈپەيلى نارازىلىق دولقۇنى كېتىۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى كازاكلار تەرەپكە ... يەنى سىلەرگە ئۆتۈشكە مايىل قىلدۇق. مېنىڭ سولداتلىرىمدا بىر ئەندىشە بار، ئۇ بولسىمۇ، پولك سىلەرگە تەسلىم بولغاندا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن زورلۇق - زومبۇلۇق يۈرگۈزۈلەرمۇ - يوق، دېيدىغان ئەندىشە ... مانا مۇشۇ مەسىلە توغرىلىق (بۇ، ئەلۋەت-تە، ئايرىم بىر هال، شۇنداق بولسىمۇ ...) مەن سىز بىلەن بىر كېلىشىمگە كېلىشىم كېرەك.

— قانداق زورلۇق - زومبۇلۇق بولۇشى مۇمكىن؟

— مەسىلەن، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاش - تالاش ...

— ياق، ئۇنىڭغا يول قويمايمىز!

— يەنە بىر ئىش: سولداتلىرىمىزنىڭ قاتتىق تۇرىدىغى-نى — سېردوب پولكى ئۆز تەركىۋىنى ئاۋالقى پېتىچە ساقلاپ قالسا ۋە بولشېۋىكلەرگە قارشى سىزلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش ئېلىپ بارساق، ئەمما مۇستەقىل جەڭگىۋار بىرلىك بولۇپ تۇرۇ-ۋەرسە دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇنى مەن سىزگە ئېيتسام ...

— بىلىمەن! بىلىمەن! بۇ توغرىدا سىز ئالىي قوماندانلىقىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاندىن بىزگە ئۇقتۇرۇشنى بېرىسىزغۇ، دەيمەن.

— ھەئە، مەن ۋېشكىغا خەۋەر قىلىشىم كېرەك.

— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ۋاقتىم بەك ئاز، ئەگەر مەن بىر سائەت كېچىكسەم قالسام، ئۇ چاغدا پولك كومىسسارى مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بايقاپ قېلىشى مۇمكىن، بىز ئالدى بىلەن پولكنىڭ سىزلەرگە تەسلىم بولۇش شەرتلىرى توغرىلىق كېلىشىۋالساقمىكىن دەيمەن، سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىز نېمە قارارغا كەلگەنلىكىنى ماڭا تېزرەك خەۋەر قىلارسىز. پولكنى دونېتسقا يۆتكەش مۇمكىن ياكى يېڭى قوشۇمچە كۈچ ئەۋەتىش مۇمكىن، شۇنداق قىلىپ ...

— خوپ، مەن ھازىرلا ۋېشكىغا ئاتلىق چاپارمەن ئەۋەتەي.

— ئەمدى يەنە بىر گەپ: سىز كازاكلىرىڭىزغا بۇيرۇق قىلسىڭىز، مېنىڭ قورال - ياراقلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسە، مېنى يالغۇز قورالسىزلاندۇرۇپلا قالماستىن، — ۋورونوۋىسكى سىلىق سۆزلەۋاتقان گېپىنى ئۈزۈپ، بىرئاز خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، — بەلكى تاماكا قۇتامنىمۇ ... ئېلىشتى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئەرزىمەس بىر نەرسە، لېكىن تاماكا قۇتىسى ماڭا ئاتىدىن قالغان مىراس سۈپىتىدە قىممەتلىك نەرسە ...

— ھەممە نەرسە سىزگە قايتۇرۇلىدۇ، ۋېشكىدىن جاۋاپ ئالغان چاغدا سىزگە قانداق خەۋەر قىلىش كېرەك؟

— سىزنىڭ بۇ يەرگە، باخمۇتكىنغا، ئىككى كۈندىن كېيىن

بىر ئايال ئۇست - خوپېرىسكايادىن كېلىدۇ. پارول ... خوپ، ما-
قۇل، «بىرلىشىش» بولسۇن. شۇ ئايالدىن سىز خەۋىرىنى بېرەر-
سىز، ئەلۋەتتە، ئېغىزچە ...

× ×

يېرىم سائەتتىن كېيىن ماكسايېۋ بۆلۈنمىسىنىڭ كازاكلى-
رىدىن بىرسى ئېتىنى شامالدەك چاپتۇرۇپ، غەرپكە، ۋېشېنىسكا-
ياغا قاراپ يول ئالدى ...

ئەتىسى كودىنوفنىڭ شەخسى چاپارمىنى باخمۇتكىنغا كېلىپ،
بىرىگادا كوماندىرى تۇرىدىغان ئۆينى ئىزلەپ تاپتى - دە، ئېتىنى
پاغلىماستىنلا ئۆيگە كىرىپ، گىرىگورىي، بوگاتىرېۋغا، ئۈستىگە: «ئىن-
تايىن تېز، قەتئى مەخپى» دەپ يېزىلغان بىر قەغەز خالتىنى تاپ-
شۇردى. بوگاتىرېۋ ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن سۇرغۇچ پېچەتى-
نى بۇزدى، يۇقۇرقى دون ئوكرۇگ سوۋېتىنىڭ ئىش قەغىزىگە
كودىنوف ئۆز قولى بىلەن ئارىسىنى ئوچۇق قىلىپ مۇنۇلارنى ياز-
غان ئىدى!

«سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ، بوگاتىرېۋ؟ ئىنتايىن خوشال قى-
لىدىغان بىر خۇش خەۋەر، سېردوبلۇقلار بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بې-
رىش ئۈچۈن سېنى ۋەكىل قىلدۇق، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇلارنى
تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈش كېرەك. مېنىڭ تەكلىۋىم شۇكى، سەن
ئۇلارنىڭ قويغان تەلەپلىرىگە رازى بول، پولكنى پۈتۈن ھالىتى
بويىچە قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى، ھەتتا قورالسىزلاندۇرمايدىغانلىقى-
مىز توغرىلىق ۋەدە بەرگىن. ئۇلارغا قويىدىغان ئەڭ زۆرۈر شەرت
شۇكى، كوممۇنىستلارنى، پولك كومىسسارىنى، بولۇپمۇ بىزنىڭ

ۋېشېنسكايالىق، يېلانسكايالىق ۋە ئۇست - خوپېرسكايالىق كوممۇنىستلارنى بىزگە تۇتۇپ بەرسۇن، زەمبىرەكلەر باتارېيىسىنى، كارۋان قىسىملىرىنى، ماددى تەمىنات قىسىملىرىنى سۆزسىز قولغا ئالسۇن. بۇ ئىشنى ئىلاجىنىڭ بېرىچە تېزلەت! پولك كېلىدىغان يەرگە ئۆز كۈچلىرىڭنى كۆپەرەك توپلاپ، ئاستا قورشىۋال، ئاندىن دەرھاللا قورالسىزلاندۇرۇشقا كىرىش، ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولسا، بىر ئادەمنى قالدۇرماي، ھەممىسىنى قىرىۋېتىپ تاشلا، ئېھتىيات بىلەن، ئەمما دادىل ھەرىكەت قىل. قورالسىزلاندۇرۇپ بولۇش بىلەنلا پۈتۈن پولكنى بىر يولى ۋېشېنسكاياغا ئەۋەت، ئۇلارنى دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ھەيدە، شۇنداق قىلغاندا ئوڭايراق بولىدۇ، چۈنكى ئۇياققا فرونتمۇ يىراقراق، دالىسىمۇ تاقىر - يالىڭاچ، ئەگەر ئۇلار ھوشىغا كېلىپ، قېچىپ كېتىشنى ئويلىسا، ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ، ئۇلارنى دون ياقىسى بويلاپ، يېزىلار ئىچى بىلەن ئەۋەت. ئىككى ئاتلىقلار بۆلۈنمىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يىراقتىن كۆزىتىپ بارسۇن. ۋېشكىدا بىز ئۇلارنى ئىككى - ئۈچتىن بۆلۈپ، بۆلۈنمىلەرگە تارقىتىۋېتىمىز؛ كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئۆز كىشىلىرى قانداق ئۇرۇشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقىمىز. ئۇنىڭ نېرىسى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئۆز كىشىلىرىمىز بىلەن قوشۇلۇۋالغاندىن كېيىن ئۇلار بۇ ئادەملەرنى مەيلى سوت قىلسۇن، مەيلى نېمە قىلسا قىلسۇن. مېنىڭچە بولغاندا، ھەممىسىنى دارغا ئاسسۇن، ھەرگىز ئۇۋال بولمايدۇ. سېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭدىن خوشال بولىمەن، ھەر كۈنى چاپارمەن ئارقىلىق خەۋەر بېرىپ تۇر.

كودىنوف

قوشۇمچە خەتتە يەنە مۇنۇلار يېزىلغان:

ئەگەر سېردوبلۇقلار بىزنىڭ يەرلىك كوممۇنىستلارنى تۇتۇپ بەرسە، كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۇلارنىمۇ

يېزا ئارقىلىق ۋېشكىنغا ئەۋەت، ئەمما ئالدى بىلەن سېردوبىلۇقلارنى ئۆتكۈزۈۋەت، مۇھاپىزەتچىلىككە نەق ئىشەنچلىك (بىر قەدەر باغرى تاش ۋە قېرىراق) كازاكلارنى تاللاشنى تاپشۇرغىن، ئۇلار يەرلىك كوممۇنىستلارنى ھەيدەپ ماڭغان چاغدا، بۇ تۇغرىلىق بالدۇرراق خەلققە جاكالاپ قويسۇن. ئۇلارغا قولىمىزنى بۇلغاشنىڭ ھېچ كېرىكى يوق. ئەگەر ئىش، ئۇستىلىق بىلەن، ئاقىلانە ئېلىپ بېرىلسا، خوتۇنلار ئۆزلىرى ئۇلارنى كالتەكلەيدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟ بىزگە مۇشۇنداق سىياسەت پايدىلىقراق: ئۇلارنى ئاتسا، ئەسىرلەرنى ئېتىپتۇ، دېگەن مىش - مىش گەپ قىزىللارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدۇ؛ مۇشۇنداق قىلغان ئوڭايراق، زەنجىردىكى ئىتتەك ئوخشاش، خەلقنى شۇلارغا كىشكىشلەپ، خالايىقنىڭ غەزىۋىنى قوزغىتىش كېرەك. تېرگاۋسىز سوت — ئىش تامام. سورىغىمۇ يوق، جاۋاۋىمۇ يوق!»

## 48

12 - ئاپرېل كۈنى، 1 - موسكۋا پولكى يېلانسكايا كەنتىنىڭ ئانتونوف يېزىسى بوسۇغىسىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن بولغان جەڭدە قاتتىق زەربە يەپ كەتتى.

يەر شارائىتىنى ياخشى بىلمەيدىغان قىزىل ئارمىيە سەپلىرى جەڭ بىلەن يېزىغا كىرگەن ئىدى، كازاكلارنىڭ شالاڭ ھويلا - قورالىرى، گويا يەككە ئاراللاردا قەد كۆتىرىپ تۇرغاندەك، قۇمساز، يەرلىرى قاتتىق كىچىك - كىچىك ئوچاستكىلارغا جايلاشقان ئىدى، چوڭ كوچا ۋە تار كوچىلارنىڭ ھەممىسى ئاياق بېسىپ يۈرۈش تەس بولغان پاتقاقلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇستىگە شاخ - شۇمبا تۆ-

شەلگەن. يېزا قوينۇق ئۇلغا دەرەخزارلىقى ئارىسىدا توختاق سىرىق سۇلار قاپلىغان، پاتقاق جايلار قويىندا ياتاتتى، سۇيى تېز، ئەمما تېگى يېيىشقاق لاي بىلەن تولغان يىلانكا دەرياسى يېزىنىڭ چەت - ياقىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى.

1 - موسكۋا پولكىنىڭ ئاتقۇچىلىرى سەپ بويىچە يېزا ئارقىلىق ئۆتمەكچى بولغان ئىدى، ئەمما دەسلەپكى ھوېلىلاردىن ئەمدىلا ئۆتۈپ ئۇلغا دەرەخزارلىقى ئىچىگە كىرىش بىلەنلا، بۇ دەرەخزارلىقنى سەپ بويىچە كېسىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. 2 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى — لاتىش مىللىتىدىن بولغان تەرسا ئادەم ئىدى — ئۇ، چوڭقۇر پاتقاققا پېتىپ قالغان ئېتىنى ئاران ئېلىپ چىققان روتا كوماندىرىنىڭ كۆرسەتكەن دەلىللىرىگە قۇلاق سالماستىن، «ئالغا!» — دەپ كوماندا بەردى - دە، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ، لۆمۈلدەپ تۇرغان يەر بىلەن دادىل مېڭىۋەردى. ئىككىلىنىپ قالغان قىزىل ئەسكەرلەر پىلىموتلارنى قولدا تۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالغا ئىلگىرىلەشتى. تىزىغىچە پاتقاققا پېتىپ، 50 سارجىندەك يەرگە بارغاندا، ئوڭ قاناتتىن: «ئەتراپىمىزنى ئوراۋاتىدۇ!»، «كازاكلار!»، «قورشىۋالدى!» — دېگەن ئاۋازلار سەپ بويلاپ ياڭرىدى.

دەرۋەقە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىككى بۆلۈنمىسى باتالىيوننىڭ يان تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلغان ئىدى.

دەرەخزارلىق ئىچىدە 1 - ۋە 2 - باتالىيون دىيەرلىك ئۆز تەركىۋىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەلەپات بېرىپ ئارقىغا چېكىندى.

مۇشۇ جەڭدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزى ياسىۋالغان ئوقىدىن

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ پۇتى يارىلانغان ئىدى. مىشكا كوشىۋوي ئۇنى قولىدا كۆتىرىپ ئېلىپ چىقىۋېتىپ، توغان بويلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قىزىل ئەسكەرگە سوقۇۋېتىشكە تاس قالدى، يارىدارنى ئوق توشۇيدىغان ئىككى چاقلىق هارۋىغا مەجبۇرى سالغۇزدى.

پولك تارمار قىلىنىپ، يېلانىسكى يېزىسىغىچە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاندى. بۇ مەغلۇبىيەت دوننىڭ سول تەرىپىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بارلىق قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ هۇجۇم هەركەتلىرى ئاقىۋىتىگە ئىنتايىن يامان تەسىر قىلدى. مالكىن بۇكانوۋىسكايادىن 20 چاقىرىم شىمالغىراق، سىلاششىۋىسكايا كەنتىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى؛ كېيىن ئۇ، سان جەھەتتە ئۆز ئەسكەرلىرىدىن نەچچە هەسسە ئۈستۈن بولغان ۋە جان - جەهلى بىلەن هۇجۇمنى كۈچەيتىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار كۈچلىرى تەرىپىدىن سىقىلىپ قېلىپ، مۇز كۆچۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن خوپىر دەرياسىدىن ئۆتۈۋالدى، بىرنەچچە ئېتى سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن كۇملىژېنسكايا كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

خوپىر دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدا مۇز كۆچكەن تۈپەيلى يولى كېسىلىپ قالغان 1 - موسكۋا پولكى ئوڭ قىرغاقتا دون ئارقىلىق ئۆتۈۋالدى؛ بۇ پولك قوشۇمچە كۈچلەرنى كۈتۈپ، ئۈست-خوپىرىسكايادا توختاپ تۇردى. كۆپ ئۆتمەي بۇ يەرگە سېردوب پولكى كەلدى، بۇ پولكتىكى كادىرلار 1 - موسكۋا پولكى كادىرلىرىدىن كەسكىن پەرق قىلاتتى. موسكۋا پولكىنىڭ جەڭگىۋار يادروسىنى — موسكۋالىق، تۇلالىق، نىژنېگورودلۇق ئىشچىلار تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم نەيزىۋازلىق جېڭى قىلغان، هەر كۈنى نەچچە ئونلىغان ئۆلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ياربدار بولغان جەڭچىلىرىدىن ئايرىلىپ، قەھرىمانلىق ۋە ماتانەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ كەلگەن ئىدى. پەقەت ئانتونوف يېزىسىدا قاپقانغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنلا بۇ پولك ۋاقىتلىق سەپتىن چىقىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ چېكىنگەن چاغدا بىرمۇ ئىككى چاقلىق ھارۋا ياكى بىرتال مىشەكنى دۈشمەنگە قالدۇرۇپ قويمىدى. سىردوبلۇقلار روتىسى بولسا ياگودنىسكى يېزىسىنىڭ بوسۇغىسىدا بولغان دەسلەپكى جەڭدىلا قوزغىلاڭچىلار ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ كازاكلارنىڭ چاچما سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، ئاكوپنى تاشلاپ قېچىشتى، ئەگەر پىلىموتچى كوممۇنىستلار پىلىموتلاردىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇرۇپ ئاتاكىنى قايتۇرمىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى، شۈبھىسىز، چېپىلىپ تۈگەيتتى.

سىردوب پولكى سىردوبىسكى شەھىرىدە ئالدىراشلا تەشكىل قىلىنغان ئىدى. قىزىل ئەسكەرلەر ئارىسىدا (بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياشىنىپ قالغان ساراتوفلۇق دېھقانلار ئىدى) جەڭگىۋارلىق روھنى كۆتىرىشكە قىلچە ئىمكان بەرمەيدىغان كەيپىياتلار ئۇچۇقلا بايقىلىپ تۇراتتى. روتىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر مەسىلە شۇ ئىدىكى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ساۋاتسىزلار بىلەن يېزىنىڭ ھاللىق - باي دېھقانلىرىدىن كېلىپ چىققانلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. پولكتىكى كوماندىرلار تەركىۋىنىڭ يېرىمىنى بۇرۇنقى ئوفىتسېرلەر تەشكىل قىلاتتى؛ كومىسسار بوشاڭ، ئىرادىسىز ئادەم بولۇپ، قىزىل ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئابرويى يوق ئىدى؛ پولك كوماندىرى، شتاپ باشلىقى ۋە ئىككى روتا كوماندىرى خائىنلار بولۇپ، بۇلار پولكنى دۈشمەنگە تەسلىم قىلدۇرۇشقا نىيەت باغلىغان. بۇ تىزىسكا، ...

پولكقا قىستىلىپ كىرگەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي كەيپىياتتىكى باي دېخانلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قىزىل ئەسكەرلەر ئامىمىسىنى چۇشكۇنلەشتۇرۇش يولىدا جىنايەتلىك ئىش ئېلىپ بېرىشتى، كومموئنىستلارغا قارشى ماھىرلىق بىلەن تەشۋىقات يۈزگۈزۇشتى، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش پولىدىكى كۆرەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇغىنى چاچتى، شۇ يول بىلەن پولكنى تەسلىم بولۇشقا تەييارلىدى.

شتوكمان ئۈچ سېردوبلۇق بىلەن بىر ئۆيگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ تەشۋىش ئىچىدە قىزىل ئەسكەرلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ يۈرەتتى، بىر كۈنى سېردوبلۇقلار بىلەن قاتتىق سۆز تالىشىپ قالغاندىن كېيىن پولكنىڭ ئۈستىدە جىددى خەۋپ - خەتەر يۈزلىنىپ تۇرغانلىقىغا ئۈزۈل - كېسىل ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

27 - كۈنى، قاش قارايغان پەيتتە، ئۇ چۈشكەن ئۆيگە 2 - روتىدىن ئىككى سېردوبلۇق كەلدى، بىرسىنىڭ پەملىسى گورىگاسوف بولۇپ، سالاملاشماستىنلا ھارامزەدە كۆلكىسى بىلەن شتوكمانغا ۋە كارۋاتتا ياتقان ئىۋان ئالېكسىيېۋىچقا قاراپ قويۇپ، مۇنداق دېدى:

— شۇ ئۇرۇشقىنىمىزمۇ يېتەر! ئائىلىمىزدە ئۇرۇق - تۇققانلىرىمىزدىن ئاشلىقنى ئېلىپ كېتىشىۋاتىدۇ، ئەمما بۇ يەردە بىز نېمە ئۈچۈن سوقۇشۇۋاتقانلىقىمىز نامەلۇم ...

— نېمە ئۈچۈن سوقۇشۇۋاتقانلىقىڭ ساڭا مەلۇم ئەمەسمۇ؟ — دەپ جىددىلىك بىلەن سورىدى شتوكمان.

— ھە، مەلۇم ئەمەس! كازاكلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئاشلىق تېرىيدىغان دېخان! ئۇلارنىڭ نېمىگە قارشى قوزغالغانلىقىنى بىز بىلمىزا! بىز بىلمىزكى ...

— سەن، ئەبلەخ، كىمنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەۋاتىسەن! — دېدى ئادەتتە ئېغىر - بېسىق بولغان شىتوكماننىڭ زەردىسى قايناپ.

— سەن ئۈنچىلىكمۇ تىللاپ كەتمە! ئۇنداق بولمىغاندا، بۇرۇتۇڭ قولۇڭغا چىقىدۇ! ... ئاڭلىدىڭلارمۇ، يىگىتلەر؟ مۇنداق ئىشمۇ باركەن تېخى!

— ئاستا گەپ قىل! ئاستا، دومبا ساقال! بىز ساڭا ئوخشاش ئىشلەرنى كۆرۈپ كۆرگەنمىز! — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى پاكار، ئۈن تاغىرىغا ئوخشاش دىقماق كەلگەن يەنە بىرسى، — سەن ئۆزەڭنى كوممۇنىست چاغلاپ، ئۇلارنىڭ كانىيىدىن كاپ قىلىپ ئالالايمەن، دەپ ئويلايدىكەنسەن - دە؟ ھىزى بول، ئۇنداق بولمىغاندا بەدىنىڭدىن تۆشۈك ئاچىمىز!

ئۇ گەۋدىسى بىلەن ئىمجان گورىنگاسوفنى توساپ كالتە، كۈچلۈك قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، كۆزلىرىنى ئويناقلىتىپ، شتوكماننىڭ ئۈستىگە دىۋەيلەپ كەلدى.

— سىلەر ئىمە بولدۇڭلار؟ ... ھەممەڭلار ئاقلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟ — دەپ سورىدى شتوكمان ھاسىراپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە دىۋەيلەپ كەلگەن سىپىردوبلوقنى كۈچ بىلەن ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتتى.

بۇ سىپىردوبلوق سەنتىرەكلەپ ئارقىسىغا داجىدى، چىرايى شەلپەردەك قىزاردى، شتوكماننىڭ قولىغا ئېسىلماقچى بولۇۋىدى، ئەمما گورىنگاسوف ئۇنى توسىۋالدى:

— ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولما!

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۆزلەر! بىز سەن-

لەرنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ خائىنى سۈپىتىدە سوت قىلىمىز!

— سەن پۈتۈن پولكنى ھەربىيتىرىبىۇنالغا ئەۋەتىپ بېرەلەيسەن! — دەپ جاۋاپ قايتۇردى شتوكمان بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغان سېردوبلوقلارنىڭ بىرسى.

ئۇنى باشقىلىرى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى:

— قەنت - شېكەر، پاپىروسلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستلارغا بېرىلىدۇ، بىزگە ھېچنىمە يوق!

— يالغان ئېيتىسەن! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇۋان ئالېكسېيېۋىچ كارۋاتتىن بېشىنى كۆتىرىپ، — سىلەر نىمىنى ئالساڭلار، بىزمۇ ئوخشاش ئالىمىز!...

شتوكمان گەپ قىلماستىن، كىيىمىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ھېچكىم تۇتۇپ قالالمىدى، ئەمما مەسخىرە سۆزلەر بىلەن ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

شتوكمان پولك كومىسسارىنى شتاپتىن تاپتى. ئۇ كومىسسارنى باشقا بۆلمىگە چاقىرىپ، قىزىل ئەسكەرلەر بىلەن جاڭجاللىشىپ قالغانلىغىنى تەشۋىش بىلەن سۆزلەپ، ئۇلارنى قاماققا ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى. كومىسسار چوغدەك قىزغۇچ ساقىلىنى تاراپ، قارامۇڭگۇز ساپلىق كۆزەينىگىنى خوشياقماسلىق بىلەن تۇزەپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى.

— ئەتە ياچېيكا مەجلىسىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلايلى. سىز ئېيتقان بۇ ئادەملەرنى قاماققا ئېلىش ھازىرقى شارائىتتا مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېساپلايمەن.

— نىمىشقا؟ — دەپ كەسكىنلىك بىلەن سورىدى شتوكمان.

— بىلەمسىز، يولداش شتوكمان ... مېنىڭ شەخسەن بايقىشىمچە، بىزنىڭ پولكتا ئەھۋال ياخشى ئەمەس، قانداقتۇ بىر

www.uyghurkitap.com

ئەكسىلئىنقىلاۋىي تەشكىلات باردەك قىلىدۇ، ئەمما سىز ئۇنى بىلىش ئىمكانى يوق. پولكنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ تەشكىلاتنىڭ تەسىرى دائىرىسىدە تۇرۇپتۇ، بۇ دىخانلار ئىستىخىيىسى، بۇنىڭغا نىمە چارە! مەن قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى توغرىلىق يۇقۇرىغا خەۋەر قىلدىم ۋە پولكنى ئېلىپ كېتىپ، باشقا قىسىملارغا تارقىتىۋېتىشنى تەكلىپ قىلدىم.

— ئىمىشقا سىز ئاشۇ ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئاگېنتلىرىنى ھازىرلا قولغا ئېلىپ، دىۋىزىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي تىرىبۇنالىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېساپلايسىز؟ بۇنداق سۆزلەر توپ - توغرا خائىنلىققۇ!

— شۇنداققۇ، لېكىن بۇنداق قىلغاندا كۆڭۈلسىز باشباشتاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ۋە ھەتتا قوزغىلاڭ پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

— خوش، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا سىز كۆپچىلىكنىڭ ئاشۇنداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئىمىشقا بۇرۇنراق سىياسى بۆلۈمگە خەۋەر قىلمىدىڭىز؟

— مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، ئالىقاچان خەۋەر قىلغانمەن. ئىمىشقىدۇ، ئۈست - مېدۋېدىتسادىن جاۋاۋىنى كېچىكتۈرۈۋاتىدۇ. پولكنى چاقىرىپ ئېلىپ كېتىش بىلەنلا، بىز بارلىق تەرتىپ - ئىنتىزامنى بۇزغۇچىلارنى قاتتىق جازالايمىز، بولۇپمۇ بايا سىز ئېيتقان قىزىل ئەسكەرلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىمىز...، — كومىسسار، قاپىغىنى تۈرۈپ، پىچىرلاپ قوشۇپ قويدى، — مېنىڭ ۋورونوۋسكىيغىمۇ ۋە ... شىتاپ باشلىقى ۋولكوفقىمۇ گۇمانىم بار. ئەتە ياچېيكا مەجلىسىدىن كېيىنلا ئۈست - مېدۋېدىتساغا يولغا چىقىمەن، مۇشۇ خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن تېز چارە - تەد-

بىر قوللىنىش كېرەك. بۇ سۆزلىرىمىزنى مەخپى تۇتۇشىڭىزنى سورايمەن.

— ئەمما كوممۇنىستلارنىڭ مەجلىسىنى نېمىشقا ھازىرلا چاقىرىش مۇمكىن بولمايدىكەن؟ ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدىغۇ، يولداش!

— مەن چۈشىنىمەن. لېكىن ھازىر مۇمكىن ئەمەس. كوممۇنىستلارنىڭ كۆپچىلىگى قاراۋۇلخانىدا ۋە يېشۇرۇن پوسلاردا... مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆزەم چىڭ تۇرغان، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا پارتىيىسىزلەرگە ئىشىنىش ئېھتىياتسىزلىق بولىدۇ. يەنە باتارىيىنى ئالساق، ئۇنىڭدا كۆپچىلىكنى كوممۇنىستلار تەشكىل قىلىدۇ، بۇ باتارىيە كىروتوۋسكىدىن پەقەت بۇگۈن كېچە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇنى مەن پولكتىكى مۇشۇ داۋالغۇش مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرتقان ئىدىم.

شتوكمان شىتاپتىن قايتىپ كېلىپ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن مىشكا كوشېۋويغا پولك كومىسسارى بىلەن بولغان گەپ-سۆزلەرنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردى.

— سەن تېخىچە ماڭالمايۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىۋان ئالېكسېيېۋىچتىن.

— ئاقساپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇرۇن مېڭىشنىڭ يارامغا زۆرۈرى بولارمىكىن دەپ قورقاتتىم، ئەمما ھازىر خالىساڭمۇ - خالىمىساڭمۇ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۈندە شتوكمان پولكتىكى ئەھۋالات توغرىلىق تەپسىلى ئاخبارات يازدى - دە، يېرىم كېچىدە كوشېۋوينى ئويغاتتى. قەغەز خالتىنى ئۇنىڭ قوينىغا تىقىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— ھازىرلا بىر ئات تېپىپ، ئۈست - مېدۋېدىتسىغا چاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلسەك ئۆلكى، ئەمما مۇنۇ خەتنى 14 ــ دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي بۆ-
لۈمىگە يەتكۈز... ئۇ يەرگە نەچچە سائەتتە يېتىپ بارارسەن؟ ئاتنى
نەدىن تېپىشقا بولار، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

مىشكا ئىنچىقلاپ، قۇرۇپ كەتكەن سېرىق ئۆتۈكىنى قاتتىق
تارتىپ پۇتىغا كىيدى، توختاپ ــ توختاپ جاۋاپ قايتۇردى:

ــ ئاتنى ئوغرىلايمەن... ئاتلىق چارلىغۇچىلاردىن، خوش،
ئۈست ــ مىدۋېدىتساغا... ئەڭ كۆپ بولسا... ئىككى سائەتتە يېتىپ
بارىمەن. چارلىغۇچىلارنىڭ ئاتلىرى ناچار، ئۇنداق بولمىغاندا...
بىر يېرىم سائەتتە يېتىپ باراتتىم! مەن يىلقىچىلىق مەيدانىدا
ئىشلىگەنىغۇ.. مەن ئاتنىڭ ھەرقانداق چېپىشىنى بىلىمەن...

مىشكا خەتنى باشقا يېرىگە يوشۇردى، ئۇنى شىنېلىنىڭ يان-
چۇقىغا تىقىپ قويدى.

ــ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ ــ دەپ سورىدى شتوكمان.

ــ ئەگەر سىردوبلۇقلار تۇتۇۋالسا، تېزرەك ئېلىش ئۈچۈن.

ــ ھە؟ ــ دىدى شتوكمان ھامان چۈشەنمەي.

ــ «ھە» دىگىنىڭ نېمىسى! تۇتۇۋالىدىغان بولسا، ئېلىپلا
يۇتۇۋېتىمەن.

ــ ياشا، ئەزىمەت! ــ دىدى شتوكمان سەل كۈلۈمسىرەپ،
ئاندىن مىشكىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر نەرسىنى كۆڭلى تۇيغاندەك
ئېغىر ھارغىن سېزىم بىلەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى، دىرىلدەپ
تۇرغان سوغاق لەۋلىرى بىلەن قاتتىق سۆيدى، ــ قېنى، يولغا
چىق.

مىشكا ئۆيىدىن چىقىپلا، ئۇدۇل ئات باغلايدىغان موما ياغاچ-
نىڭ قېشىغا بېرىپ، چارلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئاتلىرىدىن
بىرنى ئوڭايلا يېشىۋالدى ــ دە، قاراۋۇلخانىدىن ئاستا مېڭىپ

ئۆتۈۋالدى، ئاتلىقلار تۇتىدىغان يېپ ـ يېڭى كارابىن مىلتىغىنىڭ تەپكىسىدىن بارمىغىنى زادىلا ئاجراتماي، ئوكغۇل ـ دوكغۇل يەر ـ لەر بىلەن چوڭ يولغا چىقىۋالدى. شۇ چاغدىلا كارابىنىنىڭ تاسمى ـ سىنى مۈرىسىگە ئۆتكۈزدى، كالتە قۇيرۇق ساراتوف ئېتىنى ئۆزىگە خاس بولمىغان «جىنىنىڭ بېرىچە تېز چېپىشقا سېلىپ» يۈرۈپ كەتتى.

## 49

تاڭ يورۇش بىلەنلا شىر ـ شىر ئۇششاق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شامال غۇيۇلدىدى. شەرقتىن قاپ ـ قارا چاپقۇن بۇلۇتلار بېسىپ كېلەتتى. شتوكمان ۋە ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغان سېردوبلۇقلار تاڭ ئاقراي دىگەندىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، چىقىپ كەتكەن ئىدى. يېرىم سائەت ئۆت ـ كەندىن كېيىن يېلانىسكايالىق كوممۇنىست تولكاچوف يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى ـــ بۇمۇ شتوكمانغا ئوخشاش ئۆز يىگىتلىرى بىلەن بىللە سېردوب پولكىغا قوشۇلغان ئىدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ها ـ سىرىغان ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

ـــ شتوكمان، كوشىۋوي، سىلەر ئۆيدىمۇ؟ چىقىڭلار!

ـــ نىمە ئىش؟ بېرى كەلگىنە! ـــ شتوكمان مېڭىپ تۇرۇپ شىنىلىنى ئۇچىسىغا ساپتى ـ دە، دالان ئۆيگە چىقتى، ـــ بېرى كەلگىنە!

ـــ يامان بولدى! ـــ دەپ پىچىرلىدى تولكاچوف شتوكمان ـ

ىنىڭ ئارقىسىدىن 2 ـ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ. — ھازىر پىيادىلەر كەنتىنىڭ قېشىدا ... كەنتىنىڭ قېشىدا كرۇتوۋىسكىدىن كەلگەن توپچىلار باتارىيىسىنى قورالسىزلاندۇرماقچى بولغان ئىكەن، ئىككى ئوتتۇرىدا ئېتىشىش بولدى... توپچىلار ھوجۇمنى قايتۇردى، زەمبىرەكنىڭ قولۇپلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىۋېلىپ، قېيىققا ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىغا ئۆتۈۋېلىشتى...

— شۇنداقمۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئاھ ـ ۋاھ بىلەن ياردار پۇتىغا ئۆتۈكنى كىيىۋېتىپ.

— ھازىر چىركاۋنىڭ قېشىدا مىتىنگ بولۇۋاتىدۇ... پۈتۈن پولك...

— چاقىرىق بول! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شتوكمان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا ۋە تولكاچوفنىڭ پاختىلىق چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ سۆرىدى، — كومىسسار نەدە؟ باشقا كوممۇنىستلارچۇ؟...

— بىلمەيمەن... بەزىلىرى قېچىپ كەتكەن، مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا يۈگۈردۈم. ئۇلار تېلېگىرافخانىنى ئىگەللىۋالغان، ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدۇ... قېچىش كېرەك! ئەمما قانداق قېچىش كېرەك؟ — تولكاچوف ساراسىمە ئىچىدە قوللىرىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقىغا قويۇپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى.

دەل شۇ چاغدا پەلەمپەيدە دۈپۈرلىگەن قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆيگە سېرىدوبلۇق قىزىل ئەسكەرلەردىن ئالتە ئادەم بىر توپ بولۇپ كىرىپ كېلىشتى. چىرايلىرىدا قەھرى ـ غەزەپ ياناتتى، ئەلپازى يامان ئىدى.

— كوممۇنىستلار، يىغىنغا يۈرۈڭلار! چاقىرىق!

شتوكمان، ئۇۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن كۆز ئۈرۈشتۈرۈۋالـ
غاندىن كېيىن، لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ:
— بارايلى! — دىدى.
— قورالنى قالدۇرۇپ قويۇڭلار. جەڭگە كېتىۋاتمايسىلەرـ
غۇ! — دىدى سېردوبلۇقلارنىڭ بىرى، ئەمما شتوكمان ئاڭلىماسـ
لىققا سېلىپ، مىلتىقنى مۈرىسىگە ئاستى ـ دە، بىرىنچى بولۇپ
ئۆيدىن چىقتى.

1100 كىكىرتەكتىن چىققان خىلمۇ خىل ئاۋاز مەيداندا
گۈرۈڭلاپ تۇراتتى. ئۇست ـ خوپېرسكايا كەنتىنىڭ ئاھالىسى
كۆرۈنمەيتتى. بۇلار ۋەقە تۇغۇلۇشتىن قورقۇپ، ئۆي ـ ئۆيلىرىگە
مۆكۈۋېلىشقان(بۇندىن بىر كۈن بۇرۇن پولك قوزغىلاڭچىلار بىلەن
قوشۇلغۇدەك، كەنتتە كوممۇنىستلار بىلەن جەڭ بولۇشى مۇمكىن
دىگەن مىش ـ مىش گەپلەر كەنت ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئىدى).
شتوكمان شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتىرىشىپ تۇرغان سېردوبلۇقلار توـ
پىنىڭ قېشىغا ئالدى بىلەن يېتىپ كېلىپ، پولكنىڭ كوماندىرـ
لىرى تەركىۋىدىن كىملەر بار ئىكەن، دەپ، كۆز يۈگۈرتۈپ ئاختۇـ
رۇپ چىقتى، شۇ ئەسنادا قېشىدىن پولك كومىسسارىنى ئىېلىپ
ئۆتتۈشتى. ئىككى سېردوبلۇق ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ماڭغان ئىـ
دى. رەڭگى ئۆڭگەن كومىسسار ئارقىدىكىلەرنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن
تەرتىپسىز يىغىلىشىپ تۇرغان قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ سېپى ئىچىـ
گە كىردى. شتوكمان بىرنەچچە مىنۇتقىچە ئۇنى كۆزدىن يۈتتۈـ
رۈپ قويدى، ئەمما بىر دەمدىن كېيىن ئۇنى توپنىڭ ئوتتۇرىـ
سىدا، بىرسىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان قارتۋازلىق شىرەسىنىڭ
ئۈستىدە تۇرغانلىغىنى كۆردى. شتوكمان ئارقىسىغا قايرىلىپ قاـ
ردى. ئارقىسىدا ئاقساپ قالغان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ مىلتىققا

يۈلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بابا چاقىرغىلى بارغان قىزىل ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى.

— قىزىل ئەسكەر يولداشلار! — كومىسسارنىڭ ئاۋازى بوش چىقاتتى، — مۇنداق چاغدا، دۈشمەن بىزدىن بىۋاستە يېقىن يەردە تۇرغان پەيتتە... ئاممىۋى يىغىن ئېچىش... يولداشلار!

كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويۇشمىدى. شىرەنىڭ يېنىدا، قويۇن پىقىرىغاندەك، قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كۈل رەڭ پاپاخلىرى قىمىرلاشقا باشلىدى، كۆكرۈش مىلتىق نەيزىلىرى بايقالغىلى تۇردى، شىرەگە تۈگۈلگەن مۇشتلار سوزۇلدى، مەيداندا مىلتىق ئېتىلغاندەك، قىسقا - قىسقا غەزەپلىك ۋاقىراشلار ياڭرىدى:

— يولداش دەپ ئاتاشنى قوي!
— ئۈستۈڭدىكى خۇرۇم چاپاننى سال!
— بىزنى ئالدىدىڭ!
— بىزنى كىمگە قارشى باشلاپ بارىسىلەر؟!
— ئۇنى پۈتىدىن تارتىپ چۈشۈرسەڭچۇ!
— ئۇر!
— نەيزە بىلەن سانچى!
— كومىسسارلىقىڭ تۈگىدى، ئەمدى!

شتوكمان گەۋدىلىك، يېشى چوڭىيىپ قالغان بىر قىزىل ئەسكەرنىڭ شىرە تۈۋىگە چىقىپ، سول قولى بىلەن كومىسسارنىڭ كالتە مەللە ساقىلىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى. شىرە تەۋرىنىپ كەتتى. قىزىل ئەسكەر كومىسسار بىلەن بىللە شىرەنىڭ يېنىدا مۇشت تەگلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ

ئۈستىگە غۇلاپ چۈشتى. بايىلا قارتۋازلىق شىرەسى تۇرغان يەردە سۈر شىنېللار بوتقىدەك پىتىقلاپ كەتتى، كومىسسارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ۋاقىرىغان يەككە ئاۋازى بىر تۈتاش گۈمبۈرلەپ چىقىۋاتقان ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە يوقىلىپ كەتتى.

شتۇكمان دەرھاللا شۈيەرگە ئېتىلىپ ماڭدى. ئۇدۇل كەلگەنلەرنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىپ، تىقىلىشىپ تۈرغان سېر شىنېل كىيگەن دۈمبىلەرنى پۈتى بىلەن نىقتاپ يول ئېچىپ، بايا كومىسسار سۆزلىگەن يەرگە يېگىرگەندەكلا يېتىپ باردى. ئۇنى ئادەملەر توسىۋالىمىدى، ئەمما مۈشتى بىلەن ۋە مىلتىغىنىڭ قوندىغى بىلەن ئىتتىرىپ، دۈمبىسىگە، گەجگىسىگە ئۇرۇشتى، مۈرىسىدىن مىلتىغىنى، بېشىدىن قىزىل تاشلىق كازاك قۇلاقچىسىنى تارتىپ چۈشۈردى.

— نەگە بارىسەن، ئىبلىس؟...، — دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى قىزىل ئەسكەرلەردىن بىرسى پۈتىنى قاتتىق دەسسىۋالغان شتوكمانغا.

دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، پۈتلىرى ئاسمانغا بولۇپ قالغان شىرەنىڭ ئالدىدا پاكىنەك ۋىزۋوت كوماندىرى شتوكماننىڭ يولىنى توسىۋالدى، بۇ ئادەمنىڭ سۈر ئەلتىرە پاپاخى گەجگىسىگە چۈشكەن، شىنېلىنىڭ ئالدى كەڭ ئېچىلغان بولۇپ، قىپ ـ قىزىل يۈزىدىن تەر تامچىلاپ تۇراتتى، كۆزلىرى غەزەپ ـ ئاچچىقتىن خىرەلەشكەن ھەم ئالغايلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— نەگە ئۆتمەكچىسەن؟

— سۆزۈم بار! قاتاردىكى ئاددى جەڭچىنگە سۆز بېرىڭلار!...، — دېدى شتوكمان خىرىلداپ، دېمىنى ئاران ئېلىپ،

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن دەرھاللا شىرەنى تۇرغۇزدى، ھەتتابەزى ئادەملەر ئۇنىڭ شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىشىغا ياردەملەشتى. ئەمما مەيداندا ھېلىمۇ قەھرىلىك ھۆكىرەشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شۇڭا شتوكمان جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى، — جىم - بو - لۇڭلار! — يېرىم مىنۇت تۇرۇۋېلىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلغاندا، يۆتىلىنى بېسىپ، سەل كاكىرىغان ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى! سىلەرگە دۇيات! خەلق ھاكىمىيىتىنى سىلەر ئەڭ ئېغىر مىنۇتتا خائىنلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر! مۇستەھكەم قول بىلەن دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرىدىغان پەيتتە تەۋرىنىپ قېلىۋاتىسىلەر! سوۋېت مەملىكىتى دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇنجۇقۇپ تۇرغان چاغدا سىلەر مىتىنگ ئېچىۋاتىسىلەر! سىلەر توپ - توغرا خائىنلىقنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتىسىلەر! نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خائىن كوماندىرىڭلار سىلەرنى كازاك گېنېراللىرىغا ساتقان! ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئوفىتسېرلەر بولۇپ، ئالدامچىلىق بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغان، ئۇلار سىلەرنىڭ نادانلىقىڭلاردىن پايدىلىنىپ، پولكنى كازاكلارغا تەسلىم قىلىپ بەرمەكچى، ھۇشۇڭلارنى تېپىڭلار! سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن ئىشچى - دېھقان ھاكىمىيىتىنى بوغۇپ تاشلاشقا ياردەم بەرمەكچى!

شىرەگە يېقىن يەردە تۇرغان 2 - روتىنىڭ كوماندىرى، بۇرۇنقى پىروپورشىك ۋېيسىتمىستېر مىلتىغىنى قولىغا ئېلىۋىدى، ئەمما شتوكمان ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىۋېلىپ، ۋاقىرىدى:

— توختاپ تۇر! مېنى قاچانلا ئۆلتۈرسەڭ ئۆلگۈرىسەن! مەن جەڭچى كوممۇنىست — سۆزۈمنى دەۋالاي! بىز كوممۇنىستلار پۈتۈن ھاياتىمىزنى ... ۋۇجۇدىمىزدىكى بارلىق قېنىمىزنى ... تام-

چە ـ تامچىدىن....ـ شتوكماننىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك جىددى تۈس ئېلىپ، ئىنچىكە چىقىشقا باشلىدى، رەڭگى ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ، يۈزى قىيسىيىپ كەتتى....ـ ئىشچىلار سىنىپىغا خىزمەت قىلىش... ئېزىلگەن دىخانلارغا خىزمەت قىلىش ئىشى ئۈچۈن سەرپ قىلدۇق، بىز ئەجەلنىڭ كۆزىگە قورقۇمسىز قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانمىز! سىلەر مېنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار مۇمكىن...

ـ بۇنداق گەپنى ئاڭلىغان بىز!

ـ ھەبىيارلىق قىلىۋاتىدۇ!

ـ سۆزلىگىلى قويۇڭلار!

ـ جىم تۇرساڭلارچۇ!

ـ... مېنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار مۇمكىن، ئەمما يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي: ھۇشۇڭلارنى تېپىڭلار! بىخىن ئېچىش لازىم ئەمەس، ئاقلارغا قارشى ئاتلىنىش كېرەك! ـ شتوكمان قىسىلغان كۆزلىرىنى جىمىپ قالغان قىزىل ئەسكەر توپىغا يۈگۈرتۈپ، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە تۇرغان پولك كوماندىرى ۋورونوۋىسكىنى كۆرۈپ قالدى، ۋورونوۋىسكى بىر قىزىل ئەسكەر بىلەن مۇرىسمۇ مۇرە چاپلىشىپ تۇراتتى؛ ئۇ، زومۇ زو كۈلۈمسىرەپ، يېنىدىكى ئەسكەرگە بىر نىمە دەپ پىچىرلاۋاتاتتى، ـ سىلەرنىڭ پولك كوماندىرىڭلار...

شتوكمان قولىنى سوزۇپ، ۋورونوۋىسكىنى كۆرسەتكەن ئىدى، ۋورونوۋىسكى قولى بىلەن ئاغزىنى تۇساپ، يېنىدىكى قىزىل ئەسكەرگە ئىسىز تىراپ بىلەن بىر نىمە دەپ كۇسۇرلىدى، شۇنىڭ بىلەن شتوكمان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەستىنلا، ئاپرىلدىكى ھورلىنىپ تۇرغان يېڭى يامغۇر بىلەن تويۇنغان نەم ھاۋادا پاق قىلىپ ئوق ئېتىلدى. مىلتىق ئاۋازى قامچىنىڭ ئۇۋ-

چىدىن چىققان قاستەك چالا ئاڭلاندى. ئەمما شتوكمان ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇپ، ئاق سانچىغان يالاڭبېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىزىچە يىقىلدى ... شۇندىن كېيىن دەرھاللا دەلدەڭلەپ، قايتىدىن تۇردى.

— ئوسىپ داۋىدوۋىچ! — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان شتوكماننى كۆرۈپ، ئىگرىغان پېتى ئۇنىڭ قېشىغا ئىنتىلىپ ماڭغان ئىدى، ئەمما بىر نەچچە ئەسكەر جەينىگىدىن تۇتۇۋېلىپ، پىچىرلىدى:

— ئاغزىڭنى چىڭ تۇت! ئارىلاشما! ئېپكەل مىلتىغىڭنى، ئەبلەخ!

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنى قورالسىزلاندۇرۇشتى، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشتى؛ ئاندىن مەيداندىن ئېلىپ كېتىشتى. مەيداننىڭ ھەممە چەت - ياقىلىرىدا كوممۇنىستلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، قولغا ئېلىۋاتاتتى. تار كوچىدىكى بىر سودىگەرنىڭ پاكار ئۆيىنىڭ قېشىدا بەش — ئالتە پاي مىلتىق ئۆنى تاسلىداپ قالدى — بىر كوممۇنىست پىلىموتچىكنى ليۇئىس پىلىموتىنى بەرمىگەنلىگى ئۈچۈن ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكەن ئىدى.

بۇ چاغدا شتوكمان لەۋلىرىدە قىپ - قىزىل قان بۇژۇلدىغان ھالدا قاتتىق ھىققىلاپ، ھامان ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ، شىرەنىڭ ئۈستىدە بىر مىنۇتچە دەلدەڭلەپ تۇردى - دە، تېنىدىن جۇدا بولۇۋاتقان ئاخىرقى كۈچلىرىنى، قالدۇق ئەرك - ئىختىيارىنى يىغىپ، تېخى تۈگىمىگەن سۆزلىرىنى ۋاقىراپ تۇرۇپ ئېيتىۋالدى:

— ... سىلەرنى ئازدۇرۇشتى!... خائىنلار... بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرىگە كەچۈرۈم سوراش پۇرسىتى ھازىرلاپ، يېڭى ئوفىتسېرلىك مەنسەپ - دەرىجىگە ئىگە بولار ... كوممۇنىزىم ياشايدۇ!...

يولداشلار... ئەقلىڭلارنى تېپىڭلار!...

شۇ چاغدا ھېلىقى ۋورونوۋىسكىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەسكەر مىلتىغىنى مۇرىسىگە قايتا تاقىدى. 2 - ئوق شتوكماننى چالقانچىسىغا يېقىتىپ، شىرەنىڭ ئۈستىدىن جەڭچىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىغا غۇلاتتى. ئارقىدىنلا شىرەنىڭ ئۈستىگە ئاغزى كالاچتەك، ھىڭگاڭ چىش، يۈزى چوقۇر بىر سېردوبلۇق سەكرەپ چىقتى - دە، چاڭىلداپ سۆزلىدى:

— بىز بۇ يەردە خىلمۇ خىل نۇرغۇن ۋەدىلەرنى ئاڭلىدۇق. لېكىن قەدىرلىك يولداشلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر، دوق - پوپوزىلاردىن ئىبارەت. مۇنۇ ساقاللىق ناتىق تىك موللاق چۈشتى، ئەنە يېتىپتۇ، ئەمما ئىتقا — ئىتنىڭ ئۆلۈمى! كوممۇنىستلارغا — ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئۆلۈم! مەن ئېيتىپ قويايكى، يولداشلار، قەدىرلىك جەڭچىلەر، ھازىر بىزنىڭ كۆزىمىز ئېچىلدى. كىمگە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى بىز بىلىمىز! مەسىلەن، بىزنىڭ ۋولىسكى ناھىيىسىدە نېمە دېگەن ئىدى ئۇلار؟ خەلقلەر باراۋەرلىكى، خەلقلەر بۇرادەرلىكى، دېيىشكەن ئىدى! مانا بۇلار ئالدامچى كوممۇنىستلار ئېيتقان سۆز... ئەمما ئەمەلىيەتتە قانداق بولدى؟ مانا مېنىڭ دادامنى ئالايلى، ئۇ بىزگە بىر خەۋەر يوللاپتۇ، قان - ياش بىلەن يېزىلغان خەتتە مۇنداق دەپتۇ: كۆپ - كۈندۈزدە ئەقىلغا سىغمايدىغان تالان - تاراج كېتىۋاتىدۇ! دادامنىڭ بارلىق ئاشلىقىنى سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن، كىچىككىنە تۈگمىنىنىمۇ تارتىۋالغان، ئەمما پەرماندا ئەمگەكچى دېھقانلارغا قارىتا ئاشۇنداق قىلىنسۇن، دەپ ئېلان قىلىنغانمۇ؟ ئەگەر ئاشۇ تۈگمەن ئاتا - ئانامنىڭ ئەمگەك تەرى بىلەن بەرپا قىلىنغان تۇرسا، ئۇ چاغدا مەن سىلەر-

www.uyghurkitap.com

دىن سوراي، بۇ كوممۇنىستلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭچىلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، قېنىنى ئاققۇزۇش كېرەك!

ئاتنىڭ ئۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرالماي قالدى. غەرپ تەرەپتىن ئۈست - خوپېرسكايا كەنتىگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىككى ئاتلىق بۆلۈمىسى شامالدەك ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كېلىشتى. دون بويىدىكى تاغلارنىڭ جەنۇبىي يان باغرىدىن كازاك پىيادىلىرى چۈشۈپ، بۇياققا يول ئالدى، قوزغىلاڭچىلار 6 - مۇستەقىل بىرىگادىسىنىڭ كوماندىرى خورۇنجى بوگاتىرېۋ يېرىم بۆلۈمە ئاتلىق ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئۆز شتاۋى بىلەن يېتىپ كەلدى.

شۇ چاغدا كۈن چىقىشتىن يۇپۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتتىن يامغۇر شارىلداپ قۇيۇشقا باشلىدى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى بىر يەردە، خوپېر دەرياسىنىڭ ئۈستىدە گۈلدۈرمامىنىڭ قاتتىق گۈلدۈرلىشى ھاۋانى قاپلىدى.

سېردوب پولكى ئىككى قاتار بولۇپ، ئالدىراش سەپكە تىزىلىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بوگاتىرېۋنىڭ شتاب بۆلۈمىدىكى ئاتلىق گورۇپپىسى تاغدىن ئۆز قارىسىنى كۆرسىتەر - كۆرسەتمەستىنلا، بۇرۇنقى شتابىس - كاپىتان ۋورونوۋسكى قىزىل ئەسكەرلەر تېخى ئاڭلاپ باقمىغان كوماندا ۋاقىرىشى بىلەن كېلى يىرتىلغۇدەك جاقىرىدى:

— پو - و - ولك! تىنچ - لا - ن!



گىرىگورىي مېلېخوف تاتارىسكىدا بەش كۈن تۇردى، بۇ

ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىگە ۋە قېينانىسىغا بىر نەچچە دېساتىنا ئاشلىق تېرىدى، شۇندىن كېيىن ئۆز ئىگىلىگىنىڭ دەردىدە جۇدەپ كەتكەن ۋە پېت باسقان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۆلۈنمىدىن قايتىپ كېلىش بىلەنلا يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك چىر دەرياسى بويىدا تۇرغان ئۆز قىسمىغا يۈرۈپ كېتىشكە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. كودىنوف يوشۇرۇن خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا سېردوب پولكى قوماندانلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىنى حەۋەر قىلدى، ئۆز قىسمىغا قايتىپ، دىۋىزىيە قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىۋېلىشنى ئۆتۈندى.

شۇ كۈنى گىرىگورىي كارگىنىسكايىغا بېرىشقا تەييارلانغان ئىدى. چۈش ۋاقتىدا يولغا چىقىش ئالدىدا ئېتىنى سۇغىرىش ئۈچۈن دونغا ئېلىپ باردى، سۇ كۆكتاتلىقنىڭ قاشاسىغىچە كېلەتتى. ئۇ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ئاكسىنيەنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ گىرىگورىيغا تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالدىمۇ ياكى ئەمەلىيەتتە گىرىگورىينى كۈتۈپ، ئەتەي ئەزمىلىك قىلىپ، سۇنى ئالدىرىماي ئالدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ھەر ھالدا گىرىگورىي ئىختىيارسىز قەدىمىنى تېزلەتتى ـ دە، بىر دەمدىلا ئاكسىنيەنىڭ قېشىغا يېقىنلا بېرىپ قالدى، شۇڭغىچە بىر تالاي قايغۇلۇق يارقىن خاتىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى...

ئاكسىنيە قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا قايرىلغان ئىدى، ئۇنىڭ يۈزىدە (شۈبھىسىز ياسىما بولۇشى كېرەك) بىر ئەجەپلىنىش بار ئىدى، ئەمما بۇ ئۇچرىشىشتىن خۇشال بولغانلىقى ۋە ئۇزاقتىن بۇيان دەردى پىراق چەككەنلىكى بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئاكسىنيە ئۆزىنىڭ مەغرۇرانە سىياقىغا ماس كەلمەيدىغان شۇنچىلىك غېرىبانە، شۇنچىلىك پەرىشان كۈلكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن چىلمايدىكى، گىرىگورىينىڭ يۈرىكى ئۈچ ئاغرىتتىش ۋە مېھرى - مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ساپچىپ كەتتى. سېغىنىش ھېسسى جىممىدە چىقىۋالغاندەك بولدى، ئارقا - ئارقىدىن يېپىرىلىپ كەلگەن خاتىرىلەر ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئۇ ئىتىنى توختىتىپ، دىدى:

— سالامەتمۇسەن، قىممەتلىك ئاكسىنىيە!

— سەن سالامەتمۇ.

ئاكسىنىيەنىڭ ئاستا چىققان ئاۋۇشىدا تولىمۇ ئۆزگىچە بىر ئاھاڭ — ھەم ئەجەپلىنىش، ھەم مېھرى - مۇھەببەت، ھەم قايغۇ - ھەسرەت ئاھاڭى بار ئىدى.

— سەن بىلەن سۆزلەشمىگىلى ئۇزاق بولۇپ قالدى.

— شۇنداق، ئۇزۇن بولدى.

— مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن...

— شۇنچە تېز!

— بۇ تېز بولامدۇ؟

گىرىگورىي ئۆزىگە يۈپۈرۈلۈپ كەلگەن ئىتىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ تۇردى، ئاكسىنىيە بېشىنى ئېگىپ، ئەپكەشنىڭ ئىلمىكىگە چېلەكنىڭ تۇتقۇچىنى ئىلىمەن، دەپ، ھېچ ئىلالماي قالدى. بۇلار بىر مىنۇتچە ئۈنچىقماي تۇرۇشتى. بۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن گۇق - يا ئوقىدەك ۋىشىلداپ بىر ياۋا ئۆدەك ئۇچۇپ ئۆتتى، يارلىقتىكى دولقۇن كۆكۈش گەج قاتلاملىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالاپ، ئىككى يانغا ئۇرۇلاتتى. ئورمانىنى بېسىپ كەتكەن تاشقىندا ئاق يايىلىق دولقۇنلار ئۆركەشلەپ تۇراتتى. شامال، تۆۋەنگە قاراپ قۇدرەتلىك ئېقىم بىلەن ئاققان دوندىن ئۇششاق دولقۇن تامچىلىرىنى، چۈچۈمەل پۇراقنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى.

گىرىگورىي نەزىرىنى ئاكسىنيەنىڭ يۈزىدىن ئېلىپ، دون تەرەپكە يۆتكىدى. سۇ غەرق قىلىپ تاشلىغان ئاق غوللۇق تېرەكلەر شاخلىرىنى لەپەڭلىتىپ چايقىلاتتى، پوتلا چېچەكلىرى قىزلارنىڭ سىرغىسىدەك چىرايلىق ئېسىلىپ تۇرغان سۆگەتلەر ھادىس گۈزەل، ياپ - يېشىل يوقغا بۇلۇتتەك باراقسانلىق ھاسىل قىلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە جىلۋىلىنەتتى. گىرىگورىي سەل - پەل ئەلەم ۋە دىلخەستىلىك ئاھاڭدا سورىدى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟... ئەمدى بىز ھېچ نەرسە توغرىلىق سۆزلەشمەمدۇق؟ نېمىشقا ئۈنچىقماي تۇرىسەن؟

ئەمما ئاكسىنيە بۇ چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىدى؛ ئەمدى ئۇنىڭ سوغاقتا توڭلىغان يۈزىدە بىرەر مۇسكۇلى دىرىلدىمىدى، شۇ ھالەتتە جاۋاپ بەردى:

— بىز، گەپ - سۆزلىرىمىزنى، ئېھتىمال، ئۆز ۋاقتىدا قىلىشىپ بولغانمىز...

— ۋوي، شۇنداقمۇ!

— ئەلۋەتتە، شۇنداق - دە! دەرەخنى ئالساق، يىلدا بىر قېتىم چېچەك ئاچىدۇ...

— سېنىڭچە، بىزنىڭ گۈلىمىز چېچەك تۆكۈپ بولغانمۇ؟

— بولمىسىچۇ؟

— بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇ ئەجەپلىنەرلىك بىر ئىش...، — گىرىگورىي ئېتىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، ئاكسىنيەگە قاراپ مەيۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى، — مەن سېنى كىسيوشا، ھامان يۈرىكىمدىن ئاجرىتالماي كەلدىم. باللىرىم ھازىر چوڭ بولۇپ قالدى، ئۆزەممۇ يېرىم - ياتا چېچى ئاقارغان ئادەم بولۇپ قالدىم، ئارىمىزدا قانچە يىللار ھاڭ پەيدا قىلىپ قويدى... شۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



...مۇستەھكەم قول بىلەن دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە خەنجەر
ئۇرىدىغان پەيتتە تەۋرىنىپ قېلىۋاتىسىلەر!...
(598 - بەتكە)

داقتىمۇ سەن ئوي - خىيالىمدىن چىقمىدىڭ. سېنى چۈشۈمدە كۆرىمەن، ھازىرغىچە سېنى ياخشى كۆرىمەن. گايىدا سېنى شۇنداق ئويلاپ كېتىمەن، لىستىنىتسكىلەرنىڭكىدە تۇرغان ۋاقتىمىزنى... بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەن چاغلىرىمىزنى ئەسكە ئېلىشقا باشلىسام... بۇ خاتىرىلەردىن... بەزىدە پۈتۈن ھاياتىڭنى ئەسكە ئېلىپ، قارىساڭ — بۇ ھايات تەتۈر ئۆرۈلگەن ئىنچى قۇرۇق بىر يانچۇققا ئوخشاپ قالىدۇ...

— مەنمۇ شۇنداق... مېنىڭ كېتىشىم لازىم ئىدى... سۆز بىلەن بولۇپ قالدۇق.

ئاكسىنىيە چىلەكلىرىنى دەس كۆتىرىپ، باھار ئاپتىۋىدا قارايغان قوللىرىنى ئىگىلىپ تۇرغان ئەپكەشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دۆڭگە قاراپ ماڭدى، ئەمما تۇساتتىن گىرىگورىيغا قايرىلىپ قارىدى - دە، ئىككى مەڭزى ياپ - ياش چىرايىدا نەپىس لالە دەك قىزىرىپ كەتتى.

— بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مانا مەشەدە، مۇشۇ پىرىستاننىڭ قېشىدا باشلانغان، گىرىگورىي ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ كۈنى كازاكلارنى لاگىرغا يولغا سالغان ئىدۇق، — دېدى ئاكسىنىيە يىسىڭگىدە كۈلۈپ، ئۇنىڭ دادىللىشىپ قالغان ئاۋازىدا شاتلىق جاراڭلايتتى.

— ھەممىسى ئېسىمدە!

گىرىگورىي ئېتىنى ھويلىغا ئېپكىرىپ، ئوقۇرغا قويدى، گىرىگورىينى ئۈزىتىش تەييارلىقى بىلەن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئەتىگەندىن بۇيان يەر تىرنىلاش ئۈچۈن ئېتىزغىمۇ چىقمىغان ئىدى، ئۇ سارايىنىڭ لاپىسى ئاستىدىن چىقىپ سورىدى:

— قانداق، قاچان يولغا چىقىسەن؟ ئاتقا بوغۇز بېرەيمۇ؟

— نەگىمۇ يولغا چىقاي؟ — گىرىگورىي پەرىشانلىق بىلەن ئاتىسىغا قارىدى.

— ياشاپ كەت! كارگىنىسكايىغا بارماقچى ئىدىڭغۇ.

— هازىرچە بارمايمەن!

— نېمە بولدى؟

—هېچ ئىش يوق... ئاينىپ قالدىم...، — گىرىگورىي ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئىسسىقتىن كۆيگەن لەۋلىرىنى يالاپ، ئاسمانغا كۆز تىكتى، — بۇلۇت چېپىشىپ يۈرىدۇ، يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ، ماڭا يامغۇردا هۆل بولۇپ، يول يۈرۈشتىن نېمە پايدا؟

— راست، پايدىسى يوق، — چال قوشۇلدى، ئەمما گىرىگورىينىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى، چۈنكى بۇنىڭدىن نەچچە مىنۇت بۇرۇن مال قوراسىدا تۇرۇپ گىرىگورىي بىلەن ئاكسىنىيەنىڭ پىرىستان قېشىدا سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. «بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە پەش تارتىشى يەنە باشلىنىپتۇ، — چال تەشۋىش بىلەن ئويلىدى، — ناتالىيە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا يەنە سوغاقچىلىق چۈشۈپ قالمىسا بولاتتى... هەي، ئىتنىڭ بالىسى گىرىشكا! ئۇ كىمگە تارتىپ مۇنداق ئىت بولۇپ تۇغۇلدىكىنا! ماڭا تارتقانمۇ - يە؟» پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ هارۋىنىڭ شوتىسىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر تال قېيىن ياغىچىنى پالتا بىلەن يونۇۋاتاتتى، بۇ ئىشنى توختىتىپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ مۈكچەيگەن دۈمبىسىگە كۆز تىكتى - دە، نېرى - بېرى ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدا قانداق

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىگىنى ئېسىگە چۈشۈرۈپ، ھۇدۇ پىكىر كەلدى: «ئۆزۈمگە تارتقان، بەتبەخ! بەلكىم ئاتىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن، ئىتتىڭ قۇيرۇغى! ئاكسىنيەنىڭ بېشىنى يېگىۋاشتىن ئايلاندۇرۇپ ئائىلە ئارا ماجرا تۇغدۇرماسلىغى ئۈچۈن ئۇنى كالتەك بىلەن دۇمبالاپ قويۇش كېرەك. ئەمما ئۇنى قانداق ئۇرىسەن؟»

باشقا بىر ۋاقىتتا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گىرىگورىي بىلەن ئاكسىنيە ئىككىسىنىڭ كىشىلەر كۆزىدىن يىراقتا سۆزلىشىپ تۇرغانلىغىنى كۆرگەن بولسا، ئويلىنىپ تۇرماستىنلا قولىغا نىمە چۈشسە، شۇنىڭ بىلەن گىرىگورىينى دۇمبالىغان بولاتتى، ئەمما ھازىرقى پەيتتە گاڭگىراپ قالدى، ھېچنىمە دىمىدى، ھەتتا گىرىگورىينىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىنى تۈيۈقسىز كېچىكتۈرگەنلىگىنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلىۋالغان بولسىمۇ، بىلمىگەن كىشى بولىۋالدى. بۇ ئىشلارغا شۇنىڭ ئۈچۈن سۈكۈت قىلدىكى، گىرىگورىي ھازىر كەپسىز ياش كازاك «گىرىشكا» ئەمەس. بەلكى دىۋىزىيە كوماندىرى، گەرچە پاگونلىرى بولمىسىمۇ، مىڭلىغان كازاكلار بوي سۇنىدىغان «گېنېرال» بولۇپ قالدى. ئۇنى ھازىر ھەممەيلەن گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ، ئارانلا ئورەدىنىڭ دەرىجىسىدە بولغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆز بالىسى بولغان تەقدىردىمۇ بىر گېنېرالغا قانداقمۇ قول كۆتىرەلىسۇن؟ تۆۋەن دەرىجىلىكلەر يۇقۇرى دەرىجىلىكلەرگە بوي سۇنۇشتىن ئىبارەت ھەربى تۈزۈم ھەتتا بۇ توغرىلىق ئويلاشقىمۇ ئىمكان بەرمەيدۇ، شۇ سەۋەپتىن چال، گىرىگورىيغا نىسبەتەن ئۆزىنى ھەم باغلىنىشى بولغان، ھەم مەلۇم جەھەتتە يىراقلىشىپ كەتكەن ھېس قىلاتتى. ھەممە بالا — گىرىگورىينىڭ ئادەتتىن تاشقىرى يۇقۇرى كۆتىرىلگەنلىگىدە! ھەتتا يەر تېرىغان كۈنىنىڭ 3 - كۈنى گىرىگورىي ئۇسسىغا

قاتتىق ۋاقىراپ: «ھەي، نىمىشقا ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن! پىلۇگنى كۆتىرىپ سال!» — دىگەن ئىدى، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ، بۇنىڭغا چىداپ، بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدى... كېيىنكى چاغلاردا بۇلار ئۆز مەۋقەلىرىنى ئالماشتۇرغاندەك ئىدى: گىرىگورىي قېرىپ قالغان ئاتىسىغا ۋاقىرايتتى، ئاتىسى بولسا ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى خىرىلدىغان بۇيرۇق ئاھاڭىنى ئاڭلاپ، پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى، مېيىپ ئايىغى بىلەن دىڭگوكلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېپىشقا تىرىشاتتى...

«يامغۇردىن قورقۇپتۇمىش! يامغۇر يېغىشىنىڭ تايىنى يوق، شامال كۈن چىقىشتىن چىقىۋاتسا ۋە ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر پارچە بۇلۇت چېپىپ يۈرسە، قانداق يامغۇر ياغىدۇ! ئاتالىيەگە ئاستا ئېيتىپ قويايمىكىن؟»

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ شۇ پىكىر - خىيال بىلەن ئۆيگە كىرىدىيۇ، ئەمما بۇ پىكرىدىن تېز قايتتى؛ جىدەل بولۇشتىن قورقۇپ، بايا يونۇپ بولمىغان ياغاچنىڭ غېشىغا قايتىپ باردى..

ئاكسىنىيە ئۆيگە قايتىپ كىرىش بىلەنلا، چېلەكتىكى سۈلىرىنى ئىدىشقا قۇيۇپ، مەشنىڭ تېمى بىلەن بىر تۇتاش ئاقارتىلىپ كەتكەن كىچىككىنە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ بىرئاز قېرىپ قالغان، ئەمما ھېلىمۇ چىرايلىق يۈزىگە ھاياجان بىلەن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ يۈزىدە ھامان شاللاق، خازىبىلىك بىر گۈزەللىك بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھاياتىنىڭ خازان پەسلى ئىككى مەڭزىگە سولغۇن تۈس كىرگۈزگەن، قاپاقلىرىنى سارغايتقان، قارا چاچلىرىغا ئۆمۈچۈك تورىدەك شالاڭ ئاق چۈشۈرگەن، كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرگەن. بۇ كۆزلەردىن مەيۈس بىر ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئاكسىنىيە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، كارۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۈستىگە دۈم يىقىلدى ـ دە، يېنىكلەشتۈرىدىغان تاتلىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ قانچە ـ قانچە زاماندىن بۇيان بۇنچىلىك يىغلاپ باقمىغان ئىدى...

قىش كۈنى دون بويىدىكى تاغلارنىڭ تىك قىيالىق گىرۋەكلىرى ئۈستىدە، ئاۋام تىلى بىلەن «ئوغرىيار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يوتا دۆڭنىڭ ئۈستىدە قىشنىڭ ئىزغىرىن شامالLىرى بىر دائىرىدە ئايلىنىپ، گۈكىرەپ سوقۇپ تۇرىدۇ. بۇلار گىياسىز تاقىر دۆڭدىن ئۇندەك ئۇۋاق ئاق قارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، بىر جايغا دۆۋە قىلىدۇ، فەۋەت ـ قەۋەت قاتلاملار ھاسىل قىلىدۇ، ھەيۋەت چوڭ قار دۆۋىسى ئاپتاپ چۈشكەندە شېكەردەك پاقىرايدۇ، گۈگۈم ۋاقتىدا ھاۋارەڭ تۈستە، ئەتىگەن پەيتىدە سۈس كۆك رەڭدە، كۈن چىقىۋاتقان مەزگىلدە ھاۋارەڭ تۈستە تاۋلىنىپ، چوڭقۇر يارنىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ تاكى ئىللىق ھاۋادا ئاستىدىن ئېرىگەنگە قەدەر ياكى يان تەرەپتىن سوققان شىددەتلىك شامال ئۇنى ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن ئىتتىرىپ، پەسكە غۇلاتقانغا قەدەر ۋەھىمىلىك بىر سۈكۈناتقا غەرق بولۇپ ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ۋاقتى كېلىپ، غۇلاپ چۈشكەندە، ئۇ ئۆز يولىدىكى پاكار تاغالچە كۆچەتلىرىنى يەنچىپ تاشلايدۇ، قىيانىڭ يانباغرىدىكى ئۇياتچانلىق بىلەن قىسىلىپ تۇرغان دولانالارنى سۇندۇرىدۇ ۋە ئۆز كەينىدىن پۇقراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قار توزانلىرىنىڭ كۈمۈش ئېتىكىدىن تېز سۆرەپ مېڭىپ، پەس ئاۋازدا ئاستا غۇۋۇلداپ، تۆۋەنگە يۇمۇلاپ كېتىۋېرىدۇ...

ئاكسىنىيەنىڭ ئاشۇ قار دۆۋىلىرىگە ئوخشاش ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان تۇيغۇسىغا كىچىككىنە بىر تۈرتكە

لازىم ئىدى. گرىگورىي بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ۋە گرىگورىينىڭ ئوچۇق چىراي بىلەن: «سالامەتمۇ سەن، ئىممەتلىك ئاكسىنىيە!» — دېگەن سۆزى دەل تېرتكە بولۇپ خىزمەت قىلدى. خوش، گرىگورىينىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ ئاكسىنىيەگە ئىممەتلىك ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ يىللار مابەينىدە ئاكسىنىيە ئۇنى ھەر كۈن — ھەر سائەت ئەسلىمەي تۇرالىدىمۇ، پىكىر — خىيالىدا بارغانسېرى ئۇنىڭغا قاتتىقراق بېرىلمىدىمۇ؟ نېمىنى ئويلىمىسۇن، نېمە ئىش قىلمىسۇن ھەر چاغ، ھەر دائىم، ئۈزلۈكسىز ئۆز ئوي — پىكرىدە گرىگورىينىڭ قېشىدا تۇرغاندەك بولاتتى. سۇ چىغىرىغا قوشۇلغان قارىغۇ ئات ئوق ئەتراپىدا چاقپەلەكنى ئايلاندۇرۇپ، بىر دائىرىدە ئەنە شۇنداق ئايلىنىۋېرىدۇ...

ئاكسىنىيە كەچكىچە كارۋاتنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، كېيىن ياشتىن كۆزلىرى ئىششىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى، يۈز — كۆزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تارىدى ۋە كۇيىوۋ يىگىتكە كۆرۈنىدىغان قىزدەك ناھايىتى ئىلدام كىيىنىشكە باشلىدى. پاكىز ئىچ كۆينىكىنى، توق قىزىل يۇڭ يوپكىسىنى كىيدى، روملىنى يەلكىسىگە ئارتىپ، غىل — پال ئەينەككە قاردى — دە، چىقىپ كەتتى.

تاتارىسكى ئۈستىنى غۇۋا كۆكۈم قاپلىغان ئىدى. نەدىدۇ، تاشقىن يامرىغان سۇ يۈزىدە ياۋا غازلار تەشۋىش بىلەن قاقىلداشاتتى، دون بويىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئارىلىرىدىن خىرە ئېقىش ئاي كۆتىرىلدى. ئاينىڭ شولىسى سۇ يۈزىدە يېشىلسىمان چىغىر يولدەك چىمىرلاشقا باشلىدى. مال پادىلىرى قاراڭغۇ چۈشمەستىن بۇرۇنلا دالىدىن قايتقان ئىدى. ھويلا — قورالاردا ياش ئوتقا تويمىغان ئىنەكلەر مۆرىشەتتى. ئاكسىنىيە ئىنىكىنى ساغمىدى. ئۇ ئاق

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى بېكىتى

تۇمشۇق موزاينى ئېغىلدىن ھەيدەپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا قويۇۋەتتى - دە، موزاي قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئارقا پۇتلىرىنى يەرگە تىرەپ، ئانىسىنىڭ ئورۇق يېلىنىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېمىشكە باشلىدى.

دارىيە مېلىخوۋا ئىنىكىنى ئەمدىلا سېغىپ بولۇپ، سۈزگۈچ بىلەن چېلەكنى كۆتىرىپ، ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتاتتى، قاشانىڭ ئارىسىدىن ئۇنى بىرسى چاقىرىپ قالدى:

— داشا!

— كىم بۇ؟

— مەن، ئاكسىنىيە ... ھازىر بىزنىڭكىگە كىرىپ بىر دەم ئولتۇرۇپ چىقساڭچۇ.

— ساڭا نېمىگە لازىم بولۇپ قالدىم؟

— بەك لازىم بولۇپ تۇرىسەن! كىرگىنە! خۇدا ھەققى!

— توختاپ تۇر، سۈتۈمنى سۈزۈپ بولۇپ كىرەي.

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنى قورانىڭ قېشىدا كۈتۈپ تۇراي.

— ماقۇل!

بىر دەمدىن كېيىن دارىيە چىقتى، ئاكسىنىيە ئۇنى ئۆز ھويلىسىنىڭ كىچىك ئىشىگى يېنىدا كۈتۈپ تۇراتتى. دارىيەدىن يېڭى ساققان سۈتنىڭ ئىللىق پۇرىقى، ئېغىلدىكى قىغنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، ئۇ ئىتىگىنى تۈرمەستىن، بەلكى قالتىس ياسىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئىشىڭنى بالدۇرلا تۈگىتىپسەنغۇ، خوشنام.

— سېتىپان بولمىغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشىم چاغلىق. مەن قارايدىغان بىرلا ئىنەك، دېيەرلىك تاماقمۇ ئەتمەيمەن ...

قاتتىق ـ قۇرۇق بىر نەرسە يىسەملا كۇپايە.
ــ مېنى نېمىشقا چاقىرغانتىڭ؟
ــ يۈرگىنە بىزنىڭ ئۆيگە. بىر ئىش بار ئىدى ...
ئاكسىنىيەنىڭ ئاۋازى دىرىلدەپ چىقاتتى. دارىيە سېلىشىدىغان پاراڭنىڭ مەقسىدىنى سەل ـ پەل پەملىۋالغاندىن كېيىن، ئۇندىمەستىن ئارقىسىدىن ماڭدى.
ئاكسىنىيە چىراق ياقماستىن، ئىچكىركى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا، ساندۇقنى ئېچىپ ئاختۇردى ـ دە، ئۆزىنىڭ قۇرغاق ۋە ئىسسىق قولى بىلەن دارىيەنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىراش ئۇنىڭ بارمىقىغا بىر ئۈزۈكنى سېلىشقا باشلىدى.
ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ ئۈزۈكمۇ؟ بۇنى ماڭا بەردىڭمۇ؟ ...
ــ ساڭا بەردىم! ساڭا، مەندىن ... يادىكار ...
ــ ئالتۇنمۇ؟ ــ دەپ جىددى قىياپەتتە سورىدى دارىيە، دەرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، غۇۋا چۈشكەن ئايدىڭدا بارمىقىدىكى ئۈزۈككە قاراپ.
ــ ئالتۇن. تاقاپ يۈر!
ــ خۇدا رەھمەت قىلسۇن!... نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى، بۇنى نېمىشقا ماڭا بېرىۋەتتىڭ؟
ــ ماڭا سىلەرنىڭ ... گىرىگورىينى چاقىرىپ بەرسەڭچۇ.
ــ يەنە تارتىۋالماقچىمۇسەن؟ ــ دارىيە زىرەكلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.
ــ ياقەي، ياق! هوي، نېمە دىگىنىڭ بۇ! ــ ئاكسىنىيە قورقۇپ كەتتى ـ دە، كۆزىدىن ياش چىققۇچە قىزىرىپ كەتتى، ــ ئۇنىڭ بىلەن سىتېپان توغرىلىق سۆزلەشمەكچى ئىدىم ... بەلكىم

www.uyghurkitap.com

ئۇ ستېپانغا دەم ئېلىش ۋاقتى بېرەرمىكىن ...

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا بىزنىڭكىگە كىرمىدىڭ؟ ئىشىڭ بولسا، كىرىپ سۆزلىشىۋەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ كولاشتۇرۇپ سورىدى دارىيە.

— ياق، ياق ... ناتالىيە باشقا بىر نېمىنى ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ... ئەپسىز ..

— ئۇنداق بولسا، ماقۇل، چاقىرىپ بېرەي ... ئۇنى ئاياتتىمۇ مەن!

گرىگورىي كەچكى تاماقنى يەپ بولغان ئىدى. قوشۇقنى يېڭىلا قويۇپ، شورپا بىلەن ھۆل بولغان بۇرۇتىنى بىرقۇر شۈمۈپ ۋە ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. شىرەنىڭ ئاستىدا ئايىغىنى باشقا بىر پۇت باسقانلىقىنى سېزىپ، ئۇ كۆز يۈگۈرتۈپ، دارىيەنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۆز قىسقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

«ئەگەر ئۇ مېنى ئاكام مەرھۇم پېترو ئورنىدا كۆرۈپ، بىرەر نالايىق سۆز ئېيتىپ باقسۇن، دەرھاللا ئەدىپىنى بېرىمەن! ئۇنى خامانغا ئېلىپ چىقىمەن - دە، يوپكىسىنى بېشىغا تېڭىپ، قانجۇقنى ساۋىلىغاندەك ساۋىلايمەن!» — دەپ ئويلىدى گرىگورىي غەزىپى كېلىپ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ يەڭگىسىنىڭ غىلجىڭلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا قاپىقىنى تۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئاخىر ئۇ، شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئۆتۈپ، تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، ئالدىرىماستىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. سەللا كېيىن كەينىدىن دارىيەمۇ چىقتى.

ئۇ دەھلىزدە گرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شارتلا كۆكرىكىنى ئۇنىڭغا تاقاشتۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ھەي، ياۋۇز! يۈر... سېنى چاقىرىدۇ.
— كىم؟ — گىرىگورىي ئاستا سورىدى.
— ھېلىقى كىشى.
ناتالىيە بالىلىرى بىلەن ئۇيقۇغا كېتىپ، بىر سائەت ئۆتە كەندىن كېيىن، شىنېلىنىڭ تۈگمىلىرىنى زىچ قىلىپ ئەتكەن گىرىگورىي ئاكسىنىيە بىلەن بىللە ئاستاخوۋنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇلار قاراڭغۇ تار كوچىدا بىردەم ئەنجىقماي تۇرۇشتى، ئاندىن يەنىلا ئۇنچىقمىغان پېتى جىمجىت قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن، ياش مايسىلارنىڭ مەس قىلغۇچى پۇرىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان دالىغا قاراپ كېتىشتى. گىرىگورىي شىنېلىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ ئاكسىنىيەنى باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، كوپتىسىنىڭ ئىچىدىن يۈرىكى قاتتىق دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

## 51

ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا، گىرىگورىي ناتالىيە بىلەن قىسقىچە سۆزلىشىۋالدى. ناتالىيە ئۇنى بىر چەتكە چاقىرىپ پىچىرلاپ سورىدى:
— تۈندە نەگە باردىڭ؟ قەيەردىن شۇنچىلىك كەچ قايتىپ كەلدىڭ؟
— ئانچە كەچ ئەمەسقۇ!
— كەچ بولماي نىمە؟ مەن ئويغانسام — باش توخۇ قىچق

قاردى، سەن تېخىچە يوق...

— كودىنوف كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭ قېشىغا ئۆزىمىزنىڭ ھەربى ئىشلىرىمىز توغرىلىق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن باردىم. بۇ سېنىڭ ئايالغا خاس ئەقلىڭ يېتىدىغان ئىش ئەمەس.

— ئۇ نىمىشقا بىزنىڭكىگە قونۇشقا كەلمەيدىكەن؟

— ۋېشكىغا بېرىشقا ئالدىرايدىكەن.

— ئۇ كىمنىڭكىگە چۈشۈپتۇ؟

— ئابروشچېنكوفلارنىڭ ئۆيىگە. ئۇلار كودىنوفقا يىراق تۇققان كېلىدىكەن.

ناتالىيە باشقا گەپ سورىمىدى. ئۇنىڭدا بىرئاز گۇمانلىنىش بارلىغى بىلىنىپ تۇراتتى، ئەمما كۆزلىرىدىن سىر بەرمەسلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا گىرىگورىي ئۇنىڭ ئىشەنگەن - ئىشەنمىگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى.

ئۇ ئالدىراش ناشتا قىلدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاتنى ئىگەرلەشكە ماڭدى، ئىلئىنىشنا گىرىگورىينى چوقۇندۇرۇپ، يۈز - كۆزىدىن سۆيدى - دە، ۋىلىق - ۋىلىق پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن، بالام، خۇدانى... خۇدانى ئۇنتۇما! ئاڭلىشىمىزچە، سەن قانداقتۇ ماتروسلارنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپسەن ... ۋاي خۇدايىمەي! سەن، گىرىشېنكا، ئېسىڭنى تېپىۋال! ئەنە قارا، بالىلىرىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ - ھە، سەن ئۆلتۈرگەنلەرنىڭمۇ، بەلكىم بالىلىرى قېپقالغاندۇ؟.. ئاشۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ سەن كىچىكلىكىڭدە قانداق ئۇماق، قانداق ئارزۇلۇق بالا ئىدىڭ، ھازىرچۇ، ھازىر قاپىغىڭنى زادىلا ئاچماي يۈرىسەن. قارىغىنا، يۈرىكىڭ بۆرىنىڭ يۈرىكىدەك بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ... ئاناڭنىڭ سۆزىگە

قۇلاق سال، گرىشىنكا! سەنمۇ سىپىرلەنگەن، ھېچنىمە كار قىلمايدىغان ئادەم ئەمەسسەن، سىنىڭمۇ بوينۇڭنى چاپىدىغان باتۇر ئادەمنىڭ قىلىچى چىقىپ قالىدۇ...

گرىگورىي غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، ئانىسىنىڭ قاداق قولىنى سۆيدى - دە، ناتالىيەنىڭ قېشىغا كەلدى. ناتالىيە ئۇنى سىغاققىنا قۇچاقلاپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋالدى، گرىگورىي ئۇنىڭ قۇرۇق كۆزلىرىدە ياش ئەمەس، بەلكى ئاچچىق ئەلەم ۋە غەزەپ ئالامەتلىرىنى كۆردى... گرىگورىي بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ تاشقىرىغا چىقتى.

پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويۇپ، ئاتنىڭ يىرىك يايلىدىن تۇتۇپ، نىمىشقىدۇ ئويلىنىپ قالدى: «مانا، ھاياتىم يەنە يېڭىچە بۇرۇلۇشقا يۈزلەندى. يۈرىكىمدە بولسا ھامان بۇرۇنقىدەك سوغاقچىلىق، بوشلۇق بار... ھازىر ئاكسىيوتكىمۇ شۇ بوشلۇقنى تولدۇرالمىسا كېرەك...»

ئۇ ئەتراپىغا تويلىشىپ تۇرغان ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا قايرىلىپ قارىماستىن، بىر چامداپ - ئىككى چامداپ كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئاستاخوفنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، دەرىزىلەرگە قىيا نەزەر تاشلاپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ چەتتىكى دەرىزىسىدىن ئاكسىنيەنى كۆردى. ئاكسىنيە كۈلۈمسىرىدى، كەشتىلىك قولياغلىقىنى ئۇنىڭغا پۇلاڭلاتتى - دە، شۇ ئاندىلا ياغلىقنى پۈملاپ ئاغزىغا ۋە بۈگۈن كېچە ئۇيقۇسىزلىقتىن قارىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە باستى ...

گرىگورىي دالىدا ماڭغاندەك، ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ كەتتى. دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ يازلىق چوڭ يولدا ئالدى تەرەپتىن ئاستا كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنى ۋە بىر ھارۋىنى كۆردى. ئاتلىقلارنى تونۇدى: بىرسى، ئانتىپ برېخوۋىچ، يەنە بىرسى، سىترىپمەننىكوف بولۇپ، يېزىنىڭ يۇقۇرقى چېتىدە تۇرىدىغان چىرايى

قارىراق كەلگەن چاققان، ياش كازاك ئىدى. «ئۆلۈكلەرنى ئىلىپ كېتىۋېتىپتۇغۇ بۇلار» — بۇنى گىرىگورىي كالا هارۋىسىغا بىر قاراپلا پەملىۋالدى. كازاكلارغا تەكلەشمەستىنلا سورىدى:

— كىمنى ئىلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟

— ئالىيوشكا شامىل، تومىلىن ئىۋان ۋە ياكوف «تاقا».

— بۇلار ئۆلگەنمۇ؟

— بىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

— قاچان؟

— تۈنۈگۈن كۈن پېتىش ئالدىدا.

— باتارېيە ساقمۇ؟

— ساق. بىزنىڭ توپچىلىرىمىزنى قىزىللار كالىنوۋىي ئۇ-گولدىكى بىر ئۆيدە تۇتۇۋېلىشقان. شاملىنى بولسا مۇنداق... ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن چېپىپ تاشلاشتى.

گىرىگورىي بېشىدىن پاپاخىنى ئېلىپ، ئاتتىن چۈشتى، هار-ۋىنى هەيدەپ كەلگەن چىرايلىق يېشى چوڭ راق بىر كازاك ئايال ئۆكۈزلەرنى توختاتتى، چېپىپ تاشلانغان كازاكلار هارۋىنىڭ ئۈس-تىدە قاتار يېتىشاتتى، گىرىگورىي هارۋىغا يېقىن كەلمەي تۇرۇپلا، ئۆلۈكلەرنىڭ چۈچۈمەل پۇرىغى شامال بىلەن ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇر-رۇلدى، ئالىيوشكا شامىل ئوتتۇرىدا ياتاتتى، كونا كۆك چەكمىنى-نىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن، چولاق قولىنىڭ يېڭى چېپىلغان بېشى-نىڭ ئاستىغا قويۇلغان، قاچانلاردۇ ئۈزۈلگەن قولىنىڭ ئەسكى-لاتىغا ئورالغان كۆتمىگى بىر زامانلاردا هەركەتچان چاققان ئىدى. ئەمدىلىكتە دومپىيىپ تۇرغان جانسىز كۆكرەك قەپىزىگە مەهكەم چاپ-لىشىپ تۇراتتى، ئالىيوشكىنىڭ ئۆلۈك يېتى ئاپپاق هىجىيىپ تۇرغان چىشلىرىدا قەهرى - غەزەپ مەڭگۈ قېتىپ قالغاب، ئەمما قوڭۇر

كۆزلىرى كۆك ئاسمانغا، دالا ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇتقا خاتىرجەم ۋە غەمكىن ئويچانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى...

توملىننىڭ يۈزى ئادەم تونۇغۇسىز ئىدى؛ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا يۈزدىن ئەسەر قالماپتۇ، شۇنداقكى، يۈزىنىڭ ئورنىدا قىلىچنىڭ زەربە بىلەن قىيپاش يونۇلغان قىپ - قىزىل ۋە شەكىلسىز بىر نىمە قالغان. يېنىچە ياتقان ياكوف «تاقا» زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىپتۇ، قىيسىيىپ قالغان بېشى دىيەرلىك پۈتۈنلەي چېپىپ تاشلانغان، ماش رەڭ گىمناستيوركىسىنىڭ تۈگمىسى يېشىلگەن. ئوچۇق ياقىسىدىن ئىككى بۆلۈك چېپىلغان ئاق ئوقۇرەك سۆڭىكى دىڭگىيىپ تۇراتتى، پېشانىسىدە، كۆزىدىن يۇقۇرراق يەردىكى ئوق تەككەن يەردە قاپ - قارا قان پاقىراپ تۇراتتى، ئېھتىمال، قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بىرسى جېنى چىقماي قىينالغان كازاكقا رەھمى كېلىپ، ئۇدۇل پېشانىسىگىلا ئوق ئاتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ياكوف «تاقا»نىڭ جانسىز يۈزىدە، ھەتتا مىلتىق دورىسىنىڭ كۆيىكى بىلەن قاپ - قارا ئىزلىرى قېپقالغان.

— خوش، ئۇنداق بولسا، بۇرادەرلەر، ئۆزىمىزنىڭ يېزىداشلىرىمىزنى ئەسكە ئالايلى، ئۇلارنىڭ تىنچ يېتىشى ئۈچۈن تاماكا چېكەيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى گرىگورىي، ئاندىن بىر چەتكە ئۆتۈپ، ئىگەرنىڭ تۆشنى بوشىتىپ، ئېتىنىڭ يۈگىنىنى ئالدى - دە، تىزگىنىنى ئالدىنقى سول پۇتىغا چىرماپ، ئۇنى قىلتىرىقتەك ئۆسۈپ قالغان يۇمران ياش مايسىنى ئوتلاشقا قويۇۋەتتى.

ئانتىپۇ بىلەن سترېمەننىكوف دەرھال ماقۇل كۆرۈپ، ئات-

www.uyghurkitap.com

تىن چۈشۈشتى، ئاتلىرىنىڭ پۇتىنى چۈشەپ، يايلاشقا قويۇۋەتتى، يانباشلاپ يېتىپ، تاماكا چېكىشتى. گىرىگورىي، ئۇستىدىكى تۈكى تۇتام ـ تۇتام تۈرۈلۈپ قالغان، ئەمما تېخىچە تۈك تاشلىمىغان ئۆكۈزنىڭ مايسا ئوتقا بويۇن سوزۇپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، سورىدى:

— شامىل قانداق ھالاك بولدى؟

— ئىشىنەمسەن، پانتېلېيېۋىچ، ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن!

— قانداقچە؟

— قارىمامسەن، مانا مۇنداق بولدى، — دەپ سۆز باشلىدى ستىرېمەننىكوف، — تۈنۈگۈن، دەل چۈش ۋاقتىدا بىز چارلاشقا چىققان ئىدۇق. بىزنى پىلاتون رەبچىكوف ئۆزى ۋاخمىستىرنىڭ كوماندىسى ئاستىدا ئەۋەتكەن ئىدى... ئانتىپ، تۈنۈگۈن بىز بىلەن بىللە بارغان ۋاخمىستىرنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— ئۇنى جىن ـ شەيتان بىلىدۇ!

— خوپ مەيلى، كىم بولسا بولسۇن! ئۇ بىزگە تونۇش ئەمەس، باشقا بۆلۈمنىڭ ئادىمى، ھە، شۇنداق قىلىپ، بىز 14 كازاك بىللە كېتىۋاتاتتۇق، شامىلمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى، تۈنۈگۈن ئۇ كۈن بويى شۇنداق خۇشال يۈرگەن ئىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ھېچنېمىنى ئالدىن سېزەلمىگەن ئىكەن ـ دە! كېتىپ بارىمىز، ئۇ بولسا چولاق قولىنى گىلدىڭلىتىپ، ئىزگىننى ئىگەرنىڭ قېشىغا ئىلىپ قويۇپ، گەپكە چۈشتى: «ھەي، بىزنىڭ گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ قاچان كېلەر! ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىچىشىپ، ناخشا ئېيتقان بولاتتۇق!» شۇنىدىن كېيىن ئۇ لاتىشېۋىسكى ئېدىرىغا يەتكۈچە ناخشىنى چاڭ كەلتۈرۈپ كەلدى:

چىكەتكىندەك ئۇچتۇق بىز،
پاكار - پاكار تاغلاردا.
دون كازاكى بېرىمىز،
قولىمىزدا بەردانكا *.

شۇنداق قىلىپ بىز پاتقاق سايىنىڭ قېشىدىكى بىر جىلغىغا يىغىلدۇق، شۇ يەردە ۋاخمىستىر بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «يىگىتلەر، قىزىللار ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدىغۇ، ئۇلار تېخى ئاستاخوف يېزىسىدىن چېقمىغان بولۇشى كېرەك، مۆزدىكلەر بالدۇر تۇرۇشقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ، ئېھتىمال، مۇشۇ ۋاقىتقىچە چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقاندۇ، خوحوللارنىڭ توخۇلىرىنى پىشۇرۇۋاتقاندۇ، قورۇۋاتقاندۇ، بىزمۇ كىچىككىنە دەم ئېلىۋالايلى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئاتلىرىمىز بەك تەرلەپ كەتتى.» بىز رازى بولۇپ: «بولىدۇ، ئۇنداق بولسا، ماقۇل» — دىدۇق. مانا ھەممىمىز ئاتتىن چۈشتۇق. ئوتلاقتا ياتىمىز، بىرسىنى دۆڭنىڭ بېشىغا پايلاقچىلىققا ئەۋەتتۇق. ھامان ياتىمىز، بىر چاغدا قارىسام، مەرھۇم ئاليوشكا ئېتىنىڭ قېشىدا تىمىسقىلاپ، ئېگەرنىڭ توشىنى بوشىتىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «ئالېكسەي، سەن ئاتنىڭ توشىنى بوشاتمىساڭ بولاتتى، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئەگەر بىز تېزدىن يولغا چىقىدىغان بولۇپ قالساق، ئۇ چاغدا سەن مەجرۇھ قولۇڭ بىلەن ئاتنىڭ توشىنى قانداق چىگىتىسەن؟» — دىدىم. ئەمما ئۇ ھىجايدى: «شۇنداق بولغاندا تېخى سەندىن تېزرەك جۆندەپ بولىمەن! سەن كۆك سويما، ماڭا ئۆگەتكۈچى بولدۇڭمۇ؟» خوش، شۇنىڭ بىلەن ئاتنىڭ توشىنى بوشىتىپ، ئېغىزدۇرۇقىنى ئالدى.

* بەردانكا — بىر ئاتار مىلتىق — ت.

ياتىمىز، بەزىلەر تاماكا چېكىشىۋاتىدۇ، بەزىلەر چۆچەك ئېيتىشىۋاتىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆگدەپ يېتىپتۇ. شۇ پەيتتە بىزنىڭ پايلاقچىمىزمۇ ئۆگدەپ قالغان ئىكەن. قورغاننىڭ تۆۋىدە يېتىپتۇ-دە، بۇ نەس باسىدىغان! — ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا يىراقتىن ئات پۇشقۇرغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلايمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ھورۇنلۇق قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ھالدا قوپۇپ، جىلغىدىن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. قارىسام، بىزدىن 100 سارجىن نېرىدا ساينىڭ ئۈستىگى بىلەن مىزىللار كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تورۇق ئات مىنگەن كوماندىر مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات شىردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا دېسكىلىق پىلىموت بار ئىدى. مەن دەرھال جىلغىغا يۇمىلاپ چۈشۈپ: «قىزىللار كېلىپ قالدى! ئاتقا مىنىڭلار!» — دەپ چوقان كۆتەردىم. ئۇلارمۇ مېنى كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ زامات ئۇلارنىڭ كوماندا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بىزمۇ ھايالسىز ئاتقا مىندۇق، ۋاخمىستىر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئاتاكىغا باشلىماقچى ئىدى. ئەمما ئاتاكىغا ئۆتۈش نەدىكى گەپ، بىز 14 كىشى تۇرساق، ئۇلاردا يېرىم روتا ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا تېخى پىلىموت بار! بىز يۇقۇرىغا قاراپ قاچتۇق، ئۇلار بىزگە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرغان ئىدى، ئەمما بىزنى ساي قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، پىلىموت بىلەن سوقالمايدىغانلىقىنى كۆرۈشتى. شۇ چاغدا ئۇلار ئارقىمىزدىن قوغلاشقا كىرىشتى. ئەمما بىزنىڭ ئاتلىرىمىز تېزرەك چاپتى، ئېيتىش مۇمكىنكى، بىز چېپىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئوق يېتىم يول ئۈزاپ كەتتۇق — دە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئوق چىقىرىشقا باشلىدۇق. پەقەت شۇ چاغدىلا ئارىمىزدا ئالىيۇشكا شامىلنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدۇق. دېمەك، ھەممەيلەن ئاتلىرىغا مىنىپ

بولغان چاغدا، ئۇ ئىتتىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ساق قولى بىلەن ئىگەرنىڭ قېشىغا ئامىشىپتۇ، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە شۇنداق سېلىشى بىلەنلا، ئىگەر سىيرىلىپ، ئاتنىڭ قارنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن شامىل ئىتقا مىنەلمەي، قىزىللار بىلەن يۈزمۇ يۈز دۈچكېلىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئىتى بىزگە قېچىپ كەلدى، بۇرنىدىن ئوت چىقاتتى، ئىگەر تېخىچە قارنىدا شالاقلاپ تۇرۇپتۇ. هازىر شۇنداق شاش بولۇپ قاپتىكى، خارىلداپ ئادەمنى قېشىغا يولاتمايدۇ، شەيتان! مانا ئالىكسەي ئەجەلگە ئا-شۇنداق رام بولدى! ئەگەر ئاتنىڭ تۆشىنى بوشاتمىغان بولسا، تىرىك قالغان بولاتتى، ئۇنداق قىلماي، مانا...، — ستېرېمەننىكوف قارا بۇرۇتىنىڭ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى — دە، سۆزىنى تۈگەتتى، — ئۇ ئالدىنقى كۈنلەردە هامان ناخشا كۈيلەپ يۈرگەن ئىدى:

ئېيىق بوۋاي كەلسەڭچۇ،
ئىنىگىمنى شۈلسەڭچۇ،
بېشىمنى يەڭگىل ئەتسەڭچۇ...

مانا ئۇنىڭ بېشىنى يەڭگىللەشتۈرۈپ قويۇشتى... ئۇنىڭ يۈزى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن! ئۇنىڭدىن ئاققان قان، يوغۇز-لانغان بىر كالىنىڭ قېنىدەك كېلەر... بىز قىزىللارنى ئارقىسىغا چېكىندۇرگەندىن كېيىن ئاشۇ جىلغىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىساق شۇ يەردە ياتقان ئىكەن. ئاستىدىكى قان كۆل — كۆل بولۇپ كې-تىپتۇ، جەسىدى چىلىقلاپلا قاپتۇ.

— خوش، قاچان ماڭىمىز؟ — يۈزىنى ئاپتاپتىن توساپ

رومال بىلەن ئورىۋالغان ھارۋىكەش ئابال لەۋلىرىدىن روماللى سەل سۈرۈپ قويۇپ سەۋرىسىزلىك بىلەن سورىدى.

— ئالدىرىما، ھاماچا، ئۆپكەڭنى بېسىۋال، ھازىر يېتىپ بارىمىز.

— نېمىشقا ئالدىرىمايدىكەنمىز؟ مۇنۇ ئۆلۈكلەردىن چىقىۋاتقان پۇراق شۇنداق ئېغىركى، كىشىنى ئوڭدا قويىدۇ!

— ئۇنىڭدا يېنىڭ خوش پۇراق نېمە قىلسۇن؟ بۇ مەرھۇملار گۆش يېگەن، ئاياللارنى تىمىسقىلاپ يۈرگەن، بۇنداق ئىشلار بىلەن كىم شۇغۇللانغان بولسا، بۇنداق ئادەم تېخى ئۆلمەي تۇرۇپلا، سېسىق پۇراق چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئېيتىشلىرىچە، بەزى ئەۋلىيالار ئۆلگەندىن كېيىن ھورغا ئايلىنارمىش، مېنىڭچە، بۇ قىپ - قىزىل يالغان، قانداق ئەۋلىيا بولمىسۇن، بىرى ئوخشاش، تەبىئەتنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلگەندىن كېيىن سېسىيدۇ. بەربىر، ئەۋلىيالارمۇ تاماقنى قوساققا يەيدۇ، ئۇلاردىكى ئۈچەيمۇ، خۇددى خۇدادىن ئىنسانغا بېرىلگەندەك 30 گەز ...، — ئانتىپۇ ئويلىنىپ، شۇ سۆزنى قىلدى.

ئەمما سترېمېننىكوف نېمىشقىدۇ زەردىسى قايناپ ۋاقىرىدى:

— ئۇلار ساڭا نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ ئەۋلىيالارنى ئۆزەڭگە قوشۇۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ قېنى، ماڭايلى!

گرىگورىيېي كازاكلار بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆلگەن بېزىلىقلار بىلەن ۋىدالاشقىلى ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى يالىڭاياق ياتقانلىقىنى، ئۈچ جۈپ ئۆتۈك قونچىسى بىلەن شۇلارنىڭ پۇتلىرى ئاستىغا سېلىنغانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— نېمىشقا ئۆلۈكلەرنىڭ ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېتىڭلار؟

— بۇنى، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، بىزنىڭ كازاكلىرىمىز ئۆزلىرى شۇنداق قىلىشتى ... بۇلارنىڭ مەرھۇملارنىڭ پۇتىدىكى ئاياقلىرى ياخشى ئىدى، شۇڭا بۆلۈنمىدىكىلەر مۇنۇ مەسلىھەتنى كۆرسىتىشتى: ئۇلاردىن ياخشى ئۆتۈكلەرنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئاياق كىيىمى ناچارلارغا بېرەيلى، كونا ئۆتۈكلەرنى يېڭىغا ئېلىپ كەتسۇن. مەرھۇملارنىڭ ئائىلىسى بار. ئۇلارنىڭ باللىرى كونا ئۆتۈكنى كىيسىمۇ بولۇۋېرىدۇ ... ئانىكۇشكىمۇ مۇنداق دېدى: «ئۆلۈكلەر ئەمدى پىيادە يول يۈرمەيدۇ، ئاتلىق يۈرۈشكىمۇ توغرا كەلمەس، ئالىيوشكىنىڭ ئۆتۈكىنى ماڭا بېرىڭلار، پاشنىسى بېجىرىم ئىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، مەن قىزىللاردىن بەتىنكە قولغا چۈشۈرگىچە، سوغاق تېگىپ، ئۈششۈپ قالىمەن».

گرىگورىي يۈرۈپ كەتتى، كېتىۋېتىپ، كازاكلارنىڭ ئارىسىدا بىردىن گەپ تالىشىش پەيدا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. سىترېمەننىكوۋ ئىنچىكە چىقىراق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرايتتى:

— سەن يالغان سۆزلىدىڭ، جۇمۇ، برېخوۋىچ! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ داداڭنىڭ ئىسمىنى برېخ* قويغان! كازاكلاردىن ئەۋلىيا چىققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇژىكلەر ئۇرۇغىدىن.

— ياق، چىققان.

— ئىتقا ئوخشاش يالغان سۆزلەۋاتىسەن!

— ياق، چىققان!

— كىم؟

— مۇزەپپەر سەركەردە يېگورىچۇ؟

— تۇ - فى! قوي - قوي، بۇ گېپىڭنى، ۋابا تەككۇر! ئۇ كازاكمىكەن؟

---

* برېخ — يالغان مەنىسىدە — ت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— نەق دوننىڭ كازاكى، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى تۇۋەندىكى بىر كەنت، ئېھتىمال، سېمىكاراكورسكايا كەنتى بولۇشى مۇمكىن.

— ئوھو، بالغاننى تازا قاملاشتۇردۇڭ! ئاۋال بىر ئويلاپ كۆرسەڭچۇ. ئۇ كازاك ئەمەس!

— كازاك ئەمەس دەمسەن؟ ئۇنداق بولسا، ئۇنى نىمىشقا نەيزىدار قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ؟

ئۇندىن كېيىنكى سۆزلەرنى گىرىگورىي ئاڭلىيالمىدى. ئۇ ئېتىنى سوكۇلدىتىپ، سايلىققا چۈشتى - دە، گېتمان يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھارۋا بىلەن ئاتلىقلارنىڭ دۆڭدىن يېزىغا ئاستا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

گىرىگورىي تاكى كارگىنىسكاياغا يېتىپ بارغۇچە دىيەرلىك ئېتىنى يورغىلىتىپ ماڭدى. مەيىن شامال بىر ئازمۇ تەرلىمىگەن ئاتنىڭ يايلىنى ئويناپ باراتتى. ئۇزۇن بوز رەڭ دالا چاشقىنى يولدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، تەشۋىش بىلەن چىرىلدايتتى. ئۇلارنىڭ جىددى ئاگاھلاندۇرغۇچى چىرىلدىشى دالىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىق بىلەن ئاجايىپ ماسلاشقان ئىدى. يول ياقىسىدىكى دۆڭلەردە، قىرنىڭ باشلىرىدا ئەركەك بەزغالداقلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. قۇياشنىڭ نۇرىدا قاردەك ئاپپاق پاقىرىغان كىچىكرەك بىر بەزغالداق ئۇششاق ۋە چەبدەس قانات قېقىپ، كۆككە پەرۋاز قىلدى - دە، ئاسماننىڭ قەرىگە چىققاندىن كېيىن گويا كۆپ - كۆك ھاۋا بوشلۇغىدا ئۇزۇن كېتىۋاتقاندەك، مەخمەلسىمان نىكا - توي چەمبىرىگى تاقىغان بويىنىنى سوزۇپ، بارغانسېرى يىراقلىشىپ باراتتى. 100 سارجىندەك يىراققا ئۇچۇپ بارغاندىن كېيىن گويا بىر ئورۇندا توختاپ قالغاندەك بولۇپ، تېخىمۇ تېز قانات قېقىپ، تىكلا پەسكە چۈشۈشكە باشلى-

دى. يەرگە يېقىنلاشقان چاغدا يېشىل چىمەنلىك ئۈستىدە ئاخىر-
قى قېتىم قانات - پەرلىرى ئاپپاق چاقماقتەك ۋال - ۋۇل
قىلىپ كەتتى - دە، لاسسىدە ئۆچتى: بەزغالداق كۆزدىن غايىپ
بولۇپ، چىمەنلىكتە يوقالدى.

ئەركەك بەزغالداقلارنىڭ ئىنتايىن ئىپتىراسلىق «چىر -
چىر» قىچقىرىشلىرى ھەممە يەردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چىر دەريا-
سىنىڭ بويىدىكى بىر دۆڭنىڭ ئەڭ ئىگىز چوققىسىدا، يولدىن
بىر نەچچە قەدەم نېرىدا گىرىنگوردي ئىگەرنىڭ ئۈستىدىن بەزغال-
داقلارنىڭ جۈپلىشىدىغان يېرىنى كۆرۈپ قالدى: ئەركەك بەزغال-
داقلار بىر چىشىسىنى تاللىشىپ، ئۆزئارا سوقۇشۇپ، توغرىسى
بىر يېرىم گەز كېلىدىغان تۈپ - تۈز يۇمۇلاق يەرنى دەسسەپ
چىڭدىۋەتكەن ئىدى. غازلار جۈپلىشىدىغان بۇ تاقىر يەردە بىر
تال گىيامۇ يوق: پەقەت چاڭ توپىلىق يەر ئۈستىدە كىرىپىست
شەكلىدە بىرمۇنچە ئىز قالغان ھەمدە شۇ دۈگلەك يەرنىڭ ئەت-
راپىدىكى شۋاق ۋە ئەمەنلەرنىڭ قاخشال شادىلىرى ئۈستىدە
ئاستى تەرىپى قىزىل، ئۈستى ئالا - چىپار غاز پەيلىرى ئىبسلىپ
تۇراتتى، بۇ، ئەركەك بەزغالداقلارنىڭ بىر - بىرى سوقۇشقان
چاغدا دۈمبە ۋە قۇيرۇغىدىن يۇلۇنغان پەرلىرى ئىدى. يېقىن
بىر يەردە كۆل رەڭ، كۆرۈمسىز بىر چىشى بەزغالداق ئۈۋىسىدىن
سەكرەپ چىقتى، ئۇ قېرى خوتۇندەك دوڭغاقلاپ، چەبدەس
قەدەم بىلەن مېڭىپ، بۇلتۇرقى سولغۇن قاشقا بىدىنىڭ ئاستىغا
يۈگۈرۈپ باردى - دە، قانات قېقىشقا جۈرئەت قىلالماي، موككىدە
يوشۇرۇندى.

باھار بىلەن مەھسۇلدار بولغان قۇدرەتلىك جۇشقۇن، كۆزگە
كۆرۈنمەس ھايات دالىغا كەڭ قۇچاق ئاچقان ئىدى: مايسىلار

www.uyghurkitap.com

بەرق ئۇرۇپ ئۆسكەن؛ قۇشلار، ھايۋانلار ۋە چاشقانلار ئۆز جۇپتى بىلەن ئادەمزاتنىڭ يىرتقۇچ كۆزلىرىدىن يوشۇرۇنۇپ، دالىدىكى خىلۋەت پانا جايلىرىدا بىر - بىرى بىلەن چېتىلىشمەكتە ئىدى. ئېتىزلىقلاردا زىرائەتلەرنىڭ سان - ساناقسىز بىخلىرى تۈكچىدەك باش كۆتەرگەن. پەقەت ئۆز ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ بولغان بۇلتۇرقى شىۋاقلار — شامالدا يۇمىلىنىپ يۈرگەن قامقاقلار — دالىنىڭ ھەر يەر - ھەر يېرىدە چوقچىيىپ تۇرغان قەدىمقى قاراۋۇل قورغانلىرىنىڭ يانباغرىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قوغدانغۇچى سۈپەتتە ئۆزىگە نىجاتلىق تىلەپ يەرگە يېپىشىۋالغان ئىدى، ئەمما ھاياتبەخش مۇسەپپا شامال ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن يىلتىز - پايىسىنى رەھىمسىز سۇندۇرۇپ، قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ ھاياتقا تەلپۈنگەن كەڭ دالىدا ئۇنى ھەر تەرەپكە يۇمىلىتىپ قوغلاپ يۈرەتتى.

گرىگورىي مېلېخوف كارگىنىسكاياغا كەچ كىرىش ئالدىدا يېتىپ كەلدى. چىر دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتتى؛ كازاك يېزىسىنىڭ قېشىدىكى بىر مال قوراسىدىن رەبچىكوفنى ئىزلەپ تاپتى.

ئەتىسى ئەتىگەن گرىگورىي ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ 1- دىۋىزىيىسىنىڭ يېزىلارغا تارالغان قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى - دە، شتاپتىن ئەۋەتىلگەن كېيىنكى مەلۇماتلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز دىۋىزىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى مىخايىل كوپىلوف بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جەنۇپتىكى ئاستاخوۋو يېزىسىغىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىشقا قارار قىلدى.

قىسىملاردا ئوق - دورا يېتىشمەسلىك سېزىلىپ تۇراتتى، بۇلارنى جەڭ بىلەن قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. گرىگورىي ئېلىپ بارماقچى بولغان ھۇجۇمنىڭ ئاساسىي مەقسىدىمۇ شۇ ئىدى.

كەچكە يېقىن كارگىنىسكاياغا ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئۈچ پولك، پىيادە ئەسكەرلەردىن بىر پولك توپلاندى. دۈشمەنىيەدە بار بولغان 22 قول پىلىموتىنى ۋە ئىستانوكلۇق پىلىموتتىن پەقەت ئالتە دانىسىنى ئالماقچى بولۇشتى: قالغانلىرىدا ئوق لېنتىسى يوق ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە دۈشمەنىيە ھۇجۇمغا ئاتلاندى. گىرىگورىي شتاپىنى يولنىڭ بىر يېرىدە قالدۇرۇپ، 3 - ئاتلىق پولكنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئالدىدا ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى ماڭغۇزۇپ، جەنۇپقا، پونوماريۆكا يېزىسىغا قاراپ، ھەربىي يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. چارلىغۇچىلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ يەردە قىزىل ئارمىيىنىڭ 101 - ۋە 103 - پىيادە پولكلىرى كارگىنىسكاياغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىكەن.

كەنتتىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا ئۇنى بىر چاپارمەن قوغلاپ يېتىپ، كودىنوفنىڭ خېتىنى تاپشۇردى.

«2 - كۈنى سېردوب پولكى بىزگە تەسلىم بولدى! ھەممە سولداتچاقلار قورالسىزلاندۇرۇلدى، ئۇلار ئىچىدىكى غوغا كۆتەرمەكچى بولغان 22 كىشىنى بوگاتىرېۋ ئۇ دۇنياغا يولغا سالدى؛ بۇلارنى چېپىپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلغان. بىزگە تۆت زەمبىرەك تاپشۇرۇلدى (ئەمما بۇلارنىڭ قۇلۇپلىرىنى لەنىتى كوممۇنىست - زەمبىرەكچىلەر ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرگەن)؛ 200 دىن ئارتۇق سنارەت ۋە توققۇز پىلىموت ئولجىغا چۈشتى. بىزدە ھازىر ئۇلۇغ زەپەر تەنتەنىسى! قىزىل ئەسكەرلەرنى بىزنىڭ پىيادىلەر بۆلۈنمىلىرىمىزگە تارقىتىپ، بۇلارنى ئۆز ئادەملىرىگە قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر قىلىمىز. سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئەھۋال قانداق؟ ھە، بىر نەرسىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇنتۇپ كېتىشقا تاس قاپتىمەن. سېنىڭ كوممۇنىست يۇرتداشلىرىڭ قولغا چۈشتى: كوتلەروف، كوشېۋوي ۋە ئۇرغۇنلىغان يېڭى تونۇشلىرىم بار. ئۇلارنى ۋېشكىغا ئېلىپ كەلگۈچە يول ئۈستىدە ئوبدان قولاق چۆپىنى بەرمەكچى. ئەگەر ئوق - دورىغا ئېھتىياجىڭ بولسا، مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بارغان كىشى ئارقىلىق خەۋەر قىل، 500 دانە ئەۋەتىپ بېرىمىز.

كودىنوف.»

— نەۋكىرىم نەدە؟ — دەپ ۋاقىرىدى گىرىگورىي.

پىروخور زىكوف شۇ ئاندىلا چېپىپ كەلدى، ئەمما گىرىگورىينىڭ چىرايىدا قان قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققانلىقتىن، ئالدىراپ - تېنەپ قولىنى چىكىسىگە تۇتتى:

— نېمىنى بۇيرۇيسەن؟

— رەبچىكوف كېرەك! قېنى رەبچىكوف؟

—كولوننىنىڭ كەينىدە كېلىۋاتىدۇ.

— تېز بار! بۇ يەرگە دەرھال يېتىپ كەلسۇن!

پلاتون رەبچىكوف ئېتىنى سوكۇلدىتىپ، يورۇش كولوننىسىنىڭ يېنى بىلەن ئۆتۈپ، گىرىگورىي بىلەن تەڭلىشىۋالدى. رەبچىكوفنىڭ ئاق بۇرۇتلۇق يۈزىنىڭ بىر قات تېرىسى شامالدا سويۇلغان ئىدى، بۇرۇتى بىلەن قاشلىرى باھار ئاپتىۋىدا كۆيۈپ، تۈلكىنىڭ تۈكىدەك مەللە رەڭ تۈس ئالغان ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى تاماكىسىنى تۇتىۋېتۇپ كېلەتتى. باھار ئايلىرىدا سېمىزلىكنى قىلچە يوقاتمىغان، بەدىنى تولۇشقان، قارا تورۇق ئېتى ئۇنىڭ ئاستىدا يورغا قەدەم بىلەن كۆكرەك بېغىنى پاقىرىتىپ، ئويناقلاپ ماڭاتتى.

— ۋېشكىدىن خەت كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى رەبچىكوف،

گىرىگورىينىڭ قېشىدىكى چاپارمەننى كۆرۈپ.
— ھە، خەت بار، — دەپ ۋەزمىن جاۋاپ بەردى گىرىگو-
رىي، — پولك بىلەن دىۋىزىيە كوماندىرلىغىنى ئۈستۈڭگە ئال،
مەن ماڭىمەن.
— خوپ، ئۇنداق بولسا بارغىن، ئەمما نىمانچە ئالدىراش؟
خەتتە نىمە دەپتۇ؟ كىم يېزىپتۇ؟ كودىنوفمۇ؟
— سېردوب پولكى ئۇست - خوپېردا بىزگە تەسلىم
بولۇپتۇ...
— شۇن - داق - مۇ؟ تېخى ياشايدىكەنمىز - دە؟ ھازىر
ماڭامسەن؟
— ھازىر.
— خوپ، خۇداغا ئامانەت. سەن قايتىپ كەلگۈچە بىز
ئاستاخوۋودا بولىمىز!
«مىشكا بىلەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنى تىرىك كۆرەلىسەم
ياخشى بولاتتى... پېترونى كىم ئۆلتۈرگەنلىگىنى بىلىۋالاتتىم -
دە، ئىۋان بىلەن مىشكىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزاتتىم! ئارىمىزدا قان
تۆكۈشلەر بولادى، ئەمما شۇنداقتىمۇ بىز يات كىشىلەر ئەمەس-
قۇ؟! — گىرىگورىي ئېتىنى ھە دەپ قامچىلاپ، دۆڭدىن چېپىپ
چۈشۈپ كېتىۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى.



قوزغىلاڭچىلار بۆلۈنمىلىرى ئۈست - خوپېرسكاياغا كىرىپ،

ئاممۇۋى يىغىن ئۆتكۈزۈۋاتقان سىردوبىلۇقلارنى قورشىۋېلىشى بىلەن تەڭلا 6 - بىرىگادىنىڭ كوماندىرى بوگاتىرېۋ كېڭەش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋورونوۋسكى بىلەن ۋولكوفنى ئېلىپ، ئىراق راق بىر يەرگە باردى. كېڭەش شۇ يەردىكى مەيدانىنىڭ قىشىدىكى بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىدە بولدى، قىسقىلا داۋام قىلدى. بوگاتىرېۋ قولىدىن قامچىسىنى ئالماستىنلا ۋورونوۋسكى بىلەن سالاملاشتى - دە، دېدى:

— ھەممە ياخشى بولدى. بۇ خىزمىتىڭىز ھېساپقا ئېلىنىدۇ. ئەمما زەمبىرەكلەرنى قانداق بولۇپ ساقلاپ قالالمىدىڭلار؟

— بۇ تاسادىپى ھال! تولىمۇ تاسادىپىلىق بولدى، جانابى خورۇنجى! توپچىلارنىڭ دېيەرلىك ھەممىسى كوممۇنىستلار ئىدى، ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ، بىز ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا كىرىشكەندە، ئىككى قىزىل ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، زەمبىرەكلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېلىپ قېچىشقان.

— ئىست! — بوگاتىرېۋ يېقىندىلا ئوفىتسېرلىك كاكاردىسى يۇلۇپ تاشلانغان ماش رەڭ فۇراژكىسىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى - دە، كىر قولياغلىقى بىلەن پاكىز قىرىلغان تاقىر بېشىنى ۋە يۈزىدىكى تەرنى ئېرتىپ، سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. — مەيلى، ئۇنداق بولسا، بۇمۇ ياخشى. سىز ھازىر بېرىپ سولداتلىرىڭىزغا ئېيتىڭ.. ئۇلارغا ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈڭ، ئۇلار ئۇنداق - مۇنداق دەپ تۇرماستىن، بارلىق قوراللىرىنى تاپشۇرسۇن.

كازاك ئوفىتسېرىنىڭ بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن بېشى چۈشۈپ كەتكەن ۋورونوۋسكى، دۇدۇقلاپ قايتا سورىدى:

— بارلىق قوراللارنىمۇ؟

— شۇنداق، مەن سىزگە تەكرارلاپ ئېيتمايمەن! گەپ تا-مام - ۋەسسالام، دىمەك، ھەممىسىنى.

— لېكىن، جانابى خورۇنجى، سىز بىلەن ۋە سىزنىڭ قو-ماندانلىغىڭىز بىلەن پولكنى قوراللىسىزلاندۇرماسلىق توغرىلىق بىر شەرت قوبۇل قىلغان ئىدۇققۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى؟ مەن چۈشە-نىمەن، ئەلۋەتتە، پىلىموتلارنى، توپلارنى، قول گىراناتلىرىنى — شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز سۆزسىز تاپشۇرۇشىمىز كېرەك، ئەمما قى-زىل ئەسكەرلەرنىڭ قورال - ياراقلىرىغا كەلسەك...

— قىزىل ئەسكەرلەر دىگەن نەرسە ھازىر يوق! — بوگاتىرېۋ قىرىلغان ئۈستۈنكى كالپۇگىنى ئاچچىغى بىلەن تۈرۈپ، چالۋاقى-دى ۋە لاي چاپرىغان قونچىنى ئۆرۈمە قامچىسى بىلەن قاقتى،— قىزىل ئەسكەر دىگەن ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس، دون تۇپرىغىنى قوغدايدىغان سولداتلارلا بار، چۈ - شەد - دىگىزمۇ؟... ئەگەر قوغ-دىمايدىغان بولسا، ئۇلارنى قوغداشقا مەجبۇر قىلىشنى بىلىمىز! جې-نازا نامىزى ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق! يۇرتىمىزغا كېلىپ، ۋەيرانى-چىلىق سېلىپ، ئەمدىلىكتە قانداقتۇ شەرت - پەرت دىگەننى ئويد-دۇرۇپ چىقارغىنىڭىز نىمىسى! بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق شەرت دىگەن نەرسە يوق! چۈ - شەد - دىگىز - مۇ؟...

سېردوب پولكىنىڭ شتاپ باشلىغى، ياشقىنا پورۇچىك ۋولكوف خاپا بولدى. ئۇنىڭ غۇژژىدە غەزدۇي قوزغىلىپ، بارماق-لىرىنى ئۈستىدىكى قارا مووۇت كۆينەكنىڭ تىك ياقىسىغا قادال-غان تۈگمىلىرىگە يۈگۈرتۈپ، قارا جىنگىلەك كوكولىسىنى ھۆرپەي-تىپ، كەسكىنلىك بىلەن سورىدى:

— ئۇنداق بولسا،سىز بىزنى ئەسىر دەپ ھېساپلامسىز؟قانداق؟

— مەن ساڭا بۇ سۆزنى دىگىنىم يوق، شۇڭا سەن ئۆزەڭـ
نىڭ مەمەدانلىغىڭ بىلەن تولا خىرىلىك قىلمىساڭ بولارمىكىن،
دەيمەن! — كازاك بىرىگادا كوماندىرى ئۇنىڭ سۆزىنى قوپاللىق
بىلەن بۆلۈپ تاشلاپ، «سەن»لەپ سۆزلەشكە كۆچتى – دە، سۆزـ
لىشىپ تۇرغان بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئەمدىلىكتە بىۋاستە ۋە پۈـ
تۈنلەي ئۆزىگە بېقىندى ئىكەنلىگىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ قويدى.
ئۆيىنىڭ ئىچى بىر مىنۇتچە تىنچىپ قالدى. مەيداندىن ۋاـ
راڭ – چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ۋورونوۋىسكى بىرنەچـ
چە قېتىم ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتا – بۇياقتا مېڭىپ، بارماقلىرىنىڭ
بوغۇنلىرىنى قارسىلداتتى، ئاندىن ئىللىق، ماش رەڭ ھەربى كەمـ
زۇلىنىڭ ھەممە تۈگمىسىنى ئەتتى – دە، كۆزلىرىنى ئەسەبىلەرچە
پىرىلدىتىپ، بوگاتىرېۋغا يۈزلەندى:
— سىزنىڭ سۆز ئاھاڭىڭىز بىز ئۈچۈن ھاقارەت ۋە سىزگە،
رۇس ئوفىتسىرىگە مۇناسىپ ئەمەس! مەن بۇنى سىزگە ئۇدۇللا
ئېيتىپ قوياي، ئەگەر سىز بىزنى بۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىكەنسىز،
بىزمۇ كۆرۈپ باقارمىز... بىزگە قانداق قىلىش كېرەكلىگىنى كۆـ
رەرمىز... پورۇچىك ۋولكوف! سىزگە بۇيرۇق قىلىمەن: مەيدانغا
بېرىپ، ستانىتسىنالارغا ئېيتىڭ. قورالىرىنى ھەرگىز كازاكلارغا تاپـ
شۇرغۇچى بولمىسۇن! پولكقا بۇيرۇق بېرىڭ، قورالىنى قولىغا ئېـ
لىپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرسۇن. مەن مۇنۇ... مۇنۇ جانابى بوگاـ
تىرېۋ بىلەن قىلىشىۋاتقان گەپ – سۆزنى ھازىرلا تاماملاپ، مەيـ
دانغا بارىمەن.
بوگاتىرېۋنىڭ يۈزى غەزەپتىن قاپ – قاراچەمدەك بولۇپ
كەتتى، ئۇ يەنە بىر نەرسە دىمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ
ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىگىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالـ

دى ـ دە، مۇئامىلىسىنى شۇ زامات سىردىنلا ئۆزگەرتتى. فۇراۋكىسىنى شارتتىدە ئېلىپ چۆكۈرۈپ كىيدى. سىرىق يىلان رەڭگىدىكى قامچىسىنى قەھرى بىلەن ئويناپ تۇرۇپ، سۆز باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا كۈتۈلمىگەندە يۇمشاقلىق ۋە تەكەللۇپچانلىق پەيدا بولدى:

— جاناپلار، سىزلەر مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشىنىشكە ئانچە ئىلتىپات قىلمىغان ئوخشايسىزلەر، مەن، ئەلۋەتتە، ئۇنچىلىك مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيە ئالغان ئادەم ئەمەسمەن، يۇنكېرلەر مەكتىۋىدە ئىلىم ـ پەن ئوقۇغىنىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز پىكرىمنى تولۇق چۈشەندۈرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن، خوش، ئۇششاق ـ چۈششەك خاتالارنىڭ ھەر قانداق ئەيىپ سانالمىۋەرمەيدىغۇ. بىز ھامان ئۆز كىشىلەرمىز! ئارىمىزدا رەنجىش بولماسلىقى كېرەك. مەن قانداق سۆزلىدىم؟ مەن پەقەت سىلەرنىڭ قىزىل ئەسكەرلىرىڭلارنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇش لازىم، دىگەن ئىدىم، بولۇپمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىز ئۈچۈنمۇ، سىلەر ئۈچۈنمۇ ئىشەنچسىز بولغان ئادەملەرنى... مەن مانا مۇشۇ توغرىلىق سۆزلىگەن ئىدىم!

— ئۇنداق بولسا، بوپتۇ! ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈشىڭىزلازىم ئىدىغۇ، جانابى خورۇنجى! شۇندىن كېيىن سىز ماقۇل دەڭ، سىزنىڭ دەبدەبىلىك چىققان سۆز ئاھاڭىڭىز، بارلىق خۇلىق ـ ئەتىۋارىڭىز...، — ۋورونوۋسكى ئىككى مۈرىسىنى قىستى ـ دە، ئەمدى بىر ئاز بوشىشىپ، ئەمما تېخىچە بېسىلمىغان قەھرى ـ غەزىۋىنىڭ تەسىرى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ئۆزىمىزمۇ ئويلاشقان، تەۋرىنىپ تۇرغانلارنى، تۇراقسىزلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك...

— مانا ـ مانا! دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى!

ــ مەنمۇ شۇنداق دەۋاتىمەنغۇ، بىز ئۇلارنى ئۆزىمىز قوغ-
دالىسىزلاندۇرۇش قارارىغا كەلگەنمىز. خوش، ئەمدى بىزنىڭ جەڭ-
گىۋار يادرو قىسمىمىزغا كەلسەك، ئۇنى ساقلاپ قالىمىز. قانداق
بولمىسۇن ساقلاپ قالىمىز! مەن بولاي ياكى بايا سىز تۇزۇك تو-
نۇش بولماي تۇرۇپ، «سەنلەپ» سۆزلەشنى ئۆزىڭىزگە راۋا كۆر-
گەن مۇئاۋىن پورۇچىك ۋولكوف بولسۇن... قوماندانلىقنى ئۆز ئۈستى-
مىزگە ئالىمىزدە، قىزىل ئارمىيە سېپىدە بولغان شەرمەندىلىك-
مىزنى شەرەپ بىلەن ئاقلاشنى بىلىمىز. سىز بىزگە مۇشۇ ئىمكا-
نىيەتنى بېرىشكە تېگىشلىكسىز.
ــ سىلەرنىڭ يادرودا قانچە مىلتىقلىق ئەسكەر بولىدۇ؟
ــ تەخمىنەن 200.
ــ ئۇنداق بولسا، مەيلى، ــ بوگاتىرېۋ خالا - خالى-
ماس ماقۇل بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىدورغا چىقىدىغان
ئىشىكنى قىيا ئاچتى - دە، ئۇنىنى چىقىرىپ، ــ خوجايكا! ــ
دەپ توۋلىدى، ئىشىك ئالدىدا ياشىنىپ قالغان، ئىلىق رومال
يېپىنىۋالغان بىر ئايال پەيدا بولغاندا بۇيرۇدى، ــ ئىچىپ قال-
مىغان سۈت ئېلىپ كەلسەڭچۇ! تېزرەك بول!
ــ بىزدە سۈت يوق، كەچۈرۈڭ مەرھەمەت قىلىپ.
ــ ئېھتىمال، قىزىللار ئۈچۈن بار بولغىيتى، بىزگە نىمىشقا
يوق ئىكەن؟ ــ بوگاتىرېۋ ناخۇش كۈلۈمسىرەپ قويىدى.
ئۆينىڭ ئىچىدە يېڭىۋاشتىن ئەپسىز جىمجىتلىق ئورنىدى.
پورۇچىك ۋولكوف بۇ سۈكۈناتنى بۇزدى:
ــ مەن ماڭايمۇ؟
ــ ھە، ــ ۋورونوۋىسكى خۇرسىنىش بىلەن جاۋاپ بەر-
دى، ــ بېرىپ بۇيرۇق قىلىڭ، بىزنىڭ تىزىملىكىمىزدە بەلگە

قويۇلغان ئادەملەر قورالسىزلاندۇرۇلسۇن. تىزىملىك گورىگاسوف بىلەن ۋېيستىمستىردا.

ۋورونوۋىسكى پەقەت ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىق ئىززەت - نەپسىگە تەككەندىن كېيىنلا: «بىز تېخى قاراپ باقمىز، نىمە قىلىدىغانلىغىمىزنى!» — دېگەننى ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ھەقىقەتتە بولسا شتابىس كاپىتان ۋورونوۋىسكى ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى ئويناپ بولغانلىغىنى، ئەمدىلىكتە چېكىنىشكە ھېچقانداق يول قالمىغانلىغىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئىگە بولغان مەلۇماتىغا قارىغاندا، توپىلاڭ كۆتەرگەن سېردوب پولكىنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيە شتاۋى ئەۋەتكەن كۈچلەر ئۈست - مېدۋېدىتسادىن ئالىقاچان يولغا چىققان بولۇپ، يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئەمما بوگاتىرېۋمۇ ۋورونوۋىسكىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە مۇتلەق بىخەتەر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئارقىغا چېكىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. بىرىگادا كوماندىرى ھاۋاپىكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، پولكنىڭ ئىشەنچلىك قىسىملىرىدىن مۇستەقىل جەڭگىۋار بىرلىك تەشكىل قىلىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئاياغلاشتى.

ئەمما شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مەيداندىكى قوزغىلاڭچىلار، كېڭەشنىڭ نەتىجىلىرىنى كۈتمەستىنلا، سېردوبلۇقلارنى قورالسىزلاندۇرۇش يۈزىسىدىن غەيرەت بىلەن ھەركەت باشلىۋەتكەن ئىدى. كازاكلارنىڭ تويماس كۆزلىرى پولكنىڭ كارۋان قىسمىدىكى چوڭ - كىچىك ھارۋىلارغا قادىلىپ، قوللىرى ئۇلارنى ئاختۇرۇپ، ئوكتەي - توكتەي قىلىۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار يالغۇز ئوفلارنىلا ئەمەس، بەلكى قىزىل ئارمىيىنىڭ قېلىن پاشىنىلىق سېرىق بەتىنى-

كىلىرىنى، پۇتقا ئورايدىغان ئوبموتكىلارنى، پاختىلىق چاپان ۋە پاختىلىق ئىشتانلارنى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ ئېلىشقا باشلىدى. سېردوبلوۋلاردىن 20 ئادەم كازاكلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىشەنگەندىن كېيىن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، بۇ قىزىل ئەسكەرنىڭ ھەممانىنى خاتىرجەملىك بىلەن ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالغان بىر قوزغىلاڭچىنى مىلتىقنىڭ پايىنىگى بىلەن بىرنى سېلىپ، ۋاقىرىدى:

— ھوي، بۇلاڭچى! نىمىشقا ئالىسەن؟! جايىغا سېلىپ قوي، ئۇنداق بولمىغاندا، نەيزە سانچىيمەن!

ئۇنى قالغان يولداشلىرى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. غەزەپلىك ئاۋازلار كۆتىرىلدى:

— يولداشلار، قولغا قورال ئېلىڭلار!

— بىزنى ئالداپ كەتتى!

— مىلتىقنى بەرمەڭلار!

نەيزىۋازلىق يۈز بەردى، قارشىلىق كۆرسەتكەن قىزىل ئەسكەرلەرنى تاختاي تامغا سىقىپ قويۇشتى: شۇندىن كېيىن ئاتلىق قوزغىلاڭچىلار، 3 - ئاتلىق ئەسكەر بۆلۈنمىسى كوماندىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئۇلارنى ئىككى مىنۇتنىڭ ئىچىدە چېپىپ تاشلىدى.

پورۇچىك ۋولكوف مەيدانغا كېلىش بىلەن تەڭ قوراللىسىزلاندۇرۇش ئىشى تېخىمۇ يەتتەر ئەۋج ئالدى. چىلەكلەپ قۇيۇپ تۇرغان يامغۇر ئاستىدا سەيكە تىزىلغان قىزىل ئەسكەرلەرنى ئاختۇرۇش داۋام قىلدى. شۇ سەپكە يېقىن بىر يەردە مىلتىقلار، گىراناتلار، پولكنىڭ تېلېفون كوماندىسىنىڭ مۈلكى، مىلتىق ئوق-

لىرى بىلەن پىلىموت لىنىتىلىرىنىڭ يەششىكلىرى گۈلخانىغا ئوتتۇن تاشلىغاندەك، دۈۋىلىشىپ كەتتى ...

بوگاتىرېۋ مەيدانىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، سېردوبلۇقلار سېپىنىڭ ئالدىدا، تازا قىزىپ، ئويناقلاپ تۇرغان ئات ئۈستىدە ھەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بوغان ئېشىلگەن قامچىسىنى بېشى ئۈستىدە تەھدىت بىلەن پۇلاڭلىتىپ، ۋاقىرىدى:

ــ قۇ ـ لاق ـ سال بۇياققا! سەنلەر بۈگۈندىن باشلاپ ياۋۇز كوممۇنىستلار بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قاتنىشىسەن. كىمكى گەپ ـ سۆزسىز بىز بىلەن بىللە بولسا، ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، كىمكى بويۇنكەشلىك قىلسا، ئەنە شۇنداق مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىدۇ! ئۇ قامچىسى بىلەن بايىقى چېپىپ تاشلانغان قىزىل ئەسكەرلەرنى كۆرسەتتى: بۇلارنى كازاكلار ئىچ كىيىملىرىگىچە سالدۇرۇۋېلىپ، قالايمىقان ئاق جەسەتلەر دۈۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ، يامغۇرنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويۇشقان ئىدى.

قىزىل ئەسكەرلەر سېپى بويلاپ ئاستا پىچىرلاش ئاۋازى ئاڭلاپ ئۆتتى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىنى چىقىرىپ بىرەر ئېغىز نارازىلىق سۆز ئېيتمىدى، بىرەرسىمۇ سەپنى بۇزمىدى ...

ھەممە يەردە پىيادە ۋە ئاتلىق كازاكلار توپ ـ توپ بولۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا چېپىشىپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار مەيداننىڭ ئەتراپىنى زىچچىدە قورشىۋالغان. چېركاۋنىڭ توساق تاملىرى يېنىدا، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە قىزىل ئەسكەرلەر تەرىپكە قارىتىپ قويۇلغان يېشىل سىرلىق سېردوبلۇقلار پىلىموتلىرى تۇراتتى، بۇ پىلىموتلارنىڭ قالقانلىرى ئارقىسىدا ئۈستىۋېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن كازاك پىلىموتچىلىرى ئوق چىقىرىشقا راسلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى ...

بىر سائەتتىن كېيىن ۋورونوۋىسكى بىلەن ۋولكوف تىزىملىك بويىچە «ئىشەنچلىك ئادەملەر»نى تاللاپ چىقتى، بۇنداقلارنىڭ سانى 194 ئادەم ئىكەن. يېڭىۋاشتىن تەشكىللەنگەن بۇ قىسىمغا «1- مۇستەقىل قوزغىلاڭچىلار باتالىيونى» نامى بېرىلدى؛ بۇ قىسىم شۇ كۈنىلا بېلاۋىنىسكى يېزىسى قېشىدىكى ئۇرۇش سېپىگە مېڭىپ كەتتى. 23 - ئاتلىقلار دىۋىزىيىسىنىڭ دونېتستىن ئەۋەتىلگەن پولكلىرى شۇ يەردىن ھۇجۇم باشلىغان ئىدى، مىش - مىش خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قىزىللارنىڭ ئىككى پولكى ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان ئىكەن: بىرسى ىكادوروف قوماندىسى ئاستىدىكى 15 - پولك، يەنە بىرسى مەشھۇر مىشكابىلىنوف باشچىلىقىدىكى 32 - پولك، ئۇلار ئۆز يولىدا قارشىلىق كۆرسەتكەن قوزغىلاڭچىلار بۆلۈملىرىنى ىتچىت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇست - خوپېر ئايمىقىغا قاراشلىق قايسىبىر يېزا تەرەپتىن ئالدىراش قارشى قويۇلغان بىر بۆلۈمنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتكەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بوگاتىرېۋ ۋورونوۋىسكىنىڭ باتالىيونىنى بىلەن قارشى قويۇشقا قارار قىلغان، بۇ باتالىيوننىڭ ماتانەتلىكىنى 1 - قېتىملىق جەڭدە سىنىماقچى بولغان ...

قالغان سېردوبلۇقلار 800 دىن ئارتۇق بولۇپ، پىيادە ھالدا دوننىڭ قىرغىقى بويلاپ ۋېشېنىسكاياغا ئەۋەتىلدى، چۈنكى قوزغىلاڭچىلار كۈچلىرىنىڭ باش قوماندانى كودىنوف ئۆز ۋاقتىدا بوگاتىرېۋغا يازغان خېتىدە ئاشۇنداق بۇيرۇق قىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نازارەت قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، سېردوبلۇقلارنىڭ پىلىموتلىرى بىلەن قوراللانغان ئۈچ ئاتلىق بۆلۈملەر دون بويىدىكى قىر بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

بوگاتىرېۋ ئۇست - خوپېرىسكايادىن يولغا چىقىش ئالدى

دا چىركاۋدا قىسقا ئىبادەتنى بىجا كەلتۈردى، بۇ «خىرىستىيان پەرۋەر كازاك جەڭچىسى» گە نۇسرەت ئاتا قىلىش توغرىلىق دۇئا ئوقۇغان پوپنىڭ ئاخىرقى خىتاۋى تۈگە - تۈگىمەستىلا ئۇ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ ئىتتىنى ئىپىكىلىشتى. ئاتقا مىنگەندىن كېيىن ئۇست - خوپېرىسكايادا پىستىرمىدا قالدۇرۇلغان بۆلۈنمىلەردىن بىر كوماندىرنى ئۆزىگە ئىملەپ چاقىردى - دە، ئىگەردىن ئېگىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— كوممۇنىستلارنى ئوق - دورا ئامبىرىنى قوغدىغاندىمۇ قاتتىقراق كۆزەت! ئەتە ئەتىگەن ئۇلارنى ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ۋېشېنىسكاياغا ھەيدە، بۈگۈن يېزىلارغا چاپارمەنلەر ماڭغۇز، بۇلار قانداق ئادەملەرنى ھەيدەپ ماڭىدىغانلىقىمىزنى جاكالاپ قويسۇن. ئۇلارنى خەلق ئۆز سودى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلسۇن!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەتتى.

## 53

ۋېشېنىسكايا كەنتىنىڭ سىنگىن يېزىسى ئۈستىدە 20 - ئاپرېل كۈنى چۈش ۋاقتىدا بىر ئايروپىلان پەيدا بولدى. موتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا باللار، ئاياللار ۋە قېرىلار ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى: باشلىرىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، ئالقانلىرىنى كۆزىگە تۇتۇپ، ئايروپىلاننىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندا قىيسىيىپ سادەك دائىرە سىزغانلىقىغا ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇرۇشتى.

موتورنىڭ گۈرۈلدىشى بارغانسېرى قاتتىق، ياڭراق بولۇشقا باشـ
لىدى. ئايروپىلان يېزىنىڭ سىرتىدىكى تۈپ ـ تۈز مەيدانىغا قوـ
نۇشنى كۆزلەپ، يايلاقنىڭ ئۈستىگە تۆۋەنلەپ كېلىۋاتاتتى.

— هازىر بومبا تاشلايدۇ! مۆكۈنۈڭلار! — بىر تاپقۇر بوـ
ۋاي قورقۇپ ۋاقىرىدى.

تار كوچىغا يىغىلىۋالغان خالايىق توم ـ تاراقاي قېچىشقا
يۈز تۇتتى. ئايالـلار چىقىراشقا باشلىغان، بالىلىرىنى سۆرەپ
مېڭىشتى، قېرىـلار ئۆشكىلەرچە ماهارەت بىلەن قاشانىڭ
ئۈستىدىن دىك ـ دىك سەكرەپ ئۆتۈشۈپ، باغ ـ ۋارانلارنىڭ
ئىچىگە قېچىشتى. تار كوچىدا پەقەت بىر موماي قالدى. ئۇمۇ
قاچاي دېگەن ئىدى، ئەمما قورقۇنچتىن پۇتى كالۋالىشىپ قالـ
دىمۇ ياكى بىر دوقىغا پۇتلىشىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر گۈپپىدە يىقىـ
لىپ چۈشتى ـ دە، ئورۇق پۇتلىرىنى ئۆياتسىزلارچە ئاسمانغا كۆتىـ
رىپ، ئۈنسىز ناله ـ پەريات قىلىشقا باشلىدى:

— ۋايجان، مېنى قۇتقۇزۇڭلار، قېرىنداشلار! ۋايجان، ماڭا
ئەجەل يەتتى!

مومايىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچكىم ئارقىسىغا قايتمىدى.
ئايروپىلان بۇ چاغدا ۋەھىمىلىك ھۆكىرەپ، بوراندەك گۈكىرەپ،
ئۇشقۇرتۇپ، ئامباردىن سەل يۇقۇرى ئۇچۇپ ئۆتتى. كۆزلىرى ئەجەل
دەھشىتىدە چانىغىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ مومايدىن يورۇق ئالەمـ
نى بىر سېكۇنتچە ئۆز قانىتىنىڭ سايىسى بىلەن يېپىپ ئۆتتى ـ
دە، چاقلىرىنى يېزا يايلىقىنىڭ نەم تۇپرىقىغا يۇمشاققىنا ئۇرۇپ،
دالىغا غىرىلداپ يۇگۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا مومايدىن كىچىك باـ
لا ئۆتكۈزىدىغان ئەيىپلىك بىر ئىش سادىر بولدى. ئۇ ئاستى نىمە
بولغانلىقىنى سەزمەستىن ۋە ئەتراپىدا نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى

ئاغلىماستىن چالا ئۆلۈك ھالدا ياتاتتى. تەبىئىكى، بۇ موماي بىرافتا يەرگە قونغان قورقۇنچلۇق قوشنىڭ ئىچىدىن قارا خورۇم چاپان كىيگەن ئىككى ئادەم چىقىپ، بىر ئورۇندا ئىككىلەنىپ بىر ئاز تۇرۇشقاندىن كېيىن، ئەتراپىغا بىر قاردۇپلەپ، بىر ھويلىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرەلمىگەن ئىدى.

ئەمما باغقا كىرىپ، بولتۇرقى بولدۇرگەن چاتقاللىقى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئۇنىڭ دوۋىيى جەسۇر چال ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ يۈرىگى تۇتۇۋېلىنغان ئۇشقاچىنىڭ يۈرىكىدەك پوكۇلداپ تۇرسىمۇ، ھەر ھالدا قاراپ بېقىشقا جۈرئىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھويلىسىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ بىرسى ئۆزى بىلەن بىر پولكتا خىزمەت قىلغان ھەربىينىڭ ئوغلى — ئوفىتسېر بوگاتىرېۋ پېتىر ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇدى. پېتىر قوزغىلاڭچىلار مۇستەقىل بىرىگادىسىنىڭ كومانديرى گىرىگورىي بوگاتىرېۋنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، ئاقلار بىلەن بىللە دونېتسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىنگەن ئىدى. بۇ دەل شۇنىڭ ئۆزى ئىكەن.

چال توشقاندەك ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى پەسكە سېلىپ، بىر دەم قىزىقىپ قاراپ تۇردى. ئاستا لەپەڭلەپ كېلىۋاتقان ئادەم — بولتۇر كۆرگەندىكىدەك بەنىلا زەڭگەر كۆز، پەقەت ئۇزۇندىن بويان قىرىلمىغان ساقىلى تېكىچىدەك ئۆسۈپ قالغان پېترو بوگاتىرېۋنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئۈزۈل-كېسىل ئىشەنگەندىن كېيىن چال ئورنىدىن تۇرۇپ، يىقىلىپ چۈشەمدىمەن-يوق، دېگەندەك قىلىپ ئىككى پۇتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. پەقەت ئىككى تىزىنىڭ پەيلىرى يېنىكلا تىترىگەن بولسىمۇ، پۇتلىرى مەزمۇت ئىكەن، شۇڭا چال يورغىلاپ، باغدىن چىقتى.

ئۇ توپىغا بۇلىنىپ ياتقان موميىنىڭ قېشىغا بارماي، ئۇدۇللا

پېتىر ۋە ئۇنىڭ شېرىگى تەرەپكە مېڭىپ، يىراقتىنلا يالتىراق بېشىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كازاك فۇراژكىسىنى ئالدى. پې- تىر بوگاتىرېۋمۇ ئۇنى تونۇپ، كۈلۈمسىرەپ، قول شىلتىپ، سالام بەردى. ئۇلار يۈزمۇ يۈز يېقىنلاشتى.

— سىزنى ئوبدانراق تونۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىڭ، سىز راستىنلا پېترو گىرىگورىيېۋىچمۇ؟

— مەن دەل شۇنىڭ ئۆزى، چوڭ دادا!

— مانا جانابى ھەق ماڭا قېرىپ قالغان يېشىمدا ئۇچرىدى- غان ماشىنىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلدى! بىز ئۇنىڭدىن بەك قورق- قان ئىدۇق!

— بۇ يېقىن ئەتراپتا قىزىللار يوقمۇ، چوڭ دادا؟

— يوق، يوق، ئەزىزىم! ئۇلارنى چىر دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا قوغلىۋېتىشتى.

— بىزنىڭ كازاكلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتەردىمۇ؟

— قوزغىلاڭ كۆتىرىشىنىغۇ كۆتىرىشتى، ئەمما كۆپلىرىنى قايتىدىن جايىغا ياتقۇزۇپ قويۇشتى.

— بۇ نىمە گەپ؟

— قىرىپ تاشلىدى، دېگىنىم.

— ھە-ە-ە ... مېنىڭ ئۆي ئىچىم، ئاتام — ھەممىسى تىرىكمۇ؟

— ھەممىسى ئامان-ئېسەن. سىز دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ تىخونۇمنى ئۇ يەردە كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كېلىشىم. تىخوندىن سالام ئېلىپ كەلدىم. خوپ، چوڭ دادا. سەن بىزنىڭ ماشىنىمىزغا قاراپ قويغىنا، ئۇششاق باللار ئۇنىڭغا تەگمىسۇن، مەن ئۆيۈمگە

بېرىپ كېلەي... قېنى كەتتۇق!
پېتىر بوگاتىرېۋ شىرىنگى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. قورقۇپ،
تەرەپ - تەرەپكە مۆكۈنگەن خەلق باغ - ۋارانلارنىڭ ئارىسىدىن،
لاپاسلارنىڭ ئاستىدىن، گەمىلەرنىڭ ئىچىدىن ۋە باشقا بولۇڭ -
پۇشقاق تۆشۈكلەردىن چىقىشقا باشلىدى. خالايىق ئايرۇپىلاننى
ئورىۋالدى، موتورنىڭ ئىسسىغى تېخى كەتمىگەن ئىدى، بېنزىن
بىلەن ياغنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. كاناپ رەخت قاپلانغان قاناتلىرى-
نىڭ ئۇرغۇن يېرىنى ئوق بىلەن سىنارەت پارچىلىرى تېشىۋېتىپتۇ.
بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بۇ ماشىنا ئۈن - تىۋىشسىز تۇراتتى ۋە
تولا چېپىپ مادارى كەتكەن ئاتتەك قىزىق ئىدى.

پېتىر بوگاتىرېۋنى بىرىنچى بولۇپ ئۇچراتقان بوۋاي،
بايا ئۆزىنىڭ مومىيى قورقۇنچىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، يېتىپ قال-
غان تار كوچىغا قاراپ چاپتى، ئۇ بۇلتۇر دېكابىر ئېيىدا ئوكرۇگ
باشقارمىسى بىلەن بىللە چېكىنگەن ئوغلى تىخون توغرىلىق خە-
ۋەر يەتكۈزۈپ، مومىيىنى خوشال قىلماقچى ئىدى. بىراق موماي
كوچىدا يوق ئىكەن. ئۇ ئاللىقاچان ئۆيىگە يېتىپ بېرىۋالغان
بولۇپ، بىر كىچىك ئامبارنىڭ ئىچىدە كىيىم يەڭگۈشلەۋاتاتتى:
ئۈستىدىكى كۆينەك بىلەن يوپكىسىنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتى. چال
ئۇنى تەسلىكتە تاپتى - دە، ھايھايلىدى:

— پېتكا بوگاتىرېۋ ئۇچۇپ كەلدى! تىخوندىن سېغىنىش-
لىق سالام ئېلىپ كەپتۇ! — ئۇ مومىيىنىڭ كىيىم يەڭگۈشلەۋاتقان-
لىغىنى كۆرۈپ، دەۋاتقان سۆزىنى توختىتىپ قاتتىق كايىشقا باش-
لىدى، — ھوي قېرى قاغا، نېمە بولۇپ ياسىنىش خىيالىڭغا
كىرىپ قالدى؟ ئاناڭنى جىن ئۇرسۇن! سەن قوتۇر ئالۋاستىنىڭ
كىمگە كېرىگى بار؟ تېخى ياش چوكاندەك!

www.uyghurkitap.com

... كۆپ ئۆتمەي بوگاتىرېۋنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قېرىلار كېلىشتى. بۇلار ئىشىكتىن كىرىشتە بىر ـ بىرلەپ شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، بۇلۇڭدىكى بۇتنىڭ رەسىمگە چوقۇنۇۋالغاندىن كېيىن، ھاسىلىرىغا تايىنىپ، ئەدەپ بىلەن ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى. سۆز باشلاندى. پېتىر بوگاتىرېۋ قايمىغى ئېلىنمىغان سۈتنى ئىستاكاندىن ئاز ـ ئازدىن ئوتلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە دون ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن يۇقۇرقى دونلۇقلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، بۇلارنىڭ قىزىللارغا قارشى كۈرىشىگە سامالىيوت بىلەن ئوق ـ دورا ۋە ئوفىتسىرلەر يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ياردەم كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. يېقىن ئارىدا دون ئارمىيىسى بارلىق فورونت بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بوگاتىرېۋ قېرىلارغا گەپ تەككۈزۈپ: سىلەر، فورونتنى تاشلاپ، ئۆز يېرىگە قىزىللارنىڭ كىرىشىگە يول قويغان ياش كازاكلارغا ياخشى تەسىر بەرمىدىڭلار، دەپ كايىپ قويدى. ئۇ ئۆز سۆزىنى مۇنداق تۈگەتتى:

— ... ئەمدى سىلەر ئەقلىڭلارنى تېپىپ، كەنتلەردىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغلاپ چىقارساڭلارلا، ئۇ چاغدا دون ھۆكۈمىتى سىلەرنى كەچۈرىدۇ.

— پېترو گىرىگورىچ، بىزدىكىسى ھازىر سوۋېت ھاكىمىيىتىغۇ، بىزدە پەقەت كوممۇنىستلار يوق، بىزنىڭ بايرىغىمىزدا ئۈچ خىل رەڭ ئەمەس، قىزىل بىلەن ئاق ئىككى خىل رەڭ بار، — دېدى قېرىلاردىن بىرسى مۇجمەللا سۆزلەپ.

— ھەتتا ئۆزئارا مۇئامىلىدە بۇ ياش نىمىلەر، ئىتنىڭ

باللىرى، گەپكە كىرمەيدىغان بەگۋاشلار بىر - بىرىنى «يولداش» دەپ سالاملىشىدۇ، — دەپ گەپ قىستۇردى يەنە بىرسى.

پېتىر بوگاتىرېۋ قىرقىلغان مەللە رەڭ بۇرۇتىنىڭ مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، يۇمۇلاق كۆك كۆزلىرىنى ئۈستىھزا بىلەن قىسىپ، مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىڭلار باھاردىكى مۇزغا ئوخشايدۇ. كۈن بىر ئاز ئىسسىش بىلەنلا ئېرىپ كېتىدۇ. خوش، ھېلىقى كالاچ بوسۇغىسىدىكى فۇرونتنى تاشلاپ كېتىشكە باشلامچىلىق قىلغانلارنى بىز دونېتسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن قايتىپ كېلىش بىلەنلا كالتەكلەيمىز!

— مەلئۇنلارنى قېنى چىققۇچە كالتەكلەش كېرەك!

— بۇنىسى تۇرغان گەپقۇ!

— كالتەكلەش كېرەك! كالتەكلەش كېرەك!

— پۈتۈن خەلق ئالدىدا جىرت - جىرت سىيىپ تاشلىغۇچە دۇمبالاش لازىم! — قېرىلار خۇرسەنچىلىك بىلەن گۇرۇڭلىشىپ كەتتى.

× ×

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى كودىنوف بىلەن شتاپ باشلىقى سافونوف ئاتلىق چاپارمەنلەر ئارقىلىق خەۋەر تېپىش بىلەنلا كەچقۇرۇن ئۈچ ئات قوشۇلغان تارانتاسقا ئولتۇرۇپ، تاراقلاپ سىنگىنگە يېتىپ كېلىشتى، ئاتلار قاتتىق چاپ-قانلىقتىن، تەرگە پىشقان ئىدى.

بوگاتىرېۋنىڭ كېلىشى بىلەن ئىنتايىن شاتلىققا چۆمگەن

www.uyghurkitap.com

بۇ كىشىلەر ئۆتۈكلىرىدىكى ۋە بىرىزىنت يامغۇرلۇقتىكى لايىنى قاقماستىن، يۈگۈرگەن پېتى بوگاتىرېۋنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىشتى.

## 54

سىبىردوب پولكى قوزغىلاڭچىلارغا تۇتۇپ بەرگەن 25 كوممۇنىست كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۈست - خوپېرسكايادىن يولغا چىقتى. قېچىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئەسىرلەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاقساپ كېلىۋېتىپ، قايغۇ - ھەسرەت ۋە نەپرەت بىلەن مۇھاپىزەتچى كازاكلارنىڭ غەزەپتىن تاشتەك قېتىپ قالغان يۈزلىرىگە قاراپ چىقتى - دە، «ئىشىمىزنى تامام قىلىشقا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ بىزنى! ئەگەر سوت قىلىنمىساق تۈگىشىمىز!» — دەپ ئويلىدى.

مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ساقاللىق ئادەملەر ئىدى، ئۇلارنىڭ كوماندىرى كونا ئىتتىقاتچى بىر چال بولۇپ، ئاتامان پولكىنىڭ ۋاخمىستىرى ئىدى. ئۇ، ئۈست - خوپېرسكايادىن چىققاندىن كېيىن ئەڭ باشتىلا ئەسىرلەرگە سۆزلەشمەسلىككە، تاماكا چەكمەسلىككە ۋە مۇھاپىزەتچىلەردىن گەپ سورىماسلىققا بۇيرۇق قىلغان ئىدى.

— دۇئا ئوقۇڭلار، ئەيسامەسىھنىڭ مۇرتەدلىرى! ئۆلۈمگە كېتىۋاتىسىلەر، ئاخىرقى سائەتلىرىڭلاردا گۇنا ئۆتكۈزۈشنىڭ كېرىكى

يوق! ھۇ - ۋۇ - ۋۇ! خۇدادىن بەزگەنلەر! جىن - شەيتاننىڭ سادىق مۇرىتلىرى! دۈشمەنلىك لەنەت تامغىسى بېسىلغان مەلئۇنلار! — ۋاھىمىستىر بىر دەم ئالتە ئاتار ئاگانىنى كۆتەرسە، بىر دەم بويىنغا ئېسىۋالغان ئاپانچىسىنىڭ ئۆرۈمە بېغىنى تارتىپ قوياتتى.

ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە سىبىردوب پولكى كوماندىرلىرىدىن پەقەت ئىككى كوممۇنىست بار ئىدى، قالغانلىرى، ئىۋان ئالېك- سېيېۋىچنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەممىسى يېلانىسكايا كەنتىنىڭ چەت ياقىلىرىدىن كەلگەن بويىچان، تەندۇرۇس، ساغلام يىگىتلەر بولۇپ، سوۋېت ئەسكەرلىرى كەنتكە كىرگەن مەزگىلدىن بۇيان پارتىيىگە كىر- گەن، ساقچى بولۇپ خىزمەت قىلغان، يېزا ئىنقىلاۋىي كومىتېتلىرى- نىڭ رەئىسلىرى بولغان، قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۇست - خوپېرىسكا- ياغا قېچىپ كېلىپ، سىبىردوب پولكىغا قوشۇلغانلار ئىدى.

ئىلگىرىكى چاغدا بۇلارنىڭ ھەممىسى دىيەرلىك ھۈ- نەرۋەن كاسىپلار بولۇپ، ياغاچچى، ئۆي جاھازلىرى ئۇستىسى، بوچ- كاچى، تاشچى، مەشچى، موزدۇز ۋە ماشىنىچىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى، چىرايىدىن قارىغاندا، 35 ياشتىن يۇقىرى ئەمەس ئىدى، ئەڭ كىچىكى 20 ياشتا، بۇلار قاۋۇل، كېلىشكەن، بەدىنى ساغلام، چوڭ - چوڭ قوللىرى ئېغىر جىسمانى ئەمگەك بىلەن چىنىق- قان، كەڭ يەلكىلىك، كۆكرەكلىك بولۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۇلار مۈكچەيگەن قېرى مۇھاپىزەتچىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

— بىزنى سوت قىلارمۇ، سەن قانداق ئويلايسەن! — دەپ پىچىرلىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن بىر قاتاردا كېلىۋاتقان يېلانىسكايالىق كوممۇنىستلارنىڭ بىرى.

— ۋاي، ناگەي، بۇنىسى دەرگۇمان...
— ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن؟
— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
— ئۇلاردا ئېتىش يوقمۇ دەيمەن؟ كازاكلار شۇنداق دېيىشكەن ئىدىغۇ، ئېسىڭدىمۇ؟

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۈنچىقمىدى، ئەمما شامالدىكى ئۇچقۇندەك كىچىككىنە ئۈمىت ئۇنىڭدا يالت قىلىپ قالدى: «بۇنىسى راست! ئۇلار بىزنى مىلتىق بىلەن ئاتالمايدۇ. بۇ ئەبلەخلەرنىڭ: ‹يوقالسۇن كوممۇنا، تالان - تاراج ۋە ئېتىش!› — دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر شوئارى بار ئەمەسمۇ. مىش - مىشلەرگە قارىغاندا، ئۇلار پەقەت كاتورگىغا * ھۆكۈم قىلارمىكىن... كالتەكلەشكە، كاتورگىغا ھۆكۈم قىلار. بۇنداق بولسىغۇ، قورقۇنچلۇق ئەمەس! كاتورگىدا قىشقىچە ئولتۇرىمىز. قىش كەلگەندە، دوننىڭ سۈيى مۇز تۇڭلاش بىلەنلا بىزنىڭكىلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ!...»

شۇنداق بىر ئۈمىت يالت قىلدىيۇ، ئەمما شامالدىكى ئۇچقۇندەك لاپپىدە ئۆچۈپ قالدى: «ياق، بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلار يالماۋۇزدەك ياۋۇزلىشىپ كەتكەنغۇ! خەير - خوش، ھايات!... ئېھ، ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىكەن! ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان بولساممۇ، كۆڭلۈمدە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ يۈرۈپتىمەن... رەھىم قىلماسلىق لازىم ئىكەن، قىرىپ، چېپىپ يىلتىزىغىچە قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك ئىكەن!»

* كاتورگا — چار روسىيە دەۋرىدە بۇرژۇئا مەملىكەتلىرىدە سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ ئېغىر شارائىتتا قىيىن ئەمگەك قىلىدىغان جايى — ت.

ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ، كىيىچىسىز بىر قەھرى بىلەن مېرىسىنى مىدىرلىتىۋىدى، ئەمما شۇ ئاندىلا ئارقىدىن بېشىغا تەككەن بىر زەربە بىلەن دەلدەڭلەپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى.

— سەن نېمىشقا مۇشتۇڭنى تۈگىسەن، غالىجى بېرە؟ مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، نېمىشقا مۇشتۇڭنى تۈگىسەن؟! — مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ۋاخمىستىر ئېتى بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، گۈكىردىدى.

ئۇ ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنى قامچا بىلەن يەنە بىرنى سالدى، قاپىغىنىڭ ئۈستىدىكى سۆڭەكتىن باشلاپ، ئوتتۇردىكى چېكىقۇرچاق بىلەن قوشۇلۇپ تاكى ئىڭىگىچە قىيپاش قامچا ئىزى بۇرتۇپ چىقتى.

— كىمنى ئۇرۇۋاتىسەن؟ مېنى ئۇرغىن، چوڭ دادا! مېنى! ئۇ ياردارغۇ، نىمە ئۈچۈن ئۇنى ئۇرىسەن، — يېلانىسكايالىق بىرسى بالقۇرغاندەك كۈلۈمسىرەپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن ۋاقىردى — دە، توپىنىڭ ئىچىدىن بىر چامدام ئالدىغا چىقىپ، كەڭ كۆكرەك كېرىپ، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنى توسۇۋالدى.

— سەنمۇ قوروق قالمايسەن! ئۇرۇۋۇڭلار بۇلارنى، كەنتداشلار! ئۇرۇۋۇڭلار كوممۇنىلارنى!

قامچا يېلانىسكايالىقنىڭ مۇرىسىگە تارس قىلىپ تېگىپ، يازلىق ماش رەڭ كۆينىگىنى يارە-پارە قىلىۋەتتىكى، ئۇنىڭ بۇرچىلىرى ئۇتقا چۈشكەن ياپراقتەك يۇرۇلۇپ كەتتى. يارىسىدىن، قامچا تىلىۋەتكەن يەردىن بۇلدۇقلاپ چىققان قارا قان تىتىلغان كۆينىگىنى چىلىپ — چىلىپ بوياپ، بوغۇزلانغان مالنىڭ قېنىدەك ئېقىشقا باشلىدى...

ۋاخمىستىر غەزەپتىن بوغۇنۇپ، ئەسىرلەرنى ئېتى بىلەن

باستۇرۇپ، تۈپنىڭ ئىچىگە يېرىپ كىردى - دە، رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىسىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا يەنە بىر قامچا تەگدى، كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ، ئاسمىنىدىكى يەر تەۋرەپ كەتتى - دە، گويا نىردىكى تەرەپتىكى مۇملۇق سول مىرغانى قاپلاپ تۇرغان يېشىل ئورمان غۇلاۋاتقاندەك بولدى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۆزىنىڭ يوغان قاتمال قولى بىلەن ئۆزەڭگىنى تۇتۇۋېلىپ، ۋەھشىلەشكەن ۋاخمىستىرنى ئىگەردىن يۇلۇپ، يەرگە غۇلاتماقچى ئىدى، ئەمما قىلىچنىڭ قىرى بىلەن تەككەن زەربە ئۇنى يەرگە يىقىتىۋەتتى، ئاغزىغا چاڭ - توزاڭ كىرىپ كەتتى، بۇرنى ۋە قۇلاقلىرىدىن ئوقتەك قان راۋان بولدى...

مۇھاپىزەتچىلەر بۇلارنى قويدەك بىر يەرگە توپلاپ، ئۇزاققىچە ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشتى. يول ئۈستىدە يۈزى تۆۋەن ياتقان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ قۇلىقىغا گويا چۈشىدىكىدەك، غۇۋا ۋاقىراشلار، ئەتراپىدىكى ئاياقلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرى، ئاتلارنىڭ قۇترىغان خارىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ يالاڭ بېشىغا ئاتنىڭ بىر بۆلۈك ئىللىق كۆپىكى چۈشتى ۋە يەنە شۇ ئاننىڭ ئۆزىدە، قەيەردىدۇ، ناھايىتى يېقىن يەردە، نەق بېشى ئۈستىدە قىسقا ۋە دەھشەتلىك ھۆكىرىگەن ئەر ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇ ۋاقىرايتتى:

— ئەبلەخلەرقورالسىزئادەملەرنىئۇرامسىلەر!...ھۇ - ۇ - ۇ!...

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ يارىلانغان پۇتىغا ئات دەسسىۋەتتى، تاقىنىڭ تومتاق مىخلىرى پاقالچىقىنىڭ يۇمشاق ئېتىگە پېتىپ، ئېزىۋەتتى. ئۈستىدە قاتتىق ۋە تېز - تېز تېكىپ تۇرغان

زەربىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى... بىرلەھزىدىن كېيىن ئاچچىق تەرنىڭ ئۆتكۈر ھىدى بىلەن شورتاڭ قان پۇرىقى تارقىتىپ تۇرغان ھۆل، ئېغىر گەۋدە گۈپ قىلىپ ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ قېشىغا غۇلاپ چۈشتى ـ دە، تېخى ئېسىنى ئۈزۈۋال ـ كېسىل يوقاتمىغان ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، يېنىغا يىقىلغان ئادەمنىڭ كىكىرتىكىدىن گويا دۈم كۆمتۈرۈلگەن شىشىنىڭ بويىندىن ئاققاندەك، بۇلدۇقلاپ قان ئاققانلىقىنى ئاڭلىدى...

شۇندىن كېيىن بۇلارنى پادىدەك دوڭغا ھەيدەپ چۈشۈپ، قانلىرىنى يۇغۇزدى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ تىزىغىچە سۇغا كىرىپ، ئۆتتەك كۆيۈپ تۇرغان يارىلىرىنى ۋە قامچىنىڭ زەربىدىن ئىششىغان يەرلىرىنى سۇ بىلەن نەملىدى، ئۆز قېنى بىلەن ئارىلاشقان سۇنى چاڭگىلى بىلەن ئوچۇملاپ، لاۋۇلداپ تۇرغان تەشنالىقىنى قاندۇرالماسمەنمىكىن دىگەن ۋەھىمە بىلەن كۆزى تويماستىن سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

يولدا ئۇلارنى بىر ئاتلىق كازاك قوغلاپ يەتتى، ئاستىدىكى قارامتۇل تورۇق ئات، توق ـ سېمىزلىكى ۋە تەردىن باھار ئاپتىۋىدا پاقىراپ، چەبدەسلىك بىلەن چېپىپ، ئويناقلاپ كېلەتتى. بۇ ئاتلىق يېزىغا كىرىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى ـ دە، تۇتقۇنلار تېخى دەسلەپكى قورالارغا يەتمەستىنلا، بۇلارنىڭ ئالدىغا توپ ـ توپ ئالامان چىقىپ كەلدى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ تۇتقۇنلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كازاكلار بىلەن خوتۇنلارغا بىر قاراپلا، بۇنىڭ ئەجەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. قالغانلارنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداق چۈشەنگەن ئىكەن.

— يولداشلار! ئەمدى بىر ـ بىرىمىز بىلەن ۋىدالىشايلى! —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېغىر چۈشتىكىدەك يۈز بەردى. بىر تۈتاش يېزا بويلاپ 30 چاقىرىم يول يۈرۈشتى، ھەر بىر يېزىدا توپ - توپ ئازاپلىغۇچىلارغا دۇچ كېلىپ تۇردى.

(658 - بەتكە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ ۋاقىرىدى سېردوبلۇق كوممۇنىستلاردىن بىرى.

قولىلىرىغا ئارا، كەتمەن، كالتەك، قىرلىق هارۋا تۆمۈرلىرىنى ئالغان خالايىق يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى...

بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ هەممىسى ئەڭ ئېغىر چۈشتىكىدەك يۈز بەردى. بىر تۇناش يېزىدلار بويلاپ 30 چاقىرىم يول يۈرۈشتى، هەر بىر يېزىدا توپ ـ توپ ئازاپلىغۇچىلارغا دۇچكېلىپ تۇردى. قىرىلار، خوتۇنلار، ئۆسمۈر ـ باللار ئەسىر كوممۇنىستلارنىڭ قاپ ـ قارا قان تالاش بولۇپ كەتكەن، ئىششىغان، كۆكەرگەن يۈزىگە ئۇراتتى، تۈكۈرەتتى، تاش ـ چالمىلارنى ئاتاتتى، تاياقنىڭ زەربىدىن پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىگە توپا، كۈل چاچاتتى. بولۇپمۇ خوتۇنلار ئەڭ قاتتىق ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى ئويلاپ چىقىرىپ، تولىمۇ ۋەهشىلىشىپ كەتتى. 25 مەهكۇم ئادەم ئىككى ياقتا قاتارتۇرغان خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ باراتتى، ئاخىرىدا ئۇلار ئادەم سىياقىغا ئوخشىمايدىغان تونۇغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى — پۈتۈن بەدىنى ۋە يۈز ـ كۆزلىرى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك خۇنۇكلەشكەن، كۆكۈش ـ قانتالاش هۆررەكلەر ئىششىپ چىققان، مەيپىلەنگەن ۋە قان ئارىلاش لايغا بۇلغانغان ئىدى.

دەسلەپتە بۇ 25 ئادەمنىڭ هەرقايسىسى، تاياقنى ئازراق يېيىش ئۈچۈن مۇهاپىزەتچىلەردىن يىراقراق مېڭىشقا تىرىشىپ كۆردى؛ هەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن سەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىشقا ئۇمتۇلۇشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇلار زىچچىدە بىر توپ بولۇپ مېڭىشقان ئىدى. ئەمما مۇهاپىزەتچىلەر بۇلارنى هەر دائىم بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ، هەر تەرەپكە ئىتتىرىپ تۇرۇشتى. شۇڭا ئۇلار تاياقتىن كىچىككىنە بولسىمۇ جان ساقلاشقا بولغان ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تارقاق هالدا مېڭىشتى، ئەمدى هەر بىر

كىشىدە بىرلا ئازاپلىق خاھىش: ئۆزىنى بەردەم تۇتۇش، يىقىلىپ چۈشمەسلىك خاھىشى قالغان ئىدى، چۈنكى يىقىلىپ چۈشكەن ئادەم قايتا ئورنىدىن قوپالماس ئىدى. ئۇلارنى، نىمە بولساق بولايلى، بەرىبىر دىگەن تۇيغۇ ئىگەللىدى. ئاۋالدا، ھەر بىر ئادەم كۆزلىرىنىڭ ئەق قارىچۇغى ئالدىدا ئۈچ قوللۇق ئارىنىڭ ئۆمۈر چىشلىرى كۆكۈش ۋاللىدىغاندا ياكى كالتەكنىڭ ئاپپاق چومىقى خىرە پاقىرىغاندا، ھىمايىسىز ھالدا قولى بىلەن يۈز - كۆزىنى توساپ كېلىشتى؛ كالتەكلەنگەن ئەسىرلەرنىڭ تۇپى ئىچىدىن رەھىم - شەپقەت سورىغان يىلىنىش، نالە - زار، تىللاش - سۆكۈش، ئاغرىققا چىدىماي، ھايۋاندەك چىقىراش ئاڭلىنىپ تۇردى. چۈشكە يېقىنلاشقاندا، ھەممىسى جىم بولۇپ قېلىشتى. پەقەت بىلانىسكايالىق بىرسى، بۈرۈن روتىدا ھەممە ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ ياش قىزدىچى يىگىت، بېشىغا قاتتىق زەربە تەككەندە ۋايجان دەپ تووۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىرلىشىمۇ ئاجايىپ ئىدى، گويا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك، ئۇسۇلغا چۈشكەن ئادەمدەك سوكۇلداپ، بار ئەزايىنى تىترىتىپ، كالتەكلەنگەن پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى...

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ دونغا چۈشۈپ يۈيۈنغاندىن كېيىن خېلىلا تېتىكلىشىپ قالغان ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كازاكلار بىلەن خوتۇنلارنى كۆرۈپ، قېشىدىكى يولداشلىرىنىڭ بىرسى بىلەن ئالدىراش ۋىدالاشتى - دە، ئۇنىنى ئاستا چىقىرىپ دىدى:

— ئۇنداق بولسا، بۇرادەرلەر، بىز جەڭ قىلىشنى بىلگەن ئىدۇق، ئەمدى مەغرۇرانە ئۆلۈشنىمۇ بىلىشىمىز لازىم. بىر نەرسەنى بىز ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. بىك-

www.uyghurkitap.com

رى - خىيالىمىزدا ئۆزىمىزگە تەسەللى بولارلىق بىرلا نەرسە قالدى: بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ئەمما سوۋېت ھاكىمىيىتىنى كالتەك بىلەن ئۆلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس! كوممۇنىستلار! ئاكا - ئۇكىلار! مەردانە ئۆلەيلى، دۈشمەنلەر ئۈستىمىزدىن مەسخىرە قىلمايدىغان بولسۇن!

يېلانىسكايالىقلاردىن بىرسى بەرداشلىق بېرەلمىدى، بوبرووۋسكىي يېزىسىدا ئۇنى كازاكلار تازا ياپلاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇۋشقا كىرىشكەندە، ئۇ كىچىك بالىدەك سەت ۋاقىراپ يىغلاپ، گىمناستىيوركىسىنىڭ ياقىسىنى پارە - پارە قىلىپ، كازاكلار بىلەن خوتۇنلارغا ئۆزىنىڭ بويىنىدىكى كىر ۋە تەردىن قارىيىپ كەتكەن زەنجىرلىك ئىچكى كىرىستىنىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى:

— يولداشلار! مەن يېقىندا پارتىيىگە كىرگەن!... ماڭا رەھىم قىلىڭلار! مەن خۇداغا ئىشىنىمەن!... مېنىڭ كىچىك - كىچىك ئىككى بالام بار!... مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈڭلار! سىلەرنىڭمۇ بالىلىرىڭلار بارغۇ!...

— بىز ساڭا نىمە «يولداش» بولۇپ يۈرۈپتۇق! ئاغزىڭنى يۇم!

— بالىلىرىڭ ئېسىڭگە چۈشتىمۇ، كاللىۋا گېزەندە؟ كىرىستىنى چىقاردىڭمۇ؟ ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭمۇ؟ بىزنىڭ ئادەملەرنى ئېتىپ، دارغا ئاسقاندا ئېھتىمال، خۇدانى يادىڭغا ئالمىغانسەن؟— ئۇنى ئىككى قېتىم ئۇرغان بۆرنى پوچۇق، قۇلىقىدا سىرغىسى بار بىر قېرى خىرىلداپ تۇرۇپ سورىدى. ئاندىن جاۋاپ كۈتمەستىن، باش - كۆزلىرىگە يەنە قامچا بىلەن سالدى.

كۆز كۆرگەن، قۇلاق ئاڭلىغان، مىڭىسىدە ھېس قىلغان پارچە - پۇرات نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ

ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ دىققىتى ھېچنەرسە ئۈستىدە توختىلىپ قالمايتتى. يۈرىكى تاشتەك قېتىپ قالغان ئىدى. پە-
قەت بىر قېتىملا جىغىدە تىترىدى. چۈش ۋاقتىدا بۇلار تېيۇكو-
نوۋىسكى يېزىسىغا كىرىپ كەلگەن ئىدى، كوچىدا ئىككى تەرەپتى-
كى سەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەندە خالايىق تىل - قاغىش، تاياق - كالتەك ياغدۇرۇشتى. مانا شۇ چاغدا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىز تەرەپكە كۆز قىرى بىلەن قارىغان ئىدى، بەتتە ياش-
لىق بىر ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ ئىتىكىگە يېپىشىۋېلىپ، ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىگە مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ، چىيقىراپ دات-
پەرياد كۆتىرىۋېتىپتۇ!

— جېنىم ئانا! ئۇنى ئۇرمىغىن! ۋاي ئۇرمىساڭچۇ!... ئىچىم ئاغرىيدىكەن! قورقۇۋاتىمەن! ئەزايىي قان بولۇپ كېتىپتۇ!...

يېلانىسكايالىقلاردىن بىرسىنى ئۇرماقچى بولۇپ، كالتەك كۆتىرىپ كەلگەن بۇ خوتۇن توساتتىن ۋاقىرىۋەتتى - دە، كالتى-
كىنى چۆرۈۋېتىپ، بالىسىنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتقان پېتى بىر تار كوچىغا تېز يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. بالىنىڭ يىغىسى، ئۇنىڭ مەسۇم يۈرىكى بىلەن ئىچ ئاغرىتىشى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا قات-
تىق تەسىر قىلدى - دە، كۆزىگە بىمەھەل ياش كېلىپ، تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى شورتاڭلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ كى-
چىككىنە ئوغلى بىلەن خوتۇنىنى ئەسكە ئېلىپ، قىسقىلا ئۆكسۈپ يىغلىدى، مانا شۇ چاقماقتەك يالت قىلىپ قالغان ئەسلەشتىن سەۋ-
رىسىز بىر خاھىش تۇغۇلدى: «پەقەت شۇ بالا - چاقامنىڭ ئال-
دىدا ئۆلتۈرمىسە بولاتتى! بەلكى... بالدۇرراق ئۆلتۈرۈۋەتسە بولاتتى...»

بۇلار پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ، ھارغىنلىقتىن دەرمانى قۇ-

رۇپ، بوغۇنلىرى ئاغرىپ، دەلدەڭلەپ كېلەتتى. بىزنىڭ سېپىت
دىكى يايلاقتا دالا قۇدۇقىنى كۆرۈپ، مۇھاپىزەتچىلەر باشلىغىدىن
سۇ ئىچىۋېلىشقا رۇخسەت سوراپ يېلىنىشقا باشلىدى.

— سۇ ئىچىۋېلىشنىڭ كېرىكى يوق! شۇنداقتىمۇ كېچىكىپ قېلىۋاتىمىز! يولۇڭغا مېڭىش! — دەپ ۋاحمىستىر ۋاقىرىغان ئىدى.

ئەمما مۇھاپىزەتچى چاللارنىڭ بىرى ئارىغا كىردى:

— بىرئاز رەھىم قىل، ئاكىم سازونىچ! ئۇلارمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟

— ئۇلار قانداقمۇ ئادەم بولسۇن؟ كوممۇنىستلار ئادەم ئەمەس! ماڭا سەن ئۇستازلىق قىلما! بۇلارنى ئېلىپ بېرىشتا مەن باشلىقمۇ ياكى سەن؟

— سەندەك باشلىقلار نۇرغۇنغۇ! كېلىڭلار يىگىتلەر، ئىچىڭلار!

شۇ سۆز بىلەن چال ئاتتىن چۈشۈپ، قۇدۇقتىن بىر سوغا سۇ ئالدى. ئەسىرلەر چالنى قورشىۋالدى، سوغىغا 25 جۈپ قول سوزۇلدى، كۆمۈرگە ئايلانغان، ئىششىغان كۆزلەر ئوتتەك ياندى، خىرىلدىغان ئۆزۈك پىچىرلاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ماڭا بەرگىنە، چوڭ دادا!

— مەن بىرئاز ئىچىۋالاي!...

— بىر يۇتۇملا بولسىمۇ مەيلى!...

— يولداشلار، ھەممەيلەن تەڭلا قول ئۇزاتمايلى!

چال ئالدى بىلەن كىمگە بېرىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، بىر ئاز ھايال بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، مال سۇغىرىش ئۈچۈن يەرنى ئويۇپ ئورنىتىلغان

ياغاچ ئوقۇرغا سۇنى قۇيدى ـ دە، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ، تۇۋلىدى:

— نېمە ئۆكۈزدەك تىقىلىشىۋالىسەن! تەرتىپ بىلەن ئىچىڭلار!

سۇ، ئوقۇرنىڭ يېشىل پۆپۈنەك باسقان تېگى بىلەن يېيىلىپ ئېقىپ، ئاپتاپتا كۆيگەن، زەي پۇراپ تۇرىدىغان بىر بۇرجەككە يۈگۈردى. ئەسىرلەر ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ئوقۇرغا تاشلاندى. چال ئارقا ـ ئارقىدىن 11 چېلەك سۇ تارتتى، ئىچىنغانلىقتىن قاپىقىنى تۈرۈپ، ئەسىرلەرگە قاراپ قويۇپ، ئوقۇرنى تولدۇرۇپ تۇردى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ سۇنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ئىچىپ، ئۇسسىزلىقىنى قاندۇردى ـ دە، سەگگەن بېشىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن ھالدا مۇنۇنى كۆردى: دون ياقىلاپ كەتكەن يول ئۈستىنى قىرودەك ئاپپاق ھاك توزاڭى قاپلىغان، گەج تاغ تىزمىلىرى يىراقتىن ھاۋارەڭ تۈستە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە، دولقۇنلاپ تېز ئېقىۋاتقان دوننىڭ ئۈستىدە، بىپايان، ئۇلۇغۋار كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە بىر پارچە ئاق بۇلۇت بار ئىدى، شامالدا قانىتىنى يېيىپ، يەلكەندەك ئاق چوققىسى پاقىراپ، بۇلۇت شىمالغا قاراپ شىددەت بىلەن ئۈزۈپ باراتتى، بۇلۇتنىڭ ئاپپاق سۈزۈك سايىسى دوننىڭ يىراقتىكى بۇرۇلۇشىدا ئەكس ئېتەتتى.

## 55

قوزغىلاڭچىلار كۈچلىرى ئالىي قوماندانلىقىنىڭ مەخپىي

www.uyghurkitap.com

كېڭەشمىسىدە دون ھۆكۈمىتىدىن، ئاتامان بوگايېۋسكىدىن ياردەم سوراش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىندى.

1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇقۇرقى دونلۇقلارنىڭ قىزىللار بىلەن مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇپ، فۇرونتنى تاشلاپ كەتكەنلىكى توغرىلىق ئەپسۇس، ئۆكۈنۈش ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بىر پارچە خەت يېزىش كودىنوفقا تاپشۇرۇلدى. كودىنوف خەتنى يازدى. خەتتە ئۇ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن بارلىق يۇقۇرقى دون كازاكلىرى نامىدىن ۋەدە بېرىپ، بۇندىن كېيىن بولشېۋىكلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر ماتانەت بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ تەرەپتىن بۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارغا فۇرونت ئۈستىدىن ئايروپىلانلار بىلەن قىسىملارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئوفىتسېر كادىرلار ۋە ئوق ـ دورىلار يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

پېتىر بوگاتىرېۋ سىنگىندە قېپقېلىپ، كېيىن ۋېشېنسكاياغا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇچقۇچى بۇ يەردىن كودىنوفنىڭ خېتىنى ئېلىپ نوۋوچېركاسسكىغا قايتىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن تارتىپ دون ھۆكۈمىتى بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوماندانلىقى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. ھەر كۈنى دىگۇدەك دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن فرانسۇز زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان يېپ ـ يېڭى ئايروپىلانلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلاپ، ئوفىتسېرلەر، مىلتىق ئوقلىرى ۋە قىسمەن ئۈچ دىيومىلۇق زەمبىرەك سىنارەتلىرى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئۇچقۇچىلار دون ئاق ئارمىيىسى بىلەن بىللە چېكىنگەن يۇقۇرقى دون كازاكلىرىنىڭ خەتلىرىنى ئالغاچ كېلىپ، ۋېشېنسكايادىن بۇ يەردىكى

ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ جاۋاپ خەتلىرىنى دونېتسنىكى كازاكلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

دون ئارمىيىسىنىڭ يېڭى قوماندانى گېنېرال سىدورىن، فورونت ئەھۋالىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك پىلانلىرىغا ماس ھالدا شتاپ تەرەپتىن ئىشلەپچىقىلغان ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى پىلانلىرىنى، بۇيرۇقلارنى، مەلۇماتلارنى، قوزغىلاڭچىلار فورونتىغا يۆتكەپ كېلىنىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى توغرىسىدىكى ئاخباراتنى كودىنوفقا ئەۋەتىشكە باشلىدى.

كودىنوف ئۆزىنىڭ سىدورىن بىلەن يېزىشقان خەت - چەكلىرىنى پەقەت تاللانغان بىرنەچچە كىشىگىلا كۆرسەتەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قالغانلاردىن ئىنتايىن سىر تۇتۇلاتتى.

56

ئەسىرلەرنى تاتارىسكىغا چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ھەيدەپ ئېپكېلىشتى. باھارنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاخشىمى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. كۈن پېتىشقا يۈز تۇتقان، ئۇنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان گەردىشى غەرپتە كەڭ ئېتەك يايغان كۆكۈش بۇلۇتنىڭ جۇل - جۇل جىيەكلىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن.

كوچىدا، چوڭ جامائەت ئامبىرىنىڭ سايىسىدە تاتارىسكىلىقلارنىڭ پىيادىلەر بۆلۈنمىسى قاتار ئولتۇرۇشقان ئىدى. بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇشاتتى. بۇلار دوننىڭ ئوڭ تەرىپىگە، قىزىللار ئاتلىق

ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيجىنىغا ئارانلا بەرداشلىق بېرىپ تۇرغان يېلانىسكايا بۆلۈنمىلىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەنلەر بولۇپ، بۇ تاتارىسكىلىقلار ئۇرۇش سېپىگە ئۆتەر يولىدا پۈتۈن بۆلۈنمە بىلەن يېزىغا كىرىپ، ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشكەچ، ئاز - تولا ئوزۇق - تۈلۈك غەملىۋالماقچى بولۇشقان ئىدى.

بۇلار شۇ كۈنى چىقىپ كەتمەكچى ئىدى، ئەمما ۋېشېنىسكاياغا ئەسىر كوممۇنىستلارنى ھەيدەپ كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىشكا كوشىۋوي بىلەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بار ئىكەن. ئەسىرلەر مانا ھازىرلا يېتىپ كېلىدىكەن، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر دەم كۈتۈپ تۇرۇش قارارىغا كېلىشكەن ئىدى. بولۇپمۇ پېترو مېلېخوف بىلەن بىللە دەسلەپكى جەڭدە ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئۆلگەن كازاكلار، كوشىۋوي بىلەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنى بىر كۆرۈپ كېتەيلى، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغان ئىدى.

تاتارىسكىلىقلار ئۆزئارا خوشياقمىغاندەك پاراڭلىشىپ، مىلتىقلىرىنى ئامبارنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىسى ئۆرە تۇرۇشاتتى، تاماكا چېكىشەتتى، سېمىشكا چېقىشاتتى. ئۇلارنى خوتۇنلار، قىزلار ۋە بالىلار ئورىۋېلىشقان. پۈتۈن يېزىدىكىلەر كوچىغا چۇۋۇلىشىپ چىقىشقان، ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىۋالغان ئۇششاق بالىلار، قېنى، ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتامدۇ - يوق، دەپ، ھارماي - تالماي كۆز تىكىشەتتى.

بىركەمدە بالىلار چۇقۇرلىشىپ كەتتى:

— كۆرۈندى! ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ!

ئەسكەرلەر ئالدىراش ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. خەلق ئۆرمە-تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەن گەپ - سۆزلەر-

نىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى كۆككە پەرۋاز قىلدى. ئەسىرلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشكەن بالىلارنىڭ ئاياق ئاۋازلىرى دۈپۈرلىدى. ئالىيۇشكا شامىلىنىڭ تۈل قالغان ئايالى تېخىچە بېسىلمىغان قايغۇ - ھەسرەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئەسەبىلەرچە يىغا - زارە قىلىشقا باشلىدى.

— ئەنە ھەيدەپ كېلىشتى، دۈشمەنلەرنى! — دېدى يوغان ئاۋاز بىلەن بىر قېرى.

— ئۇرۇش كېرەك، شەيتانلارنى! نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، كازاكلار؟!

— ئۇلارنى سوتقا بېرىش كېرەك!

— بىزنىڭ ئادەملەرنى ياۋۇزلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈشتى!

— كوشىۋوينى شىرىنگى بىلەن دارغا ئېسىش لازىم!

دارىيە مېلېخوۋا ئانىكۇشكىنىڭ خوتۇنى بىلەن يانمۇ يان تۇراتتى. ئۇ كالتەكلەنگەن ئەسىرلەرنىڭ توپى ئىچىدە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنى بىرىنچى بولۇپ تونۇدى.

— سىزلەرنىڭ بىر يېزىلىغىڭلارنى ھەيدەپ كەلدۇق! بۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ ھۆسنى - جامالىغا پەدەز بېرىڭلار! ئۇنىڭ بىلەن پاسخا بايرىمىدىكىدەك سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈڭلار! — ۋاخمىستىر — مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، قەھرلىك تۈس ئېلىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى. خوتۇنلارنىڭ ۋاقىرىشىنى ۋە يىغا - زارىسىنى خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن بېسىپ چۈشتى - دە، ئات ئۈستىدىن قولىنى سوزۇپ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنى كۆرسەتتى.

— يەنە بىرسى قېنى؟ كوشىۋوي نەدە؟

ئانتىپۇ برېخوۋىچ مېڭىپ كېتىۋېتىپ، مۈرىسىدىن مىلتىقىنىڭ تاسمىسىنى ئېلىپ، شالاقلىغان مىلتىقنىڭ پاينىكى ۋە نەيزىسى بىلەن خالايىقنى تۈرتۈپ ئۆتۈپ، توپنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردى.

— سىزلەرنىڭ بىرىڭلاردىن پەقەت بىرسى بار، باشقىسى يوق، ئادەم بېشىغا بىر پارچىدىن ئۆزۈۋېلىشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىدۇ...، — دېدى ۋاخمىستىر پېشانىسىدىكى چىلىق-چىلىق تەرنى قىزىل قولياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، پۇتىنى ئىگەرنىڭ قېشىدىن تەسلىكتە ئارتىلدۇرۇپ.

خوتۇنلارنىڭ غىيا - چىبا ۋاقىرىشى بارغانسېرى يۇقۇرى ئۆرلەپ، ئاخىرقى جىددى پەللىگە يەتتى، دارىيە خالايىقنى يېرىپ ئۆتۈپ، مۇھاپىزەتچىلەرگە يېقىن كەلدى - دە، ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا، مۇھاپىزەتچى ئېتىنىڭ تەرگە پېشقان ساغرىسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرغان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ كالتەك زەربىدىن چۈيۈندەك قارىيىپ كەتكەن يۈزىنى كۆردى. ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئىششىپ كەتكەن بېشى ئۈستىدە چاچلىرىغا ئۇيۇل - ئۇيۇل قان يېپىشىپ قالغان بولۇپ، چىلەك ئىگىزلىكىدە ھۆرپىيىپ تۇراتتى. پېتانىسىنىڭ بىرىسى ئىششىپ، تىلىم-تىلىم يېرىلغان، ئىككى مەڭزى قىپ - قىزىل يالتىراپ تۇراتتى. مىلىق-مىلىق بولۇپ كەتكەن بېشىنىڭ چوققىسىدا يۇڭ پەلەي چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ. قارىغاندا، ئۇ بۇ پەلەيىنى بېشىغا قويۇپ، بىر تۇتاش جاراھەتنى ئاپتاپنىڭ ئىسسىقىدىن، چىۋىنلەردىن، ھاۋادا گىژىلداپ يۈرگەن پاشا - كۆمۈتىلەردىن قوغداشقا تىرىشقان بولۇشى مۇمكىن. پەلەي يارىغا يېپىشقان پېتى بېشىدا قېپقاپتۇ...

ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنى ياكى كىچىككىنە ئوغلىنى كۆز يۈگۈرتۈپ ئىزلەپ، ئۇچرىتىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ چىقتى. ئەگەر ئۇلار شۇ يەردە بولسا، بىرسىگە ئېيتىپ، ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭلار، دەپ، ئۆتۈنۈش قىلماقچى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا شۇ نەرسە چۈشىنىشلىك بولۇپ قالدىكى،

تاتارنىڭدىن نېرىغا ئۆتمەيدىكەن، مەشەدىلا ئۆلىدىكەن، شۇڭا تۇققانلىرىنىڭ ئۆز ئۆلۈمىنى كۆرۈشىنى خالىمايتتى، ھازىرلا ئۆلۈشنى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ئۇ مۈكچىيىپ، بويىنىنى تەسلىكتە ئاستا بۇراپ، يېزىداشلىرىنىڭ تونۇش يۈزلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئەمما قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسىمۇ ئىچ ئاغرىتىش ياكى خەيرخاھلىق نەزەردە ئىكەنلىكىنى ئۇچراتمىدى، كازاكلار بىلەن خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ھۆمىيىپ، قەھرى بىلەن قاراپ تۇرۇشقان ئىكەن.

ئۇ شۇنداقلا بىر يىراقتا قايرىلسا ئۆكۈپ كەتكەن ماش رەڭ كۆينىكى دىڭگىيىپ، شاراقلاپ تۇراتتى، چۈنكى كۆينىكىنىڭ ئۈستىگە بەدىنىدىن ئاستا - ئاستا ئېقىپ تۇرغان قان قوڭۇر رەڭدە تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن ئىدى، قىزىل ئارمىيە تارقىتىپ بەرگەن شىرىپ تىكىلگەن پاختىلىق ئىشتىنىمۇ قانغا بۇلغانغان، ياپىلاق تاپان، بارماقلىرى مايماق - سايماق بولۇپ كەتكەن چوڭ - چوڭ يالىڭاياق پۇتلىرىمۇ قانغا بويالغان ئىدى.

دارىيە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ، ئۆچمەنلىكى گېلىغا تىقىلىپ قالغانلىقتىن، مانا ھازىرلا يۈز بېرىدىغان قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغانلىقتىن ۋە بۇ ۋەقەنى زارىقىپ كۈتكەنلىكتىن، نەپەس ئالالماي ھاسىراپ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا قاراپ تۇراتتى، ئۆزىنى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى، تونۇغان - تونۇمىغانلىقىنى ھېچ ئۇقالمايتتى، ئەمما ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ھامان تەشۋىش ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە خالايىق توپىنى ياۋايىلارچە پاقىراپ تۇرغان بىر كۆزى بىلەن (يەنە بىر كۆزىنى ئىششىق ئاچۇرماي قويغان ئىدى) ئاختۇرۇپ چىقتى - دە، توساتتىن نەزىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرى-

www.uyghurkitap.com

دا تۇرغان دارىيەنىڭ يۈزىدە توختىدى. ئۇ قاتتىق مەس ئادەم-دەك، ئىشەنچسىز ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى. ئۇ كۆپ قىيىندىن ئايرىلغانلىقتىن، بېشى قېيىپ، ئېگىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە رىيال ئەمەستەك كۆرۈنگەن، ئېغىر گاڭگىراش بېشىنى ئايلاندۇرغان، ئالەمنى كۆزىگە قاراڭغۇلاشتۇر-غان بۇ ئۆتكۈنچى ھالەت تەشۋىشلەندۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ۋۇجۇدىدى-كى بار كۈچىنى يىغىپ، ھېلىھەم بولسا يىقىلماي، ئۆرە تۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇ دارىيەنى كۆرۈش ئىلەنلا تونۇدى، ئالدىغا بىر چامداپ، دەلدەڭلەپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر زامانلاردا مۇستەھكەم قاتتىق بولغان ئەۋلىرى ھازىر تامامەن قىيما - چىيما بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ-نىڭغا سەل - پەل كۈلكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسە ئۇلاشتى، مانا شۇ كۈلكىگە ئوخشاش پۈرۈشكەن چىراي دارىيەنىڭ يۈرىگىنى تاشتەك قاتۇرۇپ، دەمبەدەم سوقۇشقا مەجبۇر قىلدى. دارىيەگە ئۆز يۈرىكى كانىيىغا يېقىنلا بىر يەردە سوقۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئېغىر ھاسىراپ، بارغانسېرى چىرايى ئاقىرىپ، ئۇۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ ئالدىغا تاقىلىپلا كەلدى.

— خوش، ئەسسالام، كۈم! *

دارىيەنىڭ چاڭقىداپ چىققان ئېھتىراسلىق ئاۋازى ۋە بۇ ئاۋازدىكى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىنتونا تسىيە خالايىقنى شۈپ-شۈك قىلىپ قويدى. شۇئاندا جىمجىتلىقتا بوغۇقراق، ئەمما بەر-دەم جاۋاپ ياڭرىدى:

— سالام، تۇققىنىم دارىيە.

— ئېيتقىنا، ھەدىرىدان كۈم، سەن قانداقچە ئۆزەڭنىڭ تۇق-

* كۈم — بالىنى چوقۇندۇرغان كىشى - ت.

ئىنىڭنى... مېنىڭ ئېرىمنى...

دارىيەنىڭ دېمى بوغۇلۇپ، ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ نىمە چىقىرالماي قالدى.

ئېغىر، ئىنتايىن جىددى سۈكۈنات بارلىققا كەلدى ـ دە، مانا شۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغان جىمجىتلىق ئىچىدە دارىيەنىڭ ئۆز سوئالىنىڭ ئاخىرىنى خىيالىدا ئېنىق ئېيتقانلىقىنى، ھەتتا ئەڭ يىراقتا تۇرغانلارمۇ ئاڭلىدى:

— ... مېنىڭ ئېرىم پېترو پانتېلېيېۋىچنى سەن قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟

— ياق، تۇققىنىم، ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم!

— قانداقچە سەن ئۆلتۈرمىدىڭ؟ — دارىيەنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىقراق چىقتى، — كازاكلارنى مىشكا كوشېۋوي بىلەن ئىككىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەرغۇ؟ سەنلەر ئەمەسمۇ؟

— ياق، تۇققىنىم، بىز ئۇنى .. مەن ئۇنى ئۆلتۈرگىنىم يوق...

— ئۇنداق بولسا ئۇنى بۇ ئالەمدىن يولغا سالغان زادى كىم؟ قېنى، كىم؟ ئېيتقىنا!

— زائامۇر پولكى شۇ چاغدا...

— سەن! سەن ئۆلتۈرگەن! ... كازاكلار دۆڭنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ، سېنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتىغۇ! سەن ئاق بوز ئاتقا مىنگەن ئىكەنسەن! ئەمدى تېنىۋالامسەن، لەنىتى؟

— شۇ ئۇرۇشتا مەنمۇ بار ئىدىم...، — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ سول قولى تەسلىكتە بېشىغا كۆتىرىلىپ، يارىسىغا يېپىشىپ قالغان پەلەينى تۈزەپ قويدى، ئۇ سۆزلەۋاتقان ئاۋازىدا ئېنىقلا ئىشەنچسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى، — شۇ چاغدىكى حەڭدە مەنمۇ بولغان، ئەمما سېنىڭ ئېرىڭنى سەن ئۆلتۈرمىدىم، مىخايىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كوشۇوي، ئۇنى شۇ ئاتقان. مەن تۇققىنىم پېترو ئۇچۇن جاۋابكار ئەمەسمەن.

— سەن ياۋۇز دۈشمەن، بىزنىڭ يېزىلىقلاردىن كىمنى ئۆلتۈردۈڭ، سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن كىمنىڭ بالىلىرىنى يېتىم قىلىپ، خانىۋەيران قىلدىڭ؟ — توپنىڭ ئىچىدىن ياكوف «تاقا»نىڭ تول قالغان ئايالىنىڭ قاتتىق ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

شۇنىڭ بىلەن خوتۇنلارنىڭ ئەسەبىلەرچە ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى، ۋاقىراشلىرى، «شۇم ئاۋاز» بىلەن ئۆلۈككە نالە-زار قىلىشلىرى يېڭىۋاشتىن ئەۋجىگە چىقىپ، جىددى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى...

كېيىنرەك دارىيەنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ بىردانە ئەسكەر كارابىن مىلتىغىنىڭ قولىغا نەدىن چۈشۈپ قالغانلىقى، ئۇنى كىم بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىغان، ئەمما خوتۇنلار يىغا-زارە قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ قولىدا يات بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى-دە، قارىماي تۇرۇپلا، سىلاشتۇرۇپ، قولىدىكى نەرسىنىڭ مىلتىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ دەسلەپتە ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنى مىلتىقنىڭ قوندىغى بىلەن ئۇرماقچى بولۇپ، ئۇنى ئاغزى تەرىپىدىن تۇتقان ئىدى. بىراق نىشانغا ئالىدىغان قىرلىق تۆمۈرى ئالقىنىغا قاتتىق پاتقانلىقتىن، بارماقلىرى بىلەن قولۇپىدىن تۇتتى، شۇندىن كېيىن مىلتىقنىڭ ئاغزىنى بۇراپ، بىردىن كۆتەردى-دە، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ كۆكرىكىنىڭ سول تەرىپىنى نىشانغا ئالدى.

دارىيە ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان كازاكلارنىڭ دۈررىدە بىر چەتكە قېچىپ، ئامبارنىڭ سېرىق تاختاي تېمىنى خالى قالدۇرغانلىقىنى كۆردى؛ شۇ ئارىدا كىشىلەرنىڭ قورققان ھال-

دا: «هوي، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ! ئۆز ئادەملىرىڭنى ئۆلتۈرەمـ
سەن؟ توختاپ تۇر، ئاتما!» — دىگەن ۋاقىراشلىرىنى ئاڭلىدى.
شۇنىڭ بىلەن خالايىق توپىنىڭ ياۋايى هايۋانلارچە سەگەكلىك
بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشى، ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرى مۇشۇ ئايالغا
مەركەزلەشكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئىنتىقام
ئالىمەن، دىگەن خاھىشى ئۈرتكە بولغانلىغى تۈپەيلى ۋە بىر جەھەتـ
تىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا: مەن شۇ تاپتا باشقا ئاياللارغا ھەرگىز
ئوخشىمايمەنغۇ. ماڭا كازاكلار ئەجەپلىنىش ۋە ئەيمىنىش بىلەن
قارىشىۋاتىدۇ، قېنى نىمە قىلاركىن، دەپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈـ
تۈشۈۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەممە ئادەمنى دەھشەتكە سالـ
دىغان ئادەتتىن تاشقىرى، ئالاھىدە، قۇدرەتلىك بىر ئىش قىلىشىم
كېرەك، دەيدىغان ئوي ـ پىكىردىن پەيدا بولغان مەنمەنلىگى ئۈرتـ
كە بولغانلىغى تۈپەيلى، ئەينى زاماندا ئۇششۇ خىلمۇ خىل
تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسى كىشى چۆچۈگىدەك تېز ھەركەتكە كەلتۈرگەنـ
لىكتىن، دارىيە مىگىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئالدىن ھەل قىلىپ
قويۇلغان، ئەمما ھازىرقى پەيتتە ئويلاشنى خالىمىغان ۋە ئويلىيالـ
مىغان قانداقتۇ بىر ئىشقا يېقىنلىشىپ كەلدى ـ دە، مىلتىقنىڭ
تەپكىسىنى ئاستا، ئاۋايلاپ ـ سىلاپ تۇيۇقسىز، ئۆزىمۇ كۈتمىگەن
ھالدا ئۇنى كۈچ بىلەن بېسىۋەتتى.

قونداقنىڭ تېپىشى دارىيەنى ئارقىسىغا قاتتىق ئىتتىرىۋەتـ
تى، ئوق ئاۋازى قۇلىغىنى پاڭ قىلىپ فويدى، ئەمما كۆزلىرىنىڭ
يۇمۇلغان يوچۇغىدىن ئۇ ئەۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ دىرىلدىگەن
يۈزىنىڭ دەرھال دەھشەتلىك ۋە تۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ
كەتكەنلىگىنى، ئۇ گويا ناھايىتى ئېگىزلىكتىن سۇغا سەكرىمەكچى بوـ
لۇۋاتقان ئادەمدەك قوللىرىنى بىر يېيىپ، بىر قوشتۇرۇپ تۇرغانـ

لىغىنى، ئارقىدىنلا چالقانچىسىغا گۈپپىدە يىقىلىپ بېشىنىڭ سەكراتقا چۈشكەندەك لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىغىنى، ئىككى تەرەپكە يېيىلغان قوللىرىنىڭ بارماقلىرى مىدىرلاپ، جان ـ جەھلى بىلەن يەرنى تاملاشقا باشلىغانلىغىنى كۆردى...

دارىيە مىلتىقنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىغىنىڭ پەمگە يەتمەستىن، يەردە يىقىلىپ ياتقان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچقا ئارقىسىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قىلىقلىرىغا خىلاپ ھالدا بېشىدىكى رومىلىنى تۈزەپ، سىرتقا چىقىپ تۇرغان چاچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويدى.

— ئۇ تېخىچە نەپەس ئېلىۋاتىدۇ...، — دېدى كازاكلارنىڭ بىرسى، قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دارىيەگە خۇشامەتكۈيلۇق بىلەن يول بوشىتىپ بېرىپ.

دارىيە بۇ سۆزنى كىمگە ئېيتىۋاتقانلىغىنى ئۇقماستىن، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى ـ دە، كىكىرتەكتىن ئەمەس، گويا ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىر يېرىدىن چىقىۋاتقان، ئۆلۈم ئالدىدىكى ھىقىقلاش بىلەن ئۈزۈلۈپ تۇرغان، سوزۇق بىر ئىڭراشنى ئاڭلىدى. مانا شۇ چاغدىلا بۇ ئىڭراۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆز قولىدىن قازا تاپقان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئىكەنلىكىنى بىلدى. دارىيە تېز ۋە يېنىك قەدەم تاشلاپ، ئامبارنىڭ يېنى بىلەن مەيدانغا قاراپ يول ئالدى، ئازغىنا كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئەمدى ئانتىپ بىرېخوۋىچقا ئاغدى. ئۇ، كۆرەك مەشقىغە قاتناشقان ئادەمدەك، تېز سۈرئەتتە ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ، ئىمىشقىدۇ ياپون مىلتىغىنىڭ نەيزىسىنى كەينىگە يوشۇرغان پېتى يەردە ياتقان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ قې-

شىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتى ھېساپقا ئېلىنغان ۋە ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، نەيزىنىڭ ئۇچىنى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ كۆكسىگە قاداپ:

— خوش، ئەمدى جان ئۈز، كوتلەروف! — دېدى - دە، يار كۈچى بىلەن نەيزىنىڭ سېپىغا ئېغىرلىقىنى سالدى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ قىينىلىپ، ئۇزاقتا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ھاياتى ساغلام، ئۇستىخانلىق تەننى ھېچ تاشلىغۇسى كەلمەي تەسلىكتە ۋىدالاشتى. ھەتتا نەيزە ئۈچ قېتىم سانچىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئاغزىنى ئاچتى، قانغا بويۇلۇپ ئىرجىيىپ قالغان چىشلىرىنىڭ ئاستىدىن سوزۇلۇچان بىر خىرىلداش چىقتى:

— ئا - ا - ا! ...

— ئىھ، جاللاتەي، شەيتاندىن تۆرەلگەن! — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ۋاخمىستىر ئانتىپۇ بىرېخوۋىچنى ئىتتىرىۋېتىپ، شۇندىن كېيىن جىددى قىياپەتتە سول كۆزىنى قىسىپ، نىشانغا توغرىلاپ ناگاننى كۆتەردى.

سىگنال تەرىقىسىدە ئېتىلغان ئوقتىن كېيىن ئەسىرلەرنى سوراق قىلىۋاتقان كازاكلار ئۇلارنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئەسىرلەر ھەر ياققا ئۆزىنى ئۇرۇپ قېچىشاتتى. مىلتىق ئاۋازلىرى ۋاقىراشلار بىلەن ئارىلىشىپ، قۇرۇق ۋە قىسقا - قىسقا تاراسلىدى.

× ×

بىر سائەتتىن كېيىن تاتارىسكى يېزىسىغا گىرىگورىي مېلېخوف ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئېتىنى قاتتىق چاپتۇرغانلىقتىن، ئۇست - خوپېرسكايادىن چىقىپ كېلىۋاتقان يولدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىدە ئۆلگەن ئىدى. شۇڭا گىرىگورىي ئىگەر - جابدۇقلىرىنى يېقىن بىر يېزىغىچە يۇدۇپ ئېپكەلدى - دە، بۇ يەردىن ناچار بىر ئاتنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن كېچىكىپ قالدى ... تاتارىسكىلىقلارنىڭ پىيادىلەر بۆلۈنمىسى دۆڭ بىلەن يۈرۈپ، ئۈست - خوپېرىسكايانىڭ يېزىلىرىغا، ئۈست - خوپېرىسكايا ئايمىقىنىڭ چېگرىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتكەن ئىدى، بۇ يەردە قىزىللارنىڭ ئاتلىقلار دىۋىزىيىسىنىڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ بولۇۋاتاتتى. تاتارىسكى يېزىسىنىڭ ئىچى جىمجىت، چۆلسىرەپ قالغان ئىدى. تۈن ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىنى ئەتراپتىكى قىرلارغا، دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىغا، زارلىنىپ تۇرغان تېرەك ۋە شۇمتاللارغا يېپىشقا باشلىدى ...

گىرىگورىي هويلىغا ئاتلىق كىرىپ كەلدى - دە، دەرھال ئۆيگە كىردى. چىراقنىڭ يورۇقى يوق ئىدى. قاپ قاراڭغۇچىلىقتا پاشىلار گىڭىلدايتتى، ئۆينىڭ پەگادىكى بۇلۇڭىدا بۇتنىڭ رەسىملىرى خىرە ئالتۇن تۈستە پاقىراپ تۇراتتى. باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ تونۇش بولغان جانىجان ئائىلىسىنىڭ يۈرەكنى دولقۇنلاندۇرىدىغان ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ، سورىدى:

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ ئانا! دۇناشكا!

— گىرىشا، سەنمۇ؟ — مېھمانخانا ئۆيدىن دۇناشكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

يالڭاياق پۇتنىڭ شىلپىلىغان تاۋۇشى ئاڭلاندى. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىچكى يوپكىسىنىڭ بەلۋىغىنى ئالدىراش تارتىپ باغلاۋاتقان دۇناشكىنىڭ ئاپپاق فىگۇرىسى كۆرۈندى.

— نېمانچە بالدۇر ياتتىڭلار؟ ئانام قېنى؟

— بىزنىڭ مەشەدە بىر يەردە ...

.. دۇناشكا ئۇنىچىقماي قويدى. گىرىگورىي ئۇنىڭ دەمبەدەم دەككە ـ دۈككىدە نەپەس ئېلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ــ سىلەرنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بولدى؟ ئەسىرلەرنى قاچان ھەيدەپ ئۆتتى؟

ــ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى.

ــ نە ـ مە ــ ـە؟

ــ كازاكلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتى ... ۋاي ـ ۋاي، گرىشا! بىزنىڭ داشكا، لەنىتى جۇۋايىسمەك ...، ـ دۇناشكىنىڭ ئاۋازىدا يىغلامسىرىغان ئاھاڭ بار ئىدى، ــ ... ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئېۋان ئالېكسىيېۋىچنى ئۆلتۈردى ... ئۇنى مىلتىق بىلەن ئاتتى...

ــ سەن نېمە بىلجىرايسەن؟ ــ گىرىگورىي چۆچۈپ كەتتى ـ دە، سىڭلىسىنىڭ كەشتە تىكىلگەن كۆينىكىنىڭ ياقىسىدىن تۇتقان پېتى ۋاقىردى.

دۇناشكىنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىنىڭ ئېقى پاقىراپ كەتتى ـ دە، گىرىگورىي ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى قورقۇنچىدىن قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ خاتا ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلدى.

ــ مىشكا كوشىۋويچۇ؟ شتوكمانچۇ؟

ــ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلار يوق ئىكەن.

دۇناشكا ئەسىرلەرنىڭ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان جەۋرى ـ زۇلۇمنى، دارىيەنىڭ ئىشلىرىنى قىسقىچە ئالمان ـ تالمان سۆزلەپ بەردى.

ــ... ئانام ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە يېتىشقا قورقۇپ، خوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتتى، داشكا بىر يەردىن مەس قايتىپ كەلگەن ئىدى... ئۆلگۈدەك مەس... ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ...

ــ نەدە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئامبارۋدا.

گىرىگورىي ئامبارغا كىرىپ، ئىشىكنى داغدام ئېچىۋەتتى. دارىيە ئىشىكنى ھاداسىزلارچە ئېچىۋېتىپ، يەرنىڭ ئۈستىدە ئەخلاۋاتاتتى، ئىنچىكە قوللىرى ئىككى تەرەپكە يېيىلغان، ئۇنىڭ مەڭزى مول شۆلگەي بىلەن ھۆل بولۇپ پاقىراپ تۇراتتى، ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىن ساموگوننىڭ ئاچچىق پۇرىقى كېلەتتى، ئۇ بېشىنى ئەپسىز قىيسايتىپ، سول مەڭزىنى يەرگە يېقىپ، قاتتىق ۋە ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

گىرىگورىي ھېچقاچان ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرۈشكە مۇنچىلىك ھەددىدىن تاشقىرى خۇمار بولمىغان ئىدى. ئۇ بىر نەچچە سېكۇنت دارىيەنىڭ ئۈستىدە ئېھ - ئېھلاپ، ئىككى تەرەپكە دەلدەڭلەپ، چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، يەردە ياتقان بۇ گەۋدىگە قاتتىق نەپرەت ۋە يىرگىنىش بىلەن قاراپ تۇردى. كېيىن بىر چامداپ، ئۆتۈكىنىڭ تۆمۈر پاشنىسى بىلەن دارىيەنىڭ ئىگىز كامان قاشلىرى قارايتىپ تۇرغان يۈزىنى بېسىپ تۇرۇپ خىرىلدىدى:

— گې - زەن - دە!

دارىيە مەس ھالەتتە بىر نىمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ، ئىڭراشقا باشلىدى، گىرىگورىي ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، قىلىچىنىڭ غىلاپىنى ئىشىك بوسۇغىلىرىغا تەككۈزۈپ، جىرىڭلىتىپ، ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

بۇ كېچە ئۇ، ئانىسى بىلەنمۇ كۆرۈشمەستىن، فرونتقا قايتىپ كەتتى.

## 57

ئەتىياز كەلگۈنى باشلانغۇچە دون ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ قارشىلىغىنى سۇندۇرۇپ دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يېرىپ ئۆتۈشكە قۇربى يەتمىگەن 8 - ۋە 9 - قىزىل ئارمىيە تېخىچە ئايرىم ئۇچاستكىلاردا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇنۇشلار كۆپىنچە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاياقلىشاتتى. نەشەبۆسكارلىق دون قوماندانلىغىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان ئىدى.

ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبىي فرونتتا ھامان سېزىلەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولمىدى. ئەمما تېز ئارىدا ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشى كېرەك ئىدى. دون ئارمىيىسىنىڭ سابىق قوماندانى گېنېرال دېنىسوف بىلەن شتاب باشلىغى گېنېرال پولياكوف ئاللىقاچان ئىشلەپچىققان پىلان بويىچە، كامېنسكايا ۋە ئۇست - بېلوكالىتۋېنسكايا كەنتلىرى رايونىدا قىسىملارنى زەربىدار قوشۇن دەپ ئاتالغان بۇ مەركەزگە توپلاش ئىشى ئاياقلىشىپ قالغان ئىدى. فرونتنىڭ بۇ ئۇچاستكىغا ياش ئارمىيىنىڭ ھەربىي تەلىم ئالغان كادىرلىرى ئىچىدىن ئەڭ ياخشى كۈچلەر، تۆۋەنكى دوننىڭ تەجرىبىلىك پولكلىرى: گۇندوروف پولكى، گېئورگىيېۋ پولكى ۋە باشقا پولكلار يىغىلغان ئىدى، خام - خۇتىلا ھېساپ بويىچە، بۇ زەربىدار قوشۇننىڭ كۈچلىرى مىلتىق ۋە

www.uyghurkitap.com

قىلىچ بىلەن قوراللانغان 16 مىڭ ئەسكەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردا 24 زەمبىرەك ۋە 150 پىلىموت بار ئىدى.

گېنېرال پولياكوفنىڭ پىكرىچە، بۇ زەربىدار قوشۇن گېنېرال فىتىسخالاۋروفنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە ماكيېۋكا يېزىسى تەرەپتىن ھۇجۇم باشلاپ، قىزىللارنىڭ 12 ـ دىۋىزىيىسىنى بىتچىت قىلغاندىن كېيىن، 13 ـ دىۋىزىيە بىلەن ئورال دىۋىزىيىسىنىڭ ئىككى قانىتى ۋە ئارقا سېپى تەرىپىدە ھەركەت قىلىپ بېرىپ، يۇقۇرقى دون ئوكرۇگىنىڭ تېررىتورىيىسىگە يېرىپ ئۆتۈشى، شۇ ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى بىلەن قوشۇلۇشى لازىم ئىدى، ئۇندىن كېيىن بۇ قوشۇن خوپېر ئوكرۇگىغا كېلىپ، بولشېۋىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كازاكلارنى «ساقايتماقچى» ئىدى.

دونېتس يېنىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا، فرونتنى يېرىپ ئۆتۈشكە پائال تەييارلىق كېتىۋاتاتتى، زەربىدار قوشۇننىڭ قوماندانلىقى گېنېرال سېكرېتېۋقا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئەلبەتتە قارىنىش ئالامىتى ئوچۇقلا دون ئارمىيىسى تەرەپكە ئېغىشقا باشلىغان. بۇ ئارمىيىنىڭ يېڭى قوماندانى — كىراسنوۋنىڭ گۇماشتىسى بولمىش خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن گېنېرال دېنىسوفنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن گېنېرال سىدورىن ۋە يېڭىدىن سايلانغان ۋويىسكو ئاتامانى گېنېرال ئافرىقان بوگايېۋسكى ئىتتىپاقداشلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىش كۆرۈشكە مايىل ئىدى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھەربى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە موسكۋاغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ۋە پۈتۈن روسىيە تېررىتورىيىسىدە بولشېۋىزىمنى تۈگىتىشنىڭ كەڭ پىلانىنى تۈزۈلۈۋاتاتتى.

قارا دېڭىز قىرغىقىدىكى پورتلارغا قورال ـ ياراق بېسىلغ-

غان ترانسپورت پاراخوتلىرى كېلىشكە باشلىغان ئىدى. ئوكيان پاراخوتلىرى يالغۇز ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ئايروپىلانلىرىنى، تانكا، زەمبىرەكلىرىنى، پىلىموت، مىلتىقلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھاۋىغا قوشىدىغان جىپچىرلارنى، گېرمانىيە بىلەن سۇلھ پۈتۈمى تۈزۈلگەندىن كېيىن باھاسى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى توشۇپ ئېپكېلىۋاتاتتى. تاي - تاي تۇم يېشىل ئېنگىلىز ھەربى مۇندىرلىرى ۋە مىس تۈگمىلىرىگە ئاسمانغا ئوخچۇپ تۇرغان بىرىتانىيە شىرىنىڭ رەسمى نەقىش قىلىنغان فىرەنچىلەر* نوۋوروسىيىسكىنىڭ ئامبارلىرىغا تولۇپ كەتتى. ئىسكىلاتلارغا ئامېرىكىنىڭ ئۇنى، فەنت - شېكەرلىرى، شوكىلاتلىرى، شاراپلىرى سىغماي كەتتى. بولشېۋىكلەرنىڭ جېنى مەھكەملىكى، ياشاشچانلىقىدىن قورقۇپ قالغان كاپىتالىستىك ياۋروپا رۇسىيىنىڭ جەنۇبىغا سانائەت بىلەن پاترونلارنى سېخىلىق بىلەن تۆككىلى تۇردى، بۇ ئىنتىپاقداشلارنىڭ قوشۇنلىرى نېمىسلارغا ئېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن سانائەت بىلەن پاترونلار ئىدى. خەلقارا ئەكسىيەتچىلەر قانسىراپ قالغان سوۋېت رۇسىيىسىنى تۇنچۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى ... كازاك ئوفىتسېرلىرى بىلەن دېنىكىننىڭ پىدائىلار ئارمىيىسى ئوفىتسېرىگە تانكا ھەيدەش، ئېنگىلىز زەمبىرەكلىرىدىن ئوق ئېتىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن دون بىلەن كۇبانغا كەلگەن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئوفىتسېر ئوقۇتقۇچىلىرى موسكۋاغا كىرىش تەنتەنىسىنى كۆرىمىز دەپ ئالدىنئالا ئاغزىنى تاتلىق قىلىشىپ يۈرەتتى...

ئەمما بۇ چاغدا دونېتس بويىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ 1919 - يىلدىكى ھۇجۇمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ھەل قىلغان ۋەقەلەر

* فىرەنچ — ھەربى پىنچىمدە تىكىلگەن كەمزۇل — ت.

www.uyghurkitap.com

ئەۋج ئېلىۋاتاتتى.

شۈبھىسىزكى، قىزىل ئارمىيە ھۇجۇمىنىڭ ئۇتۇق قازانالمىغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، يۇقىرىقى دونلۇقلارنىڭ قوزغىلىڭى ئىدى. ئۈچ ئاي مابەينىدە بۇ قوزغىلاڭ قىزىللار فرونتىنىڭ ئارقا سېپىنى جاراھەت كېسەللىدەك زەدە قىلىپ يەپ، ھەربىي قىسىملارنى دائىمىي رەۋىشتە ئەۋەتىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، فرونتنى ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ تۇرۇشقا توسالغۇ بولدى، ياردار ۋە ئاغرىقلارنى ئارقا سەپكە يوللاپ بېرىشنى قىيىنلاشتۇردى. يالغۇز 8 - ۋە 9 - قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆزىدىنلا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا 20 مىڭ مىلتىقلىق ئەسكەر ئەۋەتىلگەن ئىدى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىي ئىنقىلاۋىي سوۋېتى قوزغىلاڭنىڭ ھەقىقىي كۆلىمىدىن خەۋەر تاپالمىغانلىقتىن، بۇ قوزغىلاڭنى ئۆز ۋاقتىدا باستۇرۇشقا يېتەرلىك دەرىجىدە كەسكىن چارە - تەدبىر قوللانمىدى. دەسلەپكى چاغلاردا قوزغىلاڭغا قارشى ئايرىم ئەترەتلەر ۋە ئەترەتچاقلارنى (مەسىلەن، BЦNK * ئوفىتسېرلەر مەكتىۋى 200 كىشىلىك بىر ئەترەتنى ئاجراتقان)، چالا - بۇلا قوراللانغان قىسىملارنى، ئادىمى ئاز توساقچى ئەترەتلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى، دېمەك، چوڭ يانغىننى بىر نەچچە ئىستاكان سۇ ئېپكېلىپ ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. يەككە - يەككە چېچىلىپ كەتكەن قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى دىئامېترى 190 كىلومېتىرغا يېتىدىغان قوزغىلاڭچىلار تېررىتورىيىسىنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئومۇمىي ئوپېراتسىيە پىلانىنىڭ سىرتىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت ئېلىپ باردى،

* BЦNK — پۈتۈن روسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى.

شۇڭا قوزغىلاڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى 25 مىڭ مىلتىقلىق كىشىگە يەتسىمۇ، بۇنىڭ ھېچبىر ئۈنۈملۈك نەتىجىسى بولمىدى.

قوزغىلاڭنى يامراتماسلىق ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن 14 قوشۇمچە مارش روتىسى، ئوبلاپ تۇساقچى ئەترەتلەر ئەۋەتىلدى؛ تامبوۋ، ۋورونىژ، رەزەن ۋىلايەتلىرىدىن ھەربىي كۇرسانتلار ئەترەتلىرى كەلدى، قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، قوزغىلاڭچىلار قىزىل ئەسكەرلەردىن تارتىۋالغان پىلىموت ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللىنىپ بولغاندىن كېيىن 8 - ۋە 9 - ئارمىيە ئۆز تەركىبىدىن بىردىن تازىلاش دىۋىزىيىسى ئاجراتتى. بۇلاردا ئارتىللېرىيە ۋە پىلىموت كوماندىلىرى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار چوڭ چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما تارمار كەلتۈرۈلمىدى.

يۇقۇرقى دوندىكى يانغىننىڭ ئۇچقۇنلىرى خوشنا خوپېر ئوكرۇگىغىمۇ تۇتاشتى، بۇ يەردە ئوفىتسېرلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئازغىنا كازاكلار گۇرۇپپىسىنىڭ بىرنەچچە قېتىم باش كۆتۈرۈپ چىققىنى يۈز بەردى. ئۇرىيوپىنسكايا كەنتىدە قوشۇن ستارشىناسى ئالىموف ئۆز ئەتراپىغا خېلى كۆپ كازاكلارنى ۋە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئوفىتسېرلەرنى ئۇيۇشتۇرغان، قوزغىلاڭ 1 - مايغا ئۆتەر كېچىسى بولماقچى ئىكەن، ئەمما بۇ سۇيىقەست ئۆز ۋاقتىدا پاش بولۇپ قالغان، ئالىموف بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ بىر بۆلىكى پرېشوبراژېنسكايا كەنتىنىڭ بىر يېزىسىدا قولغا ئېلىنىپ، ئىنقىلاۋىي تىرىبۇنالنىڭ ھۆكمى بويىچە ئېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ ئۆز ۋاقتىدا باشلىقسىز قالدۇرۇلغانلىقتىن، ئەمەلگە ئاشماي قالدى، شۇنداق قىلىپ، خوپېر ئوكرۇگىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپچى ئېلېمېنتلىرى يۇقۇرقى دون قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن

پىرلىشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

ماي ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ بىرقانچە تەرمە پولكلىرى تۇرغان چېرتكوۋو ئىستانسىسىغا BLINK ئوفىتسېرلەر مەكتىۋىنىڭ ئەترىدى كېلىپ پويىزدىن چۈشۈۋاتاتتى، چېرتكوۋو قوزغىلاڭچىلار فۇرونتىنىڭ غەربىي ئوچاستكىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىداش بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي تۆمۈريولىنىڭ يويىدىكى ئاخىرقى ئىستانسىلاردىن بىرسى ئىدى، مىگولىنىسكايا، مېشكوۋىسكايا ۋە كازانىسكايا كەنتلىرىنىڭ كازاكلىرى بۇ چاغدا ئىنتايىن كۆپ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى كازانىسكايا كەنتىنىڭ ئايىنىغى چېگرىسىغا توپلاپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن غايەت قاتتىق جەڭ ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

چېرتكوۋونى كازاكلار قورشىۋاپتۇ، مانا ھازىرلا ھۇجۇم باشلىنىدىكەن. دىگەن مىش - مىش گەپ ئىستانسا بويلاپ تارقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن فۇرونت ئاز دىگەندە 50 چاقىرىم يەردە تۇرسىمۇ، مۇبادا كازاكلار ئۇرۇش سىپىنى يېرىپ ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ توغرىلىق خەۋەر بېرىدىغان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى ئالدىدا تۇرسىمۇ، بۇنىڭغا قارىماستىن، پويىز ئىستانسىسىدا ۋەھىمە باشلىنىپ كەتتى. سەپتە تۇرغان قىزىل ئارمىيە قاتارلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، چېركاۋنىڭ كەينىدىكى بىر يەردە بىرسى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ: «قو - رال - ئال - ل!» — دەپ قوماندا بەردى، كوچىلاردا قاچ - قاچ باشلاندى، خەلق ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ كەتتى.

بۇ ۋەھىمە يالغان بولۇپ چىقتى. كازاكلار دەپ پەرەز قىلىنغانلىرى مانكوۋو يېزىسى تەرەپتىن ئىستانسىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قىزىل ئەسكەرلەر ئىسكادرونى ئىكەن. كۇرسانتلار بىلەن

ئىككى تەرمە پولك كازانىسكايا كەنتىگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى.

بىر كۈندىن كېيىن يېڭىلا يېتىپ كەلگەن كىرونشتاد پولكى كازاكلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى.

كىرونشتادلىقلار بىلەن بولغان دەسلەپكى جەڭدىن كېيىنلا كازاكلار بۇلارغا كېچىسى تۇيۇقسىز چاپقۇن يۈرگۈزدى. پولك، قوزغىلاڭچىلار تاشلاپ كەتكەن يېزىنى ئىشغال قىلىشقا تەۋەككۈل قىلماي، قاراۋۇللۇققا ئادەم چىقىرىپ، يوشۇرۇن پوس قويۇپ، دالىدا قونغان ئىدى، يېرىم كېچە بولغاندا بىرنەچچە كازاك ئاتلىق بۆلۈنمىلىرى پولكنى قورشىۋېلىپ، شىددەتلىك ئوت ئاچتى، بۇنىڭدا كىمدۇ بىرسى ئويلاپ چىقارغان قورقۇتۇش قورالىدىن — ئۇرغۇن تاختا شاقىلداقتىن كەڭ پايدىلاندى. بۇ شاقىلداقلارنى قوزغىلاڭچىلار كېچىدە پىلىموت ئورنىدا ئىشلەتتى: ھەر ھالدا، بۇ شاقىلداقلاردىن چىققان ئاۋاز ھەقىقى پىلىموتنىڭ تاتاتلاپ ئېتىلغىنىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى...

شۇڭا مۇھاسىرىدە قالغان كىرونشتادلىقلار ھېچنىمىنى كۆرۈپ بولمايدىغان تۈن قاراڭغۇسىدا سان-ساناقسىز «پىلىموتلار» نىڭ سايراشلىرىنى، ئۆز قاراۋۇلخانىلىرىدىن ئالدىراش ئېتىلغان ئوقلارنى، كازاكلارنىڭ ھاي-ھۇي، چوقان-سۈرەنلىرىنى ۋە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار چاچما سەپلىرىنىڭ گۈلدۈر-تاراقلىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇلار دون تەرەپكە قاراپ قېچىپ، دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتكەن ئىدى، ئەمما ئاتلىقلار ئاتاكىسى بۇلارنى تىرى-پىرەك قىلىپ تاشلىدى: ئاخىرىدا پۈتۈن پولكنىڭ تەركىبىدىن پەقەت بىرنەچچە ئادەملا ئامان قالغان، بۇلار باھار كەلكۈنىدە يېيىلىپ ئاققان دوندىن ئۈزۈپ

ئۆتۈشنى بىلگەنلەر ئىدى.

ماي ئېيىدا دونبەستىن قوزغىلاڭچىلار فرونتىغا قىزىللارنىڭ يېڭى قوشۇمچە كۈچلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. 33 - كۇبان دىۋىزىيىسى يېتىپ كېلىش بىلەنلا گىرىگورىي مېلېخوۋ ھەققى زەربىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى 1 - قېتىم ھېس قىلدى. كۇبانلىقلار ئۇنىڭ 1 - دىۋىزىيىسىنى ئارام تاپتۇرماي قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. گىرىگورىي بىر يېزىدىن كېيىن يەنە بىر يېزىنى قولدىن بېرىپ، شىمالغا، دونغا قاراپ چېكىنىپ باراتتى. ئۇ چىر دەرياسىنىڭ چېگرىسىدىكى كارگىنىسكايانىڭ قېشىدا بىر كۈن ھايال بولۇپ تۇردى - دە، ئۇندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا كارگىنىسكايانى قولدىن بېرىپلا قويماستىن، بەلكى دەرھال قوشۇمچە كۈچلەر سوراشقا مەجبۇر بولدى.

كوندرات مېدۋېدېۋ ئۇنىڭغا ئۆز دىۋىزىيىسىدىن سەككىز ئاتلىق ئەسكەر بۆلۈنمىسىنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ كازاكلىرى كېرەكلىك ئەسلىھەلەر بىلەن كارامەت جابدۇتۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە يېتەرلىك ئوق - دورا بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى ياخشى، پۇتىدىكى ئاياقلىرى سەرخىل ئىدى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشكەن قىزىل ئەسكەرلەردىن تارتىۋېلىنغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان كازانسكايالىق كازاكلار ئىسسىققا قارىماستىن، خۇرۇم چاپانلارنى كىيىپ، ئالىپتە يۈرۈشەتتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە دىيەرلىك ياكى ناگان، يا بولمىسا دۇربۇن بار ئىدى... كازانسكايالىقلار بار توسالغۇلارنى دەسسەپ - چەيلەپ كېلىۋاتقان 33 - كۇبان دىۋىزىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا مەلۇم ۋاقىت توسالغۇ بولۇپ تۇردى. گىرىگورىي بۇ-

نىڭدىن پايدىلىنىپ، ۋېشېنسكاياغا بىر كۆڭۈلۈك بېرىپ كېلىش قارارىغا كەلدى، چۈنكى كودىنوف ئۇنى كېچەش يىغىنىغا كېلىشكە قاتتىق تۇرۇپ ئۆتۈنۈش قىلغان ئىدى.

## 58

ئۇ ۋېشېنسكاياغا سەھەردىلا يېتىپ كەلدى.

دوندا! تاشقىن سۇ تۆۋەنلەشكە باشلىغان ئىدى. تېرەكلەر-نىڭ يېپىشقاق، چۈچۈمەل - خۇش بۇي هىدى هاۋانى تولدۇر-غان. دون بويىدا! دۇب دەرەخلىرىنىڭ شىرىلىك توق يېشىل ياپراقلىرى ئۈگدەك هالەتتە شىلدىرلىشاتتى. يالىڭاچلىنىپ قالغان ئېتىز قىرلىرىدىن هور كۆتىرىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قىلتىرىق-تەك يۇمران مايسا ئوتلار كۆكىرىپ چىققان ئىدى. ئويمان يەرلەر-دە بولسا توختاق سۇلار تېخىچە پاقىراپ تۇراتتى، پاقىلار بوم ئاۋاز بىلەن كۇكىرىشاتتى. نەم، قارىلايىنىڭ هىدى سىڭگەن هاۋا-دا، ئالىقاچان ئاپتاپ چىققانلىغىغا قارىماستىن هەمدە هاشارەت-لەر ۋىژىلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

شتاپتا خەت باسىدىغان كونا بىر ماشىنكا تاقىلداپ تۇراتتى، ئۆيدە لىققىدە ئادەم بولۇپ، تاماكا تۈتۈنى قاپلاپ كەتكەن.

گىرىگورىي مېلېخوف كودىنوفنى غەلىتە بىر ئىش ئۈستىدە ئۇچراتتى: ئۇ ئىشىكتىن ئاستا كىرىپ كەلگەن گىرىگورىيغا قا-رىماستىن، جىددى ۋە ئويچان هالەتتە تۇتۇۋېلىنغان

www.uyghurkitap.com

زۇمرەتتەك يېشىل يوغان بىر چىۋىننىڭ پۇتلىرىنى يۇلۇپ تاشلاۋاتاتتى، يۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قۇرۇق قولى بىلەن مەھكەم سىقىمداپ، قۇلىغىغا ئاپاردى - دە، بېشىنى ئېگىپ، چىۋىننىڭ بىر دەم يوغان، بىر دەم ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن غوڭۇلدىغىنىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ گىرىگورىينى كۆرگەندىن كېيىن، يىرگىنىش ۋە خاپىچىلىق بىلەن چىۋىننى شىرەنىڭ ئاستىغا تاشلىۋەتتى، ئاندىن ئالقىنىنى ئىشتىنىغا سۈرتۈپ، كىرىسلونىڭ پاقىراق ئارقا يۆلەنچۈكىگە ھارغىنلىق بىلەن يۆلەندى:

— ئولتۇر، گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ.

— ساقلىقىڭ ياخشىمۇ، باشلىق!

— ھەي، ياخشىلىقى - ياخشى، ئەمما تازا دېگەندەك ئەمەس. خوش، ئۇ يەردە سىنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق؟ قىستاپ كېلىۋاتامدۇ؟

— بار كۈچى بىلەن قىستاپ كېلىۋاتىدۇ.

— چىر بويىدا توختىتىلدىمۇ، قانداق؟

— قانچىلىك ئۇزۇن دەيسەن؟ كازانسكايالىقلار بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

— ئىش مانا مۇنداق، مېلېخوف، — كودىنوف ئۆزىنىڭ كاۋكازچە كەمىرىنىڭ بوشاڭ تاسمىسىنى بارمىقىغا يۆگىدى - دە، قارىيىپ كەتكەن كۈمۈش توقىسىغا ئەتەي دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، خۇرسىنىپ قويدى، — قارىغاندا، بىزنىڭ ئىشىمىز بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن. دونېتسنىڭ قېشىدا نېمىدۇ بىر نەرسە قىلىنىۋاتقاندەك تۇرىدۇ ياكى ئۇ يەردە بىزنىڭكىلەر قىزىللارنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش سېپىنى

بۆسۈپ ئۆتتۈۋاتىدۇ، ياكى قىزىللار بىزنى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن يامانلىقنىڭ تۈپ يىلتىزى، دەپ چۈشىنىپ، قىسمائىقا ئالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

— كادىتلار توغرىلىق نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ! كېيىنكى ئايروپىلان بىلەن نېمىنى خەۋەر قىلىشىپتۇ؟

— ئالاھىدە بىر گەپمۇ يوق، ئۇلار، بۇرادەر ئەزىز، ئۆز ئىستراتېگىيىلىرىنى سەن بىلەن بىزگە ئېيتمايدۇ. سىدورىن — ئۇ، بۇرادەر ئەزىز، ئىشىنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم! ئۇنىڭ قوسىغىدا نېمە بارلىقىنى بىردىنلا چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن. ئۇلاردا مۇنداق بىر پىلان بار — قىزىللارنىڭ فۇرونتىنى يېرىپ ئۆتۈپ، بىزگە ئەسكەر ئەۋەتىپ مەدەت كۆرسىتىش. ئۇلار ياردەم قىلىمىز، دەپ، ۋەدە قىلىشقان. ئەمما ئېغىزدىكى ۋەدە ھەمىشەم ئورۇنلىنىۋەرمەيدىغۇ. يەنە كېلىپ، فۇرونتنى يېرىپ ئۆتۈش ئاسان ئىش ئەمەس. دونېتستا قىزىللارنىڭ كۈچلىرى قانداق ئىكەنلىكىنى سەن بىلەن بىز نەدىن بىلىمىز؟ ئېھتىمال، ئۇلار كولچاك* تەرەپتىكى ئورۇش سېپىدىن بىر نەچچە كورپۇس يۆتكەپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئىشقا سالغان بولۇشى مۇمكىن. قانداق دەيسەن؟ بىز بىر قاراڭغۇچىلىقتا تۇرۇۋاتىمىز! شۇڭا بۇرنىمىزنىڭ نېرىسىدىكى نەرسىنى كۆرەلمەيمىز!

— شۇنداق قىلىپ، سەن نېمە توغرىلىق سۆزلەشمەكچىسەن؟ قانداق كېڭەش مەجلىسى ئاچماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي زېرىككەندەك ئەسنەپ قويۇپ.

---

* كولچاك — چار روسىيىدە ئادمىرال ئىدى. گىراژدانلار ئورۇشى ۋاقتىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابنى ئۇيۇشتۇرغۇچى باش جىنايەتچىلەردىن بىرى — ت.

ئۇ قوزغىلاڭنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقى توغرىلىق جان كۆيدۈرۈپ كەتمىدى. بۇ ئىش ئىمىشقىدۇ ئۇنى تەشۋىشلەندۈرمەيتتى، ئۇ ئىلگىرى كۈنىمۇ كۆن ئۆيگە چۆمۈپ، خۇددى خاماندا تولۇق سۆرەپ ئايلىنىۋېرىدىغان ئاتقا ئوخشاش، بۇ مەسىلە دائىرىسىدىن نېرى چىقالماي كەلگەن بولۇپ، ئاخىرىدا، خىيالەن قول شىلتىپ: «سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ئەمدى يارىشالمايسەن، چۈنكى بىز ئۆز ئارا ئۇرۇغۇن قان تۆكۈشتۇق، كادېت ھاكىمىيىتىگە كەلسەك، ئۇ ھازىر سىلىق كۆرۈنگەن بىلەن كېيىن تۆكۈگىنى قايرىپ، تېرەڭنى شىلىدۇ. ئۇ نىمە بولسا بولمامدۇ! ئۇرۇش قانداق ئاخىرلاشسا مەيلى!» — دەپ قوياتتى.

كودىنوف خەرىتىنى يايدى؛ ئۇ ھامان گىرىگورىينىڭ كۆزىگە قارىماستىن، مۇنداق دېدى:

— بىز بۇ يەردە سەنسىز كېچەش ئۆتكۈزۈپ، مۇنۇلارنى ھەل...

— كىم بىلەن كېچەش ئۆتكۈزدۈڭ، كېنەز بىلەنمۇ؟ — گىرىگورىي سۆزنى بۆلدى، قىشتا مۇشۇ ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن كېچەش بىلەن كاۋكازلىق پودپولكوۋنىك ئېسىگە چۈشۈپ.

كودىنوفنىڭ قاپىغى تۈرۈلۈپ، چىرايى تۇتۇلدى.

— ئۇ ھازىر تىرىكلەرنىڭ قاتارىدا يوق.

— نىمە دېدىڭ؟ — گىرىگورىي جانلىنىپ كەتتى.

— مەن ساڭا ئېيتمىدىممۇ؟ يولداش گېئورگىدزېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى.

— مانا گەپ، ئۇ سەن بىلەن بىزگە قانداق يولداش بولسۇن... ئۇنىڭ بىزگە يولداشلىقى ئۈستىدىكى كالتە جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلىغۇچە. ئەگەر بىز كادېتلار بىلەن بىرلەشكەن بولساق،

ئۇ تىزدىك قالغان بولسا — خۇددا بۇنداق بولۇشنى ھەرگىز ئېس-
-تىپ قىلمىسۇن — ئەتىسىلا بۇرۇتىغا پەدەز قىلىپ، گىدىيىپ
يۈرەتتى — دە. ساڭا قولىنى بەرمىگەن بولاتتى، ئۇنى مۇنۇ چىمە-
-چىلىقىغا، — گىرىگورىي قارايغان، كىر بارمىقىنى ئايرىپ كۆرسەت-
-كى — دە، چىشلىرىنى پاقىرىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى.

كودىنوفنىڭ قاپىقى تېخىمۇ بەتتەر تۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۆزلى-
-رىدە ۋە سۆز ئاھاڭىدا ئوچۇق نارازىلىق، ئەلەم ۋە يوشۇرۇن غە-
زەپ بار ئىدى.

— بۇ ھېچبىر كۈلىدىغان ئىش ئەمەس. سىراۋنىڭ ئۆلۈمى-
گە كۈلۈشنىڭ ھاجىتى يوق. سەن بىر ئەخمەق ۋانيۇشكىغا ئوخ-
شاپ قاپسەن. بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىسە، سەن: «خوپ بوپتۇ،
ئۆلسە - ئۆلسۇن!» دېگەندەك گۇلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ
كېتىۋاتىدۇ.

كودىنوفنىڭ سىلىشتۇرمىسى ئازراق رەنجىتكەن بولسىمۇ،
گىرىگورىي بۇنى بىلىندۇرمەي، كۈلۈپ تۇرۇپ، جاۋاپ بەردى:

— ئۇنداق ئادەملەرنى «خوپ بوپتۇ، ئۆلسە - ئۆل-
سۇن» دېسەڭ، توغرا قىلغان بولىسىز. مېنىڭ مۇنداق ئاق يۈز،
ئاق بىلەك ئادەملەرگە ئىچىم ئاغرىمايدۇ.

— مەيلى، قانداق بولسا - بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈ-
رۈۋېتىشتى...

— چەكدىمۇ؟

— نىمە دېيىش كېرەك ... بۇ تۇمانلىق بىر ۋەقە بولۇپ،
بۇنىڭ ھەقىقىتىگە تېز يېتەلمەيسەن، ئۇ مېنىڭ بۇيرۇغۇم بويىچە
ھەربى لاۋازىمات ئەترىتىدە قالغان ئىدى، ھەي، كازاكلار
بىلەن چىقىشالمىغان ئوخشايدۇ. دۇدارېۋكانىڭ نېرىسىدا جەڭ

www.uyghurkitap.com

باشلىنىپ قاپتۇ، بۇ چاغدا گېئورگىدزې يۈرگەن لاۋازىمات ئەترى-
دى ئوت ئېچىش لىنىيىسىدىن ئىككى چاقىرىم يەردە كېلىۋاتقان
ئىكەن. گېئورگىدزې بىرىچكا هارۋىنىڭ شوتىسى ئالدىدىكى ئوق
ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىكەن (كازاكلار ماڭا شۇنداق دەپ
سۆزلەپ بەردى)، بىر غايىپ ئوق قاڭقىپ كېلىپ، نەق چېكىسىگە
چوك قىلىپ تەككەن ئىمىش. ھەي، شۇنداق ئەمەسقۇ دەيمەن ...
لەنىتى كازاكلار ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن بولۇشى كېرەك...

— ئۆلتۈرۈپ ياخشى قىپتۇ!

— ھەي، بۇ گېپىڭنى قويغىنا! ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋې-
رىدىكەنسەن.

— ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن، چاخچاق قىلىپ ئېيتىپ
قويدۇم.

— بەزى ۋاقىتتا ئاغزىڭدىن ئەخمىقانە چاخچاقلارمۇ چىقىپ
كېتىدۇ ... سېنىڭچە، ئوفىتسېرلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەكمۇ؟ يەنىلا
«يوقالسۇن پاگونلار» دېمەكچىمۇسەن؟ ئەقلىڭنى تاپىدىغان ۋاقتىڭ
بولمىدىمۇ، گرىگورىي؟ ئاقساق، فانداق بولمىسۇن، بىر پۈتۈك-
دىن ئاقسا!

— گېپىڭنى ئەستەلەۋەرمەي، ھېكايەڭنىلا سۆزلىسەڭچۇ!

— سۆزلەپ بېرىدىغان گەپمۇ يوق! ئۇنى كازاكلار ئۆلتۈر-
گەن دەپ چۈشەندىم - دە، ئۆزەم بېرىپ كازاكلار بىلەن سەممىي
سۆزلەشتىم. ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: «كونا شوخلۇققا يەنە كىرىش-
تىڭلارمۇ، ئىتتىن تۆرەلگەنلەر؟ ئوفىتسېرلەرنى يەنە ئېتىشقا باشلى-
غىنىڭلار بەك بالدۇر ئەمەسمۇ؟ ئۆتكەن يىل كۈزدىمۇ ئۇلارنى ئات-
قان ئىدىڭلار، سىلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىش بىلەنلا ئوفىتسېرلەر
لازىم بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆزەڭلار تۆت پۈتلۈق بولۇپ ئۆمىلەپ

كىرىپ: «قوماندا بىرىشنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئال، رەھبەرلىك قىل!» — دىگەن ئىدىڭلارغۇ، ئەمدىلىكتە يەنىلا كونا قېلىپىڭلارغا چۈشتۈڭلار-مۇ؟» — دەپ ئۇيالدۇردۇم، تىللىدىم. ئۇلار: «نىزەمبىلا ئۇنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، خۇدا ساقلىسۇن!» — دەپ تېنىۋېلىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قارىسام، خۇدۇكسىرەپ تۇرۇشىدۇ! سەن ئۇ-لار بىلەن سۆزلىشىپ نىمە نەپ ئالالايسەن؟ — كودىنوف ئاچچىغى-غا پايلىماي، كەمىرىنى پوملاپ، قىزىرىپ كەتتى، — ئۇلار بىر بىلىملىك ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، ئەمدى مەن ئۇنىڭسىز بىر قولدىن ئايرىلغان چولاق بولۇپ قالدىم. ئەمدى كىم پىلان تۈزەپ بېرىدۇ؟ كىم مەسلىھەت بېرىدۇ؟ سەن بىلەن بىز پەقەت تاغدىن-باغ-دىنلا سۆزلىشىمىز، ئەمما ئىش ئىستىراتېگىيە-تاكتىكا مەسىلىسىگە تاقالغاندا، بىز ھېچنىمىگە يارىماي قالىمىز، پېترو بوگاتىرېۋغا مىنىڭ رەدىمەت، ئۇ بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلدى، ئۇنداق بولمىغاندا، بىر-ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋېلىشقا ھېچكىم يوق ئىدى ... ھەي، بوپ-تۇلا، قۇرۇپ كەتسۇن، بەس ئەمدى! گەپ مانا مۇنداق: ئەگەر دونېتسىنىڭ نېرىسىدىن بىز ئادەملەر فورونتنى يېرىپ ئۆتمەي-دىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالمايمىز. بۇرۇن ئېيتقىنىمىزدەك، پۈتۈن 30 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە بىلەن فورونتنى يېرىپ ئۆتۈش قارارىغا كەلدۇق، ئەگەر سىنى سۈرۈپ-توقاي قىلىدىغان بولسا، دوننىڭ ئۆزىگىچە چېكىن. ئۇست-خو-پېردىن تارتىپ كازانسكايا غىچە ئوڭ تەرەپنى ئۇلارغا بوشىتىپ بېرىمىز. ئۆزىمىز دون ياقىسىدا خەندەك قېزىپ، مۇدا-پىئە لىنىمىز.

توساتتىن ئىشىك قېقىلدى.

— كىر. قايسىڭ؟ — دەپ ۋاقىرىدى كودىنوف.

www.uyghurkitap.com

6 ـ بىرىگادىنىڭ كوماندىرى بوگاتىرېۋ گىرىگورىي كىردى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا پىشقان قىزىل يۈزى تەر بىلەن پاقىراپ تۇراتتى. رەڭگى ئۆڭگەن ئاق سېرىق قاشلىرى زەردە بىلەن يىمىرىلگەن، ئۇ، تەردىن ئۇستى ھۆل بولۇپ كەتكەن فۇراژكىسىنى بېشىدىن ئالماستىن، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى كودىنوف بوگاتىرېۋغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ.

— ئوق ـ دورا بەر.

— بېرىلگەن ئىدىغۇ، يەنە قانچىلىك لازىم؟ مېنىڭ بۇ يەردە ئوق ـ دورا زاۋۇدۇم بار؟

— قانچىلىك بېرىلدى؟ ئادەم بېشىغا بىر تالدىن ئوقمۇ؟ دۈشمەن ماڭا پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرسۇنۇ، مەن زە، مۈكچىيىپ، كامارغا تىقىلاي. مۇشۇمۇ ئۇرۇش بولدىمۇ؟ بۇ ئاددىسى... نالە ـ پىغان! بىلەمسەن!...

— توختاپ تۇر، بوگاتىرېۋ، بىز بۇ يەردە مۇھىم ئىش توغرىلىق سۆزلىشىۋاتاتتۇق، — شۇ پەيتتە بوگاتىرېۋنىڭ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوشۇپ قويدى، — توختا، كەتمەي تۇر، سەندىن يوشۇرىدىغان نەرسە يوق،... شۇنداق قىلىپ، گەپ مۇنداق، مېلېخوف، ئەگەر بىز بۇ تەرەپتە پۇت تىرەپ تۇرالمىساق، ئۇ چاغدا مۇھاسىرىنى يېرىپ ئۆتۈشكە ھەركەت قىلىمىز. ئارمىيىدە بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلايمىز، ئات ـ ھارۋىلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلايمىز، پىيادىلەرنى بىرىچكىلەرگە ئولتۇرغۇزىمىز، ئۈچ باتارىيىنى ئۆزىمىز بىللە ئېلىپ، دونېتسنىڭ نېرىسىغا يېرىپ ئۆتىمىز. بىز سېنى ھەممىنىڭ ئالدىدا باش بولۇپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلىمىز. ئېتىراز بىلدۈرمەيدىغانسەن؟

— ماڭا بەرى ئوخشاش. خوش، بالا - چاقىلىرىمىزنى قانداق قىلىمىز؟ قىزلىرىمىز، خوتۇنلىرىمىز، چاللىرىمىز تۈگىشىدىغۇ.

— بۇغۇ شۇنداق، ئەمما ھەممىمىز تۈگەشكەندىن كۆرە، يالغۇز شۇلارلا تۈگەشكەن ياخشى.

كودىنوف ئاغزىنىڭ بۇرجىكىنى شۇمشەيتىپ، ئۆزاققىچە ئۈنچىقمىدى، ئاندىن شىرەدىن بىر گېزىتنى ئالدى.

— ھە، يەنە بىر يېڭىلىق: باش قوماندان قوشۇنلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنمىش. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇ ھازىر مىللېرووۋودا، يا بولمىسا كانتېمىروفكىدا ئىكەن. قارىماسەن، بىزنىڭ مەسەلەرگىچە يېتىپ كېلىشىۋاتىدۇ!

— راستمۇ؟ — گىرىگورىي مېلېخوف شۈبھىلەندى.

— راست بولمايچۇ، راست! مە، مۇنۇنى ئوقۇپ كۆر. كازانسكايالىقلار ماڭا ئەۋەتىپتىكەن. تۈنۈگۈن ئەتىگەن بىزنىڭ چارلىغۇچىلار شۇمىلىنسكايانىڭ نېرىسىدا ئىككى ئاتلىق ئادەمگە ھۇجۇم قىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى قىزىللارنىڭ كۇرسانتلىرى ئىكەن، كازاكلار ئۇلارنى چېپىپ تاشلىغان. ئېيتىشلىرىچە، ياشقا چوڭراق بىرسىنىڭ — ئېھتىمال كومىسسار بولۇشى مۇمكىن — سومكىسىدىن مۇنۇ گېزىتنى تېپىۋاپتۇ، مۇشۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى چىققان «يول ئۈستىدە» ناملىق گېزىت ئىكەن. ئۇلار بىزنى كارامەت تەسۋىرلەپتۇ! — كودىنوف بىر بۇرجىكى يىرتىۋېلىنغان گېزىتنى مېلېخوفقا سۇندى.

گىرىگورىي ماقالىنىڭ قېرىنداش بىلەن سىزىلغان سەرلەۋھىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئارقا سەپتىكى قوزغىلاڭ

دون كازاكلىرى قىسىملىرىنىڭ قوزغىلىڭى سوزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا بىر نەچچە ھەپتىلەر بولۇپ قالدى. بۇ قوزغىلاڭ دېنىكىننىڭ گۇماشتىلىرى — ئەكسىلئىنقىلابچى ئوفىتسېرلار تەرىپىدىن قوزغىتىلغان بولۇپ، كازاك باي دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئارقا تىرەك تاپتى. مۇشتۇمزورلار بىر مۇنچىلىغان كازاك ئوتتۇرا دېھقانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈۋالغان. شۇنىسى بەك ئېھتىمالغا يېقىنكى، مەلۇم ھاللاردا كازاكلار سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئايرىم ۋەكىللىرىدىن ئادالەتسىزلىك كۆرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. دېنىكىن گۇماشتىلىرى ئىسيانىنىڭ يانغىنىنى يېقىپ ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئەھۋالدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشتى. ئاق گۋاردىيىچى ئەبلەخلەر كازاك ئوتتۇرا دېھقانلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئوڭايراق ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن رايوندا ئۆزلىرىنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ كۆرسەتمەكتە. شۇنداق قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرى، باي دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە كازاك ئاممىسىنىڭ نادانلىقى ۋاقىتىنچە بىللە قوشۇلۇپ، جەنۇبىي فرونتتىكى ئارمىيىلىرىمىزنىڭ ئارقا سېپىدە مەتىنسىز، جىددىي توپىلاڭنى مەيدانغا كەلتۈردى. جەڭچىلەرنىڭ ئارقا سېپىدىكى ئىسيان بىر خادىمنىڭ مۇرىسىگە چىققان چىپقان بىلەن ئوخشاش. ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت مەملىكىتىنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن، دېنىكىنچى پومېششىكلار شايكىسىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك، تىنچ، ئىناق ئىشچى - دېھقانلار ئارقا سېپىگە ئىگە بولۇش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دوننى توپىلاڭدىن ۋە توپىلاڭچىلاردىن تازىلاشتىن ئىبارەت.

مەركىزىي سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ۋەزىپىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئورۇنلاشقا بۇيرۇق قىلدى. مەنپۇر ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئېكسپېدىتسىيە قوشۇنلىرىغا ئەڭ ياخشى قوشۇمچە كۈچلەر ياردەمگە كەلدى ۋە كەلمەكتە. كېچىك-

تۇرۇپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلاش مەقسىدىدە بۇ يەرگە
ئەڭ ياخشى تەشكىلاتچى خادىملار ئەۋەتىلمەكتە.

توپىلاڭنى تۆكمىتىش كېرەك. بىزنىڭ قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىـ
رىمىز شۇنى ئوچۇق چۈشىنىۋېلىشى كېرەككى، ۋېشېنىسكايا، ياكى يېـ
لانىسكايا، ياكى بۇكانوۋسكايا كەنتلىرىنىڭ توپىلاڭچىلىرى ئاق گۋـ
ۋاردىيىچى گېنېراللارنىڭ ـــ دېنىكىن بىلەن كولچاكنىڭ بىۋاستە
ياردەمچىلىرىدۇر. قوزغىلاڭ قانچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلسا، ئىككى تەرەپـ
تىن بولىدىغان چىقىم شۇنچە كۆپ بولىدۇ. قان تۆكۈلۈشنى پەقەت بىر
يول بىلەن ئازايتىش مۇمكىن: تېز، شىددەتلىك، فاخشاتقۇچ زەربە
بېرىش كېرەك.

قوزغىلاڭغا خاتىمە بېرىش كېرەك. مۇرىدىكى يىرىڭلىغان جاـ
راھەتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قىزىتىلغان تۆمۈرنى يېقىش لازىم شۇ
چاغدىلا دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن جەنۇبىي فۇرونتـ
نىڭ قولى بوشايدۇ.

گىرىگورىي ماقالىنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىپ، غەمكىن
كۈلۈمسىرەپ قويدى. ماقالا ئۇنى ئەزەپ، ئەپسۇس ـ نادامەتكە
پاتۇردى. «غەلەم بىلەن تەسۋىرلەپ كېلىپ، بىزنى بىر يولى دېـ
ڭىزنىڭگە قوشۇپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى قاتارىغا كىر گۈزۈپـ
تۇ » ـــ دىدى ئىچىدە.

ـــ قانداق، قالتىس يېزىلىپتىمۇ؟ بىزگە قىزىغان تۆمۈرنى
ياقماقچى بولۇۋاتسا كېرەك. خوپ، كىم ـ كىمگە داغمال ياقىدىغانـ
لىقىنى كۆرەرمىز، تېخى! راستمۇ، مېلېخوف؟ ـــ كودىنوف بىردەم
جاۋاپ كۈتكەندىن كېيىن بوگاتىرېۋغا قارىدى، ـــ ئوق ـ دورا
كېرەكمۇ؟ بېرىمىز! ھەر بىر ئاتلىق ئەسكەرگە 30 دانىدىن ھېساپـ
لاپ، پۈتۈن بىرىگادىغا شۇ بويىچە بېرەيلى. يېتەمدۇ؟...ئىسكىلا نقا
بېرىپ، تاپشۇرۇۋال. تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىغى ساڭا قەغەز

www.uyghurkitap.com

كىسىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئېيشىغا كىر. سەن بوگاتىرېۋ ئۆيىدە قىلىچقا، ھىلىگەرلىك ئىشلىتىشكە كۆپرەك تايان، ئىشنىڭ ياخشىراغى شۇ!

— قوتۇر قوينىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىڭ يۇلغان! — بوگاتىرېۋ خۇرسەن بولۇپ ئاغزى قۇلىغىغا يەتتى - دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

كەلگۈسىدىكى دونغا چېكىنىش توغرىلىق كودىنوف بىلەن پۈتۈشۈۋالغاندىن كېيىن گىرىگورىي مېلېخوفمۇ كەتتى. كېتىش ئالدىدا:

— مۇبادا پۈتۈن دىۋىزىيىنى بازكىغا ئېلىپ كەلسەم، دەريادىن نىمە بىلەن ئۆتكۈزىمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! پۈتۈن ئاتلىقلار دوندىن ئۈزۈپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەرنى قېيىق بىلەن ئۆتكۈزگەننى نەدە كۆردۈڭ؟

— مەندە دون ياقىسىدىن بولغان ئادەملەر ئاز، بۇنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ قوي. چىردىن كەلگەن كازاكلار — سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى ئەمەس. ئۆمۈر بويى دالىدا ھايات كەچۈرگەنلەر، ئۇلار سۇ ئۈزۈشنى نەدىن بىلسۇن. ئۇلار كۆپىنچە پالتىسى بىلەن تىرىك چىلىك قىلىدىغانلارغۇ.

— ئۇلار ئات ئۈستىدە ئۈزۈپ ئۆتۈۋېرىدۇ. مانېۋىرلاردا ئۈزگەن، گېرمانىيە سوقۇشىدىمۇ ئۈزگەن.

— مەن پىيادىلەر توغرىلىق گەپ قىلىۋاتىمەن.

— سال بار. قېيىقلارنى تەييارلايمىز، خاتىرجەم بول.

— ئاھالىمۇ كېتىدۇ.

— بىلىمەن.

— سەن ھەممىلەننىڭ ئۈتۈشىگە كاپالەتلىك قىل، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن جېنىڭنى ئالىمەن! ئەگەر خەلق قېپقالسىدىغان بولسا، بۇ ئويۇن - چاخچاق ئەمەس.

— ۋاي - ۋۇي، بۇنىڭ چارىسىنى قىلىمەن، چارىسىنى قىلىمەن!

— زەمبىرەكلەرنى قانداق قىلىمىز؟

— مورتىركىلەرنى* پاچاقلاپ تاشلا، ئۈچ دىۋىزىيالىق توپلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەل. چوڭ قېيىقلارنى بىر - بىرىگە چاتىمىز - دە، پاتارېيىلەرنى شۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۋالىمىز.

گىرىگورىي بابا ئوقۇغان ماقالىنىڭ تەسىرى بىلەن شىتاپتىن قايتىپ چىقتى.

«بىزنى دېڭىزنىڭ ياردەمچىلىرى دەپ ئاتايدۇ... بىز زادى كىم؟ بىز راستىنلا ياردەمچىلەر ئىكەنمىز، ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ، بۇنىڭغا خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەق سۆز كۆزگە سانچىلىدۇ...» مەرھۇم ياكوف «تاقا»نىڭ بىر سۆزى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى. بىر كۈنى كارگىنىسكايادا، گىرىگورىي ياتىقىغا بەك كەچ قايتقان ئىدى، يول ئۈستىدە، مەيداندىكى ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە ئورۇنلاشقان زەمبىرەكچىلەرنىڭ قېشىغا كىردى؛ دەھلىزدە ئاسېغىنى سۈپۈرگىگە ئېرتىپ تۇرۇپ، ياكوف «تاقا» نىڭ سىرسىلى بىلەن سۆز قىلىشىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى: «نېزلونەپ چىڭتۆق دىدىڭمۇ؟ ھېچكىمنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارام بولمىدۇق؟ ھۇ! سېنىڭ بېشىڭ باش ئەمەس، نەق قاپاقنىڭ ئۆزى ئىكەن! بىلىشنى خالىساڭ، بىز ھازىر ماكانسىز ئىتقا ئوخشايمىز: سېنى ئىت ئىگىسىگە ياقمايدۇ ياكى يامان بىر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۆيدىن

* مورتىرا — كالتا ئېغىز توپ — ت.

كېتىدۇ، ئەمما نەگە بارىدۇ؟ ئۆزلىرىگە قوشۇلالمايدۇ — ئۆلگۈدەك قورقىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىر تۇتقۇچلار بەسلىدىن ئىتكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئىگىسىنىڭ قېشىغىمۇ قايتىپ كېلەلمەيدۇ — كەلسە، ئۆتكۈزگەن ئىشى ئۈچۈن تاياق يەيدۇ. بىزمۇ خۇددى شۇنداق. سەن مېنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە تۇت: بىز قۇيرۇقىمىزنى قىسىپ، ئۇنى باغرىمىزغا قامچىدەك سوزۇپ، كادېتلارنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ بارىمىز. «بىزنى قوبۇل قىلىپ ئېلىڭلار، قېرىنداشلار، رەھىم - شەپقەت قىلىڭلار!» — دەيمىز. ئىش نەق مانا شۇنداق بولىدۇ!»

گىرىگورىي كىلىموفكا يوسۇغىسىدا ماتروسلارنى چېپىپ تاشلىغان ھېلىقى جەڭدىن كېيىن ھەممە ۋاقىت ۋۇجۇدىنى سوغاق، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر بىپەرۋالىق قاپلىۋالغان ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ھەمىشەم مەيۇسلۇك بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ياكۈلمەي، ياخوشال بولماي كۈن ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى مەرھۇم ئىۋان ئالېكسىيېۋىچقا توساتتىن ئىچى ئاغرىپ، ئولتۇرالماي كەتتى، كېيىن بۇمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرلا نەرسە قېپقالدى (ھېچ بولمىغاندا ئۆزىگە شۇنداق تۇيۇلغانىدى)، ئۇ بولسىمۇ ئاكسىنيەگە يېڭىدىن پەيدا بولغان، ھېچقانداق كۈچ بىلەن توسۇۋالالمايدىغان ئېھتىراسلىق ئىشق ئىدى. پەقەت ئاشۇ ئاكسىنيەلا ئۇنى خۇددى كۈزنىڭ بەدەننى تىترىتىدىغان بىر قاراڭغۇ كېچىسى دالىدا يىراقتىن ئۇچقۇنداپ تۇرغان گۈلخان يولۇچىنى ئۆزىگە چاقىرغاندەك، ئۇنى ئۆزىگە ئىملەپ قىچقىراتتى.

مانا ھازىرمۇ شىتاپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇ ئاكسىنيەنى ئېسىگە ئېلىپ، ئويغا چۆمدى: «بىز فىرونتنى يېرىپ ئۆتۈش ئۈچۈن يولغا چىقسىمىز، ئەمدى ئاكسىنيەنى قانداق قىلىش كېرەك؟ — شۇندىن كېيىن ئىككىلەنمەستىن ۋە ئۇزاق ئويلاپ تۇرماستىن مۇ-

جاق قارارغا كەلدى؛ ناتالىيە باللىرى بىلەن، ئانام بىلەن قېپقالىدۇ، ئاكسىيوتكىنى ئېلىپ كېتىمەن. مېنىشكە ئات بېرىمەن، مېنىڭ شىتاۋىم بىلەن بىللە ماڭسۇن».

گىرىگورىي دوندىن ئۆتۈپ بازكىغا كەلدى - دە، ياتىقىغا كىرىپ، قويۇن دەپتىرىدىن بىر ۋاراق يىرتىۋېلىپ، مۇنۇ خەتنى يازدى:

«كىسىيوشا! بىز دوننىڭ سول تەرىپىگە چېكىنىدىغان ئوخشايمىز، شۇڭا سەن بار مال - مۈلكۈڭنى تاشلاپ، ۋېشكىغا كەل. مېنى شۇ يەردىن ئىزلەپ تاپ، مېنىڭ قېشىمدا بولىسەن».

خەتنى سۇيۇق ئالۇچا يېلىمى بىلەن چاپلاپ، پىروخور زىكوفقا بەردى - دە، قىزىرىپ قاپىقىنى تۈردى، ئۆزىنىڭ پىروخوردىن خىجىل بولغانلىقىنى ياسىما جىددىيلىك بىلەن يوشۇرۇپ، دېدى:

— سەن تاتارىسكىغا بارىسەن، مۇنۇ خەتنى ئاكسىنىيە ئاستاخوۋاغا بېرىسەن. مانا مۇنداق بەرگىنكى... مەسىلەن، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدىن، مېنىڭ ئائىلەمدىن بىرەر كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن. ئەڭ ياخشىسى، كېچىدە ئاپىرىپ، ئۆز قولىغا بەر. جاۋابىنىڭ لازىمى يوق. يەنە بىر ئىش: مەن ساڭا كېيىن ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىش بېرىمەن. خوپ، بارغىن!

پىروخور ئېتىنىڭ قېشىغا مېڭىۋىدى، ئەمما گىرىگورىينىڭ ئېسىگە بىر نەرسە چۈشۈپ، ئۇنى يولدىن قايتۇردى:

— بىزنىڭكىگە كىرىپ، ئانامغا ياكى ناتالىيەگە ئېيتىپ قوي، ئۇلار كىيىم - كېچەك ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويسۇن، ئاشلىقنى بىر يەرگە كۆمسۇن، چارۋىلارنى ھەيدەپ، دوندىن سۇ ئۈزگۈزۈپ ئۆتكۈزسۇن.

www.uyghurkitap.com

## 59

22 - ماي كۈنى پۈتۈن ئوڭ قىرغاق بويىچە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ چېكىنىشى باشلاندى. قىسىملار ھەر بىر مەنزىل، ھەر بىر بېرا چېگرىسىدا ھايال بولۇپ، جەڭ بىلەن چېكىنىدى. دالا بويىدىكى يېزىلارنىڭ ئائىلىسى ساراسىمە ئىچىدە بەس - بەس بىلەن دونغا قاراپ ئاققىلى تۇردى. قېرىلار ۋە خوتۇنلار ئۆز ئىگىلىگىدىكى بار ئات - ئۇلاقلىرىنى ھارۋىغا قوشۇپ، ساندۇقلىرى بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى، ئاشلىقلىرىنى، ئۇششاق باللىرىنى ھارۋىغا باستى. يىلقا ئۆيۈرلىرىدىن، پادىلىرىدىن ئىنەك ۋە قويلارنى ئايرىۋېلىپ، يول بويلاپ ھەيدەپ باراتتى. زور كۆلەمدىكى كار- ۋان ھارۋىلار ئەسكەرلەردىن ئۆزۈپ، دون ياقىسىدىكى يېزىلارغا قاراپ ئاقاتتى.

پىيادە ئەسكەرلەر، قوماندانلىق شتاۋىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، بىر كۈن بۇرۇن چېكىنىشكە باشلىغان ئىدى. تاتارىسكى يېزىسىنىڭ كازاك پىيادىلىرى ۋە ۋېشېنىسكايانىڭ چەت يۇرتلۇقلار ئەترىدى 21 - مايدا ئۈست - خوپېرىسكايا كەنتىنىڭ چىبوتارېۋ يېزىسىدىن چىقىپ، 40 چاقىرىمدىن ئوشۇق يول ماڭغاندىن كېيىن قونۇش ئۈچۈن ۋېشېنىسكايا كەنتىنىڭ بىلىقچى يېزىسىغا ئورۇنلاشتى.

22 - كۈنى تاڭ ۋاقتىدىن باشلاپ ئاسماننى ئاپپاق تۇمان قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ بىپايان بوشلۇقىدا بىرەر پارچە قارا بۇلۇت

يوق ئىدى، پەقەت جەنۇپتا، دون بويىدىكى ئىگىز داۋاننىڭ ئۈستىدە، كۈن چىقىش ئالدىدا كىچىككىنە كۆزنى چاقايتىدىغان هالرەڭ بۇلۇت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ شەرققە قارىغان تەرىپى قىپ-قىزىل نۇرلىنىپ گويا قاناپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كۈن سول قىرغاقنىڭ شەبنەمدىن كېيىنكى سالقىنلاشقان قىزىم دۆۋىلىرىنىڭ كەينىدىن كۆتىرىلىپ چىقتى-دە، بايىقى كىچىككىنە بۇلۇت كۆزدىن غايىپ بولدى. ئوتلاقتا قىزىل پاقالچاق قۇشلار جار-جار ۋاقىرشاتتى، ئىنچىكە قاناتلىق بېلىقاغۇچلار هاۋارەڭ قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ، دوننىڭ بېيىلىپ ئاققان يېرىگە شۇڭغۇپ چۈشۈپ، يىرتقۇچ تۇمشۇقلىرى بىلەن كۈمۈشتەك پاقىراپ تۇرغان ئۇششاق بېلىقلارنى چىشلەپ، تېز هاۋاغا كۆتىرىلەتتى.

چۈشكە يېقىن ماي ئېيىدا بولۇپ باقمىغان قاتتىق ئىسسىق بولدى، هاۋا يامغۇر يېغىش ئالدىدىكىدەكلا دىمىق بولۇپ كەتتى. قاچقۇنلار كارۋانلىرى تاڭ يورۇماستىنلا شەرقتىن دوننىڭ ئوڭ تەرىپى بويلاپ ۋېشېنسكايا ئېدىرلىرىغا قاراپ سوزۇلۇپ ماڭغان ئىدى. كېتىمان يولىدا بىرىچكىلارنىڭ چاقلىرى بىسلماستىن تاراقشىيتتى. ئاتنىڭ كىشنەشلىرى، ئۆكۈزنىڭ مۆرەشلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى تاغنىڭ ئۈستىدىن دەريا بويىدىكى تاشقىن باسقان يەرگىچە يېتىپ كېلەتتى.

ۋېشېنسكايانىڭ 200 كىشىلىك چەت يۇرتلۇقلار ئەترىدى تېخىچە بېلىقچى يېزىسىدا تۇراتتى. ئەتىگەن سائەت ئوندا ۋېشېنسكايادىن بۇيرۇق كەلدى. بۇنىڭدا: ئەترەت چوڭ گروموك يېزىسىغا يۆتكەلسۇن، كېتىمان يولىغا ۋە باشقا كوچىلارغا قاراۋۇل قويۇلسۇن، ۋېشېنسكاياغا كېتىۋاتقان ئەسكەر يېشىدىكى كازاكلارنىڭ هەممىسى توختىتىلسۇن، دېيىلگەن ئىكەن.

ۋېشېنسكاياغا قاراپ دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان قاچقۇنلار، ئات - ئۇلاق، هارۋىلىرى گروموكقا تاقىلىپ كېلىپ قالدى. چاڭ - توزاڭ باسقان، ئىسسىقتىن قارىيىپ كەتكەن خوتۇنلار چارۋىلىرىنى هەيدەپ ماڭغان، ئاتلىقلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىقىلىشىپ كېلىۋاتاتتى. چاقلارنىڭ غىچىرلىشى، ئات ۋە قويلارنىڭ پىشقىرىشى، ئىنەكلەرنىڭ مۆرىشى، باللارنىڭ يىغىسى، كېزىك كېسىلى بولغان ئادەملەرنىڭ (بۇلارنىمۇ چېكىنىشكە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىۋېلىشقان ئىدى) ۋايجان - ۋايەيلىرى گىلاسلىق باغلارنىڭ قوينىغا پۈركىنىپ ياتقان يېزىنىڭ بۇزۇلماس تېچ سۈكۈناتىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. بۇ خىلمۇ خىل ۋە بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن شاۋقۇن - سۈرەن شۇنچىلىك ئادەتتىن تاشقىرى بىر ۋەقە بولدىكى، يېزىنىڭ ئىتلىرى پۈتۈنلەي خىرىلداپ قالدى ۋە ئەمدىلىكتە، دەسلەپكىدەك، پىيادە ماڭغۇچىلارنى كۆرسىلا ئېتىلمايدىغان بولدى، بۇرۇنقىدەك، زېرىكىشتىن هارۋىلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، تار كوچا بويلاپ، ساق بىر چاقىرىم يەرگىچە قاۋاپ، ئۈزىتىپ قويمايدىغان بولدى.

پىروخور زىكوف ئۆيىدە ئىككى كۈن مېهمان بولدى، گىرىگورىينىڭ خېتىنى ئاكسىنىيە ئاستاخوۋغا تاپشۇردى ۋە گىرىگورىينىڭ ئېغىزچە تاپشۇرۇغىنى ئىلىنىچنا بىلەن ناتالىيەگە يەتكۈزۈپ، 22 - چىسلا ۋېشېنسكاياغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ ئۆز بۆلۈمىنى بازكىدا تاپىمەن دەپ چامىلىغان ئىدى، ئەمما توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى دون بويىچە غۇۋا يېتىپ كېلىپ، چىر دەرياسى بويىنىڭ قەيەردىدۇر بىز يېرىدە ياڭرىغاندەك بولدى. پىروخورنىڭ نىمىشقىدۇ جەڭ پارتلىغان يەرگە بېرىشقا كۆڭلى تارتمىدى، شۇڭا ئۇ بازكىغا يېت-

چېنىپ بىرنۇۋىلىپ، شۇ يەردە تاكى گىرىگورىي ئۆزىنىڭ 1 - دىۋىزىيىسى بىلەن دونغا كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

پىروخور گىروموكىنىڭ نەق ئۆزىگە كەلگۈچە يول بويى قاچاقلارنىڭ ھارۋىلىرى ئۇنىڭدىن ئۆزۈپ ئالغا ئۆتۈپ كېتىۋەردى. ئۇ ئالدىرىماي، ھەممە ۋاقىت ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئالدىراشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ رۇبېژنىن يېزىسىدىن تارتىپ يېقىندا قۇرۇلغان ئۈست - خوپېر پولكىنىڭ شتاۋىغا قوشۇۋالدى.

شتاپ رېسسورلۇق سىلىق تۆت چاقلىق ھارۋىدا ۋە ئىككى بىرىچكىدا ماڭغان ئىدى. شتاپ خادىملىرىنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئالتە ئىگەرلەنگەن ئات باغلاپ قويۇلغان. بىرىچكىنىڭ بىرسىگە قانداقتۇ قەغەزلەر ۋە تېلېفون ئاپاراتلىرى بېسىلغان، تۆت چاقلىق تارانتاسلاردا بولسا ياشىنىپ قالغان يارىدار بىر كازاك ۋە يەنە بىر قاتتىق جۆدەپ كەتكەن، ئۇرۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگىدىن بېشىنى كۆتىرەلمەي قالغان قۇشبۇرۇن، سۇركاراكول پاپاخنى چۈ- كۈرۈپ كىيىۋالغان بىر ئوفىتسېر بار ئىدى. ئۇ ئېھتىمال، يېقىندىلا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولسا كېرەك. شىنېلىنى ئىگىنىگە يېپىنىۋاپتۇ؛ ئاقىرىپ كەتكەن دۆڭ پېشانىسىگە، قارا تەر باسقان يۇقا كىمىر چەكلىك بۇرنىغا توزان قونغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەمىشە ئايغىمغا ئىسسىقراق بىر نەرسە يېپىپ قويۇڭلار، دەپ ماخشاپ ياتاتتى، پېشانىسىدىكى تەرنى قاتمال، ئىنچىكە تومۇر باسقان قولى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، ھە دەپ كايىيتتى.

— ئەبلەخلەر! قاغىش تەككۈرلەر! ئايغىمنىڭ ئاستىدىن شامال ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ پولىكارۇ ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئايغىمنى تېزە يايقۇچ بىلەن ئوراڭلار! ساقىيىۋالسام بولاتتى...

ئەمدى مانا...، — شۇنىڭ بىلەن ئادەتتە ھەممە ئېغىر كېسەلگە يولۇققان ئادەملەرگە ئوخشاش ئالىچەكمەن نەزەر بىلەن ئەتراپىغا قارايتتى.

بايىقى پولىكارپ دېگەن ئادەم ئېگىز بويى، ئۆزى ياش، ئەمما كونا ئىپتىقاتچى ئادەم ئىكەن — ئۇ ئىپتىنى توختاتماستىنلا ئىگەردىن پەسكە چۈشتى - دە، ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۇنداق قىلسىڭىز شامالداپ قالىسىز، ساموئىلو ئىۋانوۋىچ! — دېدى ئۇ.

— بىر نەرسە ياپ، دەۋاتىمەن ساڭا!

پولىكارپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن بۇيرۇقنى ئورۇنلاپ، نېرىراق ماڭدى.

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى پىروخور ئۇنىڭدىن ھارۋىدىكى بىمارنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ئۇست - مېدۋېدىتسالىق ئوفىتسېر. بۇ ئادەملەر بىزنىڭ شتابتا تۇرغان.

تېركوفنىي، بوبروۋسكىي، كرۇتوۋسكىي، زىموۋنىي ۋە باشقا يېزىلاردىن يىغىلغان ئۇست - خوپېرسكى قاچاقلىرىمۇ شتاپ بىلەن بىللە ماڭغان ئىدى.

— خوش، سىلەرنى قانداق جىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى پىروخور كالا ھارۋىسىغا لىق نەرسە - كېرەك بېسىپ، ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغان بىر قاچقۇن چالدىن.

— ۋېشكىغا بارغۇمىز كېلىپ قالدى.

— سىلەرگە ئادەم ئەۋەتكەنمۇ، ۋېشكىغا بارسۇن دەپ؟

— ئەۋەتىشنىمۇ ئەۋەتىپتى، ئەزىزىم، ئەمما ئۆلۈمنى كىم ياخشى كۆرىدۇ؟ كۆز ئالدىڭدا ۋەھىمە تۇرسا، تۆت پۇتلاپ قاچارسەن.

— مېنىڭ سوراۋاتقىنىم: نېمىشقا ۋېشكىغا يېزىپ كېتىۋاتىسىلەر؟ ئۇ تەرەپكە يېلانىسكايا بىلەن ئۆتسەڭلار، ئۇزاق ئەمەستىغۇ، دېمەكچىمەن.

— نېمىگە چۈشۈپ ئۆتىمىز؟ ئۇ يەردە سال يوق، دېيىشىدىغۇ خەلق؟

— ۋېشكىدا نېمە بىلەن ئۆتمەكچىسىلەر؟ سالنى سېنىڭ لاقا - لۇقالىرىڭنى ئۆتكۈزۈشكە بېرەمدۇ؟ ھەربىي قىسىملارنى قىرغاقتا تاشلاپ قويۇۋاتسا، سىلەرنى ھارۋاڭلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلامدۇ؟ ھەي، چوڭ دادا، ئەخمەق ئادەم ئىكەنسىلەر، سەن خەلق! كېتىۋاتىسىلەر، نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىپ بولمايدۇ. خوش، مۇنۇ ھارۋىدا باسقانلىرىڭ نېمە نەرسە؟ — پىروخور ھارۋا بىلەن تەڭلىشىپ كېلىپ، قامچىسى بىلەن تۈگۈنلەرنى كۆرسىتىپ ئەلەم بىلەن سورىدى.

— بۇلارنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى يوق دەيسەن! كىيىم - كېچەك، خامىت. ئۇ ۋە باشقا ئېگىلىكتە لازىم بولىدىغان نەرسەلەرنىڭ ھەممىسى بار... بۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە بولماس ئىدى. بەلكىم بوش بىر ئۆيگە بېرىپ قالارمەن. مانا بىر جۈپ ئات بىلەن ئۈچ ئۆكۈزنى قوشتۇم، مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى باستىم، خوتۇنلارنى ئولتۇرغۇزدۇم ۋە كەتتىم. ھەي دوستۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مېھنىتىم بىلەن تاپقان نەرسەلەر، كۆز يېشىم بىلەن، ماڭلاي تەرىم بىلەن يىغقان مال - دۇنيا، بۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە كۆز قىيامدۇ؟ مۇمكىن بولغاندا، ئۆينىڭ ئۆزىنىمۇ، ۋاپا تەككۈر قىزىللارغا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئېلىپ كەتكەن بولاتتىم!

— خوش، مەسىلەن، مۇنۇ سىم غەلۋىرنى نەگىمۇ سۆرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاپىرارسەن، ئۆزەڭ بىلەن؟ ياكى مېنىڭ تورۇندۇقلارنى ئېلىپ كېتىشىڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئۇلارنى قىزىللار ھېچنېمە كېرەك قىلمايدىغۇ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولماس ئىدى! تازا قىزىق، ئادەم ئىككەنسەن... قالدۇرۇپ قويساڭ، ئۇلار يا سۇندۇرۇۋېتىدۇ ياكى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ياق ئۇلار قولۇمدىن بايلىقىمنى تارتىۋالمىسۇن، كۆيدۈرگە چىققۇرلار! ھەممىسىنى پاك ـ پاكىز ئېلىپ ماڭدىم!

چال، خوشياقمىغاندەك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان سېمىز ئاتلارغا قامچىسىنى شىلتىپ قويۇپ، ئارقىسىغا قايرىلدى ـ دە، ئارقىدىكى 3 ـ كالا ھارۋىسىنى قامچا دەستىسى بىلەن كۆرسىتىپ، دېدى:

— ئەنە ئاۋۇ كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ياغلىقلىق قىز مېنىڭ قىزىم. ئۇنىڭ ھارۋىسىدا بىر ئانا چوشقا بىلەن ئۇنىڭ كۈچۈكلىرى بار. چوشقا بوغاز ئىدى. بىز ئۇنى ھارۋىغا باسقاندا، قوسىقىنى مىجىۋەتكەن ئوخشايمىز. ئۇ كېچىسى ھارۋىنىڭ ئۈستىدىلا كۈچۈكلەپ قويدى. كۈچۈكلىرىنىڭ چىيقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ياق، قىزىللار مەندىن ھېچنېمە ئۇندۇرەلمەيدۇ، نەپسى يامانلار!

— سەن سالنىڭ يېنىدا ھەرگىز كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، بوۋاي، — دېدى پىروخور، چالنىڭ تەرىنگەن ياپياق يۈزىگە ئاچچىقى بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — ھەرگىز كۆرۈنگۈچى بولما، ئۇنداق بولمىغاندا چوشقا ـ پوشقا، كۈچۈكلىرىڭنى ۋە بارلىق مال ـ مۈلكىڭنى دونغا ئىرغىتىپ تاشلايمەن!

— نېمە سەۋەپتىن؟ — چال قاتتىق ئەجەپلەندى.

— شۇ سەۋەپتىنكى، ئادەملەر ئۆلۈۋاتسا، بارلىق نەرسىلەردىن ئايرىلىۋاتسا، سەنزە، قىرى شەيتان، ئۆمۈچۈكتەك ھەممە نەرسەڭنى ئۆزەڭ بىلەن سۆرەپ كېلەمسەن! — ئادەتتە يۇۋاش - يۇمشاق پىروخور ۋاقىراپ كەتتى، — مەن، مۇنداق پوق يىگەنلەرنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىمەن، بۇ ماڭا ئۆتكۈر خەنجەر ئۇرغان بىلەن باراۋەر!

— بار - بار! يولۇڭغا مېڭىۋەر! — چال ئاچچىقلىنىپ، پىشىلداپ، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، — مانا باشلىق تېپىلىپ قالدى، بىراۋنىڭ مال - مۈلكىنى دونغا ئىرغىتىپ تاشلىماقچى... مەن ئۇنى ياخشى ئادەمدۇ، دەپ ئويلاپ پاراڭ ساپتىمەن ... مېنىڭ بالامۇ ۋاخمىستىر، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ بۆلۈنمىسى بىلەن قىزىللارنىڭ يولىنى توسىماقتا ... ماڭ، يولۇڭغا مەرھەمەت قىل! بىراۋنىڭ مال - مۈلكىگە كۆزۈڭ قىزارمىسۇن! ئۆزەڭنىڭ يىققان مال - دۇنيارىڭ كۆپرەك بولسىغۇ، مۇنچىلىك كۆزۈڭنى پاقىراتماس ئىدىڭ!

پىروخور ئېتىنى سوكۇلدىتىپ يۈرۈپ كەتتى، ئارقىسىدا بىر چوشقا كۈچۈكى چىر - چىر چىيقىراپ كەتتى، ئانىسى ئەنسىرەپ نالە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىيقىرىشى قۇلاقنى بىگىزدەك سانچىلاتتى.

— بۇ نىمە بالا - قازا؟ نەدىن كېلىپ قالغان چوشقا بالىسى بۇ؟ پولىكارۋ! ...، — ھارۋىدا ياتقان ئوفىتسېر قاتتىق ئازاپتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى - دە، ۋاقىراپ كەتتى.

— بىر چوشقا كۈچۈكى ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشكەن ئىكەن، پۇتىنى چاق بېسىۋاپتۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى يانداپ ماڭغان پولىكارۋ.

— ئۇنىڭغا ئېيت، بېرىپ، چوشقىنىڭ ئىگىسىگە ئېيتىپ قوي، ئۇنى بوغۇزلىۋەتسۇن. بۇ يەردە ئاغرىق بار، دېگىن... شۇنداق فىنىشلىۋاتسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بۇ چىيقىراقنى. تېز بول! چاپتۇر ئېتىكنى!

رىسسورلۇق ھارۋىغا باراۋەرلىشىپ قالغان پروخور، ھېلىقى قوش بۇرۇن ئوفىتسېرنىڭ چوشقا كۈچۈكىنىڭ چىيقىرىشىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆل رەڭ كاراكول پاپاخى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋېلىشقا بىھۇدە ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ... ئاڭغىچە پولىكارۇ چىپىپ كەلدى.

— بوغۇزلاشقا ئۇنىمايۋاتىدۇ، ساموپلو ئىۋانىچ. ئايىغى سانىيىپ قالىدۇ، ساقايمىسا ئاخشاملىققا بوغۇزلايمىز، دەۋاتىدۇ ئۇ.

ئوفىتسېرنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئايىغىنى ساڭگىلىتىپ، ھارۋىدا ئولتۇردى.

— مىنىڭ براۋنىڭىم* قېنى؟ ئاتلارنى توختات! چوشقا كۈچۈكىنىڭ ئىگىسى نەدە؟ مەن ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمەن... قېنى قايسى ھارۋىدا؟

ئاخىرى ھېلىقى مالدار چالىنى چوشقا كۈچۈكىنى سويۇشقا مەجبۇر قىلىشتى.

پىروخور كۆلۈپ، ئېتىنى سوكۇلداتقان پېتى ئۈست - خوپېرسكايا ھارۋىلىرىنىڭ دولقۇنىدىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالدىدا، بىر چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، يول بويى يېڭى - يېڭى ھارۋىلار ۋە ئاتلىقلار كېتىپ بېرىشاتتى. ھارۋىلارنىڭ سانى 200 دىن كەم ئەمەس، بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ ماڭغان ئاتلىقلارمۇ 40 چە بار.

* براۋنىڭ — ئاپتومات تاپانچا.

«سالنىڭ قىشىدا قىيامەت قايىم بولىدىغان ئوخشايدۇ!» — دەپ ئويلىدى پىروخور.

ئۇ ھارۋىلارنى قوغلاپ يەتتى. ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان كارۋاننىڭ باش تەرىپىدىن چىرايلىق قارا تورۇق ئات مىنگەن بىر خوتۇن ئۇنىڭغا قاراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پىروخورنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە تىزگىننى تارتتى. ئاستىدىكى ئاتقا قىممەت باھا ئېگەر توقۇلغان، كۆك رەڭ بېغى بىلەن يۈگەننىڭ كۈمۈش بېزەكلىرى ۋال - ۋال پارقىراپ تۇراتتى، ھەتتا ئېگەرنىڭ ئىككى قانتىمۇ قىلچە سۈركەلمىگەن، تۆش تاسمىلىرى بىلەن تەڭلىكى يالتىراق چەمدىن قىلىنغان. ئايال ئېگەر ئۈستىدە ماھىرلىق بىلەن چەبدەس ئولتۇراتتى، تەرتىپلىك تارتىلغان تىزگىننى كۈچلۈك قارامتۇل قولى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى، ئەمما ئېگىز ھەربى ئات ئۆز ئۈستىدىكى ئايال خوجايىنىنى پىسەنت قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى: ئۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆز ساقىسىنى مۆلدۈرلىتىپ، بوينىنى ئېگەتتى - دە، ساپ - سېرىق چىشلىرىنى ھىجايتىپ، ئايالنىڭ يوپكىسى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان يۇپ-يۇمۇلاق تىزىدىن كاپ قىلىپ چىشلىمەكچى بولاتتى.

ئايال يېڭىلا سىنىكى بىلەن يۆيۈلغان ھاۋا رەڭ رومىلىنى كۆزىگىچە ئورىۋالغان. ئۇ رومالنىڭ بىر چېتىنى لەۋلىرىدىن سەل قايرىپ سورىدى:

— تاغا، سەن ياردارلارنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ھارۋىلاردىن ئۆزۈپ ئۆتتۈڭمۇ؟

— تۇرغۇن ھارۋىلاردىن ئۆزۈپ ئۆتتۈم، قانداق؟

— مۇنۇ يالاكەتنى قاراڭ، — دېدى ئايال ئاۋازىنى سوزۇپ، — مەن ئېرىمنى تاپالمايۋاتىمەن. ئۇ كىشى ئۈست - خوپېردىن

دالا شىپاخانىسى بىلەن يولغا چىققان ئىكەن. پۇتى يارىلانغان ئىدى. ھازىر يارىسى يىرىڭلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئېتىمنى ئېلىپ كەلسۇن، دەپ يېزىلىقلاردىن ماڭا گەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن. مانا مۇشۇ ئات ئىدى، — ئايال تەر تامچىلىرى پاقىراپ تۇرغان ئات بويىنىنى قامچىسى بىلەن قېقىپ قويدى. — مەن ئاتنى ئىگەرلەپ ئۇست - خوپىرغا كەلسەم، دالا شىپاخانىسى يوق، كېتىپ قاپتۇ. مانا ھەرقانچە ئاۋارىچىلىك تارتىپ، ئۇنى ئىزلىگەن بولساممۇ، نەق ئۇستىدىن چۈشەلمەيۋاتىمەن.

پىروخور كازاك ئايالنىڭ يۇپ - يۇمۇلاق چىرايلىق يۈزىگە زوقلىنىپ قاراپ، ئۇنىڭ يېقىملىق، مەيىن ئىنچىكە ئاۋازىغا ھوزۇرلىنىپ قۇلاق سېلىپ، تامىغىنى قىرىپ قويدى:

— ھەي، كېلىنچەك! ئېرىڭنى ئىزلەپ نىمە قىلىسەن! شىپاخانا بىلەن كېلىۋەرمەمدۇ، سەندەك ساھىپجامال گۈزەلنى، يەنە تېخى مۇنداق ياخشى ئات ئۈستەك بىلەن ھەر قانداق ئادەم ئەمرىگە ئالىدۇ! مەنمۇ جۈرئەت قىلىپ كۆرىمەن.

ئايال خالا - خالىماس كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، تولۇشقان قامىتىنى ئېگىپ، ئېچىلىپ قالغان تىزلىرىنى يوپكىسىنىڭ ئىتىگى بىلەن ياپتى.

— سەن قېقىلدىماي ئېيتقىنا، شىپاخانىنىڭ يېنىدىن ئوزۇپ ئۆتتۇڭمۇ - يوق؟

— ئەنە ئاۋۇ قاتاردىكى ھارۋىلارنىڭ ئىچىدە ئاغرىق ۋە ياردارلار بار،— پىروخورخۇرسىنىپ جاۋاپ بەردى.

ئايال قامچىسىنى بىر شىلتىپ قويغان ئىدى، ئاستىدىكى ئات ئارقا پۇتلىرى بىلەن شارتلا بۇرالدى - دە، چاتىرىغىدىكى ئاق كۆپۈكنى پاقىرىتىپ، سوكۇلداپ ماڭدى، ئارقىدىنلا بىرلا ساپ-

چىپ سەكرەپ چىپىشقا باشلىدى.

هارۋىلار كارۋىنى ئاستا سىلجىپ باراتتى. ئۆكۈزلەر قۇيرۇقـ لىرىنى هورۇنلۇق بىلەن شىپاڭلىتىپ، كۆكۈيۈن ـ پاشىلارنى قورۇيتـ تى. كۈن شۇنداق ئىسسىق، هاۋا گۈلدۈرماما ئالدىدىكىدەك شۇنـ داق دىمىق ۋە تىنچىق ئىدىكى، يول ياقىسىدىكى پاكار ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ياش ياپراقلىرى شۈمشىيىپ، سولىشىپ قالغان ئىدى.

پىروخور يەنە كارۋان ئەترەت بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى. ياش كازاكلارنىڭ كۆپلۈگى ئۇنى هەيران قالدۇردى. بۇلار ياكى ئۆز بۆلۈنمىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، يا بولمىسا توغـ رىدىن توغرا قېچىپ، ئۆز ئائىلىلىرىگە قوشۇلۇۋالغانلار ئىدى، هازىر ئۆز جەمەتلىرى بىلەن كىچىك ئېغىزىغا بىللە كېلىۋاتاتتى. بەزىلەر جەڭ ئاتلىرىنى هارۋىلارنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى هارۋىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، خوتۇنلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى. باللىرىنى ئوينىتاتتى؛ بەزىلىرى بولسا ئاۋالقىدەكلا مىلتىق ۋە قىلىچلىرى بوينىغا ئېسىقلىق هالدا ئاتلىق مېڭىشقان ئىدى. «ئۆز قىسىملىرىنى تاشلاپ، قېچىپ كېـ تىۋاتقانلارغۇ» ـــ دەپ ئويلىدى پىروخور كازاكلارغا قاراپ قويۇپ.

ئات ۋە ئۆكۈزلىرىنىڭ تەر پۇرىغى، ئاپتاپتا قىزىغان بىرىچـ كا ياغاچلىرىنىڭ، ئۆي جاهازلىرىنىڭ، هارۋا مېيىنىڭ پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلاتتى، ئۆكۈزلەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئېغىر هاـ سىراپ، لاغايلاپ كېلىۋاتاتتى، ساڭگىلاپ قالغان تىللىرىدىن ئاقـ قان شۆلگەيلىرى يول ياقىسىدىكى چاڭ ـ توزاڭغا بۆلىنىپ

يىپتەك سوزۇلۇپ قالغان، كارۋان سائىتىگە تۆت ـ بەش سائەتلا يول باساتتى، ئات قوشۇلغان هارۋىلار ئۆكۈزلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ

كەتمەيتتى، ئەمما جەنۇپتىكى يىراق بىر يەردە زەمبىرەك ئاۋاز-
لىرى يۇمشاققىنا يېيىلىپ، قۇلاققا ئاڭلىنار - ئاڭلانماستىنلا ھەم-
مەيلەن ھولۇقۇپ، قىمىرلىشىپ كەتتى: جۇپ ئات ۋە يەككە ئات
قوشۇلغان ھارۋىلار تەرتىپىنى بۇزۇپ، كارۋاننىڭ ئۇزۇنىدىن ئۇزاق-
قا سوزۇلغان قاتارىدىن بىر چەتكە چىقىۋېلىشتى، ئاتلار سى-
كۈلداپ مېڭىشتى، قامچىلار باش ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى.
«تىرت، چۇ!»، «ھو - ھو - ھوي، شەيتاندىن تۆرەلگەنلەر!»،
«قەدىمىڭنى قوزغات!» دېگەن ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئۆكۈز-
لەرنىڭ دۈمبىلىرىدە تال چىۋىقلار بىلەن ئۇزۇن قامچىلار تاسىلداش-
قا باشلىدى، چاقلار گۈلدۈر - گۈلدۈر تېز ئايلانغىلى تۇردى. ۋە-
ھىمە ئىچىدە ھەممە - ھەممە ھەركەتنى تېزلەشتۈردى. يولدىن
كۆتىرىلگەن ئىسسىق چاڭ - توزاڭ ھاۋادا ئېغىر، كۈل رەڭ پاخ-
ماق بۇلۇتتەك تۈس ئېلىپ، كەينىگە ئۈزەتتى - دە، پۇقىراپ،
زىرائەت بىلەن تۈرلۈك ئوت - چۆپلەرنىڭ پايىسىغا قوناتتى.

پىروخورنىڭ دىققاققىنا كىچىك ئېتى مېڭىپ كېتىۋېتىپ،
ئوت - چۆپلەرگە بويىنىنى سوزاتتى، بىر دەم قاشقا بىدىنىڭ شې-
خىنى ئۈزۈۋالاتتى، بىر دەم ياۋا زاراڭزىنىڭ سېرىق تاجىنى، بىر
دەم كەكرە ئوتنى غولى بىلەن قوشۇپ يۇلۇۋالاتتى: تىرىك قىل-
غان نەرسىگە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، چىشىنىڭ مىلىق گۆشىنى
غاجىۋەتكەن ئېغىزدۇرۇقىنى تىلى بىلەن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ،
يۇلغان نەرسىلىرىنى يالماپ يەيتتى. ئەمما زەمبىرەك ئوقى ئاڭ-
لانغاندىن كېيىن پىروخور پاشنىسى بىلەن تۈرتۈپ قويغان ئىدى،
ئېتى گويا ھازىر ئوتلايدىغان چاغ ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەندەك،
جان - دىلى بىلەن چېپىشقا ھەركەتلەندى.

ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى بارغانسېرى ياڭراشقا باشلىدى.

ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى بىللە قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ، ئىنچىلىق ھاۋادا گۈلدۈرمامىدەك ئاراقلاپ ئەكس سادا ھاسىل قىلاتتى.

— يا ئىگەم ئەيسا مەسىھ! — ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ياش بىر ئايال سۈت يۈقىدىن پاقىراپ تۇرغان ئەمچىكىنىڭ دالچىن رەڭ ئېمىزگىسىنى بالىسىنىڭ ئاغزىدىن تارتىپ چىقىرىپ، چىڭقىلىپ تۇرغان ساغۇچ ئەمچىكىنى كۆينىكىنىڭ ئىچىگە تىقتى - دە، چوقۇنۇشقا باشلىدى.

— بىزنىڭكىلەر ئېتىۋاتامدۇ ياكى باشقىلارمۇ؟ ھەي، جەڭچى! — ئۆكۈزلەرنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان بىر چال پىروخوردىن ۋاقىراپ سورىدى.

— قىزىللار، بوۋا! بىزنىڭ ئادەملەردە سىنارەت يوق.

— ھەي كۆكنىڭ مەلىكىسى، بىزنىڭكىلەرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!

چال قولىدىكى باشۋاغنى غويۇۋېتىپ، كونىراپ كەتكەن كازاك فۇراژكىسىنى بېشىدىن ئالدى. مېڭىپ كېتىۋېتىپ، چوقۇنۇپ، شەرق تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى.

جەنۇپتا، كەنجى قوناقنىڭ مايسىلىرى نەيزىدەك كۆكىرىپ چىققان قىرنىڭ ئارقىسىدىن شالاڭ قارا بۇلۇت كۆرۈندى. ئۇ ئۇپۇقنىڭ يېرىمىنى قاپلاپ، ئاسمانغا غۇۋا پەردە ياپتى.

— ۋاي - ۋۇي، چوڭ يانغىن، ئەنە قاراڭلار! — دەپ ھارۋا ئۈستىدىن بىرسى ۋاقىرىۋەتتى.

— نىمە ئىش بولغاندۇ؟

— كۆيۈۋاتقان ئوت قەيەردىدۇ؟ — چاقلارنىڭ گۈلدۈر - تاراقلىرى ئىچىدىن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى بىر بولۇپ ياڭراشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— چىر بويىدا.

— قىزىللار، چىر بويىدىكى يېزىلارنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ!

— فەجەتچىلىك بولىدۇ، خۇدا كۆرسەتمىسۇن ...

— قارىغىنا، ئىمە دىگەن قارا بۇلۇت قاپلىغان!

— كۆيۈۋاتقان يالغۇز بىر يېزا ئەمەس!

— كارگىنىسكايانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە چىر بويىدا يالقۇن كۆتىرىلىۋاتىدۇ، ئۇ يەردە ھازىر جەڭ بولۇۋاتسا كېرەك ...

— بەلكىم. قارا دەريا بويىدىمۇ شۇنداقتۇ؟ ھەيدە، ئىۋان!

— ياﺋاللا، لاۋۇلداپ يېنىۋاتىدۇ! ...

قارا تۈتەك بارغانسېرى كېڭىيىپ، كەڭ بوشلۇقنى قاپلاشقا باشلىدى. زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىشى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى، يېرىم سائەت ئۆتكەچ، جەنۇپ شامىلى 35 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىر دەرياسى بويىغا جايلاشقان يېزىلاردا ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋەھشىلىك باشقىنىڭ ئاچچىق ئىس - تۈتەكلىرى ھىدىنى گىتمان يولىغا ئۇچۇرۇپ ئېكەلدى.

## 60

چوڭ گىروموك يېزىسى بويلاپ كەتكەن يول بىر جايدا سۇر تاش تامدىن ئىبارەت ئىمارەتنىڭ يېنى سىلەن ئۆتەتتى، ئۇندىن كېيىن ئىردىنلا دونغا يۈرۈلۈپ، سۇسىز تېيىز جىلغا ئىچىگە چۈشەتتى. بۇ يەردە خادا ياغاچلاردىن ياسالغان كۆۋرۈك بار ئىدى.

قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە جىلغىنىڭ تېگىدە قۇم ۋە ھەر خىل

شىغىل تاشلار، ساغۇچ پاقىراپ تۇراتتى، ئەمما باز كەلگۈنىدىن كېيىن ئىگىز دۆڭدىن جىلغا ئىچىگە يامغۇر سۈيىنىڭ لاي كۆچلۈك ئېقىملىرى شىددەت بىلەن گۈلدۈرلەپ چۈشەتتى-دە، قوشۇلۇپ ئاقاتتى، ئىگىز تامدەك دولقۇن ئۆرۈپ ئاققان سۇ ئۆز يولىدىكى تاشلارنى يۇيۇپ، ئۇچتەي-توختەي قىلىپ، گۈكىرەپ دونغا قۇيۇلاتتى.

مۇنداق كۈنلەردە كۆۋرۈكنى سۇ بېسىپ كېتەتتى، ئەمما بۇ هال ئۇزاققا سوزۇلمايتتى؛ بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بايىلا باغچىلارنى ۋەيران قىلىپ، قاشالارنى ياغاچ-ياغاچلىرى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىغان شىددەتلىك تاغ سۈيى بىردىنلا پەسىيىپ قالاتتى، شۇندىن كېيىن يالىڭاچلىنىپ قالغان ساي تېگىدە پاكىز يۇيۇلغان ئۇششاق تاشلار نەم تارتقان گەج ھەم زەي پۇراقلىرىنى تارقىتىپ، پاقىراشقا باشلايتتى. ساينىڭ ئىككى چېتىدە چۆكمە لاي جىگەر رەڭ تۇستە تاۋلىنىپ تۇراتتى.

يارنىڭ ئىككى كانارىدا تېرەكلەر بىلەن تال سۆگەتلەر باراقسان بولۇپ ئۆسكەن. بۇلارنىڭ سايىلىرى يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ سالقىنلىق بېغىشلايتتى.

ۋېشېنىسكايانىڭ چەت يۇرتلۇقلار ئەترىدىنىڭ قاراۋۇلخانىسى ئاشۇ سالقىنغا قىزىقىپ، كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. قاراۋۇلخانىدا 11 ئادەم بار ئىدى. يېزىدا قاچقۇنلارنىڭ هاراۋا-ئۇلاقلىرى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، بۇ كىچىك ئەترەتنىڭ ئادەملىرى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا يېتىپ قارتا ئوينىشاتتى، تاماكا چېكىشەتتى، بەزىلىرى كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، كۆينەكلىرىدىن ۋە چاپان ئەستەرلىرىدىن سالىراتلاردا بولىدىغان ئاچكۆز پىتلارنى تازىلىشاتتى، بۇلارنىڭ ئىككىسى ۋېزۋوت كوماندىرىدىن رۇخسەت سوراپ، دونغا سۇغا چۈشكىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن ئىدى.

ئەمما دەم ئېلىش ۋاقتى قىسقا ئىدى. كۆپ ئۆتمەي كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا كارۋان هارۋىلار كەلگىلى تۇردى. ئۇلار بىر تۇتاش ئېقىن بولۇپ كەلگەنلىكتىن، سايە ـ سالقىن قويندا ئۆگدەپ تۇرغان تار كوچا بىردىنلا تىقىنچىلىق، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك بولۇپ قالدى، گويا هارۋىلار بىلەن بىللە دون بويىدىكى ئىگىز ـ لىكتىن يېزىغا دالىنىڭ ئىسسىق هاۋاسى كېلىپ قالغاندەك هەممە يەرنى دىمىق قاپلىدى.

قاراۋۇلخانا باشلىقى، قوشۇمچە ۋىزۋوت كوماندىرى — ئۇزۇن تۇرا، قوڭۇر ساقىلى قىسقا قىرقىلغان، يوغان قۇلاقلىرى كىچىك بالىنىڭ قولىغىدەك دىڭگايغان، ياداڭغۇ ئۇنتېر ئوفىتسېر ئۇپراپ كەتكەن تاپانچا قېپىغا قولىنى قويۇپ، كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا تۇراتتى. ئۇ 20 دەك هارۋىنى گەپ ـ سۆزسىزلا ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئەمما بىر هارۋىنىڭ ئۈستىدە 25 ياشار بىر ياش كازاكنى كۆرۈپ قېلىپ، قىسقىلا بۇيرۇق قىلدى:

— توختا!

كازاك هارۋىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، قايىغىنى تۇردى.

— قايسى قىسىمدىن سەن؟ — دەپ جىددىي ئاهاڭدا سورىدى ۋىزۋوت كوماندىرى هارۋىغا يېقىن كېلىپ.

— سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— قايسى قىسىمدىن دەپ سوراۋاتىمەن. قېنى دېل؟

— رۇبېژنىسكايا بولۇنىسىدىن. خوش، سىز كىم بولىسىز؟

— پەسكە چۈش!

— سىز كىم؟

— چۈش دەۋاتىمەن، ساڭا!

ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ يۇمۇلاق قۇلاقلىرى لاپپىدە ئوت ئالدى. ئۇ تاپانچا قېپىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ناگاننى چىقاردى-دە، ئۇنى سول قولىغا ئالدى.

كازاك تىزگىنىنى ئايالىغا بېرىپ، هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— نىمىشقا قىسىملارنىڭ قاتارىدا ئەمەسسەن؟ نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراققا ئالدى ۋىزۋوت كوماندىرى.

— كېسەل بولۇپ قالدىم. هازىر يازكىغا كېتىۋاتىمەن... ئۆي ئىچى بىلەن بىللە ماڭغان ئىدىم.

— كېسەللىك توغرىلىق هۆججىتىڭ بارمۇ؟

— نەدە هۆججەت بولسۇن؟ بۆلۈنمىدە قېلىدىغان يوق...

— هە، يوقمۇ؟... خوش، كارپېنكو، مۇنۇنى مەكتەپكە ئاپار!

— ئۆزىڭىز زادى كىم بولىسىز؟

— كىملىگىمىزنى شۇ يەرگە بارغاندا ساڭا كۆرسىتىمىز!

— مەن ئۆز قىسمىمغا بېرىشىم كېرەك! مېنى تۇختىتىشقا هەققىڭىز يوق! — بىز سېنى ئۆزىمىز ئاپىرىمىز. قورالىڭ يېنىڭدىمۇ؟

— يىرلا ماتىق.

— قولۇڭغا ئال، چاققان تاپشۇر، بولمىسا ئورنۇڭدىن ئىرغىتىپ تاشلايمەن! ياپ ... ياش نۇرۇفلۇق، تىتىنىڭ يالىسى، خوتۇنۇڭنىڭ قويىنىغا كىرىۋېلىپ، تىقىلىپ ياتتىڭمۇ؟ بىز سېنى قوغداشقا تېگىشلىك ئادەملەرمۇ؟ — شۇندىن كېيىن نەپرەت بىلەن قوشۇپ قويدى، — شۇمۇ كازاك بولۇپ قاپتۇ بىچى!

كازاك تېرە ياپقۇچىنىڭ ئاستىدىن مىلتىقنى چىقاردى-ئايالىنىڭ قولىنى تۇتتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سۆيۈش-مىدى. پەقەت ئايالىنىڭ ئاتمال قولىنى بىر مىنۇتتەك تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر نىمىلەرنى پىچىرلىدى - دە، بىر ئەترەت جەڭچىسى-نىڭ ئارقىسىدىن يېزا مەكتىۋىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تار كوچىدا توپلىشىپ قالغان ھارۋىلار گۈلدۈرلىشىپ، كۆۋرۈككە شىددەت بىلەن يۈپۈرۈلدى.

قاراۋۇلخانا بىر سائەت ئىچىدە قاچقۇن ئەسكەرلەردىن 50 ئادەمنى تۇتۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توساش جەريانىدا قارشىلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ، ياشانغان، ئۇزۇن بۇرۇت-لۇق، تۇرقىدىن قارىغاندا يېلانىسكايا كەنتىنىڭ ئىژنىي - كرىۋۇ-سىك يېرىسىدىن بولغان جەسۇر كازاك قاتتىق قارشىلىق كۆرسەت-تى. قاراۋۇل باشلىقىنىڭ ھارۋىدىن چۈش، دېگەن بۇيرۇقىغا ئۇ ئېتىنى قامچىلاش بىلەن جاۋاپ بەردى. ئەترەتنىڭ ئىككى جەڭچىسى ئاتلارنىڭ جىلاۋىدىن تۇتۇۋېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئاران توختىتىۋالدى. شۇ چاغدا كازاك ئويلاپ تۇرماستىنلا، ئېتىگىنىڭ ئاستىدىن ئامېرىكىنىڭ ۋىنچېس-تېر ماركىلىق ماۋزۇر مىلتىقىنى ئېلىپ، دەرھال مىزىنىگە تاقىدى.

— يولنى ئېچىۋەت!... ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. مەلئۇن!

— چۈش، پەسكە چۈش! بىزگە سويسۇنمخانلارنى ئېتىپ تاشلىغىلار، دېگەن بۇيرۇق بار. سەندىن بۇرۇن بىز سېنى نىشانغا ئالىمىز!

— مۇ - ژىك - لە - ەر!... تونۇگۇن قىزىل ئەسكەر ئىدىڭ-لار، بۈگۈن كازاكلارغا ئەقىل كۆرسەتمەكچىمۇ سىلەر؟... سېسىق

چۆپۆرلەر!... نېرى كەت، ئېتىپ تاشلايمەن!

پاقالچىقىغا يىپ ـ يېڭى قىشلىق ئۇبموتكا ئورىغان ئەترەتچەڭ چىلىرىدىن بىرسى هارۋىنىڭ ئالدى چاقى ئۈستىگە چىقىپ، قىسقىلا ئېلىشقاندىن كېيىن، كازاكنىڭ قولىدىن ماۋزۇر مىلتىقنى تارتىۋالدى، كازاك مۈشۈكتەك ئېگىلىپ، قولىنى چاپىنىنىڭ ئاستىغا سىپلاتتى ـ دە، غىلاپتىن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى، ئاندىن ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سىرلانغان بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىن بويۇنداپ قىلىچ تەڭلىگەن ئىدى، قىلىچنىڭ ئۇچى دەل ۋاقتىدا پەسكە سەكرەپ چۈشۈۋالغان جەڭچىنىڭ بېشىغا تېگىشكە تاس ـ تاماس قالدى.

ـــ تىموشا، قويساڭچۇ، تىمونيوشكا! ۋاي ـ ۋاي، تىموشا!... مۇنداق قىلىشنىڭ كېرىكى يوق... ئۇلار بىلەن تەڭ بولما! ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ سېنى!...، ـــ جاڭجاللاشقان كازاكنىڭ ۋىجىككىنە بەتچىراي ئايالى تىت ـ تىت بولۇپ يىغلايتتى.

ئەمما كازاك هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، كۆكۈش ۋىللداپ تۇرغان قىلىچىنى ئۇزاققىچە باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ، جەڭچىلەرنى هارۋا يېنىغا يېقىن يولاتمىدى. خىرىلداپ ئاغزىنى بۇزاتتى، قۇترىغان ئادەمدەك تۆت تەرەپكە ئالاقزادە بولۇپ قارايتتى. «نېـرى ـ كەت ـ ت ـ ت!... چېپىپ تاشلايمەن!» ئۇنىڭ قارىيىپ كەتكەن يۈزىگە تىترەك ئولىشىپ، ئۇزۇن ـاغۇچ بۇرۇتى ئاستىدا شۆلگىيى بۇژۇلداپ قالدى، كۆزىنىڭ كۆكۈش ئېقىغا بارغانسېرى قان تولدى.

ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قورالسىزلاندۇرۇشتى، يىقىتىپ، قول ـ ئايىغىنى باغلاشتى، باتۇر كازاكنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ كارامىتى ئاسانلا ئاشكارا بولدى: بىرىنچىكىنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇشقان ئىدى،

قوسغى چىلەكتەك يوغان بىر كـوزىدا لىقمۇ لىق ئەك كۆچلۈك، ئەلا سورت ساموگون چىقتى...

تار كوچا تىقىلىش بولۇپ قالدى، هارۋىلار شۇنداق كەپلىشىپ قالدىكى، ئۆكۈزلەر بىلەن ئاتلارنى هارۋىدىن چىقىرىپ، هارۋىلارنى قولـدا كۆتىرىپ كۆۋرۈككە ئاپىرىش تەلەپ قىلىناتتـى، هارۋىنىڭ ئوق ياغىچى بىلەن شوتىسى قاراسلاپ سۇناتتى، ئاتلار قەهرى بىـ لەن چىيقىرىشاتتى، پاشا ـ كۆكۈيۈنلەر يىپپىشـۋالغـان ئۆكۈزلەر، ئىگىلىرىنىڭ ۋاقىرىشىغـا قۇلاق سالماي، تاياقتىن ئىسىنى يوقـ تىپ، قاشانىڭ ئۇستىگە ئىرمىشىپ چـىقىۋالاتتى، تىللاش، ۋاقـ راش، جونۇنلارنىڭ بىغا ـ زارىسى كۆۋرۈكنىڭ قىشىدا ئۇزۇنغىچە بىسىلمىدى، ئـارقىدىكى بىر ـ بىرىگە تاقاشمـاي ئۆتۈپ كىتىـش مۇمكىـن بولىدىغان يەرلـەردىكى هـارۋىـلار ئارقىغا فـايتىشتـى، بۇلار بازكى ئارقىلىق دونغا چۈشۈش ئۇچۇن قايتىدىن چوڭ يولغا چىقىشتى.

قولغا ئىلىنغان قاچقۇنلارنى مۇهاپىزەتچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا بازكىغا ئاپىرىشتى. ئەمما بۇلارنىڭ هەممىسـى قوراللىق بواغانلىقتىن. مۇهاپىزەتچىلەر ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرالمىدى. كۆۋرۈكـ نىڭ بىرىقىـى تەرىپىگە ئۆتۈش بىلەنلا مـۇهاپـىزەتچىلەر بىلـەن قاچقۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئىلىشىـش يۈز بەردى، بىر ئازدىـن كىيىن ئـەتىرەت جەڭچىلىرى ئارقىـغا قايتىپ كـىتىشتى. قـاچقۇنلار ئـۆزلۈگـىدىـن تەشكىللىنىـپ، تەرتىپلىك هـالدا ۋىشىنىسكاياغا يۈرۈپ كەتتى.

گىروموكتا پىروخور زىكوفنىمۇ توختىتىپ قويۇشتى. ئۇ گىرىـ گورىي مىلىخوف يىزىپ بەرگەن دەم ئىلىش ئەغىزنى كۆرسەتكـەن ئىدى، قاراۋۇللار ئۇنى گەپ ـ سۆزسىزلا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئۇ بازغا كەچ كىرىش ئالدىدىلا كەلدى. چىر بويىدىكى يېزىلاردىن چۇۋۇلمىشىپ چىققان مىڭلىغان ھارۋىلار پۈتۈن چوڭ كوچا ۋە تار كوچىلارنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. دوننىڭ قېشىدا تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر ۋەقە بولۇۋاتاتتى. قاچقۇنلار پۈتۈن قىرغاقتا ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان مۇساپىنى ئۆز ھارۋىلىرى بىلەن بەنت قىلىپ قويغانىدى، 50 مىڭ خەلق دەريادىن ئۆتۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ، ئورمان ئارىسىغا پېتىراپ كەتكەن ئىدى.

ۋېشىنىسكايانىڭ قارشى تەرىپىدە سال بىلەن توپ-زەمبىرەكلەرنى، شتاپلارنى ۋە ھەربىي مال-مۈلۈكلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، پىيادە قىسىملارنى كىچىك قېيىقلار بىلەن ئۆتكۈزۈشەتتى. ئونلاپ قېيىقلار ئۈچ-تۆتتىن ئادەم سىغىپ، دوندا ئۇياق-بۇياققا قاتناپ تۇراتتى. پىرىستاننىڭ قېشىدا سۇ لېۋىدە تىقىلىشلىقتىن قىيامەت باش كۆتەرگەن. ئارقىدا كېلىشكە قالدۇرۇلغان ئاتلىق ئەسكەرلەر تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. چىر دەرياسى تەرەپتىن ئاۋالقىدەكلا زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ئىس-تۈتەكلەرنىڭ قانسىق، ئاچچىق ھىدى تېخىمۇ قاتتىقراق. ئېنىقراق سېزىلەتتى.

سۇدىن ئۆتۈش تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. كېچە سائەت 12 بولغاندا دەسلەپكى ئاتلىق ئەسكەرلەر بۆلۈنمىلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار سەھەردىن تارتىپلا دەريادىن ئۆتۈشنى باشلىشى كېرەك ئىدى.

پىروخور زىكوف 1-دىۋىزىيە ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز بۆلۈنمىسى بازكىدا كۈتۈپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئېتىنى بازكى شىپاخانىسىنىڭ توساق تېمىغىچە تاقىلىپ، تىقىلىشىپ تۇرغان بىر تۇتاش ھارۋى-

لارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىلەپ مىڭ تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئېتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ئالماستىنلا، ئۇنى بىرسىنىڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويۇپ، ئاغزىدىن يۈگەننى ئالدى، ئۆزى ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، تونۇش - بىلىشلەرنى ئىزلەشكە كىرىشتى.

ئۇ توغاننىڭ قېشىدا يىراقتىن ئاكسىنيە ئاستاخوۋانى كۆرۈپ قالدى. ئاكسىنيە كىچىككىنە بىر بوخچىنى مەيدىسىگە بېسىپ، ئىسسىق كۆينىكىنى بەلكىسىگە تاشلاپ، دوڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يارقىن، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھۆسنى - چىرايى قىرغاقتا توپلىشىپ تۇرغان پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇلار ئاكسىنيە توغرىلىق ئەدەپسىز بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى، ئۇلارنىڭ تەرگە پىشقان، چاڭ باسقان يۈزلىرىدە ھېجايغان چىشلىرى ئاپپاق پاقىرايتتى، لەززەتلىنىپ قاقاقلىغىنى ۋە ھى - ھىلەپ كۈلگىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆينىكىنىڭ ئۈستىدىكى كەمەرنى يېشىۋەتكەن، بېشىدىكى پاپاخى گەجگىسىگە چۈشۈپ قالغان ئېگىز بويى، ئاچ سېرىق چاچ بىر كازاك ئارقىدىن كېلىپ، ئاكسىنيەنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارقۇمچاق نازۇك بوينىغا لېۋىنى تەككۈزگەن ئىدى. پىروخور، ئاكسىنيەنىڭ كازاكنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەنلىكىنى، ئاغزىنى سەت ھېجايتىپ، ئۇنىڭغا ئاستا بىر نېمە دېگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى. ئەتراپتىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى كازاك بېشىدىن پاپاخنى ئېلىپ، خىرىلداپ: «ئېخ، ھامماچا! يەنە بىر مەرتە بولسىچۇ كاشكى» — دېدى.

ئاكسىنيە قەدىمىنى تېزلىتىپ، پىروخورنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پىشقان گىلاستەك لەۋلىرىدە نەپرەتلىك بىر كۈ-

لۈمسىرەش دىرىلدەپ تۇراتتى. پىروخور ئۇنى قىچقارمىدى، خالايىق نوپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، يېزىداشلىرىنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇق ياغاچ ۋەشوتىلىرى ئاسمانغا تىكلەپ قويۇلغان ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدىن ئاستا مېڭىپ كېلىۋېتىپ، مەس ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكىلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى. ھارۋىنىڭ ئاستىدا، پالاسىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ چال ئولتۇراتتى. بىرسىنىڭ چاتىرىغىدا بىر چېلەك ساموگون بار ئىدى. شىر كەيىپ بولغان قېرىلارمۇ زەمىرەك گىلىزىسىدىن ياسىۋالغان مىس گىرۇژكا بىلەن چېلەكتىن نۆۋەت بىلەن ساموگون ئېلىپ ئىچىپ، سۈرلەنگەن بېلىقلارنى يەپ ئولتۇرۇشاتتى. ساموگوننىڭ ئۆتكۈر پۇرىغى ۋە تۇزلانغان بېلىقنىڭ شورتاڭ ھىدى نەپسى تاقىلداپ كەتكەن پىروخورنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

— ھەي، ئەسكەر يىگىت! سالامەتلىك ئۈچۈن بىز بىلەن بىر قەدەھ ئىچمەمسەن! — دېدى ئۇنىڭغا قېرىلاردىن بىرسى.

پىروخور تارتىنىپ تۇرماستىنلا ئولتۇرۇپ، چوقۇنۇپ قويىدىدە، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، مېھماندوست بوۋاينىڭ قولىدىن بىر كۇرۇشكا خۇش پۇراق ساموگوننى ئالدى.

— ئىچە، دەم غەنىمەت! مونۇ بېلىقنى زاكۇسكا قىل. قېرىلاردىن يىرگىنىشنىڭ لازىمى يوق، يىگىتىم. قېرىلار، ئەقىللىق خەلق! سىلەر ياشلار بىزدىن يەنە ئۆگىنىشىڭلار كېرەك، قانداق ھايات كەچۈرۈشنى... يەنى، مەسىلەن، ھاراقنى قانداق ئىچىشنى...، — دەپ خىڭىلدىدى بورنى پۇچۇق، تۆپە كالپۇگى چىشىنىڭ تۈۋىگىچە كىمىرىلگەن ئىككىنچى بىر بوۋاي.

پىروخور بورنى يوق بوۋايغا كۆز قىرى بىلەن سەسكىنىپ قاراپ، گۈپپىدە ئىچىۋەتتى، 3 - كۇرۇشكىنى كۆتىرىشتە چىداپ تۇرالماي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۇرنۇڭنى سەيرە - تاماشا سەدىقىسى قىلىۋەتتىڭمۇ، ئاتا؟ — دەپ سورىدى.

— يا - قە - ي. ئەزىزىم! بۇ سوغاق تەككەنلىكتىن بولغان. كىچىك ۋاقتىمدا قاتتىق سوغاق تېگىپ كېسەل بولغان ئىدىم. شۇ چاغدا بۇرنۇم ئۇششۇپ، پۇچۇق بولۇپ قالدىم.

— مەن سېنى خاتا ئويلاپتىمەن، بىر يامان ئاغرىقتىن بۇرنى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئەمەسمىدۇ؟ بۇنى ئۆزەمگە يۇقتۇرۇۋالمىسام بولاتتى، دەپ يوق نەرسىنى ئويلاپ كېتىپتىمەن، — پىروخور سەمىملىك بىلەن ئىقرار بولدى.

ئۇ، بوۋاينىڭ ئىشەندۈرۈشى بىلەن كۆڭلى ئەمىن بولغاندىن كېيىن، كۇرۇشكىغا لەۋلىرىنى تەشنالىق بىلەن يېپىشتۇرۇپ، سەسكەنمەستىن، بىر يولىلا كۇرۇشكىنى بوشاتتى.

— تۇرمۇش بەربات بولۇۋاتىدۇ! قانداق قىلىمىز ئىچمەي؟ — دەپ ۋاقىرايتتى ساموگوننىڭ ئىگىسى، تېنى ساغلام سېمىز بوۋاي، — مانا مەن 200 پۇت بۇغداي ئېپكەلدىم، ئۆيۈمدە 1000 پۇت بۇغداي قېپقالدى. بەش جۈپ ئۆكۈزنى ھەيدەپ كەلدىم، بۇلارنى مەشەدە تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ، چۈنكى دوندىن بۇلارنى ئۆزەڭ بىللە ئۆتكۈزەلمەيسەن - دە! يىققان مال - دۇنيارىمنىڭ ھەممىسى بەربات بولۇۋاتىدۇ! ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ! ئويىنا، يايرا كەنتداشلىرىم! — چال قىزىرىپ كەتتى، كۆزلىرى ياشتىن نەملەندى.

— ۋاقىرىما، تىروفىم ئىۋانىچ. موسكۋا كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ھاياتلا بولىدىكەنمىز، يەنە مال - دۇنيا تاپالايمىز! — دېدى بۇرنى پۇچۇق چال دوستىغا تەسەللى بېرىپ.

— ماڭا ۋاقىرىماسلىقتا نېمە چارە؟! — دېدى كۆز يېشىدىن،

چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن چال ئاۋازىنى قاتتىقراق چىقىرىپ، — ئاشلىقىم بەربات بولىۋاتسا! ئۆكۈزلىرىم ئۆلۈپ تۈگەۋاتسا! ئۆيۈمگە قىزىللار ئوت قويۇۋاتسا! كۆزدە ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈشتى! ۋاقىرماي تۇرالامدىمەن؟ كىم ئۈچۈن مال ـ دۇنيا يىغدىم؟ بىر ياز ئىچىدە ئۆشنەمدە ئون كۆينەك تەردىن چىرىپ تۈگەيدىغان ئىدى، هازىر يالىڭاچ، يالىڭاياق قېلىۋاتىمەن ... قېنى، ئىچ!

پىروخور گەپ ـ سۆز ئەسناسىدا مەشىنىڭ قاپقىقىدەك يوغان يالپاق بېلىقنى يەپ، ئەتتە كۆرۈشكا ساموگون ئىچىۋەتتى، شۇنچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ناھايىتى تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى.

— جەڭچى يىگىت! سىزنىڭ ھامىمىز سەن! ئىتىڭغا يەم بېرەيمۇ؟ قانچىلىك ئالىسەن؟

— بىر قاپ! — دەپلا قويدى ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارغا بىپەرۋا قارايدىغان پىروخور.

چال ئۇنىڭغا سەرخىل سۇلۇدىن بىر قاپ تۆكۈپ بېرىپ، مورىسىگە يۆلۈۋېلىشقا ياردەملەشتى.

— قاپنى ئېپكېلىپ بەر! ئۇنتۇپ قالما، خۇدا ھەققى! — دەپ تاپىلىدى ئۇ، پىروخورنى قۇچاقلاپ ۋە مەسلىكتە كۆز يېشى قىلىپ.

— ياق، ئېپكەلمەيمەن، ئېيتىپ قوياي، ئېپكەلمەيمەن، دىمەك، ئېپكەلمەيمەن ...، — پىروخور نىمشىقىدۇ ئۆز گېپىدە قاتتىق تۇردى.

ئۇ ئىككى تەرەپكە دەلدەڭلەپ، ھارۋىسىنىڭ قېشىدىن كەتتى. قاپ ئۇنى مېكچەيتىپ، بىر ئۇ تەرەپكە، بىر بۇ تەرەپكە قىيسايتىۋاتتى. پىروخور ئۆزىنى تېيىلغاق كۆك موز ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مېڭىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، تاقىلانمىغان ئات مۇز ئۈستىدە ماڭغاندەك،پۇتلىرى ھەر ياققا تېيىلىپ، تىترەپ ماڭاتتى. ئىشەنچسىز-لىك بىلەن يەنە بىرنەچچە قەدەم باسقاندىن كېيىن توختاپ قالدى. بېشىدا شەپكىسى بارمىدى - يوقمىدى، ھېچ ئېسىگە ئالالمىدى، بىرىنچىكىنىڭ ئارقىسىغا باغلاقلىق بىر ئاق قاشقا تورۇق ئات سۇلۇنىڭ ھىدىنى سېزىپ، قاپقا بويىنىنى سوزۇپ، بىر بۇرجىكىنى چىشلىۋالدى. يېرىلغان يەردىن ئاستا شىرىلداپ، دان تۆكۈلۈشكە باشلىدى. پىروخورنىڭ يۈكى يېنىكلىشىپ، يەنە ئالغا قاراپ يۈ-رۈپ كەتتى.

بەلكىم، سۇلۇنىڭ قالغان - قاتقانلىرىنى ئۆز ئېتىنىڭ قېشىغا يەتكۈزۈۋالغانمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇ يوغان بىر ئۆكۈزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بۇ كالا ھايۋانلىق ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ بىقىنىغا قاس قىلىپ بىرنى تېپىۋەتتى. ئۆكۈز كۆكۈيۈن، پاشا - چىۋىنلەردىن ئازاپ چېكىپ، ئىسسىق ۋە تۇنچۇق ھاۋادىن ئېسىنى يوقاتقان ئىدى، ھېچكىمنى قېشىغا يولاتمايتتى. شۇ كۈنى ئۆكۈزنىڭ قەھرى - غەزىۋىگە ئۇچرىغان يالغۇز پىروخورلا ئەمەس ئىدى، ئۇ پەشۋانىڭ زەربىسىدىن ئۇڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى-دە، بېشى چاقىنىڭ تاپىنىغا تېگىپ، دەرھاللا ئۇيقۇغا كەتتى.

يېرىم كېچىدە ئويغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىدە، كۆك ئاسماندا قوغۇشۇندەك سۇر بۇلۇتلار پۇقراپ، شىددەت بىلەن غەرپكە ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر لەھزە شولا چېچىپ، بۇلۇت ئارىسىدىن يېڭى چىققان ئاي مارىلىدى - دە، ئاسماننى يەنە بۇلۇت قاپلى-ۋالدى، شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇدا ئىزغىرىن، سالقىن شامال كۈچەي-گەندەك بولدى.

پىروخور ئۇخلاپ قالغان يەردىكى ھارۋىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە

يىقىنلا يەردىن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىھېساپ تۆمۈر تاقىلىق ئاتلارنىڭ تۇيىغى ئاستىدا يەر ناله - پەريات چېكەتتى. ئاتلار، پات ئاردا ياخشى قاتاراتتى؛ ياغىنداغانلىقىنى سېزىپ، پىشقىراتتى؛ قىلىچلار ئۈزەڭگىگە تېگىپ جىرىڭلايتتى، تاماكىنىڭ چوغلىرى لىپ - لىپ يېنىپ تۇراتتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۆلۈنمىلەردىن ئاتلارنىڭ تەرى ۋە تاسما جابدۇقلارنىڭ قانىسىق ھىدى كېلەتتى.

پىروخور، ئەسكەرلىكتە بولغان بارلىق كازاكلارغا ئوخشاش ئۇرۇش يىللىرى مابەينىدە پەقەت ئاتلىق ئەسكەرلەرگىلا خاس بولغان ئاشۇنداق ئاربلاشما پۇراققا ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. كازاكلار پىرۇسسىيە ۋە بۇكوۋىنادىن تارتىپ تاكى دون داللىرىغىچە بولغان يوللارنىڭ ھەممىسىدە بۇنداق پۇراقنى ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئاتلىق قىسىملارنىڭ ئاشۇ ئۆزگەرمەس بەتبۇي ئىسى ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز ئۆيىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش تونۇش ئىدى. پىروخور پاناق بۇرنىنى تەشنالىق بىلەن قىمىرلىتىپ قويۇپ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى كۆتىرىپ:

— بۇ قايسى قىسىم، بۇرادەرلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتلىقلار...، — قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىن بىرسى بوم ئاۋاز بىلەن جاۋاپ بەردى.

— كىمنىڭ قوماندىسىدىكى قىسىم دەپ سوراۋاتىمەن؟

— پېتلىيورانىڭ...، — يەنە شۇ بوم ئاۋاز جاۋاپ بەردى.

— تازا ئەبلەخ بىر نىمىكەن! — دىدى - دە، بىر ئازدىن كېيىن يەنە سورىدى، — قايسى پولك بۇ، يولداشلار؟

— بوكوۋسكى پولكى.

پىروخور ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئەمما بېشىغا

ئىغىر قان تەپتى. گىلىغا قوسۇق تىقىلىپ قالدى. ئاندىن موكىدە يېتىپ، يەنە ئۇخلاپ كەتتى. تاڭغا يېقىن دون تەرەپتىن نەم ۋە سالقىن شامال سوقۇۋاتاتتى.

— ئۆلمەپتىمۇ؟ — پىروخور ئۇيقۇ ئارىسىدا دەل ئۈستىدىن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى.

— بەدىنى ئىللىق تۇرۇپتۇ، ئىچىۋالغان ئىكەن! — دەپ جاۋاپ بەردى قولىغىنىڭ تۈۋىدىلا بىرسى.

— تارت بۇياققا شەيتاننى! تاپتەك سوزۇلۇپ يېتىپتۇ! قېنى، كىكىرتىكىدىن ئال!

بىرسى ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تېخى ھۇشىغا كەلمىگەن پىروخورنى نەيزىنىڭ ياغاچ سېپى بىلەن ئىتتىردى، يەنە بىرسى پۇتىدىن تۇتۇپ، چەتكە سۆرىدى.

— ھارۋىلارنىڭ ئارىسىنى ئاچ! ئۆلۈكتەك ىىتىشىپتۇ! بۇ خورەك تارتىدىغان چاغمۇ سەنلەرگە! قىزىللار ھۇجۇم قىلىپ قويۇرۇغىنىڭ ئۈستىگىلا يېسىپ كېلىۋاتسا، بۇ نىمىلەر بۇ يەردە ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئۇخلاۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان! ھارۋىلارنى بىر چەتكە سۈر، باتارىيە ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ! چاققان بول! ..يولنى توساپ تاشلاپتۇغۇ... مۇنداقمۇ خەلق بولامدۇ! — بىرسى بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن ھۆكىرىدى.

ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا ئۇخلاۋاتقان قاچقۇنلار قىمىرلاشقا باشلىدى. پىروخور چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا نە مىلتىق، نە قىلىچ بولسۇن، ئوڭ پۇتىنىڭ بىر پاي ئۆتۈكى يوق ئىدى، ئۇ ئويلا - ئويلا تۈنۈگۈنكى ئىچكۈلۈكۋازلىقتىن كېيىن يوقالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ھەيران بولۇپ، ئەتراپىغا قاراپ، ھارۋىلارنىڭ ئاستىنى ئىزلىمەكچى بولغان ئىدى، ئەمما ئاتلىرىدىن

سەكرەپ چۈشكەن جىلاۋدارلار ۋە پالاقلىشىپ يېتىپ كەلگەن باتا-
رېيىنىڭ توپچىلىرى هارۋىلارنى ئۈستىدىكى ساندۇق - پاندۇقلىرى
بىلەن قوشۇپ، ئاياۋسىز ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىر دەمدىلا زەمبىرەك-
لەرگە يول ئاچتى.

— تار - ت - ت، ئەمدى!

جىلاۋدارلار ئاتنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ مىنىشتى. كەڭ - كەڭ
تىكىلگەن تاسما جابدۇقلار تاردەك تارتىلدى. زەمبىرەكنىڭ قاپچۇق
كىيدۈرۈلگەن ئىگىز چاقلىرى ئۆي - چوڭقۇرلاردا تاراقشىپ مېڭىپ
كەتتى. ئوق - دورا يەششىگىنىڭ پىلىگى بىرىچكىنىڭ ئوق ياغىچىغا
ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇنى سۇندۇرۇۋەتتى.

— فۇرونتنى تاشلاپ كېتىۋاتامسىلەر؟ هەي، پالۋانلار، جەڭ-
چى دېگەن نامغا داغ تەككۈزۈپسىلەر! — دەپ ۋاقىرىدى ئاخشام
پىروخور بىلەن بىللە هاراق ئىچكەن بۇرنى پۇچۇق قېرى.

زەمبىرەكچىلەر ئۈنچىقماستىن ئۆتتۈشۈپ، دەريا كېچىكىگە
قاراپ ئالدىرىشاتتى. پىروخور تاڭ قاراڭغۇسىدا مىلتىقى بىلەن
ئېتىنى ئۇزاقتىچە ئىزلىدى. ئاخىرى تاپالمىدى. قېيىقنىڭ قېشى-
غا بېرىپ يەنە بىر پاي ئۆتۈكىنىمۇ سېلىپ تاشلاپ، ئۇنى سۇغا
چۆرۈۋەتتى - دە، چەمبەر قىسقاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتقان بېشى-
نى ئۇزاقتىچە سۇدا هۆل قىلىپ تۇردى.

ئاتلىقلار كۈن چىققاندا دەريادىن ئۆتۈشكە باشلىدى. 1 -
بۆلۈنمىنىڭ ئاتتىن چۈشۈۋالغان كازاكلىرى ئىگەر - جابدۇق-
لىرى ئېلىنغان 150 ئاتنى سۇ تىزغىنچە كېلىدىغان دوننىڭ تېيىز
يېرىگە هەيدەپ مېڭىشتى، شۇ يەردىن دون دەرياسى شارتىلا
بۇرۇلۇپ، شەرققە قايرىلاتتى. بۆلۈنمە كوماندىرى كۆزلىرىگىچە
تۈكۈچىدەك مەللە رەڭ ساقال باسقان، قۇش بۇرۇن، سېرتقى

كۆرۈنۈشى زالىم، ئەئەينى ياۋايى قاۋانغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم ئىدى. سول قولى قانغا بويالغان ئىككى لاتىسى بىلەن بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئوڭ قولى توختاۋسىز قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇراتتى.

— ئاتقا سۇ ئىچكۈزمە! ھەيدە! ھەيدە ئۇلارنى! سەن قانداق نېمە ... ئاناڭنى... ئاناڭنى... ئاناڭنى سۇدىن قورقۇۋاتامسەن؟! سۇغا كىر!... بەدىنىڭ قەنت ئەمەسقۇ، سۇدا ئېرىپ كېتىدىغان!...، — دەپ ۋاقىرايتتى ئۇ ئاتلىرىنى سۇغا ھەيدەپ كىرگەن كازاكلارغا قاراپ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەللەرەڭ بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن ئاپپاق دەندان چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئاتلار بىر يەرگە توپلىشىپ قالدى، سوغاق سۇغا چۈشكۈسى كەلمەي، خالا - خالىماس مېڭىشاتتى. كازاكلار ۋاقىرىشىپ، ئۇلارنى ھەدەپ قامچىلايتتى. ماڭلىيىدا كەڭ قىزغۇچ دوقمىسى بار، ئاق تۇمشۇق قارا ئات ئەڭ دەسلەپ ئۈزۈپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئۈزۈشى 1 - قېتىمقى ئۈزۈش ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قۇيرۇق سالغان ساغرىسىنى دولقۇن يۇيۇپ تۇراتتى. دەريا ئېقىنى تال - تال قۇيرۇقىنى بىر تەرەپكە ئېلىپ كېتەتتى، بوينى بىلەن دۈمبىسى سۇنىڭ سىرتىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قالغان ئاتلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۇ ئېقىنىنى تىلىپ، ۋىشىلداپ تۇرغان قايناملارغا پىشقىرىپ چۆكۈپ باراتتى. كازاكلار ئالتە چوڭ قېيىققا چۈشۈپ، ئاتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈپ كېتىشتى. ئېلىپ ماڭغۇچىلاردىن بىرسى قېيىقنىڭ تۇمشۇقىدا تۇرۇپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئاغامچا تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئالدى تەرەپكە چىقما. ئۇلارنى ئېقىنغا قىيپاش ھەيدە! ئۇلارنى ئېقىن ئېقىتىپ كەتمىسۇن!

بۆلۈنمە باشلىغىنىڭ قامچىسىغا جان كىرىپ قالدى، ئۇ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ، شارت قىلىپ، هاك يۇققان ئۆتۈك قونچىغا كېلىپ نەگدى.

تېز ئېقىن ئاتلارنى ئېقىتىپ ئېلىپ كەتتى. قارا ئات ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئات بويى ئىلگىرىلەپ، يېنىك ئۈزۈپ باراتتى. ئۇ سول قىرغاقنىڭ قۇمساز تېيىز يېرىگە ئاڭ ئالدىدا ئۈزۈپ چىقتى. شۇ پەيتتە قارا تېرەكنىڭ بىراقسان شاخلىرىنىڭ كەينىدىن قۇياش مارىلىدى، ئۇنىڭ قىزىل شولىسى قارا ئاتقاچۇشتىدە، سۇدا پاقىرىغان تۈكى شۇ ئانلا ئۆچمەس قارا يالقۇندەك ۋالىلداپ كەتتى.

— مىرىخنىنىڭ بايتىلىغا قاراپ قوي! ئۇنىڭغا ياردەملەش!... ئۇنىڭ يۈگىنى بار. قېنى پالاق سال! پالاق...، — دەپ ۋاقىرايتتى قاۋانغا ئوخشايدىغان بۆلۈنمە كوماندىرى خىرىلداپ.

ئاتلار ئامان - ئېسەن ئۈزۈپ ئۆتتى. نېرىقى تەرەپتە بۆلارنى كازاكلار كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆز ئاتلىرىنى ئايرىپ، يۈگەنلىرىنى سالدى. بۇ تەرەپتىن ئىگەر - جابدۇقلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى.

— تۈنۈگۈن قەيەردە ئوت كۆيگەن ئىدى؟ — دەپ سورىدى پىروخور قېيىقنىڭ قېشىغا ئىگەر - جابدۇق ئېپكەلگەن كازاكتىن.

— چىر بويىدا.

— سىنارەتتىن يانغان ئوتمۇ؟

— ئۇ يەردە سىنارەت نىمە قىلسۇن؟ — دەپ قوپال جاۋاپ بەردى كازاك، — قىزىللار ئوت قويۇۋاتىدۇ...

— ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ؟ — پىروخور تەئەججۈپلەندى.

— يا ـ قه ـ ي... بايلارنىڭ ئۆيىنى، ئۈستى تۈنىكە بىلەن يېپىلغان ئۆيلەرنى ياكى باغ ـ هويلىسى بار ياخشى ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ.

— قايسى يېزىلارنى كۆيدۈرۈشتى؟

— ۋىسلوگۇزوفتىن گىراچېۋىچە.

— 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتاۋى هازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— چۇكارىنىسكىدا.

پىروخور قاچقۇنلار هارۋىلىرى قېشىغا قايتىپ كەلدى. چەكسىز سوزۇلۇپ كەتكەن قارارگاھنىڭ ھەممە يېرىدە قۇرۇق شاخ-شۇمبە، بۇزۇلغان قاشا ۋە قۇرۇق تىزەكلەر سېلىنغان گۈلخانلارنىڭ ئاچچىق تۈتۈنىنى شامال توزغىتىپ تۇراتتى. خوتۇنلار ئەتىگەنلىك تاماق پىشۇرۇۋاتاتتى.

بىر كېچە ئىچىدە ئوك قىرغاقتىكى دالا يولىدىن يەنە بىر نەچچە مىڭ قاچقۇن كەلگەن ئىدى.

گۈلخانلارنىڭ يېنىدا، هارۋىلارنىڭ ئۈستىدە هەربىلەرنىڭ غۇڭۇلدىغىنىدەك، گۇرۇڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

— دەريادىن ئۆتۈش نۆۋىتى بىزگە قاچان كېلىدىكىنە؟ئۇھ، كۆتە ـ كۆتە، تاقىتىمىز تاق بولدىغۇ!

— خۇدا ئۇرسۇن، ئاشلىقنى دونغا تۆكۈۋېتىمەن، قىزىللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن!

— سالىنىڭ قېشىدا ئادەملەر قارا بۇلۇتتەك تۇرۇشىدۇ!

— ۋاي بېشىم، بىز ساندۇقلارنى قىرغاقتا قانداقمۇ تاشلاپ كېتەرمىز؟

— مال ـ دۇنيالارنى تۆپلىدۇق ـ توپلىدۇق ... جانابى ئاللا-

ئەيسا مەسىھ، رىزىق بەرگۈچىمىز!

— ئۆز يېرىمىزدە تۇغۇلغان يەر بولۇپ قالسىچۇ...

— بىزنى ئاشۇ ۋېشكىغا قانداق جىن ھەيدەپ كەلدى - ھە!

— كالىنوف ئۇگولنى پاك - پاكىز كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، دېيىشىدۇ.

— مەن سالىنىڭ ئېشىغا بىر تۇۋالاي دېگەن ئىدىم..

— خوش، قاچمىغىنىمىزدا، بىزنى كەچۈرۈم قىلارمىدى!

— ئۇلاردا: يەتتە ياشاردىن 70 ياشارغىچە ھەممە كازاكلارنى چېپىپ تاشلاش كېرەك، دېگەن بۇيرۇق بار ئىكەن.

— بىزنى بۇ تەرەپتە قوغداپ قېلىشسا... ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟

— ماغدۇرنى قۇرۇتۇۋاتىدۇ!...

بىر سىرلانغان تاۋۇرچان بىرىچىكىسىنىڭ يېنىدا ئاق قاش قامەتلىك بىر چال ناتىقلارچە سۆزلەپ تۇراتتى، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ۋە ھاكىملارچە قىلىقلىرىدىن قارىغاندا، يېزا ئاتامانىدەك قىلاتتى، مەيدىسىدە نەچچە يىللاردىن بۇيان ئېسىپ كەلگەن مىس يالتىلىغان ئاتامانلىق بەلگىسى بار ئىدى:

— ... مەن سوئال قويۇپ: «دېمەك، ئادەملەر مۇشۇ قىرغاقتا ھالاك بولۇشى كېرەكمۇ؟ بىز لاقا - لۇقىلىرىمىزنى نېرىقى تەرەپكە قاچاندا ئۆتكۈزىدىكەنمىز؟ قىزىللار بىزنى تۇرغان يېرىمىزدىلا قىرىپ تاشلىسۇنمۇ؟!» — دېدىم. ئۇ، جانابى ئالى ماڭا: «شۈبھىلەنمە، تاغا! پۈتۈن خەلق ئۆتۈپ بولمىغۇچە بىز ئۇرۇش سېپىدىن مىدىرلىمايمىز، بۇ يەردە قاتتىق تۇرىمىز، ئۈستىخانلىرىمىز قالسا قالىدۇكى، ئەمما بالا - چاقا، قېرى - چۆرىلىرىمىزنى ھەرگىز چىقىمغا ئۇچراتمايمىز!» — دېدى.

ئاق قاش ئاتاماننى چاللار بىلەن خوتۇنلار چۆرىدىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ نۇتقىنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. كېيىن ئومۇمى يۇزلۈك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— ئۇنداق بولسا زەمبىرەكچىلەر نىمىشقا قېچىشتى؟

— ئۇلار سۇدىن ئۆتۈشكە ئالدىرىشىپ، ئاتقا دەسسەتكەن ئادەملىرى ئاز بولدىمۇ!...

— ئەنە ئاتلىق قىسىملارمۇ كەلدى...

— گىرىگورىي مېلېخوف فورونتنى تاشلاپ كېتىپتۇ، دىگەن گەپ بار.

— شۇ تەرتىپ بولدىمۇ؟ ئاھالىنى تاشلاپ، ئۆزلىرى كەتكىنى نىمىسى؟...

— قوشۇنلىرىمىز ئالدى بىلەن كېتىشىۋاتىدۇ!...

— بىزنى كىم قوغدايدىكەن؟

— قارا، كاۋالېرىيەنىڭ ئاتلىرى ئۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ!...

— ھەركىمگە ئۆز كۆينىگى يېقىن...

— دۇرۇس گەپ!

— ھەممىسى بىزگە خائىنلىق قىلىشتى!

— ھالاك بولىدىغان، چاغ يېقىنلاپ قالدى، گەپ مانا شۇ!

— چاللارنى نان - تۇز بىلەن قىزىللارنىڭ قېشىغا ئەۋەتىش لازىم، بەلكىم رەھىم - شەپقەت قىلار، ئۆلتۈرۈۋەتمەس.

تار كوچىنىڭ ئاغزىدا، تاملىرى كىرپىچتىن ياسالغان چوڭ شىپاخانا بىناسىنىڭ قېشىدا بىر ئاتلىق ئادەم پەيدا بولىدۇ، مىلتىغى ئىگەرنىڭ ئالدىنقى قېشىغا ئېسىقلىق، يېشىل ساپلىق نەيزىسى بىر بىقىنىدا پولاڭشىپ تۇرىدۇ.

— ئاۋۇ مېنىڭ مىكىشكامغۇ! — يالاڭباش ياشىنىپ قالغان

بىر ئايال خۇشاللىقىدىن ۋاقىرىۋېتىدۇ.

مومای هارۋىنىڭ ئوق ياغىچىدىن ئاتلاپ، ئات ۋە هارۋىلار- نىڭ ئارىلىقلىرىدىن سىقىلىپ ئۆتۈپ، ھېلىقى ئاتلىققا قاراپ يۈ- گۈرىدۇ. بۇ ئاتلىقنى، كىشىلەر ئۇزەڭگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، توختىتى- دۇ. ئۇ سۇرگۈچ بىلەن پېچەتلەنگەن بىر قەغەز خالتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋاقىرايدۇ:

— مەن باش شتاپقا خەۋەر ئېلىپ كېتىۋاتىمەن! ماڭا يول بېرىڭلار!

— مىشىنكا! ئوغلۇم! — ياشىنىپ قالغان ئايال هاياجان ئىچىدە ۋاقىرايدۇ. ئۇنىڭ ئاق سانچىغان قارا چاچلىرى توزغۇپ، ئاتلىقتىن پارلىغان يۈزىگە تال - تال تۆكۈلىدۇ. ئۇ ھىڭگىسى، كۈلۈمسىرىگەن پېتى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئۇزەڭگىگە، ئاتنىڭ تەرلىگەن بىقىنىغا مەھكەم يېپىشىپ:

— بىزنىڭ يېزىدا بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— بولدۇم، ئۇ يەردە ھازىر قىزىللار...

— بىزنىڭ ئۆيىمىزچۇ؟

— بىزنىڭ ئۆي ساق، ئەمما فېدوتنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بىزنىڭ سارايغا ئوت تۇتاشقان ئىكەن، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆچۈرۈشۈپ- تۇ. شۇ ياقتىن قېچىپ كەلگەن ئىدى، ئاشۇ ئېيتىپ بەر- دى. قىزىللارنىڭ باشلىقى مۇنداق دەپتۇمىش: «بىرمۇ كەمبەغەل- نىڭ ئۆيى كۆيمىسۇن، بۇرژۇينىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈڭلار.»

— ئۇنداق بولسا، خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى! تەڭرى ئامان قىلسۇن ئۇلارنى! — ئايال چوقۇنۇپ قويىدۇ.

قاپىقى سىلىنغان بىر چال ئەزەپلىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

www.uyghurkitap.com

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، جانىم! خوشناڭنىڭ ئۆيىنى ئۆرتىۋەتسە، «خۇداغا شۈكرى» دەمسەن؟

— نېمە بولسا بولمامدۇ! — دەپ قىزىشىپ جاۋىلداپلا كېتىدۇ ئايال، — ئۇ يەنە ئۆزى سېلىۋالدۇ. ئەگەر مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا بېشىمنى قايسى تاشقا ئۇراتتىم؟ قېدوتنىڭ يەرگە كۆمۈكلۈك بىر كوزا ئالتۇنى بار، مەندىچۇ ... ئۆمۈر بويى كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە، مۇھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدىم!

— جېنىم ئانا، مېنى قويۇۋەت! مەن مۇنۇ ماتېرىيالنى تېزرەك يەتكۈزۈشۈم كېرەك، — ئاتلىق ئېگەر ئۈستىدىن ئېڭىشىپ ئانىسىغا يالۋۇرىدۇ.

ئانا ئاتقا يانداشىپ ماڭىدۇ، مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئوغلىنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قولىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئۆز ھارۋىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېتىدۇ، ئاتلىق يىگىت ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋاقىرايدۇ:

— بىر چەتكە تۇرۇڭلار! باش قوماندانلىققا خەت ئېلىپ كېتىۋاتىمەن! يولنى ئېچىۋېتىڭلار!

ئۇنىڭ ئېتى قۇيرۇقىنى تولغاپ، ئويناقلاپ مېڭىپ كېتىدۇ، كىشىلەر خالا - خالىماس ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىدۇ، ئاتلىق جەڭچى ئاستا ماڭغاندەك قىلىسىمۇ، بىردەمدىلا ھارۋىلارنىڭ، ئات ۋە ئۆكۈزلەرنىڭ دومبىسى ئارقىسىدا كۆزدىن غايىپ بولىدۇ، مىغ - مىغ خالايىقنىڭ ئۈستىدە پەقەت ئۇنىڭ نەيزىسىلا ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، بارغانسېرى دونغا قاراپ يېقىنلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

# 61

بىر كۈن ئىچىدە بارلىق قوزغىلاڭچىلار قىسىملىرى ۋە قاچقۇنلار دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بولدى، گرىگورىي مېلېخوفنىڭ 1 ـ دىۋىزىيىسى قارمىغىدىكى ۋېشېنسكايا پولكىنىڭ ئاتلىق بۆلۈملىرى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆتتى.

گرىگورىي ئۆزىنىڭ خىللانغان 12 بۆلۈمىسى بىلەن كەچكىچە قىزىللارنىڭ 33 ـ كۇبان دىۋىزىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتىپ تۇرغان ئىدى. سائەت بەش بولغاندا كودىنوفتىن ھەربىي قىسىملار ۋە قاچقۇنلار دەريادىن ئۆتۈپ بولدى، دىگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى، مانا شۇ چاغدىلا ئۆز قىسىملىرىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى.

بالدۇرلا ئىشلەپ قويۇلغان پىلان بويىچە دون بويلىرى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بۆلۈملىرى دەريادىن ئۆتۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇنلىشىشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈشكە يېقىن شتاپقا بۆلۈملەردىن خەۋەر كېلىشكە باشلىدى. بۇ بۆلۈملەرنىڭ كۆپچىلىكى سول قىرغاق بويلاپ، ئۆز يېزىلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلىشىپ بولغان.

يېزىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەردە بوش مۇساپە قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەرگە قىرغاق بويلاپ دالا يوللىرىدىن كەلگەن كازاكلارنىڭ بۆلۈملىرى ئەۋەتىلدى. كرۇژىلىنىسكايا، ماكسايېۋو ـ سىنگىلىنىسكايا، كارگىنىسكايا پىيادە قىسىملىرى، لاتىشېۋسكايا، لىخوۋىدووسكايا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گراچېۋسكايا بۆلۈنمىلىرى يېگارېۋكا بىلەن ۋېشنېۋسكايانىڭ لېباژنىسكى بىلەن كىراسنويارىسكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق جايلارنى ئىگەللىدى. قالغانلىرى ئارقا سەپكە، يەنى دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى دۇبروفكا، چېرنىي، گوروخوفكا يېزىلىرىغا چېكىندى. سافونوفنىڭ پىكرى بويىچە، مۇبادا قىزىللار فرونتنى يېرىپ ئۆتسە ئۇلار قوماندانلىقتا لازىم بولىدىغان زاپاس كۈچلەر بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى.

قوزغىلاڭچىلار فرونتى دوننىڭ سول تەرىپىدىكى كازانسكايا كەنتىنىڭ غەربىدىكى چەت يېزىلاردىن تاكى ئۇست - خوپېرغا قەدەر بولغان 150 چاقىرىم يەرگە سوزۇلدى.

دەريادىن ئۆتكەن كازاكلار پوزىتسىيە جەڭلىرىگە تەييارلاندى: ئالدىراشلىق بىلەن خەندەكلەرنى قازدى، پالتا ۋە ھەرە بىلەن تېرەك، سۆگەت، دۇپ دەرەخلىرىنى كەستى، بىلىنداژ ۋە پىلىموت ئۇۋۇلىرىنى قۇردى. قاچقۇنلاردىن يىغىۋالغان بوش قاپلارنى قۇم بىلەن تولدۇرۇپ، بىر تۇتاش خەندەك قىرلىرى بويلاپ دالدا توساق ياسىدى.

خەندەك قېزىش ئىشى كەچكە يېقىن ھەممە يەردە ئاياقلاشتى. ۋېشنېۋسكايانىڭ نېرىسىدىكى قارىغاي كۆچەتزارلىقى ئىچىگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ 1 - ۋە 3 - باتارىيىلىرى نىقاپلاپ قويۇلدى. سەككىز زەمبىرەك ئۈچۈن بار - يوقى بەش دانە سنارەت بار ئىدى، مىلتىق ئوقلىرىمۇ ئاياقلىشاي دەپ قالغان ئىدى. كودىنوف ئاتلىق چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئوق چىقىرىپ قوغدىنىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقتا ھەر بۆلۈنمىدىن بىر - ئىككى ئەڭ ئۇستا مەرگەن ئاجرىتىپ ئۇلارنى يېتەرلىك ئوق بىلەن تەمىنلەش، ئوق قىرغاقتىن

كى يېزىلارنىڭ كوچىلىرىدا قىزىللارنىڭ پىلىموتچىلىرى ۋە ئەسكەرلىرى كۆرۈنگەن ھامان، ئاشۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇستا مەرگەنلەر ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ يوقىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. قالغانلارغا قىزىللار دەريادىن ئۆتۈشكە كىرىشكەن چاغدىلا ئوق ئېتىش رۇخسەت قىلىنغان ئىدى.

گرىگورىي مېلېخوف ئۆز دىۋىزىيىسىنىڭ دون بويىلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسىملىرىنى قاش قارايغان چاغدىلا ئارىلاپ چىقىپ بولدى، شۇندىن كېيىن قونۇش ئۈچۈن ۋېشېنسكاياغا قايتىپ كەلدى.

قىرغاق تۈۋىدىكى توزلەڭ يەرلەردە ئوت يېقىش مەنئى قىلىنغان ئىدى. ۋېشېنسكايادىمۇ ئوت يورۇقى كۆرۈنمەيتتى. دوننىڭ پۈتۈن سول قىرغىقىدىكى يەرلەر بىنەپشە رەڭ تۇمانغا غەرق بولغان.

تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭلا بازكى دۆڭلۈكىدە قىزىللارنىڭ دەسلەپكى چارلىغۇچىلىرى كۆرۈندى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار ئۇست-خوپېرسكايادىن تاكى كازانسكاياغىچە بولغان ئوڭ قىرغاقتىكى بارلىق قورغانلاردا مىلتىلداپ كۆپەيگىلى تۇردى. قىزىللار فرونتى قۇدرەتلىك لاۋىدەك دونغا قاراپ دومىلاشقا باشلىدى. كېيىن چارلىغۇچىلار كۆزدىن غايىپ بولدى-دە، چۈشكىچە دۆڭلۈكلەر چۆل-بىپاياندەك ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى.

گېتمان يولىدا ئاسمانغا كۆتىرىلگەن ئاپپاق چاڭ-توزاڭنى شامال پىقىرىتىپ تۇراتتى. جەنۇپتا ئوت يالقۇنىنىڭ قىزغۇچ قارا تۇمانى تېخىچە بېسىلمىغان. شامال توزغىتىۋەتكەن قارا بۇلۇتلار يېڭىۋاشتىن توپلىنىۋاتاتتى. دۆڭ-قىرلارنىڭ ئۈستىگە قاناتلىق بۇلۇتنىڭ سايىسى قوندى. توساتتىن چاقماق چېقىپ، كۈندۈزنىڭ

يورۇغىدا ئاپپاق تۇستە ۋالىلداپ كەتتى. چاقماق بىر لەھزە جىم-
جىمدار كۈمۈش كەشتىگە ئوخشاش كۆكۈش بۇلۇتنىڭ چەت-
چۆرىسىنى ئۇردۇۋالدى - دە، بىردىن پاقىراق نەيزىدەك تۆۋەنگە
شۇڭغۇپ، قاراۋۇل قورغىنىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان كۆكرىكىگە ئۇرۇل-
دى. گۈلدۈرماما ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قارا بۇ-
لۇتنى قاق ئوتتۇرىسىدىن پارچىلىغاندەك بولدى - دە، ئۇنىڭ
باغرىدىن شارىلداپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. شامال ئۇنى قىيپاشلاندۇ-
رۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئاپپاق دولقۇنلىرىنى دون بويىدىكى تاغ
تىزمىلىرىنىڭ گەج قىيالىقلىرىغا، ئىسسىقتىن سولاشقان ئاپتاپپەرە-
سلەرگە، سالپىيىپ قالغان زىرائەتلەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى.

يامغۇر، ياش، ئەمما چاڭ - توزاڭدىن قىرىپ قالغاندەك
سۇر تۇسكە كىرگەن ياپراقلارنى قايتىدىن ياشارتىۋەتتى. باھار
مايسىلىرى تىنىق پاقىراشقا باشلىدى، سېرىق بەرگىلىك ئاپتاپپەرە-
سلەر يۇمۇلاق باشلىرىنى كۆتەردى، باغچىلاردىن چېچەك ئېچى-
ۋاتقان كاۋىلارنىڭ ھەسەلدەك ھىدى ئاڭقىدى. تەشنالىقىنى قان-
دۇرغان يەر ئۇزاققىچە ھورلىنىپ تۇردى...

چۈش ۋاقتى بولغاندا، دون بويىدىكى تاغ قىرلىرى بويلاپ،
دەريا ياقىسىنىڭ ئۈستى بىلەن تاكى ئازوۋ دېڭىزىغىچە سوزۇلۇپ،
شالاڭ سەپ ھاسىل قىلغان قاراۋۇل قورغانلىرىدا قىزىل ئارمىيە-
نىڭ ئالدىنقى چارلىغۇچى قىسىملىرى يەنە پەيدا بولدى.

قورغانلارنىڭ تۆپىسىدىن كۆز تىككەندە، دوننىڭ نېرىقى تە-
رىپىدە، ئويمان كۆللىرى يېشىل ئاراللارغا ئوخشاش چاتقال بىلەن
ئايرىلىپ تۇرغان سېرىق بارخان تۈزلەڭلىك نەچچە ئونلىغان چاقى-
رىم يەرگىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىزىل ئارمىيە چارلىغۇچىلىرى
يېزىلارغا ئېھتىيات بىلەن چۈشۈشكە باشلىدى. پىيادىلەر تىزما سەپ

بولۇپ، دۆڭنىڭ ئۈستىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشكىلى تۇردى. بىر زامانلاردا پولوۋىتسىلار* بىلەن برودنىكلەر** كۆزەتچىلىرى دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىنى كۆزەت قىلىپ تۇرغان بۇ قەدىمىي قاراۋۇللۇق قورغانلىرىنىڭ ئارقىسىغا قىزىللارنىڭ باتارېيىلىرى كېلىپ توختىدى.

بېلوگور تېغىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان باتارېيە ۋېشىنىسكايانى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. 1 ـ توپ ئوقى مەيداندا پارتلىدى، ئۇندىن كېيىن سىنارەت يېرىلغان يەردىن كۆتۈرۈلگەن سۇر تۇتۇنلەر بىلەن شىراپنېللارنىڭ شامالدا ئېرىپ كېتىۋاتقان سۈتتەك ئاپپاق ئىسلىرى كەنتنىڭ ئۈستىنى قاپلىۋالدى. يەنە ئۈچ باتارېيە زەمبىرەكلىرى ۋېشىنىسكايانى ۋە دون بويىدىكى كازاك خەندەكلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى.

چوڭ گروموكتا پىلىموتلار قەھرى بىلەن سايراپ كەتتى. «گوچكىس» ماركىلىق ئىككى پىلىموت توختاپ ـ توختاپ، نۆۋەت بىلەن ئوق چىقىراتتى، ئوتتۇرىچە ئاۋازلىق «ماكسىم» دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى زەنجىرسىمان سەپ بويىچە يۆگۈرۈپ كېتىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار پىيادىلىرىنى نىشانغا ئېلىپ، تۆمۈر پىترەلارنى تىنىمسىز ياغدۇرۇپ تۇردى. كارۋان ھارۋىلار دۆڭلەرنىڭ قېشىغا توپلىنىۋاتاتتى. تاغالچا ئۆسكەن تاغ باغرىلىرىدا ئاكوپ قېزىلىۋاتاتتى. كېتمان يولىدا ئىككى چاقلىق ئىزۋاشلار بىلەن فورمانكا***لارنىڭ چاقلىرى تاراقلاپ، بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

---

* پولوۋىتسىلار — مىلادىنىڭ 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلىرىدە جەنۇبىي رۇسىيىگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان تۈرك قەبىلىسىدىن بولغان خەلق — ت.

** برودنىكلەر — 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە شەرقىي جەنۇبىي رۇسىيىنىڭ دالىلىرىدا ۋە ۋېنگرىيىدە ئولتۇراقلاشقان كۆچمەنچى خەلق — ت.

*** فورمانكا — يۈك توشۇيدىغان ھارۋا — ت.

چاڭ - توزاڭ ئېتەك يېيىپ، ئۇزۇلدىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ باراتتى.

زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىشى پۈتۈن فرونتنى بويلاپ ياڭراتتى. قىزىللارنىڭ باتارېيىلىرى دون بويىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغلىق جايلاردىن ئوت ئېچىپ دوننىڭ نېرىقى تەرىپىنى كەچ كىرگۈچە ئوققا تۇتۇپ تۇردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ خەندەكلىرى ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ كەتكەن ئوچاستكىلار كازانسكايادىن تاكى ئۇست - خوپېرسكاياغىچە جىمجىت بولۇپ قالدى. ئات باقارلار ئاتلارنى ئېلىپ، قومۇش، قىياق ۋە يېكەن ئۆسكەن قېلىن چاتقاللىق ئىچىگە يوشۇرۇندى. بۇ يەردە ئاتلارنى ئۇششاق ھاشارەتلەر بىئارام قىلمايتتى، چۈنكى ئەتراپنى ياۋا كەندىر قورشاپ تۇرغاچقا، توقاينىڭ ئىچى سالقىن ئىدى. دەرەخلەر بىلەن ئاق تاللار قىزىل ئارمىيە كۆزەتچىلىرىدىن يوشۇرۇنۇشقا ئوبدان باشپانا بولاتتى.

ياپ - يېشىل چىمەنزارلىقتا ئىنس - جىن يوق ئىدى. ئوتلاقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىلا دوندىن يىراقلىشىپ قېچىپ بېرىۋاتقان قاچقۇنلارنىڭ قورقۇنچىدىن دوڭغاقلاپ ماڭغان فىگۇرىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. قىزىل ئارمىيە پىلىموتى ئۇلارغا قارىتىپ بىرنەچچە قېتىم تاتاتىلىتىپ ئوق ياغدۇرغان ئىدى، پىلىموت ئوقىنىڭ چىيىقىراپ ئۆتۈشىدىن قاتتىق چۆچۈگەن قاچقۇنلار يەرگە يېتىۋېلىشتى. ئۇلار قېلىن ئوت - چۆپ ئارىسىدا قاش قارايغانغا قەدەر يېتىپ، شۇندىن كېيىنلا ئورمانغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى، ئاندىن ئالدى - ئارقىسىغا قارىماستىن، پۇت - قولى يەرگە تەگمەستىن شىمالغا، ئولخا ۋە قېيىن دەرەخلىرى قېلىن ئۆسكەن، ھەممىنى مېھماندوستلۇق بىلەن ئۆزىگە ئىملاپ چاقىرىپ تۇرغان

ئويىانلىقتىكى كۆلگە يېتىپ بېرىۋالدى.

ۋېشېنسكايا ئىككى كۈن شىددەتلىك ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئاستىدا قالدى. ئاھالە گەمە ئۆيلەر بىلەن پودۋاللارغا مۆكۈنۈۋېلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشمىدى. كەنتنىڭ سىنارەت گوداڭ قىلىپ تاشلىغان كوچىلىرى پەقەت كېچىدىلا جانلىنىپ قالاتتى.

شتاپتا بۇنچىلىك شىددەتلىك ئوققا تۇتۇش باشقا مەقسەتنى كۆزدە تۇتمايدۇ، پەقەت ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ ۋە دەريادىن كېچىپ ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقى دىگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، قىزىللار دوندىن كېچىپ ئۆتۈشنى دەل ۋېشېنسكايانىڭ ئۇدۇلىدىن باشلايدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت — ۋېشېنسكايانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن توپ - توز كەتكەن فرونت لىنىيىسىگە شىندەك قېقىلىپ كىرىپ، فرونتنى ئىككىگە ئايرىش، ئۇندىن كېيىن كالاچ ۋە ئۇست - مېدۋېدىتسادىن ئايلانما ھۇجۇم باشلاپ، ئۈزۈل - كېسىل زەربە بېرىش دىگەن خەۋپسىرەشلەر بولدى.

كودىنوفنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، ۋېشېنسكايا ئۇدۇلىدىكى دون ياقىسىغا 20 دىن ئوشۇق پىلىموت مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، يېتەرلىك مىقداردا ئوق ئېھتىيارى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. باتارىيە كوماندىرلىرى ساقلاپ قويۇلغان سىنارەتلەرنى پەقەت قىزىللار دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان چاغدىلا ئېتىڭلار، دىگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. سال ۋە بارلىق قېيىقلار ۋېشېنسكايانىڭ يۇقۇرىسىدىكى دەريا قولتۇقىغا ئېپكېلىنىپ، كۈچلۈك قوغداش ئاستىغا ئېلىندى.

شتاپتىكىلەرنىڭ ئەنسىرىشى گىرىگورىي مېلېخوفقا ئاسا-

سىزدەك كۆرۈنەتتى. 24 ـ مايدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشمىدە ئۇ ئىلىيە سافونوفنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر پىكىردىكىلەرنىڭ تەخمىنلىرىنى مەسخىرە قىلدى.

— ئۇلار ۋېشكىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئىمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتىدۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئۇ يەر دەريادىن ئۆتۈشكە قۇلايلىق جايمۇ؟ ئۆزەڭلار بىر قاراپ بېقىڭلار: ئۇ تەرەپ داپقا ئوخشاش تاپ ـ تاقىر يالىڭاچ قىرغاق، تۈپ ـ تۈز كەتكەن قۇملۇق، دوننىڭ لېۋىدە بولسا نە دەرەخزار، نە تۇقايزار يوق. قانداق ئەخمەق بۇ يەردىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدۇ؟ پەقەت ئىلىيە سافونوفلا ئۆز قابىلىيىتى ئارقىسىدا مۇنداق ھاڭغا چۈشۈشى مۇمكىن... مۇنداق يالىڭاچ قىرغاقتا پىلىموتلار بىر ئادەمنىمۇ قالدۇرماي قىرىپ تاشلىمامدۇ؟ سەن، كودىنوف، قىزىل كوماندىرلارنى بىز ئىككىمىزدىن دۆترەك دەپ ئويلاپ قالما! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزدىنمۇ كاللىسى ئۆتكۈر ئادەملەر بار! ئۇلار ئۇدۇللا ۋېشكىغا يول ئالمايدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى بۇ يەردىن كۈتمەسلىكىمىز كېرەك ياكى سۈيى تېيىز، كېچىپ ئۆتكىلى بولىدىغان تاشلىق يەردە ياكى يوشۇرۇنۇشقا بولىدىغان قات ـ قات يەرلىرى ۋە ئورمىنى بار جايدا كۈتۈشىمىز كېرەك. ئەنە شۇنداق خەتەرلىك يەرلەرنى قاتتىق كۆزىتىپ تۇرۇشىمىز لازىم. بولۇپمۇ كېچىلەردە شۇنداق؛ كازاكلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش كېرەككى، ئۇلار ئادىشىپ يۈرمىسۇن، قاغىدەك قاقىلداۋەرمىسۇن، خەۋپلىك يەرلەرگە بۇرۇنراق زاپاس كۈچلەر يۆتكەپ كېلىنىپ، باشقا كۈن چۈشكەندە ئىشقا سېلىنىدىغان بولسۇن.

— ۋېشكىغا ھۇجۇم قىلمايدۇ، دېدىڭمۇ؟ ئۇنداق بولسا نىمىشقا كەنتنى كەچكىچە زەمبىرەكتىن ئوققا تۇتىدۇ؟ — دەپ سو-

گاڭ قويدى سافونوفنىڭ ياردەمچىسى،

— بىۋنى سەن ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سورا. پەقەت بىرلا ۋېشكىغا ئوق ئېتىشىۋاتامدۇ؟ ئۇلار كازانكىنىمۇ سوقۇۋاتىدۇ، يېرىنىسكىغا ئەنە ئاۋۇ سىمبىنوف تېغىدىن ئوق ياغدۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار ھەممە يەردە زەمبىرەكنى ئىشقا سالماقتا. ئۇلارنىڭ سىنارەتلىرى بىزنىڭكىدىن سەل كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ مۇنۇ ئارتىللېرىيىمىزدە بەش سىنارەت بار، ئۇلارنىڭ قېپى دۇپ ياغىچىدىن يونۇپ ياسالغان.

كودىنوف قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— مانا، بۇ گەپنى دەل جايىدا قويدۇڭ!

— بۇ يەردە ھەممىنى تەنقىت ئاستىغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق! — دەپ خاپا بولدى كېكەشمىگە قاتناشقان 3 - باتارىيە كوماندىرى، — بۇ يەردە ئىش توغرىلىق سۆزلەش لازىم.

— سەنمۇ سۆزلە، تىلىڭنى كىم باغلاپ قويىدى؟ — كودىنوف قاپىغىنى تۈرۈپ، كەمىرىنى ئويناشقا باشلىدى، — سەن ئىسمەلەرگە: «سىنارەتلەرنى بىكارلا ئېتىپ ئىسراپ قىلماڭلار، مۇھىم پەيتلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويۇڭلار!» — دەپ قانچە قېتىملار ئېيتىلدى. بۇ گەپ قۇلىغىڭلارغا كىرمىدى، ئۈچرىغانلا نەرسىگە ئېتىۋەردىڭلار، كارۋان ھارۋىلارغىمۇ ئاتتىڭلار. مانا ئەمدى جان ھەلقۇمغا كەلگەندە، ئېتىشقا بىر تال نەرسەڭ يوق. تەنقىتكە خاپا بولۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ مېلېخوفنىڭ ئەمەن ياغىچى ئارتىللېرىيىلىرىڭلارنى مەسخىرە قىلغانلىقى ناھايىتى توغرا. سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار كۈلكىگە لايىق!

كودىنوف، گىرىگورىي تەرەپتە تۈرۈپ، ئۇنىڭ دەريادىن ئۆتۈشكە ئەڭ قۇلايلىق بولغان جايلارغا كۈچلۈك كۈزەت قويۇش ۋە

خەتەرلىك ئوچاستكىلارغا بىۋاستە يېقىن بولغان يەرلەرگە [illegible] قىسىملارنى توپلاش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى قەتئىي قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. ۋېشېنىسكايانىڭ ئۆزىدىكى پىلىموتلاردىن بىر نەچچەسىنى ئاجرىتىپ، يېلوگورىسكايا، مىركولوۋىسكايا ۋە گروموسكوۋىسكايا بۆلۈنمىلىرىگە بېرىلسۇن، دىگەن قارارغا كېلىشتى، چۈنكى، بۇلارنىڭ ئوچاستكىلىرى دەريادىن ئۆتۈش ئېھتىمالى ئەڭ چوڭ بولغان جايلار ئىدى.

گرىگورىينىڭ قىزىللار ۋېشېنىسكايانىڭ ئۇدۇلىدىن دەريادىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرمەيدۇ، ئۇلار بۇ ئىش ئۈچۈن باشقا بىر قولايلىق جاينى تاللايدۇ، دىگەن پەرىزى ئەتىسىلا راست چىقتى. شۇ كۈنى ئەتىگەن گروموك بۆلۈنمىسىنىڭ كوماندىرى قىزىللار دەريادىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلدى. كېچىچە دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ، بولقىلارنىڭ توكۇلدىشى، چاقلارنىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئىدى. قەيەردىندۇ گروموكقا نۇرغۇن هارۋىلاردا تاختاي ئېپكېلىشىپ، ئۇلارنى هارۋىدىن چۈشۈرۈش بىلەنلا هايال ئۆتمەي هەربىلەر شارتىلداشقا باشلىدى، پالتا ۋە بولقىلارنىڭ توك-توكلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىزىللارنىڭ بىر نەرسە ياساۋاتقانلىقىغا هەر جەهەتتىن هۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. كازاكلار دەسلەپتە لەيلىمە كۆۋرۈك سېلىنىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتى. قاراملاردىن بىر-ئىككىسى كېچىدە ياغاچچىلىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان يەرنىڭ يۇقۇرىسىغا يېرىم چاقىرىم ئىچكىرىلەپ بېرىپ، كېيىم-كېچەكلىرىنى سالدى-دە، بېشىغا پۈركۈۋالغان نوتا شاخلار بىلەن نىقاپلىنىپ، دەريانىڭ ئېقىنى بويىچە ئاستا تۆۋەنگە ئۈزدى. بۇلار قىرغاقنىڭ ئالدىغىلا باردى، يېقىنلا بىر يەردە سۆگەتلىكنىڭ تۆۋىگە جايلاشقان پىلىموت

ۋاستاۋىسىنىڭ قىزىل ئەسكەرلىرى سۆزلىشىپ تۇراتتى، يېزىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار، پالتىلارنىڭ تاقىلدىشى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەمما سۇنىڭ يۈزىدە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، قىزىللار بىر نەرسە ياسىغان بولسا، ئۇ، ھەر ھالدا كۆۋرۈك ئەمەس ئىدى.

گروموك بۆلۈمىسىنىڭ كوماندىرى دۈشمەن تەرەپنى كۈزى- تىشنى كۈچەيتتى، سەھەردىن باشلاپ دۇربۇندىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇرغان كۈزەتچىلەر ئۇزاققىچە ھېچنېمىنى كۆرۈشمىدى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي بۆلارنىڭ بىرسى، گېرمان سوقۇشىدا پولكتا ئەڭ ياخشى مەرگەن ھېساپلانغان، بىرسى، تاڭ قاراڭغۇسىدا بىر قىزىل ئەسكەرنىڭ ئىگەرلەنگەن ئىككى ئات بىلەن دونغا قاراپ پەسكە چۈشۈۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالدى.

— بىر قىزىل ئەسكەر سۇغا قاراپ پەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى كازاك يېنىدىكى شېرىكىگە دۇربۇننى كۆزىدىن ئېلىپ.

ئاتلار دەرياغا تىزىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سۇ ئىچىشكە باشلىدى.

كازاك مىلتىقىنىڭ ئۇزۇن تاسمىسىنى سول قولىنىڭ جەينى- كىگە ئۆتكۈزۈپ، ئاستا رامكىسىنى كۆتىرىپ قويدى - دە، ئۇزاق- قىچە ۋە پۇختا نىشانغا ئېلىپ تۇردى...

مىلتىق ئېتىلغاندىن كېيىن ئاتلارنىڭ بىرسى، بىقىنىچە يۇمشاققىنا يىقىلدى، يەنە بىرسى، ئىگىزگە قاراپ چاپتى، قىزىل ئەسكەر ئۆلگەن ئاتنىڭ ئىگىرىنى ئالماقچى بولۇپ، پەسكە ئىگىش- كەن ئىدى، كازاك 2 - قېتىم ئوق ئۈزۈپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى: قىزىل ئەسكەر دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ، دوندىن قاچماقچى بولۇۋ-

www.uyghurkitap.com

دى، ئەمما توساتتىن غۇلاپ چۈشتى. ئۇ دۈم چۈشكەن پېتى قايتا ئورنىدىن تۇرمىدى...

گىرىگورىي مېلېخوف قىزىللارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا ئېتىنى ئىگەرلەپ، گروموك بۆلۈنمىسىنىڭ ئوچاستىكىسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كەنتنىڭ تېشىغا چىققاندىن كېيىن دوندىن تارماقلىنىپ چىققان ۋە كەنتنىڭ چېتىگىچە سوزۇلغان كۆلنىڭ تار بىر يېرىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئورماننىڭ ئىچى بىلەن ماڭدى.

يول ئوتلاقتىن ئۆتەتتى، ئەمما ئوتلاق بىلەن يۈرۈش خەۋپلىك ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن گىرىگورىي بىرقەدەر ئايلانما يولنى تاللىدى: راسوخوۋو كۆلىنىڭ بىر بېشىغىچە ئورمان بىلەن مېڭىپ، دۆمبەش چىغىر يول ۋە ئاقتال بويلاپ، قالماق ئۆتكىلىگە يېتىپ باردى (بۇ يەر ئوتلاقتىكى كۆلچەكلەرنىڭ بىرىنى پودىستويلىنسا كۆلى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان، نىلۇپەر، ياۋا چېڭسەي ۋە قومۇش قېلىن ئۆسكەن تار ئۆتكەل ئىدى)، ئۇ قالماق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش بىلەنلا ئېتىنى توختىتىپ، بىرنەچچە مىنۇت دەم ئالدۇردى.

دونغىچە بۇ يەرنىڭ ئارىلىغى ئىككى چاقىرىمدەك كېلەتتى، ئوتلاق بىلەن خەندەكلەرگە بېرىش — ئوق يامغۇرى ئاستىدا قېلىش دېگەن سۆز ئىدى. تۈز كەتكەن ئوتلاقنى قاراڭغۇدا كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن كەچكى كۈگۈم چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقىمۇ بولاتتى، لېكىن كۈتۈپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ھەر دائىم: «ئالەمدە ھەممىدىن يامان نەرسە — كۈتۈپ تۇرۇش ۋە قوغلاش»، دەيدىغان گىرىگورىي دەرھاللا يۈرۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى، «ئېتىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ چاپتۇرسام، بەلكىم، ئوق تەگمەس!» — دەپ ئويلىدى ئۇ، شاخلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋېتىپ.

ئۇ، دون بويىدىكى ئورمانىنىڭ بىر تارمىغى بولغان باي - يېشىل سۆگەتلىك قىرلار بىلەن مېڭىشنى تاللاپ، قامچىسىنى ئىگىز كۆتەردى. ساغرىسىنى چىمىلدىتىۋەتكەن زەربىدىن، «چۇ!» دىگەن ياۋايى ۋاقىراشتىن ئات بىچارىنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى، قۇلىغىنى ئارقىسىغا قايرىدى - دە، چېپىشىنى بارغانسېرى تېزلىتىپ، دونغا قاراپ شامالدەك ئۇچتى، گرىگورىي 50 سار- جىن يول باسماي تۇرۇپلا، ئوڭ قىرغاقتىكى دۆڭدىن پىلموت بۇنىڭغا قارىتا ئۈستى - ئۈستىگە ئوق ياغدۇردى. «تيۇت! تيۇت! تيۇت! تيۇ! تيۇ!» — ئوقلار سوغۇردەك چىرىلداپ كەتتى. «نىشا- نى يۇقۇرىراق ئالدىڭ، تاغا!» — دەپ ئويلىدى گرىگورىي ئاتنىڭ ئىككى يىقىنىنى مەھكەم قىسىپ، ئاندىن تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئالدى تەرەپتىن چىقىۋاتقان شامال يەلپۈلدەتكەن ئات يايلىسىغا يۈزىنى تەككۈزۈپ ماڭدى، شۇندىن كېيىن گرىگورىينىڭ ئوي - پىكرىنى بىلىۋالغاندەك، قەيەردىدۇ ئاق قاپتاللىق دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئىستانوكلۇق پىلموتنىڭ يېشىل قالقىنىنىڭ كەينىدە ياتقان قىزىل پىلموتچى، نىشانىنى توغرىلاپ تۇرۇپ، پىلموت ئوتىنىڭ ئېقىمىنى تۆۋەنرەك چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن چوغدەك قىزىرىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوقلار ئەمدى ئاتنىڭ ئالدىنقى تۇ- ياقلىرى ئاستىدا چۈلۈك - چۈلۈك قىلىپ، يىلاندەك پىشىلداشقا باشلىدى. بۇ ئوقلار قار سۈيىدىن كېيىن تېخى قۇرىمىغان نەم تۇپراقنى چوقۇلاپ، ئىسسىق لاي چاچرىتاتتى... «چوك! شيۇ! چوك! چوك!» ئاندىن يەنە باش ئۈستىدىن ۋە ئاتنىڭ گەۋدى- سىنى ياناداپ: «تيۇ - ۋ! تيۇت! تيۇ - ۋ!» دەپ سايراپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

گرىگورىي ئۈزەڭگە ئۈستىدە سەل كۆتىرىلىپ، ئاتنىڭ

سوزۇلغان بوينىنى دىيەرلىك قوچاقلاپ ماڭدى. ئالدى تەرەپتە قاتار سەپ تارتقان باپ ـ يېشىل تال ـ سۆگەتلەر دەھشەت تېز-لىك بىلەن ئىرىلداپ ئۆتەتتى. ئۇ يېرىم يولنى بېسىپ ئۆتكەنـ دە، سېمېنوف دۆڭدىن گۇم قىلىپ زەمبىرەك ئېتىلدى. سنارەتـ نىڭ نۆمۈردەك جاراڭلىشى ھاۋانى تىترىتىۋەتتى. يېقىنلا بىر يەردە پارتلىغان ئوقنىڭ گۈمبۈرلىشى گىرىگورىينى ئىگەر ئۈستـ دە تەۋرىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئوق پارچىلىرىنىڭ قىيا ـ چىيا نالە قىلىشى تېخى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەي تۇرۇپ، شۇ يەردىكى بىر ساسلىقتا بوراندەك كۆچلۈك ھاۋا بېسىمى ياتقۇزۇۋەتكەن قومۇشلار تېخى بېشىنى كۆتىرىپ، ئۆزىنى رۇسلىۋالغۇچە ناغىنىڭ ئۈستىدىن زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلەپ ئېتىلغىنى يەنە ئاڭلاندىـ دە، چېيقىراپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان سنارەت گىرىگورىينىڭ گەۋـ دىسىنى يەنە بېسىپ، ئىگەرگە چاپلاپ قويدى.

ئادەمنى يۈرىگالدى قىلىۋېتىدىغان، غىچىرلىشى ئەڭ يۇـ قۇرى پەللىگە يەتكەن سنارەت ئاۋازى بىر سېكۇنتنىڭ 100 دىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ كېلىدىغان ۋاقىتتا توساتتىن ئۈزۈلۈپ قالغانـ دەك تۇيۇلدى ـ دە، ئاشۇ بىر سېكۇنتنىڭ 100دىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان ۋاقىت ئىچىدە گىرىگورىينىڭ كۆز ئالدىدا بىر پارچە قارا بۇلۇت ئاسمانغا ئېتىلىپ چىقىپ، ھاۋادا توختاپ قالدى. پارتلاشنىڭ قاخشاتقۇچ زەربىسىدىن يەر زىلزىلىگە كەلدى، ئاتنىڭ ئالدى پۇتلىرى گويا بىر نەرسىگە پېتىپ قالغاندەك بولدى...

گىرىگورىي ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقان چاغدىلا ھوشىغا كەلدى. ئۇ يەرگە شۇنداق قاتتىق چۈشتىكى، ماش رەڭ سوكنا شالۋۇرىنىڭ تىزلىرى يىرتىلىپ كەتتى، پاقالچىقىنىڭ بوغۇچى ئۈـ زۈلدى. پارتلاشتىن تىترەپ كەتكەن ھاۋانىڭ قۇدرەتلىك دولـ

قۇنى ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن يىراققا ئىرغىتىپ تاشلىغان ئىدى. ئۇ يىقىلغاندىن كېيىنمۇ ئالقىنى سىلەن يۈزىنى يەرگە يېقىپ، يەنە بىرنەچچە سارجىن ئوتلاقنىڭ ئۈستىدە دومىلىدى.

يىقىلىشتىن گاڭگىراپ قالغان گىرىگورىي ئورنىدىن تۇردى. يەردىن قومۇرۇلغان ئۇششاق چالما - كېسەكلەر، ئوت - چۆپنىڭ يىلتىزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارا يامغۇردەك يېغىپ تۇردى. ئات گوداڭدىن 20 قەدەم نېرىدا ياتاتتى. بېشى مىدىرلىمايتتى، ئەمما توپراق كۆمۈۋەتكەن ئارقا پۇتلىرى، چىلىپ - چىلىپ نەرگە پاتقان ساغرىسى ۋە قۇيرۇق تۈۋى سەكراتقا چۈشكەندەك دىر-دىر تىترەپ تۇراتتى.

دۈنىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى پىلىموت جىمىپ قالدى. بەش مىنۇت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ساسلىق ئۈستىدە ھاۋا رەڭ بېلىقاغۇچلار تەشۋىش سىلەن چىرىلدايتتى. گىرىگورىي باش ئايلىنىشنى يېڭىپ، ئېتىنىڭ قېشىغا ماڭدى. پۇتلىرى تىترەيتتى، پۇتلىرى ئاجايىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. ئۇ شۇنداق بىر سېزىمنى ھېس قىلاتتىكى، بۇنداق سېزىم ئادەتتە كىشى ئۇزاققىچە بىئەپ ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ماڭغان چاغدا كۆرۈنەتتى، بۇنداق چاغدا ۋاقتىنچە ناتوغرا قان ئايلىنىشتىن ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلار ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر بىر قەدەم باسقاندا پۈتۈن ئەزا زىڭىلداپ كېتىدۇ...

گىرىگورىي ئۆلگەن ئېتىنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، ئەڭ يېقىن يەردىكى ساسلىقنىڭ سىنارەت پارچىلىرى قىرقىپ تاشلىغان قومۇشلىرى ئىچىگە ئەمدىلا كىرەي دەپ تۇرغاندا پىلىموت بىر ۋەزىندىكى ئارىلىقتا قايتىدىن تاتاتلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پەرۋازى ئاڭلانمايتتى — ئەمدىلىكتە دۆڭدىن باشقا بىر نىشاننى قارىغا ئېلىپ ئاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ بۆلۈنمە باشلىقىنىڭ كەمىسىگە
يېتىپ بېرىۋالدى.

— ھازىر ئۇلار ياغاچچىلىقنى توختاتتى، — دېدى بۆلۈنمە كوماندىرى، — كەچ بولغاندا ئۆز ئىشىنى جەزمەن يەنە باشلايدۇ. سىز بىزگە ئازراق پاترون ئەۋەتىپ بەرسىڭىز بولاتتى، ئۇنداق بولمىغاندا، ھالىمىز ئېغىر — كىشى بېشىغا ئاران ئىككى ئوبويمىدىن ئوق قالدى.

— ئوقنى كەچتە ئېپكېلىپ بېرىدۇ. ئاۋۇ قىرغاقتىن كۆزۈڭنى ئۈزمە!

— قاراپ تۇرۇۋاتىمىز. بۈگۈن كەچتە ئۇلارنىڭ نېمە ياساۋاتقانلىقىنى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، كۆرۈپ كېلىدىغان تەلەپكارلارنى ئەۋەتەيمىكىن دەپ تۇرىمەن.

— مۇشۇ كېچە نىمىشقا ئەۋەتمىدىڭ؟

— ئىككى ئادەم ئەۋەتكەن ئىدىم، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئەمما ئۇلار يېزىغا كىرىشتىن قورقۇپتۇ. قىرغاقنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ بارغان ئىكەن، يېزىغا كىرىشتىن قورقۇپتۇ ... ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، كىمنىمۇ زورلىغىلى بولىدۇ ھازىر؟ بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغان ئىش، ئۇلارنىڭ قاراۋۇلىغا ئۇچراپ قالساڭ، دەرھال ئۇچەي - باغرىڭنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ، ئۆز قورالىرىغا يېقىن يەردە بۇ كازاك دىگەنلىرىمىز ئۇنچىلىك باتۇرلۇق كۆرسەتمەيدىكەن... گېرمان ئۇرۇشىدا! كىرېست مېدالى ئېلىشقا خۇشتار تەۋەككۇلچىلەر ئىنتايىنمۇ كۆپ ئىدى، ھازىر يىراقراق يەرگە رازۋېتكىغا بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاراۋۇلخانىنىڭ قېشىغىمۇ يالۋۇرۇپ ئەۋەتەلمەيسەن. ھازىر خوتۇنلار بىر بالا بولدى: كېچىسى ئېرىنىڭ قېشىغا كېلىۋېلىپ، ئاكوپتا قونىدىغان ئادەتنى چىقىرىشتى، ئۇلارنى قوغـ

لمۇېتەلمەيسەن. ئاخشام ئۇلارنى قوغلاشقا باشلىغان ئىدىم، كازاكـ
لار ماڭا دوق قىلىشىپ: «تىنچ يۇرسۇن، بولمىسا، بىز ئۇنى دەرـ
ھاللا جايلىۋېتىمىز!» ــ دېيىشىپتۇ.

گىرىگورىي بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ گەمىسىدىن چىقىپ، خەندەك تەرەپكە كەتتى. خەندەكلەر دونددىن 20 سارجىن يىراقـ لىقتا ئورمان بويلاپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. دۈپ دەرەخزارلىغى، ئەمەن شاخلىرى ۋە قويۇق ئۆسكەن ياش تېرەكلەر خەندەك قىرىدىكى سېرىق توپىنى قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ تۇراتتى، ئالاقە يوللىرى خەندەكلەرنى كازاكـ لار دەم ئالىدىغان بىلىنداۋلار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. گەمـ لەرنىڭ قېشىدا سۇرلەنگەن بېلىقلارنىڭ كۆكۈش پوستلىرى، قوي سۆڭەكلىرى، ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ پالاڭلىرى، چېكىپ تاشلانغان تاـ ماكا قالدۇقلىرى، يەنە باشقا ئەسكى - تۈسكىلەر چېچىلىپ ياتاتـ تى. دەرەخ شاخلىرىدا يۇيۇلغان پايپاقلار، ماتا كۆينەكلەر، پايتىـ مىلار، خوتۇنلارنىڭ ئىچ كۆينەكلىرى ۋە يوپكىلىرى ئېسىقلىق تۇراتتى ...

دەسلەپكى گەمىدىنلا بېشىغا رومال چەگمىگەن، تولا ئۇخلاپ يۈز - كۆزى ئىششىغان بىر ياش ئايال بېشىنى چىقاردى؛ ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، گىرىگورىيغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ قويدى؛ ئاندىن تۆشۈك ئاغزىدا تۇرغان دالا چاشقىنىدەك، گەمە ئۆينىڭ قارا ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كۆزدىن يوقالدى. ياندىكى يەنە بىر گەمىدە كىشىلەر ئاستا ناخشا ئېيتىشۋاتاتتى. چىيقىرىغان، ئەمما ئىنچىكە ساپ ئايال ئاۋازى بىلەن بىرقانچە ئەرنىڭ ئاۋازى بىرگە قوـ شۇلۇپ چىقىشۋاتاتتى. 3 ـ گەمىنىڭ نەق كىرىش ئىشىگىدە ئۇنچىـ لىك ياش ئەمەس، پاكىز كىيىنگەن بىر كازاك ئايال ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ تىزى ئۈستىگە ئاق سانچىغان كوكۇلا چاچ بىر كازاك بىر-
شىنى قويۇپ ياتاتتى، ئۇ يىنىچە ئوبدانلا جايلىشىپ يىتىپ ئۆگ-
دەيتتى، ئايالى بولسا ياشىنىپ قالغان «يارى»نىڭ يۈزىگە قون-
غان چىۋىنلەرنى قوروۇپ ئولتۇراتتى، ئەگەر دوننىڭ نىرىقى تەرى-
پىدە پىلىموتنىڭ شىددەتلىك تاراقلاپ تۇرۇشى بولمىغاندا، ئەگەر
دوننىڭ يۇقۇرىسىدىكى بىر يەردىن ــ مىگۇلىنىسكى ياكى كازانىس-
كى ئايماقلىرىدىن زەمبىرەكنىڭ سۇ بويلاپ كىلىۋاتقان گۇپپا-
گۇپپاگلىرى بولمىسا، ئۇ چاغدا دون بويىغا چالغۇچىلار كىلىپ،
قارار گاھ تىكىپتۇ، دەپ ئويلاشقا بولاتتى. گروموكتىكى قوزغىلاڭ-
چىلار بۆلۈنمىسىنىڭ ئوت ئىچىش لىنىيىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى
ئاشۇنداق تىپ ـ تىنچ ئىدى.

بەش يىللىق ئۇرۇش مابەينىدە مۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى
ئۇرۇش سىپى مەنزىرىسىنى گىرىگورىي 1 ـ قېتىم كۆردى. ئۇ
گەمىلەرنىڭ يىنىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقاندا، كۆلۈمىسىرىشىنى يوشۇرال-
مايتتى، ئۇنىڭ نەزىرى ھەممە يەردە ئەرلىرىگە خىزمەت قىلىۋاتقان،
كازاكلارنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ ـ ياساۋاتقان، جەكچىلەرنىڭ
كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇۋاتقان، تاماق تەييارلاۋاتقان ياكى ئاددى
چۆشلۈك تاماقتىن كىيىن قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان خوتۇنلار-
غا چۈشتى.

ــ بۇ يەردە تۇرمۇشۇڭلار يامان ئەمەس ئىكەن! شارائىتىڭ-
لار قولايلىقتەك تۇرىدۇ...... ــ دىدى گىرىگورىي بۆلۈنمە كوماندىرى-
غا، بۇنىڭ گەمىسىگە قايتىپ كىلىۋىتىپ.

كوماندىر ھىجايدى:

ــ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بۇنىڭدىن ياخشىراق ئۆتۈشى ئەمدى
نەدە.

— بۇ قۇلايلىق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ قاپتۇ! — دېدى گىرىگورىي قاپىغىنى تۈرۈپ، — خوتۇنلارنى ھازىردىن باشلاپ بۇ يەردىن ھەيدە! ئۇرۇشتا مۇشۇنداقمۇ بولامدۇ! بۇ بەر ساڭا بازارمۇ ياكى يەرمەنكىمۇ؟ بۇ نىمە گەپ؟ بۇ ئەھۋالدا قىزىللار دوندىن ئۆتۈپ كېتىشۋېرىدۇ، سىلەر ھېچنىمىنى ئاڭلىماي قالىسىلەر: خوتۇنلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، قۇلاق سېلىشقا ۋاقىت چىقمايدۇ... قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ھەممە ئۇزۇن قۇيرۇقلارنى قوغلا! ئەتە مەن بۇ يەرگە كەلگەندە يوپكا كىيگەن بىرەرسىنى كۆرۈپ قالسام ئالدى بىلەن سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن!

— بۇغۇ شۇنداق...، — دەپ جاندىن قوشۇلدى يۈز بېشى كوماندىر، — مەن ئۆزەممۇ خوتۇنلارغا قارشى، ئەمما كازاكلارنى نىمە قىلالايسەن؟ ئىنتىزام بۇزۇلغان... خوتۇنلار ئەرلىرىنى سېغىنىپ قاپتۇ، سوقۇشۇۋاتقانلىغىمىزغا ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ!

ئەمما ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى - دە، خوتۇنىنىڭ سۇپا ئۈستىگە تاشلاپ قويغان قىزىل پەشتامىسىنى ئاستا يوشۇرماقچى بولۇپ، گەمىنىڭ سۇپىسىغا ئولتۇردى، ئاندىن گىرىگورىيەدىن شارتتىدە قايرىلىپ، ماتا رەخت بىلەن توساقلىق تۇرغان گەمىنىڭ بۇلۇڭىغا ئالىچەكمەن بولۇپ كۆز تىكتى، بۇ يەردىن ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنى قارا كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 62

ئاكسىنىيە ئاستاخوۋا ئىككى تۇققان ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى، بۇ ئۆي كەنتنىڭ چېتىدىكى يېڭى چېركاۋنىڭ قېشىدا ئىدى. دەسلەپكى كۈنى ئۇ گىرىگورىيىنى ئىزلىگەن ئىدى، ئەمما گىرىگورىي ۋېشېنسكاياغا تېخى كەلمىگەن ئىكەن، ئەتىسى كەچكىچە چوڭ كوچا ۋە تار كوچىلاردا ئوقلار چىيقىراپ، سىنارەتلەر پارتلاپ تۇردى، شۇڭا ئاكسىنىيە ئۆيىدىن تالاغا چىقىشقا پېتىنالمىدى.

«ۋېشىنكىغا چاقىرغان ئىدى، بىللە بولىمىز، دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى، ئەمما ئۆزى نەدە تەمتىرەپ يۈرىدىغاندۇ!» ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە ساندۇقنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، ئاچچىغى بىلەن خىيال سۈرەتتى، يارقىن، ئەمما سولۇپ بېرىۋاتقان كالپۇكلىرىنى ھە دەپ چىشلەيتتى. قېرى ھاممىسى دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پايپاق توقۇۋاتاتتى، ھەربىر زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغاندىن كېيىن چوقۇنۇپ قوياتتى.

— ئەي، پەرۋەردىگار ئەيسا مەسىھ! نىمە دىگەن قورقۇنچلۇق! نىمىشقا سوقۇشىدۇ ئۇلار؟ نىمىشقا ئۇلار بىر - بىرىگە زەھىرىنى چاچىدىغاندۇ؟

كوچىدا، ئۆيىدىن 15 سارجىن نېرىدا سىنارەت پارتلىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئېچىنىشلىق جاراڭلاپ، دەرىزە كۆزنەكلىرى سۇنۇپ چۈشتى.

— هاماچا! دەرىزىنىڭ قېشىدىن نېرى كەت، ئوق تېگىشى مۇمكىنغۇ ساڭا! — دېدى ئاكسىنىيە.

موماي ئۇنىڭغا كۆزەينىگىنىڭ ئاستىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ، ئەپسۇسلىنىش بىلەن جاۋاپ بەردى:

— ئۇھ، ئاكسيوتكا! ساڭا بىر قاراپ، ئەخمەقمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. مەن ئۇلارغا دۇشمەن ئىكەنمەنمۇ؟ ئۇلار ماڭا نىمە ۋەجدىن ئوق ئاتىدىكەن؟

— تاسادىپى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدۇ! ئوقنىڭ نەگە ئۇچۇپ بارىدىغانلىغىنى كۆرۈپ تۇرمايدىغۇ.

— ئۆلتۈرسە - ئۆلتۈر ۋەتسۇن! كۆرمىسە - كۆرمىسۇن! ئۇلار كازاكلارنى ئاتىدۇ، كازاكلار ئۇلارغا، قىزىللارغا دۇشمەن، مەن بولسام كەمپىر، تول ئايال، مېنىڭ ئۇلارغا نىمە كېرىكىم بار؟ مىلتىق، زەمبىرەكلەردىن كىمنى نىشانغا ئېلىش كېرەكلىكنى ئۇلارمۇ بىلىدىغاندۇ!

چۈش ۋاقتىدا كوچىدا ئاتنىڭ بوينىغا ئېگىشىۋالغان گىرىگورىي تۆۋەنكى دەريا ئايلانمىسى تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاكسىنىيە ئۇنى دەرىزىدىن كۆرۈپ، ياۋا ئۈزۈم تالىلىرى قاپلىغان پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، «گىرىشا!...» — دەپ توۋلىدى، ئەمما گىرىگورىي ئاللىقاچان دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ، كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى، پەقەت ئات تۇياقلىرىدىن كۆتىرىلگەن چاڭ - توزاڭ يولنىڭ ئۈستىگە ئاستا قونۇۋاتاتتى. ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىش پايدىسىز بولۇپ چىققان ئىدى. ئاكسىنىيە پېشايۋاندا تۇرۇپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرى بىلەن يىغلاشقا باشلىدى.

— ھىلىقى چېپىپ ئۆتكەن ستېپان ئەمەسمۇ؟ نىمانچە

قۇتربغان كىشىدەك يىۈگۈرۈپ چىقىسەن؟ ـــ دەپ سورىدى ھاممىسى.

ـــ ياق... ئۇ، بىزنىڭ بىر يېزىلىق...، ـــ دەپ جاۋاپ بەردى ئاكسىنيە ياش يۇقى كۆزى بىلەن.

ـــ ئۇنداق بولسا نىمىشقا كۆزۈڭدىن ياش تۆكىسەن؟ ـــ دەپ قىزدىقىپ سورىدى بىلىشكە خۇشتار موماي.

ـــ بۇنى سوراپ نىمە قىلىسىز، ھامماچا؟ بۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىز يەتمەيدىغان ئىش!

ـــ بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتمەيدىغان ئىش بولسا... دىمەك مېھرىۋان كىشى چىپىپ ئۆتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىسا بۇ نىمە گەپ! سەن بىكاردىن ـ بىكار ۋاقىرىمايسەنغۇ... بۇنداق ئىشنى مەنمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنمەن، بىلىمەن!

كەچكە يېقىن ئۆيگە پىروخور زىكوف كىرىپ كەلدى.

ـــ سالامەتمۇسىز! سىزنىڭكىگە تاتارىسكىدىن ھېچكىم كەلمىدىمۇ، چوڭ ئاپا؟

ـــ پىروخور! ـــ ئاكسىنيە خوشاللىقىدىن ئۇھۇلداپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

ـــ ھەي، خان ئاغىچا، سەن مېنى تازا ئىزلەتتىڭ! سېنى تاپمەن دەپ ئىككى پۇتۇم ئۈزۈلۈپ قالاي دىدى. ئۇ قانداق ئادەم؟ تۇرغان ـ پۇتكىنى ئاتىسىغا ئوخشايدۇ، مىجەزى ئىتتەك. ياۋۇزلارچە ئوق يېغىۋاتسا، جېنى بارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى يوشۇرۇۋاتسا، شۇنداق پەيتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرلا كىشى: «تاپ ئۇنى، تاپمىساڭ گۆرگە تىقىمەن!» ـــ دەيدۇ.

ئاكسىنيە، پىروخورنىڭ كۆينىگىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، ئۇنى دەھلىزگە ئېپكىردى.

— ئۇ ئۆزى قېنى، لەنتى.

— هىم ... ئۇ نەدە بولاتتى؟ ئۇرۇش سېپىدىن قېينىلىپ يۈرۈپ پىيادە ئاران كېلىشۋالدى. ئاستىدىكى ئاتقا بۇگۈن ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ. زەنجىردىكى ئىتتەك قەهرى بىلەن كەپتۇ. «تاپتىڭمۇ؟»— دەپ سوراۋاتىدۇ. «نەدىن تاپىمەن؟ ئۇنى تۇغۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ!» دەيمەن. شۇ چاغدا ئۇ: «ئادەم تاپقىلى بولمايدىغان يىگىنە ئەمەسقۇ!»— دەپ ماڭا ۋاقىراپ كەتسە بولامدۇ... ئادەم تېرىسى يېپىنىۋالغان بۆرە ئىكەن!

— خوش، ئۇ نىمە دەيدۇ؟

— بول، تەييارلان، كەتتۇق، باشقا گەپ يوق!

ئاكسىنىيە بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە بوخچىسىنى چىگىپ بولدى - دە، هامىسى بىلەن ئالدىراش خوشلاشتى.

— بۇ ئادەمنى ستېپان ئەۋەتىپتىمۇ؟

— هە، ستېپان، هاماچا!

— خوپ، ئۇنىڭغا مەندىن سالام دىگىن. ئۇ ئۆزى نىمىشقا بۇ يەرگە كىرمەپتۇ؟ سۈت ئىچكەن بولاتتى. ئەنە، شىرىن بەلىشلەردىنمۇ قۇرۇق قالدى...

ئاكسىنىيە سۆزنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالماستىن، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

گىرىگورىي چۈشكەن ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە هاسىراپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتتى، چۈنكى ناهايىتى تېز ماڭغان ئىدى، شۇڭا پىروخور ئاخىرى يېلىنىشقا باشلىدى:

— ماڭا قارا! مەنمۇ ياش چاغلىرىمدا قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن تالاي يوللارنى چىڭداپ يۈگۈرگەن ئىدىم، ئەمما ئەزەلدىن ساڭا ئوخشاش ئالدىرىمىغان ئىدىم. ياكى سەندە سەۋرى - تاقەت

قالمىدىمۇ؟ ياكى ئىچىڭگە ئوت كېتىۋاتامدۇ؟ مەن يېتۈنلەي ھالـ
دىن كـەتتىمغۇ! قـېنى، كىم قۇمدا مـۇنداق ئۆچقاندەك يۈگۈرمە
لەيدۇ؟ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنىڭ ھەممىسى ئـادەمزاتنىڭ ئىشىدەك
ئەمەس ...

پىروخور ئۆز ئىچىدە مۇنداق ئويلايتتى: «ھە، بۇلار يېڭـىۋاشتىن تېپىشىپ قـالغان ئىكەن ـ دە ... ئـەمدى بۇلارنى شەيـتانمۇ ئـاجرىتالمايدۇ! ئۇلار ئۆز مـەنپەئەتلىرىنى كـۆزلەيدۇ، مەن بولسام بۇ قانجۇقنى ئـوق يامغۇرىنىڭ ئـاستىدىن ئىزلەپ، ئۆلۈم گىرۋىكىدە ... خۇدا كۆرسەتمىسۇن ــ ئەگەر ناتالىيە بىلىپ قالسا، ئۇ مېنى بېشىمدىن ئايىغىمغىچە ... كورشۇنوفنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى بىز بىلىمىز! ياق، ئەگەر مەن مەس بولۇپ يېتىپ قېلىش تۈپەيلىدىن ئېتىم بىلەن مىلتىقىمنى يوقاتمىغان بولسام، سېنى كەنت ئىچىدە ئىزلەپ، مۇنچىلىك ئاۋارە بولمىغان بولاتتىم! ئەمـدى نىمە قىلىشساڭلار قىلىشىڭلار، مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدى!»

دەرىزە قايقاقلىرى مەھكەم ئېتىلگەن ئىچكىرىكى ئۆيدە جىن چىراق تۈتەپ يېنىپ تۇراتتى. گىرىگورىي شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇـراتتـى. ئۇ مىلتىقىنى يېڭىلا تازىلاپ بولۇپ، ئەمدى ماۋزۇرىنىڭ ئىستىۋۋلىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغاندا ئىشىك غىچىرلىدى. بوسۇغىدا ئاكـسىنىيە تۇراتتى. تار ئاپپاق ماڭلىيى تەرگە پىشقان، تاتىرىپ كەتـكەن يۈزىدە يوغان ئـېچىلغان ياۋۇز كۆزلىرى شـۇنچىلىك ئەسەبى ئېھتىراسلىق ئىشىق بىلەن ياناتتىكى، گىرىگورىينىڭ ئۈنىڭغا نەزـرى چۈشۈش بىلەنلا يۈرىگى خوشاللىقتىن تىپىرلاپ كەتتى.

ــ مېنى قىزىقتۇرۇپ چاقىرىپ قويۇپ ... ئۆزەڭ نەگە يوقاپ كەتتىڭ ...، ــ دىدى ئاكسىنىيە ئېغىر نەپەس ئېلىپ.

ھازىر ئاكسىنىيەگە بىر زامانلاردىكىدەك، ئاشۇ ئۇزۇن ۋاقىت

ئۆتكەن، مۇھەببەت رىشتىسى يېڭى ئۇلانغان دەسلەپكى كۈنلەردىكىدەك، ئالەمدە گىرىگورىيدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. گىرىگورىي يوق بولسا، ئۆزى ئۈچۈن دۇنيا جىمجىت ئىگىسىز بولۇپ قالغاندەك، ئەگەر گىرىگورىي يېنىدا بولسا، قايتىدىن جانلىنىپ كەتكەندەك بولاتتى. ئاكسىنىيە پىروخوردىن ئۇيۇلۇپ تۇرماستىنلا گىرىگورىيغا ئېتىلىپ بېرىپ، ياۋايى بىر ئىشتىياق بىلەن چىرمىشىپ كەتتى ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ، سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ ساقىلى تىكەندەك ئۆسكەن يۈزىدىن سۆيۈشكە باشلىدى، بىر بۇرنىدىن، بىر پېشانىسىدىن، بىر كۆزلىرىدىن، بىر لەۋلىرىدىن چوكۇلدىتىپ سۆيەتتى، چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى پىچىرلاپ، ئۆكسۈپ يىغلايتتى:

— ئازاپ چەكتىم! قۇرۇپ تۈگەشتىم! گىرىشىنكا! جان ـ جىگىرىمسەن مېنىڭ!

— ئاپلا، مانا... مانا ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن ... ھە توختاپ تۇر! ... ئاكسىنىيە، توختا دەيمەن ...، — گىرىگورىي يۈزىنى باشقا تەرەپكە قىلىۋېلىپ، پىروخورغا قاراشتىن ئۆزىنى ئېپقېچىپ، خىجالەتچىلىك بىلەن دۇدۇقۇپ قالدى.

ئۇ ئاكسىنىيەنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، گەجگىسىگە چۈشۈپ قالغان روملىنى بېشىدىن ئالدى، توزغىغان چاچلىرىنى سىلىدى.

— سەن قانداق بولۇپ قالغانسەن...

— قانداق بولسام، شۇنداق! ئەمما سەن...

— ياق، خۇدا بىلىدۇ، سەن ئېلىشىپ قاپسەن!

ئاكسىنىيە قوللىرىنى گىرىگورىينىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، كۆز يېشى ئارىلاش كۈلۈۋەتتى ـ دە، پىچىرلاپ كەتتى:

www.uyghurkitap.com

ـ مۇشۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ چاقىردىڭ... ھەممىنى تاشـ
لاپ، پىيادە يول يۈرۈپ كەلسەم، سەن يوق... يېنىمدىن ئات چاپـ
تۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىڭ، پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقىپ شاۋقۇن سالـ
دىم، سەن دوقمۇشتىن قايرىلىپ، كۆزدىن غايىپ بولدۇڭ... ئەگەر
ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ، مەن سېنى ئاخىرقى قېتىم
كۆرەلمىگەن بولاتتىم...

ئۇ يەنە قانداقتۇ ھەددىدىن تاشقىرى دىلكەش، يېقىملىق،
ئاياللارغا خاس، بەزىبىر ئەخمىقانە بىرنىمىلەرنى دېدى ۋە گىرىـ
گورىينىڭ مۈكچەيگەن مۈرىلىرىنى ئالقىنى بىلەن توختىماي سىلاپ،
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئىتائەتمەن كۆزلىرى بىلەن تەلـ
مۈرۈپ قاراپ تۇردى.

ئاكسىنىيەنىڭ بېقىشلىرىدا قانداقتۇ ئېچىنىشلىق ۋە ئەيـ
نى زاماندا ئۇۋۇچى قوغلاپ كېتىۋاتقان ھايۋاندا بولىدىغان دەھـ
شەتلىك بىر قورقۇنچ باردەك قىلاتتى، شۇڭا ئاكسىنىيەگە قاراش
گىرىگورىيغا ئوڭايسىز ۋە ئېغىر بولدى.

گىرىگورىي كۆزلىرىنى كۈنگە قاقلانغان كىرپىكلىرى بىلەن
يېپىپ، زومۇ زو كۈلۈمسىرەپ، ئۈنچىقمايتتى، ئەمما ئاكسىـ
نىيەنىڭ ئىككى مەڭزى ئوتتەك يېنىپ، قىزىرىپ كەتتى ـ دە،
كۆز قارىچۇقلىرى گويا كۆكۈش تۈتۈن بىلەن تورلانغاندەك بولۇپ
كەتتى.

پىروخور خوشلاشماستىنلا چىقىپ كېتىپ، دەھلىزدە يەرگە
بىرنى تۈكۈردى، تۈكۈرۈگىنى پۇتى بىلەن سۈرتتى.

ـ بۇ بىر دەردىسە ئىش، خالاس! ـ دېدى ئۇ ئاچچىغى
بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ئاندىن ھويلا ئىشىكىنى
قەتئىي تاراقلىتىپ چىقىپ كەتتى.

# 63

ئۇلار ئىككى كېچە — كېچە - كۈندۈز كۈننى تۈنگە ئۇلاپ، ئەتراپتىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ، چۈشتىكىدەك ۋاقىت ئۆتكۈزدى. بەزىدە گىرىگورىي باشنى گاراڭ قىلىپ قويىدىغان قىسقا ئۇيقۇدىن ئويغىناتتى - دە، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا ئاكسىنىيەنىڭ كۆز ئۈزمەي، ئۆزىگە دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى، ئاكسىنىيە ئادەتتە ئالقىنىنى ئىڭىكىگە تىرەپ، جەينەكلىنىپ يېتىپ، دىيەرلىك كىرپىك قاقماستىن قاراپ تۇراتتى.

— نىمىشقا قارايسەن؟ — دەپ سورايتتى گىرىگورىي.

— ساڭا قانغۇدەك قارىۋالغۇم كېلىدۇ... سېنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشىدۇ، بۇنى يۈرىكىم سېزىپ تۇرۇپتۇ.

— خوپ، يۈرىكىڭ سەزگەن بولسا، قاراۋەر، — دەيتتى گىرىگورىي كۈلۈپ.

3 - كۈنىگە كەلگەندە گىرىگورىي 1 - قېتىم تالاغا چىقتى، كودىنوف ئەتىگەندىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كېڭەش يىغىنىغا كېلىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدى. «بارمايمەن، مەنسىزمۇ يىغىننى ئېچىۋەرسۇن» — دەپ جاۋاپ بەردى گىرىگورىي چاپارمەنلەرگە.

پىروخور ئۇنىڭ شتاپتىن ئالغان يېڭى ئېتىنى ئېلىپ كەلدى، كېچىدە گروموك بوۋلۇنىمىسىنىڭ ئوچاستىكىسىغا بېرىپ، ئۇ يەرگە تاشلاپ قويغان ئىگەر - جابدۇقنى ئېپكېلىپ بەردى. ئاك-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىنىيە، گىرىگورىينىڭ مېڭىشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆپ-
چۆپ سورىدى:

— نەگە بارىسەن؟

— تاتارىسكىغا بىر بېرىپ كېلەي، يېزىمىزنىڭ مۇداپىئە-
لىنىش ئەھۋالىنى كۆرمەكچىمەن، گېزى كەلگەندە، ئۆي ئىچىمىنىڭ
نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قايتسام دەيمەن.

— باللىرىڭنى سېغىندىڭمۇ؟ — ئاكسىنىيە قارا قۇمچاق
يەلكىلىرىنى شۈركۈنۈپ رومىلى بىلەن ئورىدى.

— سېغىندىم.

— بارمىساڭ بولۇرمىكىن؟

— ياق، بارىمەن.

— بارما! — دەپ ئۆتۈندى ئاكسىنىيە، ئۇنىڭ قارا كۆز
چانىغى ئىچىدە گۆھەرلىرى ساراسىمىلىك پاقىراشقا باشلىدى، —
دىمەك، سەن ئۇچۇن ئائىلەڭ مەندىن قىممەتلىكرەك ئىكەن - دە؟
قىممەتلىكمۇ؟ كۆڭلۈڭ ھەم ئۇ يەرگە، ھەم بۇ يەرگە تارتىدىكەن -
دە؟ ئۇنداق بولسا مېنى ئۆزەڭ بىلەن بىللە ئالغاچ كەتسەڭ قانى-
داق، ناتالىيە بىلەن بىرنىمە قىلىپ چىقىشىپ ئۆتەرمىز... خوش،
يولۇڭ بولسۇن! بارغىن! ئەمما قېشىمغا ئەمدى قايتىپ كەلمە!
قوبۇل قىلمايمەن. ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن!... خالىمايمەن!

گىرىگورىي ئۈنچىقماي ھويلىغا چىقتى - دە، ئېتىغا مىندى.

× ×

تاتارىسكى پىيادىلەر قىسمىنىڭ بۆلۈنمىسى خەندەك كولاش-
قا ھورۇنلۇق قىلدى.

— نەدىكى يوق بىر نىمىنى ئويلاپ چىقىرىشىدۇ! — دىدى خىرىستونە گورۇلدەپ، — نىمە، بىز گېرمان فىرونتىدا سوقۇش قىلىشىۋېتىپتۇقمۇ؟ ئەمدىچۇ، بورادەرلەر، چوڭقۇرلۇغى تىزغا كېلىدىغان، دىمەك، ئاددىلا ئاكوپ قازساڭلارمۇ بولۇۋېرىدۇ. مۇنداق قېتىپ قالغان يەرنى، دىمەك، ئىككى گەز چوڭقۇرلۇقتا قېزىش ئەقىلغا سىغىدىغان ئىشمۇ؟ بۇ يەرنى گۈرجەك ئۇياقتا تۇرسۇن، لوم بىلەنمۇ قازالمايسەن.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ سۆزىنى قۇلاققا ئېلىشتى، سول قىرغاق-نىڭ تاش - توپا ئۇۋاقلىرى چېچىلىپ ياتقان تىك يار ئۈستىدە ئادەم ياتقۇدەكلا تېيىز ئاكوپلارنى قېزىشتى، ئورماننىڭ ئىچىدە بولسا گەمە ئۆيلەر ياسالدى.

— خوش، ئەمدى بىز سوغۇرنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدۇق،— دەپ دارىتمىلاپ قويدى ئەزەلدىن خاپىلانمايدىغان ئانىكوشكا،— تۆشۈك - ئۆڭكۈرلەردە تۇرىمىز، ئوت - چۆپلەرنى ئوزۇق قىلىمىز، سىلەر ھامان قايماق قاتلىما، گۆش، سىتېرلەت بېلىغى ئوگرىسى يەرمىز دەيسىلەرغۇ... قاشقا بىدە يېيىشنى ياقتۇرماسىلەر؟

قىزىللار تاتارىسكىلىقلارنى ئانچە بىزاۋىتا قىلمىدى. يېزىنىڭ ئۇدۇلىدا باتارىيە يوق ئىدى. ئوڭ قىرغاقتىن پىلىموت ئاندا - ساندىلا تاتاتلاشقا باشلاپ، ئاكوپچىلاردىن بويىنىنى سوزۇپ قارىغان كۈزەتچىلەرگە ئوق چىقىرىپ قوياتتى، ئاندىن يەنە ئۇزاققىچە تىنچلىق ئورناپ قالاتتى.

قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئاكوپلىرى تاغنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ يەردىنمۇ ئاندا - ساندا ئوق ئېتىلىپ تۇراتتى، ئەمما قىزىل ئەسكەرلەر يېزىغا كېچىدە چۈشۈپ، ئاز ۋاقىتلا تۇرۇشاتتى.

× ×

گىرىگورىي ئۆزىنىڭ دەريا بويىدىكى چىمزارلىقىغا كەچكە يېقىن كىرىپ كەلدى.

بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى، ھەر بىر دەرەخ ئۆتمۈش خاتىرىلەرنى ئەسكە چۈشۈرەتتى... يول قىزلار چىمەنزارلىقى بىلەن ئۆتەتتى، بۇ يەردە كازاكلار ھەر يىلى پېتىر بايرىمىدا* ئوتلاقنى تەقسىم قىلغاندىن كېيىن ھاراق ئىچىشەتتى. ئالىيوشكا توقايزارىنىڭ بىر بۇرجىكى ئاشۇ چىمزارلىققا كىرىپ تۇراتتى. ئاتام زاماندا، ئاشۇ توقايزارغا تېخى ئات قويۇلمىغان چاغدا بۆرىلەر تاتارىسكى يېزىسىنىڭ كىشىسى ئالېكسەي دىگەن بىر ئادەمنىڭ ئىنىگىنى غاجاپ تاشلايدۇ. ئالېكسەي ئۆلۈپ كېتىدۇ، قەۋرە تېشىغا يېزىلغان خەت ئۆچۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، بۇ ئادەم كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇ ئادەمنىڭ پەمىلىسىنىمۇ خوشنىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان توقايزار ھامان ياشاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىكى ئەمەن ۋە قارىياغاچلارنىڭ توق يېشىل تاجىلىرى كۆككە بوي سوزماقتا. بۇلارنى تاتارىسكىلىقلار ئىگىلىك ئىشلىرىغا لازىملىق بولغان نەرسىلەرنى ياساش ئۈچۈن كېسىپ تۇرىدۇ، ئەمما يوغان كۆتىكىنىڭ ئاستىدىن ھەر كۆكلەمدە ياشاشچان ياش نوتىلار كۆكلەپ چىقىپ، بىر - ئىككى يىل ئىلىنمەستىنلا ئۆسۈپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالىيوشكا توقايزارلىقى يازدا يېڭىۋاشتىن

*پېتىر بايرىمى — رۇسىيەنىڭ كونا كالېندارىدا 6 - ئاينىڭ 21- كۈنى — ت.

ياپ ـ ىېشىل باراقسانلىقتا ئايلىنىپ كېتىدۇ، كۆزدە قىپ ـ قىزىل
تالڭ شەپىقىغە چۆمۈلگەن نەقىشدار ئەمەن ياپراقلىرىغا چۈمكىلىپ،
ئالتۇن ساۋۇت كىيگەندەك بىر تۈسكە كىرىدۇ.
يازدا ئالىيوشكا توقايزارلىقىدا تىكەنلىك قارا نۆلدۈرگەن
نەم يەرنى ۋاچچىدە قاپلاپ كېتىدۇ، قېرى قارىياغاچلارنىڭ ئۇچـ
لىرىدا قاناتلىرى زىننەتلىك ئالا قاغىلار ۋە سېغىزخانلار ئۇۋۇا
قۇرىدۇ؛ كۈز ۋاقتىدا، يەرگە تۆكۈلگەن دۇپ ياڭاقلىرى ۋە ياپراقـ
لىرىنىڭ كىشىنى تېتىكلەشتۈرىدىغان ئۆتكۈر ھىدى گۈپۈلدەپ پۇـ
راپ تۇرغان مەزگىلدە، ئۆتكۈنچى ئورمان قۇشلىرى قىسقا ۋاقىت
مېھمان بولۇپ ئۆتىدۇ، قىش بولغاندا پەقەت تۈلكىنىڭ تامغىـ
دەك يۇمۇلاق ئىزلىرى كەڭ يېيىلغان ئاپپاق قار كىگىز ئۈستىدە
مەرۋايىتتەك قاتار تىزىلىپ كېتىدۇ. گىرىگورىي ياش چاغلىرىدا
ئالىيوشكا توقايزارلىقىغا تۈلكىگە قاپقان قويۇش ئۈچۈن تالاي قېـ
تىم بارغان ئىدى...
گىرىگورىي دەرەخلەرنىڭ سايە ـ سالقىنى ئاستىدا، بۇلتۇرـ
قى يولنىڭ ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن كاتاڭلىرى بويلاپ ماڭـ
دى. قىز چىمەنزارلىقىدىن ئۆتۈپ، قارا يارغا چىقتى، شۇ يەردە
ئۆتمۈش خاتىرىلەر ئېسىگە چۈشۈپ، شاراپ نەسىر قىلغاندەك بېـ
شىغا تەپتى. بىر زامانلاردا، بالا ۋاقتىدا ئۈچ تېرەكنىڭ يېنىدىـ
كى ساسلىقتا تېخى ئۇچالمايدىغان ياۋا ئۆدەك باللىرىنى قوغلايـ
دىغان ئىدى، قارا كۆلدە ئەتىگەندىن كەچكىچە قارا بېلىق تۇـ
تاتتى.. يېقىنلا بىر يەردە بىر تۈپ كالىنا دەرىخى چېدىرسىمان بۈك ـ
باراقسان بولۇپ تۇراتتى. بۇ دەرەخ بىر چەتتە يەككە ـ يىگانە تۇرىـ
دىغان قېرى دەرەخ ئىدى. ئۇ مېلېخوف ھويلىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرـ
غاچقا، ھەر كۈز ۋاقتى گىرىگورىي ئۆيىنىڭ پېشايۋىنىغا چىقىپ، يىـ

راقتىن گويا يالقۇنجىغان ئۇتنىڭ قىزىل تىللىرى قاپلىۋالغاندەك كۆرۈنگەن كالىنا شاخلىرىغا قاراپ ھوزۇرلىناتتى. مەرھۇم پېترو ئاچچىق - چۈچۈك، ئېغىزنى قورۇيدىغان كالىنا سامىسىنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى...

گرىگورىي بالىلىق چاغلىرىدىن تونۇش بولغان يەرلەرگە ئاستا مۈك - قايغۇ بىلەن نەزەر سالاتتى. ئاستىدىكى ئېتى ھورۇنلۇق بىلەن ھاۋادا مىژىلداپ تۇرغان ئۈششاق كۆمۈتىلەرنى، قوڭۇر ياۋۇز پاشىلارنى قۇيرۇغى بىلەن قوروپ كېلەتتى. كۆك ئاپىخان ۋە چۈجگۈن قوناقلار شامالدا يەرگە باش ئېگەتتى. ئوتلاق ياپ - يېشىل تاۋلىنىپ تۇراتتى.

گرىگورىي تاتارسكى پىيادە قىسىملىرىنىڭ ئاكوپلىرى قېشىغا كېلىپ، ئاتتىن ئادەم ئەۋەتتى. سول قاناتنىڭ يىراق بىر يېرىدە خرىستونەنىڭ ۋاقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— پروكوفىچ! تېزرەك بار، دىمەك، گرىگورىي كەلدى!...

گرىگورىي ئاتتىن چۈشۈپ، تىزگىنىنى قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئانىكۇشكىغا بەردى، ئالدىراش ئاقساقلاپ كېلىۋاتقان ئاتىسىغا يىراقتىنلا كۆزى چۈشتى.

— ھە، باشلىق، سالامەتمۇسەن!

— دادا، ئوبدان تۇردۇڭمۇ.

— كەلدىڭمۇ؟

— مىڭ تەسلىكتە ئاتلىنىپ چىقتىم! خوش، ئۆيى ئىچىمىز قانداق؟ ئانام بىلەن ناتالىيە نەدە؟

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قول سىلتىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. قارىيىپ كەتكەن مەڭزىدىن ياش دومىلاپ چۈشتى.

— خوش، نېمە گەپ؟ ئۇلارغا بىر ئىش بولدىمۇ؟ — گىرىگورىي تەشۋىشلىنىپ، كەسكىنلىك بىلەن سورىدى.

— ئۇلار دەريادىن ئۆتەلمىدى...

— نېمىشقا؟!...

— ناتالىيە ئىككى كۈن بولدى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كېزىك بولغان ئوخشايدۇ... ئاناڭ ئۇنى تاشلاپ كېتەلمىدى... سەن قورقۇپ كەتمە، بالام، ئۇلار ئۆيەردە ھەر جەھەتتىن ياخشى.

— بالىلارچۇ؟ مىشاتكا؟ پولىيوشكا؟

— ئۇلارمۇ شۇ يەردە. دۇناشكا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەردە قېلىشتىن قورقتى... قىز دېگەننىڭ ئىشىنى بىلىسەنغۇ؟ ھازىر ئانىكۇشكىنىڭ خوتۇنى بىلەن ۋولوخوۋوغا كەتتى. شۇ ئارىدا مەن ئۆيگە ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدىم. نېسىپ شەپ بولغاندا قېيىق بىلەن ئاستىلا ئۆتۈپ، ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىمەن. ناتالىيەنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، بالىلىرى، خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس... ناتالىيوشكا ھوشسىز ياتىدۇ. بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كېتىكەن، لەۋلىرىدە قان ئۇيۇلىگەن.

— ئۇلارنى سەن نېمىشقا بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ گىرىگورىي قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى.

چالنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى، ئۇنىڭ تىترىگەن ئاۋازىدا ئەلەم بىلەن تەنە بار ئىدى:

— سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ بالدۇرراق كېلىپ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ كېلىش قولۇڭدىن كەلمىدىمۇ؟

— مەندە پۈتۈن بىر دىۋىزىيە تۇرۇپتۇ! ماڭا ئاۋال دىۋىزىيىنى ئۆتكۈزۈش لازىم ئىدىغۇ! — گىرىگورىي غەزەپ بىلەن

ئېتىراز بىلدۈردى.

— سېنىڭ ۋېشىڭدا نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ تۇردۇق... ئائىلەڭنىڭمۇ لازىمى يوق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ؟ ئېھ، گىرىگورىي! ئادەملەرنى ئويلىمىساڭمۇ، خۇدانى ئويلاش كېرەك ئىدى... مەن بۇ يەردە دەريادىن ئۆتمەكچى ئەمەسمەن، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلارنى ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەسمىدىم؟ مېنىڭ ۋىزۋودۇم يېلاندا ئىدى، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە، قىزىللار يېزىنى ئىشغال قىلىپ بوپتۇ.

— مېنىڭ ۋېشىڭدا نىمە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى تىلغا ئالما!... ئۇ ئىش بىلەن سېنىڭ ئالاقەڭ يوق... سەن ماڭا...، — گىرىگورىينىڭ ئاۋازى خىرىلداپ، بوغۇلۇپ قالدى.

— بوپتۇلا، مېنىڭ نىمە ئىشىم بولسۇن! — چال قورقۇپ قالدى، بىر چەتتە تۇپلىشىپ تۇرغان كازاكلارغا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، — مەن بۇ توغرىلىق سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن... سەن ئاستىراق سۆزلە، خەق، ئەنە، ئاڭلاپ تۇرۇشۇۋاتىدۇ، — ئەمدى ئۇ پىچىرلاپ سۆزلەشكە ئۆتتى، — سەن ئۆزەڭمۇ كىچىك بالا ئەمەسسەن، ئەلۋەتتە چۈشىنىشىڭ كېرەك، ئۆي ئىچى توغرىلىق دىلخەستە بولما. ناتالىيە، خۇدا خالىسا، ساقىيىپ قالىدۇ، قىزىللار ئۇلارنى خاپا قىلىۋاتقىنى يوق، دۇرۇس، ھىلىقى بىرياشلىق موزاينى سويۇشقان ئوخشايدۇ، بۇنىڭ كارى چاغلىق. ئۇلارنىڭ رەھمى كېلىپ، ھېچ نەرسىگە تەگمىدى... 40 چارەك ئاشلىق ئېلىشىپتۇ. بۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا بولماي قالمايدىغان زەرەر!

— بەلكىم، ئۇلارنى ھازىر ئېپكېلىشىمىز لازىممىكىن؟

— ئېپكېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، مىنىڭچە، ئۇ ئاغرىق تۇر-
سا، ئېپكېلىپ نەدە قويسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتەرلىك بىر
ئىش. ئۇلارنىڭ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىنى ياخشى. ئانىڭ ئىگى-
لىك ئىشلىرىغا قاراپ تۇرىدۇ، ئۇ چاغدا مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ
قالىمەن، نىمىشقا دېگەندە، يېزىدا يالغىز بولدى.

— كىمنىڭ ئۆيى كۆيۈپتۇ؟

— پۈتۈن مەيدان كۆيۈپ كەتكەن. كۆپىنچىسى سودىگەرلەرنىڭ
ئۆيلىرى، قۇدىمىز كورشۇنوفلارنىڭ ئۆيىنى پاك - پاكىز كۆيدۈرۈ-
ۋېتىپتۇ. قېينانانىڭ لۇكىنىچنا ھازىر ئاندىروپوۋدا، گىرىشاكا
بوۋاي بولسا ئۆيگە قارايمەن دەپ، يېزىدا قېپقالغان. ئاناڭنىڭ
ئېيتىشىچە، گىرىشاكا بوۋا: «قورا - جايىمدىن ھېچ يەرگە چىقمايى-
مەن، دەھرىلەر مېنىڭ قېشىمغا كىرمەيدۇ، چۈنكى كىرىست بەل-
گىلىرىدىن قورقىدۇ» — دېگەن. كېيىنكى چاغدا گىرىشاكا بوۋا پۈ-
تۈنلەي ئەقلىدىن ئېزىشقا باشلىغان. ئەمما، قارىغاندا، قىزىللار
ئۇنىڭ كىرىستىدىن قورقمىغان ئوخشايدۇ، ئۆي، قورا - جايىنى تۈ-
تۈن قاپلاپ كەتكەن ئىكەن، ئەمما بوۋاي توغرىلىق ھېچ نەرسە
ئاڭلىيالمىدۇق ... ئۇنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدىغۇ. ئۇ-
نىڭ ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاپ قويغىنىغا 20 يىل بولۇپ قالدى،
ئەمما ئۆزى ھايات ... يېزىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ھىلىقى سېنىڭ
دوستۇڭ، ئىلاھىم يەر يۇتسۇن!

— كىم؟

— مىشكا كوشىۋوي، ئاتىسىغا مىڭ لەنەت!

— ئاشۇمىكەن؟!

— ئاشۇ، خۇدا بەرھەق! بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كېلىپ، سېنى
سورۇشتە قىپتۇ. ئاناڭغا مۇنداق دەپتۇ: «بىز دەريانىڭ نېرىقى

تەرىپىگە ئۆتۈشىمىز بىلەنلا، سىلەرنىڭ گىرىگورىي 1 ـ نۆۋەتتە گۆرگە كىرىدۇ. ئەڭ ئىگىز دەرەخكە ئېسىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قىلىچىمنى ئىپلاس قىلىپ ئۆلتۈرمايمەن!» ئۇ مىنىمۇ سوراپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ قويۇپتۇ. «ئاپلا، بۇ توكۇرنى جىن ـ شەيتانلار نەگە قوغلاپ كەتكەندۇ؟ ئۇ ئۆز ئۆيىدە، مەشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرسا بولماسمىدى؟ مەن ئۇنى تۇتۇۋالسام، ئۆلتۈرۈۋېتىشكىچە بىرىپ يەتسەممۇ، ھەر ھالدا قامچىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ، جېنىدىن جاق تويغۇزاتتىم!» مانا قارا، ئۇ ئەڭ يامان ئىبلىس بولۇپ چىقتى! يېزىنى ئاردلاپ يۈرۈپ، سودىگەرلەر بىلەن پوپلارنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپتۇ ھەمدە: «ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۈچۈن ۋە شتوكمان ئۈچۈن پۈتۈن ۋېشېنىسكايا كەنتىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن!» — دەپتۇ. بۇ ساڭا قارىتىلغان سادا ئەمەسمۇ؟

گىرىگورىي ئاتىسى بىلەن يەنە يېرىم سائەتچە سۆزلىشىپ، ئاندىن كېيىن ئېتىنىڭ قېشىغا ماڭدى. گەپ ئارىسىدا چال ئاكسىنىيە توغرىلىق قايتا بىرەر ئېغىز دارىتمىلاپ سۆز قىلمىدى، ئەمما گىرىگورىي شۇنداق بولسىمۇ، ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى: بۇ ئىشنى دادام بىلگەندىن كېيىن، ھەممە ئادەم ئاڭلىغان ئوخشايدۇ. بۇنى كىم يەتكۈزگەندۇ؟ بىزنىڭ بىر يەردە بىللە تۇرغانلىقىمىزنى، پىروخوردىن باشقا كىم كۆرۈۋالغاندۇ؟ مىتىپانمۇ بىلەمدىغاندۇ؟ گىرىگورىي ئىزا تارتقانلىقىدىن، ئۆزىگە ئۆزى غەزەپلىنىپ، ھەتتا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كەتتى...

كازاكلار بىلەن قىسقىلا پاراڭلاشتى. ئانىكۇشكا يەنىلا چاخچىغىنى قويماي، بۆلۈنمىگە بىرنەچچە چىلەك ساموگون ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— بىزگە ئوق ـ دورىنىڭمۇ لازىمى يوق، پەقەت ھاراقلا

بولسا بولدى! — دىدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ. ئۇ كۆزىنى قىسىپ، كىيىنگىسىنىڭ كىر يافىسىنى تىرنىقى بىلەن مەنىلىك چېرتىپ قويدى.

گىرىگورىي ئۆزىنىڭ ساقلاپ قويغان تاماكىسى بىلەن خىرىستونە ۋە باشقا ھەممە يېزىلىقلارنى مېھمان قىلدى؛ كېتىش ئالدىدىلا ئۇ ستېپان ئاستاخوفنى كۆردى. ستېپان يېقىن كېلىپ، ئالدىرىماي سالاملاشتى، ئەمما قولىنى بەرمىدى.

بۇ گىرىگورىينىڭ قوزغىلاڭ باشلانغاندىن بۇيان ئۇنى 1 - قېتىم كۆرۈشى ئىدى. شۇڭا ئۇ: «بىلەمدىغاندۇ؟» — دەپ سىنچىلاپ، تەشۋىش بىلەن قاراپ كەتتى. ئەمما ستېپاننىڭ ياداڭغۇ چىرايلىق يۈزى خاتىرجەم ئىدى، ھەتتا مەمنۇن ئىدى. شۇڭا گىرىگورىي يېنىكلەشكەندەك بولۇپ بىر ئۇھ دەۋەتتى: «ياق، بىلمەيدىكەن!»

## 64

ئىككى كۈندىن كېيىن گىرىگورىي ئۆز دىۋىزىيىسىنىڭ فۇرونتىنى بويلاپ قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كەلدى. قوماندانىنىڭ شتاۋى چىرنىي يېزىسىغا كۆچكەن ئىدى. گىرىگورىي ۋېشېنسكايانىڭ قېشىدا ئېتىنى يېرىم سائەتچە دەم ئالدۇردى، ئۇنى سۇغىرىپ بولۇپ، كەنتكە كىرمەستىن، چىرنىي يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى.

كودىنوف ئۇنى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ، پەيت كۈت-

كەندەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ كەتتى.

— خوش، گىرىگورىي پانتېلېيېۋ، نىمىلەرنى كۆردۈڭ؟ سۆزلەپ بەرگىن.

—كازاكلارنى كۆردۈم، دوڭنىڭ ئۈستىدە قىزىللارنى كۆردۈم.

— خېلى ئىشلارنى كۆرۈپسەنغۇ! بىزنىڭ بۇ يەرگە ئۈچ ئاي-رۇپىلان ئۇچۇپ كەلدى، ئۇوق - دورا ۋە بەزىبىر خەت - چەك بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ...

— باشلىقدىشىڭ گېنېرال سىدورىن ساڭا نىمىلەرنى يېزىپتۇ؟

— باشلىقدىشمىنى دەمسەن؟ — كودىنوفمۇ ئوخشاشلا چاخ-چاق ئاھاڭىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى خوشال ھالدا ياندۇرۇپ سوئال قويدى، — ئۇ ئۆز خېتىدە: بار كۈچۈڭنى ئىشقا سېلىپ، بەرداشلىق كۆرسەت، قىزىللارنىڭ دەريادىن ئۆتۈ-شىگە ئىمكان بەرمە، دەپ يېزىپتۇ، يەنە: دون ئارمىيىسى يې-قىن ئارىدا ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، دەپتۇ.

— شىرىن گەپلەرنى قىپتۇ.

كودىنوف گېپىنى بىر ئاز جىددىيلەشتۈردى:

— فۇرونتنى يېرىپ ئۆتىدىكەن. بۇ سۆزنى ساڭىلا ئېيتىۋاتىمەن، بۇ ئىنتايىن سىر تۇتىدىغان مەخپىيەت! بىر ھەپتىدىن كېيىن 8 - قىزىل ئارمىيىنىڭ فۇرونتىنى يېرىپ ئۆتمەكچى، بەرداشلىق كۆرسىتىپ تۇرۇش كېرەك.

— شۇنداق، چىداشلىق بېرىمىزغۇ.

— گروموكتا قىزىللار دەريادىن ئۆتۈشكە ھازىرلىنىۋېتىپتۇ.

— ھازىرغىچە پالتىلىرىنى توكۇلدىتىپ تۇرۇشۇۋاتامدۇ؟ — گىرىگورىي ئەجەبلەندى.

— توكۇلدىتىۋاتىدۇ... خوش، سەن نىمىنى كۆرۈپ قاپتىڭ؟ نەلەردە بولدۇڭ؟ سەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ۋېشكىدا راھەتلىنىپ يېتىۋالمىغانسەن؟ بەلكىم باشقا يەرگە بارمىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن! ئۈلۈشكۈن مەن سېنى ئىزلىتىپ، پۈتۈن كەنتنى تاسقىتىۋەتتىم، ئەۋەتكەن كىشىمدىن بىرى قايتىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «مېلېخوف ئۆيىدە يوق ئىكەن، ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىرايلىق بىر ئايال قېشىمغا چىقىپ ‹گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ كېتىپ قالدى›— دېدى. بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ». شۇ چاغدا خىيالىمغا: «بىزنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرىمىز ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈگى بىلەن ۋاقتىنى خوش قىلىپ، بىزدىن يوشۇرۇنۇپ يۈرەمدۇ، نىمە؟»— دېگەن پىكىر كەلدى.

گىرىگورىي چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، كودىنوفنىڭ چاخچىغى ئۇنىڭغا ياقمىغان ئىدى.

— سەن ھەر قىسما يالغان - ياۋىداقلارغا قۇلاق سېلىۋەرمىسەڭ بولۇرمىكىن ھەمدە ئۆزەڭگە تىلى قىسقىراق ئادەملەرنى چاپارمەنلىككە تاللىغىنىڭ ياخشى! ئەگەر قېشىمغا تىلى ئۇزۇن ئادەملەرنى ئەۋەتىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بىھۇدە يالغان سۆزلەرنى ئېيتماسلىغى ئۈچۈن تىللىرىنى ئالدىنئالا قىلىچ بىلەن كېسىپ تاشلايمەن ...

كودىنوف قاقاقلاپ كۈلۈپ، گىرىگورىينىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويدى.

— بەزى چاغدا سەن چاخچاقنى كۆتىرەلمەيدىكەنسەنغۇ؟ ماقۇل، چاخچاقنى قويۇپ تۇرايلى! ساڭا مېنىڭ مۇھىم بىر سۆزۈم بار ئىدى. بىز بىر «تىل»* نى قولغا چۈشۈرسەك بولاتتى، بۇ بىر:

*«تىل» — دۈشمەن ھەربى قىسىملىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ھەركەتلىرىدىن مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەسىر — ت.

ئىككىنچىسى، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى كېچە كازانىسكايانىڭ چېگـ رىسىدىن يۇقۇرىلاپ كەتمەي، نېرىقى قىرغاققا ئىككى ئاتلىق بۆلۈنمىنى ئۆتكۈزۈپ، قىزىللارنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ قايتساق مىكىن دەيمەن. بەلكى ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ، ئالاقزادە قىلىۋېتىش ئۈچۈن نەق گروموكنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈش لازىمدۇ؟ سىنىڭچە قانداق؟

گرىگورىي بىر دەم ئۈنچىقماي، كېيىن جاۋاپ قايتۇردى:

ــ بولىدىغان گەپ.

ــ ئۇنداق بولسا سەن ئۆزەڭ، ــ كودىنوف كېيىنكى سۆزىنى سالماقلىق قىلىپ ئېيتتى، ــ بۆلۈنمىلەرگە باشچىلىق قىلمامسەن؟

ــ نىمە سەۋەپتىن مەن ئۆزەم بارىدىكەنمەن؟

ــ ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە كوماندىر كېرەك، مانا شۇ سەۋەپتىن! تازا تەجرىبىلىك ئادەم كېرەك. چۈنكى بۇ، چاخچاق ئىش ئەمەس. ئۇيەرگە ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن بىرمۇ ئادەم قايتمايدىغان دەرىجىدە ئورۇنلىشىۋېلىش مۇمكىن!

مەمنۇن بولغان گرىگورىي، ئويلىنىپ تۇرماستىنلا ماقۇل بولدى:

ــ بارىمەن، ئەلۋەتتە!

ــ بىز بۇنىڭ پىلانىنى قىلىپ، مۇنداق ئويلىغان ئىدۇق،ــ كودىنوف ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ غىچىرلايدىغان پولى ئۈستىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، ــ ئارقا سەپكە بەك ئىچكىرىلەپ كىرىش ھاجەت ئەمەس، دون بويىدىكى ئىككى ـ ئۈچ يېزىدا ئۇلارغا پاتىپاراقچىلىق سېلىپ، ئوق ـ دورا، سنارەت ۋە ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، يەنە

شۇ ئىزى بىلەن قايتىپ كېلىشى كېرەك. تاڭ ئېتىش ئالدىدا دەرىيادىن ئۆتۈپ بولۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى كېچىچە قىلىپ بولۇش كېرەك. توغرىمۇ؟ شۇنداق بولسۇن، سەن ئويلىنىپ كۆر، ئەتە خالىغان كاـ زاكلىرىڭنى تاللىۋال ۋە ھەركەتكە كىرىش. بىز مۇنداق قارارغا كەلدۇق: مېلېخوفتىن باشقا، ھېچكىم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىـ قالمايدۇ! باشقا ئېلىپ چىقساڭ، دون ھەربى رايونى بۇ خىزمـ تىڭنى ئۇنتۇمايدۇ. بىز ئۆز كىشىلىرىمىز بىلەن قوشۇلۇش بىلەنلا مەن ھەربى رايون ئاتامانىغا راپورت يازىمەن. قىلغان خىزمەتلىرىڭـ نىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى بايان قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن دەرىجەڭـ نى يۇقىرى كۆتىرىش...

كودىنوف، گىرىگورىيغا بىر قاراپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى توختاپ قالدى: گىرىگورىينىڭ ھازىرغىچە خاتىرجەم چىرايى بىرـ دىن قارىيىپ، غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى.

ــ مېنى سەن نىمە كۆرىۋاتىسەن؟...، ــ گىرىگورىي دەرـ ھال قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى، ــ مەن مەنسەپ، دەرىجە ئۈچۈن بارامدىمەن؟... مېنى ياللىماقچىمۇسەن؟... دەرـ جەمنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن ۋەدە بېرىۋاتامسەن؟... ياق، مەن...

ــ ھەي، سەن توختاپ تۇرامسەن!

ــ ... سېنىڭ مەنسەپ، دەرىجىلىرىڭگە تۈكۈرىمەن!

ــ توختاپ تۇر! سەن مېنى ئۇنداق...

ــ ... تۈكۈرىمەن!

ــ سەن خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ، مېلېخوف!

ــ مەن ھەممىسىنى چۈشەندىم! ــ گىرىگورىي بىر ئۇھ تارتـ تى ـ دە، قايتىدىن ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ــ باشقا ئادەمنى تاپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن كازاكلارنى دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە باشلاپ بارمايمەن!

— سېنىڭ بىكاردىن قېنىڭ قىزىۋاتىدۇ.

— بارمايمەن! بۇ توغرىلىق باشقا سۆزۈم يوق.

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنى مەجبۇر قىلمايمەن ۋە ئۆتۈنمەيمەن. خالىساڭ ئېلىپ بار، خالىمىساڭ مەيلى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھازىر ئىنتايىن ئېغىر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، دەريادىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلدۇرماسلىق قارارىغا كەلگەن ئىدۇق. ئۆستۈرۈش توغرىلىق مەن چاخچاق قىلىپ ئېيتىپ قويغان ئىدىم! سەن چاخچاقنى نېمىشقا چۈشەنمەيسەن؟ ئايال كىشىنىمۇ چاخچاق بىلەن ئېسىڭگە چۈشۈرگەن ئىدىم، كېيىن قارىسام — قەھرى-غەزىپىڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بەنە بىر قېتىم جىلە قىلايچۇ دەپ ئويلاپتىمەن! مەن سېنىڭ چالا بولشېۋىك ئىكەنلىكىڭنى ۋە ئورۇن-مەنسەپنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىمغۇ. مېنىڭ چاخچاقلىرىمنى راست دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ — كودىنوف ئۈستىلىق بىلەن بىر بۇرۇلۇپ، شۇنداق تەبىئى كۈلدىكى، گىرىگورىينىڭ كاللىسىغا لىپ قىلىپ: «مۇنۇ نېمە راستىنلا ئەقلىدىن ئازغانمىدۇ؟» دېگەن پىكىر كەلدى، — ياق، سەن... خ-خ-خو-خو!... تېرىكىپ، ئۆزەڭنى باسالماي قالدىڭ بۇرادەر! خۇدا تۇرۇپتۇ، مەن چاخچاق قىلىپ ئېيتقان ئىدىم! چىشىڭغا بىر تېگىپ قويۇشنى خالىغان ئىدىم...

— بەرىبىر دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە بېرىشنى رەت قىلىمەن، پىكرىمدىن قايتتىم.

كودىنوف كەمىرىنىڭ ئۈچىنى ئويناپ بىپەرۋالىق بىلەن ئۇزاققىچە لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ. كېيىن مۇنداق دېدى:

— مەيلى، ئۇنداق بولسا، ئايىنىپ قالدىڭمۇ ياكى قورقتۇڭ-

مۇ — بۇنىسى مۇھىم ئەمەس. شۇنىسى مۇھىمكى، سەن بىزنىڭ
پلانىمىزنى بۇزۇۋاتىسەن! بىز، ئەلۋەتتە، باشقا بىر ئادەمنى ئەۋە-
تىشىمىزمۇ مۇمكىن. دۇنيانىڭ ئىشى ھازىر ساڭىلا قاراپ قالغىنى
يوق... ئەمما بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھازىر ناھايىتى جىددى، بۇ-
نى ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر. بۈگۈن بىزگە شۇمىلىنىسكابادىن كوندرات
مېدۋېدېۋ فولغا چۈشۈرۈلگەن يېڭى بىر بۇيرۇقنى ئەۋەتىپتۇ.
ئۇلار ئۈستىمىزگە قوشۇن ئەۋەتىۋېتىپتۇ... مانا ئۆزەڭ
ئوقۇپ باق، بولمىسا ماڭا ئىشەنمەيدىغاندەك تۇر-
سەن...، — كودىنوف دالا سومكىسىدىن چەت - چۆرىسىدە قېتىپ
قالغان قارامتۇل قان داغلىرى بار بىر ۋاراق سېرىق قەغەزنى
ئېلىپ، گىرىگورىيغا بەردى، — بۇ قەغەز قايسىبىر ئىنتېرناتسىئو-
نال روتىسىنىڭ كومىسسارىدىن تېپىلغان. كومىسسار لاتىش مىللىتى-
دىن ئىكەن. بۇ گېزەندە ئاخىرقى بىر تال ئوقى قالغۇچە ئېتىشىپ-
تۇ، كېيىن مىلتىقىنى فىيا ئالدىغا قارىتىپ تۇتۇپ، پۈتۈن بىر ۋىز-
ۋوت ئەسكەرگە قارشى ئىنتىلىپ مېڭىپتۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئاشۇن-
داقلىرى بولىدىكەن، ھىلىقى ئىدىيىدىكىلەر... كومىسسارنى كوند-
راتنىڭ ئۆزى ئۆلتىپتۇ. ئۇ كومىسسارنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن ئۇش-
بۇ بۇيرۇقنى تاپقان.

قان چاچرىغان سېرىق ۋاراقنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق قارا-
ھەرپلەر بىلەن مۇنۇ سۆزلەر بېسىلغان ئىدى:

**بۇيرۇق**

جازا يۈرۈشى قوشۇنلىرى بويىچە

8 №100

بوگۇچار 1919 - يىل 25 - ماي

www.uyghurkitap.com

بارلىق روتىلاردا، ئېسكادرونلاردا، باتارېيىلەردە ۋە پىلىموت كوماندىلىرىدا ئوقۇلسۇن.

قاباھەتلىك دون قوزغىلىڭىنىڭ كۈنى ئاخىرلىشىپ قالدى!

ئاخىرقى سائەت جاڭ ئۇردى!

بارلىق زۆرۈر تەييارلىقلار پۈتتى، خائىنلار ۋە ساتقۇنلارنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت ياغدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچ توپلاندى. جەنۇبىي فرونتتا ئۇرۇش ھەركەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىزنىڭ ئارمىيىلىرىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىككى ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت زەربە بېرىپ كېلىۋاتقان قاتىل جىنايەتچىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ سائىتى كەلدى. پۈتۈن ئىشچى - دېھقانلار روسىيىسى ئاشۇ ساختا قىزىل بايراق كۆتىرىۋېلىپ، قارا يۈز پومېششىكلەرگە: دېنىكىن بىلەن كولچاكقا ياردەم بېرىۋاتقان مىگۇلىنىسكايا، ۋېشېنىسكايا، يېلانىسكايا، شۇمىلىنىسكايا باندىتلىرىغا يىرگىنىش ۋە نەپرەت بىلەن قارايدۇ.

جازا يۈرۈش قوشۇنلىرىنىڭ سولداتلىرى، كوماندىرلىرى، كومىسسارلىرى!

تەييارلىق ئىشى ئاياقلاشتى. زۆرۈر بولغان كۈچلەر ۋە قورال - ياراقلارنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ بولدى، سەپلىرىڭلار تۈزۈلدى.

ئەمدى بىرلا سىگنال بىلەن ئالغا بېسىڭلار! نومۇسسىز خائىنلار ۋە ساتقۇنلارنىڭ ئۇۋىسى بىتچىت قىلىنىشى كېرەك، قاتىل جىنايەتچىلەر قىرىپ تۈگىتىلىشى لازىم. قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان كەنتلەرگە ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلىنمىسۇن. پەقەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن قورال تاپشۇرۇپ، بىز تەرەپكە ئۆتكەن كىشىلەرگىلا كەڭچىلىك قىلىنسۇن. كولچاك بىلەن دېنىكىننىڭ قول چوماقلىرىغا قوغۇشۇن، پولات ۋە ئوت ياغدۇرۇلسۇن!

سوۋېت روسىيىسى سىزلەرگە ئىشىنىدۇ، سولدات يولداشلار. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بىز دوننى خائىنلىقنىڭ قارا داغلىرىدىن تازىلىشىمىز لازىم. ئاخىرقى سائەت كەلدى.

ھەممەڭلار، بىر نىيەتتە ئالغا!

## 65

19 ـ ماي كۈنى 9 ـ ئارمىيە ئېكسپېدىتسىيە بىرـ
گادىسىنىڭ شتاپ باشلىغى كومانوۋىسكى مىشكا كوشۇۋىنى
ئالدىراش ئالاقە بىلەن 32 ـ پولكىنىڭ شتاۋىغا ئەۋەتكەن ئىـ
دى، بۇ پولك، كۆمانوۋىسكىنىڭ ئىگە بولغان خەۋىرىگە قارىغاندا،
ھازىر گورباتوۋىسكى يېزىسىدا تۇراتتى.

شۇ كۈنىلا كەچكە يېقىن كوشۇوي، گورباتوۋىسكىغا ئات چاپـ
تۇرۇپ كەلگەن ئىدى، ئەمما 32 ـ پولكىنىڭ شتاۋى بۇ يەردە
يوق بولۇپ چىقتى. يېزىغا 23 ـ دىۋىزىيىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك
كارۋان ئەترىدىنىڭ نۇرغۇن ساندىكى ھارۋىلىرى تولۇپ كېتىپتۇ،
ئۇلار دونېتىستىن يولغا چىققان بولۇپ، ئىككى روتا پىيادە
ئەسكەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۇست ـ مېدۋېدىتساغا قاراپ
كېتىۋاتاتتى.

مىشكا شتاپنىڭ تۇرغان يېرىنى سوراشتۇرۇپ، ئېنىقلىۋېلىش
ئۈچۈن يېزىدا بىرنەچچە سائەت ئادىشىپ يۈردى. ئاخىر ئىـ
زىل ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭغا 32 ـ پولكـ
نىڭ شتاۋى تۆنۈگۈن بوكوۋىسكايا كەنتىنىڭ قېشىدىكى يېۋلاـ
نتىيېۋىسكى يېزىسىدا ئىدى، دىگەن ئۇچۇرنى بەردى.

مىشكا ئېتىغا يەم بەرگەندىن كېيىن كېچىدە يېۋلانتىيېـ
ۋىسكىغا كەلسە، شتاپ بۇ يەردىمۇ يوق ئىكەن. يېرىم كېچىدىن

ئۆتكەن چاغدا كوشۋوي، گورباتوۋسكىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، دالىـ
دا قىزىل ئارمىيە چارلىغۇچىلىرىغا ئۇچراپ قالدى.

— كېلىۋاتقان كىم؟ — دەپ يىراقتىن مىشكىغا ۋاقىراشتى.

— ئۆز ئادەم.

— قېنى، قانداقچە ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىسەن...، — دەپ گاراڭلىغان پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى بېشىغا ئاق كۇبانكا، ئۇستىگە كۆك چېركەسچە چەكمەن كىيگەن كوماندىر، يېقىن كېلىپ، — قايسى قىسىمدىن؟

— ئارمىيە ئېكىسپېدىتسىيە بىرىگادىسىدىن.

— قىسىمدىن يېزىپ بەرگەن قەغەز بارمۇ؟

مىشكا ھۆججەتنى كۆرسەتتى. چارلىغۇچىلارنىڭ كوماندىرى ئۇنى ئايدىڭدا بىر قۇر قاراپ، ئىشەنمەسلىك بىلەن يەنە سۈرۈشتە قىلىپ كەتتى:

— سىلەرنىڭ بىرىگادا كوماندىرىڭلار كىم؟

— يولداش لوزوۋسكى.

— بۇ بىرىگادا ھازىر قەيەردە؟

— دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە. خوش، سىز قايسى قىسىمدىن يولداش؟ 32 - پولكتىن ئەمەسمۇ؟

— ياق، بىز 33 - كۇبان دىۋىزىيىسىدىن. سەن ئۆزەڭ نەدىن كېلىۋاتقان ئىدىڭ؟

— يېۋلانتىيېۋسكىدىن.

— نەگە بارماقچىسەن؟

— گورباتوفقا.

— بەللى! گورباتوۋسكىدا ھازىر كازاكلار بارغۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ! — مىشكا ئەجەپلەندى.

— مەن ساڭا دەۋاتىمەنغۇ، قوزغىلاڭچى كازاكلار شۇ يەر-دە. بىز ھازىر شۇ يەردىن كەلدۇق.

— ئەمدى بوبرووۋىسكىغا قانداق بارارمەن؟ — دىدى مىشكا گاڭگىرىغان ھالدا.

— ئۇنى ئۆزەڭ بىلىسەن.

چارلىغۇچى قىسىملار كوماندىرى ساغرىسى سىيلىنغان قارا ئېتىنى يورغىلىتىپ، قوزغىلىپ ماڭدى، ئەمما كېيىن ئىگەر ئۈستىدە ئارقىسىغا قايرىلىپ، مەسلىھەت بەردى:

— بىز بىلەن بىللە ماڭ، بولمىسا، بىر يەردە بېشىڭنى چېپىپ تاشلىمىسۇن.

مىشكا مەمنۇنلۇق بىلەن چارلىغۇچىلار ئەترىدىگە قوشۇلۇۋالدى. ئۇ قىزىل ئەسكەرلەر بىلەن بىللە شۇ كېچىسىلا 294 - تاگانروگ پولكى تۇرغان گرۇژدىلىن يېزىسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئالاقىنى پولك كوماندىرىغا تاپشۇرۇپ، بۇ ئادەمگە نىمە ئۈچۈن ئالاقىنى بەلگىلەنگەن جايغا يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردى - دە، پولكتىكى ئاتلىق رازۋېتچىكلار قىسمىدا قېپقېلىشقا رۇخسەت سورىدى.

مۇشۇ يېقىندا تامان ئارمىيىسى بىلەن كۇبانلىق پىدائىلار-دىن قۇرۇلغان 33 - كۇبان دىۋىزىيىسى ئاستىراخاننىڭ قېشىدىن ۋورونېژ - لىسكى رايونىغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ بىرىنگادىلىرىدىن بىرسى تاگانروگ، دېربېنت ۋە ۋاسىلكوف پولكلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، قوزغىلاڭغا قارشى ئاتلاندۇرۇلغان ئىدى. مېلېخوفنىڭ 1 - دىۋىزىيىسىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىغانمۇ ئاشۇ بىرىنگادا ئىدى.

بۇ بىرىگادا جەڭ بىلەن تېز يۈرۈش قىلىپ، كازانسكايا كەنتى ئايمىقىدىن تاكى ئۇست - خوپېرسكايا كەنتىنىڭ دەسلەپكى غەربىي يېزىلىرىغىچە دوننىڭ ئوڭ قىرغىقىنى بويلاپ بېسىپ ئۆتكەن ئىدى، ئوڭ قانات قىسىملىرى چىر دەرياسى بويىدىكى يېزىلارنى ئىشغال قىلغان ۋە شۇندىن كېيىنلا دون بويىدا ئىككى ھەپتىدەك تۇرۇپ، ئارقىغا قايتقان ئىدى.

مىشكا كارگىنىسكايا كەنتىنى ۋە بىر قاتار چىر يېزىلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بولغان جەڭگە قاتناشتى. 27 - ماي كۈنى ئەتىگەندە نىژنىي - گىرۇشىنىسكى يېزىسىنىڭ نېرىسىدىكى دالىدا 294 - تاگانروگ پولكىنىڭ 3 - روتا كوماندىرى، قىزىل ئەسكەرلەرنى يول بويىدا سەپكە تىزىپ، يېڭىلا تاپشۇرۇۋېلىنغان بۇيرۇقنى ئوقۇدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇنۇ سۆزلەر مىشكا كوشېۋوينىڭ ئېسىدە مەھكەم ساقلىنىپ قالدى: «... نومۇسسىز خائىنلارنىڭ ئۇۋىسى بىتچىت قىلىنىشى كېرەك، قاتىل جىنايەتچىلەر قىرىپ تۈگىتىلىشى لازىم...» يەنە: «كولچاك بىلەن دېنىكىننىڭ قول چوماقلىرىغا قوغۇشۇن، پولات ۋە ئوت ياغدۇرۇلسۇن!»

شتوكمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن يېلانسكى كوممۇنىستلىرىنىڭ ھالاك بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مىشكىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، مىشكىدا كازاكلارغا نىسبەتەن يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان قاتتىق ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ ئەمدى قولىغا قوزغىلاڭچى كازاك ئەسىر چۈشسە، ئويلاپ تۇرمايدىغان بولدى، رەھىم - شەپقەت دىگەننىڭ چۈشىنىكسىز ئاۋازىغا قۇلاق سالمايدىغان بولدى. شۇ چاغدىن تارتىپ ئۇ كازاكلارنىڭ ھېچبىرىگە رەئىيە - مۇرۇۋۋەت

قىلمىدى. كەنتداشلىرىغا مۇزدەك كۆپ - كۆك سوغاق كۆزلىرى
بىلەن قاراپ: «سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن كۈرەش قىلدىڭمۇ؟» —
دەپ سورايتتى - دە، جاۋاپ كۈتمەستىن، ئەسىرنىڭ ئۆلۈكتەك
يۈزىگە قارىماستىن، چېپىپ تاشلايتتى، رەھىمسىزلىك بىلەن چې-
پىپ تاشلايتتى! چېپىپ تاشلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قوز-
غىلاڭچىلار تاشلاپ كەتكەن يېزىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە
«قىزىل خوراز» قويۇپ بەردى*. قورقۇنچىدىن ئەس - ھوشى-
نى يوقاتقان ئۆكۈز ۋە ئىنەكلەر كۆيۈۋاتقان قورالارنىڭ قاشالىرىنى
بۇزۇپ، كوچىلارغا ھۆكىرەپ يۈگۈرۈشۈپ چىققاندا، مىشكا بۇلارنىڭ
كۆكرىگىگە مىلتىقنى تاقاپ تۇرۇپ ئاتىدىغان بولدى.

ئۇ، كازاكلارنىڭ توق تۇرمۇشى بىلەن، كازاكلارنىڭ خىيا-
نەتكارلىقى بىلەن، ھەيۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئەسىرلەر بويى
پېتى بۇزۇلماي كەلگەن قالاق تۇرمۇش تەرزى بىلەن مۇرەسسەسىز
ۋە شەپقەتسىز ئۇرۇش ئېلىپ باردى. شتوكمان بىلەن ئىۋان
ئالېكسېيېۋىچنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىپ كېلى-
ۋاتاتتى، ئەمدى بۇيرۇقنىڭ سۆزلىرى بولسا مىشكىنىڭ ئىچكى
تۇيغۇلىرىنى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەپ بەردى. خالاس ... ئۇ شۇ
كۈنلا ئۈچ يولدىشى بىلەن كارگىنسكايا كەنتىنىڭ 150 قورا -
جايلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بىر سودىگەر ماگىزىنىنىڭ ئامبىرىدىن
لىق بىر تۇڭ كىرسىن تېپىۋالدى - دە، قارىيىپ كەتكەن قولىدا بىر
قاپ گۈگۈتنى سىقىمدىغان پېتى مەيدان بىلەن يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ
كەينىدىن ئىز بويلاپ ئاچچىق تۈتۈن ۋە لاۋۇلدىغان يالقۇن كۆ-
تىرىلىپ، سودىگەرلەر ۋە پوپلارنىڭ ئاستى - ئۈستى سىرلانغان،
ئاختايلىق، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرىنى، ھاللىق كازاكلارنىڭ ئۆي-

* «قىزىل خوراز» قويۇپ بەردى — ئوت قويدى دېگەن مەنىدە —ت.

www.uyghurkitap.com

لىرىنى، يەنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «نادان كازاك ئامىسىنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە قۇتراتقان مۇغەمبەرلەر»نىڭ تۇرار جايلىرىنى قاپلاپ كەتتى.

ئاتلىق رازۋېتچىكلار دۈشمەن تاشلاپ كەتكەن يېزىلارغا بىرىنچى بولۇپ كىرەتتى؛ پىيادە قىسىملار يېتىپ كەلگۈچە، كوشېۋوي ئەڭ باي ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە شامال سوققان تەرەپتىن ئوت قويۇپ ئۈلگۈرەتتى. ئۇ، قانداق بولمىسۇن تاتارىسكىغا سوقۇلۇپ كىرىپ، يېزىلىقلاردىن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن يېلانىسكايالىق كوممۇنىستلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يېزىنىڭ يېرىم - ياتىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىماقچى ئىدى، كۆڭلىدە كىمنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈش كېرەكلىكىنى تىزدەلاپ قويغان، مۇبادا ئۇنىڭ قىسمى چىردىن ۋېشېنسكايانىڭ سول تەرىپى بىلەن ئۆتىدىغان بولسا، مىشكا كېچىدە ھەمرالىرىدىن غىپپىدە ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر ئىلاج قىلىپ تۇغۇلغان يېزىسىغا بېرىپ كېلىش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

ئۇنى تاتارىسكىغا بېرىشقا مەجبۇر قىلغان باشقا سەۋەپمۇ بار ئىدى... كېيىنكى ئىككى يىل مابەينىدە، دۇناشكا مېلېخوۋا بىلەن ئاندا - ساندا ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا تېخى سۆز بىلەن ئىزھار قىلىنمىغان مۇھەببەت سۆزلىرى بۇ ئىككىيلەننى بىر - بىرىگە باغلاپ كېلەتتى. مىشكىغا سوغا قىلىنغان تاماكا خالتىسى ئۇچۇق گەرىس يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن بولۇپ، بۇ دۇناشكىنىڭ قارا قۇمچاق بارماقلىرىنىڭ نەپىس ئىشى ئىدى، قىش كۈنى ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىن يوشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇتتۇنىسمان ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان بىر جۈپ پەلەينى ئېپكېلىپ بەرگەنمۇ ئەنە شۇ

دۇناشكا ئىدى، كوشۇوي ئۆزىنىڭ سولداتچە گىمناستىيوركىسىنىڭ
مەيدە يانچۇغىدا ئاۋايلاپ ساقلاپ يۈرگەن كەشتە ياغلىغىمۇ بۇرۇن
دۇناشكىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۈچ ئايدىن بۇيان ئېچىلمىغان قاتلاق-
لىرىدا خۇش بۇي گىياغا ئوخشاش بىر تۈرلۈك قىز بەدىنىنىڭ بو-
يىنى ساقلاپ كەلگەن مانا شۇ كىچىككىنە ياغلىق مىشكىغا ئېيتقۇ-
سىز قىممەتلىك ئىدى! يالغۇز قالغاندا ياغلىقنى قولىغا ئالسا،
ھەمىشەم مىشكىنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خاتىرە ئۆ-
زىچىلا كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى: قۇدۇق بېشىدىكى قىرو باسقان
تىرەك، بۇلۇتلۇق ئاسماندىن سوققان ئىزغىرىن شامال، دۇناشكى-
نىڭ دىرىلدەپ تۇرغان قاتمال لەۋلىرى، ئۇنىڭ قايرىلغان كىر-
پىكلىرىدە ئېرىپ كېتىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ كىرىستالدەك
پاقىرىشى ...

ئۇ ئۆيىگە بېرىشقا پۇختا تەييارلىق كۆردى. كارگىنىسكايادى-
كى سودىگەرنىڭ ئۆيىدىكى تامدىن بىر پارچە گۈللۈك گىلەمنى
يۇلۇۋېلىپ، ئېتىغا يوپۇق قىلغان ئىدى، كارامەت چىرايلىق يوپۇق
بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ يارقىن رەڭدار بوياقلىرى ۋە گۈللىرى يى-
راقتىن كۆزنى چاقنىتاتتى. كازاكنىڭ ساندۇغىدىن قىزىل جىيەك
تۇتۇلغان يېڭىلا شالۋۇرنى تېپىۋالدى، يېرىم دۈژىنە ئاياللار ياغلى-
غىنى ئېلىپ، ئۈچ ۋاق ئالماشتۇرۇپ يۆگەيدىغان پايتىما قىلدى،
يەنە بىر جۈپ ئايالچە يىپ پەلەيىنى خۇرجۇنىغا سېلىپ قويدى، ئۇ-
نىڭ نىيىتى بۇ پەلەيىنى ھازىر، سوقۇشنىڭ ئىس - تۈتەك كۈنلى-
رىدە ئەمەس، بەلكى تاتارىسكىغا كىرىش ئالدىدا دۆڭنىڭ بېشىدا
قولىغا ساپماقچى.

ئۆز يېزىسىغا كىرىپ كەلگەن ئەسكەرنىڭ ياخشى كىيىنى-
شى ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى. شۇڭا كا-

www.uyghurkitap.com

زاكلارنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن مىشكا ھەتتا قىزىل ئارمىيە قاتارىدا بولغاندىن كېيىنمۇ كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى مۇقەددەس بىلىپ، قەتئىي رىئايە قىلىشقا تەييار ئىدى.

ئاستىدىكى ئات خېلى تۈزۈك، ئاق تۇمشۇق، قارا تورۇق ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى — ئۇست-خوپېرسكايا بازىرىنىڭ كازاكى بولۇپ، ئۇنى كوشىۋوي ئاتاكا ۋاقتىدا چېپىپ تاشلىغان. ئات سوقۇشتا ئولجىغا چۈشكەنلىكتىن ماختانغۇچىلىكى بار ئىدى: ھەم بوي تۇرقى كېلىشكەن، ھەم چاققان، ھەم تېز يۈرىدىغان، ھەم ھەربىي سەپكە لايىق سۈپەتلەرگە ئىگە ئىدى. ئەمما كوشىۋوينىڭ ئاستىدىكى ئىگەر شۇنچىلىكلا بىر ئىگەرچاق ئىدى. يۆلەنچۈكى كونىراپ، ياماق سېلىنغان، ئارقا تاسمىسى خام قېيىشتىن قىلىنغان، ئۈزەڭگىلىرى ئۈستى-ئۈستىلەپ دات باسقانلىقتىن، زادىلا قىرىپ تازىلاشقا بولمايتتى. يۈگەنمۇ بىرەر بىزەكى يوق ئاددىيلا بىر يۈگەن ئىدى. ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ يۈگەننى بولسىمۇ بىزەش ئۈچۈن بىرەر چارە ئىزلەش زۆرۈر ئىدى. مىشكا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇنغىچە قىينالدى، ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىرى كاللىسىغا ياخشى بىر پاراسەت كېلىپ، كۆڭلىنى يورۇتۇۋەتتى، سودىگەرنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدا، مەيداننىڭ ئۆزىدىلا سودىگەرنىڭ مالايلىرى كۆيۈۋاتقان ئۆينىڭ ئىچىدىن ئېپچىقىپ قويغان ئاق نىكېللىك بىر كارۋات بار ئىدى. كارۋاتنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئاپپاق شارچىلىرى بولۇپ، كۈن نۇرىدا چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى، ئاشۇ شارلارنى يۇلۇۋېلىپ ياكى سۇندۇرۇپ چىقىرىپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى سۇلىقلارغا بېكىتسىلا، يۈگەن پۈتۈنلەي باشقىچە تۈسكە كىرەتتى. مىشكا خۇددى شۇنداق قىلدى: كارۋاتنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى ئىچى

كاۋاك شارچىلارنى بۇراپ چىقىرىپ، يىپەك شوينا بىلەن ئىككىسى-
نى يۈگەننىڭ سۇلىق ھالقىلىرىغا، ئىككىسىنى قاڭشار تاس-
مىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېكىتكەن ئىدى، ئېتىنىڭ بېشىدا ئاق
شارچىلار چۈش ۋاقتىدىكى ئاپتاپتا ۋال - ۋۇل پاقىراپ كەتتى.
كۈن نۇرى ئەكس ئېتىش بىلەنلا شارچىلار كۆز چىدىغۇسىز چاقناش-
قا باشلىدى! شۇنداق چاقنىدىكى، ئات كۈنگە قارشى ماڭغاندا
كۆزىنى يۇمۇپ، پات - پات مۆدرەپ، ئايىغىنى ئىشەنچسىز بېسىپ
ماڭدى، ئەمما شارچىلارنىڭ پاقىرىشى ئاتنىڭ كۆزىگە زىيان يەت-
كۈزگىنىگە قارىماستىن، نۇرنىڭ تەسىرى بىلەن ئاتنىڭ كۆزلىرى
ياشاڭغىراپ قالغىنىغا پىسەنت قىلماستىن، مىشكا يېگەندىن بىرمۇ
شارچىنى ئالمىدى. مانا ئەمدى ھەش - پەش دىگۈچە، يېرىمى
كۆيۈپ بولغان، پېچەتلانغان خىش ۋە كۆلنىڭ سېسىق پۇرىقى پۇ-
راپ تۇرغان كارگىنسكايا بازىرىدىن يولغا چىقىدىغان ۋاقىتمۇ
كېلىپ قالدى.

پولەك ۋېشېنسكايا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، دون يا-
قىسىغا بېرىشقا تېگىشلىك ئىدى. شۇڭلاشقا مىشكىنىغا ئۇرۇق-
تۇققانلىرىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن رازۋېتچىكلار كوماندىرىدىن
بىر كۈنلۈك رۇخسەت سوراش ئانچىلىك قىيىنغا چۈشمىدى.

باشلىق ئۇنىڭغا قىسقا ۋاقىتلىق ئوتپۇسكىغا رۇخسەت قىل-
مىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەك بىر ئىش قىلدى:

— ئۆيلەنگەنمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مىشكىدىن.

— ياق.

— خۇشتارىڭ باردۇ، بەلكىم؟

— قانداق خۇشتار؟... بۇ نىمە دىگەن سۆز؟ — مىشكا
ئەجەپلەندى.

— ھەي، ئاشناڭ بارمۇ دەۋاتىمەن!
— ھە — ە — ە... بۇنداق نىمەم يوق. ھالال، ۋىجدانلىق قىزلار ئىچىدە بىر سۆيگۈنۈم بار.
— زەنجىر باغ سائىتىڭ بارمۇ؟
— يوق، يولداش.
— ئېھ، سىنى! — دىدى رازۋېتچىكلار كوماندىرى — بۇ ئادەم سىتاۋروپوللۇق بولۇپ، ئۆتمۈشتە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا ئۆز ئىختىيارى بىلەن فىسمدا ئۇنتېر ئوفىتسېر بولۇپ قېپقالغان، ئۆزدىمۇ كونا ئارمىيىدىن تالاي قېتىم رۇخسەت سوراپ، ئۆيىگە بارغان ئىدى. شۇڭا قولى قىسقا جەڭچىلەرنىڭ قىسمىدىن ئۆيىگە بېرىشى ئېغىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆز تەجرىبىسىدىن بىلەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەڭ كۆكرىكىدىن ناھايىتى ئېغىر زەنجىر باغلىق بىر سائەتنى ئالدى — دە، دىدى، — سىنىڭ ياخشى بىر جەڭچى ئىكەنلىكىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ! مە، ئال، ئۆيۈڭگە بارغاندا مەيدە يانچۇغۇڭدىن زەنجىرنى چىقىرىپ تاقاپ يۈر، قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەت، 3 — ۋىزۋوتتىكى مەن بۇرادىرىڭنى ئەسكە ئېلىپ قوي. ياش ۋاقتىمدا بېشىمدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، مەن بىلىمەن... زەنجىرى يېڭى ئامېرىكان ئالتۇنى. بىرسى قىزىقىپ سوراپ قالسا، شۇنداق دەپ جاۋاپ بەر. ئەگەر بىرەر قىزدىل كۆز جېنىڭغا تېگىپ، تامغىسى فېنى، دەپ، كولاشتۇرۇپ سوراۋەرسە، ئۇنداق نىمىنىڭ نەق تۇمشۇقىغا مۇشت بىلەن سال! شۇنداق نومۇسسىز ئادەملەر باركى، گەپ — سۆزسىزلا ئۇلارنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇرۇش كېرەك. بىر زاماندا قاۋاقخانىدىمۇ ياكى جامائەت ئورنىدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر يەردە پىركازچىكلاردىن، يا بولمىسا كاتىپلاردىن چالا ساۋات بىرسى بىكاردىن قېشىمغا يېگۈ-

رېپ كېلەتتى ـ دە. خەلق ئالدىدا مېنى ئوسال قىلماقچى بولۇپ:
«زەنجىرىڭىزنى، راست ئالتۇندەك، قوسىغىڭىزنىڭ ئۈستىگە چۈشۈ-
رۈۋاپسىز... تامغىسى قېنى؟ رۇخسەت قىلسىڭا، كۆرۈپ باقاي!»
دېيتتى. مەن ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىشىغا ئىمكان بەر-
مەي «تامغىسىمۇ؟ مانا تامغىسى!» دەيتتىم، ــ مىشكىنىڭ ئاق كۆ-
ڭۈل كوماندىرى كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك يوغان مۇشتىنى تۈگۈپ،
دەھشەتلىك قارام كۈچ بىلەن كوشىۋوينى ئىتتىرىۋەتتى.

مىشكا سائەتنى تاقىدى، كېچىدە، گۈلخان يورۇقىدا ساقال-
بۇرۇتىنى قىردى، ئاندىن ئېتىنى ئىگەرلەپ مىندى ـ دە،
چاپتۇرۇپ كەتتى. تاڭ ئاتار چاغدا تاتارىسكىغا كىرىپ كەلدى.
يېزا ھامان ئاشۇ بۇرۇنقى ھالىتىدە ئىكەن: پىششىق خىش چېركاۋ-
نىڭ پاكار قوڭغۇراق مۇنارىسى ئۆزىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن ئالتۇن
يالتىلغان كىرېستىنى كۆك ئاسمانغا ئاۋالقىدەكلا تىكىپ تۇرۇپتۇ.
يېزا مەيدانىدا پوپلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ كاتتا ئىمارەتلىرى
ھامان سىقىلىشىپ تۇراتتى. كوشىۋويلارنىڭ يېرىم ۋەيرانە بولغان
ئۆيى ئۈستىدىن باش سوزغان بىر تۈپ تېرەك ھامان ئۆز ئانا
تىلىدا پىچىرلاپ تۇراتتى...

پەقەت يېزىغا خاس بولمىغان، تار كوچىلارنى ئۆمۈچۈك تۆ-
رىدەك چىرمىۋالغان چوڭقۇر بىر سۈكۈنات مىشكىنى ھاڭ ـ تاڭ
قالدۇردى. چوڭ كوچىلاردا ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. ئۆيلەرنىڭ
دەرىزە قاپقاقلىرى مەھكەم ئېتىلگەن، بەزىبىر ئىشىكلەرگە قۇلۇپ
سېلىنغان، ئەمما نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى داغدام ئوچۇق
ئىدى، گويا يېزىنى ۋابانىڭ قارا قەدەملىرى بىلەن بېسىپ ئۆتكەن-
دەك، ھويلا ـ قورالار ۋە كوچىلاردا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق ئى-
دى، تۇرار جايلار بوپ ـ بوش قورۇقدىلىپ قالغان.

نە ئادەمنىڭ ئاۋازى، نە مال ـ چارۋىلارنىڭ مۆرىشى، نە خورازلارنىڭ چىچقىرىشى ئاڭلانمايتتى. پەقەت قۇشقاچلارلا، يامغۇر ئالدىدىكىدەك، ساراي ئۆگزۈلىرىنىڭ كانارلىرى ئاستىدا ۋە ئۇزاق ۋاقىت بىسىلىپ قالغان شاخ ـ شۇمبىلەرنىڭ ئۈستىدە چۇرۇقلىشاتتى.

مىشكا ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن ھېچكىم ئالدىغا چىقمىدى. دەھلىزگە كىرىدىغان ئىشىك داغدام ئوچۇق ئىدى، بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە قىزىل ئەسكەرنىڭ يىرتىق ئوبموتكىسى، قان داغلىرى بىلەن قارىيىپ كەتكەن پۇرلاش ـ پۇرلاش تېڭىق داكىسى، چىۋىنلەر يېپىشىۋالغان توخۇنىڭ باشلىرى، يۇڭدالغان پەيلەر يېيىلىپ كەتكەن. قىزىل ئەسكەرلەر بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بۇ ئۆيدە چۈشلۈك تاماق يېگەندەك قىلاتتى: يەر ئۈستىدە سۇنغان خۇمرىلارنىڭ ساپاللىرى، پارچە ـ پۇرات توخۇ سۆڭەكلىرى، چېكىلگەن تاماكىلارنىڭ تاشلاندۇقلىرى، دەسسىلىپ كەتكەن گېزىت پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى... مىشكا ئېغىر خۇرسىنىشنى بېسىپ، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ئۆتتى. بۇ ئۆيدە ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا ئىكەن، پەقەت ئادەتتە كۈز كۈنى تاۋۇز ساقلايدىغان پول ئاستى گەمىنىڭ تاختىيى سەل كۆتىرىلىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

مىشكىنىڭ ئانىسىنىڭ بىر ئادىتى بولۇپ، بۇ گەمىگە ئالما قېقىنى باللىرىدىن يوشۇرۇپ قوياتتى.

مۇشۇ ئىش ئېسىگە چۈشۈپ، مىشكا گەمىنىڭ تاختىيى قېشىغا كەلدى. «ئانام مېنى كۈتمىدىمىكىن؟ بەلكىم ئۇ بۇ يەرگە بىر نەرسە يوشۇرۇپ قويغاندۇ؟» — دەپ ئويلىدى ئۇ، شۇنىڭ بىلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۇچى بىلەن تاختاينى كۆتەرگەن ئىدى، تاخ-

تاي غىچىرلاپ، ئارىلىغى ئېچىلدى. پولنىڭ ئاستىدىن زەي ھەم پوپىنەك ئىسى چىقتى. مىشكا زوكزىيىپ ئولتۇردى. كۆزلىرى قاراڭغۇنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغۇچە ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى، ئاخىرى مۇنۇلارنى كۆردى: بىر كونا داستىخان سېلىقلىق بولۇپ، ئۈستىدە يېرىم شىشە ساموگون تۇراتتى، بىر تاۋىدا قورۇلغان توخۇم كۆكىرىپ كېتىپتۇ، داستىخاندا يەنە چاشقان غاجاپ تاشلىغان بىر پارچە نانمۇ بار ئىدى: خۇمرىنىڭ ئاغزى يۇمۇلاق ياغاچ بىلەن مەھكەم ئېتىلگەن... موماي ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. ئەڭ قەدىرلىك مېھماننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ! مىشكا پولنىڭ ئاستىغا چۈشكەندە، مېھرى - مۇھەببەت ۋە شاتلىقتىن يۈرىگى جىغىلدە قىلىپ كەتتى. مانا شۇ كونا پاكىز داستىخاننىڭ ئۈستىگە تەرتىپ بىلەن راستلاپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئانىنىڭ غەمخور قوللىرى تەككەن! ... يەنە شۇ يەردە، ياغاچ قوزۇققا ئېسىقلىق بىر كاناپ سومكا ئاقىرىپ تۇراتتى. مىشكا ئۇنى دەرھال ئېلىپ، ئىچىدىن ئۆزىنىڭ كونا، بىراق ماھىرلىق بىلەن يامالغان، يۇيۇلۇپ، تاختىكەش بىلەن دەزماللانغان بىر جۈپ ئىچ كىيىمىنى تاپتى.

تاماقنى چاشقانلار ھارام قىلىپ قويۇپتۇ؟ پەقەت سۈت بىلەن ساموگون ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. مىشكا ساموگوننى ۋە پولنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، مۇزدەك بولۇپ قالغان سۈتنى ئىچتى، ئاندىن كۆينەكلىرىنى ئېلىپ يۇقۇرىغا چىقتى.

ئانىسى، ئېھتىمال، دۇنىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. «ئۇ بۇ يەردە قېلىشقا قورققان، بۇ ئىشمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولغان، ئۇنداق بولمىغاندا كازاكلار بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مەندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈ-

www.uyghurkitap.com

چۈن ئۇنى ئامۇتنى سىلكىگەندەك سىلكىگەندۇ، بەلكىم...بە‍ـ شۇنى ئويلىدى ـ دە، ئاستا بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ سىرتقا چىقتى. ئىتنى يەشتى، ئەمما مىلىخوفلارنىڭكىگە بىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ هويلىسى دوننىڭ نەق ياقىسىدا ئى‍ـ دى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىرەر ئۇستا مەرگەن مىشكىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاپچۇقسىز قوغۇشۇن ئوقى بىلەن ئاسانلا ئېتىپ تاشلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا مىشكا كورشۇنوفلارنىڭكىگە بېرىپ، ئۇندىن كېيىن قاش قارايغاندا مەيدانغا قايتىپ كېلىپ، قاراڭغۇدا موخوپ ۋە باشقا سودىگەرلەرنىڭ ھەمدە پوپلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇش قارارىغا كەلدى.

ئۇ قورالارنى بويلاپ ئات چاپتۇرۇپ، كورشۇنوفنىڭ كەڭ ئازادە قوراسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، داغدام ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن كىرىپ، ئېتىنى پەلەمپەينىڭ پەنجىرىسىگە باغلىدى، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە ئەمدىلا كىرەي دەپ تۇرغاندا، گىرىشاكا بوۋا پېشايۋانغا چىقتى. قاردەك ئاپپاق بېشى تەۋرىنىپ، قىبىرلىقتىن ئۆڭگەن كۆزلىرى خىرە قىسىلىپ تۇراتتى. مايلاشقان ياقىسىدا قىزىل پەتلىسى بار، يىرتىلمىغان سۇر كازاك مۇندىرىنىڭ تۈگمە‍ـ لىرى ئەپچىل ئېتىلگەن، ئەمما بوش ئېسىلىپ قالغان شالۋۇرى پەسكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بوۋاي ئۇنى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

— سالام، بوۋا! — مىشكا قامچىسىنى شىلتىپ، پەلەمپەي‍ـ نىڭ ئالدىدا توختىدى.

گىرىشاكا بوۋا ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ ھومايغان كۆزلىرىدە غەزەپ بىلەن نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— سالام، دەۋاتىمەن! — مىشكا ئاۋازىنى كۆتەردى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ خالا - خالىماستىن جاۋاپ بەردى چال.

ئۇ غەزىۋىنى بوشاشتۇرماستىن، مىشكىغا تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى. مىشكا بولسا بىر پۇتىنى ئىختىيارىچە كېرىپ بىمالال تۇرۇۋەردى. ئۇ قامچىسىنى ئويناپ، قاپىغىنى تۈرۈپ، قىزىنىڭكىدەك پولتىيىپ تۇرغان لەۋلىرىنى مەھكەم قىسىپ تۇراتتى.

— گىرىگورىي بوۋا، سەن نېمىشقا دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىنمىدىڭ؟

— سەن مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— مەن مەشەدە تۇغۇلغان، شۇڭا بىلىمەن.

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟

— كوشىۋوينىڭ.

— ئاكىمكانىڭ ئوغلىمۇ؟ بۇرۇن بىزدە ئىشلىگەن ھېلىقى يىلىلىقچىنىڭمۇ؟

— نەق شۇنىڭ.

— سەن شۇمىدىڭ، تەنتەك؟ مۇقەددەس چوقۇندۇرۇشتا سېنىڭ ئىسمىڭنى مىشكا دەپ قويغانمۇ؟ ياخشى! پۇتۇنلەي داداڭغا تارتىپسەن! ئىلگىرى داداڭ ھەمىشەم ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشقا تىرىشاتتى، سەنمۇ، ئىپتىمال، شۇنداق بولۇپ چىقارسەنمىكىن؟

كوشىۋوي قولىدىن پەلىيىنى ئېلىپ، تېخىمۇ بەتتەر قاپىغىنى تۈردى.

—ماڭا قانداق ئات قويۇلغان بولمىسۇن ۋە مەن قانداق

بولماي، بۇنىڭ ساقا ئالاقىسى يوق. مەن ساقا نىمشقا دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە كەتمىدىڭ دەۋاتىمەن؟

— كېتىشنى خالىمىغان ئىدىم، كەتمىدىم. سەن بۇنى نىمە سوراپ قالدىڭ؟ دىنىسىزلارنىڭ مالىيى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ شەپكەڭگە قىزىل يۇلتۇز قاداپ قويدۇڭمۇ؟ سەن ئىتنىڭ بالىسى، هارام زادە، دىمەك، بىزنىڭ كازاكلارغا قارشى ئىكەنسەن — دە؟ ئۆزەڭنىڭ يېزىلىقلىرىڭغا قارشىمۇسەن؟

گىرىشاكا بوۋا ئەسەبىلەرچە گۈس — گۈس چامداپ، پەلەمپەيدىن چۈشتى. كورشۇنوفنىڭ پۈتۈن ئۆي ئىچى دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تامىغى ناچارلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇرۇق — تۇققانلىرى تاشلاپ كەتكەن، يادىغان ۋە قېرىلارغا خاس مەينەتلىشىپ كەتكەن بۇ چال مىشكىنىڭ ئالدىدا توختىدى — دە، ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىش ۋە غەزەپ بىلەن قارىدى.

— هە، ئۇلارغا قارشىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى مىشكا، — ئۇلارنىڭ كۈنىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ — مۇقەددەس كىتاپتا نىمە دەپ ئېيتىلغان؟ «كىشىگە نىمە قىلغان بولساڭ، بېشىڭغا شۇ كېلەر» دېيىلگەن. بۇنى قانداق قىلىسەن؟

— سەن، بوۋا، مۇقەددەس كىتاپتا يېزىلغان نەرسىلىرىڭ بىلەن بېشىمنى ئايلاندۇرما، مەن بۇ يەرگە بۇنىڭ ئۈچۈن كەلگىنىم يوق. هازىر ئۆيىدىن نېرى كەت، — دىدى مىشكا قاتتىقلىق بىلەن.

— بۇ قانداق گەپ؟

— بۇ شۇنداق گەپ!

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟
— ھېچنېمە دېگىنىم ئەمەس! ئۆيدىن كەت دەۋاتىمەن!..
— مەن ئۆي ـ جايىمدىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. بۇنىڭ
قىلالىگىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىمەن... سەن خىرىس-
تىيان مۇرتەدلىرىنىڭ مالىيسەن، بۇنىڭ بەلگىسى شەپكەڭدە
تۇرۇپتۇ! يېرېمىيە پەيغەمبەرنىڭ كىتاۋىدا سەنلەر توغرىلىق ئېيت-
تىلغان: «مەن ئۇلارغا شىۋاق، ئەمەنددىن رىزىق بېرىمەن، سۇ ئور-
نىغا سەپرا ئۇتىنىڭ زەرداۋىنى ئىچكۈزىمەن، شۇڭا ئۇلاردىن يەر
يۈزىگە ناپاكلىق تارايدۇ». مانا شۇ ئېيتىلغان ئىش ھازىر كەلدى،
بالا ئاتىغا، ئۇكا ئاكىغا قارشى كۆتىرىلىپ چىقتى...
— بوۋاي، سەن مېنى ئېزىقتۇرما! بۇ يەردە گەپ ئاكا ـ
ئۇكا توغرىسىدا ئەمەس، بۇ يەردە ھېساپ ناھايىتى ئاددى: مېنىڭ
دادام تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە سىلەرگە ئىشلەپ ئۆلۈپ كەت-
تى، مەنمۇ ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا خامانىدا سىلەرنىڭ بۇغدىيىڭلارنى
تەپتىم، مەن، ياپ ـ ياش تۇرۇپ، سىلەرنىڭ قاپ ـ قاپ ئاشلىق-
لىرىڭلارنى كۆتىرىمەن دەپ، كىچىككىنە قوسىغىمنى يىرتتىم.
ھازىر ئىنتىقام ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئۆيدىن چىق، مەن ھازىر
ئۇنىڭغا ئوت قويىمەن! سىلەر ئىلگىرى ياخشى ئۆيلەردە تۇرغان
ئىدىڭلار، ئەمدى بىزگە ئوخشاش خام كېسەكتىن سېلىنغان ساما-
لىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇڭلار. سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ، قېرى؟
— مانا ـ مانا! بايا ئېيتقىنىم كەلدى! ئەيسا پەيغەمبەر-
نىڭ كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بەندە-
لەرنىڭ جەسەتلىرى ئېچىلىپ ھەممىگە ئاشكارا بولىدۇر، ئۇلارنى قۇ-
رۇت ـ قوڭغۇز يىگەن بىلەنمۇ تامام بولماس ھەم ئۇلارنى كۆيدۈر-
گەن ئوت ئۆچمەس، ئۇلار مەڭگۈ ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇر»...

— قوي، بۇ گېپىڭنى، مېنىڭ ھازىر سەن بىلەن سۆز تالىشىدىغان ۋاقتىم يوق! — دېدى مىشكا مۇزدەك غەزىپى ئۆرلەپ.

— ياق، قارا ئىچنى يوقات، ياۋۇز!

— نەق سەنلەرگە ئوخشاش كونىلىقتا پاتقان تۈزەلمەس ئىپلاسلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ! خەلقنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوزغاتقانمۇ، ئىنقىلاپقا قارشى ئاتلاندۇرغانمۇ نەق سەنلەر...، — مىشكا ئالدىراش كاراپىن مىلتىقىنى ئالدى...

مىلتىق ئېتىلغاندىن كېيىن گىرىشاكا بوۋا ئوڭدىسىغا يىقىلدى، مۇڭلۇق سۆزنى ئېنىق ئېيتتى:

— ئىلاھا... مەن ئۆز خاھىشىم بىلەن ئەمەس، سەن يەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن دەرگاھىڭغا كەلدىم ... ئەي جانابى ئاللا، مەن بەندەڭنى قوبۇل قىلغايسەن... ئاسايىشلىق بىلەن... — شۇنىڭدىن كېيىن خىرىلداشقا باشلىدى، ئاپپاق بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن شىر - شىر قان تامچىلىدى.

— قوبۇل قىلىدۇ! سەن قېرى شەيتاننى بۇرۇنراق شۇ يەرگە يولغا سېلىش كېرەك ئىدى!

مىشكا پەلەمپەينىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان چالنىڭ يېنىدىن يىرگىنىش بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

دەھلىزگە شامال ئۇچۇرۇپ كىرگەن قۇرۇق قىرىندى تاراشا قىزىل يالقۇندا لاۋۇلداپ ئوت ئېلىش بىلەنلا ئامبار ئۆي بىلەن دەھلىزنى تۇساپ تۇرغان تاختاي تام چاپسانلا كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇتتۇن تورۇسقىچە كۆتۈرۈلدى. شامال ئوتنى ئۇلغايتىپ، ھەممە بۆلمىلەرگە كىرىشكە باشلىدى.

كوشۇوي هويلىغا چىقىپ، ساراي بىلەن ئامبارغا ئوت تۇ-تاشتۇرغىچە، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئوت سىرتقا تېپىپ، دەرىزىنىڭ قارىغاي چەسۋەكلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالاپ - يالماشقا باشلى-دى، ئاندىن قولىنى ئۆگزىنىڭ ماگلىيىغا سوزدى.

قاراڭغۇ چۈشكىچە مىشكا شۇ يەردىكى بىر دەرەخزارلىق باغنىڭ ئىچىدە، ياۋايى قۇلماق چىرمىشىپ كەتكەن تاغالچە شاخلىرى سا-يىسىدە ئۇخلىدى. بۇ يەردە ئىگەر - جابدۇقلىرى ئېلىنىپ، پۇتى چۈشەپ قويۇلغان ئېتى ياۋايىدىنىڭ سۇتلۇك ساپىغىنى ھورۇنلۇق بىلەن يۇلۇپ، ئوتلاپ يۈردى. ئات كەچ بولغاندا، ئۇسسىزلىغىنى باسالماي، كىشنەشكە باشلاپ، ئىگىسىنى ئويغىتىۋەتتى.

مىشكا ئورنىدىن تۇردى، شىنېلىنى ئىگەرنىڭ غانجۇغىسىغا بۆكتەمە قىلىپ چەگدى، ئېتىنى شۇ دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىدىكى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغاردى، ئاندىن ئۇنى ئىگەرلەپ مىندى - دە، تار كوچىغا چىقتى.

كورشۇنوفنىڭ كۆيۈپ بولغان ئۆي - جايلىرى ئۈستىدە قاپ - قارا كۆمۈرگە ئايلانغان يەر، جەگە ياغاچلار ھامان تۈتەپ تۇراتتى، ئاچچىق ئىس - تۈتەك يەر بېغىرلاپ يېيىلىۋاتاتتى. كەڭ، ئازادە ئۆيدىن پەقەت ئىگىز تاش فۇندامېنت بىلەن يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، دۈتلەنگەن قارا مورىسىنى ئاسمانغا چوقچايتىپ تۇرغان مەشلا قالغان ئىدى.

كوشۇوي ئۇدۇل مېلېخوفلارنىڭ ھويلىسىغا قاراپ يول ئالدى. مىشكا ئېتىدىن چۈشمەستىن، يان ئىشىكنى ئېچىپ، ھويلىغا كىرگەندە ئىلىنىشنا لاپاسنىڭ ئاستىدا پەشتامىسىغا تۈترۇق تېرىۋاتاتتى.

— سالامەتمۇسىز، ھاما! — ئۇمو مايغا مۇلايىملىق بىلەن

سالام بەردى.

موماي چۆچۈپ كەتتى ـ دە، سالامغا جاۋاۋەن بىرەر ئېغىز سۆز ئېيتمىدى، قوللىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى، پەشتامىسىدىن قىرىندى تۆكۈلدى...

ــ سالامەت تۇرۇۋاتامسىز، هاماچا!

ــ شۈكۈر... خۇداغا شۈكۈر، ــ ئىلئىنىشنا تارتىنىپراق جاۋاپ قايتۇردى.

ــ ساقمۇسىز، سالامەتلىگىڭىز قاندىاق؟

ــ ساقمەن، ئەمما سالامەتلىگىمنى سورىمايلا قوي.

ــ كازاكلىرىڭىز قېنى؟

مىشكا ئاتتىن چۈشۈپ، سارايىنىڭ قېشىغا كەلدى.

ــ دوننىڭ نېرىقى يېقىدا...

ــ كادېتلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتامدۇ؟

ــ مەن ئايال كىشىمەن، بۇندىاق ئىشلارنى بىلمەيمەن...

ــ يېۋدوكىيە پانتېلېيېۋنا ئۆيدىمۇ؟

ــ ئۇمۇ دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە.

ــ ئۇ يەرگە كېتىپ، يامان قىپتۇ! ــ مىشكىنىڭ ئاۋازى تىترەپ، غەزەپتىن خىرىلداپ قالدى، ــ مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي هاماچا: ئۇغلىڭىز گرىگورىي ــ سوۋېت هاكىمىيىتى ئۇچۇن ئەشەددى دۈشمەن بولۇپ چىقتى، بىز ئۇ تەرەپكە ئۆتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا سىرتماق سالىمىز. ئەمما پانتېلېي پروكوفىچ بىكارلا قېچىپ كېتىپتۇ، ئۆزى قېرى هەم ئاقساق ئادەم بولغاندىن كېيىن ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە بولاتتىغۇ...

ــ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىمۇ؟ ــ ئىلئىنىشنا قوپاللا سوئال قويدى ـ دە، قايتىدىن پەشتامىسىغا ئوتۇن تېرىشكە باشلىدى.

— ۋايجانەي، ئۇنىڭغا ئۆلۈم نەدە تۇرۇپتۇ. ئېھتىمال، ئازراق قامچا يېگەن بولاتتى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەس ئىدى. ئەمما مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا بۇ ئىش ئۈچۈن كىرگىنىم يوق، ئەلۋەتتە، — مىشكا مەيدىسىدىكى سائەت زەنجىرىنى تۈزەپ قويۇپ، يەرگە قارىدى، — مەن يېۋدوكىيە پانتېلېيېۋنانى يوقلاپ ئۆتەي دەپ كىرگەن ئىدىم. ئۇنىڭمۇ چېكىنىشكە كېتىپ قالغانلىقى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، ئەمما ھاماچا، سىز ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى بولغانلىقتىن، مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، مەن مۇنداق دېمەكچىمەن: مەن ئۇنى ئويلاپ، ئۆزۈندىن بۇيان ئازاپ چېكىپ يۈرىمەن، لېكىن بىزنىڭ قىزلار ئۈچۈن ئازاپ چېكىشكە زادىلا ۋاقتىمىز يوق، بىز ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، ئۇلارنى ئايىماي كالتەكلەۋاتىمىز. ئەكسىيەتچىلەرنى تەل-تۆكۈس تۈگىتىش بىلەنلا پۈتۈن يەر يۈزىدە تىنچ سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىدۇ، شۇ چاغدا مەن، ھاماچا، سىزنىڭ يېۋدوكىيەڭىز ئۈچۈن سىزلەرنىڭكىگە ساۋچى ئەۋەتىمەن.

— ھازىر بۇ توغرىلىق سۆزلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس!

— ياق، ۋاقتى كەلدى! — مىشكا قاپىقىنى تۈردى، ئۇنىڭ ئىككى قېشى ئارىلىقىدا بىر چاھىل تۈرۈك پەيدا بولدى، — ھازىر قۇدىلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئەمما بۇ توغرىلىق سۆزلىشىپ قويۇشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىش ئۈچۈن باشقا ۋاقىت چىقىرالمايمەن. بۈگۈن مەن بۇ يەردە تۇرۇپتىمەن، ئەتە مېنى، بەلكى، دوننىڭ نېرىسىغا ئەۋەتەر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچىمەن: يېۋدوكىيەنى ئەخمەقلىق قىلىپ بىرسىگە ياتلىق قىلماڭلار، ئۇنداق بولغاندا، سىلەرگە يامان بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ قىسمىمدىن مېنى ئۆلدى دېگەن خەت كېلىپ قالسا، شۇ

چاغدىلا باشقىلار بىلەن قوُدىلىشىڭلار، ئەمما ھازىر مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى يېۋدوكىيە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت مەۋجۇت. مەن ئۇنىڭغا سوغا ئېپكەلمىدىم، چۈنكى سوغا ئالىدىغان يەر يوق. ئەگەر سىزلەرگە بۇرژۇيلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ مۈلكىدىن بىر نەرسە كېرەك بولسا، ئېيتىڭ: ھازىرلا بېرىپ سوُرەپ ئېپكېلىمەن.

— خۇدا ساقلىسۇن! ئەزەلدىن كىشىنىڭ مۈلكىدىن پايدىلانغىنىمىز يوق!

— مەيلى، بۇ سىزنىڭ خاھىشىڭىزچە بولسۇن. ئەگەر يېۋدوكىيە پانتېلېيېۋنانى مەندىن بۇرۇن كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، ئەمدى خەير - خوش، هامماچا، ئامان بولۇڭ. مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئىلئىنىشنا جاۋاپ قايتۇرماستىن، ئۆيگە ماڭدى، مىشكا ئېتىغا مىنىپ يېزا مەيدانىغا قاراپ يول ئالدى.

كەچ بولغاندا يېزىغا تاغدىن قىزىل ئەسكەرلەر چۈشتى. ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلىرى تار كوچىلار بويلاپ ياڭراشقا باشلىدى. قول پىلىموتى بىلەن دون بويىدىكى قاراۋۇلخانىغا كېتىۋاتقان ئۈچ قىزىل ئەسكەر مىشكىنى سوراققا ئېلىپ، ھۆججەتلىرىنى تەكشۈردى. سېمۇن «چۈيۈنباش»نىڭ پاكار ئۆيىنىڭ ئالدىدا بەنە تۆت ئەسكەرنى ئۇچراتتى. بۇلارنىڭ ئىككىسى فورمانكا هارۋىدا سۈلۈ. قالغان ئىككىسى «چۈيۈنباش»نىڭ سىل كېسىلى ئايالى بىلەن بىللە بىر ئاياق ماشىنىسى ۋە بىر قاپ ئۇننى ئېپكېلىۋاتاتتى.

«چۈيۈنباش»نىڭ ئايالى مىشكىنى تونۇپ سالاملاشتى.

— بۇ ئېلىپ كېتىۋاتقىنىڭ نىمە، يەڭگە؟ — دەپ قىزىقىپ

سورىدى مىشكا.

— بىز مۇنۇ كەمبەغەل سىنىپىدىن چىققان ئايالنىڭ تۇرمۇشنى ئوڭلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇرژۇينىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسى بىلەن ئۇنىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، — دەپ جاۋاپ بەردى فىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بىرسى دادىل، تېز - تېز سۆزلەپ.

مىشكا قاتىرىسىغا يەتتە ئۆينى كۆيدۈردى. ئۇلار: دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە قاچقان سودىگەرلەر — موخوفنىڭ ۋە ئاتېپىنسانىڭ، پوپ ۋىسسارىئوننىڭ، تەقۋادار پانكراتىننىڭ ۋە يەنە ئۈچ ھاللىق كازاكنىڭ ئۆيلىرى ئىدى، ئۇ شۇندىن كېيىنلا يېزىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى. پەستە، تاتارىسكىدا، قاپ - قارا ئاسمان تېگىدە قىزىل يالقۇن تۈلكە قۇيرۇغىدەك تولغىنىپ جىلۋىلىنەتتى، ئوت بىر دەم ئاسمانغا كۆتىرىلەتتىكى، ئۇنىڭ شولىسى دوننىڭ تېز ئېقىنىدا چىمىرلايتتى، بىر دەم تۆۋەن چۈشۈپ، ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالماپ، غەرپ تەرەپكە يۈزلىنەتتى.

شەرقتىن مەيىن دالا شاملى چىقىۋاتاتتى. ئۇ يالقۇننى پۈلەپ يانغىن كۆتىرىلگەن جايدىن كۆمۈردەك پاقىراق قارا يالپاقلارنى يىراققا ئېلىپ كېتەتتى...

www.uyghurkitap.com

静静地顿河（3）（维吾尔文）
肖洛霍夫著
热合买吐拉·加力译　　责任编辑：贺加克

新疆青少年出版社出版　（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行　　新疆八一印刷厂排版
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　　32开本　25.25印张
1985年7月第1版　1986年9月第1次印刷
印数：1 —— 7,150

统一书号：M10124·173　　定价：2.00元